


سوپاخۇن سوۋۇرۇف

# مەن كەچكەن كېچىكلەر


مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

سوپاخۇن سوۋۇرۇف
مەن كەچكەن كېچىكلەر
مىللەتلەر نەشرىياتى

مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: دولقۇن قادىر



ISBN 978-7-105-11021-6
定价:38.00元


سوباخۇن سوۋوروف
مەن كىچىككىنە كەپتەر
مللەتلەر نەشرياتى
بېيجىڭ




ئاقسۇ قورغاننىڭ ئېلىنغان ۋاقتى(1945-يىلى)




ئاقسۇ فرونتىدىن قايتقان ۋاقىت(1945-يىلى)


2-رەت ئوڭدىن 1- كىشى قاسىمجان قەمبىرى، 2-كىشى سوپاخۇن سۇۋۇروف. 1-رەت سولدىن 2-كىشى نىمشېھىت ئارمىيە دامولla. رەسسام: نۇرمۇھەممەت توختى(مەزكۇر كىتابنىڭ مۇقاۋىسى مۇشۇ رەسىمگە ئاساسەن لايىھىلەنگەن)



ئاپتور 1947-يىلى بايانداي ئوفىتسېرلار مەكتىپىدە بىرقىسىم ئوفىتسېرلار بىلەن بىللە(2-رەت ئوڭدىن 3-كىشى)



ئاپتورنىڭ مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق باش شتابىدىكى ۋاقتى (1948-يىلى 10-ئاي، غۇلجا)



ئاپتورنىڭ مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق باش شتابىغا يۆتكەلگەن ۋاقتى(1948-يىلى،2-رەت ئوڭدىن4-كىشى سوپاخۇن)



ئاپتور بىر قىسىم ئوفىتسېر-ئەسكەرلەر بىلەن بىللە(2-رەت ئوڭدىن 4-كىشى، سورەتنىڭ تارتىلغان ۋاقتى، ئورنى ئېنىق ئەمەس)



جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى بىلەن بىرلىشىش
هارپىسىدا (1949-يىلى، غۇلجا)



ئاپتور سوپاخۇن سوۋۇروف ئائىلە بالا-چاقىلىرى بىلەن بىللە



ئاپتور 1950-يىلى مىللىي ئارمىيىنىڭ بىر قىسىم ئوفىتسېر-ئەسكەرلەر بىلەن بىللە(2-رەت ئوڭدىن 3-كىشى سوپاخۇن، 4-كىشى شارشىبەك سىدىق)

# نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن

سوپاخۇن سوۋۇروفنىڭ ئەسلىمە يېزىۋاتقانلىقى بىر قانچ
يىللار بۇرۇنلا جەمئىيەتكە مەلۇم بولۇپ، 1990-يىللىرىغا كەلگەن
مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر، يازغۇچىلار ۋە نەشرىيات ئورۇنلىرىنىا
كۆڭۈل بۆلۈشىگە ئېرىشتى.
«شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» مەجمۇئەسى ۋە بەزى ژۇرنالل
سوپاخۇن يېزىۋاتقان بۇ ئەسلىمىدىن پارچىلارنى رەتلەپ ئېلان قىلدى
مەرھۇم ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، قەييۇم تۇردى، زوردۇن سابىر قاتارلىن
يازغۇچىلار سوپاخۇن تەمىنلىگەن ۋەقەلەر بىلەن ئەدەبىي ئەسەرلىرىن
بېيىتتى. شۇنىڭ بىلەن جەمئىيەتتىكى كىشىلەر بۇ ئەسلىمىن
تېزرەك نەشر قىلىنىشىنى ئۈمىد قىلدى. مەنمۇ بۇ كىتابنىڭ نەش
قىلىنىشىنى قىزغىن قوللىغۇچىلاردىن بىرى ئىدىم. مەن مىللەتل
نەشرىياتىنىڭ ھاۋالىسىگە ئاساسەن، كىتاب ئورىگىنالىنى بىر ق
كۆرۈپ چىقتىم. مىللەتلەر نەشرىياتىدىكى تەھرىرلەرنى
ئېيتقىنىدەك، مەزكۇر ئەسەرنىڭ تارىخي قىممىتى يۇقىرى، ئەمە
ۋەقەلىك قۇرۇلمىسى تەرتىپسىز ئىكەن. يىل تەرتىپى بويىچە رەتلە
چىقىشقا توغرا كېلىدىكەن. دەسلەپتە مەن ئورىگىنالنى قولغا ئالغا
ۋاقتىمدا سوپاخۇنكام بەك خۇشال بولۇپ، تېلېفوندا ماڭا رەھمە
ئېيتقاندى. ئورىگىنالدا بايقالغان مەسىلىلەرنى بىراقلا ئاپتورغا مەل
قىلسام، قوبۇل قىلالماسلىقىنى پەرەز قىلىپ، ئالدى بىل
ئورىگىنالنىڭ 1-باب، يەنى قومۇل ۋەقەلىرى قىسمىنى 17 ماۋزۇ بويى
رەتلەپ، سوپاخۇنكامنىڭ پىكرىنى ئېلىشقا ئەۋەتتىم. سوپاخۇنك
تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، مۇشۇنداق رەتلىشىم





ئاپتورنىڭ ئەسلىمە يېزىۋاتقان ۋاقتى(1995-يىلى 5-ئاينىڭ 25-كۈنى)

قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ تېلېفون قىلدى ۋە بىر پارچە خەت يېزىپ رازىمەنلىكىنى ئىزهار قىلدى.

ئاپتورنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئەسلىمىنىڭ مۇندەرىجىسىنى باشقىدىن تۈزدۈم. ئەسلىدىكى 11 قىسىم (باب)، 89 ماۋزۇ، 95 ماۋزۇغا ئۆزگەرتىلدى. بايان قىلىنىش قائىدە ـ تەرتىپىگە ئاساسەن بەزى ماۋزۇلارنىڭ ئورنى ئالماشتۇرۇلدى. 1ـ، 2ـ، 3ـ، 4ـ، 5ـ بابلار ۋە 15 ماۋزۇ قايتا يېزىلدى. رەتلەش جەريانىدا مەن تارىخىي كىتاب، ماتېرىيال، ئارخىپ هۆججەتلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ، كىتابنى تارىخىي ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن، سۈپەتلىك، سەۋىيىلىك ئەسەر قىلىش ئۈچۈن كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتتىم. ئاپتورنىڭ ماقۇللۇقى بىلەن بىر قىسىم ماۋزۇ ـ مەزمۇنلار قىسقارتىلدى ۋە شاللىۋېتىلدى: مەسىلەن: 3ـ بابتىكى ئاقموللا ئىسمائىلنىڭ قەشقەردىن مۇهىم ئاخباراتنى ئېلىپ، ئوپال ئارقىلىق يېڭىسارىدىكى خوجانىياز هاجىغا يەتكۈزۈشى؛ 5 ـ بابتىكى شېڭ شىسەينىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى يولغا قويۇشى؛ 6 ـ بابتىكى كورلا ـ چاقىلىق تاشيولىنى ياساش جەريانى؛ 7 ـ بابتىكى جەنۇبىي شىنجاڭ ياشلىرىنىڭ ئالتايدىكى ئېچىنىشلىق تۇرمۇشى؛ 8 ـ بابتىكى گۇچۇڭ، مورى، ئالتايدىكى هەربىي هەرىكەتلەر؛ 10 ـ بابتىكى نۇرباي باتۇر ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ گومىنداڭچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈشى قاتارلىق تەخمىنەن 200 بەتتىن ئارتۇق ئورىگىنال قىسقارتىلدى ۋە شاللىۋېتىلدى. بۇ ماتېرىياللار ئەسلىمە بىلەن مۇناسىۋەتتى يوق بولۇپلا قالماي، بەلكى ئەسلىمىنىڭ ئىلمىي سۈپىتىگە نۇقسان يەتكۈزەتتى. ئۆزگەرتىش جەريانىدا مەن ئاپتورغا ئىنتايىن هۆرمەت قىلدىم، ئەسلىي ئورىگىنالغا قالايمىقان قەلەم تەگكۈزمىدىم، جىجىپ بويىمىدىم، باشقا قەغەزگە كۆچۈرۈپ رەتلىدىم. ئەسلىي



ئورىگىنالنى ئۆز پېتىچە ئاپتورغا قايتۇرۇپ بەردىم. چۈنكى ئاپتور
قان ـ تەر بىلەن يېزىپ چىققان ماتېرىيالى قىممەتلىك.
پېشقەدەم قەهرىمانىنىڭ قەيسەر ئىرادىسى، مەقسەت ـ غايىسى
قەدىرلىك. قىسقارتىلغان، شاللىۋېتىلگەن بۇ ماتېرىياللارنى ئا
مەزمۇن ئالاهىدىلىكى بويىچە ئايرىم ـ ئايرىم ئېلان قىلسا بول
ئورىگىنالنى رەتلىگۈچى، تەھرىرلىگۈچىلەر بۇ نۇقتا
چۈشەنمىسەك بولمايدۇ. ئورىگىنالنى رەتلەشكە بىر يىلدىن ئار
ۋاقىت كەتتى. شۇنچىلىك ۋاقىت ئىچىدە مەن باشقا بىر پارچە ك
يېزىپ چىقالىشىم مۇمكىن ئىدى، لېكىن ئۇنى سوپاخۇنكام
ئەسلىمىسىنى نەشرگە تەييارلاشتەك ئەهمىيەتلىك ئىش بى
تەڭلەشتۈرگىلى بولمايتتى. مەن جاپا تارتقان بولساممۇ، مۇشۇ
مەنىلىك ئەمگەك قىلغانلىقىمدىن پەخىرلىنىمەن.
ئورىگىنالنى رەتلەش جەريانىدا، يېقىنقى زامان شىنجاڭ تارىخ
ئائىت كىتاب، تارىخىي ماتېرىيال، تەزكىرە، ئارخىپلارنى ئوق
تارىخىي بىلىمگە ئىگە بولدۇم. ئورىگىنالدىكى قىيىن مەسىلى
بىر تەرەپ قىلىش جەريانىدا تەجرىبە ـ ساۋاقلارغا ۋە ئۆگىن
پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇم.

كېيىن مەن سوپاخۇنكامنىڭ دوختۇرخانىدا يېتى
قالغانلىقىنى ئاڭلاپ ئۇنى يوقلاپ بېرىپ ئۇنىڭدىن ئەه
سورىدىم: «ئەسلىمىلىرىنى نەشرگە تەييارلاشتا تەلەپكە لاي
قىلىش ئۈچۈن ئۆزگەرتىپ، تولۇقلاپ، بەزى مۇناسىۋەتس
قىسىملىرىنى قىسقارتىپ، كۆڭۈللىرىنى رەنجىتىپ قويدۇم؛
قانداق كىتابنىڭ ئورىگىنالى رەتلىگۈچىنىڭ، تەھرىرىنىڭ قول
ئۆتىدىكەن؛ ئۇلۇغ شەخسلەرنىڭ كىتابلىرىمۇ شۇنداق نە
قىلىنىدىكەن؛ مېنىڭ ئۆزلىرىگە بولغان هۆرمىتىمنى، سەمە

ھۆرمىتىمنى چۈشىنىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن؛ كىتابلىرىنىڭ ئۆزلىرى ئۈمىد قىلغاندىنمۇ ياخشى چىقىشىغا ئىشەنسىلە» دېدىم. سوپاخۇنكام يوقلاپ بارغىنىمغا خۇش بولدى، ھاياجانلىنىپ كۆزىگە ياش ئالدى: «كىتاب يازماق، بولۇپمۇ سىستېمىلىق يېزىپ چىقماق تەس ئىكەن. مەن يازغان بۇ كىتابتىن كۆپ مەسىلە چىقمايدۇ دەپتىكەنمەن، چاتاق كۆپ ئىكەن، ئۆزلىرى تۈزەيمەن دەپ كۆپ جاپا تارتتىلا. سەيپۇللايېف ئۆزلىرىنى رەتلەپ بېرىشكە تەۋسىيە قىلىپ توغرا قىلىپتىكەن. مېنى يوقلاپ كەلگەن دوستلارمۇ ئۆزلىرىگە ئىشىنىدىكەن. ئۇلار ياخشى گەپلىرىنى كۆپ قىلىدۇ. يازمامنىڭ جىق يەرلىرىنىڭ ئۆزگەرتىلىپ، قىسقارتىلغانلىقىنى كۆرۈپ قوبۇل قىلالمىغان يەرلىرىممۇ بولدى، خۇش بولغان يەرلىرىممۇ بولدى. بۇ ھەقتە ئۆزلىرى بىلەن قىزىرىشىپمۇ قالدۇق. ئارقىدىن پۇشايمانمۇ قىلدىم. ئادەم قېرىغاندا تېرىككەك بولۇپ قالىدىكەن. خاپا بولمىسىلا، مەن ئۆزلىرىدىن كۆپ رازى. يەنە داۋاملىق ئاكا - ئۇكىلاردەك ئۆتۈشەيلى» دېگەن گەپلەرنى قىلدى. لېكىن سوپاخۇنكامنىڭ ئەسلىمىسىنى رەتلەشتىكى پىكىر ئىختىلاپلىرى تۈپەيلى ئۇنىڭ بىلەن ئاكا - ئۇكىلاردەك يېقىن مۇناسىۋەتتە بولالمىدۇق. باردى ـ كەلدىمىزمۇ ئىلگىرىكىدەك قويۇق بولمىدى. «مۇھەببەتمۇ ئازابلىق بولىدۇ» دېگەندەك، كىتاب نەشردىن چىقسىلا دوستلۇق مۇھەببىتىمىزنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە ئىشىنىمەن.

ئابدۇلئەزىز ئىسمائىل قومۇلى

1999 ـ يىلى 12 ـ ئاي، ئۈرۈمچى



# سوپاخۇن ۋە ئۇنىڭ تارىخىي ئەسلىمىسى توغرىسىدا

سوپاخۇن سۇۋۇروف 1915 ـ يىلى 5 ـ ئايدا قومۇل ناھىيىسى ئاستانە يېزىسىنىڭ ئۆدۈك كەنتىدە كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . سوپاخۇن بىر ياشقا كىرگەندە دادىسى سۇۋۇرئاخۇن ۋاپات بولۇپ ، ئانىسىنىڭ تەربىيىسىگە قالغان . ئۆدۈك كەنتى تېرىلغۇ يەرلىرى ناچار ، كىچىك ـ كىچىك بۇلاقلارنىڭ سۈيى بىلەن دېھقانچىلىق قىلىدىغان نامرات كەنت ئىدى . سوپاخۇننىڭ ئانىسى بۇلاق سۈيى بىلەن سۇغۇرۇلىدىغان بىر نەچچە مو يېرىنى تېرىپ نامراتچىلىقتا ياشايتتى ، سوپاخۇن 11 ياشقا كىرگەندە ئانىسى ئۇنى لاپچۇق يېزىسىدىكى دىنىي مەكتەپكە ئوقۇشقا بېرىدۇ . شۇ يىللاردا قومۇلدا ئالۋاڭ بەك كۆپىيىپ كەتكەنىدى . ئاستانە يېزىسىدا ۋاڭنىڭ قورمال قاتارلىق ئەمەلدارلىرى ئات ـ ھارۋىسى بار دېھقانلارغا «ئات ـ ھارۋىلىق ئالۋاڭ» ، ئات ـ ھارۋىسى يوقلارغا «سالتاڭ ئالۋاڭ» سالاتتى . سوپاخۇننىڭ ئائىلىسىگە «سالتاڭ ئالۋاڭ» سالىدۇ ، ئوغۇلخان ئۆسمۈر سوپاخۇننى ئالۋانغا بەرمىگەنلىكتىن ، قورماللار سوپاخۇن ئائىلىسىنىڭ ئىككى مو يېرىنى ئالۋاڭ ئۈچۈن تارتىۋالىدۇ ، ئوغۇلخان ئوغلى سوپاخۇننى ئەگەشتۈرۈپ قومۇل ۋاڭ ئوردىسىغا بېرىپ ئەرز قىلىسىمۇ ، يېرىنى قايتۇرۇپ ئالالمايدۇ ، يېزا ئەمەلدارلىرى ئۈستىدىن ۋاڭغا ئەرز قىلغانلىقى ئۈچۈن سوپاخۇننىڭ ئائىلىسىگە سالغان ئالۋاڭ ـ ياساقنى تېخىمۇ ئېغىرلىتىدۇ . ئەمگەك يېشىغا توشمىغان سوپاخۇننى تارانچى

كۆمۈركان قۇدۇقىدا ئىشلەشكە سالىدۇ. سوپاخۇن كۆمۈر كاندا ئالۋاڭ قىلىۋاتقان ئاق كۆڭۈل ئىشچىلارنىڭ غەمخورلۇقىغا ئېرىشىپ، يېنىكرەك ئەمگەك قىلىدۇ، ئېغىر ئەمگەك قىلىۋاتقان مېھنەتكەش كەمبەغەل دېھقان ئىشچىلارنىڭ ئاھ ـ زارلىرىنى ئاڭلايدۇ. «تورپاقلار قوزغىلىڭى»، «تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭى» توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنى، زۇلۇمغا قارشى ھۆرلۈككە ئىنتىلىش مەزمۇنىدىكى ناخشا ـ قوشاقلارنى ئاڭلايدۇ. سوپاخۇننىڭ ياش، ئۆسمۈر قەلبىدە زالىم ۋاڭ، بەگلەرگە قارشى تۇرۇش ئېڭى پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭ كاللىسىدا نېمە ئۈچۈن ۋاڭ، غوجاملار ئەمگەكچى خەلقنىڭ بوينىغا مىنىۋېلىپ زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلىدۇ؟ بەگلەر، بايلار نېمە ئۈچۈن كەمبەغەللەرنى بوزەك قىلىدۇ دېگەنگە ئوخشاش سوئاللار تۇغۇلىدۇ، ئەمما سوپاخۇن بۇ سوئاللارغا ئۆزى جاۋاب بېرەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. سوپاخۇن كۆمۈركاننىڭ ئېغىر ئەمگىكىگە چىدىيالماي قاچقانلار بىلەن بىللە ئائىلىسىگە قېچىپ كېلىدۇ، ئۆيىدىمۇ تۇرالماي قومۇل شەھىرىگە كېلىپ كىشىلەرگە ياللىنىپ ئىشلەيدۇ. سوپاخۇننىڭ ئانىسى سوپاخۇننىڭ ئىستىقبالىنى كۆزلەپ، ئۇنى شەھەر ئىچىدىكى بىر دىنىي مەكتەپكە بېرىدۇ. 1931 ـ يىلى 5 ـ ئايدا قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلايدۇ، بۇ قوزغىلاڭ پۈتۈن شىنجاڭنى زىلزىلىگە كەلتۈرىدۇ، قومۇل خەلقى بۇ قوزغىلاڭنى قوللايدۇ، ما جۇڭيىڭ قومۇل قوزغىلاڭچىلىرىغا ياردەمگە چىققاندا، سوپاخۇن ئۇنى قارشى ئېلىشقا چىققان چوڭ ئاخۇنۇمنىڭ ئېتىنى يېتىلەپ بېرىپ قارشى ئېلىش مۇراسىمىنى كۆرىدۇ. قوزغىلاڭچىلار تاغدىن كېلىپ، ما جۇڭيىڭ بىلەن بىرلىشىپ، كونىشەھەرگە ھۇجۇم قىلغان سوقۇشلارنى كۆرىدۇ. ئاستانە دېھقانلىرىنىڭ خوجىنىياز ھاجى قوشۇنىغا ياردەم بەرگۈچى ئۇلاغ ـ ترانسپورت چوڭ ئەترىتىگە قاتنىشىپ، ئوت ـ سامان، بوغۇز ئېلىپ مەشھۇر لودۇڭ (سار )



سوقۇشىغا بارىدۇ. ما جۇڭيىڭ مەغلۇپ بولۇپ، ئۆلجىلىرىنى ئېلىپ شەرمەندىلەرچە گەنسۇغا قاچقان، جىن شۇرېن ئەسكەرلىرى قومۇل خەلقىنى يۇرت ـ ماكان، مال ـ دۇنياسىدىن ئايرىغان ئېغىر پاجىئەلەرنى كۆرىدۇ. سوپاخۇن يەنە خوجىنىياز ھاجىنىڭ تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرى بىلەن بىرلىشىپ ئۈرۈمچىگە يۈرۈش قىلغان ئەھۋاللىرىنى، ما جۇڭيىڭنىڭ ئىككىنچى قېتىم شىنجاڭغا چىقىپ، شېڭ شىسەيگە قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن قومۇل دېھقانلىرىنى ئەسكەرلىككە تۇتقان زورلۇق ـ زومبۇلۇقلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرىدۇ.

1935 ـ يىلى قومۇل شەھىرىدە تۇنجى پەننىي باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلىدۇ. سوپاخۇن ئاستانە يېزىسىدىن بۇ مەكتەپكە قوبۇل قىلىنىدۇ، ئوقۇپ بىر يىل توشمايلا — 1936 ـ يىلى ئۇ يەنە خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسىگە قوبۇل قىلىنىدۇ، سوپاخۇن كىچىكىدىنلا ھەربىي بولۇپ، قولىغا قورال ئېلىپ زالىملارنى يوقىتىشنى ئارزۇ قىلاتتى، شۇڭا ئۇ ھەربىي مەكتەپتە قىزغىن، جاپالىق مەشىق قىلىپ، ھەربىي ماھارەتلەرنى ئىگىلەپ 1939 ـ يىلى مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ، قەشقەردىكى 31 ـ ئاتلىق پولكقا تەقسىم قىلىنىدۇ. بۇ قىسىم ئەسلىدە مەھمۇت مۇھىتى قوماندانلىقىدىكى 6 ـ ئاتلىق دىۋىزىيىنىڭ 31 ـ پولكى ئىدى. 6 ـ دىۋىزىيە قەشقەردە چوڭقۇر ئىجتىمائىي، ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولۇپ، شېڭ شىسەي بۇ دىۋىزىيىدىن ئىنتايىن خاتىرجەم ئەمەس ئىدى، كېيىن 31 ـ ئاتلىق پولك مۇستەقىل پىيادە 6 ـ دىۋىزىيونغا ئۆزگەرتىلىدۇ. سوپاخۇن بۇ دىۋىزىيوندىكى بىر روتىدا كوماندىر بولىدۇ. 1942 ـ يىلى مۇستەقىل 6 ـ دىۋىزىيوننى تۇرپانغا يۆتكەيدۇ، كورلىغا كەلگەندە شېڭ شىسەينىڭ بۇيرۇقى بىلەن 6 ـ دىۋىزىيون قورالسىزلاندۇرۇلۇپ، كورلا ـ چاقىلىق تاشيولىنى ياساشقا سېلىنىدۇ، سوپاخۇن ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق ئامما بىلەن بىرلىكتە

تاشيول ياسايدۇ . كورلا ـ چاقىلىق تاشيولى پۈتكەندىن كېيىن 6 ـ ئىسكادروننى تۇرپانغا يۆتكەپ تەرتىپكە سالىدۇ ، رەتلەشتىن قالغان ئىككى روتىنى ئۇرۇمچىگە يۆتكەپ ، شېڭ شىسەينىڭ ئىنىسى شېڭ شىچى قوماندانلىقىدىكى پەۋقۇلئاددە پولكىنىڭ 8 ـ ، 9 ـ روتىسى قىلىدۇ ، سوپاخۇن 9 ـ روتىنىڭ كوماندىرى بولىدۇ ، 1944 ـ يىلى بۇ ئىككى روتا ئوسمان باندىتلىرىنىڭ مورى ، گۇچۇڭلاردىكى بۇلاڭچى قوشۇنىغا قارشى ئۇرۇش قىلىپ ، خەلقنىڭ مال ـ مۈلكىنى قوغداپ قالىدۇ . سوپاخۇن بۇ جەڭلەردە قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ ، مورى ، گۇچۇڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ . ئۇنىڭغا ھەسەت قىلىدىغانلار «سوپاخۇن ئەسكەر ۋە خەلقنى گومىنداڭغا قارشى قۇترىتىۋاتىدۇ» دېگەن تۆھمەتنى چاپلاپ ، دىۋىزىيە شتابىغا مەلۇمات بېرىدۇ ، سوپاخۇن گومىنداڭ 46 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ تۈرمىسىگە قامىلىدۇ . سوپاخۇن تۈرمىگە قامالغاندىن كېيىن ، خەلق ئاممىسى ۋە ئەسكەرلەر نارازىلىق بىلدۈرۈپ ، سوپاخۇننى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ . دىۋىزىيە قوماندانلىق شتابى ئامما ۋە ئەسكەرلەرنىڭ قاتتىق بېسىمى ئاستىدا سوپاخۇننى قويۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ .

سوپاخۇن تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغانلىقىنى ئاڭلاپ خۇشال بولىدۇ . گومىنداڭنىڭ 46 ـ دىۋىزىيە قوماندانلىرىغا ئۆچمەنلىكى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ ، 9 ـ روتا ئىچىدە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى مەخپىي تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ ، ئەسكەرلەرنىڭ ئىدىيىسىدە ئويغىنىش پەيدا قىلىدۇ . دىۋىزىيە شتابى سوپاخۇندىن خاتىرجەم بولالمايدۇ ، 1944 ـ يىلى 4 ـ ئايدا 8 ـ ، 9 ـ روتىلار مايتاغ ئايرودرومىنى قوغداشقا يۆتكىۋېتىلىدۇ .

1945 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە خەۋەرلىرى مايتاغقا يېتىپ كېلىپ ، سوپاخۇننىڭ ۋە 8 ـ ، 9 ـ روتىدىكى



ئەسكەرلەرنىڭ ئۈچ ۋىلايەتكە بولغان ئىنتىلىشىنى ۋە قوزغىلاڭ تەقەززاسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋېتىدۇ . سوپاخۇن پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ گومىنداڭدىن ئايرىلىپ ، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىشنى پىلانلايدۇ ، گومىنداڭچىلار سوپاخۇننىڭ بۇ ھەرىكىتىنى سېزىپ قېلىپ ئۇنى ئېتىپ تاشلىماقچى بولىدۇ ، سوپاخۇن ھاياتىنىڭ خەۋپ ـ خەتەر ئىچىدە قالغىنىغا قارىماستىن ، 1945 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى 120 نەپەر جەڭچى ، ئوفىتسېرنى باشلاپ ، مايتاغدىن قورallıq قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ، شىخۇ ، مايتاغ ، جىڭ ئەتراپىدىكى 20 مىڭغا يېقىن گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ سېپىنى بۆسۈپ غۇلجىغا قاراپ ئاتلىنىدۇ ، ئۇ يول ئۈستىدە گومىنداڭنىڭ بىرنەچچە قېتىملىق قورشاپ يوقىتىشىنى تارمار قىلىدۇ . يولدا خەلقنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ ، ئاخىر بورتالا شەھىرىگە غەلىبىلىك يېتىپ بارىدۇ ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى رەھبەرلىرى قوزغىلاڭچى قوشۇننى قىزغىن قارشى ئالىدۇ ، غۇلجىغا بارغاندىن كېيىن سوپاخۇننى مۇكاپاتلايدۇ .

بۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخىدا ئالاھىدە ئەھمىيەتلىك ۋەقە بولۇپ ، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى سوپاخۇننىڭ بۇ تۆھپىسىگە يۇقىرى باھا بېرىدۇ ، شۇنىڭدىن باشلاپ سوپاخۇن سۇۋۇروفنىڭ ئىش ئىزلىرى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخىغا يېزىلىشقا باشلايدۇ .

1945 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى قارار قىلىپ ، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ئۈچ ۋىلايەت تەرەپكە ئۆتكەن 120 نەپەر جەڭچى ، ئوفىتسېرنى ئاساس قىلغان ھالدا ، جەنۇبىي شىنجاڭ پارتىزان ئەترىتى تەشكىللەپ ، سوپاخۇننى ئەترەت باشلىقى ، ئابدۇكېرىم ئابباسوفنى سىياسىي كومىسسار ، قاسىمجان قەمبىرىنى ھۆكۈمەت ۋەكىلى قىلىپ ئاقسۇغا ئەۋەتىدۇ . بۇ ئەترەتنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى جەنۇبىي شىنجاڭدا گومىنداڭغا قارشى پارتىزانلىق ئۇرۇشنى قانات يايدۇرۇپ ، گومىنداڭنىڭ جەنۇبىي

شىنجاڭدىكى قوراللىق كۈچىنى تىزگىنلەپ تۇرۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسىنىڭ شىخۇغا ھۇجۇم قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئىدى. سوپاخۇن بۇ شەرەپلىك ۋەزىپىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، جەنۇبقا يۈرۈش قىلدى، مۇشكۈل، خەتەرلىك مۇزلۇق تاغ ـ داۋانلاردىن ئېشىپ، گومىنداڭنىڭ ھەربىي قورغانلىرىنى پەم بىلەن ئېلىپ، ئاقسۇغا يېتىپ باردى، باي ناھىيىسى ۋە ئاقسۇ كونىشەھەرنى ئازاد قىلدى. ئاقسۇ يېڭىشەھەردىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى مۇھاسىرىگە ئالدى. گومىنداڭنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەربىي كۈچىنى زور چىقىمغا ئۇچراتتى، نۇرغۇن ئەسىر ۋە ھەربىي قورال ـ ياراغ غەنىيمەت ئالدى، جەنۇبىي شىنجاڭ پارتىزان ئەترىتىنىڭ بۇ غەلىبىلىرى گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانلىق شتابىنى ئالاقزادە قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسىنىڭ شىخۇغا ھۇجۇم قىلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى.

1945 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابىنىڭ جىددىي بۇيرۇقىغا بىنائەن، جەنۇبىي شىنجاڭ پارتىزانلار ئەترىتى ئىلىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى سوپاخۇننىڭ كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن ئۇنى 1 ـ دەرىجىلىك ئالتۇن مېدال بىلەن مۇكاپاتلىدى، پولكوۋنىك ئۇنۋانى بېرىپ، تېكەس 1 ـ ئاتلىق پولكىغا پولك كوماندىرى قىلدى. سوپاخۇن كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى، ياراتقان تۆھپىلىرى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى، ئارمىيە ۋە خەلقى ئىچىدە يۇقىرى ھۆرمەت ۋە ئابرۇي قازانغان قوماندانلارنىڭ بىرسى بولۇپ قالدى.

سوپاخۇن ئازادلىقتىن كېيىن ۋەتەننىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشلىرىغا ئاكتىپ ھەسسە قوشۇۋاتقان چاغلىرىدا، 1951 ـ يىلى ئوفىتسېرلار سىياسىي ئۆگىنىش كۇرسىدا زىيانكەشلىككە ئۇچراپ، پولكوۋنىك دەرىجىسىدىن روتا دەرىجىسىگە چۈشۈرۈۋېتىلدى ھەم ھەربىي سەپتىن چىكىندۇرۇلۇپ، ئۆلكىلىك قاتناش نازارىتىگە بۆلۈم



باشلىقى قىلىپ بەلگىلەندى. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دا سوپاخۇن يەنە زىيانكەشلىككە ئۇچرايدۇ، لېكىن سوپاخۇن ئۆزىدە ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇش، خەلق مەنپەئىتىنى كۆزلەش، پاك، دىيانەتلىك، كەمتەر بولۇش، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداش، كەڭ قورساق، ئەپۇچان بولۇشتەك خىسلەت ۋە ئىرادىلەرنى تاۋلاپ يېتىلدۈرگەچكە، ئۆزىگە قىلىنغان ناھەقچىلىق، ئۇۋالچىلىقلارغا ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمىدى، پارتىيىنىڭ توغرا غەمخورلۇق قىلىشىنى ئۈمىدۋارلىق بىلەن ئۇزاق كۈتتى، 11 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن سوپاخۇن سۇۋۇروف ئاقلىنىپ، نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، مۇۋاپىق خىزمەتكە قويۇلدى. ئۇ 4 ـ، 5 ـ، 6 ـ نۆۋەتلىك ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشكە ئەزا بولۇپ سايلاندى.

سوپاخۇننىڭ كەسپچانلىقى، ئۆگىنىش، ئالغا ئىنتىلىش روھى كۈچلۈك ئىدى. ئۇنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىكىنى، ئەۋلاتلارنىڭ تەربىيىلىنىشىگە كۆڭۈل بۆلۈش روھىنى ئالاھىدە تەقدىرلەشكە ئەرزىيدۇ. ئۇ 20 يىلدىن بېرى قومۇل، تۇرپان، پىچان قاتارلىق جايلاردىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە 32 مىڭ يۈەندىن ئوشۇق پۇل، نۇرغۇن كىتاب ۋە ئوقۇش قوراللىرىنى ئىئانە قىلغان، ھەتتا ئۇ 2001 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى كېسەل ئېغىر ئەھۋالدا ياتقاندىمۇ (ۋاپات بولۇشتىن ئالتە كۈن بۇرۇن) يېنىدا ساقلاپ كەلگەن 6000 يۈەن پۇلنى قومۇل شەھىرىدىكى «ئۈمىد» باشلانغۇچ مەكتىپىگە ئىئانە قىلغان.

سوپاخۇن 1930 ـ يىللاردىكى دېھقانلار ئىنقىلابى دەۋرىدە، شېڭ شىسەي، گومىنداڭ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋە يېڭى جۇڭگو دەۋرىدىن بەش دەۋردە ياشىغان ۋە نۇرغۇن ھەربىي ھەرىكەتلەرگە قاتناشقاچقا، ئۇنىڭ ئەسلىمىسى ئۇزاق تارىخىي جەريانغا، چوڭ تارىخىي، ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە ھەربىي ۋەقەلەرگە، مەشھۇر تارىخىي شەخسلەرگە چېتىلىدۇ. شۇڭا تارىخىي جەريانى ئۇزۇن،

ۋەقەلىك دائىرىسى كەڭ ، مەزمۇنى مول مۇنداق بىر تارىخىي ئەسلىمىنى يېزىپ چىقىش ، ھەقىقەتەن ئاسان ئەمەس ! سوپاخۇن سۇۋۇروف ئۇزاق يىللاردىن بۇيان كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلگەن ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قەيسەرلىك بىلەن قولىغا قەلەم ئېلىپ ، 1956 ـ يىلى ئەسلىمىسىنى يېزىشقا كىرىشكەن . ئەسلىمىسىنى شۇ ئىشلارغا شاھىت بولغان ئاقمولللامدەك نۇرغۇن كىشىلەرنى زىيارەت قىلىپ ۋە قايتا رەتلەپ 1980 ـ يىلى تاماملىغان . سوپاخۇن مۇنداق دەيدۇ : «ئوبيېكتىپ ، سۇبيېكتىپ سەۋەبلەر تۈپەيلى بۇ ئەسلىمەمنى كۆڭلۈمدىكىدەك ياخشى يازالمىدىم . لېكىن شۇنى ئېيتالايمەنكى ، مۇبالىغە قىلمىدىم ، يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەرنى قوشمىدىم . بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى راستچىللىق بىلەن ئەينەن بايان قىلىشقا تىرىشتىم . شۇنداق بولسىمۇ ، بەزى سەۋەنلىكلەردىن خالىي بولۇش قىيىن . مەن ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەرنىڭ تۈزىتىپ ئوقۇپ پايدىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن» .

مەزكۇر ئەسلىمىنى رەتلەپ تەھرىرلەشتە ماڭا ياردەم قىلغان ئابلىز ئىسمائىلغا كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن .

**ئابلىز ياقۇپ**

2008 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ، ئۈرۈمچى



# ئىچىدىكىلەر


## بىرىنچى باب

قومۇل ۋە قومۇل ۋاڭلىرى .................................... 1
قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى، جىن شۇرېن ۋە ما جۇڭيىڭ ............ 4
خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئۆز قوشۇنلىرىنى باشلاپ موڭغۇلىيە چېگرىسىغا ئورۇنلىشىشى ................................ 20
خوجىنىياز ھاجىنىڭ تۇرپانغا بېرىشى ............................ 24
ما جۇڭيىڭنىڭ شىنجاڭغا ئىككىنچى قېتىم چىقىشى ........ 31
موردىكى سۆھبەت ................................................ 35

## ئىككىنچى باب

12 ـ ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى ................................ 39
شېڭ شىسەينىڭ خوجىنىياز ھاجى، مەھمۇت مۇھىتىلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشى ................................ 42
ما جۇڭيىڭنىڭ ئۈرۈمچىگە بىرىنچى قېتىم ھۇجۇم قىلىشى ... 48
ما جۇڭيىڭنىڭ خوجىنىياز ھاجىلار بىلەن يول ئۈستىدە ئۇرۇ-شۇشى ............................................................ 50
قومۇلدىكى قىرغىنچىلىق ........................................ 59
ما جۇڭيىڭنىڭ شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بىلەن ئۈچىنچى قې-تىم سۆھبەت ئۆتكۈزۈشى .......................................... 69

## ئۈچىنچى باب

ئاقسۇدىن قەشقەرگە سەپەر ...................................... 73
قەشقەر كونىشەھەردىكى قىرغىنچىلىق .......................... 81
خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئەركەشتامغا بېرىشى ...................... 82

يېڭىساردىكى سوقۇش ...................................... 85

## تۆتىنچى باب

يەكەندىكى سۆھبەت ...................................... 99
ئاقسۇدا ئۆتكۈزۈلگەن مۇھىم يىغىن ........................ 103
شاقۇدىكى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى ........................ 106
ما جۇڭيىڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىشى ۋە ئۇنىڭ ئاخىر-
قى ئەھۋالى .................................................. 109
مەھمۇت شىجاڭنىڭ قەشقەرگە بېرىپ ئورۇنلىشىشى ....... 112
ما خۇسەننىڭ خوتەن ۋىلايىتىگە ئورۇنلىشىشى ............ 117
خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئۈرۈمچىگە مېڭىشى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى ... 118
مەھمۇت شىجاڭنىڭ قەشقەرگە قايتىشى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى.... 120

## بەشىنچى باب

مېنىڭ دىنىي مەكتەپتە ئوقۇشۇم ۋە ئالۋانغا تۇتۇلۇشۇم ..... 126
مېنىڭ ھەربىي مەكتەپكە كىرىشىم ........................ 135
مېنىڭ ھەربىي سەپكە قاتنىشىشىم ........................ 140
قەشقەردىكى ئاتلىق 31 ـ تۇەننىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى .... 144
ما خۇسەن بىلەن ئابدۇنىيازنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا قىلغان
ئىسيانى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى ................................ 146

## ئالتىنچى باب

قەشقەر ئاتلىق 31 ـ تۇەننىڭ مۇستەقىل پىيادە 6 ـ يىڭغا ئۆز-
گەرتىلىشى ...................................................... 151
مۇستەقىل پىيادە 6 ـ يىڭنىڭ كۆچۈشى ........................ 158
پىيادە 6 ـ يىڭنىڭ كورلىدا قورالسىزلاندۇرۇلۇپ تاشيول قۇرۇ-
لۇشىغا سېلىنىشى ............................................ 174
كورلىدا بۇيرۇق كۈتۈش ...................................... 180
چاقىلىق بىلەن دۇنخۇاڭ ئارىلىقىدىكى يولنى ياساش بۇيرۇقى-



نىڭ كېلىشى .................................................. 183

## يەتتىنچى باب

6 ـ يىڭنىڭ تۇرپانغا بېرىشى ۋە ئاقىۋىتى .................. 190
«ئالتايچى» ياشلار ............................................ 198
تۇرپاندا مۇستەقىل 6 ـ يىڭنىڭ قىسقارتىۋېتىلىشى ....... 204

## سەككىزىنچى باب

مىللىي 8 ـ، 9 ـ لىيەننىڭ گۇچۇڭ، ئالتاي ئۇرۇشىغا مېڭىشى .... 219
شىڭ شىسەينىڭ نەنجىڭغا كېتىشى، مورىنى مۇھاپىزەت قىلىش
ۋەزىپىسىنىڭ 9 ـ لىيەنگە تاپشۇرۇلۇشى ...................... 224
پىڭدىڭسەندىكى قانلىق جەڭ ................................ 233
17 ـ نومۇرلۇق پوتەيدىكى مەخپىي يىغىن ................... 250
گۇچۇڭغا قايتىش .............................................. 259
گۇچۇڭدا 46 ـ شى تۇرمىسىگە قامىلىشىم ..................... 277
ئايىمخان ھەدەم ۋە قىزى جاناخانلارنىڭ ماڭا ياردەم قىلىشى
280 ..................................................................

## توققۇزىنچى باب

8 ـ، 9 ـ لىيەنلەرنىڭ گۇچۇڭدىن ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىشى .... 293
8 ـ ، 9 ـ لىيەنلەرنىڭ شىخوغا مېڭىشى ..................... 298
شىخۇ، مايتاغنىڭ ئەھۋالى ..................................... 300
مايتاغدىكى قوزغىلاڭ تەييارلىقى ............................ 302
مېنىڭ ئابدۇرېھىم مەمەتوفنى ئىزدەپ يولغا چىقىشىم ۋە يەڭ-
سىخەي كۆۋرۈكىدىن يەنە قايتىپ كېلىشىم ..................... 309

## ئونىنچى باب

بەش پاي ئوق ئاۋازى ........................................ 318
موڭغۇل دىنىي زاتلار ۋە نۇرپاي باتۇرنىڭ ئىنقىلابىي ياردىمى
325 ..................................................................

بىزنىڭ تاكتىكىمىز ........................ 344
خەنزۇ دېھقانلارنىڭ ياردەم بېرىشى ................ 353
ئۇلانبۇلاقتا تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ئۇرۇش ............ 360
ئەمدىكى نىشان بورتالا ........................ 370
بورتالادىكى ئۇچرىشىش ........................ 382


## ئون بىرىنچى باب

غۇلجا شەھىرىگە سەپەر ........................ 390
بىزنى مىللىي ئارمىيىنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىغا تارقىتىۋېتىشى ........................ 396
جەنۇبقا يۈرۈش قىلىش قىسىمىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشى ... 403
جەنۇبقا سەپەر ........................ 404
جەنۇبىي شىنجاڭغا بارغاندىن كېيىنكى تۇنجى جەڭ ........ 414
باي ناھىيەسىنىڭ ئازاد قىلىنىشى ۋە بايدىكى ئەھۋاللار ..... 420
مۇزات داۋىنىدىكى مۇھىم قورغاننى ھۇجۇم بىلەن ئېلىش .... 426
پارتىزانلار ئەترىتىنى تەرتىپكە سېلىش ........................ 439
ئاقسۇ كونىشەھەرنى ئىشغال قىلىش ........................ 441
ئاقسۇغا ئىككىنچى قېتىم يۈرۈش قىلىش ........................ 449
قۇربان بېرىپ ئىجرا قىلغان بۇيرۇق ........................ 454
مۇزداۋاندىن ئېشىپ ئىلىغا قايتىشىمىز ........................ 468
پارتىزانلارنىڭ مۇنتىزىملىشىشى ۋە قىسىملارغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ........................ 474
مېنىڭ مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى ھەربىي تەييارلىق بۆلۈمىگە يۆتكىلىشىم ۋە كېيىنكى ئەھۋاللىرىم ........ 491
خاتىمە ........................ 495




# بىرىنچى باب

## قومۇل ۋە قومۇل ۋاڭلىرى

ئۆتمۈشتە كىشىلەر قومۇلنى «ئون ئىككى تاغ، بەششار»[1] دەپ
ئاتايتتى. ئون ئىككى تاغ: تاراتى، قوراي، ئېبدىر، باغداش، خو-
تۇنتام، تاشار، شوپۇل، باي، ئاراتۇرۇك، نوم، تۇركۆل ۋە نېرىند-
كىردىن ئىبارەت ئىدى. ھەربىر تاغنى بىردىن دورغا باشقۇرات-
تى. بەششار سۇمقاغا، ئاستانە، تۇغۇچى، لاپچۇق، قارادۆۋە دېگەن
يۇرتلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ھەربىر شەھەرنى قازى، قورمال[2]
ياكى سېدىرلار[3] باشقۇراتتى.
ئون ئىككى تاغ خەلقى ئاساسىي جەھەتتىن چارۋىچىلىق،
قوشۇمچە دېھقانچىلىق بىلەن، بەششار خەلقى ئاساسەن دېھقانچى-
لىق، ئاز قىسمى قوشۇمچە باغۋەنچىلىك بىلەن تۇرمۇش كەچۈ-
رەتتى. قومۇلنىڭ پۈتۈن تېرىلغۇ يەر، سۇ، مال چارۋا، ئوتلاق،
يايلاقلىرى ھەتتا كان بايلىقلىرىمۇ ۋاڭلارنىڭ مەخسۇس مۈلكى-
گە ئايلىنىپ قالغانىدى. ۋاڭلار خەلقنىڭ ئۈستىگە ھەددىدىن
ئارتۇق باج، ئالۋان ـ سېلىقلارنى ئۆزى بىلگىنىچە سالاتتى. بى-
چارە خەلققە قوپال مۇئامىلە قىلىپ، ئۇلارنى خورلايتتى.
قومۇلغا 230 نەچچە يىل ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلگەن

---

① بەششار ــ بەش شەھەر مەنىسىدە.
② قورمال ــ چارۋىچىلىق رايونلىرىنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدار.
③ سېدىر ــ ھۆكۈمەتنىڭ ئاشلىق ئامبارلىرىنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدار.

ئاقسۆڭەك، فېئودال ۋاڭلارنىڭ زۇلۇم ۋە ئېزىشلىرىگە چىدىمىغان قومۇل دېھقان ـ چارۋىچىلىرى قوراللىق ۋە قورالسىز داۋاملىق قارشىلىق كۆرسىتىپ كەلگەنىدى. بىراق ۋاڭلار قوزغىلاڭچىلارنى دەھشەتلىك باستۇرۇپ كەلدى.

بۇ خىل زۇلۇمغا چىدىمىغان تۆمۈر نىياز يەنى تۆمۈر خەلپە ۋە خوجىنىياز ھاجىلار باشچىلىقىدىكى دېھقانلار 1912 ـ يىلى قوراي تېغىدا قومۇل ۋاڭى شامەخسۇتقا قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى. ئەينى چاغدىكى قومۇل ۋاڭى شامەخسۇت قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن ياڭ زېڭشىن (ياڭ جياڭجۈن)گە ئىلتىماس قىلىپ، قوشۇن توپلاپ ئۇرۇش قىلدى. لېكىن كۆپ ئۇرۇشلاردا شامەخسۇت يېڭىلدى. قوزغىلاڭچىلار بارغانسېرى كۆپىيىپ ئادەم سانى 8000 ـ 9000 دىن ئاشتى. ياڭ زېڭشىن قوزغىلاڭچىلارنى قورال كۈچى بىلەن يوقىتالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، تۆمۈر خەلپىنى سۆھبەتكە چاقىردى. ئۈرۈمچىدىن ياڭ زېڭشىنغا ۋەكىل بولۇپ قومۇلغا كەلگەن لى شۇفۇ (خۇيزۇ): «ياڭ جياڭجۈننىڭ سىزگە يامان نىيىتى يوق. بىرگە ئۆتۈشنى خالايدۇ» دەپ «قۇرئان» تۇتۇپ قەسەم قىلدى. تۆمۈر خەلپە تەقۋادار كىشى بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ قەسىمىگە ئىشىنىپ كېتىپ، 200 ئاتلىق قوراللىق سەپدىشى بىلەن ئۈرۈمچىگە كېلىدۇ. ياڭ زېڭشىن ئۇزاق ئۆتمەي تۆمۈر خەلپە ۋە تۇرپانلىق قوزغىلاڭچىلارنىڭ باشلىقى مۆيدىن موللا قاتارلىقلارنى سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈردى. تۆمۈر خەلپە بىلەن ئۈرۈمچىگە چىققان قوزغىلاڭچىلارنىمۇ قومۇلغا ئاپىرىپ قويىمىز دەپ يالغان ئېيتىپ، گۇچۇڭنىڭ بىر تېغى ئىچىدە جايلىۋېتىدۇ. قومۇلدا قالغان خوجىنىياز ھاجى ۋە باشقىلار ھەر تەرەپكە تارقىلىپ كېتىدۇ. قالغانلىرىنى ۋاڭ ئۆلتۈرۈپ، ئاز قىسمىنى زىندانغا تاشلايدۇ. لېكىن ئۇزاق ئۆتمەي ۋاڭلارنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقى تۆۋەنلەشكە باشلايدۇ.



1930 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى 54 يىل ۋاڭلىق ھۆكۈمرانلىقىنى سۈرگەن شامەخسۇت پالەچ كېسىلى بىلەن 82 يېشىدا ۋاپات بولدى. شامەخسۇتنى تېخىمۇ ئۇلۇغ كۆرسىتىشكە، خەلقنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئېتىقادىنى كۈچەيتىپ، ئۆزلىرىنىڭ فېئوداللىق ئىمتىيازىنى ئۆمۈرۋايەت ساقلاپ قېلىشقا ئۇرۇنغان ۋاڭ ئەۋلادلىرى، ئوردا ئەمەلدارلىرى ھەم باشقا يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى ناھايىتى ھەيۋەتلىك ۋە داغدۇغىلىق ئېلىپ چىقتى. شامەخسۇت ۋاڭ تاۋۇتىنىڭ ئالدىدا بوتىلاقلىرىدىن ئايرىلغان، ئۈستىگە ئاق يوپۇق سېلىپ گىلەم خۇرجۇن ئارتىلغان تۆت تۇياق ھىنگان تۆگە، قۇلۇنلىرىدىن ئايرىلغان، ئۈستىگە ئاق يوپۇق يېپىپ ئېگەر ـ يۈگەنلىرىگىچە ئاق لاتا ئورالغان تۆت تۇياق بايتال، ئوغلاقلىرىدىن ئايرىلغان ئاق يوپۇق يېپىلغان تۆت تۇياق ئۆچكە، قوزىلىرىدىن ئايرىلغان تۆت تۇياق ئاق ساغلىقنىڭ ھەربىرىنى بىردىن ئاق كىيىم كىيگەن كىشىلەر يېتىلەپ ماڭدى. بەگلەر مىنگەن تۆگىلەرنىڭ گىلەم خۇرجۇنلىرىدىن ئاق، قىزىل، كۆك شەلپەرلەرگە تۈگۈپ سېلىنغان يارماقلارنى ئېلىپ يول بويى چېچىپ ماڭدى. بۇ تىلسىز ھىنگانلارنىڭ بوزلاشلىرى، بايتاللارنىڭ كىشنەشلىرى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ساغلىقلارنىڭ ئۆز باللىرىنى ئىزدەپ مەرەشلىرى «ۋاڭ غوجام، ئۇلۇغ غوجام» دېگەن يىغا ئاۋازى بىلەن قوشۇلۇپ، ئەتراپنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەنىدى. ۋاڭ ئەۋلادلىرى ۋە ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى مەقسىتى بۇ تىلسىز ھايۋانلارنىڭ ئۆز باللىرىنى ئىزدەپ بوزلاپ، كىشنەپ، مەرەشلىرى كىشىلەرگە ۋاڭ غوجامنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن تىلسىز ھايۋانلارمۇ «يىغلاۋاتىدۇ» دېگەن ھېسسىياتنى كەلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ شامەخسۇتقا بولغان ئېتىقادىنى كۈچەيتىش ئىدى.

مەن ئۇ چاغلاردا قومۇل شەھىرىدە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقانىدىم. ئاخۇنۇملار ھەممىمىزگە ئاق سەللە ئوراپ چىقىشنى

بۇيرۇدى. مەن ئاپامنىڭ ئاق داكا ياغلىقىنى سەللە قىلىپ ئورد-
دىم. بىز تالىپلار قۇرئانلارنى بوينىمىزغا ئېسىپ موللاملار بى-
لەن زىكىر ـ ساما قىلىپ، مۇناجات ئوقۇپ ماڭدۇق. يولنىڭ
ئىككى قاسنىقىدا تۇغ ـ ئەلەملەرنى لەپىلدىتىپ قوراللىق ئەس-
كەرلەر تىزىلغان بولۇپ، تاۋۇت قايسى قىسىمنىڭ ئالدىغا كەل-
سە، شۇ قىسىم كاناي، دۇمباقلىرىنى چالاتتى ۋە ماتەم بىلدۈ-
رەتتى.
شامەخسۇت ۋاڭنىڭ ئۆلۈكى ئالتۇنلۇق[①] قا دەپنە قىلىنىپ
بولغاندىن كېيىن، قومۇل شەھرىدىكى ئاخۇن ـ قارىيلارغا
قەبرە بېشىدا كېچە ـ كۈندۈز قۇرئان ئوقۇتۇلدى. بۇ ئىشلار ها-
زىرقىدەك ئېسىمدىن چىقمايدۇ.

## قومۇل دېھقانلىرى قوزغىلىڭى، جىن شۇرېن ۋە ما جۇڭيىڭ

1928 ـ يىلى 7 ـ ئايلاردا ياڭ زېڭشىن پەن ياۋنەن قاتار-
لىقلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندە پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن
ئىچكى ئىشلار نازىرى جىن شۇرېن پەن ياۋنەننى ئۆلتۈرۈپ ها-
كىمىيەت بېشىغا چىقىۋالدى. 1930 ـ يىلى شامەخسۇت ۋاڭ ئۆ-
لۈپ ۋاڭلىق تۇزۇم ئۇنىڭ ئوغلى نەزەرگە قالغاندا جىن شۇرېن
نەزەر ۋاڭنى ئۈرۈمچىگە چاقىرىپ، «هۆكۈمەتكە مەسلىهەتچى»
دېگەن قۇرۇق قالپاق بىلەن ئۈرۈمچىدە تۇتۇپ تۇردى. قومۇلنى
قومۇل، باركۆل، ئاراتۈرۈكتىن ئىبارەت ئۈچ ناهىيە قىلىپ
تەشكىللەپ مەمۇري هوقۇقنى ۋاڭدىن تارتىۋالدى. ھەرقايسى
ناھىيەلەرگە ھاكىم بەلگىلىدى. جىن شۇرېننىڭ بۇ ھەرىكەتلىرى
ئۆز ـ ئۆزىنى ئىدارە قىلىپ كەلگەن قومۇل خەلقىگە ئېغىر

① ئالتۇنلۇق ـــ قومۇل ۋاڭلىرى دەپنە قىلىنغان، ھەيۋەتلىك مۇنارلىق مەسچىت
بىنا قىلىنغان جاي.



كەلدى.
ئەسلىدە ھەرقايسى ناھىيەلەردىن ئېلىنىدىغان غەللە ـ پاراق-
نى 1929 ـ يىلى ئېلىش بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، بۇ يېڭى تەش-
كىللەنگەن ھاكىمىيەت 1928 ـ يىلدىن باشلاپلا ئاشلىقنى تاپ-
شۇرۇشقا خەلقنى مەجبۇرلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قومۇلنىڭ
ھەربىر تېغىغا مەلۇم ساندىكى ئەسكەرلەرنى ئورۇنلاشتۇردى.
تاغدا تۇرغان جىن شۇرېننىڭ ئەسكەرلىرى ئۆزلىرى بىلگەنچە
خەلقتىن ئالۋان ـ ياساق ئېلىپ، ئۇلارنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشقا
باشلىدى. ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك جىن شۇرېن
ئۆزىنىڭ گەنسۇدىكى يۇرتداش، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىن 80 ئا-
دەمنى كۆچۈرۈپ چىقىپ، تاغ خەلقلىرىنىڭ ئاز ھەم ئۆزىگىمۇ
يېتىشمەيۋاتقان يەرلىرىنى تارتىۋېلىپ، ئۇلارغا بۆلۈپ بەردى. بۇ
ھەقتە قومۇل دېھقانلىرى نارازىلىق بىلدۈرۈپ ئەرز قىلغان
بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئەرزىنى يۇقىرى ئېتىبارغا ئالمىدى.
جىن شۇرېننىڭ يۇقىرىقىدەك ئەرزلەرگە ئېتىبارسىز قارد-
شى، زۇلۇم سېلىشى، كەمسىتىشى ۋە قاتمۇقات ۋەھشىيانە زور-
لۇق ـ زومبۇلۇقلىرى ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. بىر كۈنى جىن
شۇرېننىڭ قۇمۇلدا تۇرغان ئەسكەرلىرىدىن 4 ـ پىيادە يىلڭ (با-
تالىئون)نىڭ ئالتە نەپەر ئەسكىرى يەل ـ يېمىش ئېلىش ئۈچۈن
تاھىر مىراب دېگەن كىشىنىڭ بېغىغا زورلۇق بىلەن كىرىپ
كېلىدۇ. تاھىر مىراب ئەسكەرلەرنىڭ مۇنداق زومىگەرلىكىگە
چىداپ تۇرالماي ئۇلارنى تۇتۇپ باشلىقلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ،
جازالاشنى تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن ئەسكەر باشلىقلىرى ئۇلارنى
قويۇۋېتىدۇ. ئەسكەرلەر بوشىنىپ چىقىپلا تاھىر مىرابنى ئۆل-
تۈرۈۋېتىدۇ. بۇ ۋەقە توغرۇلۇق خەلق يۇقىرىغا ئەرز بەرگەن
بولسىمۇ، جىن شۇرېن: «ئۇ قانداق مېۋە ئىكەن؟ باھاسى شۇن-
چىلىك قىممەتمىكەن؟» دەپ قويۇپ ئەسكەرلەرگە ھېچقانداق چا-
رە كۆرمەيدۇ. خەلق دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ قالىدۇ. جىن شۇ-

رىنىڭ بۇ ئىشى خەلقنى غەزەپكە كەلتۈردى.
قومۇلدا تۈگمەنلەر قىش كۈنى توڭلاپ قالىدىغان بولغاچقا،
قومۇل خەلقى ھەر يىلى كۈزدە تۈگمەنگە بېرىپ ئۇن تارتقۇ-
زۇۋالاتتى. شوپۇل تېغىنىڭ دورغىسى سالى دورغا ئادەملىرى
بىلەن ئۇن تارتىپ كېلىۋاتسا، ليۇ شىجاڭ[1] نىڭ ئەسكەرلىرىگە
ئۇچراپ قالىدۇ. ئەسكەرلەر: «سىلەر ئۇننى تاشقى موڭغۇلغا ئا-
پىرىدىكەنسىلەر» دېگەن تۆھمەت بىلەن سالى دورغىنى ھەربىي
شتابقا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. 30 تۆگە ۋە باشقا ئۇلاغلارغا ئارتىلغان
ئۇنلىرىنى مۇسادىرە قىلغاندىن سىرت، 300 سەر كۈمۈش پۇل،
40 مىڭ جىڭ ئوت ـ سامان جەرىمانە قويىدۇ. بۇ جەرىمانىنى
بىرلا قېتىمدا تۆلەشكە قۇربى يەتمىگەن سالى دورغىنى قاماققا
ئالىدۇ. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان خوجىنىياز ھاجى، يولۋاس،
ھەسەن بالا ھاجىلار كېپىل بولۇپ ئۇنى سولاقتىن چىقىرىدۇ.
بۇ ئىشتىن غەزەپلەنگەن سالى دورغا: «خەپ، ئەگەر مەن
زالىملارغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرمىسەم، ھاكىم بىلەن ئەسكەر
باشلىقلىرىنىڭ قېنىنى ئىچمىسەم، سالى بولماي كېتەي!» دەپ
قەسەم قىلىدۇ.
شامەخسۇت ئوردىسىدا رىھىم ئىسىملىك بىر يىگىت بار ئى-
دى. ئۇ خەلق بىلەن ياخشى ئۆتەتتى. خەلق ئۇچۇن جان كۆيدۈ-
رەتتى. ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ ناھەق ئىشلىرىنى كۆرسە چىدى-
ماي نارازىلىق بىلدۈرەتتى. بەزىدە بىۋاستە ئارىلىشاتتى. قومۇل
خەلقى ئۇنىڭغا ئىشىنەتتى ۋە ئۇنى ھىمايە قىلاتتى. شۇڭا، جىن
شۇرېننىڭ يەرلىك ئەمەلدارلىرى بۇ يىگىتنىڭ ئىسيانكار رو-
ھىدىن قاتتىق گۇمان قىلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە جىن شۇ-
رېندىن بۇيرۇق ئالىدۇ. بۇ ئەھۋالنى ئاڭلىغان قومۇل خەلقى

[1] ليۇ شىجاڭ (ليۇ دىۋىزىيە كوماندىرى) ـــ قومۇلنىڭ بارلىق ھەربىي ۋە مەمۇ-
ري ھوقۇقىنى تۇتۇپ تۇرغان ئەمەلدار.



قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرۈپ، غۇلغۇلا قىلىدۇ، قارشىلىق كۆر-
سىتىدۇ. بۇ ئىشتىن چۆچۈگەن قومۇلنىڭ يەرلىك ئەمەلدارلىرى
رىھىم باتۇرنى ئۆلتۈرەلمەي، تۇرپاننىڭ لۈكچۈن دېگەن يېرىگە
پالايدۇ.
نېرىنكىرنىڭ قورمالى 40 تۇياق قوينى سېتىش ئۈچۈن
باركۆل بازىرىغا بېرىپ، قويلارنىڭ بىرىنىمۇ ساتمىغان ئەھۋال
ئاستىدا «سەن باج تۆلىمەپسەن» دەپ 500 سەر كۈمۈش پۇل
جەرىمانە قويىدۇ. بۇ كىشىنىڭ «قويلىرىمنى ساتمىدىم» دېگە-
نىگە قارىماي، باج ھەققى ئۈچۈن ھەممە قوينى تارتىۋالىدۇ. بۇ
ناھەقچىلىكنى كۆرگەن خەلق قاتتىق نارازى بولىدۇ.
تاغلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان جىن شۇرېن ئەسكەرلىرى ۋە ئە-
مەلدارلىرى تاغلىق خەلقنىڭ توي ـ تۆكۈن ۋە مەشرەپلىرىگە
كىرىۋېلىپ، خوتۇن ـ قىزلارنى ئۇسسۇلغا تارتىپ، پوخۇرلۇق
قىلىدۇ. بەزى خوتۇن ـ قىزلارنى ئاياغ ئاستى قىلىدۇ. بۇنداق
ئېچىنىشلىق خەۋەرلەرنى ئاڭلىغان قومۇل خەلقىنىڭ ۋاقىغا ۋە
جىن شۇرېن ئەسكەرلىرىگە بولغان غەزەپ ـ نەپرىتى تېخىمۇ
تاشىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇرۇن جىن شۇرېن تاغلارغا ئەسكەر-
لىرىنى چىقىرىپ ئورۇنلاشتۇرغاندا جىن شۇرېننىڭ بىر يۇرت-
لۇقى جاڭ گوخۇنى قومۇل شەھىرى شوپۇل يېزىسىنىڭ سۆجە
قورغىنىغا باج ئەمەلدارى قىلىپ ئەۋەتكەنىكەن. بۇ قورغان
شىنجاڭ بىلەن موڭغۇلىيە چېگرىسىدىكى چازا بولۇپ، سودى-
گەرلەردىن كىرىدىغان باج كىرىمى ناھايىتى جىق ئىدى. جاڭ
گوخۇ بۇ يەردە ھەددىدىن ئېشىپ شوپۇلدىكى مۆتىۋەرلەردىن سا-
لى مەمەتنىياز دورغىنىڭ ئاسىيخان ئىسىملىك چىرايلىق قى-
زىغا كۆزى چۈشۈپ، ئۇنى ھوقۇقىغا تايىنىپ خوتۇنلۇققا ئالماقچى
بولىدۇ، قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى قىزىنى بېرىشكە مەجبۇرلايدۇ.
ئابدۇللا مىراب جاڭ گوخۇغا ۋەكىل بولۇپ قىز سوراپ كەلگەن
تەرجىمانىنى: «سەن قايسى ۋىجدانىڭ بىلەن قىز سوراپ كەل-

دىڭ؟» دەپ قاتتىق سۆكىدۇ. زالىملارنىڭ دەرد ـ ئەلىمىنى تولا تارتىپ چىدىغۇسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان بىچارە دېھقانلار بۇ زورلۇق ـ زومبۇلۇقنى كۆرۈپ تاقەت قىلالماي، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ زومىگەر ئەمەلدارلارنىڭ ئەدىپىنى بەرمەكچى بولىدۇ. ئابدۇنىياز مىراب، سالى دورغا، خوجىنىياز ھاجى ۋە باشقا يۇرت كاتتىلىرى، دېھقانلار كالېندارى بويىچە 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى مەخپىي مەسلىھەتلىشىدۇ. مەسلىھەت بويىچە 1931 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى توينى قىلىدىغان بولۇپ، تەييارلىقنى باشلايدۇ. توي كۈنى يېتىپ كېلىدۇ. جاڭ گوخۇ خۇشاللىقتىن ھېچ ئىككىلەنمەي تويغا 32 نەپەر قوراللىق ئەسكەر بىلەن كېلىدۇ. توي ئاخشىمى جاڭ گوخۇنى قىز ھۇجرىسىغا باشلايدۇ. قىز ھۇجرىسىغا چىرايلىق قىزچە ياساندۇرۇپ ئالدىنئالا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇلغان ئىمىن ئىسىملىك باتۇر يىگىت، جاڭ گوخۇ كىرىشى بىلەنلا قۇچاقلاپ يىقىتىپ ئۆلتۈرىدۇ ۋە يان قورالىنى ئېلىۋالىدۇ. ئاندىن سىرتتا تەييار تۇرغان ئون نەچچە يىگىت جاڭ گوخۇنىڭ 32 نەپەر قوراللىق ئەسكىرىنى جايلىۋېتىپ، ئۆزلىرى قوراللىنىدۇ ھەم قورغان ئەمەلدارى ئابدۇنىيازنىڭ ياردەم قىلىشى بىلەن قورغاننى ساقلاۋاتقان 70تىن ئارتۇق ئەسكەرنى تۇتۇپ، 77 دانە مىلتىق ۋە ئوقلىرىنى ئېلىۋالىدۇ. سالى دورغا، ئابدۇنىياز مىرابلار چېگرىدىكى 33 نەپەر موڭغۇلنىڭ قوراللىرىنىمۇ ئېلىۋالىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، سالى دورغا، ئابدۇنىياز مىراب، باقىنىياز دورغا، خوجىنىياز ھاجى، قاسىم پالۋان (مەرگەن)، يەھيا ئىمام، ئىبراھىم قورمال يېتەكچىلىكىدە تاغ رايونىدىكى قوزغىلاڭ باشلىنىدۇ. ئۇلار قومۇلدىن سالى دورغىغا قويۇلغان جەرىمانىنى ئېلىش ئۈچۈن كەلگەن ئۈچ نەپەر چېرىكنىڭ قوراللىرىنى ئېلىۋېلىپ، ئىككىسىنى ئۆلتۈرۈپ، بىرىنى تىرىك قويۇپ بېرىدۇ. ئېھتىمال، باشلىقلىرىغا خەۋەر قىلسۇن، دەپ قويۇپ بەرگەن



بولۇشى مۇمكىن. بۇ ۋەقە ئۇزاق يىللاردىن بېرى فېئودال ۋاڭلارنىڭ ۋە ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنىڭ زۇلمىنى ھەددى ـ ھېسابسىز تارتىپ پەيمانى تولغان قومۇل خەلقىنىڭ غەزەپ ئوتى پىلتىسىگە يېقىلغان ئوت بولۇپ قالدى.

بۇ ۋەقەنى ئاڭلىغان ئۈچ ناھىيەنىڭ دېھقان ـ چارۋىچىلىرى تەۋرەپ كەتتى. شۇ چاغلاردا قومۇلنىڭ ھەربىي باشلىقى لىيۇ زېشىڭ ئىدى. ئۇ قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن يولۋاسنىڭ باشچىلىقىدا قوشۇن چىقاردى. بىراق بۇ چىققان ئەسكەرلەردىن جېنىنى ئېلىپ قېچىپ كەلگەنلىرى ناھايىتى ئاز بولدى. مۇتلەق كۆپچىلىكى قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن تارمار قىلىندى. خەلقنىڭ تۆۋەندىكى قوشاقلىرى مانا شۇ جەڭلەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ:

*سايلارغا چېرىك چىقتى،*
*ئەلىمىنى دىڭگايتىپ.*
*چەنلەپ ئاتتۇق مېڭگە،*
*موزىسىنى قىڭغايتىپ.*

*چىقىپ كەلگەن چېرىكلەر،*
*ئارىلاپ ئاتتى تاڭ ـ تاڭنى.*
*تاغچىلار يامان ئىكەن،*
*تارتىپ ئالدى جۇنچاڭ*[①]*نى.*

قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرۇشقا چىققان چېرىكلەرنىڭ قايتىپ كەلمەيۋاتقانلىقىنى كۆرگەن لىيۇ زېشىڭ پۈتى كۆيگەن توخۇدەك بولۇپ كەتتى. ئۇلار تاغقا ئەسكەر چىقارسا زىيان تارتىدىغانلىقىنى بىلىپ قومۇلنى مۇداپىئە قىلىشقا ئۆتتى. بۇ چاغدا ئون

① جۇنچاڭ ـــ ھەربىي قورال.

ئىككى تاغنىڭ دېھقان ـ چارۋىچىلىرى قوزغىلىپ، نەيزە، قارا
مىلتىق، توقماق قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن قوراللىنىپ بولغاند ـ
ـدى. لېكىن، ئۇلارنى بىرلەشتۈرۈشكە ئادەم بولمىغانلىقتىن،
ئۆز ئالدىغا ھەرىكەت قىلاتتى. خوجىنىياز ھاجى بۇرۇن تۆمۈر
خەلپە بىلەن بىرلىكتە سوقۇشقا قاتناشقانلىقى ئۈچۈن مەلۇم
دەرىجىدە ئۇرۇش قىلىش تەجرىبىسى بار ئىدى. شۇڭا ئۇ ئۆز
جايىدىكى قوزغىلاڭچىلارنى ھەم بۇرۇن ۋاڭغا ئەسكەر بولغان
پالۋانلارنى تەشكىللىدى. بۇ ئەھۋالنى ئۇققان لىۇ زېشىڭ بىلەن
يىڭجاڭ (باتالىئون كوماندىرى) جىڭ شەي بىر يىڭ قوراللىق
ئەسكەرنى باشلاپ قوزغىلاڭچىلارنى يوقىتىش ئۈچۈن كۆشۆتى
داۋىنىغا يۈرۈش قىلدى. كۆشۆتى داۋىنى ئۈچ ناھىيەنىڭ يولىنى
كونترول قىلىدىغان ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە جاي
ئىدى. خوجىنىياز ھاجى سالى دورغىنىڭ بىر قىسىم ئاتلىق
ئەسكەرلىرىنى كۆشۆتى جىلغىلىرىدا قالدۇرۇپ، ئۆزى بىر قى ـ
ـسىم قوزغىلاڭچىلارنى باشلاپ، سالى دورغىغا ماسلىشىپ ئالدى
ـ كەينىدىن ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق جىڭ شەي باشچىلىقىدى ـ
ـكى بىر يىڭ ئەسكەرنى تەلتۆكۈس يوقاتتى. بۇ جەڭ ھەققىدە
خەلق ئىچىدە مۇنداق قوشاق توقۇلغان:

*خويما كاتتا جەڭ بولدى،*
*كۆشۆتى دېگەن يەردە.*
*جىڭ شەي باشلىق چېرىكلەر،*
*سىيىپ ئۆلدى شۇ جەڭدە.*

*چېرىك ئاتىدۇ ئوقنى،*
*قۇرۇق تاغنىڭ بېشىغا*
*تاغچى پالۋان ئاتىدۇ،*
*چېرىكلەرنىڭ بېشىغا.*



بۇ جەڭدە قوزغىلاڭچىلار بىر تۈركۈم قورال ـ ياراغ، ئوق ـ
دورا ۋە ھەربىي ئەسلىھەلەرنى غەنىيمەت ئېلىپ تېخىمۇ كۈچەي ـ
ـدى. بۇ غەلىبىنى كۆرگەن دېھقان ـ چارۋىچىلاردىن قوزغىلاڭ ـ
ـچىلارغا قوشۇلىدىغانلار كۆپىيىپ، كەلكۈندەك ئېقىپ كېلىشكە
باشلىدى. خوجىنىياز ھاجى ئۇلارنى تەشكىللەپ بىرلەشتۈردى.
شۇنداق قىلىپ، خوجىنىياز ھاجى قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى ـ
ـنىڭ ئاتاقلىق رەھبىرى بولۇپ قالدى. بۇ تەشكىللەنگەن قوز ـ
ـغىلاڭچىلارنىڭ خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدا ئېلىپ بارغان
ئۇرۇشلىرى ھەققىدە قومۇل خەلقى ئەينى ۋاقىتتا مۇنداق قو ـ
ـشاقلارنى توقۇغان:

*بۇ تاغلار ئارقىسىدا،*
*پۈتۆتى دېگەن تاغ بار.*
*دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىپ،*
*جۇنچاڭ ئالغان ئەرلەر بار.*

*ئاق بوز ئاتنى مىنگەندە،*
*ئاتا ـ ئانام بولۇر رازى.*
*ئۆلگەنلەر شېھىت كەتسە،*
*قالغانلار تامام غازى.*

بۇ قوزغىلاڭ بىر يىلغا يېقىن داۋاملىشىپ، كۈندىن ـ كۈنگە
كېڭىيىپ، قومۇلدىكى ئون ئىككى تاغ، بەش شەھەرنى زىلزىلى ـ
ـگە كەلتۈردى. ھەممە يەرنى ئۇرۇش ئوتى قاپلاپ كەتتى. بۇ
ئەھۋالدىن چۆچۈگەن جىن شۇرېن يۈرىكى پوكۇلداپ، بىر تە ـ
ـرەپتىن، خوجىنىياز ھاجىنىڭ قوشۇنىنى قورشاپ يوقىتىش
ئۈچۈن ئۈرۈمچىدىن چوڭ قوشۇن ئەۋەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن،
سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتتى. سۆھبەت

ئۆتكۈزۈشكە كەلگەن ۋەكىللەر خوجىنىياز ھاجىنىڭ يۇرتى تارا-
تىغا كەلدى. مېنىڭ چوڭ ئاچامنىڭ يولدىشى موللائىخۇن ئاكا
خوجىنىياز ھاجىنىڭ يېنىدا خىزمەت قىلاتتى. ئۇ ئاخشىمى ۋە-
كىللەر بىلەن خوجىنىياز ھاجى ئوتتۇرىسىدا بولغان سۆزلەرنى
بىزگە دەپ بېرەتتى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ئۈرۈمچىدىن كەلگەن
ۋەكىللەر روزى ھاجى، ناسىربەگ، چوڭئاخۇن ۋە بىرنەچچە خەن-
زۇدىن تەركىب تاپقان ئىكەن. خوجىنىياز ھاجىنىڭ پوزىتسى-
يىسى قەتئىي بولۇپ، مۇرەسسەنى رەت قىلىدىكەن. باشقا دور-
غىلار مۇرەسسەگە قوشۇلۇشنى خالىسىمۇ ھاجىمدىن تەپ تارتىپ
ئوچۇق - ئاشكارا بىرنەرسە دېيەلمەيدىكەن. خوجىنىياز ھاجى:
«بىز قورال تاپشۇرمايمىز، قورال بىزنىڭ جېنىمىز، ئاچ قال-
ساق، ئوۋ ئوۋلاپ جان باقىمىز» دەيدىكەن. ھاجىمنىڭ تەلىپى
ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىنى ۋە ئەمەلدارلىرىنى قومۇلدىن قايتۇرۇپ
كېتىش، قومۇلنىڭ ئامانلىقىنى يەرلىك مىللىي قوشۇنغا تاپشۇ-
رۇپ بېرىش ئىكەن. ھاجى بۇ شەرتتە چىڭ تۇرىدىكەن. لېكىن
جىن شۇرېن بۇنىڭغا كۆنمەيدىكەن.

نەتىجىدە سۆھبەت بۇزۇلۇپ، ئۇرۇش پۈتۈن شىنجاڭ دائىرى-
سىگە كېڭىيىشكە باشلىدى. قورال كۈچى ئىشلىتىپ ھېچ نەر-
سە قىلالمىغان جىن شۇرېن ئاقسۇدا ۋالىي ھەم ھەربىي باشلىق
بولغان جۇ رۇيشىنى قوماندان قىلىپ كۆپ ئەسكەر بىلەن قو-
مۇلغا ماڭدۇردى. جۇ رۇيشى قومۇلغا كېلىپ، تاغدىكى قوراللىق
قوزغىلاڭچىلارغا: «سىلەرنىڭ ئىككى تۈرلۈك شەرتىڭلەر بار ئى-
كەن. بۇ شەرتىڭلەرنى قورال تاپشۇرساڭلار قوبۇل قىلىمىز» دەپ
تاغقا ۋەكىل ئەۋەتتى. تاغلىقلار بۇ چىققان ۋەكىللەرنى قارشى
ئېلىپ، «قوراللارنىڭ بىر قىسمىنى بەش يىلدىن كېيىن، قالغان
قىسمىنى ئون يىلدىن كېيىن تاپشۇرىمىز» دەپ قايتۇردى. بۇ-
نىڭ بىلەن سوقۇش يەنە باشلىنىپ كەتتى. خوجىنىياز ھاجى
باشچىلىقىدىكى قومۇل قوزغىلاڭچىلىرى بىرقانچە قېتىملىق



سوقۇشتا غەلىبە قىلغان بولسىمۇ، لېكىن جىن شۇرېنىنىڭ شېڭ
شىسەي ئارمىيىسى ئۇلار ئۈچۈن يەنىلا چوڭ توسالغۇ ۋە تەھدىت
كۈچى ئىدى. چۈنكى قوزغىلاڭچىلار يېڭىدىن تەشكىللەنگەن،
ھەربىي تەلىم - تەربىيە كۆرمىگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە، قورال -
ياراغلىرى ناچار، ئوق - دورىلىرى يېتەرلىك ئەمەس ئىدى. بەزى
قوزغىلاڭچىلار ئوق - دورىلارنى ئۆزى ياساپ ئىشلىتەتتى.
مۇنداق ئەھۋال ئاستىدا دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش ۋە ئۇنى يوقى-
تىش ئۈچۈن قوشۇننى ھەر جەھەتتىن كۈچەيتىش ياكى باش-
قىلارنىڭ ياردىمىگە ئىگە بولۇش لازىم ئىدى. خوجىنىياز ھاجى
مانا شۇ مەقسەت بىلەن سالى دورغا، ئوسمان باي قاتارلىق بىر-
نەچچە ۋەكىلنى گەنسۇغا ئەۋەتىپ ما بۇفاڭنىڭ ئەسكەر چىقىرىپ
ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. قوزغىلاڭچىلار تاغدىكى ۋە كۆ-
شۆتىدىكى بىر يىلىك ئەسكەرنى تارمار قىلغاندىن كېيىن، شامالغا
قاراپ ئىش كۆرىدىغان يولۋاس قوزغىلاڭچىلارنىڭ كۈچەيگەنلى-
كىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ بۇرۇن قىلغان ئەسكى ئىشلىرى ۋە جى-
نايەتلىرىدىن قورقۇپ، تاغقا چىقىپ قوزغىلاڭچىلارغا قوشۇ-
لۇۋالدى. شۇ چاغلاردا ما جۇڭيىڭ چىڭخەي، گەنسۇ ئەتراپلىرىدا
باندىتلىق قىلىپ يۈرگەن، ما بۇفاڭ بولسا ئۇنى كۆزدىن يوقى-
تالماي يۈرگەنىدى. خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئادەملىرى گەنسۇغا
بارغاندا ما بۇفاڭ ما جۇڭيىڭنى شۇ ئەتراپلاردا يوقالسۇن دەپ
شىنجاڭغا ئەۋەتىشكە قوشۇلىدۇ. ما جۇڭيىڭ بولسا بۇنى باش
كۆتۈرۈشنىڭ ياخشى پۇرسىتى دەپ بىلىپ، ئالدى بىلەن ما خې-
دىڭ (خۇيزۇ) رەھبەرلىكىدىكى ئالدىن يۈرەر 200 ئاتلىق ئەس-
كەرنى شىنجاڭغا ماڭغۇزىدۇ. بۇ چاغدا قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى-
نىڭ بىر قىسمى خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدا تاغدىن چۈشۈپ
قومۇل شەھىرىنى قورشاپ قاتتىق جەڭ قىلىۋاتاتتى. شىڭ-
شىڭشىيانى ساقلاۋاتقان ئەسكەرلەر قومۇل شەھىرىگە قايتىپ
سوقۇشۇۋاتقان ئەسكەرلەرگە ياردەم قىلىشقا يولغا چىقىپتۇ.

قوزغىلاڭچىلارنىڭ يەنە بىر قىسمى بولسا، بۇلۇڭتوغراقنىڭ قارامۇقچى دېگەن يېرىدە تورۇپ قاتتىق ئېلىشۋاتاتتى. مانا شۇ چاغدا ما جۇڭيىڭ ئالدىن ئەۋەتكەن ما خېدىڭ باشچىلىقىدىكى 200 ئاتلىق ئەسكەر يېتىپ كېلىپ، خوجىنىياز ھاجىنىڭ قوشۇنى بىلەن بىرلىشىپ ئالدى بىلەن شىڭشىسەيدىن كېلىۋاتقان ئەسكەرلەر بىلەن سوقۇشتى. بۇ سوقۇشتا قومۇلنىڭ ئاتاقلىق پالۋىنى قاسىم پالۋان، ما جۇڭيىڭنىڭ نەۋرە ئىنىسى ما پۇگۇەن ھەم شوپۇللۇق پىدائىيلاردىن بىرى بولۇپ، جەمئىي ئۈچ كىشى شېھىت بولدى. ئۇرۇشتا جىن شۇرېن چېرىكلىرى تارمار قىلىندى. شۇنىڭدىن كېيىن ما جۇڭيىڭ ئاتلىق، قېچىرلىق 300 — 400 دەك ئەسكەرنى باشلاپ، قومۇلغا يېتىپ كەلدى. قومۇلنىڭ يۇرت چوڭلىرى ئالدىغا چىقىپ، چاچاڭ قۇرۇپ قارشى ئالدى. شۇ ۋاقىتلاردا مەن دىنىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىم بولۇپ، ئاخۇنۇمنىڭ ئېتىنى يېتىلەپ بارغانىدىم. ما جۇڭيىڭ (گاسىلىڭ) ياش بالا ئىدى. ئۇ يۇرت مۆتىۋەرلىرىنىڭ ھەممىسى بىلەن كۆرۈشتى. يۇرت چوڭلىرى ئېلىپ بارغان سوۋغا ـ سالاملارنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى. ما جۇڭيىڭنىڭ يېنىدىكى بىر چوڭ ياشلىق كىشى ئۇنىڭغا ۋاكالىتەن دۇئا قىلىپ سوۋغىلارنى تاپشۇرۇۋالدى. بۇ قومۇل مۆتىۋەرلىرىنىڭ كۆڭلىگە ياقتى. ما جۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرى ئىسمائىل باي (ئىسمائىل داتو)نىڭ جاڭزىسىغا چۈشۈپ ھويلا، باغ ۋە ھويلا ئەتراپىدىكى تاملارنى تېشىپ مىلتىق ئاتىدىغان ئورۇن تەييارلىدى. يەنە بىر تەرەپتىن لوچېڭ (كونىشەھەر)، شىنچېڭ (يېڭىشەھەر)نى قاتتىق مۇھاسىرىگە ئالدى. قومۇلدىكى جىن شۇرېن قوشۇنلىرى ۋە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى شەھەر ئىچىگە قامىلىپ قالدى. بۇ قورغانلار بىلەن ئىسمائىل باينىڭ جاڭزىسىنىڭ ئارىلىقى 10 — 15 كىلومېتىر كېلەتتى. ئەسكەرلەر شەھەر سېپىلىغا چىقىشقا نەچچە قېتىم ھەرىكەت قىلغان بولسىمۇ ئۇنۇمى بولمىدى. سېپىل



ئەتراپىدا بولغان ئۇرۇشلاردا بىرەر يۈزدەك ئادەم چىقىم بولدى. ئۇلار پىلاننى ئۆزگەرتىپ كىچىكرەك شەھەر شىنچېڭنى ئالدى بىلەن ئالماقچى بولدى: شىنچېڭ قومۇلدىن چەتتىرەك بولۇپ، ئىستراتېگىيىلىك مۇھىم جاي ئىدى. بۇ شەھەرنى ئالسىلا باشقا شەھەرلەرنى ئېلىش ئوڭايغا چۈشەتتى. لوچېڭدا كۆپىنچە خەنزۇلار ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ھۆكۈمەت ئىدارىلىرى ھەم جەمئىيەت باشلىقلىرى شۇ شەھەر ئىچىدە ئىدى. شىنچېڭ كىچىكرەك، يېڭىشەھەر بولۇپ، بۇنىڭدا كۆپىنچە خەنزۇ، خۇيزۇلار تۇراتتى. يەنە بىرى خۇيچېڭ (ئۇيغۇرلار شەھىرى) بولۇپ، بۇ شەھەرگە ۋاڭ ئوردىسى، مەدرىسە، خانىقا، مازارلار ئورۇنلاشقانىدى. شۇنداق قىلىپ، شىنچېڭ شەھەر سېپىلىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىنى ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرى، غەرب ۋە جەنۇب تەرەپلىرىنى خوجىنىياز ھاجى قوزغىلاڭچىلىرى قورشىدى. ئالتۇنلۇقتا خوجىنىياز ھاجىنىڭ قوماندانلىق شتابى جايلاشقان بولۇپ، لوچېڭ، شىنچېڭ شەھەرلىرى قاتتىق مۇھاسىرىگە ئېلىنغانىدى. بىز دىنىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان تالىپلار ئاخۇنۇملارنىڭ يېتەكچىلىكىدە جامائەتتىن يىغقان ئاش ـ تاماقلارنى قوزغىلاڭچىلارغا يەتكۈزۈپ بېرەتتۇق. ما جۇڭيىڭ بۇ ئىككى شەھەرنى ئالالمىغانلىقتىن، تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىپ، بىر قىسىم ئەسكىرىنى ئېلىپ باركۆلگە ماڭدى.

قومۇل شەھىرىنىڭ قاتتىق مۇھاسىرىدە قالغانلىقىنى ئاڭلاپ قورقۇپ كەتكەن باركۆلنىڭ ھەربىي ئەمەلدارى خې تۇەنجاڭ ئەسكەر ۋە كوماندىرلىرى بىلەن تەسلىم بولدى. ما جۇڭيىڭ ئۆز قوشۇنىنى ئۇلارنىڭ قورال ۋە ئەسكەرلىرى بىلەن تولۇقلاپ قومۇلغا قايتىپ كەلدى.

قومۇل شەھىرىدىكى سەدەنشا ئەلەم ئاخۇنۇم باشلىق پۈتۈن يۇرت مۆتىۋەرلىرى شەھەرنىڭ قوۋۇقى تاقاق بولغانلىقتىن باركۆلدىن غەلىبە بىلەن قايتىپ كەلگەن ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرى

نى سېپىل بېشىغا چىقىپ قارشى ئالدى. بۇ ئەھۋالنى ئاڭلىغان جىن شۇرېن لۈيجاڭ دۇ گوچى باشچىلىقىدا بىر لۈي ئەسكەرنى قومۇل قوزغىلاڭچىلىرىنى باستۇرۇشقا ئەۋەتىدۇ. ئۇلار قومۇل، ئۈرۈمچى ئارىلىقىدىكى چوڭ ئۆتەڭلەرنىڭ بىرى بولغان لودۇڭغا يېتىپ كەلگەندە، خوجىنىياز ھاجى بىلەن ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلەرنىڭ بىر قىسمىنى ئېلىپ لودۇڭغا قاراپ يولغا چىقىدۇ. ئۇلار لودۇڭ، يالغۇز بۇلاق (يىۋەنچۈەن)، چاقبۇلاق (چېگۇلۇچۈەن)[①] دېگەن جايلاردا قاتتىق سوقۇش قىلىپ، دۇ لۈيجاڭنىڭ قوشۇنلىرىنى تارمار قىلىپ، نۇرغۇن قورال - ياراغ، ئوق - دورا ۋە ھەربىي ئەشيالارغا ئىگە بولىدۇ. سوقۇشتا ئولجىغا چۈشكەن 700 — 800 دەك تۆگىنى تاراتىغا ھەيدەپ كېلىدۇ. قومۇل ئاستانىدىكى نەمەت ئاخۇنۇم شۇ قېتىم تۆگە ھەيدىگەنلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ھازىر ھايات بار. ئەينى ۋاقىتتىكى جەڭ ھەققىدە خەلق مۇنداق قوشاقلارنى توقۇغان:

*لودۇڭدىكى سوقۇشتا،*
*يىۋەنچۈەنگە ئات سالدۇق.*
*دۇ لۈيجاڭدەك نوچىنى،*
*چېگۇلۇچۈەندە قاق سالدۇق.*

*خوجىنىياز ھاجى باش بولۇپ،*
*بىزنى جەڭگە باشلىدى.*
*دۇ لۈيجاڭ دېگەن توڭگۇز،*
*قوراللىرىنى تاشلىدى.*

خوجىنىياز ھاجى ئۇرۇشتىن كېيىن ئازراق ئەسكەرلىرىنى

① يالغۇز بۇلاق، چاق بۇلاق — ئۈرۈمچى بىلەن قومۇل ئارىلىقىدىكى ئۆتەڭلەرنىڭ ئىسمى.



لودۇڭدا قالدۇرۇپ، ما جۇڭيىڭ قوشۇنى بىلەن قومۇلغا قايتىپ كەلدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن قومۇل خەلقىنىڭ سوقۇشقا بولغان ئىشەنچىسى تېخىمۇ ئاشتى.

قومۇلنىڭ قاتتىق مۇھاسىرىدە قالغانلىقى ۋە دۇ لۈيجاڭ قوشۇنىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان جىن شۇرېن ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت شېڭ شىسەي قوماندانلىقىدا بىر لۈي ئاتلىق (مانجۇ، موڭغۇل، شىبە، خەنزۇ ۋە رۇسلاردىن تەشكىللەنگەن) ئەسكەرنى قومۇلغا ئەۋەتتى. شېڭ شىسەي قوشۇنلىرى لودۇڭغا قاراپ كېلىۋاتقاندا خوجىنىياز ھاجى ۋە ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرى لودۇڭغا بېرىپ شېڭ شىسەي قوشۇنلىرى بىلەن قاتتىق ئېلىشتى. شېڭ شىسەي ئۇرۇش تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇدۇلدىن ئازراق ئەسكەر چىقىرىپ، ئاساسىي كۈچىنى ئىككى يان تەرەپكە قارىتىپ، قوزغىلاڭچىلارنى يوقاتماقچى بولدى. بۇ ئۇرۇشتا بىرىنچى سەپتە خوجىنىياز ھاجىنىڭ قوشۇنى، ئىككىنچى سەپتە ما جۇڭيىڭنىڭ قوشۇنى تۇردى. ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئۇرۇشقاندىن كېيىن، ما جۇڭيىڭ شېڭ شىسەي قوشۇنىغا تەڭ كېلىشكە كۆزى يەتمەي، جەڭ مەيدانىنى تاشلاپ قاچتى، قومۇلدىكى ئەسكەرلىرىنىمۇ باشلاپ گەنسۇغا كەتتى. يولۋاس ما جۇڭيىڭنىڭ ئارقىدا قالغان بىر قىسىم ئەسكەرلىرىنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى. خوجىنىياز ھاجىلارمۇ ئامالسىزلىقتىن يۇرتى تاراتىغا چېكىندى. مەن ئۇ ۋاقىتتا خوجىنىياز ھاجىلارنىڭ تۆگە ترانسپورت قوشۇنىدا ئىشلەيتتىم. مەنمۇ بۇ چاغدا قوشۇندىن ئايرىلىپ، قومۇل شەھىرىگە، كېيىن تاراتىغا قېچىپ چىقتىم.

جىن شۇرېننىڭ ئەسكەرلىرى قومۇلغا كېلىشكە باشلىدى. بۇ دەۋرلەردە يەنى 20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرى جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنىڭ پۈتۈن شىنجاڭدا 65 مىڭ قوراللىق ئەسكىرىي كۈچى بار ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىلى رايونىدىكى مىلىتارىست

جاڭ پېيىۋەن بىلەن قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش
ئۈچۈن قومۇلغا بارغان شېڭ شىسەي قوشۇنلىرى شۇ زامانلاردى-
كى ئەڭ ئىلغار، ئەڭ كۈچلۈك قوشۇنلاردىن ئىدى. لېكىن،
ئۇلار قومۇل ئۇرۇشلىرىدا زور ئەسكىرىي كۈچى، زەمبىرەك،
برونېۋىك، ھەر خىل ئۇرۇش ئاپتوموبىللىرى ھەتتا ئايرو-
پىلانلارنىمۇ ئىشقا سېلىپ، قومۇل قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ ھېچ-
قايسىسىنى يوقىتالمىدى. ئەكسىچە خوجىنىياز ھاجىلار ئەسكى-
رىي كۈچىنىڭ ئازلىقى، قورال - ياراغلىرىنىڭ ناچارلىقى ۋە
ئىقتىسادىي كۈچىنىڭ يوقلۇقىغا قارىماستىن، قەيسەرلىك بىلەن
جەڭ قىلىپ، غەلىبىگە بولغان ئىشەنچىسىنى كۈچەيتتى.
ما جۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرى قومۇل ئارقىلىق گەنسۇغا چېې-
كىنگەن چاغدا قومۇل خەلقىنىڭ ئات - ئۇلاغ ۋە مال - مۈلكىنى
بۇلاپ - تالىدى. قارشىلىق قىلغانلارنى ئۆز جايىدا ئاتتى ۋە
چاپتى. ھەتتا قومۇل خەلقىنىڭ يوتقان - كۆرپە، كىگىزلىرىنى-
مۇ ئېلىپ كەتتى. ما جۇڭيىڭنىڭ دەستىدىن قومۇل دېھقان -
چارۋىچىلىرى ھالىدىن كېتىپ بىر - ئىككى يىلغىچە ئەسلىگە
كېلەلمىدى.
ما جۇڭيىڭ قومۇلغا دەسلەپتە چىققاندا، ئۇنى شۇنچە خۇشال-
لىق بىلەن قارشى ئالغان خەلق ئۇ قومۇلدىن قاچقاندا قارغاش،
تىللاش بىلەن ئۇزاتتى. مانا بۇ شىنجاڭغا ياردەم قىلىمەن، دەپ
چىققان ما جۇڭيىڭنىڭ ئۆزىنىڭ قارا نىيىتىنى ئاشكارىلاپ،
1931 - يىلى كۈزدە شىنجاڭدا قىلغان باندىتلىق ھەرىكەتلىرى-
نىڭ بىرىنچى قەدىمى ئىدى.
شېڭ شىسەي چوڭ قوشۇن باشلاپ كېلىۋاتىدۇ، دېگەن بۇ
شۇم خەۋەردىن قاتتىق قورقۇپ كەتكەن قومۇل خەلقى يىغا -
زار قىلىشىپ، ئۇزاق يىللاردىن يىغقان - تۇگكەن مال - مۈ-
لۈك، دۇنيالىرىنى ۋە ئۆي - ئىمارەت، باغۋارانلىرىنى تاشلاپ
ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن ئايرىلىپ، سەرگەردان بولۇپ تاغقا قاراپ



قاچتى. ئاتا - ئانا، باللار بىرنەچچە كۈنلەرگىچە تېپىشالماي
ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىدى. ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ھەرەم خىزمەتچىلىرى
كۆرپىدىن قوپۇرماي كۈتىدىغان، تالا - تۈزگە چىقماي ئولتۇرۇپ
پالەچ بولۇپ قالاي دېگەن مەستۈرە خېنىم - قىزلىرىمۇ ئۇرۇش-
نىڭ دەھشەتلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپ قاچقاندا، ئايىغى تۈزىلىپ
قالدى. خەلق: «ئۇرۇش ئازابى ۋاڭ، بەگزادىلەرنىڭ پالەچ خوتۇن-
لىرىنى ئۇچۇقداپ، ماڭىدىغان قىلىپ قويدى» دەپ مەسخىرە
قىلىشتى.
ما جۇڭيىڭ گەنسۇغا قاچتى. خوجىنىياز ھاجىلار ئىلاجسىز
تاغقا چىقىپ كەتتى. شېڭ شىسەي قوشۇن باشلاپ قومۇلغا باس-
تۇرۇپ كىرىپ، 230 يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈمرانلىق قىلغان قو-
مۇل ۋاڭلىرى ئوردىسىنىڭ پۈتۈن مال - مۈلكى، ئالتۇن - كۈ-
مۈش، كىيىم - كېچەكلىرىنى بۇلاپ - تالىدى، ئوردىغا ئوت قو-
يۇۋەتتى. بىرقانچە ئون مېتىر ئېگىزلىكتىكى ھەشەمەتلىك
چىرايلىق ئوردىدىن بىرقانچە ئايغىچە يالقۇن، ئىس - تۈتەكلەر
كۆتۈرۈلۈپ تۇردى. بىز تاغدا تۇرۇپ كېچىسى يالقۇنجىغان ئوت-
نى، كۈندۈزى ئىس - تۈتەكنى كۆرۈپ تۇردۇق.
ھېلىگەر شېڭ شىسەي ۋاڭ ئوردىسى جايلاشقان شەھەر ئى-
چىدە بىرمۇ ئاھالە يوقلۇقىنى كۆرۈپ، بىگۇناھ خەلققە چېقىل-
مايدىغانلىقىنى، قورالىلارنى تاپشۇرسىلا بۇرۇنقى ئىشلارنى سۈ-
رۈشتە قىلمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، خەلققە مۇراجىئەتنامە چىد-
قاردى. بۇنىڭ بىلەن تاغقا چىقىپ كەتكەن خەلق ئۆز يۇرت -
ماكانىغا ئاستا - ئاستا قايتىشقا باشلىدى.
بىز ئاپام بىلەن ئاچاملارنىڭ يېنىدا تاراتى تېغىدا قال-
دۇق.

# خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئۆز قوشۇنلىرىنى باشلاپ موڭغۇلىيە چېگرىسىغا ئورۇنلىشىشى

خوجىنىياز ھاجى ئۇرۇش ئازابىدىن چارچىغان پارتىزانلارنى دەم ئالدۇرۇش ئۈچۈن چېگرىدىكى مىنگاڭ① غا بېرىپ ئورۇنلاشتى. دەسلەپتە، موڭغۇلىيىدىن مال چارۋا، تۇرمۇشقا لازىمەتلىك نەرسىلەر ھەم قورال - ياراغ، ئوق - دورىلارنى ئېلىپ تۇردى. كېيىن ئوسمان ھاجى، ئىسمائىل ھاجى، سالى دورغا، ئوسمانشاھ ۋە يولۋاسلارنى مەخسۇس ۋەكىللەر ئۆمىكى قىلىپ تەشكىللەپ موڭغۇلىيە چېگرىسىغا ئەۋەتىپ، 20 ساندۇق ئوق، 600 كىشىلىك ئۆتۈك، 1000 دانە يامغۇرلۇق چاپان، 500 كىشىلىك قىشلىق جۇۋا ۋە بەزى قورال - ياراغلارنى سېتىۋالدى. بۇنىڭدىن باشقا ھەربىي تەلىم - تەربىيە، قورال - ياراغ رېمونتى، شوپۇرلۇق قاتارلىقلارنى ئۆگىنىش ئۈچۈن قومۇللۇق تالىپ ھاجى، سەمەتئاخۇن، ئەبەيدۇل، ھوشۇرئاخۇنلارنى موڭغۇلىيىگە ماڭغۇزدى، ئۆز ئىچىدە ھەربىي مەشىقنى كۈچەيتتى.

ئۇزاق ئۆتمەي، موڭغۇلىيە ھۆكۈمىتى بىر گۇرۇپپا كىشىنى خوجىنىياز ھاجىلارنىڭ قېشىغا ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتتى. بۇ ۋەكىللەر ئىچىدە چاڭسى (موڭغۇل)، ئاباي (قازاق)، قاسىم ئەپەندى② (قازاق)، نىياز، ئىسمائىلئاخۇن، زوردۇن ئاكا③ قاتارلىقلار بار بولۇپ، ئۇلار كەلگەندىن كېيىن خوجىنىياز ھاجىغا: «بىز سىلەرگە ئوخشاشلا ئېزىلگەن خەلق ئىدۇق. شورالار (سوۋېت) ھۆكۈمىتىنىڭ ياردىمى بىلەن ئازاد بولۇپ ئەركىنلىككە ئېرىش-

---

① مىنگاڭ — موڭغۇلىيە چېگرىسىدىكى بىر يەرنىڭ ئىسمى.

② قاسىم ئەپەندى خوجىنىياز ھاجىغا مەسلىھەتچى بولۇپ، كېيىن ئۈچ ۋىلايەتتە خىزمەت قىلغان.

③ زوردۇن ئاكا كېيىن ئۈچ ۋىلايەت ساقچى ئىدارىسىدە ئىشلىگەن.



تۇق. بۇنىڭدىن كېيىن قولىمىزدىن كەلگەن ياردەمنى ئايىمايمىز» دەپ خوجىنىياز ھاجى قوشۇنلىرىغا 70 تال مىلتىق، 40 مىڭ سەر پۇل، 500 كىشىلىك ھەربىي كىيىم ۋە ئۇنىڭدىن باشقا لازىملىق نەرسىلەرنى سوۋغا قىلدى. خوجىنىياز ھاجىلار مىنگاڭدا تۇرغان چېغىدا تۆۋەندىكىدەك قوشاقلارنى ئوقۇغانىدى:

*مىنگاڭغا قاراپ ماڭدۇق،*
*قىيىن - قىستاڭ سايلار سايان.*
*جەڭگە ماڭسا تاغچىلار،*
*خوتۇن - باللار قاراپ قالغان.*

*ئالتە ئاي ياتتۇق مىنگاڭدا،*
*سۆكسۆك بىلەن ئوت قالاپ.*
*كۆزنىڭ گۆھىرى ئاقتى،*
*قومۇل يولىغا قاراپ.*

*بىزلەر ئۆلۈپ كەتسەكمۇ،*
*ئەل - يۇرتلار ئامان قالسۇن.*
*بىزنى دېگەن يارەنلەر،*
*ئۆلمەستىن تىرىك قالسۇن.*

ئىككىنچى قېتىم موڭغۇلىيە چېگرىسىدىن يەنە 100 تال مىلتىق، ئىككى - ئۈچ ساندۇق ئوق، ئىككى تونىنا قوغۇشۇن قاتارلىق نەرسىلەر كىرگۈزۈلدى. بۇ نەرسىلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى ئاچ كۆز يولۋاس ئېلىۋېلىپ قالغان ئاز قىسمىنى خوجىنىياز ھاجىلارغا يەتكۈزۈپ بەردى. بۇ ئەھۋالنى ئاڭلىغان خوجىنىياز ھاجى يولۋاسنى چېگرىدىن يېتىپ كېلىشىگىلا تۇتۇپ قو-

تازلىق① قا سولاپ قويدى. يولۋاسنىڭ قامىلىپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغان ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى نىياز بەگ بىرنەچچە ئەسكىرى بىلەن كېلىپ، يولۋاسنى ساقلاۋاتقان ئەسكەرلەرنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنى قۇتقۇزۇپ قېچىپ كەتتى. ئۇلار دەسلەپتە باغداشقا كىرىپ ئورۇنلاشتى. كېيىن قومۇلدىكى كارىز مالەنجاڭزىغا قايتىپ كەلدى. بىرنەچچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ما جۇڭيىڭنى پاناھلاپ گەنسۇغا قېچىپ كەتتى.

شىڭ شىسەي تاغقا ماشىنا چىقىرىپ خوجىنىياز ھاجىنى قومۇلغا سۆھبەتكە تەكلىپ قىلدى. تاراتىغا چىققان ماشىنا تاغ ئېغىزىدا كەڭرەك جايدا توختىدى. چۈنكى يول تار بولغانلىقتىن خوجىنىياز ھاجىلار ئولتۇرۇشلۇق ئۆيگە ماشىنا بارالمايتتى. ئىككى كۈندىن كېيىن خوجىنىياز ھاجى، يۇرت مۆتىۋەرلىرى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن بەزىلىرى ئاتلىق، بەزىلىرى پىيادە ماشىنا تۇرغان يەرگە يېتىپ كەلدى. بىز يۈگۈرۈپ ماشىنا بار يەرگە بېرىۋالدۇق. خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئىنىلىرى باقىنىياز دېھقان ۋە يارى قارىيىلار: «ئاكا، ھېچبولمىسا بىرىمىز بولسىمۇ ئۆزلىرى بىلەن بىرگە بارايلى» دەپ يىغلاپ قاتتىق تۇرۇۋالدى. خوجىنىياز ھاجى: «ياق، ئۆزۈم يالغۇز باراي» دەپ جۇۋىسىنى قولىغا ئېلىپ، ماشىنا تەرەپكە ماڭدى. بىر ئۇيغۇر ئەسكەر ھاجىغا سالام بېرىپ ماشىنا كابىنكىسىنى ئېچىپ خوجىنىياز ھاجىنى ئولتۇرغۇزدى. ماشىنا قوزغالدى.

تارىختا ھەرقانداق ئەسكەر باشلىقى قورالسىز ھالدا قوراللىق دۈشمەن ئالدىغا بارغان ئەمەس. بىراق خوجىنىياز ھاجى ئۆزى يالغۇز، قورال ئالماي سۆھبەت ئۈچۈن قومۇلغا — شىڭ شىسەينىڭ نەچچە مىڭ قوراللىق ئەسكەرلىرى ئارىسىغا ماڭدى. خوجىنىياز ھاجى شىڭ شىسەي بىلەن تۆت كېچە - كۈندۈز سۆھ-

① قوتازلىق — تاراتى تېغىغا يېقىن بىر تاغنىڭ ئاغزى.



بەت ئۆتكۈزدى. سۆھبەت ئارىلىقىدا قومۇل بازىرىنى ئارىلاپ كېلىشكە كوچىغا چىققاندا، قومۇلدىكى ئەسكەر باشلىقى تۇەنجاڭ (پولك كوماندىرى) شيۈڭ فايۈمۇ خوجىنىياز ھاجىنىڭ قولىنى تۇتۇپ بىللە چىقتى. بۇلارنىڭ قول تۇتۇشۇپ كوچىغا چىقىشى، خوجىنىياز ھاجىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ قېچىپ كېتىشى ياكى پارتىزانلارنىڭ ئۇنى ئېلىپ قېچىپ كېتىشىدىن ئېھتىيات قىلىنغانىدى.

خوجىنىياز ھاجى شىڭ شىسەي بىلەن قىلغان سۆھبەت جەريانىدا ئۇنىڭ تاغچىلارنى قورالسىزلاندۇرۇش تەلىپىنى رەت قىلدى. ئۇنىڭ قولىدىن تىرىك قۇتۇلۇپ كېتىشكە كۆزى يەتمىگەن خوجىنىياز ھاجى سۆھبەت تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولدى. شىڭ شىسەيگە: «مېنى قويۇۋەت، مېنى قويۇپ بەرمىسەڭ تاغچىلاردىن بىر تال ئوقنىمۇ ئالالمايسەن، مەن بېرىپ ئۇلار بىلەن مەسلىھەتلىشەي» دېگەن تەكلىپنى قويدى. شىڭ شىسەي سۆھبەت بىلەن ئىش پۈتمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، خوجىنىياز ھاجىنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلدى. لېكىن شىڭ شىسەي خوجىنىياز ھاجى بىلەن تاغقا ئۆزىنىڭ ئەسكەرلىرى بىللە چىقىدىغانلىقىنى شەرت قىلدى. ئۇ بۇ تەدبىر ئارقىلىق خوجىنىياز ھاجى ۋە ئۇنىڭ پارتىزانلىرىنى يوقاتماقچىدى. شىڭ شىسەي خوجىنىياز ھاجىنىڭ قىلتىقىغا چۈشۈپ قېلىشنى ھېس قىلالمىغانىدى. ئۆزىگە ئىشەنگەن خوجىنىياز ھاجى بۇ شەرتكە ماقۇل بولۇپ، بىر ئاتلىق تۇەننى باشلاپ، كەچ كىرگەندە كۆشۈتى داۋىنىغا يېقىن قۇرلۇق دېگەن تاغ ئېغىزىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ شۇ كېچىسى پەيتىنى تېپىپ قوراللىق قوشۇن ئارىسىدىن قېچىپ كەتتى. خوجىنىياز ھاجىنىڭ كېلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپ تۇرغان تاغچى پالۋانلار خۇشاللىققا چۆمدى.

يول باشلىغۇچىسىدىن ئايرىلىپ قالغان شىڭ شىسەي قوشۇنى كۆشۈتى داۋىنى ئېغىزىدىن راسا ئەدىپىنى يەپ، نۇرغۇن

ئەسكەر ۋە قوراللىرىدىن ئايرىلىپ، ئاران دېگەندە قومۇلغا كېلىۋالدى. بۇ يېڭىلىشقا تەن بەرمىگەن شېڭ شىسەي قومۇلدىكى بارلىق ئەسكەرلىرىنى باشلاپ تاراتىغا ئىككىنچى قېتىم ھۇجۇم قىلدى. بۇ قېتىمقى ھۇجۇمدا زەمبىرەك، برونېۋىكلىرىنى ئىشقا سېلىپمۇ خوجىنىياز ھاجىلار رەھبەرلىكىدىكى قوزغىلاڭچىلارنى يوقىتالمىدى. چۈنكى، شېڭ شىسەي ھەربىي ئۇرۇش تاكتىكىسىغا ئۇستا بولغان بىلەن تاغلىق پارتىزانلار تاغ ئۇرۇشلىرىغا ماھىر ئىدى. شېڭ شىسەينىڭ ئېلىپ چىققان برونېۋىك، توپ ـ زەمبىرەكلىرى تاغدا كېرەككە كەلمىدى. بىرنەچچە ھەپتىلىك تاغ ئۇرۇشىدا شېڭ شىسەي خوجىنىياز ھاجىلار ئاتقان بىر تال مىشەككىمۇ ئىگە بولالمىدى. ئەكسىچە بىرقانچە يۈز ئەسكەر ۋە قورال ـ ياراغلىرىدىن ئايرىلىپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ تاراتىدىن قايتىپ، قومۇلنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى باغداش، خوتۇنتام رايونلىرىدىكى قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن ماڭدى. بۇ جايدا بىر ئاي تۇرۇپ، باغداشتىكى ۋاڭ ئوردىسىنىڭ مال ـ دۇنيالىرىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ، نەچچە قەۋەتلىك ھەشەمەتلىك ئوردىغا ئوت قويۇپ، كۆلگە ئايلاندۇرۇۋەتتى.

## خوجىنىياز ھاجىنىڭ تۇرپانغا بېرىشى

شېڭ شىسەي 1933 ـ يىلى 1 ـ ئايلاردا قومۇل تاغلىرىدىن ئۆزىگە قاراشلىق قوشۇنلىرىنى باشلاپ تۇرپان ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە قايتتى. بۇ ۋاقىتتا شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدە جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىگە قارشى خەلق قوراللىق قوزغىلاڭلىرى باشلانغان، جۈملىدىن تۇرپان، پىچان، توقسۇن خەلقلىرىمۇ قوزغالغانىدى. شېڭ شىسەي تۇرپانغا كەلگەندە، تۇرپان ئۈچ ناھىيە پارتىزانلىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ قىرغىن قىلدى.



خوجىنىياز ھاجى تاغدىن پارتىزانلىرىنى ئېلىپ چۈشۈپ ئاستانىنىڭ قوشتىكەن دېگەن جايىدىكى ئۆزىنىڭ كارىزىنى بازا قىلىپ، سۇمقاغىدىكى جىن شۇرېننىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن قاتتىق جەڭ قىلدى. ئۇرۇش باشلىنىپ بىر ھەپتە ئۆتكەن ۋاقىتتا، موللائاخۇن ئاكام (چوڭ ئاچامنىڭ يولدىشى) ئۇرۇشتا يارىدار بولغان ئىنىسى ئىسمائىل ۋە بىرنەچچە پارتىزاننى ئېلىپ، بىزنىڭ ئۆيگە كەلدى. بىزنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىمىز ياخشى بولمىغانلىقى ئۈچۈن بۇ يارىدارلارنى ئانام بىلەن ئىككىمىز ئاستانىدىكى مۆتىۋەرلەردىن بولغان ھامۇتخان كىچىك دادام، ھۆسنىخان كىچىك ئانىلارنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇردۇق. شۇ ۋاقىتلاردا كىچىك ئانىلارنىڭ ھال ـ ئوقىتى ئوبدان، ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشى، قورۇ ـ جايىمۇ كەڭتاشا ئىدى. ئوغۇل، كېلىنلىرى كۆپ بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالالايتتى. يارىدار بولغانلارنىڭ ئوق تەگكەن جايىدىن قان چىقىپ تۇراتتى. ئەينى ۋاقىتتا دوختۇر بولمىغانلىقتىن كىچىك دادىمىز پاختا، يۇڭنى كۆيدۈرۈپ چاپلاپ قاننى توختاتتى. ياخشى كۈتۈش نەتىجىسىدە يارىدارلار تېزلا ئەسلىگە كېلىپ، بىر ھەپتىدىن كېيىن ئۇرۇش مەيدانىغا كەتتى. كېيىنكى ئۇرۇش ۋاقىتلىرىدىمۇ يارىدار بولغانلار كېلىپ داۋالىنىپ تۇردى. خوجىنىياز ھاجى تۇرغان قوشتىكەن كارىزى بىلەن سۇمقاغا ئارىلىقى تۆت ـ بەش كىلومېتىر بولۇپ، يوللار شورلۇق ھەم ئېگىز ئۆسكەن قومۇشلۇق بولسىمۇ، ئەتىگەندە بېرىپ، كەچقۇرۇن قايتىپ كەلگىلى بولاتتى. بەزى چاغلاردا ئۇرۇش كېچىچە داۋام قىلاتتى. شۇنداق قاتتىق ئۇرۇشۇۋاتقان ۋاقىتلاردا مەخسۇت مۇھىتى باي ۋە تۇرپاننىڭ چوڭ ئەلەم ئاخۇنى ھەمدۇللا ئاخۇنۇم، ئىمىن ئاخۇنۇم، ئەيسا نىياز، ئابلىمىت مەخسۇت ۋە باشقىلار 200 دىن ئارتۇق تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرىنى· باشلاپ، قومۇلغا كېلىپ، قوشتىكەن كارىزدىكى خوجىنىياز ھاجى بىلەن كۆ-

رۇشتى. ئۇلار تۇرپان، توقسۇن، پىچانلىق قوزغىلاڭچىلارغا ۋاكالىتەن خوجىنىياز ھاجىنى تۇرپان تەرەپكە تەكلىپ قىلىپ كەلگەنىكەن. ئۇلار: «قومۇلدا خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى دېھقانلار جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، جەڭ قىلغىنىغا ئىككى يىلچە بولۇپتۇ. بىز بۇنىڭدىن ئىلھام ئېلىپ، ئۈچ ناھىيە خەلقى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ئۇرۇش قىلىۋاتىمىز. بىز ھەممىمىز ئۆز ئالدىمىزغا ئۇرۇش قىلىۋەرمەي بىرلەشسەك. خوجىنىياز ھاجى بىز تەرەپكە (تۇرپانغا) بارسىلا، بۇ ئوت پۈتۈن شىنجاڭ خەلقى، بولۇپمۇ ئالتە شەھەر خەلقىگە تۇتىشىدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنى تېزدىن يوقىتالايمىز» دېگەن تەكلىپنى بېرىدۇ. لېكىن، خوجىنىياز ھاجى: «بىز تۇرپان تەرەپكە چىقىپ كەتسەك قومۇلدىكى جىن شۇرېننىڭ نەچچە مىڭ قورال كۈچى قومۇل خەلقىنى ئاياغ ئاستى قىلىپ قىرغىنچىلىق قىلىدۇ، يۇرتنى ۋەيران قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئالدى بىلەن قومۇلدىكى جىن شۇرېن ئەسكەرلىرىنى قومۇلدىن يوقاتساق بولاتتى» دەيدۇ. مەخسۇت مۇھىتى باشلىق ۋەكىللەر: «خوجىنىياز ھاجى تۇرپانغا چىقىپ تۇرۇپ بەرسە، قالدى ئىشلارنى بىز قىلىمىز. بىز ئۈچتۇرپان ئارقىلىق سوۋېت چېگرىسىدىن قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورىلارنى ئالماقچى بولۇۋاتىمىز» دەيدۇ.

خوجىنىياز ھاجى تۇرپان ۋەكىللىرىنىڭ تەكلىپى بىلەن يۇرت مۆتىۋەرلىرىنى چاقىرىپ مەسلىھەتلىشىپ، كۆپرەك پارتىزانلارنى قومۇلدا قالدۇرۇپ، ئۆزىگە كېرەك بولغان ئازراق ئادەملەرنى ئېلىپ تۇرپانغا بېرىشقا قوشۇلىدۇ[1]. شۇنداق قىلىپ، نىياز دېھقان، قۇربان دورغا قاتارلىق بىرنەچچە دورغىلارنى ۋە ئاستانىدىكى روزى باينىڭ ئوغلى ياقۇپ باي (ھاپىز باينىڭ ئاـ

① مەزكۇر سۆھبەتتە يېزىلغان ماتېرىياللارنىڭ بىر نۇسخىسى ئاستانىدىكى نەمەت ئاخۇنۇمدا ساقلانغان.



كىسى) قاتارلىقلارنى ئېلىپ ۋەكىللەر بىلەن سەنجاپار (ئۈچئۆي) يولى ئارقىلىق تۇرپان، توقسۇن تەرەپكە يۈرۈپ كېتىدۇ.

1933 ـ يىلى خوجىنىياز ھاجى پىچانغا يېتىپ بارغان ۋاقىت، پىچاننىڭ پارتىزانلىرى شېڭ شىسەي بىلەن ئۇرۇشۇپ، تۇرپان، توقسۇنغا چېكىنىپ كەتكەن ۋاقىت ئىدى. خوجىنىياز ھاجى: «بىز شەھەرگە كىرسەك، شېڭ شىسەي كېلىپ قالسا، بىگۇناھ خەلق قىرىلىپ كېتىدۇ» دەپ شەھەرگە كىرىشتىن باش تارتىدۇ. مەخسۇت مۇھىتىمۇ، خوجىنىياز ھاجى پىچان تاغلىرىنىڭ بىرىدە بازا قۇرۇپ، ئۇرۇش قىلسا، دېگەن پىكىردە ئىدى. لېكىن، لۈكچۈن ۋاڭى مۇھەممەت سېيىت باشلىق ۋاڭ ئەۋلادلىرى خوجىنىياز ھاجىنى لۈكچۈندىكى ئوردىسىدا تۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ تۇرۇۋالىدۇ. خوجىنىياز ھاجى بۇلارنىڭ گېپىنى يېرالماي، ئىلاجسىز ھەممىسىنى باشلاپ لۈكچۈنگە كېلىدۇ. تۇرپاندا تۇرۇۋاتقان شېڭ شىسەي خوجىنىياز ھاجىنىڭ لۈكچۈنگە كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، رۇس ئەسكەرلىرىنى باشلاپ كېلىپ، لۈكچۈننى قورشاپ، بىرنەچچە كېچە ـ كۈندۈز ئۇرۇش قىلىدۇ. خوجىنىياز ھاجى سېپىلنىڭ ئىچىدىن سەپنى بۇزۇپ چىقىپ تۇيۇق تەرەپكە سۈرۈلۈپ كېتىدۇ. تۇرپان ئۇرۇشىدا چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەن مەخسۇت مۇھىتى، ھەمدۇللا ئەلەم ئاخۇنۇم ۋە چوڭ مۆتىۋەرلەردىن بىرقانچىسى شېھىت بولىدۇ. بۇ ئۆلۈم تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرىغا قاتتىق تەسىر قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ غەزىپى تېخىمۇ ئاشىدۇ. شېڭ شىسەي قوشۇنلىرى پىچان، لۈكچۈن خەلقىنى ئوغرىلارغا ئاش ـ نان بېرىپسىلەر دەپ، خالىغانچە قىرىدۇ، چاپىدۇ ۋە ئۆي، مۈلۈكلىرىگە ئوت قويىۋېتىدۇ. جۈملىدىن لۈكچۈن ۋاڭ ئوردىسىغىمۇ ئوت قويۇپ، لۈكچۈننى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ.

شېڭ شىسەي خوجىنىياز ھاجىنىڭ تۇيۇقتا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، تۇرپانغا كېلىپ تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرى بىلەن بىرگە

«ئاچىل» ناخشىسىنى يازغان شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىمۇ ئۆل-
تۈرۈۋېتىدۇ. تۇرپاندىكى قىرغىنچىلىقنى تۆگىتىپ توقسۇنغا
سۈرۈلۈپ كېتىدۇ.
قومۇلدىن باشلانغان قوزغىلاڭ تەرەققىي قىلىپ مۇشۇ ها-
لەتكە كەلگەندە، جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى يىلتىزى چىرىپ
قالغان دەرەختەك ئوخشاش لىڭشىپ قالىدۇ. تۇرپاندا قومۇل قوز-
غىلاڭچىلىرىغا نۇسرەت تىلەپ ئىشلەنگەن «ئاچىل» دېگەن ناخشا
پۈتۈن يۇرتقا تارقىلىدۇ. ھەربىر يۇرتتا زىيالىيلار، مۆتىۋەرلەر
ۋە ئىلغار كىشىلەر تۈرلۈك تەشۋىقات يوللىرى بىلەن خەلقنى
ئىنقىلاب قىلىشقا چاقىرىدۇ. جىن شۇرېن تۈرلۈك تەشۋىقاتلار-
نىڭ كېڭىيىپ بارغانلىقىدىن چۆچۈپ كېتىپ، كىمدەكىم «ئا-
چىل» دېگەن ناخشىنى ئېيتسا، قومۇل توپىلاڭچىلىرى توغرۇ-
لۇق سۆز قىلسا، ئۆلۈم جازاسى بېرىمەن، دېگەن بۇيرۇقنى چى-
قىرىدۇ.
ما شىمىڭ شېڭ شىسەينىڭ تۇرپانغا كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ،
قاراشەھەرگە قېچىپ بېرىۋالغانىدى. ئۇ ئەسلىدە، خوجىنىياز
ھاجىنىڭ گېپىگە كىرمەي، بىر پەي (ئىززۆوت) ئەسكەرنى باشلاپ
پىچان تەرەپكە بېرىپ، مىنى خوجىنىياز ئەۋەتتى، خوجىنىياز
ھاجى كەينىمىزدىن كېلىۋاتىدۇ، دەپ يالغان ئېيتىپ، سوۋغات
قوبۇل قىلىپ، تۇرپان، توقسۇن، پىچاندىكى قوزغىلاڭچىلارنىڭ
يۈزىنى تۆكۈپ يۈرگەنىدى. شۇڭا مەھمۇت مۇھىتى ئاكىسى مو-
سۇل ھاجى بىلەن پىدائىي قوشۇنلارنى باشلاپ تۇرپان، توقسۇن-
دىن قاراشەھەرگە سۈرۈلۈپ بارغانىدى. ئۇلار خوجىنىياز ھا-
جىلارنىڭ قومۇلدىن تۇرپان تەرەپكە چىققانلىقىنى ئاڭلاپ، پىدا-
ئىي قوشۇننى قايتۇرۇپ، قاراشەھەردىن توقسۇنغا يېتىپ كېلى-
دۇ، بۇ چاغدا شېڭ شىسەي تۇرپان، پىچان، لۈكچۈن خەلقىنى
بۇلاپ ـ تالاپ، ئۆلتۈرۈپ، ئۆي ـ ئىمارەتلەرگە ئوت قويۇپ،
توقسۇنغا سۈرۈلۈپ بارغان، توقسۇن خەلقىنىمۇ قىرغىن قى-



لىۋاتقان ۋاقىتلار ئىدى. مەھمۇت مۇھىتى كېلىپ شېڭ شىسەي
قوشۇنلىرى بىلەن قاتتىق ئېلىشىپ، ئۇلارنى سۈر ـ توقاي قى-
لىپ، داۋانچىڭنىڭ خۇگۇلۇ[1] تاغ ئارىسىغا قوغلايدۇ. شېڭ شى-
سەي يېڭىلىپ ئۈرۈمچىگە قېچىپ بېرىۋالىدۇ. مەھمۇت مۇھىتى
پىدائىيلار بىلەن تۇرپانغا يېتىپ كېلىپ خوجىنىياز ھاجى بى-
لەن بىرىنچى قېتىم داغدۇغىلىق كۆرۈشىدۇ. بۇ ئەھۋالنى
ئاڭلاپ، بۇرۇن تارقىلىپ كەتكەن پىدائىيلار ۋە قاراشەھەردىكى
ما شىمىڭ قوشۇنىدىكىلەر ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىپ قوزغىلاڭ-
چىلارغا قوشۇلىدۇ. ئۇلار تۇرپاندا بۇ پىدائىيلار قوشۇننى قايتا
تەشكىللەش، رەتلەش، تەرتىپكە سېلىش ئىشلىرىنى ئىشلەيدۇ.
خوجىنىياز ھاجى ۋە مەھمۇت مۇھىتى ھەم باشقا ھەربىي باش-
لىقلار سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ پىچان، توقسۇن، تۇرپان ئۈچ ناھىيە
تەۋەسىدە جىن شۇرېننىڭ قوراللىق كۈچلىرى قالمىغانلىقىنى
نەزەردە تۇتۇپ، ئۈرۈشنى مورى، گۇچۇڭ ئەتراپلىرىغىچە كېڭەي-
تىشنى قارار قىلىدۇ. پۈتۈن كۈچنى تەڭرىتېغى ئېغىزى كۆك-
يار بىلەن يوغانتېرەك يايلىقىغا يۆتكەپ كېلىپ، قوشۇننى بىر-
نەچچە كۈن دەم ئالدۇرىدۇ. خوجىنىياز ھاجى تۇرپاندىن مورىغا
يۆتكىلىشتىن بۇرۇن قومۇل خەلقىگە تۆۋەندىكىچە سالام خەت
يازىدۇ:

سۇلايماندىن نەسىھەت نامى قالسۇن ياخشى دوستلارغە[2]
سېغىنغان ئەنسارى ئامراق مېھرىبان ياخشى دوستلارغە.
كىم كېتىپ، كىملەر قالدى، بىلەلمەي مۇندا ھەيرانىمىز،
سەھەرلەردە دۇئا قىلدۇق ياراتقان ئول خۇدايىمگە.

---

① خۇگۇلۇ ـــ داۋانچىڭدىكى تاغ ئارىسىنىڭ ئىسمى.
② 1933 ـ يىلى خوجىنىياز ھاجى تۇرپاندىن قومۇل خەلقىگە يازغان سالام خەت-
نى شېئىرلاشتۇرغۇچى نەمەت خەلپەت (تۇرپانلىق) بولۇپ، ئەسلىي قولىيازمىنى نە-
مەت ئاخۇنۇم (قومۇل ئاستانىدىن) ساقلاپ قويغان.

بۇرادەرلەر سىغىنىدۇققۇ، تىنىڭ ساقمۇ ئەھۋالىڭ قانداق؟
قىلىپ تۇردۇق ھەمىشە دۇئا، ئول شارۋاھىمگە.

ئۇ يەنە ما جۇڭيىڭ ئۆزى بىلەن ئارازلىشىپ يۈز ئۆرۈگەندە مۇنۇلارنى يېزىپ قالدۇرغان:

*قېرىنداشتەك بولۇپ ئەردۇك،*
*ئاي ـ يىللاپ بىللە يۈردۇك.*
*ئەمدى ئايرىلىپ قالدۇق،*
*داۋا يوق بۇ ئىلاجىمگە.*

*ما جۇڭيىڭ پەيلىنى بۇزدى،*
*دوستلاردىن كۆڭلىنى ئۈزدى.*
*دىلىنى بەتنىيەت قاپلاپ،*
*قېچىپ ھەم تاغۇچۆللەرگە.*

مەھمۇت مۇھىتىنىڭ چوڭ قوشۇنىدىن، مەھمۇت مۇھىتىدەك قاۋۇل مەسلىھەتچىدىن ئايرىلىپ قالغان ما شىمىڭ ئۆزىنىڭ ئاز بىر قىسىم ئادىمى بىلەنلا قېلىپ، ئاجىزلىشىپ كەتكەنلىكى، بىرەر يەرگە ھۇجۇم قىلغۇدەك مادارى قالمىغانلىقى ئۈچۈن، ما جۇڭيىڭنى شىنجاڭغا باشلاپ چىقىش پىلانىنى تۈزىدۇ. مەھمۇت مۇھىتى تۇرپانغا قايتقاندا، قاراشەھەردە قالغان موسۇل ھاجى باشلىق تاھىربەگ، نىياز (خۇيزۇ، تۇرپان خەلقى ئۇنى ۋاڭ نىياز دەيدۇ)، ئابدۇرېھىم ھاجى قاتارلىقلارنى تەشكىللەپ، ما جۇڭيىڭنى ئېلىپ چىقىشقا كورلا، دۇنخۇاڭ ئارقىلىق گەنسۇغا يولغا سالىدۇ. بۇ ۋەكىللەر گەنسۇغا يېتىپ بارغاندا كوچىدا يولۋاسقا ئۇچراپ قالىدۇ. يولۋاس ئۇلارغا ما جۇڭيىڭنى شىنجاڭغا ئېلىپ چىقىشقا ماقۇل قىلغانلىقىنى، ما جۇڭيىڭنىڭ



تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىدۇ. ۋەكىللەرنى ما جۇڭيىڭنىڭ يېنىغا باشلاپ بارىدۇ. ما جۇڭيىڭ بۇلارنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولىدۇ، بۇنى شىنجاڭغا چىقىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى دەپ قاراپ، تەييارلىقنى تېزلىتىدۇ.

ما جۇڭيىڭنى شىنجاڭغا ئېلىپ چىقىشقا ۋەكىل كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان مەھمۇت مۇھىتى دەرھال موسۇل ھاجى باشلىق ۋەكىللەرگە: «ئاكا، ما جۇڭيىڭنى بۇياققا (شىنجاڭغا) ئېلىپ چىقماسلىق كېرەك ئىدى. شۇڭا بىر ئامال قىلىڭ» دەپ خەت يېزىپ مەخسۇس ئاتلىق يىگىت x x نى گەنسۇغا ماڭدۇرىدۇ. موسۇل ھاجى ما جۇڭيىڭنى تەكلىپ قىلىپ قويۇپ، ئەمدى چىقماڭ دېيىشكە يۈزى چىدىماي، يولۋاس بىلەن ما جۇڭيىڭنى باشلاپ يولغا چىقىدۇ.

## ما جۇڭيىڭنىڭ شىنجاڭغا ئىككىنچى قېتىم چىقىشى

1933 ـ يىلى ئەتىيازدا ما جۇڭيىڭ ئىككىنچى قېتىم قومۇلغا چىقتى. بۇ قېتىم ئىنىسى ما جۇڭجيې (ئەر سىلىڭ ـــ 2 ـ قوماندان)نى ئېلىپ 36 ـ شى (دىۋىزىيە) نامى بىلەن 300 ـــ 400 دەك ئەسكەرنى باشلاپ كەلگەنىدى.

ما جۇڭيىڭ قانداق قىلىپ 36 ـ شى نامىغا ئېرىشكەن؟ ما جۇڭيىڭ ھەربىي باشلىق ما باۋ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، بالا ۋاقتىدىن تارتىپلا ئەسكەرلەر ئارىسىدا چوڭ بولغانلىقتىن، قارام، ئەركىن بولۇپ، قىلغىنى قىلغان، ئەتكىنى ئەتكەنىدى. ئۇنىڭغا ھېچكىم چېقىلالمايتتى. شۇڭا ئۇنىڭ يۈرىكى يوغىناپ ئاتىسىنىڭ قىسمىدا كىچىك تۇرۇپلا پەيجاڭ (ئىنژۇوت كوماندىرى)، لىيەنجاڭ (روتا كوماندىرى) قاتارلىق ھەربىي مەنسەپلەرگە ئىگە بولغان. ئۇ بارلىق ئىش ـ ھەرىكەتلەردە قورال كۈچىگە تا-

يىنىپ، زورلۇق ئىشلەتكەندىلا غەلىبىگە ئېرىششكە بولىدۇ،
دەپ قارايدىغان زومىگەر ئىدى. بۇ ئۆلكىدە ما بۇفاڭ، ما جۇڭ-
كۈي، ما چېڭشياڭ، ما خۇشەن، ما ۋەنشياڭ، ما باۋ، ما شى-
مىڭ، ما جۇڭيىڭ قاتارلىق ئون «ما» فامىلىلىك بولۇپ، بۇلار-
نىڭ ھەممىسى قورال كۈچىگە تايىنىپ زورلۇق بىلەن ئەمەل
تۇتۇپ كەلگەنلەر ئىدى. ما بۇفاڭ بولسا ما جۇڭيىڭنىڭ ئاتا جە-
مەت تۇغقىنى ئىدى. ما بۇفاڭنىڭ دادىسى ما چى ئەينى يىللاردا
چىڭ سۇلالىسىگە قارشى چىققان گەنسۇدىكى خەنزۇ ئىسياز-
چىلارنى قىرغان، كۆرسەتكەن تۆھپىسى ئۈچۈن چىڭخەينى گەن-
سۇ ئۆلكىسىدىن بۆلۈۋېلىپ، بۇ ئۆلكىنىڭ مەمۇرىي ـ ھەربىي
ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغان، ئۆزى بەگ، ئۆزى خان
بولغانىدى. ما بۇفاڭ ئەۋلادلىرىغا «مەن دەريا بولۇپ ئاققان ئادەم
قېنىدىن باشلىقلىق مەنسىپىنى تاپتىم» دەپ مۇھىم خاتىرە
قالدۇرغانىكەن. ما جۇڭيىڭ تاغىسىنىڭ مۇشۇ تەجرىبىسىنى
«ياخشى چارە» دەپ بىلىپ، ئاتىسىدىن قالغان لىيەنجاڭلىق مەن-
سىپى بىلەن قانچە قېتىملاپ ئەسكەر باشلاپ، گەنسۇ خەلقىنى
ياۋۇزلارچە قىرىپ ئاققان قان ئارقىلىق مەقسىتىگە يەتمەكچى
بولغان. ئەسكەر ئېلىش، ئات يىغىش، خەلققە ئالۋان سېلىش
جەريانىدا قارشىلىق قىلغانلارنى شۇ جايدىلا ئاتقان. غەربىي شى-
مالدىكى بەش ئۆلكىدە، فېڭ يۈشياڭ، ما بۇفاڭ ئەسكەرلىرىنى
قاراملىق بىلەن مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلارنى غال ـ غال تىترەيدىغان
ۋە قاچىدىغان قىلىپ قويغان.

فېڭ يۈشياڭنىڭ بەش ئۆلكىدە ئەسكىرىي كۈچى بولۇپ،
جياڭ جيېشىغا بويسۇنماي تۇرغان، ما بۇفاڭمۇ ئۆزى بەگ، ئۆزى
خان بولۇۋېلىپ، جياڭ جيېشى ۋە فېڭ يۈشياڭ بىلەن پۈت
تىركىشىپ تۇرغان پەيتتە ما جۇڭيىڭ نام چىقىرىشقا باشلى-
غان، ئۇنىڭ نامىنى ئاڭلىغان ما بۇفاڭ ئەسكەرلىرى تۇركۈملەپ
ما جۇڭيىڭغا قوشۇلۇپ كەتكەن.



ما جۇڭيىڭنىڭ ئىشلىرىنى دوكلات ۋە گېزىت ـ ژۇرناللار-
دىن كۆرۈپ تۇرغان جياڭ جيېشى، ئۇنى فېڭ يۈشياڭغا سېلىش
مەقسىتىدە ما جۇڭيىڭنى نەنجىڭگە چاقىرىپ گومىنداڭنىڭ
ھەربىي مەكتىپىدە ئالتە ئاي ئوقۇتقان ۋە «مەركىزىي ھەربىي
مەكتەپنى پۈتتۈردى» دېگەن نام بىلەن گەنسۇنىڭ خېشى كارى-
دورىغا بېرىپ، 36 ـ شى قۇرۇشقا بۇيرۇق چۈشۈرگەن ھەم بۇ
ئىشنى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ باشلىقى لىيۇ چۈڭغا ئالاھىدە تاپ-
شۇرغان.

ما جۇڭيىڭ جياڭ جيېشىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە گەنسۇ
ئۆلكىسىنىڭ ۋۇۋېي ۋە جاڭيې ۋىلايەتلىرىدە يەرلىك خەلقتىن
ئەسكەر ئېلىپ، ئات يىغىپ 36 ـ شىنى قۇرماقچى بولىدۇ. ما
بۇفاڭ بۇنىڭغا يول قويمىغانلىقتىن، ئىككى ئوتتۇرىدا بىرنەچچە
قېتىم ئۇرۇش يۈز بېرىدۇ. ما جۇڭيىڭ ھېچبىر ئامال قىلال-
ماي، بېيشىنىڭ ئىچى ـ تېشىمۇ قېتىپ تۇرغان كۈنلەردە يولۋاس
ۋە موسۇل ھاجىلارنىڭ ما جۇڭيىڭنى شىنجاڭغا چىقىشقا تەكلىپ
قىلىپ بېرىشى ئۇنىڭغا ياغدەك ياقىدۇ. شۇڭا ئۇ ئالدىراپ ـ تې-
نەپ قولىدا قالغان بىر قىسىم ئەسكەر بىلەن شىنجاڭغا كېلىپ
يولۋاس تۇرۇۋاتقان مالەنجاڭزىغا چۈشىدۇ. ما جۇڭيىڭ يولۋاسقا
100 سەرگە يېقىن يامبۇ، 200 تاختا قارىچاي، 30 تۇياق تۆگە،
قورال ـ ياراغ ۋە ھەربىي ئەشيالارنى بېرىدۇ. 30 نەپەر ئوفىتى-
سېر ئاجرىتىپ، يولۋاسنىڭ قوشۇنىنى كۈچەيتىشكە ياردەملى-
شىدۇ. بۇنىڭغا خۇشال بولغان يولۋاس ما جۇڭيىڭ نېمە دېسە،
ماقۇل دەيدىغان بولىدۇ. ما جۇڭيىڭ دەسلەپتە ئۇنى ھەربىي
مەسلىھەتچى قىلىپ، ئەسكەر توپلاشقا قۇتراتىدۇ. ما جۇڭيىڭ-
نىڭ مەقسىتى ئاۋۋال يولۋاسنى كۈچەيتىش ئارقىلىق خوجىنى-
ياز ھاجىنى يوقىتىپ، شىنجاڭنى قولىغا كىرگۈزۈش ئىدى.
شۇڭا ئۇلار سوۋېت ھۆكۈمىتى ئارىلاشمىسا ياكى ئەسكەر كىر-
گۈزمىسە، شىنجاڭنى چوقۇم ئېلىپ مۇسۇلمان دۆلىتى قۇرد-

مىز، دەپ مەسلىھەتلەشكەنىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن، يولۋاسنى مۇئاۋىن قوماندان قىلىشتى. ئاچ كۆز يولۋاس قومۇل خەلقىنى ما جۇڭيىڭغا ئىككى قوللاپ تۇتۇپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى قومۇل خەلقىنى خالىغانچە ئاياغ ئاستى قىلىپ، باندىتلىق ھەرىكىتى بىلەن كەڭتاشا شۇغۇللاندى. ما جۇڭيىڭ بىلەن يولۋاسنىڭ پىلانلىرىنى يېزىشقا قاتناشقان، يولۋاسنىڭ يېنىدا ئۇزاق يىللار مەمۇرىي مەسلىھەتچى بولۇپ تۇرغان نەۋرە ئاكام ھوشۇر قۇربان (ھوشۇر شىياڭجاڭ) بۇ ئىشلارنى ماڭا سۆزلەپ بەرگەنىدى.

1933 ـ يىلى 3 ـ ئايلاردا خوجىنىياز ھاجى قوشۇنلىرىنى باشلاپ تۇرپان ئۈچ ناھىيە پارتىزانلىرى بىلەن بىرلىشىپ جىن شۇرېن قوشۇنلىرىغا قارشى ئۇرۇشۇۋاتقاندا، جىن شۇرېننىڭ قومۇلدىكى جۇ دۇڭخۇي قوماندانلىقىدىكى قوراللىق ئەسكەرلەر ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ئېلىپ تۆگىلىك، ھارۋىلىق گۇچۇڭغا كېلىپ شەھەرگە كىرىۋالغانىدى. قومۇل شەھىرىنىڭ بىكار قالغانلىقىدىن پايدىلانغان ما جۇڭيىڭ قومۇلدا بىرنەچچە ۋاقىت تۇرۇپ قومۇلنىڭ باشلىقلىرىنى قايتىدىن سايلاپ، مەمۇرىي ھوقۇقىنى ئۆز چاڭگىلىغا كىرگۈزۈپ، قومۇلنى مۇھىم ئارقا سەپ بازىسى قىلدى. ئۆزىنىڭ قوشۇنلىرىنى قايتا رەتلەپ، ئاتلىق قىسمىنى تولۇقلاش ئۈچۈن قۇمۇل خەلقىنىڭ ئات ـ ئۇلاغلىرىنى زورلۇق بىلەن تارتىۋالدى. ئۇ قومۇلنى ئارقا سەپ بازىسى قىلىپ قۇرۇپ بولغاندىن كېيىن يولۋاسنى ئۆزىگە مۇئاۋىن قوماندان ھەم ئارقا سەپ سىلىڭى قىلىپ بېكىتىپ، ئۇنىڭ قالغان ئاز بىر قىسىم ئەسكىرى بىلەن ئۆزىنىڭ بىر قىسىم ئەسكىرىنى باشلاپ يەتتە قۇدۇق ئارقىلىق گۇچۇڭ، مورى ناھىيەسىگە تۇسالغۇسىز يۆتكىلىپ كەلدى.



## مورىدىكى سۆھبەت

ما جۇڭيىڭنىڭ مورىغا يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان خوجىنىياز ھاجى، مەھمۇت مۇھىتىلار ما جۇڭيىڭ بىلەن كۆرۈشۈش مەسىلىسىنى مەسلىھەت قىلىشىدۇ. ئۇلار موسۇل ھاجىنىڭ تۇرپانغا كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنى چاقىرتىپ كېلىپ سۆزلىشىدۇ. ئۇنىڭغا، بىز ما جۇڭيىڭ بىلەن كۆرۈشمىسەك، دېگەن مەسلىھەتنى بېرىدۇ، ئۇنىڭ يۈزىسىز، ئىككى يۈزلىمە، ئالا كۆڭۈل، ئالدامچى ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. موسۇل ھاجى خوجىنىياز ھاجى ۋە ئىنىسى مەھمۇت مۇھىتىلارغا: «ئالدىمىزدا تېخى جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى تۇرسا، ئۇلارنى قانداق يوقىتالايمىز؟ بىز جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىگە قارشى تۇرۇشتا، بىرلىشىپ ئىش قىلايلى» دەيدۇ ۋە خوجىنىياز ھاجى ۋە ئىنىسى مەھمۇت مۇھىتىلارغا كۆپ گەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پىدائىيلارنى ۋە پارتىزانلارنى باشلاپ تاغ ئاتلاپ مورى ناھىيەسىگە بېرىپ، ما جۇڭيىڭ بىلەن كۆرۈشىدۇ. ما جۇڭيىڭ خوجىنىياز ھاجىلارغا سوغۇق مۇئامىلە قىلىپ: «مېنىڭ ئەسكەرلىرىم ئەتە ـ ئۆگۈن گۇچۇڭغا ھۇجۇم قىلىدۇ. سىلەر قانداق قىلىسىلەر؟» دەيدۇ ئۇ. خوجىنىياز ھاجى ئوقنىڭ ئازلىقىنى دېگەندە، ما جۇڭيىڭ 2000 ـ 3000 تالدەك ئوق بېرىپ: «بىز ئۇرۇمچىنى ئېلىپ 500 مىڭ كىشىلىك قوشۇن قۇرۇپ، ئىسلام دۆلىتى قۇرىمىز، ئۇنىڭ چېگرىسىنى مەككىگە تۇتاشتۇرىمىز. ھەتتا شورالار مەملىكىتىنىمۇ ئازاد قىلىمىز» دەپ ئۆزىنىڭ ياۋۇز نىيىتىنى ئاشكارىلايدۇ.

ما جۇڭيىڭ گۇچۇڭغا ھۇجۇم قىلىشقا ماڭىدۇ. خوجىنىياز ھاجى ۋە مەھمۇت شىجاڭلار جىمسارنى ئېلىشقا ئاتلىنىدۇ. ما جۇڭيىڭنىڭ قوشۇنىنىڭ تولىسى پىيادە، ئاز قىسمىلا ئات ـ

قىپچىرلىق قىسىم ئىدى، ما جۇڭيىڭ گۈچۈڭ شەھىرىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى ۋۇماچاڭ[1] غا يېتىپ بارغاندا پۈتۈن ئەسكەرلىرىنى يىغىپ:

— گۈچۈڭنى قانچە سائەتتە ئالىمىز؟ — دەپ سورايدۇ.

— يېرىم سائەتتە ئالىمىز، — دەيدۇ ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر. ما جۇڭيىڭ:

— ياق - ياق، ئۈچ سائەتتە ئالىمىز، — دەيدۇ. يۇقىرىقى سوئالنى يەنە سورىغاندا بارلىقى «ئۈچ سائەتتە ئالىمىز» دەپ نەيزە - قىلىچلىرىنى پۇلاڭلىتىپ جاۋاب بېرىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئۇ ئەسكەرلىرىگە قەسەم قىلدۇرماقچى بولىدۇ.

ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرى گۈچۈڭ شەھەر سېپىلىغا قاتتىق ۋە جىددىي ھۇجۇم باشلايدۇ. توپ - ئوقلارنىڭ زەربىسىدىن گۈچۈڭ ئاسمىنىنى ئىس - تۈتەك قاپلاپ كېتىدۇ. ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى سېپىلغا يامىشىپ چىقىشقا باشلايدۇ. گۈچۈڭ شەھىرىنىڭ شەرقىي (قومۇل تەرىپىدىكى) قوۋۇق بېشىغا بىرىنچى بولۇپ ما جۇڭيىڭنىڭ ئىنىسى ما جۇڭجيې ئىككى قولىغا ئىككى پىچاق ئېلىپ سېپىلغا سانجىپ ناھايىتى تېزلىكتە چىقىشى بىلەن ئوق تېگىپ ئۆلىدۇ. شۇ چاغدا ئۇ 21 ياشتا ئىدى.

ما جۇڭيىڭ گۈچۈڭ شەھىرىنى ئالغاندىن كېيىن، قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقىمۇ بولمىغان بىگۇناھ خەلقنى قىرغىن قىلىدۇ، بۇلاپ - تالايدۇ. شەرقىي قوۋۇق ئىچىدە قان ئېرىق بولۇپ ئاقىدۇ. ما جۇڭيىڭنىڭ گۈچۈڭدا مۇنداق قىلىشىنىڭ مەقسىتى بار ئىدى. ئۇ بىرىنچىدىن، ئۆلگەن ئىنىسىنىڭ ئىنتىقامىنى ئالماقچى. ئىككىنچىدىن، مۇھىمى مال - دۇنيا توپلىماقچى. ئۈچىنچىدىن، ئۇرۇمچى تەسلىم بولمىسا مۇشۇنداق قىلىۋېتىمىز، دەپ تەھدىت سالماقچى ھەم ئەسكەرلىرىنى بۇلاڭ - تالاڭغا

① ۋۇماچاڭ — گۈچۈڭنىڭ تۆت - بەش كىلومېتىر شەرقىگە جايلاشقان ئات فېرمىسى.



قويۇپ بېرىپ، كېيىنكى شەھەرلەرنى ئېلىشقا رىغبەتلەندۈرمەكچىدى. ما جۇڭيىڭنىڭ ئىنىسى ما جۇڭجيېنىڭ ئۆلۈمى ئۈچۈن، قومۇلدا يۇرت كاتتىلىرى، ئۆلىما، ئاخۇنلارنى چاقىرىپ، يولۋاسنىڭ كارىزىدا چوڭ نەزىر ئۆتكۈزۈپ بەردى. مەن شۇ نەزىرگە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا ئابدۇۋاھىت ئاخۇنۇمنىڭ ئېتىنى يېتىلەپ بارغانىدىم.

خوجىنىياز ھاجى ۋە مەھمۇت مۇھىتى قوشۇنلىرى جىمسار شەھىرىنى قاتتىق مۇھاسىرىگە ئالىدۇ. جىمسار سېپىلىنىڭ ئىچىدە جىن شۇرېننىڭ ئەڭ كۈچلۈك بىر ئاتلىق تۈەنى بولۇپ، بۇ تۈەنگە ما شۇفۇ (خۇيزۇ) تۈەنجاڭ ئىدى. سېپىلنى ساقلاپ قېلىشقا كۆزى يەتمىگەن ما تۈەنجاڭ خوجىنىياز ھاجىلاردىن قورال تاپشۇرۇش ئۈچۈن بىر سوتكا مۆھلەت سورايدۇ. بۇ خىلدىكى ئىشلارغا تەجرىبىسى كەم بولغان خوجىنىياز ھاجى ماقۇل بولۇپ، سېپىل مۇھاسىرىسىنى بوشاشتۇرۇپ، شەھەردىن يىراقراق بىر جايغا بېرىپ جايلىشىدۇ. جىمسار ئۇرۇشىنىڭ ئالدىدىلا تىل بىرىكتۈرۈۋالغان ھىيلىگەر ما جۇڭيىڭ شۇ كېچىسىلا ئادەم ئەۋەتىپ، قورال - ياراغ، ئوق - دورىلارنىڭ ھەممىسىنى ئوغرىلىقچە ئېلىپ كېتىدۇ ۋە ئەسىرگە چۈشكەنلەرنى ئۆز قوشۇنىغا قوشۇۋالىدۇ.

ما جۇڭيىڭ گۈچۈڭ شەھىرىنى ئالغاندا، نۇرغۇنلىغان قورال - ياراغ، سانسىزلىغان ئوق - دورا، ھەربىي ئەسلىھە، ئەسىرگە چۈشكەن ئەسكەرلەرگە ئىگە بولۇپ تۇرۇقلۇق، جىمساردىكى پىلىموت، مىلتىق، يان قوراللاردىن 1860 دانە ھەم ئېگەر - توقۇملىرى بىلەن 2000 دەك ھەربىي ئات، ھەربىي ئەشيا، نۇرغۇن ئاشلىق - تۈلۈكلەرنى ئوغرىلىقچە ئېلىۋالغانلىقتىن، خوجىنىياز ھاجى، مەھمۇت مۇھىتىلارنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كېلىدۇ. جۇملىدىن پارتىزانلارنىڭمۇ غەزىپى قايناپ تاشىدۇ. موسۇل ھاجىنى ما جۇڭيىڭغا ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتىدۇ. ۋەكىللەر ما

جوڭيىڭغا: «سىلەر گۇچۇڭدا نۇرغۇن قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورا، ھەربىي ئەشيالارغا ئىگە بولدۇڭلار. بىز جىمسارىدىكى ئازراق قورالنى ئالساق بولامسۇ؟» دەيدۇ. موسۇل ھاجىمۇ ما جوڭيىڭغا سۇلھى قىلىپ: «سىلەر گۇچۇڭدا نۇرغۇن قورال ـ ياراغلارغا ئىگە بولدۇڭلار. ئىنىمنىڭ ئادەملىرى كۆپ، قورال يېتىشمەيۋاتىدۇ. قوراللاردىن ئازراق بەرسەڭ» دېسە، ئۇ موسۇل ھاجىنىڭ پىكرىگە ئانچە پىسەنت قىلمايدۇ ۋە: «ئىنىڭىز مەھمۇت مۇھىتىغا ئازراق قورال بەرسەك بولىدۇ، خوجىنىياز ھاجىغا بېرىدىغان قورال يوق» دەپ قوپال مۇئامىلە قىلىدۇ ھەمدە ئوقى يوق، بۇزۇلغان، سۇنغان مىلتىقلاردىن 100 نەچچىنى بېرىدۇ. ما جوڭيىڭنىڭ بۇ خىل مىلىتارىستلىق ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئەمەلىيەتتە كۆرگەن موسۇل ھاجى خوجىنىياز ھاجى بىلەن ئىنىسى مەھمۇت مۇھىتىلارنىڭ ما جوڭيىڭدىن ئاغرىنغانلىقىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى تونۇپ، خوجىنىياز ھاجى، مەھمۇت مۇھىتىلارغا بېرىپ قوشۇلۇپ، ھەرىكەتلەردە ئاخىرغىچە بىرگە بولىدۇ.

مورىدىكى سۆھبەتنىڭ روھى بويىچە گۇچۇڭ، جىمسارنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن خوجىنىياز ھاجى، مەھمۇت مۇھىتى ھەم ما جوڭيىڭلار ئۈرۈمچىگە بىرلىكتە ھۇجۇم قىلماقچى ئىدى. لېكىن جىمساردا يۈز بەرگەن قورال بۇلاش ماجىراسىدىن كېيىن، بۇ ئىتتىپاقداشلار ئوتتۇرىسىدا دۈشمەنلىشىش، ئۆز ئارا قىرغىن قىلىش ئۇرۇشلىرى باشلىنىپ كېتىدۇ.



# ئىككىنچى باب

## 12 ـ ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى

1931 ـ يىلى قوزغالغان خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى قومۇل دېھقانلىرىنىڭ جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىگە قارشى قوراللىق قوزغىلىڭىنىڭ تەسىر كۈچى پۈتۈن شىنجاڭ ئۆلكىسىدە قاتتىق داۋالغۇش پەيدا قىلىپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە كۈئېنلۈن تاغلىرىغىچە داۋالغۇش بولمىغان بىرمۇ شەھەر قالمايدۇ. جۈملىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىدىمۇ چوڭ داۋالغۇش پەيدا بولىدۇ. 1933 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدە بۇ داۋالغۇش پارتلاپ چىقىدۇ.

جىن شۇرېننىڭ پاراسەتسىزلىكىدىن، ئىچكى قىسىمدا جىن شۇرېنغا قارشى پىكىرلەر كۆپىيىدۇ، ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى ئەمەلدارلار «بىز ھازىردىن باشلاپ تەييارلىق قىلمىساق، كېيىن ئۆزىمىزنى قويىدىغان جاي تاپالماي قالىمىز» دەپ سىياسىي ئۆزگىرىشكە تەييارلىق قىلىدۇ. شۇ جىددىي كۈنلەردە ھەر تەرەپتىن قېچىپ ئۈرۈمچىگە كېلىۋاتقانلار كۆپىيىپ، كۈندىن ـ كۈنگە بازار باھاسى ئۆرلەپ، ئاچارچىلىق، قەھەتچىلىك باشلىنىپ كېتىدۇ. بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، جىن شۇرېننىڭ ئىنىسى جىن شۇشىن پۈتۈن ئاشلىقنى بېسىۋېلىپ، خەلققە قىممەت باھادا سېتىپ ھايانكەشلىككە كىرىشىپ كېتىدۇ. ئۈرۈمچىگە يىغىلغان ئاق رۇس ئەسكەرلىرىنىڭ باشلىقلىرى باپپېنگورت، ئانتوف جىن شۇرېندىن ئەسكەرلەرگە تەمىنات ئۈچۈن ئاشلىق

سوراپ بارغاندا، جىن شۇرېن رەت قىلىپ، بىر جىڭمۇ ئاشلىق بەرمەيدۇ. بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تاپقان چېن جۇڭ، لى شياۋتيەن، تاۋ مىڭيۈ①، جاڭ جىلار تۇرپاندىكى ئۇرۇشتىن قايتقان 400 دەك رۇس ئەسكەرلىرىدىن باشقا ئۈرۈمچىدە ئەسكەر كۈچى قالمىغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، 1933 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن 200 دەك قوراللىق ئەسكىرى بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىناسىغا ھۇجۇم قىلىدۇ. قالغان قىسىملىرى شەھەرنىڭ تۆت دەرۋازىسىنى ئىشغال قىلىپ ھەربىي ھالەتتە تۇرىدۇ. تۇيۇقسىز ھۇجۇمدىن چۆچۈگەن جىن شۇرېن ھېچقانداق چارە قىلالماي، ھويلىنىڭ ئارقا تېمىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ماناسقا قېچىپ بېرىۋالىدۇ. ماناسقا بارغاندىن كېيىن ھېچكىمدىن ياردەم ئالالماي، ئىلاجسىز ھالدا چۆچەك ئارقىلىق سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى سىبىرىيىسى بىلەن نەنجىڭگە قېچىپ كېتىدۇ.

شۇ كۈنى، يەنى 1933 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى كەچقۇرۇن مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى ليۇ ۋېنلۇڭ رۇس ئەسكەرلىرىنىڭ باشلىقى باپپېنگورتنى قاتناشتۇرۇپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكى ئابرۇيلۇق مۆتىۋەرلەر بىلەن مەجلىس ئاچىدۇ. مەجلىستە ئەزالار سايلىنىدۇ.

شۇ كۈنلەردە ئۈرۈمچىدىكى ئەھۋاللارنى ئاڭلاپ پۇرسەت كۈتۈپ تۇرغان شېڭ شىسەي نەنسەندىن ئەسكەرلىرىنى باشلاپ ئۈرۈمچىگە كېلىدۇ. 4 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئەزالار يىرىقە زالىدا ئىككىنچى قېتىم مەجلىس ئېچىۋاتقاندا زال ئەتراپىغا «مېنىڭ كۈچۈمنى كۆرۈڭلار» دېگەندەك قىلىپ، قوراللىق پوستلارنى قويىدۇ. ليۇ ۋېنلۇڭ ۋاقىتلىق ئۆلكە رەئىسى بولۇپ سايلىنىدۇ. شېڭ شىسەيگە دۇبەنلىك (چېگرا مۇداپىئە قوماندانى) مەنسىپى

① چېن جۇڭ، لى شياۋتيەن، تاۋ مىڭيۈ قاتارلىقلار ئىلغار كىشىلەر بولغانلىقتىن، شېڭ شىسەي فۇكاڭ ئۇرۇشىدىن قايتىپ كېلىپلا ئۇلارنى مەجلىسكە چاقىرىپ زالدىلا ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن.



بېرىلىدۇ. ئۆلكە، نازىر دەرىجىلىك كادىرلار ۋاقىتلىق بەلگىلىنىدۇ. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتكە 44 نەپەر ئەزا تولۇقلاپ سايلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئەزالىرى تەرىپىدىن سىياسەتتە، ئىقتىسادتا، مائارىپ ئىشلىرىدا ھەر مىللەت خەلقىگە باراۋەرلىك ھوقۇقى بېرىلىدۇ. مىللەتكە قارىماي سايلام ئېتىبارى بىلەن قانۇن بويىچە ھەر مىللەتتىن ھۆكۈمەت خىزمىتىگە قاتناشتۇرۇلىدۇ. خارجى ئىشلار ھوقۇقى مەركىزىي ھوقۇق دەپ قارىلىدۇ. يېزا ـ قىشلاقلارنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى ياخشىلاش ئۈچۈن دېھقانلارغا ياردەم بېرىلىدۇ، دېگەندەك ئون ماددىلىق سىياسىي پروگرامما ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

شېڭ شىسەي گەرچە دۇبەن بولغان بولسىمۇ ئۇ بۇ مەنسەپكە رازى ئەمەس ئىدى. شۇڭا، ئۇ 12 ـ ئايدا ليۇ ۋېنلۇڭغا بىرقانچە بوھتانلارنى چاپلاپ ئۇنى قاماپ قويىدۇ. شېڭ شىسەي ئۇزاق ئۆتمەي رەئىسلىك ۋە دۇبەنلىك ۋەزىپىسىگە ئولتۇرىدۇ.

شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن خەلقنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە مايىل قىلىش ئۈچۈن، ئۆتمۈشتىكى مىللىي تەڭسىزلىك ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە بىكار قىلىنىدۇ، ھەممە مىللەت باراۋەر بولىدۇ، قاراڭغۇلۇقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ھەرقايسى جايلاردا مەكتەپ قۇرۇلۇپ، ئوقۇتۇش ئىشى يولغا قويۇلىدۇ، دېگەندەك مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىرقانچە سىياسىي پروگراممىنى تۈزىدۇ ۋە «ئالتە بۈيۈك سىياسەت»نى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. مەخسۇس گۇرۇپپىلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ جايلارغا ئەۋەتىپ ھەر مىللەت ئاممىسىغا يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ، ھەر مىللەت خەلقى ئەركىنلىككە چىقتى، دېگەندەك تەشۋىقاتلارنى ئېلىپ بارىدۇ.

# شىڭ شىسەيىنىڭ خوجىنىياز ھاجى، مەھمۇت مۇھىتلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشى

1933 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى، يەنى مورى، گۇچۇڭ
سوقۇشىدىن كېيىن خوجىنىياز ھاجى، مەھمۇت شىجاڭلار جى ـ
مسارنىڭ سەنتەي رايونى ئەتراپىغا كېلىپ ئورۇنلاشتى. بۇ
جايدا تۇرغاندا ھەر مىللەت خەلقى تۇركۇملەپ كېلىپ، خوجىنى ـ
ياز ھاجىنىڭ پارتىزان قوشۇنىغا پىدائىي بولۇپ كىردى. شۇ
ۋاقىتتا كونا قوشۇندىكىلەر «پارتىزانلار»، يېڭى كىرگەنلەر
«پىدائىيلار» دەپ ئاتىلدى. بۇ يېڭى كىرگەن پىدائىيلارغا ئات ـ
ئۇلاغ بېرىلىپ، ھەربىر قىسىمغا تەقسىم قىلىندى. ئەمما،
ئۇلارغا بەرگۈدەك قورال يوق ئىدى. چۈنكى، جىمسارىدا غەنىي ـ
مەت ئالماقچى بولغان قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورىلارنى ما جۇڭ ـ
يىڭ ئاچ كۆزلۈك بىلەن ئوغرىلىقچە ئېلىپ كەتكەنىدى. شۇ خا ـ
پىلىقتا تۇرغاندا گۇچۇڭدىكى ما جۇڭيىڭ قوشۇنىنىڭ بىر پەي
قوراللىق ئەسكىرى سەنتەيگە رازۋېدكا قىلىپ كېلىپ قالدى.
خوجىنىياز ھاجى ئۇلارنى تۇتۇۋېلىپ، قوراللىرىنى تارتىۋالدى.
دەل شۇ ۋاقىتتا ئۈرۈمچى تەرەپتىن تۇيۇقسىز بىر ئايروپىلان
كېلىپ، سەنتەيىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى قارىياغاچلىققا قوندى.
ئايروپىلاندىن ئىككى كىشى چۈشۈپ، خوجىنىياز ھاجى بىلەن
ئۈچ سائەتتەك سۆزلەشتى. ئۇلار خوجىنىياز ھاجىغا: «ھازىر
ئۈرۈمچىدە يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. ئۆتمۈشتىكى سىياسىي
جەھەتتىكى تەڭسىزلىك، ئىقتىسادىي جەھەتتە نامراتلىق، مەدە ـ
نىيەت جەھەتتە قالاقلىقتەك كونا ئىللەتلەرگە تۈپتىن خاتىمە
بېرىلدى. ھازىر ھەممە مىللەت ھوقۇقتا باراۋەر بولۇپ، يېڭى
مائارىپ كەڭ يولغا قويۇلدى. سىزمۇ بۇ يېڭى ھۆكۈمەتكە قو ـ
شۇلۇپ، شىنجاڭنى بىرلىكتە تەرەققىي قىلدۇرسىڭىز. ما جۇڭ ـ
يىڭ بىلەن بولغان بۇ سوقۇشنى ھۆكۈمەتكە قويۇپ بېرىڭلار،



بۇنى ھۆكۈمەت بىر تەرەپ قىلىدۇ. يېقىندا ئۈرۈمچىدىن ۋەكىل ـ
لەر كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاڭلار، سىلەر ئۈچۈن پايدى ـ
لىق» دېدى. خوجىنىياز ھاجى مەھمۇت شىجاڭ ۋە باشقا ھەربىي
باشلىقلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، «بىر ـ بىرىمىز بىلەن دۈش ـ
مەنلىشىپ كېلىۋاتقان رەقىبلەر بولساقمۇ ۋەزىيەتنىڭ تەقەززا ـ
سى ۋە تەلىپى بويىچە شىنجاڭ مىقياسىدىكى داۋالغۇش، مالى ـ
مانچىلىقنى ئوڭشاش ۋە تۈزەش، شىنجاڭدا تىنچلىقنى قولغا
كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۈرۈمچىدە قۇرۇلغان يېڭى ھۆكۈمەت ۋەكىلى
شېڭ شىسەي بىلەن بىرلىشىش كېرەك» دەپ قارايدۇ ۋە شۇ
كۈنىلا خوجىنىياز ھاجى، مەھمۇت شىجاڭلار قوشۇنلىرىنى
باشلاپ، فۇكاڭ ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى تاغ ئېتىكى ـ
گە جايلاشقان قىزىلقىيا دېگەن جايغا بېرىپ ئورۇنلاشتى. ئىك ـ
كىنچى كۈنى ئۈچ ـ تۆت ماشىنىدا (ماشىنىنىڭ بىرىنى مەخ ـ
سۇت تېيىپوف ھەيدىگەنىكەن) ئۈرۈمچىدىن ۋەكىللەر كېلىدۇ.
بۇ ۋەكىللەر ئىچىدە تۇرسۇن خانبابا (ئۆزبېك)، كېرەم مەخسۇم،
مەنسۇرجان (ئۆزبېك) ۋە بىرقانچە مۆتىۋەر زاتلار بولۇپ، مىل ـ
لىيلار كۆپرەك سانىنى تەشكىل قىلىدىكەن. چېن دېلى (تاشقى
ئىشلار باشقارما باشلىقى) باشلىق بىرقانچە خەنزۇلار بار ئىكەن،
ۋەكىللەرنىڭ ئومۇمىي سانى 10 — 15 ئەتراپىدا ئىكەن. ۋەكىل ـ
لەر چېدىرلارغا ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، ئەتراپىغا خوجىنىياز
ھاجىنىڭ ئەسكەرلىرىدىن قاراۋۇللار قويۇلۇپ، سۆھبەت ئۆتكۈ ـ
زۈلىدىغان جايغا ھېچكىم كەلتۈرۈلمىگەن.

مەزكۇر سۆھبەتكە كەلگەن ۋەكىللەر شېڭ شىسەينىڭ نامى
بىلەن كەلگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، ئىش ئۈرۈمچىدىكى سو ـ
ۋېت كونسۇلىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. بۇ
سۆھبەتكە قارشى تەرەپتىن خوجىنىياز ھاجى، مەھمۇت شىجاڭ،
سالى دورغا (لۈيجاڭ)، پەيزۇل دورغا (لۈيجاڭ)، قاسىم ئەپەندى
( موڭغۇلىيىدىن كەلگەن كىشى) ۋە نەمەت خەلپىتىم (كاتىپ)

ۋە بىرنەچچە مۆتىۋەرلەر قاتناشقان. شېڭ شىسەينىڭ بۇ سۆھبەتنى ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولۇشى ۋە خوجىنىياز ھاجىنىڭ ماقۇل بولۇشىدىكى ئاساسى سەۋەبلەر مۇنداق ئىدى:

(1) خوجىنىياز ھاجى قوشۇنى بىلەن ما جۇڭيىڭ قوشۇنى ئۈرۈمچىنىڭ بوسۇغىسى بولغان فۇكاڭغا قىستاپ كېلىپ قالدى. بۇ شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى ئۈچۈن زور تەھدىت ئىدى. شېڭ شىسەي بۇ تەھدىتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، سوۋېت تەرەپنىڭ مەسلىھەتىگە بىنائەن خوجىنىياز ھاجى بىلەن بىرلىشىپ، ما جۇڭيىڭنى يېتىم قالدۇرۇش قارارىغا كەلگەن.

(2) جىمساردا خوجىنىياز ھاجى قوشۇنى ئالىدىغان قورال ـ ياراغلارنى ما جۇڭيىڭ ئوغرىلىقچە ئېلىۋېلىپ، خوجىنىياز ھاجىنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈپ قويىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى ئوتتۇرىدا قاتتىق ئىتتىپاقسىزلىق كېلىپ چىقتى.

(3) ما جۇڭيىڭ گۇچۇڭ، جىمساردا نۇرغۇن قورال ـ ياراغقا ئىگە بولۇۋېلىپ، قورال ۋە ئادەم سانى جەھەتتىن ئۆزىنى كۈچەيتىۋالدى. بۇ ئەھۋال، خوجىنىياز ھاجىنىڭمۇ، شېڭ شىسەينىڭمۇ قارشىلىقىنى قوزغىدى. شۇڭا، بو سۆھبەتكە ما جۇڭيىڭنى يېقىن كەلتۈرمىدى.

سۆھبەتتە ئىككى تەرەپ تۆۋەندىكىدەك كېلىشىمگە كېلىدۇ:

(1) خوجىنىياز ھاجى قوشۇنى بىلەن مەھمۇت شىجاڭ قوشۇنى داۋانچىڭدىن باشلاپ پىچان، قومۇلغىچە، توقسۇندىن باشلاپ خوتەنگىچە بولغان جايلارنىڭ ئامانلىقىنى قوغداشقا مەسئۇل بولىدۇ. بۇ ئىككى قوشۇندا 5000 قوراللىق ئەسكەر ساقلاشقا بولىدۇ.

(2) شېڭ شىسەي قوشۇنى ئۈرۈمچىدىن تارتىپ، فۇكاڭ، قۇتۇبى، شىخوغىچە بولغان ئارىلىقتىكى جايلارنىڭ ئامانلىقىنى قوغداشقا مەسئۇل بولىدۇ.

(3) ئىككى تەرەپ باشلىقلىرىنىڭ قاتنىششى بىلەن ئۈرۈمچىدە ئۆلكىلىك ۋاقىتلىق بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلىدۇ.



شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى خوجىنىياز ھاجى ۋە مەھمۇت شىجاڭلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ كېلىشىم ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، گۇچۇڭدىكى ما جۇڭيىڭغا نوپۇزلۇق ھەر مىللەت ئەربابلىرىدىن خۇسەيىن باي (تاتار)، جاۋ گولياڭ (خۇيزۇ)، تۇڭباۋ (شىبە)، مەنسۇرجان، ۋۇ ئەيچېن (خۇيزۇ) ۋە باشقا بىرنەچچەيلەننى ئەۋەتىپ، ما جۇڭيىڭ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزىدۇ. سۆھبەت ۋەكىللىرىگە ما جۇڭيىڭنى تىنچلىق، ئىتتىپاقلىققا ئۈندەشتىن باشقا سىياسىي قارار چىقىرىش ھوقۇقى بېرىلمەيدۇ. شۇڭا، ئۇلار ما جۇڭيىڭغا: «جەنۇبىي شىنجاڭدا مۇسۇلمانلار كۆپ، ئۇ يەرگە بېرىش سىز ئۈچۈن پايدىلىق، جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىپ، شۇ يەرنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاشقا ياردەملەشسىڭىز» دەپ تەكلىپ بېرىدۇ. شېڭ شىسەي ئۇنى قوشۇنلىرىنى باشلاپ جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىشقا كۆندۈرەلمەي، ئاخىر جەنۇبىي شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قوشۇنلارنىڭ مۇئاۋىن قوماندانلىقىنى بېرىشكە ۋەدە قىلىدۇ. ما جۇڭيىڭ بۇ تەكلىپنى ئويلاپ كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتقان بولسىمۇ، لېكىن كۆڭلىدە خوجىنىياز ھاجىنىڭ مۇئاۋىنى بولۇشنى كىچىك كۆرۈپ، «ئۈرۈمچىنى ھۇجۇم بىلەن ئېلىشىم كېرەك» دېگەن مەيداندا چىڭ تۇرىدۇ. شېڭ شىسەينىڭ ما جۇڭيىڭنى جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىشقا دەۋەت قىلىشتا ئۆزىنىڭ غەرىزى بار ئىدى. شېڭ شىسەي ما جۇڭيىڭ شىمالىي شىنجاڭدا تۇرسا، ماڭا خەۋپ يەتكۈزىدۇ. خوجىنىياز ھاجى، مەھمۇت شىجاڭلارنىڭ قوشۇنى جەنۇبىي شىنجاڭغا كېتىپ، بۇمۇ شۇ يەرگە بارسا، بىر ـ بىرى بىلەن چىقىشالمايدىغان بۇ ئىككى قوشۇن ئۆزئارا ئۇرۇشۇپ، بىر ـ بىرىنى يوقاتسا، بىزگە خەۋپ يەتكۈزۈۋاتقان قوشۇنلار ئۆز ئىچىدىن تۈگىشىدۇ. ھېچ بولمىغاندا، زور دەرىجىدە ئاجىزلايدۇ. كەلگۈسىدە بىزنىڭ ئۇلارنى يوقىتىشىمىز بىرقەدەر ئاسانغا چۈشىدۇ، دەپ ئويلايتتى.

شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ ما جۇڭيىڭغا قويغان تەكلىپىد-

گە ما جۇڭيىڭ تەرەپتىكىلەر ئىككى خىل قاراشتا بولىدۇ. بىر
قىسمى (چوڭ ياشلىق ئاخۇنلار ۋە مۆتىۋەرلەر) قايسى تەرەپ بى-
لەن بولمىسۇن، ئۇرۇشماي تىنچلىقتا بىللە ئۆتۈش كېرەك، دەپ
قارايدۇ. يەنە بىر قىسمى (ما جۇڭيىڭ باشلىق قوماندانلار) ئۇ-
رۇمچىنى چوقۇم ئۇرۇش بىلەن ئېلىپ، گۇچۇڭدىكىگە ئوخشاش
نۇرغۇن قورال ـ ياراغ ۋە ئالتۇن ـ كۈمۈشكە ئىگە بولۇشنى
تەشەببۇس قىلىدۇ. سۆھبەتتە بۇ توغرىدا قارار چىقىرىش ھو-
قۇقى بولمىغاچقا، ما جۇڭيىڭ ئۆزىنىڭ پىكرىنى ئۈرۈمچىدە
مۇزاكىرىلىشىپ كېلىش ئۈچۈن، جاڭ شاۋۋۇ قاتارلىق كىشى-
لەرنى ئۆزىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ئۈرۈمچىگە ماڭدۇرىدۇ. ئۇلار
ئۈرۈمچىدە شېڭ شىسەي تەرەپ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزىدۇ.
سۆھبەتتە ما جۇڭيىڭ ۋەكىللىرى: شېڭ شىسەي ئۆلكە رەئىسى
بولسا ما جۇڭيىڭ ئۆلكىگە دۇبەن بولسا، دېگەن تەكلىپنى بې-
رىدۇ. «12 ـ ئاپرېل ئۆزگىرىشى» دىن كېيىن شىنجاڭنىڭ دۆ-
بەنلىكىنى قولىغا ئاران ئالغان شېڭ شىسەيگە ما جۇڭيىڭدىن
باشقا تاقابىل تۇرىدىغان كۈچ قالمىغانىدى. شۇنداق بولسىمۇ ما
جۇڭيىڭنى نارازى قىلىپ قويماسلىق ئۈچۈن شېڭ شىسەي ما
جۇڭيىڭنىڭ ئورنىنى بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۇنى جەنۇ-
بىي شىنجاڭغا باش قوماندان بولۇشقا تەكلىپ قىلىدۇ. لېكىن،
قوماندانلىق ھوقۇقىنى قولىغا ئېلىپ پۈتۈن شىنجاڭغا ھۆ-
كۈمران بولۇش ئارزۇسىدا بولۇپ كەلگەن ما جۇڭيىڭ بۇ تەك-
لىپكە ئانچە پىسەنت قىلىپ كەتمەيدۇ. ئۇ بۇ ئارزۇسىنى سۆھ-
بەت ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمىسا، قورال كۈچى بىلەن
ئەمەلگە ئاشۇرىمەن، دەپ ئويلايتتى. ئۇ بۇ ئويىنى ئۈرۈمچىدىكى
ۋەكىللەرگە ئۇقتۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ پۈتۈن شىنجاڭغا ھۆ-
كۈمران بولۇش قارا نىيىتى ئاشكارىلىنىدۇ. ما جۇڭيىڭ ئىك-
كىنچى قېتىم قومۇلغا چىققاندا، بىر يىگىدەكلا ئەسكىرى بار
ئىدى. ئۇ گۇچۇڭ ۋە جىمسار ئەتراپلىرىدا نۇرغۇن قورال ـ



ياراغ، ئوق ـ دورىلارغا ئىگە بولغاندىن تاشقىرى، ئەسىرگە
چۈشكەن جىن شۇرېن قوشۇنىنىڭ نۇرغۇن ئەسكەرلىرىنى ئۆزد-
گە قوشۇۋېلىپ، 2000دەك ئاتلىق ئەسكەر، 3000دەك پىيادە
ئەسكەر ۋە بىر تۆگە تۈەن بولۇپ جەمئىي 6000دەك قوراللىق
كۈچكە ئىگە بولۇپ قالغاچقا، مۇشۇ ھەربىي كۈچى بىلەن كۆ-
رەڭلەپ، «شىنجاڭدا ماڭا ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيدۇ، ئۈرۈمچىنى
چوقۇم ئالىمەن» دېگەن ئىشەنچ بىلەن ئۆزىگە قاتتىق تەمەننا
قويىدۇ. سۆھبەتتە ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىنىڭ تەكلىپىنى قو-
بۇل قىلمىغاندىن كېيىن، شېڭ شىسەي بىلەن ما جۇڭيىڭ
ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەت بۇزۇلىدۇ. ھەر ئىككى تەرەپ ۋەكىل-
لىرى ئۆز ئورۇنلىرىغا قايتىدۇ.
خوجىنىياز ھاجى شېڭ شىسەي تەرەپ بىلەن قىلغان سۆھ-
بەتنى تۈگىتىپ، ئىككى ـ ئۈچ كۈندىن كېيىن، يەنى جەنۇبىي
شىنجاڭغا مېڭىش ئالدىدا شېڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا
زاكاز قىلغان ھەربىي كىيىم ـ كېچەكلىرى يېتىپ كېلىدۇ.
خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت شىجاڭنىڭ قوشۇنلىرى بۇ
ھەربىيچە يېڭى شىم، چاپان، شەپكە، خۇرۇم ئۆتۈكلەرنى كى-
يىپ، كەمەرلەرنى باغلاپ، پۈتۈنلەي بىر يېڭى قىياپەتكە كىرد-
دۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ روھى كۆتۈرۈلۈپ، جەڭگىۋارلىقى
تېخىمۇ ئاشىدۇ. بۇ قوشۇن فۇكاڭنىڭ قىزىلقىيا دېگەن يېرىدىن
تاغ ياقىلاپ ئارقىغا يېنىپ سەنتەيگە قاراپ كېتىۋاتقاندا، گۇ-
چۇڭدىن فۇكاڭغا كېتىۋاتقان ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرى بىلەن
ئۇچرىشىپ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ پەيجاڭدىن يۇقىرى ئوفىتسېرلىرى
ئاتلىق، قالغان كىچىك ئوفىتسېرلىرى ۋە ئەسكەرلىرى پىيادە
ئىدى. بۇ ئىككى قوشۇن ئۇچراشقاندا، بىر ـ بىرى بىلەن دۈش-
مەنلىشىش ھالىتىدە بولماي ۋە پاراڭمۇ سېلىشماي، جىم ـ
جىملا ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئەمما ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرى خوجىنى-
ياز ھاجى، مەھمۇت شىجاڭ قوشۇنلىرىنىڭ يېڭى ھەربىي كى-

يىم كىيىپ خېلى مۇنتىزىملىشىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، قاتا-
تىق ھەسرەتلىنىپ، روھى چۈشۈپ كېتىدۇ.

## ما جۇڭيىڭنىڭ ئۈرۈمچىگە بىرىنچى قېتىم ھۇجۇم قىلىشى

خوجىنىياز ھاجى قوشۇنى سەنتەيگە بېرىپ بىر كېچە قو-
نۇپ، جىمىسارنىڭ شىجاگۇ[1] ۋە چۈەنزىگەي[2] تۈرپاننىڭ يوغاز-
تېرەك، شاپتۇللۇق دېگەن تاغلىق كەنتلىرى ئارقىلىق 6 - ئاي
مەزگىلىدىكى ئىسسىقتا تۇرپان ئىچىگە كىرمەيلا توقسۇننىڭ
يىلانلىق دېگەن يېرىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان ما جۇڭ-
يىڭ «ئۈرۈمچىنى جەزمەن ئالىمەن» دېگەن خىيال بىلەن ئال-
دىراپ - تېنەپ مېڭىپ زىنىچۈەنزى[3]دە شىڭ شىسەينىڭ ئالدى-
دىن ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان قوشۇننىڭ مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ
قالىدۇ. دەل شۇ چاغدا، ئۈرۈمچىدىن كەلگەن ئايروپىلانلار شېڭ
شىسەي قوشۇنىغا ماسلىشىپ بومباردىمان قىلىپ ۋە پىلىموت-
لىرىدىن ئوق ياغدۇرۇپ، ما جۇڭيىڭ قوشۇنىنى تىرىپىرەن قى-
لىۋېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ يەرنىڭ ھاۋا كىلىماتى تولىمۇ
ئۆزگىرىشچان بولۇپ، ياز پەسلىدىمۇ قار، مۆلدۈر يېغىپ تۇرات-
تى. شېڭ شىسەي قوشۇنىدىكىلەر مۇشۇ ئەھۋالغا ئاساسەن پاخ-
تىلىق كىيىم كىيىۋالغانىدى. ما جۇڭيىڭ قوشۇنى بولسا ياز
پەسلىگە لايىق كىيىنگەن بولۇپ، قىسقا يەڭلىك يالاڭ كۆڭلەك،
قىسقا شىم، لاتا خەي بىلەن ئىدى. دەل بۇلار زەربىگە ئۇچراۋات-
قاندا، يامغۇر ئارىلاش قار، مۆلدۈر يېغىپ شىۋىرغان چىقىدۇ.

[1] شىجاگۇ ــ جىمىسارغا قاراشلىق تاغ ئارىسىدىكى بىر يېزا.
[2] چۈەنزىگەي ــ گۇچۇڭ بىلەن تۇرپان ئارىلىقىدىكى تاغ ئىچىگە جايلاشقان
يېزا.
[3] زىنىچۈەنزى ــ گۇچۇڭ بىلەن ئۈرۈمچى ئارىلىقىدىكى بىر ئۆتەڭ.



بۇنىڭ بىلەن ما جۇڭيىڭ قوشۇنى قوش ئاپەتكە ئۇچراپ، ئوق
بىلەن سوغۇقنىڭ زەربىسىدە ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ، يا ئال-
دىغا، يا كەينىگە مېڭىشنى بىلەلمەي، نۇرغۇنلىرى ئوق بىلەن
سوغۇقنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتىدۇ. پىيادە ئەسكەرلىرىنىڭ تو-
لىسى خەنزۇلار بولغاچقا، ئۆلارنىڭ ئۆلمەي قالغانلىرى قورالل-
رىنى تاشلاپ قاچىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ما جۇڭيىڭ 2000دىن
ئارتۇق ئەسكىرىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ھېچ ئىلاج قىلالماي،
يارىدار ئەسكەرلىرىنىمۇ تاشلاپ، ساق قالغان ئەسكەرلىرى بىلەن
ئارقىغا چېكىنىدۇ. ئۇ شىجاگۇغا بارغاندا، شېڭ شىسەينىڭ
شىجاگۇدا مۇداپىئەلىنىپ ياتقان قوشۇنىنىڭ زەربىسىگە
ئۇچراپ، ئۇ يەردىمۇ خېلى جىق ئەسكەرلىرىدىن ئايرىلىپ قالى-
دۇ. ما جۇڭيىڭنىڭ ئۈرۈمچىنى ئېلىش ئۈچۈن قىلغان بىرىنچى
قېتىملىق ھۇجۇمى ئەنە شۇنداق مەغلۇبىيەت بىلەن تاماملىنى-
دۇ. شۇنىڭدىن كېيىن قالغان ئەسكەرلىرىنى، گۇچۇڭدا قالغان
تۆگە ترانسپورت تۆەنىنى ۋە بارلىق مال - مۈلۈكلىرىنى ئېلىپ
تۇرپان تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىدۇ. ما جۇڭيىڭ تۇرپان تەرەپكە سۈ-
رۈلۈپ بارغاندىن كېيىن كەلگۈسىدە ئۈرۈمچىگە قايتا ھۇجۇم
قىلىشقا توغرا كەلسە، تۇرپان، توقسۇن، پىچانلار مۇھىم
ئىستراتېگىيىلىك ئورۇن بولىدۇ دەپ قاراپ، قوشۇنلىرىنىڭ
ئاساسىي قىسمىنى شۇ ئۈچ ناھىيىگە ئورۇنلاشتۇرىدۇ. قوشۇن-
لىرىنىڭ ئاز بىر قىسمىنى يولۋاسنىڭ قوشۇنى بىلەن بىللە
قومۇلنى ساقلاشقا ئەۋەتىدۇ. چۈنكى ما جۇڭيىڭ قومۇلغا بىرىن-
چى قېتىم چىقىپ لودۇڭ ئۇرۇشىدا يېڭىلگەندىن كېيىن، پۈت
دەسسەپ تۇرغۇدەك ئارقا سېپى بولمىغاچقا، گەنسۇغا قېچىپ
كەتكەن. ئۇ بۇ تەجرىبە - ساۋاقنى ئۇنتۇمىغانىدى. ئەگەر بۇ
قېتىم يەنە يېڭىلىپ قالسا، خوجىنىياز ھاجى قوشۇنىنىڭ تۇر-
پاندا تۇرۇپ قومۇل تەرەپتىكى ئارقا يولىنى توسۇپ قويۇشىدىن
بەك ئەندىشە قىلاتتى.

ما جۇڭيىڭ تۇرپانغا ئورۇنلىشىۋالغاندىن كېيىن، تۇرپاندىن باشقا، توقسۇن، پىچان، قومۇل قاتارلىق جايلارنىمۇ ئىگىلەپ، بۇ جايلاردىكى خەلققە قورال كۈچى ئىشلىتىپ، ئۇرۇمچىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ قايتا تەييارلىقىنى قىلىدۇ، ئەڭ ئاۋۋال يەرلىك خەلقتىن كۆپلەپ ئەسكەر ئېلىپ قاتتىق مەشىق قىلدۇرىدۇ. ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، خەلقنىڭ قولىدىكى ئاشلىقنى مەجبۇرىي تارتىۋالىدۇ، ئۆز ئالدىغا قەغەز پۇل بېسىپ تارقىتىدۇ. پۇلنىڭ يۈزىدە خەنزۇچە، ئەرەبچە خەتلەر بار بولۇپ، خەتنىڭ رەڭگى قىزىل ئىدى. بۇ پۇل بىر يۈەنلىك، ئىككى يۈەنلىك، بەش يۈەنلىك، ئون يۈەنلىك بولۇپ، يۇقىرىدا ئېيتىلغان تۆت ناھىيىدىن باشقا جايدا ئۆتمەيتتى. باشقا جايدىن بىر نەرسە سېتىۋېلىش زۆرۈر بولۇپ قالسا، ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى بۇ پۇلنى پۇقرالارغا قورال تەڭلەپ تۇرۇپ ئۆتكۈزەتتى. ما جۇڭيىڭنىڭ بۇ پۇلى خوتەن قەغىزىگە بېسىلغان بولغاچقا، خەلق بۇ پۇلنى «خام پۇل» دەپ ئاتايتتى.

## ما جۇڭيىڭنىڭ خوجىنىياز ھاجىلار بىلەن يول ئۈستىدە ئۇرۇشۇشى

ما جۇڭيىڭ ئۆزىنىڭ قارا نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، شېڭ شىسەي بىلەن قايتا سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، ئۇنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇش؛ ئەگەر بويسۇنمىسا، ئۇرۇمچىگە ھۇجۇم قىلىپ تەسلىم قىلىش پىلانىنى تۈزىدۇ. لېكىن، ئۇ خوجىنىياز ھاجى قوشۇنى توقسۇندا تۇرۇۋېلىپ بىقىنىمدىن ئۇرارمىكىن، دەپ ئەندىشە قىلىپ، ئەڭ ئاۋۋال خوجىنىياز ھاجىلارنى يوقىتىش پىلانىنى تۈزىدۇ. ئۇ يەنە ئىككى يۈزلىمىلىك قىلىپ، بىر تەرەپتىن، خوجىنىياز ھاجىغا ۋەكىل ئەۋەتىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، خوجىنىياز ھاجى قوشۇنىنى جەنۇبىي شىنجاڭغا ماڭدۇر-



ماسلىق ئۈچۈن بىر لۈي ئاتلىق قوشۇننى قاراشەھەرگە ئەۋەتىدۇ.

1933 - يىلى 7 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى خوجىنىياز ھاجى ۋە مەھمۇت شىجاڭلارنىڭ قوشۇنى توقسۇننىڭ يىلانلىق يېزىسىغا ئورۇنلىشىپ تۆت - بەش كۈندىن كېيىن، كۈچا تەرەپتىن ھاپىز مۇللام دېگەن كىشى ئانچە - مۇنچە كونا - يېڭى مىلتىق، تولىراق كالتەك، چوماق، نەيزە، قىلىچلار بىلەن قوراللانغان 300 — 400دەك ئادەمنى باشلاپ كېلىپ، خوجىنىياز ھاجىلارغا قوشۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئەتىسى يەنى 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئالدىغا ما جۇڭيىڭنىڭ ۋەكىللىرى كېلىدۇ. بۇ ۋەكىللەر ئۆمىكى پىچاننىڭ ئاتاقلىق ئۇيغۇر، خۇيزۇ يۇرت مۆتىۋەرلىرىدىن بولۇپ 61 كىشىدىن تەركىب تاپقانىدى. سۆھبەتكە خوجىنىياز ھاجى، مەھمۇت شىجاڭ ۋە بىرقانچە دورغىلار قاتنىشىدۇ. سۆھبەتتە، ما جۇڭيىڭنىڭ ۋەكىللىرى:

— ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقىمىز ياخشى بولمىدى، بىزمۇ بەزىدە ياخشى قىلمىدۇق. ھەممىمىز بىر دىنىي قېرىنداشلار، بىر مۇسۇلمان تۇرۇپ، ئارازلىشىپ يۈرسەك ياخشى بولمايدۇ. ئۆتكەن ئىشلارغا سالاۋات قىلىپ، بۇنىڭدىن كېيىن بىرلەشسەك ۋە ئۇرۇمچىگە بىرلىكتە ھۇجۇم قىلساق، — دەيدۇ.

خوجىنىياز ھاجى:

— ما جۇڭيىڭنى ئىككىنچى قېتىمدا مەن چىللاپ كەلمىدىم، ئۆزى كېلىپ زورلۇق قىلىۋاتىدۇ، بىز مۇسۇلمانلار بىلەن ئۆزى باشلاپ سوقۇشۇۋاتىدۇ. ما جۇڭيىڭنىڭ مۇسۇلمانچىلىقى يوق ئىكەن، ئۇنى مۇسۇلمان دېگىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ تېنى مۇسۇلمان، ئىچى نىجىس ئىكەن. ئۇ بىزگە دۈشمەنلىك قىلدى. ئۇ بىر ئالدامچى. «تالا مۈشۈكى ئۆي مۈشۈكىنى قوغلاپتۇ» دېگەندەك، ئۇ خەلقنى بۇلاپ - تالاپ، قىردى. بۇنى قانداقمۇ مۇسۇلماندارچىلىق دېگىلى بولسۇن! ئۇنىڭ بىلەن قانداقمۇ بىرلەشكىلى بولسۇن! — دەيدۇ.

— ئۆزۈڭنى ئەر چاغلىساڭ، ئۆزگىنى شىر چاغلا، دېگەن گەپ بار، ما جۇڭيىڭ گۇچۇڭنى ئېلىش بىلەن ئۆزىنى شۇنداق قالتىس چاغلاۋاتىدۇ، — دەيدۇ مەھمۇت موھىتى سۆز قىستۇرۇپ.

— بىز ئۇنىڭغا يار - يۆلەك ۋە ياردەمدە بولدۇق، — دەيدۇ خوجىنىياز ھاجى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بىزنىڭ ياردەم قىلغىنىمىز نەگە كەتتى؟ ئۇ نېمە دېسە ماقۇل دېگەنسېرى ھەددىدىن ئېشىپ كېتىۋاتىدۇ. مەن بىرلەشمەيمەن دېدىم، بىرلەشمەيمەن. قىرىلىپ تۈگەپ كەتسەكمۇ ما جۇڭيىڭ بىلەن بىرلەشمەيمىز! بىز شېڭ شىسەي بىلەن بىرلىشىپ بولدۇق.

خوجىنىياز ھاجىلار ما جۇڭيىڭنىڭ ۋەكىللىرىنى ئەنە شۇنداق گەپ - سۆزلەر بىلەن يولغا سېلىپ قويىدۇ.

ئەتىسى ئالدىنقى پوست قاراۋۇلى تۇرپان تەرەپتىن ما جۇڭيىڭنىڭ ئاتلىق قوشۇنى كېلىۋاتىدۇ، دەپ خەۋەر قىلىدۇ. خوجىنىياز ھاجى ئۆزى تۇرۇۋاتقان قورۇنىڭ ئۇستىگە چىقىپ، دۇربۇن بىلەن قاراپ توقسۇننىڭ غولبويى يېزىسىدىن، ئايغىربۇلاق سېيىدىن ۋە ئۇدۇلدىن بولۇپ ئۈچ تەرەپتىن ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرىنىڭ سەپ تارتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت شىجاڭ ئۆز قوشۇنلىرىغا ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ، يوقىتىشقا تەييارلىنىش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىدۇ. ئىككى ئوتتۇرىدا قاتتىق جەڭ بولىدۇ. ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرى ئېغىر زەربىگە ئۇچراپ، يالانلىق يېزىسىغا كىرەلمەي، ئۆلگەن ئەسكەرلىرى ۋە قوراللىرىنى تاشلاپ قاچىدۇ. خوجىنىياز ھاجى، مەھمۇت شىجاڭ قوشۇنى ئۇلارنى شۇ قوغلىغىنچە توقسۇن ئارقىلىق تۇرپاننىڭ يەمشى يېزىسىغا كىرگۈزۈۋېتىپ، ئايغىربۇلاق تاغلىرىغا يۈرۈپ كېتىدۇ. ئايغىربۇلاق تاغلىرىنىڭ يوللىرى ھازىرقى يول ئەمەس، بۇرۇنقى يول بولۇپ، تاغنىڭ قاپ بېلىدىن شارقىراپ چۈشىدىغان سۇ ئايغىر ئاتنىڭ سىيىشىگە ئوخشىغاچقا، ئۇنىڭغا «ئايغىربۇلاق» دېگەن ئات قو-



يۇلغان. بۇ تاغ يولى شىمالىي شىنجاڭ بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولۇپ، شۇ زاماننىڭ سوقۇشلىرىدا ئىستىراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. خوجىنىياز ھاجى ۋە مەھمۇت شىجاڭ قوشۇنلىرى ئايغىربۇلاق ئىچىدىكى ما جۇڭيىڭنىڭ قوشۇنلىرىغا چاققانلىق بىلەن شۇنداق قاتتىق ھۇجۇم قىلىدۇكى، ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرى بۇ ھۇجۇمنىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەي، بۇ يەردىمۇ ئۆلگەن، يارىدار بولغان ئەسكەرلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ قورال - ياراغلىرىنى تاشلاپ، كۇمۇش تەرەپكە قېچىپ كېتىدۇ. خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت شىجاڭ مىجىت ئەپەندى (مۇئەللىم بولغان) دېگەن كىشىنى 30 — 40 تەك قوراللىق ئەسكەر بىلەن ئايغىربۇلاقتا ئارقا سەپنى ساقلاشقا قالدۇرۇپ، ئۆزلىرى قالغان قوشۇن بىلەن ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرىنى قوغلاپ كۇمۇش تەرەپكە ماڭىدۇ. لېكىن، ما جۇڭيىڭنىڭ قوشۇنلىرى كۇمۇشتە تۇرالماي، قاراشەھەرگە كەتكەنىكەن. خوجىنىياز ھاجى كۇمۇشتە بىر كېچە قونۇپ، قاراقىزىل[1]غا قاراپ ماڭىدۇ. قاراقىزىلغا يېقىن تاغ ئېغىزىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، خوجىنىياز ئىسىملىك لىيەنجاڭنى (ئۇ ھازىر قومۇل ئاستانىدە بار) 200 دەك قوراللىق ئەسكەر بىلەن ئالغۇي تاغلىرىدىن ئايلىنىپ ئۇششاقتالغا بېرىشقا بۇيرۇيدۇ. خوجىنىياز لىيەنجاڭنىڭ ئەسكەرلىرى قاراقىزىلنىڭ شىمالى تەرىپىدىكى تاغنى ياقىلاپ مېڭىپ، ئالغۇيغا يېتىپ بارغاندا، ئۇششاقتالدىن چىقىپ كېتىۋاتقان ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ. ئىككى قوشۇن ئوتتۇرىسىدا قاتتىق جەڭ بولىدۇ ۋە ئاخىرى ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى يېڭىلىپ، كەينىگە قاراپ قاچىدۇ. خوجىنىياز لىيەنجاڭ ئۇلارنى قوغلاپ ئۇششاقتالغا يېتىپ بارغاندا، خوجىنىياز ھاجىلارغا قوشۇلىدۇ.

① قاراقىزىل — قارا شەھەر تاغلىرى ئارىسىدىكى مۇھىم ئۆتەڭ.

ئەتىسى خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت شىجاڭ قوشۇنلىرىنى باشلاپ قاراشەھەرنىڭ چۇقۇ، تاغارچى، تېۋىلغا كەنتلىرىگە يېتىپ بارغاندا، ما جۇڭيىڭنىڭ قاراشەھەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان ما شىمىڭ باشچىلىقىدىكى قوشۇن قاراشەھەر ئەتراپىدىكى چىغلىقلاردىن پايدىلىنىپ قاتتىق مۇداپىئە قۇرۇپ، خوجىنىياز ھاجىلار قوشۇنىنى قاراشەھەرگە كىرگۈزمەي، شەھەر سىرتىدىكى چىغلىقلاردا يوقاتماقچى بولىدۇ. خوجىنىياز ھاجى ئۇلارنىڭ ئالدىغا ۋەكىل ئەۋەتىپ، «بىز ھەممىمىز قېرىنداش، ئۇرۇشمايلى، بىز قاراشەھەردە بىر كېچە قونۇپلا كورلىغا ئۆتۈپ كېتىمىز. ئالغان يەم - بوغۇز ۋە ئوت - چۆپكە پۇل تۆلەيمىز، سىلەرنىڭ ھېچ نەرسەڭلەرگە چېقىلمايمىز» دەيدۇ. ما شىمىڭ بۇنىڭغا «ماقۇل» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت شىجاڭ ئۇنىڭ «ماقۇل» دېگەن جاۋابىغا ئىشىنىپ، قوشۇنلارنى باشلاپ ماڭىدۇ. قوشۇننىڭ ئالدى چۇقۇ بىلەن تېۋىلغا ئارىلىقىدىكى سايغا يېتىپ بارغان، كەينى ئۇششاقتالدىن چىقىپ بولالمىغان پەيتتە، ما شىمىڭ قوشۇنى مىلتىق ۋە پىلىموتلاردىن تۇيۇقسىز ئوت ياغدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ خېلى بىر قىسمىنى قىرىپ تاشلايدۇ. ما شىمىڭنىڭ ئىككى يۈزلىمىلىك بىلەن قىلغان دۈشمەنلىكى خوجىنىياز ھاجىلارنىڭ سەۋر قاچىسىنى تولدۇرۇپ، ئۇلارنى قاتتىق غەزەپكە كەلتۈرىدۇ. شۇڭا، خوجىنىياز ھاجى: «بىز بىر دىنىي قېرىنداش، ئۇرۇشمايلى دېسەك، ئۇنىماي ئۇلار ئاۋۋال ئوق چىقاردى. بىز ئۆلسەك شېھىت بولىمىز. ئۇلار ئۆلسە ھارام ئۆلىدۇ. قاراشەھەرگە يۈرۈش قىلىڭلار! بىزنىڭ يولىمىزنى توسقان ما شىمىڭ قوشۇنلىرىنى قويماي قىرىپ تاشلاڭلار!» دەپ بۇيرۇق بېرىدۇ.

ما شىمىڭ قوشۇننىڭ ئاز بىر قىسمى ئاتلىق، قالغانلىرى ھەممىسى پىيادە ئىدى. خوجىنىياز ھاجىلارنىڭ قوشۇنى پۈتۈنلەي ئاتلىق بولغاچقا، ما شىمىڭ قوشۇنلىرىنى يېڭىش تامامەن



مۇمكىن ئىدى. خوجىنىياز ھاجى يەنە خوجىنىياز لىيەنجاڭنى قاراشەھەرگە ئەسكەرلىرى بىلەن ئالدىن كىرىشكە بۇيرۇق بېرىدۇ. خوجىنىياز لىيەنجاڭ بىلەن ما شىمىڭ قوشۇنى ئوتتۇرىسىدا قاتتىق سوقۇش بولىدۇ. مىلتىق ۋە پىلىموتلاردىن ئېتىلغان ئوقلار تېۋىلغا بىلەن قاراشەھەر ئارىسىدىكى ئاسمان بوشلۇقىنى ئىس - تۈتەككە توشقۇزىدۇ. ئارقىدىنلا خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت شىجاڭنىڭ چوڭ قوشۇنى يېتىپ كېلىپ، مۇداپىئەلىنىپ تۇرغان ما شىمىڭ قوشۇنلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى قىرىپ تاشلايدۇ. ئاز قىسمى قاراشەھەرگە قېچىپ كېتىدۇ. سوقۇش بولغان چىغلىق داللار ما شىمىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئۆلۈكلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تاشلاپ قاچقان قورال - ياراغلىرى بىلەن توشۇپ كېتىدۇ. خوجىنىياز ھاجى، مەھمۇت شىجاڭ قوشۇنى كەچ كىرگەندە قاراشەھەرنىڭ خۇيزۇ ئاھالىلىرى كۆپرەك ئورۇنلاشقان لىيۇشىخۇ يېزىسىدا قونۇپ قالىدۇ. شۇ كۈنى ما شىمىڭ قوشۇنى: «قورال تاپشۇرۇپ ئەل بولىمىز» دەپ ئەلچى ئەۋەتىدۇ. خوجىنىياز ھاجى ئەلچىلەرنىڭ گېپىگە ئىشەنمەيدۇ. چۈنكى ما جۇڭيىڭ قوشۇنىنىڭ ئۇسۇلى: ئالدىدا ئەلچى ئەۋەتىش، ئارقىدىن ئۇرۇشقا ئادەم ئەۋەتىشتىن ئىبارەت ئىدى. شۇڭا خوجىنىياز ھاجى: «قورال تاپشۇرساڭ ھازىر تاپشۇر، بولمىسا بىز قاراشەھەرنى ئالىمىز» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئەلچىلەر «ماقۇل» دەپ قايتىپ كېتىدۇ. لېكىن، قاراشەھەرنى مۇداپىئە قىلىپ تۇرغان ما شىمىڭ قوشۇنى، قورال تاپشۇرۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، شەھەر سېپىلىنىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىپ، قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىدۇ. خوجىنىياز ھاجى ۋە مەھمۇت شىجاڭلارنىڭ قوشۇنى سېپىل ئىچىگە باستۇرۇپ كىرىدۇ. شەھەر كوچىلىرىدا بىر ھەپتىگە يېقىن قاتتىق جەڭ بولىدۇ. بۇ جەڭ كوچا سوقۇشى بولغاچقا، قولىغا قورال ئالغانلاردىن باشقا، قورالسىز بىگۇناھ خەلق ھەتتا خوتۇن - باللار، بوۋاي - مومايلارمۇ خېلى كۆپ قىرىلىدۇ.

قاراشەھەردە بولغان بۇ سوقۇشتا ما شىمىڭ قوشۇنلىرىنىڭ كۈچى خېلى ئاجىزلايدۇ. ئۇلارنىڭ مال - مۈلۈكلىرى ئولجا قىلىنىدۇ. ما شىمىڭ قوشۇنىنىڭ ساق قالغانلىرى باغراش كۆلى ۋە كورلا تەرەپلەرگە قاچىدۇ، ما شىمىڭ ئۆزى خوشۇتقا بېرىۋالىدۇ. خوجىنىياز ھاجى ئۆز قوشۇنىنىڭ پۇقرالارنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشىنى قاتتىق توسۇيدۇ. بىگۇناھ خەلقنى ئۆلتۈرگەنلەرنى جازالايدۇ. شۇنداقتىمۇ، شەھەر دائىرىسى چوڭ بولغاچقا، پۈتۈنلەي توسۇپ بولغىلى بولمايتتى. خوجىنىياز ھاجى، مەھمۇت شىجاڭلار قاراشەھەردە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ قالىدۇ. بىر كۈنى ما دىبشى ئىسىملىك بىر خۇيزۇ سودىگەر كېلىپ، خوجىنىياز ھاجىغا «ئەسكەرلىرىڭىز دۇكىنىمنى بۇلاۋاتىدۇ» دەپ ئەرز قىلىدۇ، خوجىنىياز ھاجىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن خوجىنىياز لىيەنجاڭ ئەسكەر ئېلىپ بېرىپ، ما دىبشىنىڭ دۇكىنى ۋە مال - مۈلكىنى قوغداپ قالىدۇ. قورۇ - جاي ۋە ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىمۇ مۇھاپىزەت قىلىدۇ. بۇ خۇيزۇ سودىگەر خۇشاللىقىدا خوجىنىياز لىيەنجاڭغا بىر ئات سوۋغا قىلىدۇ.

خوجىنىياز ھاجى قاراشەھەردىن يولغا چىقىش ئالدىدا ئاقموللا باي[1] ئىسىملىك كىشىنى بىرنەچچەيلەن بىلەن يۇلتۇز ئارقىلىق سوۋېت چېگرىسىغا بېرىپ قورال - ياراغ ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتىدۇ. ئاندىن قوشۇننى باشلاپ كۇچاغا ماڭىدۇ. كۇچادىمۇ ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرى ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ، قاتتىق ئۇرۇش قىلىدۇ. لېكىن، ئاخىردا ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرى يېڭىلىپ، باي ناھىيىسىگە قېچىپ كېتىدۇ. مەھمۇت شىجاڭ ئارقىدىن كېلىۋاتقان ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرىنى توسۇش ئۈچۈن قاراشەھەردە قالىدۇ. ئايغىربۇلاقتىكى ئارقا سەپنى ساقلاشقا قالدۇرۇلغان مىجىت ئەپەندى قوشۇنلىرى بىلەن مۇداپىئەدە تۇر-

① ئاقموللا باي — قومۇللۇق بولۇپ، شېڭ شىسەي ئۇنى ئاۋۋال ئۈرۈمچى بانكىسىغا، كېيىن ئالتاي بانكىسىغا باشلىق قىلغان.



غاندا، توقسۇندىن چىققان ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرى ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىدۇ. ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرى مىجىت ئەپەندىلەر تۇرۇۋاتقان دەڭنى ئالىمىز، دەپ زورلاپ ھۇجۇم قىلىپ نۇرغۇن ئەسكىرىدىن ئايرىلىدۇ. مىجىت ئەپەندى ئەسكەرلىرىمۇ دەڭنىڭ ئىچىگە قامىلىپ قالغاچقا، ئۇلاردىنمۇ كۆپ چىقىم بولىدۇ. شۇ ئارىدا تۇرپاندىن ما جۇڭيىڭنىڭ چوڭ قوشۇنى كېلىپ قېلىپ، ئازغىنە ئەسكىرى قېلىپ، ئوقى تۈگەپ قالغان مىجىت ئەپەندىنى تۇتۇپ چېپىپ تاشلايدۇ.

مەھمۇت شىجاڭ ئايغىربۇلاق تەرەپتىن كېلىۋاتقان ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرى بىلەن قاراشەھەر، لىيۇشىخۇ، تېۋىلغا ئەترابلىرىدا قاتتىق سوقۇشۇپ، ئۇلارنى ئۇششاقتالغىچە سۇرۇۋېتىدۇ؛ ئاندىن قوشۇننى باشلاپ كۇچاغا قايتىپ بېرىپ، خوجىنىياز ھاجىلارغا قوشۇلىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسىغا ئەۋەتىلگەن ئاقموللا باي نۇرغۇن ئوق - دورا ۋە قول بومبىسى ئېلىپ كۇچاغا قايتىپ كېلىدۇ. يەنە سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ خوجىنىياز ھاجىلارغا نۇرغۇن قورال - ياراغ، ئوق - دورا يەتكۈزۈپ بېرىمىز دېگەن ۋەدىسىنى ئېلىپ كېلىدۇ.

خوجىنىياز ھاجى كۇچاغا بارغاندىن كېيىن، سادىق ھاجى[1] دېگەن كىشىنىڭ قەمبەرنىساخېنىم دېگەن قىزىغا ئۆيلىنىدۇ («كۇچا خېنىم» دېگەن سۆز شۇنىڭدىن قالغان). ئاندىن ئاقموللا باي ئېلىپ كەلگەن ئوق - دورىلارنى ئېلىپ مەھمۇت شىجاڭ بىلەن بىللە ئاقسۇغا قاراپ ماڭىدۇ. ئاقسۇ تەۋەسىگە بارغاندا، ئۇلارنى ئاقسۇدا تۇرۇۋاتقان باي شىجاڭ (باي لۈيجاڭمۇ دەيدۇ) ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ھامۇتخان تۈەنجاڭلار ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالىدۇ. خوجىنىياز ھاجى، مەھمۇت شىجاڭلار ئاقسۇ شەھىرىگە ماڭغاندا، ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئالدىنى توسۇش ئۈچۈن، باي شىجاڭ

① سادىق ھاجى — شېڭ شىسەي ۋاقتىدا باي ناھىيىسىگە ھاكىم بولغان.

ۋە هامۇتخان تۆەنجاڭلار قوشۇنلىرى بىلەن قارايۇلغۇن[1]دا، مەھـ
مۇت شىجاڭنىڭ قول ئاستىدىكىلەردىن تۇرپانلىق پولات تۆەنـ
جاڭ ۋە قومۇللۇق قۇربان لۇيجاڭلار قوشۇنلىرى بىلەن جام[2]دا
قالدۇ. بىر كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلار بايدىن ئاقسۇغا قاراپ
يۈرۈش قىلغان ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرى بىلەن قارايۇلغۇندا قاتـ
تىق سوقۇشىدۇ. بۇ سوقۇشتا باي شىجاڭ ۋە هامۇتخان تۆەنجاڭـ
نىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ تولىسى چىقىم بولۇپ، ئامان قالغانلىرى
هەر تەرەپكە پىتىراپ كېتىدۇ. هامۇتخان تۆەنجاڭنىڭ قول ئاسـ
تىدىكىلەردىن نىياز لىيەنجاڭ (مارالبېشىلىق) بىرنەچچە ئەسكەـ
رى بىلەن قېچىپ كېتىدۇ. ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرىنىڭمۇ قالـ
غانلىرى بايغا قېچىپ بارغاندىن كېيىن خەلقنى بۇلاڭ ـ تالاڭ
قىلىپ، قارشىلىق قىلغانلارنى ئېتىپ تاشلايدۇ. شۇنداق قىـ
لىپ، قارايۇلغۇندىكى ئۇرۇشتا باي شىجاڭ ئوق تېگىپ ئۆلۈپ
كېتىدۇ (جەسىتىنى ئاۋۋال بوزدۆڭدە قويۇپ، يۇرت تىنچلانغاندا
ئاقسۇغا يۆتكەپ كەتكەن). خوجىنىياز هاجى ۋە مەھمۇت شىجاڭ
قارايۇلغۇندىكى ئەھۋاللاردىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، مۇزاكىرىـ
لىشىپ مەھمۇت شىجاڭ قوشۇنلىرى بىلەن ئاقسۇدىن جامغا
كېلىدۇ، پولات تۆەنجاڭ ۋە قۇربان لۇيجاڭلارنىڭ ئەسكەرلىرىنى
ئېلىپ، قارايۇلغۇنغا بارىدۇ. خوجىنىياز هاجى ئاقسۇدا قالىدۇ.
ما جۇڭيىڭنىڭ قوشۇنلىرى بايدىن قارايۇلغۇنغا يەنە ئىككىنچى
قېتىم كېلىپ مەھمۇت شىجاڭ قوشۇنلىرى بىلەن ئۇرۇشىدۇ.
مەھمۇت شىجاڭ باشچىلىقىدىكى قوشۇنلار ئۇلارنى چېكىندۈرۈپ
بايدىنمۇ ئۆتكۈزۈپ، كۇچاغىچە قوغلايدۇ. كۇچاغا بارغاندا ئىككى
قوشۇن ئوتتۇرىسىدا قاتتىق جەڭ بولۇپ تا بۈگۈرگە بارغۇچە
قوغلاش، قېچىشلار داۋاملىشىپ تۇرىدۇ. خوجىنىياز هاجى ۋە
مەھمۇت شىجاڭلارنىڭ قوشۇنلىرى قارشى تەرەپنى قوغلىسا بىر

① قارايۇلغۇن ــ ئاقسۇنىڭ چوڭ يول بويىدىكى يېزا.
② جام ــ ئاقسۇنىڭ چوڭ يول بويىدىكى يېزا.



كۈن، يېرىم كۈن قوغلاپ توختاپ قالاتتى. ما جۇڭيىڭ قوشۇنـ
لىرى قارشى تەرەپنى قوغلىسا بىر ئىككى كۈنگىچە ھەتتا يوـ
قاتمىغۇچە توختىماستىن قوغلايتتى. بۇ قېتىم مەھمۇت شىـ
جاڭنىڭ ئاچچىقى كېلىپ ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرىنى بۈگۈر ۋە
يېڭىساردىن قوغلىغانچە سۈرۈپ ئاپىرىپ قاراشەھەرگە كىرگۈـ
زۈۋېتىدۇ. مەھمۇت شىجاڭ ۋە قۇربان لۇيجاڭلار كورلىدا دەم
ئېلىپ تۇرغان كۈنلىرىدە خوجىنىياز هاجىدىن يېڭى خەۋەر كېـ
لىپ قالىدۇ.

## قومۇلدىكى قىرغىنچىلىق

خوجىنىياز هاجىدىن كەلگەن خەت: «قۇربان لۇيجاڭ قومۇلغا
بېرىپ، قومۇلدىن خەۋەر ئالسۇن، قومۇلنى ساقلىسۇن» دېگەن
بۇيرۇق ئىدى. مەھمۇت شىجاڭ خوجىنىياز هاجىنى «هاجى ئاـ
كا» دەيتتى، ئۇ بۇنىڭغا نارازى بولۇپ: «هاجى ئاكامنىڭ بۇ نېمە
دېگىنى، هازىر تېپتىنچ تۇرۇۋاتقان قومۇلغا ئەسكەر ئەۋەتسەك
خەلقنى خاتىرجەمسىزلەندۈرۈپ قويمايمىزمۇ؟ قومۇلدا يولۋاس
ۋە ما جۇڭيىڭنىڭ ئارقا سەپتە تۇرغان قوشۇنلىرى بار تۇرسا،
ئۇيلىشىپ ئىش قىلىش كېرەك ئىدى. بىز قومۇلغا ئەسكەر ئەـ
ۋەتىش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويدۇق (ما جۇڭيىڭ گۇـ
چۇڭدا تۇرۇۋاتقان ۋاقىتتا خوجىنىياز هاجى، مەھمۇت شىجاڭلار
قوشۇنلىرى بىلەن توقسۇنغا سۈرۈلۈپ ماڭغاندىكى پۇرسەتنى
دېمەكچى). ئەمدى كېچىكتۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تۇرپان، توقسۇن
ۋە پىچانلاردا ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرى تۇرسا، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە
ئەسكەر ئەۋەتسەك خەلقنى ئۇرۇش ئاپىتىگە سېلىپ قويىمىز.
دېھقانلار تىرىكچىلىك قىلالماي قالىدۇ. ما جۇڭيىڭ قىسىملىرى
ئالدىمىزدا تۇرسا، ئۇلارنى يوقاتماي تۇرۇپ كۆچمىزنى بۆلۈـ
ۋەتسەك قانداق بولىدۇ؟» دەيدۇ.

مەھمۇت شىجاڭ خوجىنىياز ھاجىنىڭ بۇيرۇقىغا نارازى بولسىمۇ ئىلاجسىز قالدۇ. قۇربان لۇيجاڭمۇ كېيىننى ئويلىماي «قومۇلغا بارمىساق زادى بولمايدۇ» دەپ قاتتىق تۇرۇۋالدۇ. مەھمۇت شىجاڭنىڭ بەرگەن تەكلىپلىرىنىمۇ ئويلىشىپ كۆرگۈسى كەلمەيدۇ. ئۆزىنىڭ ئۇرۇشلاردا باشقا دورغىلارغا ئوخشاش قوشۇن باشلاپ بىۋاستە كۆپ جەڭگە قاتناشمىغان، تەجرىبىسىزلىكىگە (نۇرغۇن ئۇرۇشلارغا قاتناشماي ئارقا سەپتىلا تۇراتتى) قارىماي قومۇلغا بېرىشقا ئالدىرايدۇ. بەلكىم قۇربان دورغىنىڭ قومۇلغا بېرىپ ئۆزىنى بىر كۆرسىتىپ قويغۇسى كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرى قاراشەھەردە تۇرغاچقا قۇربان لۇيجاڭ بارلىق ئەسكەرلىرىنى باشلاپ كورلىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى كۆنچى دەرياسىنى ياقىلاپ مېڭىپ لوپنورغا، ئۇ يەردىن ئۆرلەپ تۇرپاننىڭ جەنۇبىدىكى قۇملۇق تاغلار ۋە چۆللەرنى كېزىپ، تۇرپان ئاستانىسىنىڭ دىغاي كارىزىغا، ئۇ يەردە ئۈچ كۈن تۇرۇپ پىچاننىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى سانجاپار دېگەن كارۋان يولى بىلەن مېڭىپ قومۇلنىڭ لاپچۇقتا قاراشلىق چاقاغا دېگەن مەھەللىسىگە يېتىپ بارىدۇ. قۇربان لۇيجاڭ كورلىدىن يولغا چىققاندا 600 دەك ئەسكىرى بار ئىدى. قومۇل تەۋەسىگە يېتىپ بارغۇچە 300 — 400دەك ئەسكىرىي كۈچى قالدۇ. 200 دەك ئەسكىرى يول ئازابىغا چىدىماي ئۆلگىنى ئۆلۈپ، قاچقىنى قېچىپ كېتىدۇ. قۇربان لۇيجاڭ يوقىلىپ كەتكەن ئەسكەرلەرنى سۈرۈشتە قىلماي مېڭىۋېرىدۇ.

قۇربان لۇيجاڭ چاقاغىدا تۇرغان مەزگىلدە ما جۇڭيىڭنىڭ قومۇلدىكى قوشۇنى ئەۋەتكەن ئۇيغۇر، خۇيزۇ ئاخۇنلار، يۇرت مۆتىۋەرلىرى ۋە سودىگەرلەردىن بولۇپ، 15 — 20 دەك ۋەكىل كېلىدۇ. بۇ ۋەكىللەر قۇربان لۇيجاڭغا:

— سىلەر قومۇلغا يېڭىدىن كەلدىڭلەر، قورال - ياراغلارنى



تاپشۇرۇپ، ئەل بولۇڭلار، — دەيدۇ. قۇربان لۇيجاڭ:

— بىز قورال تاپشۇرمايمىز. ما جۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرىگە تاپشۇرىدىغان قورال يوق، — دەپ ئۇلارنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلىدۇ. ۋەكىللەر:

— سىلەر قورال تاپشۇرمىساڭلار ئوتتۇرىدا ئۇرۇش بولىدۇ. ھەر ئىككى تەرەپ زىيان تارتىدۇ. بىز پۇقرالارغىمۇ ئارامچىلىق بولمايدۇ، ھەتتا ۋەيران بولىمىز. قورال تاپشۇرساڭلار تىنچلىق بىلەن ئۆتسەك، — دەپ تەكرار - تەكرار تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالىدۇ. قۇربان لۇيجاڭ:

— ئۇلار سوقۇشسا، بىزمۇ سوقۇشىمىز، ئەل بولمايمىز، قورالمۇ تاپشۇرمايمىز، — دەپ تۇرۇۋالدۇ. ۋەكىللەر گېپىنى ئۆتكۈزەلمەي قايتىپ كېتىدۇ.

قۇربان لۇيجاڭ ئەسكەرلىرىنى باشلاپ ئاستانىدىكى ئوردا كارىزى (ھازىرقى ئازاد كارىزى) غا ئورۇنلىشىدۇ.

قومۇل ۋە سۇمقاغا، ئاستانە، توغۇچى، لاپچۇق، قارادۆۋىدىكى يۇرت چوڭلىرى ۋە يۇرت مۆتىۋەرلىرى قۇربان لۇيجاڭ ۋە ئۇنىڭ قوشۇنىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ھەر كۈنى كېلىپ كېتىپ تۇرىدۇ. قۇربان لۇيجاڭ ئۆزى ئورۇنلاشقان ئوردا كارىزى ئەتراپىغا قاراۋۇللارمۇ قويماي، كارىز چوڭ كۆرەسىدە بەخۇدۇك تۇرۇۋېرىدۇ. ئۇنىڭ مۇھاپىزەتچى قىسىملىرى، سىدىق تۇەنجاڭ (قومۇللۇق)، خوجامنىياز لىيەنجاڭ (ئاستانىلىق) ۋە قۇربان لۇيجاڭ قىسمىدىكى 15 — 20دەك بىكار تەلەپ داستىخانچىلارمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئورۇنلىشىدۇ. ياسىن لىيەنجاڭ (سىدىق تۇەنجاڭنىڭ ئىنىسى، قومۇلدا مارجان سىدىقلار دېگەن لەقىمى بار) ئەسكەرلىرى بىلەن يۇسۇپ دېھقان ئولتۇراقلاشقان كارىز (بۇمۇ ۋاڭ كارىزلىرىنىڭ بىرى)غا ئورۇنلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىلىقى بىر كىلومېتىرمۇ كەلمەيدۇ.

ھەممىسى ئورۇنلىشىپ خاتىرجەم يۈرگەن كۈنلەردە شوچى

كارىزىدىكى ئىدرىس موللاملارنىڭ ھويلىسىغا قومۇل شەھىرىدىن مەڭلىك ئۇستام (ماشىنىچى) بالا – چاقىسى بىلەن كۆچۈپ كېلىدۇ. بۇ كىشىنىڭ چوڭ ئايالى، كىچىك ئايالى دېگەن قىزلىرى بار ئىدى. چوڭ قىزى ياتلىق بولغان بولۇپ، ھەقىقىي ئىسمىنى بىلمەيتتۇق. بىزمۇ شۇنداق چوڭ ئايالى، كىچىك ئايالى دەپلا ئاتايتتۇق. قومۇلنىڭ ئادىتى بويىچە ئەركىلەتمە ئىسىملار كۆپ قويۇلىدۇ. ئىدرىس موللام بولسا مېنىڭ ئىككىنچى ئاچام خەلچىخاننىڭ يولدىشى ئىدى. سىدىق تۆەنجاڭ مەڭلىك ئۇستامنىڭ كىچىك ئايالى دېگەن قىزىنى چىقىمسىزلا ئېلىپ، ئىدرىس ئاكا، خەلچىخان ئاچاملارنىڭ ھۇجرىسىغا كۆچۈپ كىردى.

قۇربان لۈيجاڭ خەلقنىڭ قىيىنچىلىقىغا قارىماي، ئالۋان – سېلىق سېلىپ ئاشلىق ۋە ئاتلىرىغا بوغۇز، ئوت – سامانلارنى ئالدۇرۇپ ئوردا كارىزىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى توغراقلىق دېگەن تۈز سايدا زاپاس ساقلىغىلى تۇردى. ئاشۇ كۈنلەردە قومۇلدىن ما جۇڭيىڭ ۋە يولۋاسنىڭ قوشۇنلىرى، ما جۇڭيىڭنىڭ تۇرپاندىن كەلگەن بىر قىسىم قوشۇنلىرى كېلىپ بىرلىكتە سوقۇش قىلغۇدەك دېگەن خەۋەرلەر تارقالغىلى تۇردى. بۇنداق خەۋەرلەرنى كۈندە ئاڭلاۋېرىپ ئاچچىقى كەلگەن قۇربان لۈيجاڭ خەۋەر ئېلىپ كەلگۈچىلەرنى «سەنلەر بىزنى كەتسۇن، بۇ يەردە تۇرمىسۇن، بۇ يەردە تۇرسا ئوت – سامان، ئوتۇن، كۆمۈر، ئاشلىق بېرىڭلار دەپ ئالۋان سېلىپ ئارام بەرمەيدۇ دەپ، يالغان – ياۋىداق گەپلەرنى توشۇپ كېلىشتىڭ» دەپ تىللاپ، ئۇرۇپ ھەيدەۋەتتى. بىر كۈنى قۇربان لۈيجاڭ ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى قومۇلدىن يولغا چىقىپ تۇسقا[①]دىن ئۆتۈپ كېلىۋاتىدۇ دەپ خەۋەر ئېلىپ كەلگەن ئوسمان ئىسىملىك دېھقاننى تۇتتۇۋېلىپ «يالغان ئېيتىسىلەر» دەپ چوڭ كۆرەنىڭ دەرۋازىسىغا ئالىقان ۋە قۇلىقىدىن مىخلاپ قويىدى. بۇ ئەھۋالنى پۈتۈن ئاستانە خەلقى

① تۇسقا — قومۇل بىلەن سۇمقاغا ئارىلىقىدىكى پادىچىلار پادا سولايدىغان جاي.



كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. بىزمۇ باللار بىلەن ھەيران قېلىپ يۈگۈرۈپ باردۇق. شۇنىڭدىن كېيىن قومۇل يولى سۇمقاغا، تۇرپان يولى توغۇچى، ئاغوتۇن[①]، قۇمتوغراق تەرىپىدىكى چوڭ يوللارغا رازۋېدكىچلار قويۇلدى.

1933 – يىلى 11 – ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى تاڭ سەھەردە ئوردا كارىزى ئەتراپىدىن مىلتىق ۋە پىلىموتلارنىڭ قوماچ قورۇغاندەك ئاۋازى ئاڭلاندى. مەلۇم بولۇشىچە، ما جۇڭيىڭنىڭ ما لۈيجاڭ باشچىلىقىدىكى بىر لۈي ئاتلىق ئەسكىرى پىچاندىن كېلىپ لودۇڭ توغۇچى ۋە جىگدە ئارقىلىق تاللىق ئۇستىدىكى سايدىن ئۆتۈپ، كېچىسى ھېچقانداق ئادەمزات يوق يەرلەر بىلەن ئوردا كارىزىغا يېقىن بولغان ئېلىشا بەگنىڭ كارىزىغا كېلىۋالغان، ئاندىن شۇ كېچىسىلا مۇھەممەت سىدىق ئاغا دېگەن كىشىنى ئۆيىدىن ئويغىتىپ چىقىپ «قۇربان لۈيجاڭلار تۇرۇۋاتقان ئوردا كارىزىغا باشلاپ بارىسەن» دەپ زورلىغانىكەن. مۇھەممەت سىدىق ئاغا (ھازىر قومۇل ئاستانىدە بار) ئۇلارنى باشلاپ كېلىپ قۇربان لۈيجاڭلار تۇرۇۋاتقان چوڭ كۆرەنى كۆرسىتىپ قويۇپ قايتىپ كەتكەنىكەن. ما لۈيجاڭ ئەسكەرلىرى قۇربان لۈيجاڭ ۋە ياسىن لىيەنجاڭلار تۇرۇۋاتقان جايلارنىڭ ئەتراپىنى قاتتىق قورشاپ ھۇجۇم قىلىش بۇيرۇقى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ.

ما جۇڭيىڭنىڭ ما تۆەنجاڭ باشچىلىقىدىكى بىر تۆەن ئاتلىق ئەسكىرى قومۇل شەھىرىدىن كېلىپ ئۆز تەۋەسىدىكى قومۇللۇق يەرلىك خۇيزۇلارنىڭ يول باشلىشى بىلەن شۇ كېچىسى سۇمقاغىنىڭ ئۈستى، تۆگىقارنى كارىزىنىڭ ئايىغى، شوچى كارىزلىرىنى ئارىلاپ مېڭىپ، قۇربان لۈيجاڭنىڭ قول ئاستىدىكى سىدىق تۆەنجاڭ، ياسىن لىيەنجاڭلار تۇرغان كارىز ئەتراپىنى قورشاپ بولۇپ، ھۇجۇم بۇيرۇقىنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. قۇربان لۈيجاڭلار

① ئاغوتۇن — توغۇچىغا قاراشلىق بۇلاق، ئاستانىگە 11 — 12 كىلومېتىر كېلىدۇ.

بولسا خەلق ئېلىپ كەلگەن راست خەۋەرلەرگە ئىشەنمەي، پەقەت ئەتراپىغا پوست ۋە رازۋېدكىچىلارنى قويۇش بىلەنلا خاتىرجەم بوپتۇ.

تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەن، ما لۇيجاڭ ۋە ما تۇەنجاڭ قوشۇنلىرى ئىككى تەرەپتىن تۇيۇقسىز ھۇجۇم باشلاپ ئوردا كارىزىنىڭ ئاسمىنىنى مىلتىق ۋە پىلىموتلاردىن چىققان ئىس - تۈتەكلەرگە توشقۇزۇۋەتتى. ئۇلارنىڭ «سا، سا (قىر - چاپ)» دېگەن چۇقانلىرى ئوق ئاۋازلىرىغا قوشۇلۇپ ئاستانە خەلقىنى قاتتىق ۋەھىمىدە قالدۇردى. رامزان ئېيى بولغاچقا، زوھۇرلۇققا قوپقان بىچارە دېھقانلار يىغا - زار قىلغىنىچە تەرەپ - تەرەپلەرگە قاچقىلى تۇردى. قۇربان لۇيجاڭ نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قېلىپ، بىر تالمۇ ئوق چىقىرالمىدى. ئېتىنى مىنگەنلىرى ئاتلىق، ئېتىنى مىنەلمىگەنلىرى پىيادە تەرەپ - تەرەپلەرگە قاچتى. قۇربان لۇيجاڭ ئۆزى ئەسكەرلىرىنى تاشلاپ ئابدۇل ئىسىملىك ئوغلىنى ئېلىپ، ياسىن لىيەنجاڭنىڭ قېچىۋاتقان ئەسكەرلىرى بىلەن ئۆز يۇرتى تاراتى تېغىغا قاچتى. ئۇ ئوردا كارىزىنىڭ شىمالىدىكى توغراقلىقتا دۆۋىلەپ قويغان زاپاس ئاشلىق، بوغۇز، بېدە، سامانلىرىنىمۇ بىر تەرەپ قىلىشقا ئۈلگۈرەلمىدى. ما لۇيجاڭ ۋە ما تۇەنجاڭ قوشۇنلىرى ئاستانە خەلقىنىڭ ئۆيلىرىگە باستۇرۇپ كىرىپ، ئۇلارنىڭ ئات - قېچىرلىرىنى تارتىۋېلىپ، شۇ يەردىلا قۇيرۇقلىرىنى كەستى (ما جۇڭيىڭنىڭ ئاتلىق قوشۇنلىرى بەلگە سۈپىتىدە ئات قۇيرۇقىنى كالتە قىلىپ كېسەتتى). قۇربان لۇيجاڭ ئەسكەرلىرىنى ئۆرۈكلۈككىچە قوغلاپ باردى. ما لۇيجاڭ ۋە ما تۇەنجاڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئوردا كارىزىدا قالغانلىرى كارىز ئەتراپىدىكى مەھەللىلەرگە بېسىپ كىرىپ، دېھقانلارنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقلىرىنىڭ ھەممىسىنى بۇلاپ - تالاپ، ئۇنى دېھقانلارغا ئالۋان سېلىپ قومۇل شەھىرىگە توشۇتتى. ھەتتا «تاغ ئوغرىلىرىغا تۇرىدىغان



ئۆي، زاپاس ئاشلىق ۋە يەم - خەشەكلەرنى تەييارلاپ بېرىشسەن، بىزگە نېمىشقا بېرىشمەيسەن» دەپ دېھقانلارنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان جاپا - مۇشەققەت تارتىپ يىغقان ئۆي - سايمانلىرى ۋە نەرسە - كېرەكلىرىنىمۇ بۇلاپ - تالىدى. بۇ ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرىنىڭ قومۇل خەلقلىرىنى ئىككىنچى قېتىم بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشى ئىدى. خەلق مۇشۇ سورۇقچىلىقنىڭ دەردىدىن بىرنەچچە يىللارغىچە ئەسلىگە كېلەلمىدى.

قۇربان لۇيجاڭ شۇ قاچقانچە موڭغۇلىيىنىڭ چېگرىسىدىكى مىڭگاڭ تېغىغا بېرىۋالدى. ما لۇيجاڭ ۋە ما تۇەنجاڭلارنىڭ ئۇلارنى قوغلاپ ماڭغان ئەسكەرلىرى چېگرىغا يېقىن بېرىشقا پېتىنالماي، قومۇل شەھىرىگە قايتىپ كەلدى.

ئوردا كارىزىدا قالغان ئەسكەرلەرمۇ بىرەر ھەپتە تۇرۇپ قومۇل شەھىرىگە قايتتى. بىر ئايدىن كېيىن قۇربان لۇيجاڭ قالغان ئەسكەرلىرىنى باشلاپ مىڭگاڭدىن قالغايتىغا قايتىپ كەلدى. ما جۇڭيىڭ قوشۇنى 20 — 30 دەك كىشىنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىپ، ئۇلارنى قورال تاپشۇرۇپ تەسلىم بولۇشقا ئۈندىدى. قۇربان لۇيجاڭ قورالنىڭ بىر تېلىنىمۇ تاپشۇرمايمىز، قورالنىڭ ئىگىسى بار. تەسلىممۇ بولمايمىز دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ يېنىدىكى خوجامنىياز لىيەنجاڭ ۋە بىرقانچە ئەسكەر باشلىقلىرى: «بۇ ۋەكىللەر قورال سوراپ چىققان تۇرسا، بىرەر - يېرىم تال بەرمىسەك بولامدۇ؟ ئاز - تولا بېرەيلى» دەپ مەسلىھەت بەرگەندىن كېيىن، كونا، بۇزۇق مىلتىقلاردىن 10 — 15 تال بەردى. ۋەكىللەر مىلتىقلارنى ئېلىپ قومۇلغا قايتتى. قۇربان لۇيجاڭ ئۇلارنى يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن قوتازلىق[1] دېگەن تاغ ئېغىزىدا سىدىق تۇەنجاڭنى قالدۇرۇپ، ئۆزى قالغان ئەسكەرلىرىنى باشلاپ يۇرتى تاراتىغا قايتىپ كەلدى.

① قوتازلىق — تاراتى تېغىغا قاراشلىق تاغنىڭ ئاغزى.

ئەلچىلەر كېتىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن، ما لۇيجاڭ ئەۋەتكەن قوشۇن قالغايتىغا كېچىدە ھۇجۇم قىلدى. ئۇلار قالغايتىدا بىرمۇ ئەسكەرنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ، يەرلىك خەلقتىن قۇربان لۇيجاڭنىڭ تاراتىغا كەتكەنلىكىنى بىلدى. شۇ كۈنى قوتازلىققا بېرىپ ئەتراپلىرىغا قاراۋۇلمۇ قويماي بەخىرامان ئۇخلاۋاتقان سىدىق تۇەنجاڭنىڭ ئەسكەرلىرىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنى قىرىپ تاشلىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئۆلمەي قۇتۇلۇپ قالغان ياسىن لیەنجاڭ ئازغىنە ئەسكەر بىلەن قېچىپ تاراتى تېغىغا بېرىۋالدى. قۇربان لۇيجاڭ ما لۇيجاڭ قوشۇنلىرىنىڭ قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، تاراتىدىكى قالدۇق ئازغىنە ئەسكەرلىرى بىلەن تاغ ئارىسىغا ئىچكىرىلەپ قاچتى. ما لۇيجاڭ قوشۇنى ياسىن لیەنجاڭنى بىرنەچچە ئەسكەرلىرى بىلەن تۇتۇۋېلىپ ئۇلاردىن سىدىق تۇەنجاڭنىڭ ئاستانىدىكى خوتۇنىنىڭ قېشىغا كەتكەنلىكىنى ۋە باشقا ئەھۋاللارنى بىلىۋالغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بىرىنىمۇ قويماي قىلىچ بىلەن چېپىپ تاشلىدى. ياسىن لیەنجاڭنىڭ بېشىنى كېسىۋېلىپ ئات تورۋىسىغا سېلىپ قومۇلغا ئېلىپ كەلدى. ئۇلار قومۇل ئاستانىگە بارغاندىن كېيىن، سىدىق تۇەنجاڭنىڭ ئۆيىگە كېچىدە باستۇرۇپ كىرىپ ئۇنى تۇتۇۋالدى. ئاندىن كېيىن ئۇنى قومۇل شەھىرىگە ئېلىپ بېرىپ قىلىچ بىلەن بېشىنى كېسىۋېلىپ، ئىنىسى ياسىن لیەنجاڭنىڭ بېشى بىلەن بىللە قومۇل شەھىرىنىڭ دەرۋازىسىغا بىر ھەپتە ئېسىپ قويدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار قومۇل خەلقىنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇماقچى بولدى. ئەمما، ئۇلار بۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنىڭ خەلق ئالدىدا بۇلاڭچى، باندىت، كاللا كېسەر جاللات ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ نامايان قىلدى.

قۇربان لۇيجاڭ قوشۇنىنى قوغلاپ يوقىتىش ئۈچۈن قومۇلغا ئىككىنچى قېتىم باستۇرۇپ كەلگەن ما لۇيجاڭ قوشۇنى تۇرپانغا قايتىشىدا قومۇل شەھىرى ئەتراپلىرىدىكى خەلقنىڭ ئۆيلـ-



-رىگە باستۇرۇپ كىرىپ ئون ياشتىن يۇقىرى ئەرلەرنى ئەسكەرلىككە تۇتتى. ئەسكەرلىككە تۇتۇلغانلار ئارىسىدا ئاستانىدىكى ئاچامنىڭ ئېرى ئىدرىس موللا ئاكام، قارادۆۋىدىكى ئاپامنىڭ ئىنىسى مەمەتنىياز تاغام ھەم بىرنەچچە تۇغقانلار بار ئىدى. بۇ تۇتقۇنلۇقتىن مەنمۇ چەتتە قالالمىدىم. قومۇل ۋە ئاستانىدىكى مالىمانچىلىق ۋە قىرغىنچىلىقتىن قېچىپ، ئوقۇشۇمنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن توغۇچىدىكى تۇغقىنىمىز ھوشۇرئاخۇن ئىمامنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتاتتىم. قىش كۈنلىرى ئىدى. بىر كۈنى كېچىسى بىركىم ئىشىكنى تېپىپ ۋارقىراپ كەتتى. ھوشۇرئاخۇنۇمنىڭ ئايالى مارىخان قۇشناچىم دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، چىراغنى ياقتى. ھوشۇرئاخۇنۇم چىقىپ ئىشىكنى ئېچىشىغا ئىككى نەپەر ئەسكەر قوراللىرىنى تەڭلەپ ھوشۇر ئىمامنى ئۆيگە ھەيدەپ كىردى. مەن كىيىملىرىمنى كىيىۋاتاتتىم. ھەممىمىز بەك قورقۇپ كەتتۇق. ئۇلار «ئۆيدە قورال بارمۇ؟» دەپ ئۆينىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىنى قويماي ئاختۇرۇپ ھېچ نەرسە تاپالمىغاندىن كېيىن، ھوشۇرئاخۇنۇم بىلەن ئىككىمىزنى ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ ماڭدى. ئەسكەرلىككە تۇتۇلغانلارنىڭ ھەممىسىنى توغۇچى مەھەللىسىنىڭ چېتىدىكى موللا ئابدۇللامنىڭ چوڭ قورۇسىغا يىغقانىكەن. بىزنىمۇ شۇ يەرگە ئېلىپ باردى. بۇ قورۇنىڭ دەرۋازا ۋە ئۆگزىلىرىنىڭ ھەممە يېرىگە قاراۋۇللار قويۇلغان بولۇپ، ھېچقانداق يەردىن چىقىپ كەتكىلى بولمايتتى. بىر ـ بىرىمىز بىلەن گەپلەشكىلىمۇ قويمايتتى. يېڭى ئەسكەرلىككە توغۇچىنىڭ ئۆزىدىلا 200دىن ئارتۇق كىشى تۇتۇلدى. كېيىن بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئون ياشتىن كىچىكلەرنى قويۇپ بەرگەندە مېنىڭ توغۇچىدىكى كىچىك دادام ھەسەنئاخۇنۇم مېنى ۋە قومۇلدىكى يۇنۇسئاخۇنۇمنىڭ ئوغلى ئەمەت قارىنى ھەربىي باشلىقلاردىن سوراپ بوشىتىۋالدى.

قومۇل بويىچە ئەسكەرلىككە تۇتۇلغان 1600 كىشىنى (شۇ

ۋاقىتتىكى تىزىملىك) توغۇچىدىكى بىرنەچچە چوڭ قورۇغا تۇپلىغاندى. ما لۇيجاڭ قوشۇنى بۇ يېڭى ئەسكەرلەرنى بويىغا قاراپ تىزىلدۇرۇپ، ھەر يەتتە ـ سەككىز كىشىگە بىردىن قوراللىق بەنجاڭ، ھەر 20 كىشىگە ئاتلىق پەيجاڭ تەيىنلەپ، ئۇلارنىڭ ئالدى ـ كەينى ۋە يېنىغا قوراللىق ئاتلىق ئەسكەرلەرنى قويۇپ، خۇددى ئۇرۇش ئەسىرلىرىنى ئېلىپ ماڭغاندەك تۇرپان تەرەپكە يالاپ ئېلىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ قوۋم ـ قېرىنداشلىرى ئۇلارنى توغۇچىنىڭ غەربىدىكى چوقاي داۋىنىغىچە ئۇزىتىپ باردى.

بۇ تۇتقۇنلارنى كېچە ـ كۈندۈز توختىماستىن ماڭدۇرغاننىڭ ئۈستىگە يول بويى ھاقارەتلەپ ۋە كالتەكلەپ خورلىغاچقا، تۇرپانغا يېتىپ بارغۇچە بىرقانچە ئونى يولدا ئۆلگەن. ئۇلار بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ ئۆلۈكلىرى چۆل ـ جەزىرىلەردە يىرتقۇچ ھايۋانلارغا يەم بولۇپ كەتكەن. تۇتقۇنلار ئەڭ ئاخىردا يەتتەقۇدۇققا يېتىپ بارغاندا، مەڭلىكئاخۇن دېگەن تۇرپانلىق دېھقان تەرەتكە ئىشلىتىش ئۈچۈن بىر ئەسكى تامدىن چالما كولاۋاتسا، قوراللىق نازارەتچىلەر ئۇنى: «سەن تامنى تېشىپ قاچماقچى بولدۇڭ» دەپ باشلىقنىڭ ئالدىغا ھەيدەپ ئېلىپ ماڭغان. ھەربىي باشلىق ھەممە ئەسكەرلەرنى يىغىپ مەڭلىكئاخۇننى ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقىپ ئېتىشقا بۇيرۇغان. بۇ بىچارە: «مەن قېچىشنى ئويلىمىدىم، تامدىن چالما ئىزدىدىم، مەن گۇناھسىز» دەپ يالۋۇرسىمۇ ئۇنى ئۇرۇپ ئېتىشقا سۆرەپ ماڭغان. سەپكە تىزىلىپ تۇرغان تۇتقۇنلار تەڭلا «بوگو (دوكلات)» دەپ ۋارقىراپ ئۇنى ئاتمىسا، خىزمەت كۆرسىتىپ گۇناھىنى يۇيۇشقا رۇخسەت قىلسا، دەپ تەلەپ قىلىپ، قايتا ـ قايتا تەزىم قىلىپ تۇرسىمۇ يەنىلا ئاتماقچى بولغان. ئەڭ ئاخىردا تۇتقۇنلارنىڭ «ئۇنىڭ قاچماسلىقىغا بىز كېپىل» دېگەن سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىنلا ئاتماسلىققا ماقۇل بولغان. ئۇلار تۇتقۇنلارنىڭ بىر ـ بىرىگە كېپىل بولۇشىنى مۇھىم بىلەتتى. چۈنكى بۇنىڭ بىلەن



بىر قاچقۇننىڭ تەقدىرىنى بىر ـ بىرىگە باغلىغىلى بولاتتى. لېكىن، مەڭلىكئاخۇن تاياق زەربىسىدىن ئىككى كۈن ئۆتمەيلا ئۆلۈپ كەتكەن. ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى كۆمۈشكىمۇ رۇخسەت قىلماي يول بويىغا تاشلاپ قويغان. جاللات ما لۇيجاڭ قوشۇنى پىچاننىڭ چىقتىم يېزىسىغا بارغاندا، تۇتقۇنلارنى تۆت قاتاردىن تىزىپ، بىرىنىڭ بىلىكىنى يەنە بىرىنىڭ بىلىكىگە چېتىپ ئېلىپ ماڭغان. تۇرپانغا بارغاندا، ئۇلارنى ما جۇڭيىڭنىڭ تۇرپاندىكى قوشۇنلىرىغا ئارىلاشتۇرۇپ، ئۆلگەنلەرنىڭ كونا كىيىملىرى، كونا مىلتىق، قىلىچ، نەيزىلىرى بىلەن قوراللاندۇرۇپ، داۋانچىڭ ۋە ئۈرۈمچى ئەتراپلىرىدىكى شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بىلەن قىلغان ئۇرۇشلارغا سېلىپ، تانكا، زەمبىرەك ئوقلىرىغا يەم قىلىپ بەرگەن.

## ما جۇڭيىڭنىڭ شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بىلەن ئۈچىنچى قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزۈشى

ما جۇڭيىڭ تۇرپاندا يەنە ئۇرۇشقاندىن كېيىن، شېڭ شىسەينى سىناپ بېقىش ئۈچۈن بىر تەرەپتىن، ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلىپ بېسىم ئىشلەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن، جاڭ شياۋۋۇ باشلىق ئۈچ كىشىنى ئۈرۈمچىگە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىمۇ ۋۇ شياۋشۇن، لەن تىڭشۇ دېگەن ئىككى ئادەمنى ما جۇڭيىڭ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە ئۇرۇنلاشتۇردى. شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى دەسلەپكى سۆھبەتتە ما جۇڭيىڭغا قومۇل ۋە باركۆل تەرەپلەرگە چېكىنىپ، «باندىتلارنى تازىلاش» بىلەن شەرق يولىنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاش تەكلىپىنى بەردى ھەم ھۆكۈمەت مالىيىسىدىن كۈمۈش پۇل ۋە باشقا ماددىي نەرسىلەرنى سوۋغا قىلدى. بۇ قېتىمقى سۆھبەتتىن نەتىجە چىقمىغاندىن كېيىن، ما جۇڭيىڭ «تىنچلىق سۆھبىتى» ئۆتكۈزۈش

ئۇچۇن، ئۆز ئەلچىلىرىنى ئۈرۈمچىگە يەنە ئەۋەتتى. لېكىن،
شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بۇ قېتىم ما جۇڭيىڭنىڭ تەلىپىنى
ئويلاشمايلا ۋۇ شياۋشۇن، لەن تىڭشۇلارنى ما جۇڭيىڭنىڭ ئەل ـ
چىلىرىگە قوشۇپ تۇرپانغا ئەۋەتتى. شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى:
«ما جۇڭيىڭ تۇرپاننى بوشىتىپ، قومۇل، باركۆل تەرەپلەرگە
چېكىنسۇن، شۇنداق قىلسا، ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرىنىڭ تەمىنا ـ
تى ئۆلكە تەرەپتىن بېرىلىدۇ. ما جۇڭيىڭ ئەلچىلەر بىلەن بىل ـ
لە ئۈرۈمچىگە كەلسۇن» دېگەن تەكلىپنى بەردى. ما جۇڭيىڭ
ئۆز قوشۇنلىرىنى تۇرپاندىن قومۇلغا ماڭدۇرۇپ ئۆزى ئۈرۈمچى ـ
گە بارسا، شېڭ شىسەينىڭ ئالدىدىن تىرىك قايتالمايدىغانلىقىنى
بىلەتتى. شۇڭا، ئۇ شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىپلىرىگە
«ماقۇل» دەپ قويۇپ، ئەمەلىيەتتە تۇرپاندىن قوزغالماي، ئۈرۈم ـ
چىنى ئۇرۇش بىلەن ئېلىش پىلانىدا چىڭ تۇردى. ۋاقىتنى سو ـ
زۇش ئۈچۈن ئەلچىلەرنى ئۈرۈمچىگە يەنە ماڭدۇردى. شۇنداق
قىلىپ، بۇ ئىككى تەرەپ ئەلچىلىرى ئىككى ئوتتۇرىدا مېڭىپ
تۇردى. شېڭ شىسەي بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۈرۈمچىنىڭ
مۇداپىئەسىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. ئاخىر بېرىپ ما جۇڭيىڭنىڭ
ئەلچىلىرىنى قولغا ئېلىپ بېسىقتۇردى. ما جۇڭيىڭ تېخىمۇ
غەزەپلىنىپ: «جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ باش قوماندانلىقىنى قىلمى ـ
غان ئادەم قومۇل، باركۆلدەك كىچىككىنە يەرنىڭ مۇداپىئە قو ـ
ماندانلىقىنى قىلىمەنمۇ» دەپ ھەممە قوشۇنلىرىنى سەپەرۋەر
قىلدى. ئۇلارغا قومۇل، تۇرپان، پىچان، توقسۇنلاردىن تۇتقۇن
قىلىنغان يېڭى ئەسكەرلەرنى قوشۇپ، پىچاننى ئىستراتېگىيە ـ
لىك مۇھىم بازا قىلىپ تاللىۋېلىپ، ئۈرۈمچىگە يۈرۈش قىلدى.
ئۇنىڭ قوشۇنى داۋانچىڭدىن ئۆتۈپ، ئۈرۈمچىگە 18 كىلومېتىر
كېلىدىغان چىغدەن (جىجىسوزا) دېگەن يەرگە كەلگەندە شېڭ
شىسەينىڭ مۇداپىئەدە تۇرغان قوشۇنى بىلەن قاتتىق ئۇرۇشتى.
بۇ ئۇرۇشتا شېڭ شىسەينىڭ قوشۇنى بەرداشلىق بېرەلمەي، ئۈ ـ



رۈمچىگە چېكىنىپ مۇداپىئە قۇردى. ما جۇڭيىڭنىڭ قوشۇنلىرى
غەلىبىسىرى ئىلگىرىلەپ پۈتۈن ئۈرۈمچىنى مۇھاسىرىگە ئال ـ
دى. ئىككى تەرەپ بىر ئايدەك قاتتىق تىركەشتى. ئۇلارغا ۋە
ئۇلارنىڭ ئات ـ ئۇلاغلىرىغا كېرەكلىك يېمەك ـ ئىچمەك، ئوت ـ
بوغۇز ھەتتا قالايدىغان ئوتۇنلىرىنى تۇرپان، پىچان، توقسۇن
دېھقانلىرىغا ئالۋان سېلىپ ئەكەلدۇردى. نان يېقىپ يەتكۈزۈپ
بېرىشنى ھەممە ئائىلىلەرگە نورما قىلىپ بەلگىلەپ بەردى.
ياشلارنىڭ ھەممىسى ئەسكەرلىككە تۇتقۇن قىلىنىپ كەتكەچكە،
ئالۋان سېلىنغان بۇ نەرسىلەرنى بوۋاي، مومايلار ما جۇڭيىڭنىڭ
ئەسكەرلىرىنىڭ نازارىتى ئاستىدا ئېشەك، تۆگە، هارۋىلار بىلەن
ئۈرۈمچىگە توشۇدى. يولدا ئىتتىك ماڭالمىغانلارنى ما جۇڭيىڭ
ئەسكەرلىرى ئۇرۇپ تىللىدى. ھەتتا قارشىلىق قىلدىڭ دېگەن
باھانە بىلەن ئېتىپ تاشلىدى. ما جۇڭيىڭنىڭ بۇ قاتمۇقات
زۇلمى ئاستىدا يەر، ئات ـ ئۇلاغلاردىن ئايرىلغان بۇ ئۈچ ناھىيە
دېھقانلىرى جىق سورۇقچىلىق تارتتى. ئۈچ ناھىيىدىن ئۈرۈم ـ
چىگە مىڭبىر جاپادا توشۇپ كېلىنگەن نانلار ما جۇڭيىڭنىڭ
ئەسكەرلىرىگە تەقسىم قىلىپ بېرىلسە، ئەسكەرلەر بۇ نانلارنى
يېگىنىچە يەپ، قالغىنىنى ئاكوپ ئىچىگە تاشلاۋەرگەن (ئېيـ ـ
تىشلارغا قارىغاندا، ما جۇڭيىڭ قوشۇنى ئۈرۈمچىدىن چېكىن ـ
گەندىن كېيىن، ئۈرۈمچى خەلقى ئاشۇ ئاكوپلاردىن بىر ئايغىچە
نان توشۇغان).
ئۈرۈمچى شەھىرى ئەتراپلىرىدىكى ئۇرۇشلاردا، شېڭ شىسەي
قوشۇنى ما جۇڭيىڭ قوشۇنىغا كۈچى يەتمىگەچكە، شېڭ شىسەي
ھۆكۈمىتى سوۋېت ھۆكۈمىتىدىن ياردەم سورىدى. سوۋېت ھۆ ـ
كۈمىتى ئەۋەتكەن بىر بۆلۈك قىزىل ئارمىيە قىسمى «تارباغاتا ـ
يىسكى» دېگەن نام بىلەن چۆچەك ۋە شىخو ئارقىلىق ئۈرۈمچى ـ
گە كېلىپ ما جۇڭيىڭ قوشۇنىغا ئايروپىلان، تانكا، زەمبىرەك ـ
لەردىن ئوق ياغدۇرۇپ، ئۇلارنى قاتتىق چىقىمغا ئۇچراتتى. ما

جۇڭيىڭ قوشۇنى يېڭىلىپ، 1933 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى ئۈرۈمچىدىن چېكىندى. بۇنىڭ بىلەن شېڭ شىسەي قوشۇنى ئايروپىلان، تانكىلارغا ماسلىشىپ، ما جۇڭيىڭ قوشۇنىنى داۋانچىڭدىن سۈرۈپ، توقسۇن ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭغا قوغلىدى. ما جۇڭيىڭنىڭ مۇھىم ھەربىي باشلىقلىرىدىن ما خۇسەن ياردار بولدى. قۇمۇل، تۇرپان، توقسۇن ۋە پىچانلاردىن تۇتۇلغان يېڭى ئەسكەرلەرنىڭ تىرىك قالغانلىرى ھەر تەرەپكە قېچىپ كەتتى. جۈملىدىن ئاچامنىڭ يولدىشى ئىدرىس موللام ۋە مەمەتنىياز تاغام ھەم دۆۋەجىنلىك ئىسھاقمۇ 1934 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى قۇمۇلغا ساق ـ سالامەت قايتىپ كەلدى (ھازىر ھايات بار).

سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى بىلەن شېڭ شىسەينىڭ قوشۇنلىرى ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرىنى داۋانچىڭ ۋە توقسۇنلاردىن جەنۇبىي شىنجاڭ تەرەپكە قوغلاش جەريانىدا نۇرغۇن خۇيزۇ، خەنزۇ ئەسكەرلەرنى ئەسىرگە ئالدى. نۇرغۇن قورال ـ ياراغ، ئوق، ئات ـ ئۇلاغلارنى ئولجا ئالدى. ما جۇڭيىڭنىڭ ئۆزىمۇ ئەسىرگە چۈشۈپ قالغىلى تاس قالدى. ئۇنىڭ ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى ئىككىنچى قېتىملىق پىلانى ئەنە شۇنداق ئوزۇل ـ كېسىل مەغلۇپ بولۇپ، ئازغىنە قوشۇن بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭغا قېچىپ كەتتى.



# ئۈچىنچى باب

## ئاقسۇدىن قەشقەرگە سەپەر

خوجىنىياز ھاجى بىر قىسىم قوشۇن بىلەن ئاقسۇدا قالدى. مەھمۇت شىجاڭ ئىككىنچى قېتىم ئاقسۇغا بارغان ما جۇڭيىڭ قىسىملىرىنى قوغلاپ، قاراشەھەرگە كىرگۈزۈۋەتكەن، قۇربان لۈيجاڭ قىسىملىرىنى باشلاپ قۇمۇلغا كەتكەن، مەھمۇت شىجاڭ قوشۇنىنى باشلاپ ئاقسۇغا قايتىپ كېلىپ، خوجىنىياز ھاجىغا قوشۇلۇپ تۇرغان كۈنلەردە سوۋېت ھۆكۈمىتىدىن ئۈچتۇرپان ئارقىلىق قاراقول[1]دىن خوجىنىياز ھاجىلارغا نۇرغۇن قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورىلار كەلدى. قورال ـ ياراغلار ئاقسۇ يېڭى شەھەر ۋالىي مەھكىمىسىگە چۈشۈرۈلدى. ساندۇقلارنىڭ ئىچىدە يېڭى بەشئاتار مىلتىق، ئوفىتسېرلار ئۈچۈن يان قورال ۋە قول پىلىموت، ھەتتا چاقلىق پىلىموتلارمۇ بار ئىدى. مەزكۇر قوراللارنى خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت شىجاڭ ئۆز قوشۇنلىرىغا تەقسىم قىلىپ بەرگەننىڭ سىرتىدا يەرلىك پارتىزانلارغىمۇ بەردى (قورال ئېلىپ كەلگەن كارۋانلار باشلىقى مۇسۇر ئاكا ھازىر خېجىڭدا بار).

خوجىنىياز ھاجى ۋە مەھمۇت شىجاڭلار ئاقسۇدا بىرەر ئاي دەم ئالغاندىن كېيىن، ئەسكەرلەرنى باشلاپ ئۈچتۇرپانغا باردى. ئۈچتۇرپاندا موسۇل ھاجى ۋە ھەمدۇللا ئاخۇنۇم باشلىق بىرقاز-

[1] قاراقول — قىرغىزىستاندىكى يەرنىڭ ئىسمى.

چە كىشىلەرنى يىغىپ، قالغان چارۋا ماللارغا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قورال ـ ياراغ تېگىشىپ كېلىشكە ئەۋەتتى.

ئەنە شۇنداق كۈنلەردە قەشقەردە ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرغان سابىت داموللا باشلىق كىشىلەر خوجىنىياز ھاجىنى باش قىلىپ شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتىگە قارشى ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا خوجىنىياز ھاجىدىن يولىيورۇق سوراش ئۈچۈن مەخمۇت نەدەمبەگ ئەپەندى باشلىق بىرقانچە كىشىنى ئۈچتۇرپانغا ئەۋەتتى. خوجىنىياز ھاجى بۇ ۋەكىللەر بىلەن كۆرۈشۈپ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، قەشقەردە قۇرۇلغان ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نى قوبۇل قىلمايدۇ ۋە دەرھال سەپەرگە ئاتلىنىپ تاغ يولى بىلەن قاقشال ئارقىلىق قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. قاقشال ئېگىز داۋان بولۇپ، ئۇ يەردە قۇلبەگ دېگەن قىرغىزنىڭ باشچىلىقىدا بىرقانچە قوراللىق كىشىلەر بار ئىكەن. بۇ قىرغىزلارنىڭ باندىتلىق خاراكتېرىنى ئالغان ھەرىكەتلىرى بولغاچقا، كۆرۈنۈشتە خوجىنىياز ھاجىلارنى قارشى ئالغاندەك قىلىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسىگە تايىنىپ، خوجىنىياز ھاجىلارنىڭ قورال ـ ياراغ ۋە باشقا مال ـ مۈلۈكلەر ئارتىلغان كارۋانلىرىنى بۇلاشقا ھەرىكەت قىلىدۇ. خوجىنىياز ھاجىلارنىڭ قوشۇنى بۇ ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇلارنى تېزدىن تارمار قىلىپ، يول يۈرۈشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئۇلار تاغ ـ داۋانلاردا بىرقانچە كۈن يول يۈرۈپ، ئاتۇشنىڭ سۇنتاغ يېزىسىغا بېرىپ يۇسۇپ ھاجى، ئەمەتقۇل ھاجى دېگەن مۆتىۋەر كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە چۈشىدۇ. خوجىنىياز ھاجى ۋە مەھمۇت شىجاڭلار ئاتۇشتا بىر ھەپتە تۇرغاندىن كېيىن، بىر قىسىم قوشۇنلىرى بىلەن قەشقەرگە كىرىدۇ. ئۇلارنى قەشقەردە مۆتىۋەر كىشىلەر، ئاخۇن ۋە ئۆلىمالار، خەلق ئاممىسى ناغرا ـ سۇناي ۋە ئۇسسۇللار بىلەن داغدۇغىلىق قارشى ئالىدۇ.



خوجىنىياز ھاجى ۋە مەھمۇت شىجاڭلار قەشقەرگە كىرگەندە، قەشقەر يېڭىشەھەردە قاتتىق جەڭ بولۇۋاتقانىدى. قەشقەر كونىشەھەردە خوجىنىياز ھاجى، مەھمۇت شىجاڭ قوشۇنلىرى، يېڭى شەھەردە بولسا ما جۇڭيىڭ ئالدىن ئەۋەتكەن بىر قىسىم قوشۇنى بىلەن سېپىل ئىچىگە كىرىۋالغان ما زىخۇي (ما تىتەينىڭ تۇغقىنى) قوماندانلىقىدىكى بىر قىسىم قالدۇق قوشۇن بار ئىدى. رامزان ئايلىرى ئىدى. قەشقەر يېڭىشەھەر بىرەر ئايدەك مۇھاسىرىدە قالغان، كېچە ـ كۈندۈز قاتتىق جەڭ بولۇۋاتقان كۈنلەردە يېڭىشەھەردىكى ما زىخۇي قوشۇنى قورال تاپشۇرماقچى بولدى. ئەمەلىيەتتە ئۇلار قورال تاپشۇرۇش ۋاقتىنى «بۈگۈن، ئەتە» دەپ كەينىگە سۈرۈپ، سېپىل تېگىدىكى سۈڭگۈچلەردىن ئىشپىيونلىرىنى سىرتقا چىقىرىپ، ئەھۋال ئىگىلەپ تۇردى. بۇ ئىشپىيونلارنىڭ بەزىلىرى خوجىنىياز ھاجىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ جازالىنىپمۇ تۇراتتى. قەشقەر يېڭىشەھەردىكى مەھمۇت قاسساپ كونىشەھەردىكى خوجىنىياز ھاجى قوشۇنىنىڭ سانى ۋە نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ كېلىشكە ئەۋەتىلگەندە، يولدا تۇتۇلۇپ قالدى. ئۇ سوراق قىلىنغاندا: «مەن يېڭىشەھەردە قاسساپلىق قىلىمەن. كونىشەھەردە خوتۇن ـ بالىلىرىم بار. شۇلارنى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن ماڭغان» دەپ يالغان ئېيتقان. سوراقچىلار ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ، يېڭىشەھەر قاتتىق مۇھاسىرە ئىچىدە تۇرسا، بۇ ئادەم سېپىلدىن قانداق قېچىپ چىقالايدۇ؟ دېگەن مەسىلىنى خىيالىغا كەلتۈرمەي ئەھۋالنى قوماندان مەخمۇت قارىيغا مەلۇم قىلغان، مەھمۇت قارىي خوجىنىياز ھاجىنىڭ كوماندىرلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ كىشى ئوقۇمۇشلۇق، ئىلغار كىشى بولغاچقا، ۋەزىپىسى بىر تۇەننىڭ باشلىقى بولسىمۇ، لېكىن قوشۇندىكىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ كىشىنىڭ گېپىگە كىرەتتى. بۇ ئادەم بەكمۇ ساددا ۋە رەھىمدىل ئادەم بولغاچقا، ئۇنىڭغا ئۇۋال قىلمايلى دەپ، ئىشپىيون مەھمۇت

قاسساپنى قويۇۋەتكەن. ھىيلىگەر ئىشپىيون مەھمۇت قاسساپ
كونىشەھەرگە كىرىپ، ئاقسۇدىكى ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرىنىڭ
خوجىنىياز ھاجى ۋە مەھمۇت شىجاڭنىڭ قوشۇنلىرى ئارقىسىد-
دىن سوقۇشۇپ قەشقەرگە كېلىۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ كەيند-
دىن سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى،
خوجىنىياز ھاجى ۋە مەھمۇت شىجاڭلارنىڭ كونىشەھەردە ئۇ-
رۇشقا تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىۋېلىپ، ما زىخۇينىڭ
قوشۇنىغا خەۋەر يەتكۈزگەن. ما زىخۇي بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن
كېيىن خۇددى گۆھەر تېپىۋالغاندەك خۇش بولۇپ، قورال تاپ-
شۇرۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، تېخىمۇ قاتتىق تۇرۇپ ئۇرۇشىدىغان،
ھەتتا پات ـ پات سېپىل تېشىغا چىقىپ ئۇرۇشىدىغان بولۇپ
كەتتى.

يېڭىشەھەر ئەتراپىدا قاتتىق سوقۇش بولۇۋاتقاندا، ئالدىغا
كېتىۋاتقان قوماندان مەخمۇت قارىينى ئىشپىيونلار ئېتىپ، قان
تومۇرىنى ئۈزۈۋەتكەن. ئۇنىڭدىن قان كۆپ چىقىپ كېتىپ،
قانسىراپ قالغان. مەخمۇت قارىينى قېيناتىسى ئاقمۇللام باشلىق
بىرنەچچە كىشى قەشقەر كونىشەھەر قۇم دەرۋازىسىدىكى شىۋېت
دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ بارغان. ئاقمۇللامنىڭ مىنگەن ئېتى
يوغان، چىرايلىق، كېلىشكەن بەدەخشان ئارغىمىقى بولغاچقا،
دوختۇرلارنىڭ كۆزى چۈشۈپ قېلىپ، دوختۇرخانىنىڭ توختى
كەنجى ئىسىملىك تەرجىمانى ئارقىلىق: «بىز پوچتىغا قوشىد-
غان مۇشۇنداق ياخشى ئات تاپالماي يۈرەتتۇق، مۇشۇ ئاتنى بىز-
گە بەرسەڭلار» دەيدۇ. ئاقمۇللام مەخمۇت قارىينى قۇتۇلدۇرۇش-
نىڭ غېمىدە ئاتنى دەرھال بېرىدۇ. دوختۇرلار مەخمۇت قارىينى
دوختۇرخانىنىڭ پۈتمىگەن مۇنچا ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ ئۇنىڭ
قېنىنى تەسلىكتە توختىتىدۇ. ئاقمۇللام دوختۇرخانا خالىتىدىن
بىرنى كىيىپ كېسەلگە قارايدۇ.

خوجىنىياز ھاجى ۋە مەھمۇت شىجاڭلار ما جۇڭيىڭ قوشۇن-



لىرىنىڭ ئاقسۇ تەرەپتىن قېچىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ:
«قەشقەر ئاھالىسى زىچ ئولتۇراقلاشقان چوڭ شەھەر ئىكەن، بىز
بۇ شەھەردە تۇرۇپ ئۇرۇشساق، بىگۇناھ خەلق قىرىلىپ كېتىد-
دۇ. بىز ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرى بىلەن كەڭتاشا داللاردا سو-
قۇشايلى» دەپ يېڭىسار تەرەپكە كېتىپ قالىدۇ. ئەتىسى تاڭ
سەھەردە دەھشەتلىك مىلتىق، پىلىموت ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ،
قاتتىق مالىمانچىلىق پەيدا بولىدۇ. شەھەر ئاھالىسى قىيا ـ
چىيا قىلىشىپ، قاتتىق ۋەھىمە ئىچىدە قالىدۇ. ئارىلاپ ـ ئا-
رىلاپ: «شا، شا» دېگەن دەھشەتلىك ۋارقىراشلار ئاڭلىنىپ تۇ-
رىدۇ. ئۇلار ئۆي ـ ئۆيلەرنىڭ ئىشىك ـ دېرىزىلىرىنى تېپىپ
ئېچىپ، ئۆيلەرنى ئاختۇرۇپ، بىگۇناھ ئادەملەرنى قىرىپ تاشلاي-
دۇ. دوختۇرخانا خادىملىرى قورقۇنچلۇق ئەھۋاللارنى كۆرۈپ خا-
تىرجەم بولالماي، دوختۇرخانىنىڭ ھېلىقى تەرجىمانى ئارقىلىق
ئاقمۇللامغا: «بۇ كىشى چوڭ قوماندان ئىكەن. ما جۇڭيىڭ ئەس-
كەرلىرى بىلىپ قالسا، نېمە ئۈچۈن ساقلىدىڭ دەپ بىزنى ئې-
تىپ تاشلايدۇ. ئۇلار بەك ئەسكى، قارام، تولىمۇ ۋەھشىي. بىز-
نىڭ خوتۇن ـ بالىلىرىمىز بار. ھەر ئىش بولسا، سىرتتا بول-
سۇن، شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ قوماندانىنى ئۆزۈڭلار بىر يەرگە ئاپىد-
رىپ ئورۇنلاشتۇرساڭلار» دەيدۇ. ئاقمۇللام بۇ ئەھۋالنى مەخمۇت
قارىيغا ئېيتىدۇ. مەخمۇت قارىي بىرئاز ئويلانغاندىن كېيىن:
«ئۇنداق بولسا بىز لايتاشتەك مەدرىسىسىدىكى ئابدۇكېرىم خەل-
پىتىمنىڭ ھۇجرىسىغا بارايلى. باشقا يەرگە بارالمايمەن، ئەھۋا-
لىم ئېغىر» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاقمۇللام مەخمۇت قارىينى
شىۋېت دوختۇرخانىسىنىڭ بىر پوچتا ھارۋىسىغا سېلىپ، ئۈس-
تىگە ئاق خالات ياپىدۇ. تەرجىمان مەھمۇتئاخۇن بىللە
ئۆزلىرىمۇ ئاق خالات كىيىپ، پوچتا ھارۋىسىنىڭ ئارقىسىدىن
مېڭىپ، تەسلىكتە لايتاشتەك مەدرىسىسىگە ئېلىپ بارىدۇ.
بەختكە يارىشا ئابدۇكېرىم خەلپىتىم ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىدا بار

ئىكەن. ئۇنىڭ ھۇجرىسى بىرلا كىشىلىك بولۇپ، ئۇلار كېسەل-
نى ياتقۇزۇپ، بىرى بېشىدا، بىرى ئايىغىدا قىستىلىپ ئارانلا
ئولتۇرىدۇ. ئابدۇكېرىم خەلپىتىم شەھەردە ئۈچ كېچە - كۈندۈز
دەھشەتلىك داۋام قىلغان قىرغىنچىلىقنى كۆرگەندىن كېيىن
بەك قورقۇپ كەتكەنىكەن. لېكىن، تۇغقان بولغانلىقى ئۈچۈن
ئىلاجسىز ماقۇل بوپتۇ. ئاقموللام مەخمۇت قارىينىڭ ھەربىي
كىيىملىرىنى ھۇجرىنىڭ مورىسىغا تىقىپ قويۇپ، مەخمۇت قا-
رىيغا بىرقۇر يالاڭ كىيىم كىيگۈزۈپتۇ. ئاقموللام ئۆزى ئابدۇ-
كېرىم خەلپىتىمنىڭ ئالدى ئۇچۇق پەرىجىسىنى، مەخسۇمچە
تۇماق ۋە مەسە - كالاچلىرىنى كىيىپ قولتۇقىغا كىتابتىن
بىرنى قىستۇرۇپ، تالىپ قىياپىتىگە كىرىۋاپتۇ. مەخمۇت قارىي
دوختۇرخانىدىن يۆتكەلگەندە، جاراھەت ئاغزى يېرىلىپ كېتىپ،
قان كۆپ چىقىپ كەتكەچكە، يەنە ھوشسىزلىنىپ قاپتۇ. ئۇلار
شەھەر ئىچىدە نېمە بولۇۋاتقانلىقىنى بىلەلمەپتۇ، پەقەت مىل-
تىق، پىلىموتلارنىڭ قوماچ قورۇغاندەك ئېتىلغان ئاۋازىنى، بە-
زىدە قول بومبىسىنىڭ پارتلىغان ئاۋازىنىلا ئاڭلاپ تۇرۇپتۇ. بۇ
مەدرىسىدە بىرنەچچە تالىپتىن باشقا غەيرىي ئادەم يوق ئىكەن.
لېكىن، ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۈچ - تۆت نەپەر قوراللىق قىر-
غىز مەدرىسىگە كىرىپ: «ئاقموللا دېگىنىڭ قايسىڭ؟» دەپ
سوراپتۇ. ئاقموللا ئالدىغا چىقىپ، نېمە دېيىشنى بىلەلمەي تۇر-
غاندا، «ئاكاڭ قېنى؟» دەپ ئۇنى ئۇرۇپ كېتىپتۇ، ئاندىن ھۇج-
رىنىڭ قۇلۇپىنى چېقىپ كىرىپ، قانغا مىلىنىپ ياتقان مەخمۇت
قارىينىڭ قولىدىن تارتىپ سۆرەپتۇ. ئۇلار قوراللىق قىرغىزلار
ئىكەن. مەخمۇت قارىينىڭ بەدىنىدىن چىققان قان كۆرپىگە چاپ-
لىشىپ كەتكەنلىكتىن ئۇنى ئېلىپ مېڭىشقا ئىلاج قىلالماي،
ھۇجرىنىڭ بۇلۇڭىدىكى ئابدۇكېرىم خەلپىتىمنىڭ ساندۇقىنى
چېقىپ، ئۇ كىشىنىڭ ھەرەمگە بېرىش ئۈچۈن ئۆمۈر بويى يىـ-
غىپ توپلىغان تىللا، ئالتۇن - كۈمۈش ۋە ئاق تەڭگىلىرىنى



ئېلىۋاپتۇ. بىچارە خەلپىتىم زار - زار قاقشاپ يالۋۇرسىمۇ،
ئۇلارغا پىسەنت قىلماي، «ئاتمەن» دەپ قورقۇتۇپ ئاقموللىنى
ئالدىغا سېلىپ ئېلىپ مېڭىپتۇ.
ئاقموللام شۇ چاغدىكى ئەھۋاللارنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ:
ئۇلار مېنى پىچاق بازىرىدىكى ئىككى قەۋەتلىك سارايغا ئېلىپ
بېرىپ، سارايىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدىكى يا سىلىڭ دېگەننىڭ
ئالدىغا ئەكىردى. ئۇ، شىجاڭ ئىكەن. ئۇ مېنى بىر خۇيزۇ ئەس-
كەرگە تاپشۇرۇپ بەردى. ئەسكەر مېنى پەسكە ئېلىپ چۈشۈپ،
بېدە توغرايدىغان ئۆيگە سولاپ قويدى. مەخمۇت قارىي نېمە بو-
لۇۋاتقاندۇر، دېگەن ئوي مېنىڭ كاللامدىن كەتمىدى. ئەگەر مې-
نى سوراق قىلسا، مەن توققۇزاق چويۇنچىلىق دەپ تۇرۇۋالاي
دېگەن قارارغا كەلدىم. پېشىن مەزگىلى بولغاندا، بىر نان بىلەن
بىر كورۇشكا سۇ ئەكىرىپ بەردى. ناماز شام ۋاقتى بولغاندا، يا
سىلىڭ مېنى سارايىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدە سوراق قىلدى.
خوتەنلىك بىر ئۇيغۇرنى تەرجىمانلىققا ئېلىپ كىرىپتۇ. يا سى-
لىڭ دېگەننىڭ بىر كۆزى جىرتاق ئىكەن. ئۇيغۇر كانايچى ماڭا:
— بىر سۆزۈڭدە چىڭ تۇر، — دەپ مەدەت بەردى. يا سىلىڭ:
— سەن نەلىك؟ — دەپ باش - ئايىغىمغا قارىدى. مەن:
— توققۇزاق چويۇنچىلىق تالىپ، — دېدىم ئۇنىڭغا.
— قەشقەردە جىق ئادەم ئۆلۈپ كەتتى. سەن ياش بالا ئىكەن-
سەن، شەھەر كوچىلىرىدا ئېتىلىپ ئۆلگەن ئادەملەرنى كۆردۈڭ-
مۇ؟ ساڭا بىر تاللا ئوق كېتىدۇ. ئەگەر سەن راستىڭنى ئېيت-
ساڭ، سېنى ئەسكەر قىلىۋالىمىز.
— توققۇزاقتىن كەلدىم. ئاكامغا ئوق تېگىپ يېتىپ
قالدى.
يا سىلىڭ ئۇيغۇر كانايچى بىلەن بىر ئەسكەرنى ئاكامغا ئوق
يېڭى تەگكەنمۇ ياكى كونا تەگكەن ئوقمۇ؟ شۇنى كۆرۈپ تەكشۈ-
رۈپ كېلىشكە ئەۋەتتى. مېنى يەنە سولاپ قويدى. مەن ئىشىك-

ـنىڭ يوچۇقىدىن قاراپ تۇرسام، ئۇ ئىككىسى قايتىپ كەلدى.
ئۇيغۇر كانايچى ماشا:
— ئىشىڭ ئوڭدىن كەلدى. ئاكاڭ ئۆلۈپ قاپتۇ. قانىنىڭ ئۇ-
يۇپ قالغىنىغا قاراپ ئوق يېڭى تەگكەن دەيدۇ، — دەپ قويۇپ
ئۆتۈپ كەتتى. دېمەك، ئۇلار ئوق شەھەردە قىرغىنچىلىق بول-
غاندا تەگكەن دەپ قارىغان، ئوق ئىزى ئەگەر كونا بولسا، مېنى
ئېتىۋېتەتتى.
بىرئازدىن كېيىن ماشا بىر نان، بىر چاشكا سۇ ئەكىرىپ
بەردى. شۇنىڭ بىلەن قىرغىزلارنىڭ گېپى يالغان بولۇپ چىق-
تى. يا سىلىڭ ئۇلارنى قاتتىق تىللىدى. يا سىلىڭ مەندىن:
— سەن ياخشى بالا ئىكەنسەن، ساڭا قورال بېرىمىز، ئەس-
كەر بولامسەن؟ — دەپ سورىدى. مەن ئۇيغۇر كانايچىنىڭ ياردى-
مى بىلەن:
— ئەسكەر بولىمەن، — دېدىم. ماشا بەشئاتار مىلتىقتىن
بىرنى، 50 تال ئوق، بىر ئات بەردى. بۇ ئات ئارغىماقتەك ئات
ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ما جۇڭيىڭغا ئەسكەر بولدۇم. ئەتىسى
تېلېگراف ئىدارىسى تەرەپكە سوقۇشقا باردۇق. بۇ سوقۇش ئوس-
مان قىرغىز باشچىلىقىدىكى قىرغىز ئەسكەرلىرى بىلەن بول-
دىغان سوقۇش ئىكەن. قاتتىق سوقۇش بولۇپ، ھەر ئىككى تە-
رەپتىن خېلى جىق ئەسكەرلەر ئۆلدى. ئاخىر ما جۇڭيىڭ ئەس-
كەرلىرى غەلىبە قىلىپ، قىرغىز ئەسكەرلىرىنى تېلېگراف
ئىدارىسىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، ئۇستۇنئاتۇشقىچە قوغلاپ بار-
دى. لېكىن، قىرغىز ئەسكەرلىرى ئۇ يەردىمۇ تۇرالماي، سىمخا-
نا[1] تەرەپكە قاچتى. كەينىدىن قوغلاپ باردۇق. ئۇ يەردىمۇ نۇرغۇن
ئەسكەرلەر ئۆلدى. بىز ئۇستۇنئاتۇشقا قايتىپ كېلىپ، بىر كې-
چە قوندۇق. ئەسكەرلەر خەلقنىڭ ئۆيلىرىگە باستۇرۇپ كىرىپ
نۇرغۇن نەرسىلەرنى بۇلىۋالدى.»

① سىمخانا — جۇڭگو - سوۋېت چېگرىسىدىكى بىر جاي.



# قەشقەر كونىشەھەردىكى قىرغىنچىلىق

دەل شۇ مەزگىلدە، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شىنجاڭغا قېچىپ
كەلگەن يۇسۇپجان قۇربېشى، سېتىۋالدىجانلار باشچىلىقىدىكى
بىر تۈەن ئەسكەر خوجىنىياز ھاجىلارنىڭ شەھەر ئىچىدە بىھۇد،
قان تۆكۈلۈپ كېتىشتىن ئېھتىيات قىلىپ يېڭىسار تەرەپك
كەتكەنلىكىنى؛ ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ بۇ پۇرسەتتىن پاي،
دىلىنىپ قەشقەر شەھىرىگە كىرىۋېلىپ، ھەدەپ بۇلاڭ - تالاڭ
ۋە قىرغىنچىلىق قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، خوجىنىياز ھاجى
بىلەن كۆرۈشىدۇ ۋە:
— شەھەرنى قاراپ تۇرۇپ بۇ ئەبلەخ ما جۇڭيىڭغا بېرىپ
قويۇپسىز؟ شەھەرگە كىرەيلى، كىرمىسىڭىزلەر بىز كىرىمىز، —
دەيدۇ. خوجىنىياز ھاجى:
— ھازىر شەھەرگە كىرىش پۇرستى ئەمەس. شەھەرگە
كىرسەك، بىگۇناھ خەلق قىرىلىپ كېتىدۇ، — دەپ ئۇلارنى
قەشقەر شەھىرىگە كىرىشتىن توسىدۇ. ئەمما، يۇسۇپجان قۇربې-
شىلار خوجىنىياز ھاجىلارنىڭ توسۇغىنىغا قارىماي، ئەسكەرلى-
رىنى باشلاپ قەشقەر شەھەر ئىچىگە قاراپ ماڭىدۇ. ئۇلارنىڭ
200 دەك ئۆزبېك ئەسكىرى بولۇپ، ھەر بىر ئەسكەردە ئىككى -
ئۈچتىن قورال بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئاتلىرى بەدەخشان ئاتلى-
رىدەك خىل ئارغىماقلاردىن بولۇپ، ئەسكەرلىرىنىڭ ئىنتىزام-
چانلىقى كۈچلۈك، ھەربىي تەلىم - تەربىيە كۆرگەن، خېلى
مۇنتىزىم قوشۇن ئىكەن. ئۇلار ئەسكەرلىرىنىڭ كۈچىگە بەك
ئىشىنىپ كېتىپ، قەشقەر كونىشەھەرنىڭ تۆشۈكدەرۋازىسىدىن
شەھەر ئىچىگە ئاتلىق ھۇجۇم قىلىپ كىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن
شەھەر ئىچىدە قاتتىق سوقۇش باشلىنىپ كېتىدۇ. ما جۇڭيىڭ
قوشۇنلىرىنىڭ كوماندىر - ئەسكەرلىرىنى شەھەرنىڭ ھەممە

يېرىگە، ھەتتا سېپىل باشلىرىغىچە ئورۇنلاشتۇرۇۋەتكەنلىكتىن، ئۆزبېك قوشۇنلىرى تۇشمۇتۇشتىن زەربىگە ئۇچراپ، ئىككى - ئۈچ سائەت ئىچىدىلا بىرمۇنچە ئۆلۈكلىرىنى تاشلاپ قېچىپ كېتىدۇ. قۇترىغان ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرى خوجىنىياز ھاجىنىڭ شەھەر ئىچىگە مۆكتۈرگەن ئادەملىرى بار دېگەن گۇمان بىلەن شەھەر ئىچىدە قاتتىق قىرغىنچىلىق قىلىدۇ. بۇ قىرغىنچىلىقتا قەشقەر شەھەر خەلقىدىن 5000 غا يېقىن ئادەم ئۆلىدۇ. ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ قوماندانى بۇ ئەھۋالنى ئىگىلەپ، خەلقنىڭ قوزغىلىپ قىساس ئېلىشىدىن چۆچۈپ قالىدۇ. ئۇلار ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، بىگۇناھ خەلقنى ئۆلتۈرۈشنى توسقان بولسىمۇ، لېكىن ئەسكەرلىرىنىڭ ئاچ كۆزلۈك بىلەن بايلىق توپلاش ئۈچۈن بۇلاش - تالاشلىرى، قارشىلىق قىلغان ئۆي ئىگىلىرىنى چانىۋېتىشلىرى يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. بۇ ئىشلاردىن قاتتىق غەزەپكە كەلگەن قەھرىمان قەشقەر خەلقى ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ خالىي جايدا ئۇچراپ قالغانلىرىنى ئۆلتۈرىدىغان ئەھۋال يۈز بېرىشكە باشلايدۇ.

شەھەر بىرئاز تىنچىغاندىن كېيىن، ئۇلار قەشقەرنىڭ شەھەر ئىچى ۋە يېزىلىرىدىن نۇرغۇن ياشنى ئەسكەرلىككە تۇتۇپ، ئۆلگەن ئەسكەرلەرنىڭ ئورنىنى تولدۇرىدۇ.

## خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئەركەشتامغا بېرىشى

خوجىنىياز ھاجى سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ چاقىرتىشى بىلەن 60 — 70 دەك ئادىمىنى ئېلىپ، جۇڭگو - سوۋېت چېگرىسىدىكى ئەركەشتامغا بارىدۇ. ئەركەشتامغا بېرىشتىكى سەۋەب:

(1) سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قورال - ياراغ ئېلىش؛

(2) ما جۇڭيىڭنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان شېڭ شىسەي ئەسكەرلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تېپىش؛



(3) سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ نېمە ئۈچۈن چاقىرتقانلىقىنى بىلىپ كېلىش ئىدى.

خوجىنىياز ھاجى سوۋېت ھۆكۈمىتى كىشىلىرى بىلەن سۆزلەشكەندە، ئۇلار:

— سىز شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بىلەن تۈزگەن ئەھدىنامە① گە ئەمەل قىلماي، قەشقەردە 1933 - يىلى 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى سابىت داموللام قۇرغان قانۇنسىز «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» ھۆكۈمىتىگە باشلىق بولۇپسىز. شۇڭا بىز قورال - ياراغنى شېڭ شىسەيگە تاپشۇردۇق. سىز قورالنى شېڭ شىسەيدىن ئېلىڭ، — دەيدۇ.

سابىت داموللىنى تۇتۇپ بېرىش شەرتى بىلەن سوۋېت ھۆكۈمىتى قورال بېرىشكە ماقۇل بولىدۇ. لېكىن، سىلەر ئاز ئادەم ئىكەنسىلەر، قورالنى كۆپ بەرسەك ئېلىپ كېتەلمەيسىلەر، بەلكى يولدا دۈشمەنلەرگە تارتقۇزۇپ قويۇشۇڭلار مۇمكىن، دەپ 100 تال مىلتىق، بەش - ئالتە ساندۇق ئوق بېرىدۇ.

ئاقمولالام ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «خوجىنىياز ھاجىلارنىڭ ئەركەشتامغا بارغانلىقىنى ئاڭلىغان ما جۇڭيىڭ شتابى قاتتىق ئەندىشىگە چۈشۈپ قالدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئالدى تەرىپىدە خوجىنىياز ھاجى، مەھمۇت شىجاڭلار قوشۇنى، ئارقا تەرىپىدە شېڭ شىسەيگە ياردەمگە كەلگەن سوۋېت قوشۇنى قوغلاپ كېلىۋاتاتتى. مېڭىشقا يولى قالمىغان ما جۇڭيىڭ قوشۇنى خوجىنىياز ھاجى قوشۇنى بىلەن سوقۇشۇش ئۈچۈن، سوۋېت چېگرىسى تەرەپكە ماڭدى. ئەمما، ئۇلار قايسى يوللار بىلەن مېڭىشنى بىلەلمەي تۇرغاندا، خوجىنىياز ھاجىنىڭ قول ئاستىدىكى ئاتۇشلۇق كىچىكئاخۇن تۇەنجاڭ خوجىنىياز ھاجىدىن يۈز ئۆرۈپ، ما جۇڭيىڭ قوشۇنى تەرەپكە ئۆتۈپ، ئۇلارغا يول باشلىدى. ئۇلار چېگ

① 1933 - يىلى شېڭ شىسەي ۋەكىللىرى بىلەن خوجىنىياز ھاجىلار ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن «قۇكاڭ ئەھدىنامىسى» نى دېمەكچى.

ـرىغا يېقىن بارغان خوجىنىياز ھاجىنى كەينىدىن قورشاپ تـىـ
ـرىك تۇتىمىز، دەپ پىلان تۈزگەنىدى. لېكىن، بىز چېگرىغا يېـ
قىن بارساق، خوجىنىياز ھاجى چېگرىدىن قايتىپ، بىز توسـۇ ـ
ماقچى بولغان چىغىر يولدىن ئۆتۈپ كەتكىنىگە 20 ـــ 25 مىـ
ـنۇتتەك بولۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ باردۇق. ئىككى
ئوتتۇرىدا قاتتىق سوقۇش بولدى. ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى كۆپ
ئۆلۈپ كەتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلار زادى چېكىنمىدى. بىر ـ
دەمدىن كېيىن: ‹خوجىنىياز ھاجىلار قاچتى› دېگەن خەۋەر كەل ـ
دى. ئۇلارنىڭ ئالدى تەرىپىدىن ما جۇڭيىڭ قوشۇنى، ئارقا تەـ
رىپىدىن كىچىكئاخۇن تۇەنجاڭنىڭ ئەسكەرلىرى قورشىغانىدى.
ئۇلار قورشاۋنىڭ بىر تەرىپىدىن بۆسۈپ چىقىپ، چىغىر يول
بىلەن ئاغۇنىڭ بېشىدىكى ئۆستەڭنىڭ كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈۋالغاند ـ
ـدىن كېيىن، كۆۋرۈكنى تارتىۋېتىپتۇ. سوقۇش بولغان يەرگە
بېرىپ قارىساق، ئېتىلغان ئوقلارنىڭ مىشەكلىرى بىلەن قۇرۇق
ساندۇقلىرى ۋە تېخى ئاغزى ئېچىلمىغان بىر ساندۇق ئوق قېـ
ـلىپتۇ. ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرى نۇرغۇن چىقىم تارتىپ، خوجىـ
ـنىياز ھاجىنى تۇتالماي، ئىلاجىسىز قىرغىزلارنىڭ قىشلىقىغا
كېلىپ قوندى. قىرغىزلار ئالدىراپ باشقا جايغا كېتىپ قالغا ـ
نىكەن. بۇ قىشلاقتا بىر كىچىك مەھەللە بولۇپ، ئۇ يەردە ئۆي،
قوتان ھەتتا ئورۇپ دۆۋىلەپ قويغان قىشلىق چۆپلەرمۇ بار ئىـ
ـكەن. ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرى ئۇ جايدىن كېتىدىغان چاغدا، بۇ
ئۆي ۋە ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ھەممىسىگە ئوت قويۇۋەتتى. ئەتىسى
ئاغۇغا كېلىپ قوندۇق. ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرى ئۇ يەردىمۇ
دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىنى ئاختۇرۇپ، بۇلاڭچىلىق قىلدى، تۇ ـ
تۇۋالغان ئاياللارنىڭ ئۆتۈك، بىلەزۈك ۋە ھالقىلىرىنى تارتىۋال ـ
دى؛ ئاياللارغا باسقۇنچىلىق قىلدى؛ قارشىلىق قىلغانلارنى ئېـ
ـتىپ تاشلىدى. ئۇلار ئاغۇدىن قايتقاندىن كېيىن، ئاستىنئاتۇشقا
كېلىپ قوندۇق. سۇنتاغلىق يۇسۇپ ھاجى دېگەن ئادەم ما جۇڭ ـ



يىڭ قوشۇنلىرىغا سېتىلغانىكەن. ئۇنىڭ بىلەن ئاستىنئاتۇش
لۇق ئەمەتقۇل ھاجىنىڭ ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت بار ئىكەن. ئە
مەتقۇل ھاجى خوجىنىياز ھاجىنىڭ قېشىدا تۇرغان بولغاچقا، م
جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى ئاستىنئاتۇشقا كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ
ئۆيلىرىگە ئوت قويۇپ، پۈتۈنلەي كۆيدۈرۈۋەتتى.

ئاستىنئاتۇشتا تۆت كۈن تۇرۇپ، قەشقەرگە قايتىپ كەلدۇق
بۇ تۆت كۈن جەريانىدا ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرى ئاستىنئاتۇشنى
قۇپقۇرۇق چۆلگە ئايلاندۇرۇۋەتتى.

## يېڭىساردىكى سوقۇش

ئاقمۇللام ئەسلىمىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: م
جۇڭيىڭ قوشۇنلىرى ئاستىنئاتۇشتىن قەشقەرگە كېلىپلا، خو
جىنىياز ھاجى ۋە مەھمۇت شىجاڭلارنىڭ ئارقىسىدىن يېڭىسارغ
قاراپ ماڭدى. خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت شىجاڭ قوشۇن
لىرىنى باشلاپ يېڭىسار توپلۇققا كەتكەنىكەن. يېڭىسارنىڭ سې
پىل ئىچىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن قوزغىلاڭچىلار ۋە خوتەنلىك
قوزغىلاڭچىلار پۈتۈن يېڭىسارنى ئىگىلەپ تۇرغانىكەن. ئۇلار
سېپىل ئۈستىگە ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرىنىڭ شوتا قويۇپ چى
قىۋېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، يوغان تېرەك، لىم، تاش، كۆ
تەك ۋە باشقا نەرسىلەرنى تەييارلاپ قويغانىكەن. ما جۇڭيىڭ
قوشۇنلىرى يېڭىسارغا بېرىپ، ئىمىر ھەزرەتنىڭ پارتىزانلىرىغ
دۈچ كەلدى. سېپىلغا شوتا قويۇپ، «سا، سا» دەپ ۋارقىراپ
قاتتىق ھۇجۇم قىلدى. لېكىن، سېپىل ئۈستىدىكى پارتىزانلار
سېپىلدىن يوغان لىم، تاش، كۆتەكلەرنى تاشلاپ، ئۇلارنى شو
تىسى بىلەن بىرگە يەرگە دومىلىتىۋەتتى ھەم پىلموت ۋە مىل
تىقلاردىن ئوق ئېتىپ، ما جۇڭيىڭنىڭ نۇرغۇن ئەسكەرلىرىنى
سېپىل تۈۋىدە ياتقۇزۇۋەتتى. سېپىل ئۈستىدىكى پارتىزانلار ب

غەلىبىگە كاناي، ناغرا، دۇمباق ۋە دۇتار، تەمبۇرلار بىلەن تەنتەنە قىلدى. سوقۇش شۇنداق بولۇۋاتقاندا، شاھ مەنسۇر: «ئاكامنى سېپىل ئىچىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىمەن» دەپ خوتەندىن نۇرغۇن ئاتلىق ۋە پىيادە ئەسكەرلەر بىلەن كېلىپ، ما جۇڭيىڭ قوشۇنىغا قاتتىق ھۇجۇم قىلدى. بۇ ئەسكەرلەرنىڭ ئاز بىر قىسمىدا رەسمىي قورال بولسىمۇ، مۇتلەق كۆپ قىسمىدا چوماق ۋە كالتەكلا بار ئىكەن. شاھ مەنسۇر 40 ياشلار ئەتراپىدا بولۇپ، ما جۇڭيىڭ قوشۇنى بىلەن قاتتىق ئېلىشتى ۋە ئاجايىپ قەھرىمانلىق كۆرسەتتى. لېكىن، ئاخىر ئوق تېگىپ يارىلىنىپ تۇتۇلۇپ قالدى. ما جۇڭيىڭ قوشۇنى ئۇنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىپ داۋالاتتى. بىراق قان كۆپ چىقىپ كەتكەنلىكتىن، داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي ئۆلۈپ كەتتى. ما جۇڭيىڭ كىشىلىرى ئۇنىڭ بېشىنى كېسىپ، قەشقەرگە ئاپىرىپ، شەھەر دەرۋازىسىغا ئېسىپ قويدى. شۇ كۈنلەردە ئاسماندىن ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز سېرىق توپا يېغىپ، ھاۋانى تۇتەك قاپلاپ كەتتى، ئون قەدەم نېرىدىكى نەرسىنى كۆرگىلى بولمايتتى.

يېڭىسار سوقۇشىدا ھەر ئىككى تەرەپتىن نۇرغۇن ئادەم ئۆلدى. بولۇپمۇ ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى كۆپرەك ئۆلۈپ كەتتى. چۈنكى، خوتەن قوزغىلاڭچىلىرى قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ، ئۇلارنى كۆپلەپ قىرىپ تاشلىغانىدى. ئۇلارنىڭ ئۆلۈكى ۋە قورالى سېپىل تۈۋىدە قالدى. ساق قالغانلىرىنىڭ ھەربىرى سەككىز ـــ ئون تۇياقچە ئاتنى يېتىلەپ قەشقەرگە قايتتى. يېڭىساردىن قەشقەرگە قايتقان ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ھەممىسى قەشقەر كونىشەھەر ياۋاغ دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدىكى دەڭ، سارايلارغا ئورۇنلاشتى.

مەن بۇ ۋاقىتتا مۇئاۋىن بەنجاڭ ئىدىم. ما پەيجاڭ دەيدىغان تۇڭگان پەيجاڭىمىز ئىسمائىلئاخۇن (ئەسلىي شايارلىق بولۇپ، كۇچادا ما جۇڭيىڭ قوشۇنى ئەسكەرلىككە تۇتۇۋالغانىكەن) دېگەن



ئەسكەر بىلەن ئىككىمىزنى بېدە توغراشقا قويدى. ھەر كۈنى 20 ـــ 30 ئاتقا بېدە توغرايمىز. بىر بەندىكى 12 ئەسكەرنىڭ قالغانلىرى باشقا ئىش قىلىدۇ. ما پەيجاڭ پات ـ پاتلا ئۆگزىگە چىقىپ بىزنى يوقلاپ تۇراتتى. بىر كۈنى ئۇ بىزگە: «ئەھۋال يامان بولدى! ما جۇڭيىڭ ئاقسۇدىن قېچىپ كەپتۇ. ئەھۋال چاتاق، خوجىنىياز ھاجىلار يەكەندە ئالدىمىزنى توسۇپ تۇرسا، ئەمدى نەگىمۇ قاچىمىز» دەپ تېپىرلاپ كەتتى. ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ جاننى نەگە سىغدۇرۇشنىڭ غېمىدە تۇرساق، تۇيۇقسىز «ھەممە كوماندىرلار مەجلىسكە كەلسۇن» دەپ چاقىرىق كەلدى. مەجلىس قەشقەر كونىشەھەردىكى ۋالىي مەھكىمىسىدە ئېچىلدى. ما جۇڭيىڭ قولىنى پۇلاڭلىتىپ غەزەپ بىلەن سۆزلەۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرىگە ئۇلگۇرۇپتىمىز:

«... بىز شىنجاڭنىڭ كۆپ قىسمىنى ئازاد قىلدۇق، ئۇرۇمچىنىمۇ ئازاد قىلىمىز... بىز خوجىنىياز ھاجىلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتىمىز دەۋاتىمىز. بىز گەنسۇدىن چىققاندا، خوجىنىياز ھاجى ئاتا، بىز بالا ئىدۇق. بىزنىڭ دىنىمىز بىر، بىز بىر مۇسۇلمان. بۇرۇنقى ئىشلارنى سۈرۈشتە قىلمايمىز... خوجىنىياز ھاجىلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قېشىغا ۋەكىل ئەۋەتىشىمىز مۇمكىن. ئەگەر خوجىنىياز ھاجىلار كېلىشىمگە كېلىشكە ئۇنىمىسا، ئۇلارنى يوقىتىمىز».

بۇ مەجلىسكە ما جۇڭيىڭنىڭ كوماندىرلىرىدىن يەنى 800دەك ئادەم قاتناشتى. مەجلىستىن يېنىپ، سارايغا قايتىپ كەلسەك، ھېلىقى ما پەيجاڭ بىزگە يەنە: «سىلەر ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ ما جۇڭيىڭ ئەمەلىيەتتە ئاقسۇدىن قېچىپ كەلدى. ئەمدى يامان بولدى. قانداقمۇ قىلارمىز؟ ما جۇڭيىڭ ئادەم ئەمەس. مۇسۇلمان تۇرۇپ، مۇسۇلمان بىلەن ئۇرۇشامدۇ؟ ئالدىمىزدا خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئەسكەرلىرى تۇرسا، ئارقىمىزدىن رۇس ئەسكەرلىرى قوغلاپ كېلىۋاتسا، ئەندى قانداق قىلىمىز؟

نەگەمۇ قاچارمىز؟» دېدى. مەن خېلى بۇرۇنلا مېنىڭ بىلەن بىللە بېدە توغرايدىغان ئىسمائىلئاخۇنغا: «بىز ما جۇڭيىڭ قوشۇنى ئىچىدە هارام ئۆلۈپ كېتىمىز، بۇ يەردىن قاچايلى» دېسەم، مېنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن شۇنداق دەۋاتىسىز دەپ ئۇنىمىغانىدى. ئەمدى ئۇ ما پەيجاڭنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قېچىشقا ماقۇل بولدى. ئۇنىڭ تەلىپى بىلەن ئىككىمىز بىر - بىرىمىزگە قەسەم بېرىشتۇق. بىز ما پەيجاڭدىن: «بېدە توغراپ بەدەنلىرىمىز كىر بولۇپ كەتتى، مۇنچىغا بېرىپ كەلسەك» دەپ رۇخسەت سورىدۇق. ما پەيجاڭ ماقۇل بولۇپ، سىرتقا چىقىش تاختىيىدىن ئىككىنى بەردى. ئىككىمىزدە ئىككى تال بەشئاتار مىلتىق، مەندە 100 تال، ئىسمائىلئاخۇندا 50 تال ئوق بار ئىدى. بىز سارايدىن چىقىپ، نامازشام مەزگىلىدە تۇمەن دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئىلگىرىلەپ سىمتاناب يولى بىلەن ئۇستۇنئاتۇشقا قاراپ ماڭدۇق. بۇ دەل قاچقان ئەسكەرلەرنى ئۇ يەردە، بۇ يەردە خەلق تۇتۇپ بېرىۋاتقان ۋاقىت ئىدى. شۇڭا مەن ئىسمائىلئاخۇنغا بىز مۇنداق ماڭساق، ئۆزىمىزنى شتابقا تۇتۇپ بېرىمىز. توققۇزاقنىڭ چويۇنچى يېزىسىدا بىزنىڭ تۇغقانلىرىمىز ۋە تونۇش - بىلىشلىرىمىز بار، ئۇنىڭ ئۇستىگە، تاشمىلىقتا خوجىنىياز هاجىنىڭ ئەسكەرلىرى بار، دەپ ئاڭلىدۇق، بىز توققۇزاققا بارايلى، دەپ مەسلىهەت بەردىم. هەمراهىم ئىسمائىلئاخۇنمۇ ماقۇل بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىز نىشانىمىزنى ئۆزگەرتىپ، توققۇزاق تەرەپكە ماڭدۇق. توققۇزاق چويۇنچى مەهەللىسىدىكى تۇغقىنىمىزنىڭ ئۆيىگە ئۆتكەن نۆۋەت بارغاندا ئىككى ئات، تۆت تال قورالنى يوشۇرۇپ قويغانىدىم. كۆڭلۈمدە شۇ نەرسىلەرنى ئېلىۋېلىشنى ئويلىدىم. بىز ئايلىنىپ تۇمەن دەرياسىغا قايتىپ كېلىپ، مىڭ تەسلىكتە دەريانىڭ نېرىقى قىرغىقىغا ئۆتتۇق. كېيىم - كېچەك ۋە قوراللىرىمىز هۆل بولۇپ كەتتى.



ۋاقىت يېرىم كېچىدىن ئۆتكەنىدى. تاڭ ئاتقۇچە توققۇزاققا يېتىۋېلىش ئۈچۈن، يۈگۈرۈپ ماڭدۇق. قورسىقىمىز ئېچىپ ماڭغۇچىلىكىمىز قالمىدى. شۇ ئەسنادا بىر هويلىنىڭ تېمىغا تاقىلىپ قالدۇق. مەن شۇ ئۆيگە كىرىپ بىرنەرسە سوراپ باقاي دېسەم، ئىسمائىلئاخۇن:

— بولمايدۇ، خەتەرگە يولۇقۇپ قالىمىز، — دەپ ئۇنىمىدى مەن:

— ئەمىسە سەن 40 — 50 مېتىر نېرىراق تۇرۇپ تۇر. مەن ئىشىكنى قاقاي، ئادەم چىقسا، سۆزلىشىپ بولغاندىن كېيىن سېنى چاقىراي، — دېدىم.

تاڭمۇ سۈزۈلەي دەپ قالدى، مەهەللە ئىتلىرى قاۋىماقتا ئۇنىڭ ئىشىكىنى قاقتىم، ئۆيدىن بىر كىشى چىقتى.

— كىم سەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

— بىز يولۇچى ئىدۇق. يولدىن ئېزىپ قالدۇق. يولنى سوراپ ئۆتەيلى دېۋىدۇق. ئىشىكنى ئاچسىلا، — دېدىم. ئۇ كىشى ئىشىكنى ئاچتى - دە، مېنىڭ قوراللىق ئىكەنلىكىمنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى. بىرئاز كەينىگە داجىپ:

— سىلەر نېمە ئادەملەر؟! — دەپ سورىدى.

— توققۇزاققا بارماقچىدۇق، يولدىن ئېزىپ قالدۇق.

— هە، ئۆيگە كىرسىلە، — دەپ تەكلىپ قىلدى ئۇ. مەن هەمراهىمنى چاقىردىم. ئىككىمىز ئۆيگە كىردۇق. ئۆي ئىگىسى بەستلىك، يوغان ساقاللىق 80 ياشلارغا كىرگەن كىشى ئىكەن داستىخان سېلىپ، بىزنى نان - چاي بىلەن مېهمان قىلدى قورساقنى تويغۇزغاندىن كېيىن، مەن:

— سىلى دادامغا ئوخشاش ئاق ساقسال كىشى ئىكەنلا، راست گەپنى قىلساق، بىز ما جۇڭيىڭنىڭ قوشۇنىدىن قېچىپ چىقتۇق. مالال كۆرمىسىلە، بىزنى توققۇزاق تەرەپكە يەتكۈزۈپ قويۇشقا ياردەم قىلغان بولسىلا، — دېدىم.

بوۋايغا ئۈمىدۋارلىق بىلەن قارىدىم. ھەميانىمدا قەشقەردە سابىت داموللا ھۆكۈمىتى باسقان، قىزىل ۋە كۆك رەڭلىك پۇل بار ئىدى. مەن بۇنىڭدىن 10 — 15نى ئېلىپ، بوۋايغا بەردىم. بوۋاي خۇش بولۇپ:

— مېنىڭ بىر بالام بار، شۇ بالام سىلەرنى ئېشەك بىلەن دېگەن يېرىڭلارغا ئاپىرىپ قويسۇن، — دەپ ئون نەچچە ياشلاردىكى بالىسىنى ئېشەك بىلەن بىزگە قوشۇپ قويدى. ئېشەك بەك ئىتتىك ماڭغاچقا، ئىككىمىز ئىككى تەرەپتە ئېشەكنىڭ قۇشقۇنىغا ئېسىلىپ يۈگۈرگەندەك ماڭدۇق. بىر يەرگە بارغاندا:

— ئەنە ئاۋۇ دەرەخلىك چويۇنچى بولىدۇ، — دەپ كۆرسىتىپ قويدى. بىز بالىغا ئون سەر پۇل بېرىپ، رەھمەت ئېيتتۇق.

— يولدا بىرى سورىسا، ھېچ كىشىنى كۆرمىدىم دېگىن، — دەپ تاپىلاپ قويدۇق.

بالىنى يولغا سېلىۋېتىپ، دەرەخلىككە قاراپ ماڭدۇق. ئارقىمىزدا قەشقەر كونىشەھەرنىڭ سېپىلى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. دەرەخلىكنىڭ ئارىسىغا بارساق، ئىككى قوراللىق ئادەم كۆرۈنۈپ قالدى. بىر ئۆينىڭ ئالدىدا ئىككى - ئۈچ توقۇقلۇق ئات باغلاقلىق تۇرۇپتۇ. بىز ئۇلارنى ئارقىمىزدىن قوغلاپ كەلگەن ياكى ئالدىمىزدىن توسۇغىلى كەلگەن قىرغىزلار ئوخشايدۇ دەپ بەك قورقۇپ كەتتۇق. ئاندىن مەيلى نېمە بولسا بولسۇن دەپ ئېرىق بويىدىكى قاتار جىگدىلەرنىڭ ئارىسىدىن مارىلاپ كېتىۋاتساق، ئالدىمىزغا بىر ئادەم يولۇقۇپ قالدى:

— بۇ ئاتلىق قوراللىق كىشىلەر كىملەر؟ — دەپ سورىدۇق ئۇنىڭدىن.

— قىرغىز ئەسكەرلىرى، — دېدى ئۇ ئادەم، — ئۆي - ئۆيلەرگە كىرىپ، ئالتۇن - كۈمۈش نەدە؟ پۇل نەدە؟ دەپ دېھقانلارنى ئۇرۇپ، ئۆيلىرىنى ئاختۇرۇپ، بۇلاڭچىلىق قىلىۋاتىدۇ. بۇلار بەش كىشى ئىكەن، دەپ يىغلاپ كەتتى.



— بۇ يەردە چوڭلاردىن كىم بار؟

— ئابدۇرېھىم خەلپىتىم بار، — دەپ، بىزنىڭ تۇغقىنىمىزنىڭ ئۆيىنى كۆرسىتىپ قويدى. تۇغقىنىمىزنىڭ ئۆيىنى تېپىۋالغىنىمىزغا خۇشال بولۇپ كەتتىم. كېچىدە تارتقان ئازاب - ئوقۇبەتلەر يادىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. تۇغقىنىمىزنىڭ ئۆيىگە كىرسەك، قىرغىزلار ئۇلارنىڭمۇ ئۆيلىرىنى ئاختۇرۇپ بۇلاپ - تالاپ، مال - مۈلكىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىشكەنىكەن. ئۇلار مەن يوشۇرۇپ قويغان تۆت تال قورال (ئىككى دانە ماۋزۇر، ئىككى دانە ياپونچە بەشئاتار مىلتىق) نى تاپالماپتۇ. لېكىن ئامانەت قويغان ئىككى ئاتنى ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ. بىز قوراللارنى ئالدۇق. بىزنىڭ قولىمىزدىكى بىلەن جەمئىي ئالتە تال قورال بولدى. ئۇقۇشساق بۇلاڭچى قىرغىزلار قوشنا ئۆيدە سۈيۈقئاش ئىچىۋاتقانىكەن. مەھەللىدىكى بالىلاردىن بىرنەچچىنى جۈملىدىن ئابدۇرېھىم خەلپىتىمنىڭ بالىلىرىنىمۇ چاقىرىپ، ئۇلارغا قوراللارنى بىردىن بەردۇق. ئاندىن قورالنى قانداق ئىشلىتىشنى ئۆگىتىپ، ئۇلارنى باشلاپ ھويلىنىڭ ئارقا ئىشىكى بىلەن باغقا كىرىپ، قاتار ئۆيلەرنىڭ دالدىسىدا قىرغىزلار تاماق يەۋاتقان ئۆيگە باستۇرۇپ كىردۇق - دە، ھەممىمىز تەڭلا:

— قولۇڭنى كۆتۈر! — دەپ توۋلىدۇق. ئۇلار قىمىر قىلماي، قوللىرىنى كۆتۈردى. ئىسمائىلئاخۇن ئۇلارنىڭ قوراللىرىنى يىغىۋالدى. قوراللىرىنىڭ بىرى توققۇزئاتار، بىرى قارا مىلتىق، بىرى تاپانچا، ئۈچى بەشئاتار مىلتىق ئىكەن.

— بۇ يەرگە نېمىشقا كېلىشتىڭ؟!

ئۇلار گەپ قىلالماي، يەرگە قاراپ تۇرۇشتى. دەرھال ھەممىسىنى باغلاپ تاشلىدۇق. ئىچى دەرد - ئەلەمگە توشۇپ كەتكەن دېھقانلار تەرەپ - تەرەپتىن كېلىشكە باشلىدى. بىز بۇ بۇلاڭچى قىرغىزلار بۇلىۋالغان ئالتۇن - كۈمۈش، ئاياللارنىڭ ھالقا، ئۈزۈكلىرى ۋە ئېسىل كىيىم - كېچەكلىرىنى قايتۇرۇۋالدۇق. بۇ

نەرسىلەرنى ئۆز ئىگىلىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىشنى تاپىلاپ، مەھەللە ئاقساقالىغا تاپشۇرۇپ بەردۇق، باغلاقلىق قىرغىزلارنى «ئىگىسى ئىزدەپ كەلسە، تاپشۇرۇپ بېرىڭلار» دەپ خەلپىتىمگە ھاۋالە قىلدۇق. قىرغىزلار بۇلىغان ئاتلارنىڭ ئىچىدە ياخشى بىر ئات بار ئىكەن. ئۇنى ئىگىسىدىن سېتىۋالدۇق.

ئەتراپىمىزغا توپلانغان كىشىلەر ئارىسىدا ياشلارمۇ بار ئىدى. مەن ئۇلارغا:

— قايسىڭ بىزگە ئەسكەر بولىسەن؟ — دېيىشىم بىلەن.

— مەن بولىمەن، — دەپ 10 — 20 دەك بالا يىغىلدى. بىز ئابدۇرېھىم خەلپىتىم بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، قولىمىزدا بار ئاتلارغا تۇشلۇق سەككىز ياشنى تاللىۋالدۇق. ئۆزىمىز بىلەن ئون كىشى بولدۇق. بىر تاپانچا بىلەن قورالىمىزمۇ ئونغا يەتتى. ئاتلارنى تەقسىم قىلىپ، ئاتلىق ۋە قوراللىق بولۇپ، بورىختاي تەرەپكە قاراپ ماڭدۇق. كەچقۇرۇن بورىختايغا يېتىپ بېرىپ، يېزىنىڭ چېتىدىكى بىر دېھقاننىڭ ئۆيىدە ئاتلىرىمىزغا يەم ـ بوغۇز بېرىپ، ئۆزىمىزمۇ قورساقنى تويغۇزدۇق. دەم ئالغاندىن كېيىن، تاشمىلىققا قاراپ ماڭدۇق. تاشمىلىقتا بۇرۇن قەشقەردە باجگىر بولغان ھەمراھباي لوزۇڭنىڭ كۈيئوغلى ئىبراھىم تۆەنجاڭ تۇرىدىكەن. تاشمىلىققا كىرىۋاتساق ئالدى تەرەپتىن تۇيۇقسىزلا بىرنەچچە ئۇيغۇرنىڭ سۆزلەشكەن ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن ھەمراھلىرىمنى يولنىڭ چېتىدىكى قۇم دۆۋىسىنىڭ يېنىدا توختىتىپ قويۇپ، ئۆزۈم يولنىڭ چېتى بىلەن مېڭىپ، كېلىۋاتقانلارنى كۈتۈپ تۇردۇم. ئۇلار يېقىن كەلگەندە سالام قىلدىم. ئۇلار:

— كىم سەن! — دەپ ۋارقىرىدى. مەن:

— مەن، بورىختايدىن كەلدىم، — دەپ ئالدىغا باردىم. قارىسام ھەممىسى بىر پەي كەلگۈدەك قوراللىق ئۇيغۇر ئەسكەرلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ باشلىقى قەشقەر بەشكېرەملىك نىياز لېيەنجاڭ



ئىكەن. نىياز لېيەنجاڭ بىلەن مەن بۇرۇن ھەربىي سەپتە بىللە ئىشلىگەن، ئوبدان تونۇش ئىدى. بىز يول بويىدا ئولتۇرۇپ مۇڭداشتۇق. ھەمراھلىرىممۇ كەلدى. نىياز لېيەنجاڭ قەشقەر يولىنى رازۋېدكا قىلغىلى چىققانىكەن. ئۇ بىزنى ما جۇڭيىڭنىڭ قوشۇنىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ دەپ ئاڭلىغانىكەن «قانداق قۇتۇلۇپ چىقتىڭلار؟» دەپ سورىدى ئۇ مېنىڭدىن. مەن ھەممە ئەھۋالنى ئېيتىپ بەردىم. ئۇ يەردە ئىككى ـ ئۈچ سائەتتەك ئولتۇرغاندىن كېيىن نىياز لېيەنجاڭ ئەسكەرلىرىنى داۋاملىق رازۋېدكا قىلىشقا قالدۇرۇپ، ئۆزى بىر مۇھاپىزەتچى بىلەن بىزنى تاشمىلىققا باشلاپ ماڭدى. تاشمىلىقنىڭ ئارىلىقى خېلى يىراق ئىكەن. تاڭ ئاتارغا يېقىن ئاران يېتىپ باردۇق نىياز لېيەنجاڭ بىزنى ئۇدۇل تۆەنجاڭنىڭ يېنىغا باشلاپ كىردى ئىبراھىم تۆەنجاڭ تېخى ئورنىدىن تۇرمىغانىكەن. لېيەنجاڭ تۆەنجاڭنى ئويغىتىپ، بىزنىڭ ما جۇڭيىڭ قوشۇنىدىن قېچىپ چىققانلىقىمىزنى ئېيتتى. مەن ما جۇڭيىڭ باشلىق بىر قىسىم قوشۇننىڭ ئاقسۇدىن قېچىپ كەلگەنلىكىنى، خوجىنىياز ھاجىلارغا ۋەكىل ئەۋەتمەكچى بولغانلىقىنى، ئەگەر خوجىنىياز ھاجى ماقۇل كۆرمىسە، ئۇلار بىلەن ئۇرۇشماقچى بولغانلىقىنى ئېيتتىم. ئىبراھىمئاخۇن تۆەنجاڭ ناھايىتى خۇشال بولۇپ:

— قېچىپ چىقىپ ئوبدان قىلىپسىلەر، بۇ ناھايىتى مۇھىم خەۋەر ئىكەن. بۇنى مەھمۇت شىجاڭغا يەتكۈزۈش كېرەك. شىجاڭ ھازىر توپلۇقتا، خوجىنىياز ھاجى يەكەندىن خوتەنگە بارماقچى بولۇۋاتىدۇ. بۇ خەۋەر تېزدىن شىجاڭغا يەتكۈزۈلسە، شىجاڭ ئادەم قوشۇپ خوجىنىياز ھاجىلارغا يەتكۈزىدۇ، — دېدى ۋە بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، — بۇ خەۋەرنى ئەڭ ياخشىسى ئۆزۈڭلار يەتكۈزۈڭلار. ئەگەر ھازىر ماڭساڭلار ھاجىم خوتەنگە ماڭغۇچە يېتىپ بېرىپ قالارسىلەر. ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ھازىر نېمە قىلماقچى بولغانلىقىنى بىلەلمەي تۇراتتۇق. بىز

ئىنتايىن ياخشى خەۋەر ئىكەن. دەرھال يولغا چىقىڭلار، — دېدى ئۇ بىزگە قاراپ.

بىزگە ئون نەپەر قوراللىق ئەسكەرنى قوشتى. ئۆزىمىز بىلەن جەمئىي 20 نەپەر بولدۇق. ھەممىمىز ئاتلىق. ئەتىسى سەھەردە يولغا چىقىپ، يېڭىسارنىڭ شانىياز دېگەن يېزىسىغا بارساق، ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرىنىڭ يېڭىسار ناھىيىسىنى ئىشغال قىلىپ، شانىياز يېزىسىغىمۇ ئورۇنلىشىپ بولغانلىقى مەلۇم بولدى. ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغىلى تاس قېلىپتىمىز. بىز دەرھال تاغ باغرىغا قاراپ قاچتۇق. ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى كەينىمىزدىن قوغلاپ كەلدى. بىز ئاتلارنى قويۇۋېتىپ، تاغ باغرىدىكى ئېگىز يارنىڭ جەينەكتەك ئەگرى بىر يېرىگە كىرىپ مۇداپىئەلەندۇق. بىرنەچچە پاي ئوق ئاتقىنىمىزدىن كېيىن، ئۇلار قوغلاشتىن توختىدى. ئاندىن بىز تاغنىڭ تۆپىسىگە چىقساق، توپلۇق، قىزىل تەرەپلەرگە بارىدىغان يولدا يۈسۈپجان قۇربېشى ۋە سېتىۋالدىجانلار باشچىلىقىدىكى ئۆزبېك ئەسكەرلىرى بار ئىكەن. دەرھال بېرىپ، ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ، خەۋەرنى يەتكۈزدۇق. ئۇلارمۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ناھايىتى خۇشال بولۇشتى ۋە بىزنى قىزىلدىكى شىجاڭغا يەتكۈزەيلى دەپ، ئۇلارمۇ يول باشلايدىغان ئەسكەر قوشتى. بىز يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى قىزىل يېزىسىغا قاراپ ماڭدۇق. بەك چارچاپ كەتكەنلىكىمىزدىن قىزىلغا ناھايىتى ئۇزاقتا يېتىپ باردۇق. قىزىلغا بېرىپلا مەھمۇت شىجاڭغا ھەممە ئەھۋالنى ئېيتتۇق. مەھمۇت شىجاڭ لىيەنجاڭدىن يۇقىرى ئوفىتسېرلارنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ، بىزنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— مانا بۇلار ئۆلۈمدىنمۇ قورقماي، جان تىكىپ قەھرىمانلىق قىلغان ھەم بىزگە مۇھىم خەۋەر ئەكەلگەن باتۇرلار. زۆرۈر تېپىلغاندا مۇشۇنداق قەھرىمانلىق كۆرسىتىش لازىم، — دەپ بىزنى ماختىدى ۋە شۇ يەردىلا بىزگە 3000 سەر پۇل مۇكاپات



بەردى. مەن 3000 سەر پۇلنى ئېلىپ بىر تىيىنىنىمۇ يانچۇقۇمغا سالماي، شۇ مەيداندىلا 1000 سەر پۇلنى سەپدىشىم ئىسمائىلئاخۇنغا بەردىم. قالغان 2000 سەرنى سەككىز نەپەر ھەمراھىمغا بۆلۈپ بەردىم. مەھمۇت شىجاڭ بۇنى كۆرۈپ تېخىمۇ خۇشال بولۇپ:

— مانا كۆردۈڭلارمۇ؟ قەھرىمانلىق قىلغاننىڭ ئۈستىگە يەنە پۇلنىڭ ھەممىسىنى سەپداشلىرىغا بەردى، — دەپ ماختاپ كەتتى ۋە، — قالغان ھەمراھلىرىڭىز بۇ يەردە دەم ئالسۇن، سىزگە ئادەم قوشايلى، دەرھال خوجىنىياز ھاجىلارنىڭ قېشىغا بېرىڭ، — دەپ، بىر پارچە خەت يېزىپ بەردى. مەھمۇت شىجاڭ ئادەم قوشقاننىڭ ئۈستىگە ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى تورۇق ئېتىنى ماڭا بەردى. شۇنىڭ بىلەن، يەكەنگە قاراپ ماڭدۇق. يەكەننىڭ كارىۋات[1] دېگەن يېرىگە يېتىپ بېرىپ، چۈشلۈك تاماق يېدۇق. ئاتلىرىمىزنى تويغۇزۇپ، بىرئاز دەم ئالغاندىن كېيىن، يەكەن شەھىرىگە يېرىم كېچىدە يېتىپ باردۇق. خوجىنىياز ھاجى ئۆز ئورنىدا ھامۇتخان لۈيجاڭنى قويۇپ ئۆزى قاغىلىققا كەتكەنىكەن. شىجاڭ يېزىپ بەرگەن خەتنى ھامۇتخان لۈيجاڭغا بەردىم. ھامۇتخان لۈيجاڭ ناھايىتى خۇش بولۇپ:

— ياخشى خەۋەر ئىكەن، سىلەر مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرۇڭلار، ھاجىمنىڭ قېشىغا ئادەم ئەۋەتىمىز، — دېدى. بىز يەكەندە قېپقالدۇق. مەن ھامۇتخان لۈيجاڭنى تونۇمايتتىم. ھامۇتخان لۈيجاڭ بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا قىسقىچە سۆھبەت بولدى.

— سەن نەلىك؟

— قومۇللۇق.

— قومۇل نەدىن؟

---

① كارىۋات — يەكەننىڭ بىر يېزىسى ھەم يەكەن بىلەن يېڭىسار ئارىلىقىدىكى بىر ئۆتەڭ.

— قومۇل سۇبىشىدىن.
— كىمنىڭ بالىسى؟
— ئىسمائىل ھاجىنىڭ.

ھامۇتخان لۈيجاڭ بۇنى ئاڭلاپلا:

— ۋاي! مېنىڭمۇ تۇغقىنىم چىقىدىكەن، سەن مېنىڭ تۇغقىنىم بولىسەن! مېنىڭ يېنىمدا تۇر، — دەپ يېنىغا ئېلىپ قالدى. قاغىلىقتا بارغانلار ئەتىسى: «خوجىنىياز ھاجىلار پوسكامغا كېلىدىغان بولدى» دەپ خەۋەر ئېلىپ كەلدى. بىز ھامۇتخان لۈيجاڭ بىلەن بىللە پوسكامغا ماڭدۇق. مەھمۇت شىجاڭغا: «خوجىنىياز ھاجىلار خوتەنگە بارماي، پوسكامغا قايتىدىغان بولدى» دەپ خەت يېزىۋەتتۇق. پوسكامغا بېرىپ، بىز بىر ھاجىنىڭ كاتتا بېغىغا چۈشتۇق. ئوبدان مېھمان قىلدى. خوجىنىياز ھاجىمۇ كېلىپ، شۇ ھاجىنىڭ بېغىغا چۈشتى. مەسلىھەت بويىچە، مەن ئېلىپ كەلگەن خەۋەرگە ئاساسەن، تەييارلىق قىلىندى.

دېگەندەك شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىنلا قەشقەردىن ئوسمان دامولla، ھېلاخۇن ھاجى باشلىق ما جۇڭيىڭنىڭ ۋەكىللىرى كەلدى. خوجىنىياز ھاجى ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى، ئەمما گەپ - سۆز قىلمىدى. ھەممىمىز پوسكاملىق ھاجىنىڭ باغ - ھويلىسىدا قوندۇق. ئەتىسى ئەتىگەنلىك چايغا تەييارلانغان كاتتا زىياپەتتىن كېيىن، خوجىنىياز ھاجى گەپ باشلىدى:

— خوش، نېمە ئىش بىلەن كېلىشتىلە؟ بىزگە ئېيتىدىغان نېمە گەپ - سۆزلىرىڭلار بار؟ — دېدى ۋە ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە تەكشى قاراپ چىقتى. خوجىنىياز ھاجى ھەربىي كىيىم بىلەن بولغاچقا، تولىمۇ سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. ۋەكىللەر:

— خوش، خوش، — دەپ تەكەللۇپ بىلەن سۆز باشلىدى، — بىزنى ما جۇڭيىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئالدىلىرىغا ئەۋەتتى. ما جۇڭيىڭ پۈتۈن شىنجاڭنى ئازاد قىلىپتۇ. ئۇ كىشى ئىلگىرى خوجىنىياز ھاجى بىلەن قىلىشقان ۋەدىمىز بار ئىدى. خوجىنىياز ھاجى



ئاتا، بىز بولساق بالا ھەم بىر دىن قېرىنداش. بىز ھاجىمنىڭ ئالدىدىن ئۆتىمىز دەيدۇ، — دېدى.

ۋەكىل ناھايىتى سىپايىلىق بىلەن سۆزلىدى. خوجىنىياز ھاجى:

— مەن بىر ئوقۇمىغان قاراتۇرك ئادەم، ھەرقايسىلىرى موللا، ئۆلىما كىشىلەر، ئويلاپ بېقىشسىلا، بىز ما جۇڭيىڭ بىلەن بىرلەشسەك بولارمۇ؟ — دېدى.

ئۇ ھەممە كىشىگە سوئال نەزىرى بىلەن قارىدى. ۋەكىللەر:

— ھەممىمىز مۇسۇلمان ئىكەنمىز. ما جۇڭيىڭ پۈتۈن شىنجاڭنى ئازاد قىلىپ ھەتتا ئۈرۈمچىنىمۇ ئازاد قىلىپ بولۇپتۇ، — دېۋىدى، خوجىنىياز ھاجىنىڭ شۇنداق ئاچچىقى كېلىپ كەتتىكى، كۆزلىرى چەكچىيىپ، ساقاللىرى شامالدا ئۇچقاندەك تىترەپ كەتتى. ۋەكىللەر قورقۇپ:

— ۋاي، تەقسىر، ھەممىمىز مۇسۇلمان بولغاندىكىن، ئىتتىپاق بولساق دېگەن غەرەزدە شۇنداق دېدۇق، — دېدى. خوجىنىياز ھاجىنىڭ تېخىمۇ ئاچچىقى كېلىپ:

— ما جۇڭيىڭ قولىدىن كەلسە، مىڭنى قىلسۇن! ئۇ ۋەدىسىگە ئەمەل قىلدىمۇ؟! قەشقەر شەھىرىدە بىگۇناھ خەلقتىن نەچچە مىڭنى ئۆلتۈردى. بىگۇناھ خەلقنى ئاشۇنداق قىرسا، چاپسا، بىز يەنە ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلاشساق بولامدۇ؟ — دېدى.

ۋەكىللەر بۇنى ئاڭلاپ، ئاغزىلىرىنى ئاچالماي قالدى. خوجىنىياز ھاجى سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپ:

— ما جۇڭيىڭ شىنجاڭنى ئازاد قىلمىدى. ئۈرۈمچىگە كىرەلمەي قەشقەرگە قېچىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن رۇس ئەسكەرلىرى قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ. مانا بۇ (مەن ئاقموللىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ) ما جۇڭيىڭ قوشۇنىدىن قېچىپ چىققان بالا. ئۇ بىزگە ما جۇڭيىڭنىڭ نېمە قىلماقچى بولغانلىقىنى يەتكۈزدى. ھەرقايسىلىرى بېرىپ، ما جۇڭيىڭغا: بىزنىڭ ئالدى-

مىزدا خەۋەر يەتكۈزۈپ بولۇپتۇ، دېيىشىسلە، بىز ئۇنىڭ بىلەن
ھەرگىز ئىتتىپاقلاشمايمىز. قولىدىن كەلگىنىنى قىلسۇن! —
دېدى. ۋەكىللەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ: «خوش، تەقسىر، خوش» دې-
يىشىپ، ئورۇنلىرىدا ئولتۇرالماي قېلىشتى. خوجىنىياز ھاجى
ۋەكىللەرگە بىردىن تون، بىردىن ئات سوۋغا قىلىپ، يولغا سې-
لىپ قويىدى ۋە:
— خۇدايىم بۇيرۇسا، ما جۇڭيىڭ بىلەن پات يېقىندا قەش-
قەردە كۆرۈشىمىز، — دېدى.
خوجىنىياز ھاجى پوسكامدا بىر كۈن تۇرغاندىن كېيىن،
مەھمۇت شىجاڭ، ھامۇتخان لۇيجاڭ باشچىلىقىدىكى قىسىملار
يول تەييارلىقىنى باشلىۋەتتى.



# نۆتىنچى باب

## يەكەندىكى سۆھبەت

خوجىنىياز ھاجى، مەھمۇت شىجاڭلارنىڭ قەشقەردە ما جۇڭ-
يىڭنىڭ ئۇرۇمچىنى ئالالماي، ئاقسۇدىمۇ تۇرالماي قەشقەرگە
قېچىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، ئارقىسىدىن «تارباغاتايىسكى» نامى
بىلەن سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى
ئاڭلاپ، قەشقەردەك ئادەم زىچ ئولتۇراقلاشقان چوڭ شەھەردە ئۇ-
رۇش قىلساق، بىگۇناھ خەلق قىرىلىپ كېتىدۇ، دەپ يېڭىسار،
يەكەن تەرەپلەرگە سۈرۈلگەنلىكىنى يۇقىرىدا بايان قىلغانىدىم.
ئۇلار يېڭىسار، يەكەن تەرەپلەرگە ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، قەش-
قەر يولىنى توسۇش ئۈچۈن، مەھمۇت شىجاڭ توپلۇق، قىزىل
بويلىرىدا مۇداپىئە قىلىپ تۇرىدۇ. خوجىنىياز ھاجى ۋە ھامۇت-
خان لۇيجاڭ ئاز قىسىم قوشۇن بىلەن يەكەنگە ئورۇنلىشىدۇ.
شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، خوجىنىياز ھاجى سوۋېت چېگرىسى
ئەركەشتامغا بېرىپ كەلگەندىن كېيىن پۈتۈن ھەربىي باشلىق،
دورغىلارنى يىغىپ سۆھبەت يىغىنى ئاچىدۇ. بۇ يىغىندا خوجى-
نىياز ھاجى: «بىز مۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىمىز؟ ما جۇڭ-
يىڭ قىستاپ كېلىۋاتىدۇ. خوتەن تەرەپكە سۈرۈلسەك دۇنخۇاڭ
تەرەپتىكى چۆلگە چىقىپ قالىمىز. تېخىمۇ ۋەيرانچىلىققا
ئۇچرايمىز. ھىندىستانغا كېتەيلى دېسەك بىز كۆپ ئادەم، قوبۇل
قىلىشى ناتايىن. بىز يەنىلا قۇكاڭدا تۇزۇشكەن توختام بويىچە

شىڭ شىسەي بىلەن بىرلەشسەك قانداق؟» دەپ ئەركەشتامدىكى سوۋېت ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان سۆھبەتنى سۆزلەپ بېرىدۇ. كۆپچىلىك شىڭ شىسەي بىلەن بىرلەشمەسلىكنى تەكىتلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن يىغىن نەتىجىسىز ئاياغلىشىدۇ. بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئاقمۇللام، ئىسمائىلئاخۇنلار يەتكۈزگەن خەۋەر بويىچە ما جۇڭيىڭ ۋەكىللىرى بىلەن پوسكامدا سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، ما جۇڭيىڭ بىلەن بىرلەشمەيدىغانلىقىنى، شىڭ شىسەي بىلەن بىرلىشىپ بولغانلىقىنى ئېيتىپ ۋەكىللەرنى يولغا سېلىۋېتىدۇ ۋە پۈتۈن قوشۇن باشلىقلىرىغا پۇختا تەييارلىق قىلىپ ئاقسۇغا قايتىش بۇيرۇقىنى بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خوجىنىياز ھاجى، مەھمۇت شىجاڭ ۋە هامۇتخان لۈيجاڭلار يەكەن، پوسكام، يېڭىسار، توپلۇق، قىزىل بويىدىكى قوراللىق قوشۇنلارنى، ترانسپورتتىكى ئەسكەرلەر ۋە ئات ـ ئۇلاغ كارۋانلىرىنى ئېلىپ مارالبېشىغا يېتىپ كەلگەندە، شىڭ شىسەينىڭ ئالدىن ئەۋەتكەن ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشۈپ قالىدۇ. ئۈرۈمچىدىن شىڭ شىسەي قېشىدىن ۋەكىل بولۇپ كەلگەن گېنېرال مالىكوف خوجىنىياز ھاجى ۋە مەھمۇت مۇھىتى بىلەن سۆھبەتلەشكەندە: «ئۈرۈمچىدە يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. ما جۇڭيىڭنىڭ قوشۇنلىرىغا ما خۇسەن رەھبەرلىك قىلىۋاتىدۇ، ئۇلار پوسكامدىن خوتەنگىچە ئورۇنلاشماقچى. خوجىنىياز ھاجى شىنجاڭنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولىدىغان بولدى. مەھمۇت شىجاڭ پۈتۈن قوراللىق قوشۇننى باشلاپ بېرىپ قەشقەرنىڭ مۇھاپىزەت قوماندانى ۋەزىپىسى بىلەن قەشقەردە تۇرىدىغان بولدى» دەيدۇ. ئۇ يەنە مەھمۇت شىجاڭغا: «ھاجىم ئۈرۈمچىگە بېرىشنى قوبۇل كۆرگەن بولسىمۇ ھاجىنىڭ يېنىدىكىلەر قوشۇلمايۋاتىدۇ. سىز خوجىنىياز ھاجىمنى ئۈرۈمچىگە بېرىشقا ئۈناتسىڭىز» دەپ خىزمەت ئىشلەيدۇ. مەھمۇت شىجاڭ گېنېرال مالىكوفنىڭ ئالدىدا خوجىنىياز ھاجىغا ئۈرۈمچىگە بېرىپ مۇئاۋىن رەئىسلىك



ۋەزىپىسىنى قوبۇل قىلىشقا تەكلىپ بەرگەن بولۇپ، گېنېرال يوق يەردە: «ھاجى ئاكا، ئۈرۈمچىگە ھەرگىز بارماڭ، ئىشنىڭ ئاقىۋىتى خەتەرلىك تۇرىدۇ، سۇيىقەستكە ئۇچرايمىز. شىڭ شىسەي چەت ئەل بىلەن بىرلىشىۋالدى. بۇ ھەر ئىككىسى بىزگە يامان كۆزى بىلەن قاراۋاتىدۇ، بۇلاردا بىر پىلان بار...» دەپ مەخپىي مەسلىھەت بېرىدۇ. خوجىنىياز ھاجى ئويلاپ كۆرۈشنى ماقۇل كۆرىدۇ. ئەتىسى مارالبېشىدىن ئاتلىق قوشۇنلىرىنى باشلاپ يولغا چىقىپ قوشئاۋات ۋە يەكەن دەرياسىنى بويلاپ شاقۇ[1] يېزىسىغا كەلگەندە بۇرۇن ئاقسۇنىڭ جام، قارايۇلغۇندىكى ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرى بىلەن ئۇرۇشقاندا بىرنەچچە ئەسكەر بىلەن خائىنلىق قىلىپ قېچىپ كەتكەن نىياز لىيەنجاڭ خوجىنىياز ھاجى ۋە مەھمۇت شىجاڭلارنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن شاقۇ يېزىسىغا كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ (نىياز لىيەنجاڭ ئەسلى شاقۇلۇق ئىدى)، ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئاتتىن چۈشۈپ تىزلىنىدۇ ۋە: «گۇناھىمنى تىلەيمەن. توۋا قىلدىم، مەن بىر كۈنلۈك قونالغۇنى ئۈستۈمگە ئېلىپ، سىلەرنى كۈتۈۋالسام، ئات ـ ئۇلاغلارغا يېتەرلىك ئوت ـ سامان تەييارلىدىم. مېھمانلارغا يېمەكلىك ئۈچۈن كالا، قوي تەييارلاپ قويدۇم. ئەسكەرلەر ئۇزۇن يول يۈرۈپ چارچاپ كېتىپتۇ، بۇ ئەتراپتا دۈشمەن ئەسكەرلىرى بار. بىر كۈنلۈك مۇھاپىزەتچىلىك ئىشلىرىنى بىز قىلىپ، گۇناھىمىزنى يۇساق» دەپ تۇرۇۋالىدۇ. خوجىنىياز ھاجى بۇنىڭ گېپىگە ئېرىپ كېتىپ گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلىدۇ. نىياز لىيەنجاڭ ئەسلىدە ما جۇڭيىڭغا سېتىلىپ ئىشپىيونلۇق قىلىپ يۈرگەنلىكىنى ھېچكىم سەزمىگەنىكەن. مەھمۇت شىجاڭ شاقۇ يېزىسىغا كىرمەي، دەريادىن ئۆتۈپ ئاۋات ناھىيىسى تەرەپتىكى توغراقلىق ئىچىگە چۈشىدۇ.

مۇشۇ ئىشلاردا نەق مەيداندا بولغان ئاقمۇللام ئەسلەپ تۇرۇپ

① شاقۇ ـــ مارالبېشىغا قاراشلىق بىر يېزىنىڭ ئىسمى.

مۇنداق دەيدۇ: بىز هامۇتخان لۇيجاڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىشپيون ئىكەنلىكىنى سەزمەي ئۆيگە چۈشتۇق. ئۇ ئاتلارغا ئوت ـ چۆپمۇ تەييارلاپ بەرمىدى. تاماق پىشقۇچە سائەت توققۇز ـ ئونلار بولۇپ قالدى. شۇ ئارىدا نىياز ليەنجاڭنىڭ كىرىپ ـ چىقىشى كۆپىيىپ قالدى. بىر چاغدا نىياز ليەنجاڭ هجىيىپ پولۇ، مانتا كۆتۈرۈپ كىردى. بىز ئاش، مانتىنى ئەمدى يەيلى دەپ تۇرساق، تاڭ ـ تۇڭ قىلغان ئوقنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. نىياز ليەنجاڭنى ئىزدىسەك هېچ يەردە يوق. شۇنىڭدىن كېيىن پىلىموت، مىلتىق ئاۋازلىرى قوماچ قورۇغاندەك ئەتراپىمىزنى قاپلىدى. «سا ـ سا» (قىر ـ چاپ) ئاۋازىمۇ كۈچىيىپ كەتتى. نىياز ليەنجاڭنىڭ باشلىشى بىلەن ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى تۆت ئەتراپىمىزنى قورشىۋالدى. بىز ئوتتۇرىدا قالدۇق. دەل شۇ چاغدا مەهمۇت شىجاڭلار شاقۇغا قارىتىپ مىلتىق، پىلىموت ۋە چاقلىق ئىستانكۆوي پىلىموتلاردىن شىددەت بىلەن ئوق ياغدۇردى. بۇنىڭ بىلەن ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرى بىر تەرەپكە سۈرۈلۈپ كەتتى. خوجىنىياز هاجىنىڭ شۇنداق ئاچچىقى كەلدىكى ۋارقىراپ كەتتى. مەهمۇت شىجاڭ ئاتقان ئوقنىڭ كۈچى بىلەن هەممىمىز قورشاۋدىن قۇتۇلدۇق. شۇ كۈندىكى سوقۇشتا بىر ـ بىرىمىزگە ياردەم قىلغۇدەك هالىمىز قالمىغانىدى. هەركىم ئۆز غېمى، ئۆز ئەهۋالى بىلەن بولدى. شاقۇ يېزىسىدىكى سوقۇشتا 100 دىن ئارتۇق تۆگە، 200 دىن ئارتۇق ئات ـ قېچىر، قورال ـ ياراغ، ساندۇقلاردىكى ئوق، كىچىك ساندۇقلاردىكى ئالتۇن ـ كۈمۈش، تۈرلۈك ئەن رەخت ۋە باشقا بارلىق مال ـ مۈلۈكلەرنىڭ هەممىسى ما جۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. شاقۇ يېزىسىنىڭ تارىم دەرياسى بويلىرى قېلىن ئورمان هەم كېچىسى قاراڭغۇ بولغاچقا قاچقاندا ئەسكەرلەرنىڭ باش كىيىملىرىنى توغراق شاخلىرى ئىلىۋېلىپ كۆپىمىز باش كىيىمسىز قالدۇق. دەريادىن ئۆتۈپ ئورماننىڭ چېتىدە جەم بولۇپ،



ئاۋات ناهىيەسىنىڭ غورۇچۆل[①] يېزىسىغا قاراپ ماڭدۇق. شاقۇ يېزىسىدىن غورۇچۆلگە بارغۇچىلىك يول يىراق، هاۋا بەك ئىسسىق، چۆل ـ جەزىرە ۋە قۇملۇق بولغاچقا، قورساقلار ئېچىپ هالىمىز قالمىدى. ئات ـ ئۇلاغلارمۇ بىر سوتكىغا يېقىن هېچ نەرسە يېمەي هېرىپ قالدى. غورۇچۆل يېزىسىغا كەلسەك بۇ يەردە بىرنەچچە ئۆيلۈككىلا دېهقانلار بار ئىكەن، ئۇلار كەمبەغەل ئىكەن. نۇرغۇن ئادەمگە يەيدىغان نەرسە نەدە؟ ئىككىنچى كۈنى ئاقسۇ ئاۋاتقا قاراپ مېڭىپ كەتتۇق.

## ئاقسۇدا ئۆتكۈزۈلگەن مۇهىم يىغىن

كەچقۇرۇن ئاقسۇ ئاۋاتقا بىر ماشىنىدا كىشىلەر كەلدى. بۇ كەلگەنلەر ئاقسۇدىكى «تارباغاتايىسكى» قىسمىنىڭ ۋەكىللىرى ئىدى. مەزكۇر قوشۇننىڭ باشلىقى ئېگىز سېرىق ساقاللىق كىشى بولۇپ، يەنە بىرى گېنېرال پالىنوف ئىدى (بۇ كىشى كېيىنكى كۈنلەردە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەهبەرلىك ئىشلىرىغا قاتناشقان). بۇلار شىڭ شىسەي نامىدىن خوجىنىياز هاجى ۋە مەهمۇت شىجاڭلارنى قارشى ئېلىشقا كەلگەن ۋەكىللەر ئىدى. بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار توغرىسىدا مۇزاكىرىلىشىپ، ئەتىسى ئاقسۇغا قايتىپ كەتتى، ئىككىنچى كۈنى ئىككى ماشىنىدا پۇل كەلدى. بۇ پۇللار ئەسكەرلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. خوجىنىياز هاجى ئاۋاتتىن ئاقسۇغا مېڭىشقا تەييارلاندى. هامۇتخان لۇيجاڭنىڭ رەهبەرلىكىدە 20 نەپەر ئوفىتسېر ـ ئەسكەر ۋە ئەمەتقۇل هاجى، زوردۇن ئاكا قاتارلىق مۆتىۋەرلەرمۇ بىللە ماڭىدىغان بولدى. خوجىنىياز هاجى سوۋېتتا تىكىلگەن هەربىي كىيىم، بېشىغا قاسقان شەپكە كىيدى، مەيدىسىگە مېدال ـ

① غورۇچۆل ــ تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ بويىغا جايلاشقان ئاۋات ناهىيىسىگە قاراشلىق جاي. ئۇ ۋاقىتتا يېڭىدىن ئېچىلغان جاي بولغاچقا ئادەم ئاز ئىدى.

ئوردېنلارنى تاقىدى. بېلىگە ئوفىتسېرلار كەمىرى باغلاپ، بىر
قولىغا مىستىن ھەل بېرىلگەن زاكون تاياقنى تۇتۇپ، پارقىراپ
تۇرغان قىلىچنى ئاستى. خوجىنىياز ھاجىغا فورمىلار شۇنداق
چىرايلىق ياراشتى. ئۆزىمۇ قالتىس سۇرلۇك بولۇپ قالغانىدى.
خوجىنىياز ھاجى ئاقسۇ يېڭىشەھەر دەرياسىنىڭ قىزىل كۆۋرۈك
بويىغا كېلىشى بىلەن بارلىق «تارباغاتايىسكى» رۇس قوشۇنلىرى
ھەم گېنېرال پالىنوف قارشى ئالغىلى چىقتى. پۈتۈن ئەسكەر-
لەر يولنىڭ ئىككى ياقىسىدا قاتار تىزىلىپ زەمبىرەكلەرنىڭ
ئاغزىنى ئاسمانغا قارىتىپ قويۇپ چاۋاك ۋە ھۇررا ساداسى
ياڭراتتى. بارلىق ئاقسۇ خەلقىمۇ داقا ـ دۇمباق، ناغرا ـ سۇناي-
لىرىنى چېلىپ، يۇرت كاتتىلىرىنىڭ باشچىلىقىدا قارشى ئې-
لىشقا چىقتى. خوجىنىياز ھاجى ۋە سەپداشلىرى يېڭىشەھەردى-
كى ۋالىي مەھكىمىسىگە ئورۇنلاشتى. رۇس ئەسكەرلىرى يېڭى-
شەھەر ئارقىلىق كونىشەھەرگە قايتتى. ئەتىسى خوجىنىياز ھا-
جى باشلىق كىشىلەر مۇھاپىزەتچىلىرى بىلەن كونىشەھەرگە
كىرىپ، باي شىجاڭ دېگەن كىشىنىڭ قورۇسىغا ئورۇنلاشتى.
ئەتىسى كونىشەھەر كوچىسىدا چوڭ قارشى ئېلىش يىغىنى ئۆت-
كۈزۈلدى. كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۈستەل ـ ئورۇندۇقلار تىزد-
لىپ، ئۈستەل ئۈستىگە مىكروفونلار قويۇلدى ۋە بارلىق رۇس
ئەسكەرلىرى ۋە ئاقسۇ خەلقى يىغىنغا قاتناشتى. يىغىن باشلى-
نىشى بىلەن كانايدا شېڭ شىسەينىڭ ئورۇمچىدە تۇرۇپ سۆزلى-
گەن سۆزى ئاڭلاندى. ئۇ سۆزىدە خوجىنىياز ھاجىنىڭ قوراللىق
ئەسكەرلىرى بىلەن ئاقسۇغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى قارشى ئالى-
دىغانلىقىنى بىلدۇردى ۋە خوجىنىياز ھاجىنى شىنجاڭ ئارمى-
يىسىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى، جەنۇبىي شىنجاڭ ئارمىيىسىنىڭ
قوماندانى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى
دەپ ئېلان قىلدى. يىغىن مەيدانىدا قىزغىن چاۋاكلارغا قوشۇلۇپ
ھەربىيلەرنىڭ ھۇررا ساداسى ئاسماننى بىر ئالدى. ھەربىي باش-



لىقلار كېلىپ، خوجىنىياز ھاجىغا ھەربىيچە سالام بېرىپ، قول
ئېلىشىپ تەبرىكلەشتى. شېڭ شىسەينىڭ بۇ «ئالدام» سۆزلىرد-
گە خوجىنىياز ھاجى كۈلۈپ تۇردى. نېمە ئىلاج، خوجىنىياز
ھاجى پۈتۈن شىنجاڭدا تىنچلىق ئورنىتىپ، بىرنەچچە يىل ئۇ-
رۇش ئازابىنى تارتقان خەلقنى ئەركىن تۇرمۇشقا ئىگە قىلىش
ئۈچۈن ئارمىيىنى باشلاپ ئاقسۇغا كەلگەنىدى. يىغىندا شېڭ
شىسەينىڭ سۆزى يەنىلا ئاڭلاندى. ئۇ: «پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئار-
مىيە خوجىنىياز ھاجى سىلەرگە قانداق قوماندانلىق قىلسا قەد-
ئىي ئىجرا قىلىڭلار. بۇيرۇققا بويسۇنۇپ ئىشلەيسىلەر! خوجى-
نىياز ھاجىنىڭ تېزلىكتە ئۈرۈمچىگە كېلىپ مۇئاۋىن رەئىس-
لىك خىزمىتىنى ئۆتىشىنى قارشى ئالىمىز. يول ئۈستىدىكى
ۋىلايەت، ناھىيىلەر ۋە ئۆتەڭلەر خوجىنىياز ھاجىنى ياخشى كۈ-
تۈۋېلىڭلار» دەپ سۆزىنى تۈگەتتى. چاۋاك، ھۇررا ئاۋازلىرى
ئۇزاققىچە توختىمىدى. ئاندىن پالىنوف ۋە قىزىل ئارمىيىنىڭ
پولكوۋنىكلىرى كېلىپ خوجىنىياز ھاجىغا سالام بېرىپ تۇ-
رۇپ: «بىز سىزنىڭ ئەمرىڭىزنى تۇتىمىز ۋە بۇيرۇقىڭىز بويىچە
ئىش قىلىمىز. سىز قانداق يەرگە بۇيرۇسىڭىز، بىز شۇ يەرگە
بارىمىز» دەپ ۋەدە بەردى. مەزكۇر مەجلىستىن كېيىن كاتتا
زىياپەت بېرىلدى. زىياپەتكە خوجىنىياز ھاجى باشلىق قىزىل
ئارمىيە ئوفىتسېرلىرى ھەم ئاقسۇنىڭ ئىككى شەھەر مەمۇرىي
باشلىقى، خەلق ئىچىدىكى مۆتىۋەرلەر قاتناشتى. ئەتىسى تۇيۇق-
سىزلا خوجىنىياز ھاجىنىڭ يوقلۇقى بىلىندى. گېنېرال پالى-
نوف خوجىنىياز ھاجىنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىدىن بەكمۇ ئەنسى-
رەپ، «يامان بولدى!» دەپ ئالاقزادە بولۇپ كەتتى. باشقىلارمۇ
غەم ـ ئەندىشە ئىچىدە قالدى. سۈرۈشتە قىلىپ كۆرسە، خوجى-
نىياز ھاجى ئۆزى يالغۇز ئايرودرومغا بېرىپ ئايروپىلانغا چىقىپ
ئۈچقۇچىغا ئۇچۇشقا بۇيرۇق قىلىدۇ. ئۇچقۇچى: «ماي ئاز، يەت-
مەيدۇ» دېسىمۇ ئۇنىماي قارامىلىق قىلىپ، قاغىلىق ناھىيىسىگە

ئۇچۇپ بېرىپتۇ. قاغىلىق ناھىيىسىدىكى تۇزلەڭ سايدا ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرى ھەربىي مەشىق قىلىۋاتقانىكەن. «پىلىموتنى ئات!» دەپ بۇيرۇق قىلىپ مەشىق قىلىۋاتقان قوشۇنلارنى تىردپىرەن قىلىۋېتىپتۇ. ئاقسۇغا قايتىشىدا ماي يەتمەي قېلىپ، مارالبېشىنىڭ بىر يېزىسىنىڭ مەكتەپ مەيدانىغا چۈشمەكچى بولۇپتۇ. ئايروپىلان پەسلىگەندە ئايروپىلان تۇمشۇقى يەرگە تېگىپ كېتىپ خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئىككى تىزىنىڭ تېرىسى سۇرۇلۇپ كېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، خوجىنىياز ھاجى ئىككى ـ ئۈچ كۈندە ئاقسۇغا ماشىنا بىلەن سالامەت قايتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ھەممىسى خاتىرجەم بولۇشتى. خوجىنىياز ھاجى ئاقسۇدا خېلى ئۇزاق تۇرۇپ، بەزى ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرماقچى بولدى.

## شاقۇدىكى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى

ئاقمۇللام مۇنداق دەيدۇ: مەھمۇت شىجاڭ خوجىنىياز ھاجىنى ئاقسۇغا ئۇزىتىپ قويۇش ئۈچۈن ئاۋات ھاكىم ئىدارىسىگە كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى. خوجىنىياز ھاجى مەھمۇت شىجاڭنى ئۇزىتىپ ھويلىغا چىققاندا مەھمۇت شىجاڭ:

— مەن شەنبە كۈنى ئەسكەرلەرنى باشلاپ شاقۇدىكى قورال ـ ياراغ ۋە ئوق ـ دورا، مال ـ مۈلۈك، دۇنيالارنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ماڭىمەن، شەنبە شىكار دېگەن گەپ بار. ما جۇڭيىڭ ئېلىپ كەتكەن ماللارنى قايتۇرۇۋالمىساق بىزگە سەت ۋە نومۇس ئەمەسمۇ؟! — دېگەندە، خوجىنىياز ھاجى گەپ ـ سۆز قىلماي، بېشىنى سىلاپ جىم تۇردى.

مەھمۇت شىجاڭ خوجىنىياز ھاجىنى ئاقسۇغا ئۇزىتىپ قويۇپ، ئاۋاتتا بىر كۈن تۇرۇپلا بۇرۇنقى كەلگەن يولى غورۇچۆل ئارقىلىق بارلىق قوراللىق قوشۇننى باشلاپ يېرىم كېچىدە شا-



قۇ يېزىسىغا يېتىپ بېرىپ، ئەتراپتىكى خەلقتىن ما جۇڭيىڭ قوشۇنىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇشتى، بۇ قوشۇن شاقۇ ئەتراپىدىكى چوڭ سايدا خوجىنىياز ھاجىلاردىن ئولجا ئالغان دۇنيانى بۆلۈشىمىز دەپ جەڭگى ـ جېدەل قىلىشىپ، بىر ـ بىرىگە قورال تەڭلەشتى، دېگەن مەلۇماتقا ئىگە بولدى. مەھمۇت شىجاڭ پۈتۈن كوماندىر ـ ئەسكەرلەرنى يىغىپ، دۈشمەن ئەھۋالىنى سۆزلەپ كېلىپ:

— بۈگۈن دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىمىز. شاقۇدىكى دۈشمەنلەرنى بىرىنىمۇ قويماي قىرىپ تاشلايمىز. بىز بۇ دۈشمەنلەرنىڭ دەرد ـ ئەلىمىنى ئاز تارتمىدۇق. بولۇپمۇ شاقۇدىكى ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرىنىڭ قاپقىنىغا چۈشۈپ، نۇرغۇن مال ـ مۈلۈك، دۇنيادىن ئايرىلدۇق. نومۇس ئەمەسمۇ؟ يۈزىمىزنى نەدە كۆتۈرۈپ يۈرىمىز. بۈگۈن شاقۇنى ئالىمىز ياكى مۇشۇ جەڭدە ئۆلىمىز، — دېدى. قىسىمدىكى بارلىق ئەسكەرلەر غەيرەتكە كېلىپ:

— ئۆلۈكىمىز مۇشۇ جايدا قالىدىغان ئىش بولسىمۇ ئارقىمىزغا يانمايمىز. بۈگۈن دۈشمەنلەرنى قىرىپ تاشلاپ ئەنتىمىزنى ئالىمىز، — دەپ تۇۋلاشتى.

ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرىنىڭ خىللانغان ئۈچ لۇي ئەسكىرى مارالبېشى ۋە شاقۇغا جايلاشقانىدى. ئۇلار ئۇرۇمچىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان «تارباغاتايىسكى» ئارمىيىسىنى قەشقەرگە ماڭدۇرماي، مۇشۇ يەردىلا يوقاتماقچى بولغانىكەن. مەھمۇت شىجاڭ شىمالدىن ۋە ئارقىدىن ھۇجۇم قىلىدىغان ھۇجۇمچىلارنى بەلگىلەپ، پەقەت مارالبېشى تەرەپنى ئوچۇق قالدۇردى. شاقۇ ئەتراپىغا بارغاندا، راكېتا (يورۇتقۇچى ئوق) ئېتىلىش بىلەن تەڭ ھۇجۇم قىلىمىز دەپ بەلگىلىدى. ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرى سىرتتىن كېلىدىغان ھۇجۇمدىن خەۋەرسىز بولۇپ، ئولجىنىڭ ئۆزلىرىگە قانچىلىك تېگىدىغانلىقىنى ئويلاپ، شېرىن خىيال سۈرۈۋاتاتتى. تاڭغا يېقىن مەھمۇت شىجاڭ تەرىپىدىن ئېتىلغان

راكېتا ئاسماننى يورۇتۇش بىلەن تەڭ مىلتىق، پىلىموتلاردىن ئوق يېغىشقا، قول بومبىلىرى گۇمبۇرلەپ پارتلاشقا باشلىدى. شىرىن ئۇيقۇدىكى ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرىنىڭ نۇرغۇنى ئوقنىڭ كىم تەرىپىدىن، قايسى جايدىن چىقىۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي يەر چىشلىدى. ھۇجۇم ئوقىدىن ئۆلمەي قالغانلىرى ئۆزلىرىنىڭ بىر ـ بىرىنى تونۇماي چىقارغان ئوقلىرىدا ئۆلدى. شۇ كېچىدىكى سوقۇشتىن قۇتۇلۇپ چىققان ئازراق قىسمى مارالبېشىغا قېچىپ كەتتى. قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورا، ئات ـ قېچىر، تۆگىلەرمۇ قايتۇرۇۋېلىندى. شۇ كېچىدىكى سوقۇشتا ئالدىنقى قېتىم شاقۇدا بۇلارنى ئالداپ ما جۇڭيىڭغا تۇتۇپ بېرىشكە كۈچ چىقارغان نىياز لىيەنجاڭ مەھمۇت شىجاڭلارنىڭ قولىغا يەنە تىرىك چۈشتى. مەھمۇت شىجاڭ بۇ خائىننى ئاستۇرۇپ قويۇپ:

— ھە! نىياز لىيەنجاڭ، قارايۇلغۇندىكى سوقۇشتىن نېمىدەپ قاچتىڭ؟ — دېدى.

— ۋاي، بىلمەي قېچىپ قويۇپتىمەن.

— بىزنى ئالداپ شاقۇ يېزىسىدىكى دۈشمەنگە تۇتۇپ بېرىدىشىڭدىكى مەقسىتىڭ نېمە؟

— ۋاي، بىلمەپتىمەن. توۋا قىلدىم، — دېدى نىياز لىيەنجاڭ يالۋۇرۇپ.

— سەن بىلمەيدىغان ئىشمىدى؟

— توۋا قىلدىم.

— سەن كاززاپ ئىكەنسەن. بىرىنچى قېتىم «توۋا قىلدىم، بىلمەپتىمەن» دەپ ئەپۇ سوراپ ئالدىمىزغا چىققانىدىڭغۇ؟ ئادەم ۋەدىسىگە خىيانەت قىلسا بولامدۇ؟

— ۋاي، ئۇقماپتىمەن.

— «توۋا قىلدىم» دېگەندىن باشقا سۆزۈڭ يوقمۇ؟ ئۆزىنىڭ سەپداشلىرىغا خىيانەت قىلغان خىيانەتچى نىياز مۇناپىققا ئۆلۈم جازاسى بېرىلسۇن، — دېدى مەھمۇت شىجاڭ غەزەپ بىلەن. نى-



ياز لىيەنجاڭ شۇ مەيداندىلا ئېتىپ تاشلاندى.

شاقۇدىكى سوقۇشتا قايتۇرۇۋېلىنغان مال ـ مۈلۈك، قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورىلار قايتىدىن رەتلىنىپ قىسمىنىڭ ئېلىپ يۈرۈشىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. ئۇلار شۇ كۈندىكى سوقۇشتىن كېيىن ھاۋانىڭ ئىسسىقلىقىغا ۋە چارچاپ كەتكەنلىكىگە قارىماي، شۇ كۈنىلا قاچقان دۈشمەننىڭ ئارقىسىدىن ئارام بەرمەي قوغلاپ مارالبېشىغا ماڭدى. مارالبېشىدىكى بىر كۈنلۈك قاتتىق سوقۇشتا دۈشمەنلەر نۇرغۇن ئۆلۈكلىرىنى تاشلاپ، مال ـ مۈلۈكلىرىنىمۇ ئالالماي قېچىشقا ئارانلا ئۈلگۈردى.

ما جۇڭيىڭ شاقۇ ۋە مارالبېشىغا ئارقىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان «تارباغاتايىسكى» لارنى توسۇپ، قەشقەرگە ماڭدۇرماسلىق ئۈچۈن خىللانغان قوشۇنلىرىنى ئورۇنلاشتۇرغانىدى. بۇ ئۇرۇشتا ما شىمىڭ ئۆلدى. ئۇ خىللانغان بۇ قوشۇنىدىن ئايرىلىپ قالدى. پوسكامدىكى سۆھبەتتىن نەتىجە چىقمىدى. شۇنداق قىلىپ، ما جۇڭيىڭ ئالاقزادىلىك ئىچىدە نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالدى.

## ما جۇڭيىڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىشى ۋە ئۇنىڭ ئاخىرقى ئەھۋالى

ما جۇڭيىڭ قەشقەرگە بېرىپ، ئالدى ـ كەينىگە ماڭالماي، نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرغان كۈنلەردە ما جۇڭيىڭدا ئالتۇن ـ كۈمۈش، دۇنيانىڭ جىقلىقىدىن، چەت ئەللەرنىڭ قەشقەردىكى كونسۇللىرى ئۆز مەملىكىتىگە ئېلىپ كېتىشكە ۋە مەملىكىتىدە ئۇنىڭ ھاياتىغا كاپالەتلىك قىلىشقا چىرايلىق ۋەدىلەرنى بېرىدۇ. خۇسۇسەن ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلى ئۇنى ئەنگلىيىگە كېتىشكە كۆپرەك تەكلىپ قىلىدۇ. ما جۇڭيىڭنىڭ بېشى قېتىپ تۇرغاندا، ما دوتەينىڭ ياردىمى بىلەن سوۋېت

كونسۇلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا 60 تەك كىشى بىلەن كېتىشكە رۇخسەت قىلىدۇ.

ما جۇڭيىڭنىڭ چەت دۆلەتلەرگە كېتىش غەرىزى بولغانلىقى ئۈچۈن، سوۋېت دۆلىتىگە كېتىشنىڭ ئالدى - كەينىدە قەشقەردە ئىچىگە تىللا قىستۇرۇپ تىكتۈرگەن 40 كىشىلىك پاختىلىق شىرىق كىيىم ھەم زىخچە چوڭ - چوڭ ئالتۇن - كۆمۈش، دۇنيالارنى ئېلىپ ماڭغان. ما جۇڭيىڭ ئېلىپ ماڭغان يان قوراللارنىڭ ھەممىسىنى چېگرا ساقچىلىرى ئېلىپ قالىدۇ.

ما جۇڭيىڭ ھەمراھلىرى بىلەن چېگرىدىن ئىچكىرىلەپ كىرگەندە ساقچىلار دېزىنفېكسىيە قىلىشنى تەكلىپ قىلىدۇ. ئۇلار مۇنچىغا چۈشۈۋاتقاندا كىيىملىرىنىڭ ئورنىغا يېڭى كاستۇم - بۇرۇلكىلارنى ھەتتا ئىچكى كىيىم - كېچەك ۋە گالستۇكلارغىچە ئەكىرىپ تەييارلاپ قويىدۇ. مۇنچا، گازارما، ياتاق ئەتراپلىرى سوۋېت ساقچىلىرى تەرىپىدىن قاتتىق مۇھاپىزەت قىلىنىدۇ. شۇ ۋاقىتتا پورخوف[1] دېگەن رۇس چېگرا ساقچىلىرىدىن ئىكەن. ما جۇڭيىڭ ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى مۇنچىدىن چىققاندىن كېيىن قارىسا تىللا قاچىلانغان شىرىغان ئىشتان، چاپانلار يوق، قولىنى چىشلەپلا قالىدۇ.

ما جۇڭيىڭ سوۋېت ھۆكۈمىتىدىن پاناھ تىلەپ بارغاندىن كېيىن ئۇلار ما جۇڭيىڭنى ھەمراھلىرى بىلەن ياخشى قارشى ئالىدۇ ھەم ياخشى كۈتۈۋالىدۇ، ئالدى بىلەن ھەربىي مەكتەپ، ئاۋئاتسىيە مەكتەپلىرىنى، تانكا - زەمبىرەك ۋە باشقا ھەربىي قورال - ياراغ ياسايدىغان زاۋۇتلارنى، قۇرۇقلۇق، دېڭىز ۋە ھاۋا

---

① پورخوف — 1937 - يىلى خوتەندىن ما خۇسەن ئىسيان كۆتۈرۈپ جەنۇبىي شىنجاڭنى قالايمىقان قىلغاندا، قىزىل ئارمىيە بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭغا كېلىپ ئىشلىگەن ۋە تەرجىمانلىق قىلغان. ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىدە «ئارت دىۋىزىئون» زەمبىرەكچىلەر قىسىم باشلىقى، كېيىن بايانداىدىكى ھەربىي مەكتەپتە مۇئەللىم بولغان.



ئارمىيىسى قىسىملىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ما جۇڭيىڭغا بۇلارنى كۆرسىتىشىدە مەقسەت بار ئىدى. ما جۇڭيىڭنىڭ شىنجاڭغا چىققاندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى قىلغان سۆزلىرى ۋە ئۇرۇشلىرىنى سوۋېت ھۆكۈمىتى ياخشى بىلەتتى. شۇڭا ما جۇڭيىڭغا «بۇلارنى كۆردۈڭلارمۇ؟ كۆرۈپ قويۇڭلار، شۇنداق زامانىۋىلاشقان ھەربىي كۈچ تۇرسا، قانداقسىگە سوۋېت ھۆكۈمىتى ۋە قىزىل ئارمىيىسى بىلەن تەڭ تۇرالايسىلەر» دېمەكچى بولغان.

ھازىر ما جۇڭيىڭ ھەققىدە نۇرغۇن ئوخشىمىغان كۆز قاراشلار بار. ئۇنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئۆتكەن ئاخىرقى كۈنلىرى توغرۇلۇقمۇ ئوخشىمىغان ئانالىزلار بار. ما جۇڭيىڭ ئۇرۇمچىنى مۇھاسىرىگە ئالغاندا، شېڭ شىسەينىڭ تەلىپى بىلەن چۆچەك ئارقىلىق كىرىپ، ما جۇڭيىڭنى ئۈرۈمچىدىن ئاقسۇغىچە قوغلاپ بارغان سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى ئەمەسمۇ؟! ما جۇڭيىڭ مانا ئۆز دۈشمىنىدىن پاناھ تىلەپ ئالدىغا بېرىشقا مەجبۇر بولدى. ستالىن ئۆز رەقىبى ما جۇڭيىڭنى ساق قويارمۇ؟ شېڭ شىسەي 1938 - يىلى 7 -، 8 - ئايلاردا ئايالى چۈي يۇفاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا زىيارەتكە بېرىپ، ستالىننىڭ ئايرىم قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولغان. شېڭ شىسەي شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن شىنجاڭ قۇرۇقلۇق ھەربىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى زىيارىتىنى سۆزلەپ، سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ خەلقىگە قىلغان ماددىي ۋە مەنىۋى ياردەملىرىنى ئېغىزدىن شۆلگەيلىرى ئېقىپ كەتكۈچە ماختىغانىدى. مەملىكەتنىڭ ئىچكى - تاشقى ۋەزىيىتى ئۈستىدە توختالغاندا، ھازىر جۇڭگوغا ياپون جاھانگىرلىكى باستۇرۇپ كىرىپ نۇرغۇن گۈزەل شەھەرلەرنى بېسىۋالغانلىقى، بىگۇناھ خەلقنىڭ قىرىلىۋاتقانلىقى، ما جۇڭيىڭ بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئەسكەر باشلاپ چىقىپ، پۈتۈن شىنجاڭغا پاراكەندىچىلىك

سىلىپ، شىنجاڭدىكى بىگۇناھ خەلقنى بۇلاپ ـ تالىغانلىقى ۋە
ئۆلتۈرگەنلىكى، جاھانگىرلارنىڭ ھازىر ئۆز ئىچىمىزدىمۇ قۇيى-
رۇقلىرى بارلىقى، ئۇلارنى تەلتۆكۈس تازىلاش كېرەكلىكى
ئۈستىدە توختىلىپ، بولغۇسى كەڭ قولغا ئېلىنىشتىن بېشارەت
بەرگەنىدى.

ئۇ شۇ قېتىمقى زىيارىتىدە ستالىندىن: «ما جۇڭيىڭ بارمۇ؟
ئۇ قەيەردە؟» دەپ سورىغانىكەن، ستالىن: «ئوقۇۋاتىدۇ» دەپ
جاۋاب بېرىپتۇ. شېڭ شىسەي ستالىندىن ما جۇڭيىڭنىڭ ھايات
ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىۋېلىپ، سوۋېتتىن قايتىپ كېلىپلا ستا-
لىنغا: «ما جۇڭيىڭدىن ۋاپا كەلمەيدۇ. قارا نىيەت، شىنجاڭ خەل-
قىنى كۆپ قىرغان، شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى،
شىنجاڭغا ياردەمگە بارغان قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرىنى قىرغان
جاللات. ئۇ تىرىكلا بولىدىكەن، ھامىنى بىر كۈنى سوۋېت ھۆ-
كۈمىتىگە قارشى چىقىدۇ. بۇنى كۆزدىن يوقاتمىساق بولمايدۇ»
دەپ خەت يازىدۇ.

ئۇزاق ئۆتمەي ما جۇڭيىڭ ھەربىي مەكتەپتىكى ئوقۇشىدىن
توختىتىلىپ، كاللىسى ئېلىنىدۇ.

## مەھمۇت شىجاڭنىڭ قەشقەرگە بېرىپ ئورۇنلىشىشى

مەھمۇت شىجاڭ مارالبېشىدىكى ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرىنى
تارمار قىلغاندىن كېيىن قوشۇننىڭ كۆپرەك قىسمىنى يەكەن
تەرەپكە ماڭدۇرۇپ، قالغان ئازراق قىسىم بىلەن قەشقەرگە قاراپ
يولغا چىقتى. يولدا ما جۇڭيىڭنىڭ بۆكتۈرمە قىلىپ ئورۇنلاش-
تۇرغان قالدۇق ئەسكەرلىرىنى يوقاتتى. ما خۇسەن قوشۇنلىرد-
نىڭ بىر قىسمى قەشقەردە ئىدى. ئۇلار مەھمۇت شىجاڭنىڭ
مارالبېشىدا غەلىبە قىلىپ قەشقەرگە كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ



دەرھال قەشقەرنى بۇلاپ ـ تالاشقا كىرىشتى. دەل شۇ ۋاقىتتا
مەھمۇت شىجاڭمۇ قەشقەرگە يېتىپ كەلدى. قەشقەر خەلقى ئۇ-
نىڭ ئالدىغا چىقىپ، ما خۇسەن ئەسكەرلىرىدىن تارتقان جەبىر ـ
زۇلۇملىرىدىن ئەرز ـ ھال ئېيتتى. مەھمۇت شىجاڭ قوشۇنلىد-
رىنى باشلاپ، ما خۇسەن قالدۇق قىسىملىرىنى قەشقەردىن سۈ-
رۈپ چىقاردى. يەكەنگە بارغان قىسىم يەكەن، پوسكام، مەكىت
ناھىيىلىرىگە يىغىلغان ما خۇسەن قىسىملىرىغا ھۇجۇم قىد-
لىپ، ئۇلارنى خوتەن تەرەپكە سۈرۈۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن خوتەد-
دىلا ما خۇسەن قىسىملىرى قېلىپ، قالغان جايلاردا خەلق خا-
تىرجەملىككە ئېرىشتى.

مەھمۇت شىجاڭ قەشقەردە تۇرۇۋاتقان كۈنلەردە شېڭ شىسەي
مەھمۇت شىجاڭغا ئاتلىق 6 ـ شىنىڭ شاۋجياڭ (گېنېرال ما-
يور) دەرىجىلىك قوماندانى، قەشقەرنى مۇھاپىزەت قىلىش قو-
ماندانى، دەپ بەلگىلەپ قەشقەردە تۇرۇشقا بۇيرۇق چۈشۈردى.
مەھمۇت شىجاڭ يۇملاقشەھەرنى سىبۇ (دىۋىزىيە شتابى) قىلىپ
ئورۇنلاشتى. قەشقەر يۇملاقشەھىرى ئەينى يىللاردا ما دوتەي
دەۋر سۈرگەن سىرلىق جاي بولۇپ، «يېڭى داۋۇز» دەپمۇ ئاتىلات-
تى. بۇ جاي چوڭ چىنىگە ئوخشاش يۇملاق سېپىل ئىچىدە بو-
لۇپ، ھېچقانداق نەرسىنىڭ كىرىپ ـ چىقىشى مۇمكىن ئەمەس
ئىدى. مەھمۇت شىجاڭ يۇملاقشەھەرنى شتاب قىلىپ ئورۇنلاش-
قاندىن كېيىن يېڭى داۋۇز دېگەن نام ئەمەلدىن قېلىپ «سىبۇ»
دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. شىغا قاراشلىق بىر ئاتلىق مۇھاپىزەت-
چى لىيەن، ھەرقايسى بۆلۈم، رازۋېدكا ۋە ئالاقىچى پەيلەر ھەم-
مىسى يۇملاق شەھەرگە ئورۇنلاشتى. قالغان بارلىق قو-
شۇنلار تۆت ئاتلىق تۇەن — 31 ـ، 32 ـ، 33 ـ، 34 ـ تۇەن
قىلىنىپ، قەشقەرنىڭ مۇھىم جايلىرىغا ئورۇنلاشتۇردى.

31 ـ تۇەننىڭ كوماندىرى ئەخمەت تۇەنجاڭ (توقسۇنلۇق
ئەخمەت مەخسۇممۇ دەيدۇ)، مۇئاۋىن تۇەنجاڭى مۇھىت (تۇرپاد-

لىق)، سەنمۇجاڭى (شتاب باشلىقى) قۇربانىنىياز (تۇرپانلىق). 1 ـ لىيەنىنىڭ لىيەنجاڭى قارىي (تۇرپانلىق)، بۇلارنىڭ ئاتلىرى قىزىل توروق.

2 ـ لىيەنىنىڭ لىيەنجاڭى سالى (تۇرپانلىق)، بۇلارنىڭ ئاتلىرى ئاق بوز.

3 ـ لىيەنىنىڭ لىيەنجاڭى ئابدۇراخمان (تۇرپانلىق)، بۇلارنىڭ ئاتلىرى قارا توروق.

4 ـ لىيەنىنىڭ لىيەنجاڭى بوساق (بايلىق)، بۇ پىلىموت لىيەنى بولۇپ، چاقلىق ماكسىم پىلىموتى، ئاتقا ئارتىپ يۈرىدىغان پىلىموت، ئاتلىرى قاراگىر.

32 ـ ئاتلىق تۇەنىنىڭ تۇەنجاڭى ئابلىمىت (مەكىتلىك)، سەنمۇجاڭ سەمەت ھاجى (تۇرپانلىق)، مەزكۇر تۇەن قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرق تەرىپىدە دۆڭباغقا ئورۇنلاشقان. ئاتلىرى خىل، رەڭگى 31 ـ تۇەنىنىڭكىگە ئوخشاش. بۇ تۇەندىكى 1 ـ لىيەن كوماندىرى XXX قەشقەر يېڭىسارلىق. 2 ـ لىيەنىنىڭ لىيەنجاڭى ساۋۇت قارىي (مارالبېشىلىق). 3 ـ لىيەنىنىڭ لىيەنجاڭى ئارىپ (قومۇللۇق). 4 ـ لىيەنىنىڭ لىيەنجاڭى زايىت (قەشقەرلىك).

33 ـ تۇەنىنىڭ تۇەنجاڭى مايىت (توقسۇنلۇق)، سەنمۇجاڭى مۇھەممەت (تۇرپانلىق)، شتابى يېڭىسار شەھەر ئىچىدىكى قارىي بەگنىڭ جايىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، يېڭىسار، قايراق، ساچىتاڭ، ھاڭگىتلىق، سىغىزلىق دېگەن جايلاردا خوتەندىكى ماخۇسەن قوشۇنلىرىغا قارشى مۇداپىئەدە تۇراتتى.

بۇ تۇەندىكى 1 ـ لىيەنىنىڭ لىيەنجاڭى ئابدۇرېھىم (يەكەنلىك). 2 ـ لىيەنىنىڭ لىيەنجاڭى ئابدۇل (تۇرپانلىق). 3 ـ لىيەنىنىڭ لىيەنجاڭى ئىبراھىم (كۇچالىق). تۆمۈر شىجاڭلار بىلەن قەشقەرگە بېرىپ كېيىن مەھمۇت شىجاڭلارغا قوشۇلغان. 4 ـ لىيەنىنىڭ لىيەنجاڭى قادىر.

34 ـ تۇەنىنىڭ تۇەنجاڭى قادىر.



بۇ تۇەندىكى 1 ـ لىيەنىنىڭ لىيەنجاڭى سوپى (قومۇللۇق)، 2 ـ لىيەنىنىڭ لىيەنجاڭى مامۇت (قەشقەر كونىشەھەرلىك). 3 ـ لىيەنىنىڭ لىيەنجاڭى ئىمىن (ئاقسۇلۇق). 4 ـ لىيەنىنىڭ لىيەنجاڭى تۇردى (قومۇللۇق).

بارلىق تۇەنلەرنىڭ ئاتلىرىنىڭ ئېگەر ـ توقۇم، يۈگەن ـ نوختىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، ھەربىر لىيەنىنىڭ تۆتتىن پەي، ھەربىر پەيدە تۆتتىن بەن، ھەربىر بەنگە بىردىن دېكتار قول پىلىموتى، ھەربىر جەڭچىگە بىردىن سوۋېتتا ئىشلەنگەن بەشئاتار نەيزىلىك مىلتىق، ئىككى دانىدىن قول بومبىسى، بىردىن قىلىچ بېرىلگەنىدى. مەھمۇت شىجاڭنىڭ ئاتلىق 6 ـ شىسىنىڭ ئەسكەرلىرى خىللانغان ھەر مىللەت ياشلىرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، قورال ـ ياراغلىرى ھەم ئاتلىرى خىل، تۇرىگە، رەڭگىگە قاراپ ئايرىلغان. شۇڭا ناھايىتى چىرايلىق ھەم ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى.

مەھمۇت شىجاڭ بەستلىك، ئېگىز بوي ھەم يوغان باش، يوغان بويۇن، يۈزىدە ئازراق چېچەك ئىزى بار، ئۆتكۈر، كۆرۈنۈشتە سۈرلۈك، ئەمما خۇش پېئىل ئادەم بولۇپ، ئائىلىسى يۇمىلاقشەھەرنىڭ سىرتىدىكى ھېسامىدىن باينىڭ كاتتا بېغىدا ئولتۇراتتى.

مەھمۇت شىجاڭ كۇندۇزلىرى شتابتا خىزمەت قىلاتتى. ۋاقىت چىقىرىپ دائىم كوماندىر ـ جەڭچىلەر بىلەن بىللە بولاتتى. كەچقۇرۇن تۆت نەپەر مۇھاپىزەتچى بىلەن ئائىلىسىگە قايتاتتى. مەزكۇر 6 ـ شىنىڭ كوماندىر ـ جەڭچىلىرى ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاجىك، قىرغىز، موڭغۇل، شىبە مىللەتلىرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، يەرلىك خەنزۇلار مالىيە، خوجىلىق بۆلۈملىرىدە ئىشلەيتتى.

مەزكۇر قىسىم خوجىنىياز ھاجى، مەھمۇت شىجاڭلارغا قومۇل، تۇرپان، پىچان، توقسۇن، قاراشەھەر، كورلا، كۇچا، ئاقسۇ،

قەشقەرلەردىن قوشۇلغان، كۆپ مىللەتتىن تەركىب تاپقان قىـ ـ
سىم ئىدى. مەھمۇت شىجاڭ يۇمىلاقشەھەر ئىچىگە چوڭ مەسـ ـ
چىتتىن بىرنى سالدۇردى. ھەر كۈنى ھەربىيلەر بىلەن بىرلىكـ ـ
تە ناماز ئۆتەيتتى. ئىمام مەزىنلەرنى شەھەردىن تەكلىپ قىلاتـ ـ
تى. بۇلارغا مائاش بېكىتىپ بېرىلگەنىدى. ھەر جۈمە كۈنى بار ـ
لىق كوماندىر ـ جەڭچىلەرنى سەپكە تىزىپ ئالدىدا دۇخۇۋوي
ئوركېستىر بىلەن قەشقەر ھېيتگاھ جامەسىگە بېرىپ نامازنى
جامائەت بىلەن بىللە ئوقۇيتتى، باشقا ۋاقىتلاردا ھەربىي مەشىق
قىلدۇراتتى. تەلىم ـ تەربىيە پۈتۈنلەي سوۋېت قىزىل ئارمىيىـ ـ
سىنىڭ قوللانمىسى بويىچە بولاتتى. بۇنىڭدىن باشقا، مەھمۇت
شىجاڭ ئۆزى باشلىق تەنتەربىيە ھەرىكەتلىرىنى ئۆتكۈزۈپ
تۇراتتى. ئاتلىقلار توسالغۇلاردىن ئۆتۈش، ئېگىزدىن سەكرەش،
بايىردىن ئۆتۈش، يىراققا سەكرەش، ئات چاپتۇرۇش، قىلىچ بىـ ـ
لەن چىۋىق چېپىش، ئات ئۈستىدە تورنىك ئويناش، ئات ئۈسـ ـ
تىدە ئۆرە تۇرۇپ ئات چاپتۇرۇش، ئات چاپتۇرۇپ ئۇياق ـ بۇياقـ ـ
قا چۈشۈش، ئات ئۈستىدە قارىغا ئېتىش مەشغۇلاتلىرىنى قىلاتـ ـ
تى. پىيادىلەر ئارقان تارتىشىش، چېلىشىش، تورنىك ئويناش،
تاغار كىيىپ يۈگۈرۈش، نەيزىۋازلىق، قىلىچۋازلىق، 200 مېـ ـ
تىر، 1500 مېتىرغا يۈگۈرۈش، كۆۋرۈك قىلىپ قويۇلغان يالـ ـ
غۇز ياغاچتىن ئۆتۈش قاتارلىق ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ باراتتى.
ياخشى نەتىجە قازانغانلارنى مۇكاپاتلايتتى. بۇنىڭدىن باشقا ھەر ـ
بىي قوشۇنلارنى نۆۋەت بىلەن كونا ئاسارئەتىقە ئورۇنلىرىغا،
قەشقەرنىڭ گۈزەل مەنزىرىلىك جايلىرىغا ئاپىرىپ ساياھەت
قىلدۇراتتى. خەلق بىلەن ھەربىيلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ياخشى
بولۇپ، دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش ۋاقىتلىرىدا دېھقانلارغا ياردەم
بېرىپ تۇراتتى. بۇ خىل ئىشلاردىن بارلىق خەلق خۇشال بو ـ
لۇپ، ئۇلاردىن ئىنتايىن رازى بولاتتى ۋە ئۇلارغا خۇرسەنلىك
بىلەن ئاپىرىن ئوقۇيتتى.



## ما خۇسەنىنىڭ خوتەن ۋىلايىتىگە ئورۇنلىشىشى

ما خۇسەن ما جۇڭيىڭدىن قالغان قوشۇننى ئۆتكۈزۈۋالغاندىن
كېيىن، مەھمۇت شىجاڭ قوشۇنلىرىنىڭ قەشقەرگە باستۇرۇپ
كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، خوتەن يوللىرىنىڭ توسۇلۇپ قېلىـ
شىدىن ئەنسىرەپ، ئالدىراپ ـ تېنەپ خوتەن ۋىلايىتىگە قېچىپ
كەتتى. دەل شۇ ۋاقىتتا شېڭ شىسەي خوتەنگە جايلاشقان مـ
خۇسەنگە 36 ـ شىنىڭ شىجاڭلىق مەنسىپىنى بەرگەنلىكىنى
ئېلان قىلدى. خوتەندىن دۇنخۇاڭ ئارقىلىق گەنسۇغا قېچىشنى
پىلانلاپ تۇرغان ما خۇسەن بۇ بۇيرۇقنى ئاڭلاپلا خوتەن ۋىلايـ
تىگە كالىغا يېپىشقان سالجىدەك يېپىشتى. بۇنىڭ بىلەن باد
دىتلىق قان ـ قېنىغا سىڭىپ كەتكەن جاللات ما خۇسەن پۈتۈن
خوتەن خەلقىنىڭ ئۈستىگە كەلگەن ئېغىر بالايىئاپەت بولۇپ
قالدى.

ما خۇسەن قوشۇنلىرى خوتەنگە ئورۇنلىشىپلا خوتەن خەلقـ
نىڭ يۈرىكىنى سىقىپ باش كۆتۈرەلمەس قىلىۋېتىش ئۈچۈن
ئالدى بىلەن قەشقەر مارالبېشى شاقۇ يېزىلىرىدا بولۇپمۇ خوتەن
قوشۇنلىرى بىلەن ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرى يېڭىسار سېپىلىـ
ئۇرۇشقاندا، نۇرغۇن ئەسكىرىدىن ئايرىلىپ قالغانلىق قىساسىنى
خوتەنگە چېكىنىپ تىنچ تۇرغان «ئىسيانچىلار»دىن ئالدى. ئۇلار
نىڭ بىرىنىمۇ قويماي يىغىپ قىرىۋەتتى، چەتكە قاچقانلار ئارار
قۇتۇلۇپ قالدى. ما خۇسەن ھەربىي تەمىناتنى خەلققە يولسىـ
ئارتقانلىقى ئۈچۈن ئالۋان ـ ياساق كۆپىيىپ، خەلق نامراتلىشىپ
كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار خەلقنى بۇلاپ ـ تالىدى. خوتۇن ـ
قىزلارغا ئاشكارا باسقۇنچىلىق قىلدى. بۇنىڭ بىلەن خوتەن دى
يارى چىدىغۇسىز دوزاخقا ئايلاندى.

ما خوسەن خوتەن ۋىلايىتىگە ئورۇنلىشىپلا ئالدى بىلەن
قوشۇنلىرىنى رەتكە سالدى. 36 ـ شىنى تۆت ئاتلىق لۈي،
بىۋاستە ياڭ قىلىپ تەشكىللىدى، ھەربىي تەييارلىقنى كۈچەي-
تىش ئۈچۈن پۈتۈن خوتەن ياشلىرىنى ھەربىي سەپكە مەجبۇرىي
قوبۇل قىلدى.

## خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئۈرۈمچىگە مېڭىشى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى

خوجىنىياز ھاجى ئاقسۇ كونىشەھەردىكى باي شىجاڭنىڭ قورۇسىدا بىرەر ئاي تۇرغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچىدىكى شېڭ دۇبەندىن: «خوجىنىياز ھاجى كېلىپ مۇئاۋىن رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالسۇن» دېگەن تېلېگراممىلار ئارقىمۇ ئارقا كېلىۋەردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، خوجىنىياز ھاجى ئىككىلىنىپ تۇرغاندا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كونسۇلى ئافرېسوف ئاقسۇغا كېلىپ ئۇنىڭغا كۆپ خىزمەت ئىشلىدى ۋە كونسۇل نامىدىن كاپالەت بېرىپ توختام تۈزدى. بۇنىڭ بىلەن خوجىنىياز ھاجى ئۈرۈمچىگە بېرىش قارارىغا كەلدى.

خوجىنىياز ھاجى ئۈرۈمچىگە مېڭىشتىن بۇرۇن قەشقەردىن مەھمۇت شىجاڭ باشلىق ھەربىي ھەم مەمۇرىي ئەمەلدارلارنى، ئاقسۇدىكى يۇرت مۆتىۋەرلىرى بىلەن ئەمەلدارلارنى مەجلىسكە چاقىردى. مەھمۇت شىجاڭ باشلىق ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلار كېلىپ ئاقسۇ يېڭىشەھەردىكى ۋالىي مەھكىمىسىگە ئورۇنلاشتى. مەجلىس ۋالىي مەھكىمىسىدە ئۆتكۈزۈلدى. مەجلىستە ئالدى بىلەن خوجىنىياز ھاجى سۆزلەپ ئۆزىنىڭ ئۈرۈمچىگە بارىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. مەھمۇت شىجاڭ: «ھاجى ئاكا! بىز سىلىنىڭ ئۈرۈمچىگە بېرىشلىرىغا قوشۇلمايمىز. بىزنىڭ بۇرۇن شېڭ شىسەي بىلەن فۇكاڭدا تۈزگەن توختامىمىز بار. توختامدا بىزنى



جەنۇبىي شىنجاڭدا تۇرۇپ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ تىنچلىقىنى قوغداشقا مەسئۇل بولىدۇ، دېيىلگەن. شۇ توختامغا ئەمەل قىلايلى، بىز داۋانچېڭدىن ئۆتمەيلى! ئەگەر داۋانچېڭدىن ئۆتسەكلا، توختام بۇزۇلىدۇ. ھەممە ئىشنى بۇزۇپ قويىمىز. شۇڭا، ئۈرۈمچىگە بارماي قەشقەرنى مەركەز قىلىپ، شۇ جايدا تۇرايلى» دەپ كۆپ دالالەت قىلدى. خوجىنىياز ھاجى مەسلىھەتكە كۆنمەي ئۈرۈمچىگە بېرىش نىيىتىدىن يانمىدى. شۇنداق قىلىپ، خوجىنىياز ھاجى 1934 ـ يىلى كۈز ئايلىرى 100 دەك قوراللىق مۇھاپىزەتچىلىرى بىلەن ئۈرۈمچىگە ماشىنىدا ماڭدى. خوجىنىياز ھاجىغا ھەمراھ بولۇپ ھامۇتخان لۈيجاڭمۇ ئۈرۈمچىگە كەتتى. خوجىنىياز ھاجى تۇرپانغا بېرىپ بىرەر ھەپتە تۇرغاندىن كېيىن ئۈرۈمچىگە باردى. خوجىنىياز ھاجى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى ئۈرۈمچى خەلقى قىزغىن قارشى ئالدى، سەنشىخاڭزىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى چوڭ قورۇ (ھازىرقى ئىككىنچى دوختۇرخانىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئىككىنچى سودا ئىدارىسى تۇرغان جاي)غا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ قالدى.

خوجىنىياز ھاجى ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى سېزىپ قالدى. ئۇنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش نامى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان چەكلەشلەردىن بىزار بولدى. ئامال قانچە؟...

خوجىنىياز ھاجىنى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېلىۋالغان شېڭ شىسەي يەنىلا خاتىرجەم بولالمىدى. ئەمدىكى مەسىلە خوجىنىياز ھاجىنى يەمچۈك قىلىپ تۇرۇپ، مەھمۇت شىجاڭنى قولغا چۈشۈرۈش، شۇنداق قىلىپ، بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقۇش ئىدى. مەھمۇت شىجاڭ سەزگۈر كېلىپ قېلىپ شېڭ شىسەيگە تۇتۇق بەرمىدى. بۇ ئىشتىن ئەسەبىيلەشكەن شېڭ شىسەي 1937 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ياپون جاھانگىرلىكى

بىلەن تىل بىرىكتۈردى دېگەن بوھتان بىلەن خوجىنىياز ھاجى-
نى قولغا ئالدى. 1938 ـ يىلى كۈزدە تۈرمىدە بوغۇپ ئۆلتۈر-
دى. ياپونىيىدە ئوقۇپ تەلىم ئالغان قارا نىيەت شېڭ شىسەينىڭ
ئۆزىنى تاختىبېشىغا ئېلىپ قويۇپ، تاغدا ئۆسۈپ چوڭ بولغان،
ھەتتا ياپون دېگەننىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان خوجىنى-
ياز ھاجىنى ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ قۇيرۇقى دېيىشى كۈلكى-
لىك ئىش ئەمەسمۇ؟

## مەھمۇت شىجاڭنىڭ قەشقەرگە قايتىشى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى

ئاقسۇدىكى مەجلىستە خوجىنىياز ھاجىنى گەپكە ئۇنتالمى-
غان مەھمۇت شىجاڭ مەجلىسكە كەلگەنلەرنى ئېلىپ قەشقەرگە
قايتتى.
ئاقمۇللام، ھەدىسىنىڭ يولدىشى ئۆلۈپ كېتىپ، توققۇزاق
چويۇنچى يېزىسىدا قالغانىدى. مەھمۇت شىجاڭ قەشقەرگە بار-
غاندىن كېيىن ئۇنى يەنە سەپكە قوشۇۋالدى.
شېڭ شىسەي ما خۇسەننى خوتەنگە، مەھمۇت شىجاڭنى قەش-
قەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، بۇ ئىككى رەقىبنى بىر ـ بىرىگە مارد-
تىپ قويۇپ، ئۈرۈمچىنىڭ مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن
مارالبېشىدىكى «تارباغاتايىسكى» ئارمىيىسىنىڭ بىر ئاتلىق
قىسمىنى بېكتىيوف رەھبەرلىكىدە مارالبېشى ئاچالغا ئو-
رۇنلاشتۇردى.
كېيىن ئۈرۈمچىگە خەۋپ يېتىش ئېھتىماللىقى بولمىغاندىن
كېيىن مەزكۇر قوشۇننى شېڭ شىسەي 1936 ـ يىلىنىڭ ئا-
خىرلىرى ئۈرۈمچىگە قايتۇرۇپ نەنلياڭدىكى قورغانغا (ھازىرقى
20 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئورنىغا) ئورۇنلاشتۇردى. شېڭ
شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۈز ئۆرۈگەن ۋاقىتتا ئۇلار مە-



لىكىتىگە قايتتى.
مەھمۇت شىجاڭ قەشقەرگە بارغاندىن كېيىن كونا تۈزۈملەر-
نى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، بىرقانچە يېزىدا ئىسلاھات ئېلىپ بار-
دى. ناھىيىلەرنىڭ بەزىلىرىدە خەلق ئۈستىگە مىنىۋالغان كونا
بەگ، لوزوڭ، شاڭيولارنى ئىسلاھات ئارقىلىق ئاغدۇرۇپ تاشلىدى
ياكى بىر ئورۇندىن ئىككىنچى ئورۇنغا يۆتكىۋەتتى. بەزىلىرىگە
جەرىمانە قويدى. خەلق ئۈستىگە چۈشۈرۈلگەن ئالۋان ـ سې-
لىقلارنى ئازايتتى.
مەھمۇت شىجاڭ قىسمىلار ئىچىدىمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بې-
رىپ، زالىم بەگلەردىن جەرىمانە ئالغان ئىقتىساد بىلەن ئەس-
كەرلەرنىڭ يوتقان ـ كۆرپە قاتارلىق نەرسىلىرىنى ھەل قىلدى.
خەلقتىن، ھۆكۈمەتتىن بىر تىيىنمۇ ئالمىدى. ھۆكۈمەتنىڭ
ئىقتىسادىنى قەشقەر رايونىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن خىراجەت
قىلدى. بۇ ئىشلارنى كۆرگەن قەشقەر خەلقى مەھمۇت شىجاڭغا
باركاللا ئېيتىپ، ئاپىرىن ئوقۇدى.
يۇقىرىقىلاردىن باشقا مەھمۇت شىجاڭ قەشقەر رايونىنىڭ ما-
ئارىپ ئىشلىرىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. مەھمۇت شىجاڭ
خەلققە «بىلىم ئەھلىنى يېتىشتۈرەيلى، ئىلىم ـ پەن بىلىملى-
رىنى ئۆگىنىپ ئالىملارنى يېتىشتۈرەيلى» دەپ مۇراجىئەت
ئېلان قىلدى. بىر قىسىم مەمۇرىي كادىرلارنى سوۋېت ئىتتىپا-
قىغا ئوقۇشقا ئەۋەتتى.
مەھمۇت شىجاڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن قەشقەر دىيارىنىڭ ما-
ئارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرغاندىن باشقا، يەنە ئاقسۇ ۋالىيسى
نىيازبەگكە، قومۇلنىڭ ۋالىيسى يولۋاسبەگكە ۋە ئالتاي ۋالىيسى
شېرىپخان تۆرە ھەم ھەربىر شەھەرلەردىكى زىيالىي، مائارىپ-
چىلارغا ئايرىم ـ ئايرىم خەت يېزىپ ياكى مەخسۇس ئادەم ئەۋە-
تىپ، ئۇ كىشىلەرنى مائارىپ ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بېرىشكە،
خەلقنىڭ ئاڭ ـ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە ۋە تەرەققىي قىلدۇ-

رۇشقا ئۇندىدى. قەشقەردە مەھمۇت شىجاڭنىڭ تەكلىپى بىلەن
ئاتاقلىق ئەرbابلاردىن ئابدۇراخمان ھاجى قاتارلىقلار قەشقەر
ۋىلايىتىنىڭ ناھىيە، يېزىلىرىدا مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلى-
رىنى ۋە دارىلئاجىزىن، دارىلمۇئەللىمىن مەكتەپلىرىنى قۇردى.
بۇنىڭ بىلەن توختى ھاجى تۆرەباي ۋە ئۇنىڭ ئوغلى مەمتىمىن
مەخسۇم، ئىسمائىل ھاجى، ئىبراھىمئاخۇن بايۋەچچە، ئۆمەرئا-
خۇن باينىڭ ئوغلى قاتارلىق يۇرت مۆتىۋەرلىرى، مەرىپەتپەرۋەر
كىشىلەر ۋە زىيالىيلار ئۆز كۈچى بىلەن چوڭ - چوڭ مەكتەپ-
لەرنى قۇردى.
ئابدۇللابەگ نەئىمى داموللا رەئىسلىكىدە قەشقەرنىڭ پۈتۈن
مەسچىت، خانىقا، مەدرىسىلىرىدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىپ،
پەننىي ئوقۇتۇش بىلەن دىنىي ئوقۇتۇش بىللە ئېلىپ بېرىلىدى-
غان بولدى.
مەھمۇت شىجاڭ ئۆز ھەربىي قوشۇنىدىكى مىللىي ئەسكەر-
لەرنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىش ئىشلىرىنىمۇ چىڭ تۇتتى. ھەربىي
مەشىق پروگراممىلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، ھەربىي تەلىم - تەر-
بىيىنى كۈچەيتتى. كوماندىرلارنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش
ئۈچۈن، 1935 - يىلى 3 - ئايلاردا تۇەنجاڭلاردىن قۇربان سەئى-
دى، قۇربانىنىياز شەھىدى، ئەخمەت مەخسۇم، سايىمئاخۇن، ئاب-
دۇللا ئەبەيدۇللالارنى تاشكەنتكە ھەربىي بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەت-
تى. ئوقۇشقا بارغانلار 1936 - يىلى ئۆز قىسىملىرىغا قايتىپ
كەلدى.
مەھمۇت شىجاڭنىڭ بۇ پائالىيەتلىرى شېڭ شىسەينى قاتتىق
گۇمانلاندۇردى. ئۇ قەشقەرگە خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ ئۇ-
يۇشمىلارنىڭ كىرىم - چىقىم ئىشلىرىنى ھۆكۈمەتكە ئۆتكۈ-
زۈۋالدى. مەتبەئە، گېزىتلەرنى ھۆكۈمەت باشقۇرىدىغان قىلدى.
مەھمۇت شىجاڭ بۇ خىل زورلۇققا نارازى بولۇپ قارشىلىق
كۆرسەتسىمۇ ئىلاجسىز قالدى. مەھمۇت شىجاڭنىڭ بۇ ئىشلار-



دىن نارازى بولغانلىقىنى ئاڭلىغان شېڭ شىسەي تېخىمۇ گۇماند-
لىنىپ، ھەرىكىتىنى تېزلەتتى.
شېڭ شىسەي خوجىنىياز ھاجىنى چەتكە قېقىپ، ھوقۇقى
يوق قورچاق رەئىسكە ئايلاندۇرۇپ قويىدى، يېقىن كىشىلىرىدىن
يۇنۇسبەگ، كېرىم ھاجىلارغا قۇرۇق مەنسەپلەرنى بېرىپ، خو-
جىنىياز ھاجىدىن ئايرىۋەتتى. سوۋېتلىك مەنسۇر ئەپەندى (ۋەتەن
ئوغلى) باشلىق ئىشپىيونلارنى خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئەتراپىغا
قويۇپ نەزەربەند قىلدى. لېكىن، شېڭ شىسەي مەھمۇت شىجاڭ-
نى چاڭگىلىغا كىرگۈزەلمىدى، مەھمۇت شىجاڭ قوزغىلاڭچىلار-
نىڭ خوجىنىياز ھاجىدىن كېيىن ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان
رەھبىرى ئىدى. شېڭ شىسەي مەھمۇت شىجاڭنىڭ شىنجاڭ
خەلقى ئىچىدىكى يۇقىرى ئىناۋىتى ۋە تەسىرى، ئۇنىڭ قولىدى-
كى 6 - شىدىن قورقاتتى، ئەندىشە قىلاتتى. شۇڭا شېڭ شىسەي
مەھمۇت شىجاڭنى ئۇرۇمچىگە كۆپ قېتىم تەكلىپ قىلدى،
مەنسىپىنى ئۆستۈردى، ئادەم ئەۋەتىپ چاقىرتتى، گېزىتلەردە
تەكلىپ قىلىپ ئوچۇق خەت ئېلان قىلدى. لېكىن، مەھمۇت
شىجاڭ شېڭ شىسەينىڭ ئىت تەبىئىتىنى بىلەتتى، ئۇنىڭغا
قەتئىي ئىشەنمەيتتى، شۇڭا، تۈرلۈك باھانە - سەۋەبلەرنى كۆر-
سىتىپ ئۈرۈمچىگە بارمىدى.
شېڭ شىسەي مەھمۇت شىجاڭنى ئالداپ قولغا كەلتۈرەلمى-
گەندىن كېيىن باشقا ئۇسۇلنى قوللاندى، يەنى 6 - شىنى پار-
چىلاپ، جەڭگىۋارلىقىنى ئاجىزلىتىپ مەھمۇت شىجاڭنى
قورالسىزلاندۇرماقچى بولدى. 1936 - يىلى 8 - ئايلاردا شېڭ
شىسەي مەھمۇت شىجاڭغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ، ئىككى نەپەر تۇ-
ەنجاڭ، ئىككى نەپەر مۇئاۋىن تۇەنجاڭ، تۆت نەپەر ليەنجاڭنى
ئۈرۈمچى ھەربىي مەكتەپكە ئەۋەتىشنى ئۇقتۇردى، مەھمۇت شى-
جاڭ بۇ ئىشتىن ئىنتايىن تەڭلىكتە قالدى. شېڭ شىسەينىڭ
بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلمىسا گۇمان تېخىمۇ كۈچىيىدىغانلىقىنى

سىزىپ، ئۆزىگە يېقىن غوپۇر تۇەنجاڭ، قۇربانىنىياز تۇەنجاڭ، ئەمەت تۇەنجاڭ، ئابلا لەشكەر قاتارلىقلارنى ئۈرۈمچىگە چىقىرىپ بەردى. مۇئاۋىن تۇەنجاڭ ۋە لىيەنجاڭلار بىز بىلەن بىللە ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇدى. كېيىنكى يىللىرى ئۇلار يوقىلىپ كەتتى، بىرىلا مەكتەپ پۈتتۈردى. شېڭ شىسەي ئىككىنچى قېتىم مەھمۇت شىجاڭغا يەنە تېلېگراما ئەۋەتىپ، مەھمۇت شىجاڭنىڭ ئەڭ يېقىن سىرداش دوستى، مەسلىھەتچىسى، مەخسۇس كاتىپى ئابدۇللا داموللا نەئىمىنى ئۈرۈمچىگە چاقىرتتى. مەھمۇت شىجاڭ ئۆزىنىڭ ۋە ئابدۇللا نەئىمىنىڭ ئامانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، شېڭ شىسەينىڭ بۇيرۇقىنى رەت قىلدى. شېڭ شىسەي مەھمۇت شىجاڭنىڭ قوراللىق قارشى چىقىشىدىن قورقۇپ، يەنە تېلېگراما ئەۋەتىپ، ئابدۇراخمان ھاجى، پولات تۇەنجاڭ، شېرىپ ھاجى، توختى لىيەنجاڭ قاتارلىق توققۇز كىشىنى ئۈرۈمچىگە چاقىردى، مەھمۇت شىجاڭ نائىلاج بۇ كىشىلەرنى ئەۋەتىپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى. شېڭ شىسەي شۇنىڭدىن كېيىن خەلق ئىچىدىكى ئىلغار ۋە مۆتىۋەر كىشىلەرنى قولغا ئېلىشنى جىددىي ئېلىپ باردى. قەشقەر خانئېرىقلىق ئەيسا ھاجى، سېتىۋالدىئاخۇن، تاشقورغانلىق ئابلا قازى قاتارلىق كىشىلەرنى «جاھانگىرلارنىڭ قۇيرۇقلىرى» دېگەن بوھتان بىلەن تۈرمىگە تاشلاپ، ئۆلتۈرۈۋەتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، مەھمۇت شىجاڭنى ئۆزىگە ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن غوپۇر تۇەنجاڭ، قۇربانىنىياز تۇەنجاڭ، ئەمەت مەخسۇم تۇەنجاڭلارنىڭ خىزمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ 6 ـ شىنىڭ ھەرقايسى تۇەنلىرىگە ئەۋەتتى. ئارقىدىنلا مەھمۇت شىجاڭغا قايتا تېلېگراما ئەۋەتىپ ئۈرۈمچىگە كېلىپ «مەسلىھەتلىشىش»كە چاقىردى.

مەھمۇت شىجاڭ ئاللىقاچان خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تېپىپ بولغانىدى. شېڭ شىسەينىڭ ھىيلە ـ مىكىرلىرىنى ھوشيارلىق بىلەن كۆزىتىپ تۇرغان مەھمۇت شىجاڭ



«ئەمدى بولمىدى» دەپ ئاستىرتىن «ئۈرۈمچىگە بارىمەن» دەپ جەمئىيەت ئىچىگە سۆز تارقىتىپ قويۇپ، مەخپىي ھالدا چەت ئەلگە چىقىپ كېتىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلدى. «مەھمۇت شىجاڭ ئۈرۈمچىگە بارىدىكەن» دېگەن خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن، قەشقەر، يەكەن، يېڭىسار، پەيزىئاۋات، مەكىت قاتارلىق جايلاردىكى خەلق قاتتىق ئەندىشىدە قالدى. مەھمۇت شىجاڭ مەخپىي تەييارلىقنى قىلىپ بولۇپ، 1937 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى (جۈمە كۈنى) تاڭ سەھەردە ئۆزىنىڭ سەپداشلىرىدىن موسۇل ھاجى (ئاكىسى)، باياخۇن، ئابدۇللا داموللا نەئىمى، مايىتئاخۇن، شېرىپئاخۇن، ياسىن قارىي، ئابلىمىت باشلىق 35 نەپەر ئادەمنى ئېلىپ يولغا ئاتلاندى. قۇربان سەئىدىگە پۈتۈن قوراللىق ئەسكەرلەرنى قالدۇردى. ئاقتۇ ناھىيىسى ئارقىلىق يېڭىسار ناھىيىسىگە يېتىپ بارغاندا، قەشقەر يېڭىشەھەردىكى لىيۇ بىنغا: «ھۆكۈمەتتىن دىلىم ئاغرىدى، مەككىگە ھەج قىلغىلى بارىمەن، مېنىڭ ئىشلىرىمدىن ھۆكۈمەتكە ھېچقانداق خەۋپ ـ خەتەر كەلمەيدۇ» دېگەن بىر پارچە خەتنى يېزىپ قەشقەرگە ماڭدۇرۇۋېتىپ، ئۆزلىرى تېزلىكتە يەكەن ئارقىلىق ھىندىستانغا چىقىپ كەتتى.

# بەشىنچى باب

## مېنىڭ دىنىي مەكتەپتە ئوقۇشۇم ۋە ئالۋانغا تۇتۇلۇشۇم

مەن 1915 ـ يىلى قومۇل ئاستانە يېزىسىنىڭ ئۆدۈك كەن ـ
تىدە كەمبەغەل ئائىلىدە دۇنياغا كەلدىم. مەن بىر ياشقا كىر ـ
گەندە دادام موللا سۇۋۇر ئۆلۈپ كېتىپتۇ. ئانام ئىككى ئاچام ـ
نى، مېنى بېقىپ چوڭ قىلىپتۇ. مەن ئېسىمنى بىلگۈدەك بول ـ
غاندا ئىككىلا ئاچام ياتلىق بولۇپ كەتتى. كېيىن ئاپام ياتلىق
بولۇپ، ئىنىم ياقۇپ سوپى، سىڭلىم رابىخانلارنى تۇغدى. بىز
ئاپامنىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بولدۇق. مەن ئون ياشقا كىرگەن
چېغىمدا ئاپام مېنى دىنىي مەكتەپتە ئوقۇتۇپ موللا قىلىش
مەقسىتىدە، لاپچۇقتىكى موللا روزى ئىمام ئاخۇنۇمغا ئوقۇشقا
بەردى. ئۇ زامانلاردا دىنىي مەكتەپلەرنىڭ موللىلىرى بالىلارنى
ياخشى ئوقۇتماستىن ئەمگەك قىلدۇراتتى. مەن موللامدىن ساۋاق
ئېلىپ ئوقۇغاندىن تاشقىرى موللامنىڭ قويلىرىنى باقاتتىم،
قۇشناچىمنىڭ خىزمەتلىرىنى قىلاتتىم، هويلا ـ ئاراملىرىنى
سۈپۈرەتتىم. ئوقۇۋاتقان چېغىمدا تاماق ۋە باشقا جەھەتلەردىن
بەك قىينالدىم. ئاپامنى، ئۆيىمىزنى سېغىنىپ، بىر يىلنى ئاران
ئۆتكۈزدۈم، بىر يىلدىن كېيىن ئاپام مېنى يوقلاپ كەلدى. ئۇ
ۋاقىتلاردا موللام بىلەن قۇشناچىمغا سوۋغا ـ سالام ئەكەلمىسە،
بالىسىنى يامان كۆرەتتى. شۇڭا ئاپام موللامغا بىر تاۋاق پوش ـ



كال، قۇشناچىمغا بىر كۆڭلەكلىك رەخت، ماڭا بىرقۇر كىيىم
نان ـ ئوزۇق ئېلىپ كەپتۇ. ئاپامنىڭ ئېيتىشىچە ئارتۇق بىر
ئېغىز ئۆيىمىزنى يۈپۈر ئىسسىلىك خۇيزۇغا گۆرۈگە قويۇپ
ئۇنىڭدىن ئالغان پۇلغا ھېلىقى نەرسىلەرنى سېتىۋاپتۇ. ئاپامنى
كۆرۈپ قۇچاقلاپ يىغلاپ كەتتىم: «تۇرمۇشتا قىينالدىم. ئوقۇ
مايمەن، سېنىڭ بىلەن كېتىمەن» دەپ تۇرۇۋالدىم، ئاپامم
يىغلاپ تۇرۇپ: «قىينالساڭمۇ ئوقۇۋالغىن، كىچىك ۋاقتىڭدا ئو
قۇپ موللا بولساڭ، چوڭ بولغاندا، خۇددى مۇشۇ موللاڭدەك
تۆردە ئولتۇرۇپ پوشكال يەيسەن. يۇرتنىڭ كاتتىسى بولۇپ
ئالۋان ـ سېلىقتىن قۇتۇلىسەن» دەپ نەسىھەت قىلدى. مەر
ئۇنداق بولسا بۇ موللامدىن باشقا يەردە ئوقۇيمەن دېدىم. ئاپا
يەنە شۇ لاپچۇق يېزىسىدىكى تۇغقىنىمىز بوۋەدىخاننىڭ ئۆيىگ
ئاپىرىپ قويدى. ئېرى تەمبۇل نىياز دېگەن كىشى ئىدى. شۇلار
نىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ ئوقۇدۇم. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى تېخىمۇ قىيىر
ئۆتىدىكەن، ھەر كۈنى قارا پۇرچاق، زاغرا نان يەيمىز، ئۇما
ئىچىمىز، تۇرمۇش قىيىنچىلىقىغا چىدىيالماي ئاغرىپ يېتىپ
قالدىم، ئاپام ئاڭلاپ يەنە يوقلاپ كەلدى. كەمبەغەلچىلىكتە تازا
لىق ياخشى بولمىغانلىقتىن، كىيىم ـ كېچەكلىرىم پىت بولۇپ
كەتكەن بولسا كېرەك، ئاپام كەچلىكى چىراغ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ
كىيىملىرىمنى تازىلاپ، يۇيۇپ بېرىپ، مەن ساقايغاندىن كېيىن
قايتىپ كەتتى. مەن ئىلاجىنىڭ يوقلۇقىدىن يەنە شۇ ئائىلىد
ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردۇم. بۇ مەكتەپتە ئوسمانشا ئىسىملىك
(ھازىر لاپچۇقتا بار) مەندىن كىچىك بىر ساۋاقدىشىم بار ئىدى
ئۇ، كالىنىڭ گۆرجەك ئۈستىخىنىغا يېزىلغان خەتلەرنى ئوقۇپ
بىلىم ئالاتتى. بىر كۈنى ئۇ ماڭا: «دادام سىزنى ئۆيگە كەلسۇن
دەيدۇ» دېدى. مەن يېتىمچىلىكتە تارتىنچاق چوڭ بولغانلىقىم
دىن ئۈچ ـ تۆت قېتىم چاقىرتقاندىن كېيىن ئاندىن ئۇلارنىڭ
ئۆيىگە باردىم. ئوسمانشانىڭ دادىسى ساجىت نىياز، ئاپىسى جا

نانىخانلار ياخشى كىشىلەر ئىدى. ساجىتىئاخۇن ماڭا: «مەن دادى-
ڭىز مەرھۇمنىڭ ئاغىنىسى بولىمەن، بۇنىڭدىن كېيىن بىزنىڭ
ئۆيدە تۇرۇپ ئوسمانشا بىلەن بىرىپ - كېلىپ ئوقۇڭ» دېدى.
كېيىن ئاپام مېنى يوقلاپ كەلگەندە بۇ ئىشقا قوشۇلۇپ مېنى
نىياز ئاكىلارنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدى. ئۇلارنىڭ ئۈزۈملۈك
بېغى بار بولۇپ، ئۈزۈم پىشقاندا، ئېشەكلەرگە يۈكلەپ باركۆلگە
ئاپىرىپ سېتىپ تۇرمۇشىنى قامدايدىكەن، مەن بۇ ئۆيدە ياخشى
ئۆتتۈم. نىياز ئاكىنىڭ تۆمۈرخان ئىسىملىك قېرى ئانىسى بار
ئىكەن، مەن ئۇ مومايغا بىر كۈندە ئىككى قېتىم ئۆستەڭدىن
قاپاق بىلەن سۇ ئەكېلىپ بېرەتتىم، موماي ماڭا نامىزىدا دۇئا
قىلاتتى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە سەھەردە ئۆستەڭگە سۇ ئالغىلى بې-
رىپ سۇغا چۈشۈپ كەتتىم. سۇ ئۇلۇغ بولغاچقا، قاپاقلار قو-
لۇمدىن چىقىپ ئېقىپ كەتتى. مەن قاپاققا ئەگىشىپ، مىڭ بىر
تەسلىكتە قاپاقنى تۇتۇۋېلىپ، مومايغا سۇنى ئاپىرىپ بەردىم.
مەكتەپكە بېرىشقا كېچىكىپ قالدىم، ھاۋا بەك سوغۇق ئىدى.
ئۆتۈك، ئىشتانلىرىمنى قۇرۇتۇشقا ئۈلگۈرەلمىدىم، پۇت - قول-
لىرىم مۇزلاپ كەتتى، موللامنىڭ ئۆيىدىن يۆتكىلىپ كەتكىنىم
ئۈچۈن موللامنىڭ ئوغلى ياقۇپ قارىي ۋە ئۆزى ماڭا قاتتىق خا-
پا بولۇپ، مېنى ئۆچ كۆرىدىغان بولۇپ قالغانىدى. مېنىڭ
توڭلاپ ھالىم قالماي كىرگىنىمنى كۆرۈپ تۇرۇپ، سەن مەك-
تەپكە كېچىكتىڭ دېگەن باھانە بىلەن مېنى چوڭ ساۋاقداشلارغا
كۆتۈرگۈزۈپ، ئۈچ قىرلىق پالاق بىلەن ئۇرۇپ، ئۆلەر ھالەتكە
كەلتۈرۈپ قويدى. ھوشۇمغا كەلسەم، بېشىمدا ئوسمانشا ماڭا
ئىچ ئاغرىتىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئوسمانشا بىلەن جىگدە دېگەن جاي-
دىن كەلگەن ساۋاقداش ئېلىئاخۇن ئىككىسى قولتۇقۇمدىن يۆ-
لەپ، نىياز ئاكىلارنىڭ ئۆيىگە ئەكېلىپ ياتقۇزۇپ، ھۆل بولۇپ
كەتكەن كىيىملىرىمنى يەڭگۈشلىدى، قانلارنى تازىلاپ، يارىلى-
رىمنى تېڭىپ قويدى. سوغۇق ئۆتۈپ كەتكەنلىكى ۋە پالاقنىڭ



دەردىدە ئاغرىپ يېتىپ قالدىم. ئاپامنى ئاياپ خەۋەر قىلمىدۇق
بىرقانچە كۈنلەردىن كېيىن ساقىيىپ قالدىم، شۇنداق قىلىپ
دىنىي مەكتەپتە ئۈچ يىلغىچە ئوقۇپ «قۇرئان» ساۋاتلىق بولۇ
قالدىم.

مەن شۇ يىللاردا 13 ياشلارغا كىرىپ قالغانىدىم. ئاستان
يېزىسىنىڭ باشلىقى نۇرۇل قورمال ئاستانىدىكى دېھقانلارغ
ئالۋان - سېلىق سېلىپ خەلققە زۇلۇم قىلاتتى. بىر جۈمە كۈن
ئۇ ئاپامنى جۈمە مەسچىتىنىڭ ئالدىغا چاقىرتىپ ئاپىرىپ، جا
مائەتنىڭ ئالدىدا: «سەن ئوغلۇڭ سوپىنى لاپچۇققا ئەۋەتىۋەتتىڭ
بۇ يېزىنىڭ ئەمگىكىنى كىم قىلىدۇ؟» دەپ ۋارقىراپتۇ. ئاپا
بىچارە: «بالام كىچىك، ئوقۇۋاتىدۇ» دېسە، ئۇ: «ئاستانىدىمۇ ئا
خۇنۇم بار، ئوغلۇڭنى قايتۇرۇپ كەل، بۇ يەردە ئوقۇسۇن» دەپ
تۇ. ئاپام نۇرۇل قورمالنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ مېنى لاپچۇق
تىن قايتۇرۇپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى، مەن لاپچۇقتىن قايتىپ
كەلگەندىن كېيىن ئائىلىمىزدە ئاپامغا ياردەملىشىپ دېھقانچىلىق
قىلدىم.

ئۆدۈك كەنتى پۈتۈنلەي بۇلاق سۈيى بىلەن دېھقانچىلىق قى-
لىدىغان كەنت ئىدى، ئائىلىمىزنىڭ يەرلىرىنى نۇرۇل قورمال
ئىگىلىۋالغانلىقتىن، قوشنىلار بىلەن ئورتاق يەر تېرىدۇق.
ئىككى يىلدا پۇلىنى تۆلەپ بولۇش شەرتى بىلەن نېسىگە بىر
كالا سېتىۋالدۇق. ئالۋان - سېلىق كۆپىيىپ كەتتى، ئات -
ئۇلاغ، ھارۋىسى بار دېھقانلار ئات - ئۇلاغ، ھارۋىسى بىلەن،
يوقلار سالتاڭ ئالۋان قىلاتتى، مەن سالتاڭ ئالۋان قىلاتتىم.
قورمال يېرىمىزنى تارتىۋېلىپ قايتۇرۇپ بەرمىگەنلىكتىن،
دەردكە چىدىماي شامەخسۇت ۋاڭغا ئەرز قىلىشقا قومۇل شەھى-
رىگە ئاپام بىلەن باردىم. شامەخسۇت مەخسۇس ئەرز يازىدىغان
سوپى توغۇچى بىلەن ئىبراھىم خەلىپىنىڭلا خەتلىرىنى قوبۇل
قىلىدىكەن. بىز ئالتۇنلۇقتا ئولتۇرۇشلۇق ئىبراھىم خەلىپىگە

ئەرز يازدۇرۇشقا باردۇق، ئىبراھىم خەلپە ساقاللىق، يوغان
سەللە يۆگىۋالغان سۈرلۈك ئادەم ئىكەن، نەچچە قات كۆرپىدە
ئولتۇرۇپتۇ، قىزىل شىرە ئۈستىدە قەغەز ــ قەلەم، دۇۋەت تۇ-
رۇپتۇ، ئاپام بىچارە يۈزىنى لېچەك بىلەن يېپىپ ئېگىلىپ
ھۆرمەت بىلەن تەزىم قىلدى، مەنمۇ سالام قىلدىم. ئاپام يىغلاپ
تۇرۇپ، يەرلىرىمىزنى قورماللار تارتىۋالغانلىقىنى، ئۇلۇغ
چىڭۋاڭ غوجامغا ئەرز قىلغىلى كەلگەنلىكىمىزنى، خەلپەمنىڭ
ئىلتىپات قىلىپ ئەرز يېزىپ بېرىپ، تۇل خوتۇن، يېتىم ئو-
غۇللارنىڭ ھالىنى ۋاڭ غوجامغا يەتكۈزۈپ بېرىشىنى ئۆتۈندى.
خەلپەم ئاپامنىڭ دەردىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يۇڭ قەلەم بىلەن
خوتەن قەغىزىگە ئەرز يېزىپ بەردى، خەت ھەققى ئۈچۈن 30
تۆڭپۈر پۇل ئالدى. ئون تۆڭپۈرغا بىر قوي سېتىۋالغىلى بولات-
تى. بىز ئاپام بىلەن خۇشاللىقىمىزدا خەلپەم يېزىپ بەرگەن
ئەرزنى ئېلىپ تەزىم قىلىپ قايتىپ چىقتۇق، ئەتىسى ئاپام ۋاڭ
ئوردىسىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى قەبرىستانلىق (ھازىرقى 1 ــ
ئوتتۇرا مەكتەپ ئورنى) قا بېرىپ، بىر كونا گۈمبەز ئىچىگە
كىرىپ، ۋاڭ غوجامنىڭ ئەرزىمىزنى قوبۇل قىلىپ ئىشىمىزنى
ھەل قىلىپ بېرىشىنى تىلەپ دۇئا قىلدى. ۋاڭ ئوردىسىغا بار-
غاندا ئوردىغا قاراپ خەتنى ئىككى قولۇمدا ئېگىز كۆتۈرۈپ
تۇردۇم. بىز ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن بارغانىدۇق. پېشىنگە
قەدەر تۇردۇق، مېنىڭ ئۆرە تۇرۇپ ھالىم قالمىدى. پېشىنگە
ئەزان ئوقۇلغاندىن كېيىن خەنزۇچە كىيىم كىيگەن بىر ئۇيغۇر
ئەمەلدار ئوردىدىن چۈشۈپ، ئەرزىمىزنى قولىغا ئالدى ۋە ئىس-
مىمىنى سورىۋېلىپ، ئوردىغا چىقىپ كەتتى. ئەرزىمىزنى ئالغان-
لىقى بىزنىڭ دەردىمىزگە يەتكەنلىكى دەپ ھېسابلاپ خۇش بولۇپ
بىر ھەپتە كۈتتۇق، بىر ئايمۇ كۈتتۇق، جاۋاب ئالالماي يۇرتى-
مىزغا قايتتۇق. كېيىن ئوردىدىن ئەرزىمىزنى ھەل قىلىپ بې-
رىش توغرۇلۇق ئاستانىدىكى يۇرت چوڭلىرىغا بۇيرۇق چۈشۈ-



رۈپتۇ، ئۇلار ئەرزىمىزنى ھەل قىلمايلا قالماستىن ئەكسىچە
ئىلگىرىكىدىنمۇ ئۆچ كۆرىدىغان بولۇپ كەتتى، ئۈستىمىزدىكى
ئالۋاننى تېخىمۇ ئېغىرلاتتى، مېنى تارانچى (سەنداۋلىڭ) كۆ-
مۈركېنىدا كۆمۈر قېزىشقا ئۈچ يىللىق ئالۋانغا تۇتۇپ بەردى.
قېزىلغان كۆمۈرنىڭ 40 پىرسەنتى ۋاڭ ئوردىسىغا سەرپ قىلى-
نىپ، 60 پىرسەنتى سېتىلاتتى. ۋاڭ بۇ خاڭدىن 60 ــ 70
مىڭ سەر كۈمۈش كىرىم قىلاتتى. كۆمۈرلۈككە تۇتۇلغانلارنى
خوتەنلىك قاسىم جىسا دېگەن زومىگەر باشقۇراتتى. خاڭنىڭ
ئەمگىكى ئېغىر ئىدى. بويسۇنمىغانلارنى، قاشاڭلىق قىلغانلار-
نى قاتتىق ئۇرۇپ، ماڭالماس قىلىۋېتەتتى. مەن كۆمۈركاندا
ئىشلىگەن ئىككىنچى يىلى كان گۈمۈرۈلۈش ھادىسىسى يۈز بې-
رىپ، يەتتە ئادەم ئۆلدى، بىرقانچە ئادەم ئېغىر يارىدار بولدى.
كۆمۈر قۇدۇقى ئىچىدە بېسىلىپ قالغان ئادەملەرنى قۇتقۇزالمى-
دى. مەن كۆمۈرلۈككە تۇتۇلۇپ ماڭغاندا، ئاپام مېنى غوجىنىياز
ئاكامغا ئوغلۇمغا قاراپ قوي، دەپ تاپشۇرۇپ قويغانىدى، بۇ ئا-
دەم ماڭا غەمخورلۇق قىلىپ كېلىۋاتاتتى، لېكىن، ئۇ شۇ قې-
تىمقى ھادىسىدە قازا قىلدى. ئالۋانغا تۇتۇلغان ئىشچىلار كان
ئۆرۈلۈش ۋەقەسىدىن كېيىن تېخىمۇ ئېغىر ئەھۋالدا قالدى.
ئۇلار ئۆزىنىڭ دەرد ــ ئەلەملىرىنى قوشاق قېتىپ ناخشا ئېيى-
تاتتى:

*«ۋاڭ غوجامنىڭ دۆلەتى»*
*كۆمۈرلۈكنى كۆرسەتتى.*
*قاسىم جىسا بۇ زالىم،*
*چىغ سېۋەتنى كۆتەرتتى.*

*ۋاڭ غوجام ئۆزى نەدە؟*
*قومۇل دېگەن شەھەردە.*

ئۆلۈكلىرىمىز قالامدۇ؟
كۆمۈرلۈك دېگەن يەردە.

گۈلمۇ خوپ، گۈللەرمۇ خوپ،
گۈل تۈۋىدە ياتقانمۇ خوپ.
چوڭ بولۇپ دەرد تارتقۇچە،
كىچىك تۇرۇپ ئۆلگەنمۇ خوپ.

كۆمۈرلۈكتە ئۈچ يىل ئالۋانغا ئىشلەپ، ئۆيگە قايتىپ كەلسەم، ئاپام تاغقا چىقىپ كېتىپتۇ. سېغىنغان ئاپامنى كۆرەلمىگەننىڭ ئۈستىگە، سىم تاناب (تېلېفون سىمى) تارتىش ئالۋىنىغا تۇتۇلۇپ يەنە ئۆيدىن ئايرىلدىم، مېنى قاتتىق يىغا تۇتتى، خوجىنىياز ھاجى قوزغىلىڭىدا سىم تانابلار ئۈزۈلۈپ ۋەيران بولغانىدى. قومۇلدىن لودۇڭغىچە بولغان سىم تانابنى ئۈچ ئايدا تارتىپ بولدۇق، ئۈچ ئايدىن كېيىن ئېغىر ئەمگەك، تىل - ھاقارەتكە چىدىماي تۆت كىشى بىر كېچىدە قاچتۇق. ئىككى سوتكا دەم ئالماستىن 170 كىلومېتىر يول مېڭىپ پۇتلىرىمىز قاپىرىپ كەتتى، مىڭ تەستە ئۆيلىرىمىزگە كېلىۋالدۇق. قېچىپ كەلگەنلىكىمىزنى يۇرت چوڭلىرى بىلىۋالغاندىن كېيىن، ئېشىكىمنى ئالۋانغا تارتىۋېلىپ قايتۇرۇپ بەرمىدى، ئالۋاننىڭ دەردىدىن قومۇل شەھىرىگە بېرىپ ئىبراھىم خەلىپە، موللا ئىساق دېگەن كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىدە ھەقسىز ئىشلىدىم. ئالتۇنلۇقتىكى مەسچىت - خانىقالاردا شەيخ - ئاخۇنلارنىڭ بالىلىرى بىلەن بىللە ئوقۇدۇم. ئۇلارمۇ مېنى يەكلەپ قوغلىۋەتتى، بىرقانچە ئايلىق ئىش ھەققىمنىمۇ بەرمىدى...

ئىشسىز، ماكانسىز سەرسان بولۇپ يۈرۈپ، ما ئىسىملىك بىر خۇيزۇ ئەمەلدارنىڭ ئۆيىدە مەدىكار بولۇپ تۇرۇپ قالدىم، ئۇنىڭ ئايالى ئۇيغۇر بولۇپ، بىر قىز، ئىككى ئوغلى بار ئىدى.



مەن ئوتۇن يېرىپ، سۇ ئەكېلەتتىم، ھويلا - ئارامىلارنى تازىلايتتىم، يېمەك - ئىچمەكىم جايىدا، روھىي ھالىتىممۇ ياخشى بولۇپ قالغانىدى. تۆت ئايدەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئاستانە يۇرت چوڭلىرى مېنى ئىزدەپ تېپىۋېلىپ خۇددى گۇناھكاردەك بۇ يەردىن ئېلىپ كەتتى، بۇ ئىش ماڭا ئىنتايىن ھار كەلدى. مەن ئاستانە يۇرت باشلىقلىرىغا نېمە گۇناھ قىلدىم؟ مەن يېتىملىكتە ئۆستۈم، دەرد - ئەلەم، ئالۋان - سېلىق ئازابى ئىچىدە چوڭ بولدۇم، مەن ھۆكۈمەتكە قارشى چىقمىسام، نېمە ئۈچۈن مېنى جان بېقىشقا يول قويماي، ئىشلەۋاتقان يېرىمدىن تۇتۇپ كېتىدۇ؟ دەپ ئويلاپ ئازابلىنىۋاتقان كۈنلەردە، يەنى 1935 - يىلى قىش پەسلىدە قومۇلدا يېڭى پەننىي مەكتەپ ئېچىلىپتۇ، ئاستانىدىن تۆت ئوقۇغۇچى ئالىدىكەن، دېگەن خەۋەر تارقالدى. نۇرۇل قورمال ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن مېنى، توختەمەت سوۋۇر (ئابدۇنىياز باينىڭ ئوغلى)نى، ھىدايى (ھاۋۇللاخۇننىڭ ئوغلى) نى قومۇلدىكى يېڭى مەكتەپكە ئوقۇشقا تۇتۇپ بەردى، مەن ئوقۇشقا باردىم، قالغان ئىككىسى بارمىدى، سەۋەبىنى بىلمىدىم. يېڭى پەننىي مەكتەپلەرنىڭ ئېچىلىشى تارىختا تۇنجى قېتىملىق ئىش بولغانلىقتىن، خۇراپاتلىقى كۈچلۈك ئادەملەرنىڭ قارشىلىقىنى قوزغىغانىدى. ئۇلار، پەننىي مەكتەپ ياش بالىلارنى دىندىن چىقىرىدۇ، دېگەندەك پىتنە - ئىغۋالارنى تارقاتتى، ئاپاممۇ پەننىي مەكتەپكە بارما دەپ تۇرۇۋالدى. مەن يېتىمچىلىكنىڭ، كەمبەغەلچىلىكنىڭ ھەم ئالۋان - سېلىقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتىپ چىقىش يولۇمنى تاپالماي قالغانىدىم. ئالۋان - زۇلۇمدىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر يولى پەننىي مەكتەپتە ئوقۇش دېگەن ئىرادىگە كەلدىم. ئۆدۈك كەنتىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە خان يولى بولۇپ، شۇ يىللاردا بۇ يولدىن ئاندا - ساندا ئاپتوموبىللار ئۆتەتتى. بىز يېزا بالىلىرى يول بويىغا بېرىپ، ئۆتكەن ماشىنىلارغا ھەيران قالاتتۇق. بەزىلىرىمىز:

«كىملەر ياسىغاندۇر؟ قانداق ياسىغاندۇر؟» دېسەك، بەزىلەر: «ئورۇسلار، پەرەڭلەر ياسايدىكەن» دېيىشەتتى، مەن پەننىي مەكتەپتە ئوقۇغانلار ئاپتوموبىل، ئايروپىلان ياسىيالايدۇ، ھەيدىيەلەيدۇ دەپ ئىشىنەتتىم، شۇڭا پەننىي مەكتەپكە بېرىش قىزغىنلىقىم ئېشىپ، ئاپامنىمۇ قايىل قىلىپ شەھەردىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە باردىم.

قومۇلنىڭ ھەربىي ۋە مەمۇرىي باشلىقى يولۋاسبەگ مۇئاۋىن رەئىس خوجىنىياز ھاجىنىڭ قومۇلدا يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى يوليورۇقىنى ئاكتىپ ئىجرا قىلىپ، ئالدى بىلەن بازار باشلانغۇچ مەكتەپ بىناسىنى پۈتتۈرۈپتۇ، ئۈرۈمچىدىن كەلگەن قەشقەرلىق ئابدۇراخمان قارىي ھاجىم، غوپۇر قارىي، ئادىلخان جامال، مۇھەممەتخان قاتارلىق مۇئەللىملەرنى خىزمەتكە تەيىنلەپتۇ.

1935 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قومۇل ناھىيە بازىرى باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمى داغدۇغىلىق ئېچىلدى. قومۇل ۋىلايىتىنىڭ ھەربىي ـ مەمۇرىي باشلىقلىرى، ناھىيە باشلىقلىرى، ئاخۇن ـ ئۆلىما، يۇرت مۆتىۋەرلىرى، بەشار، ئون ئىككى تاغ ۋەكىللىرى، ئوقۇتقۇچى، يېڭى ئوقۇغۇچىلار قاتناشتى. ئابدۇراخمان قارىي ھاجىم مەكتەپ مۇدىرى، بىر خەنزۇ مۇئاۋىن مۇدىر بولدى. خەنزۇلار ئىككى سىنىپ، ئۇيغۇرلار ئۈچ سىنىپ ــ جەمئىي بەش سىنىپلىق مەكتەپتە ئوقۇش باشلاندى.

مەن مەكتەپتە ياتماستىن، بىر يىل بۇرۇن قارا خىزمەت قىلغان ما ئىسىملىك خۇيزۇ ئەمەلدارنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ ئوقۇدۇم، ئۇلارنىڭ بالىلىرى بىلەن تونۇشۇپ يېقىن دوست بولۇپ قالغانىدىم. ماسى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە كاتىپ، كېيىن مۇئاۋىن ھاكىم بولغان، ئىسمى ما لىكاڭ، ئايالى ئۇيغۇر ئىمىنەخان. ئۇلارنىڭ ئىككى ئوغلى بولۇپ، چوڭىنىڭ ئىسمى ماچى



(مەمتىلى)، كىچىكىنىڭ ئىسمى نۇرمۇھەممەت ئىدى، ئۇلار ئوقۇشۇمغا ياردەم قىلدى.

ئوقۇتقۇچىلار قابىل، بىلىملىك بولغاچقا، يېرىم يىلدىلا ساۋاتىم چىقىپ، ئاددىي خەتلەرنى ئوقۇيالايدىغان، يازالايدىغان بولدۇم، بىر يىل ئىچىدە نۇرغۇن يېڭى بىلىملەرگە ئىگە بولدۇم. يېڭى جەمئىيەتتىكى ئىشلارغا، يېڭى تەرەققىياتلارغا قارىتا نەزەر دائىرەم كېڭەيدى، مەكتەپتە ئوقۇشتىن باشقا تىزىلىپ تەنھەرىكەت قىلاتتۇق، كاناي، دۇمباق چېلىپ، شېئىر ئوقۇپ مەشكە دەسسەيتتۇق، توپ ئوينايتتۇق... مەن بىر ئېزىلگەن يېتىم بالا بولغانلىقىم ئۈچۈن مەكتەپ تۇرمۇشى ماڭا باشقا يېڭى دۇنيادەك تۇيۇلدى.

## مېنىڭ ھەربىي مەكتەپكە كىرىشىم

1936 ـ يىلى 5 ـ ئايلاردا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھەربىي مەكتەپكە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىدۇ، دېگەن بۇيرۇق كەلدى. مەن شۇ چاغدا 21 ياشلارغا كىرىپ، بويۇممۇ خېلى ئۆسۈپ قالغانىدى. ھەربىي مەكتەپكە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئۇقتۇرۇشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قىزىقىپ ئولتۇرالماي قالدىم. مەن ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇپ، ھەربىي بولۇپ خەلقنى ئەزگەن زالىملارنى، قومۇل ۋاڭنىڭ فېئودال، زومىگەر بەگلىرىنى، مېنىڭدەك يېتىملەرنى ئەزگەن ئاستانە قورماللىرىنى يوقاتسام، دېگەن خىيال كۈچەيدى.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ھەربىي مەكتەپكە ئوقۇغۇچى ئالىدىغانلار بازار باشلانغۇچ مەكتەپكە كەلدى، ئوقۇغۇچىلارنى يىغىپ، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش پرىنسىپلىرىنى، شەرتلىرىنى چۈشەندۈرۈپ، ئىختىيار قىلىدىغانلار ئۆزۈڭلەرنى تىزىمغا ئالدۇرۇڭلار، دېدى. ھەممىدىن بۇرۇن مەن قول كۆتۈرۈپ: «مەن

تىزىمغا ئالدۇرىمەن، ھەربىي مەكتەپكە مەن بارىمەن» دېدىم، ئوقۇتقۇچىلار، ساۋاقداشلار قىزغىن چاۋاك چالدى. مەندەك ئېزىلگەن يېتىم بالىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولغىنىمغا تېخى بىر يىل بولمىغانىدى. مانا ئەمدى يەنە ھەربىي مەكتەپكە كىرىش پۇرسىتىمۇ كەلگەنلىكىدىن تەسىرلىنىپ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ ھۆڭرەپ يىغلاپ كەتتىم، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خادىملىرىنىمۇ تەسىرلەندۈرۈۋەتسەم كېرەك. مەندىن كېيىن ساۋاقداشلىرىمدىن ئىسھاق پەرىشا، ئابلىز، ھەسەن سوپى، مەمەت سالىلار ئارقىمۇئارقىدىن تىزىمغا ئالدۇردى. يەنە خەنزۇ ساۋاقداشلاردىن ۋاڭ رىتەي قاتارلىق ئۈچ بالا تىزىمغا ئالدۇردى. ئۈچ كۈندىن كېيىن ھەربىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغانلىقىمىزنى ئۇقتۇردى. يولۋاس ۋالىي، ئوغلى ياقۇپبەگ[1]لەر قاتناشقان ئۇزىتىش يىغىنى ئېچىلىپ، بىزنى ئۈرۈمچىگە ماڭدۇردى. ئابدۇراخمان قارىي ھاجىم مەكتەپ مالىيىسىدىن ماڭا يول راسخوتى بەردى، ئىمىنىخان ئاچام مايلىق توقاچ يېقىپ يوللۇق قىلدى. ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنى ئۇزاتتى، مېنىڭ ئاپام مېنى ئۇزىتىشقا كېلەلمىدى، خەۋىرىمۇ يوق ئىدى. پەقەت ئىمىنىخان ئاچاملار مېنى ئۇزىتىپ قويدى. ياقۇپبەگ بىز سەككىز نەپەر ئوقۇغۇچىنى ئۈرۈمچىگە ئاچىقىپ ھەربىي مەكتەپ ئىلمىي باشقارمىسىغا تاپشۇرۇپ بەردى، ياقۇپبەگ ئۇلارغا تاپىلاپ: «بۇ قومۇللۇق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۈرۈمچىگە تۇنجى قېتىم ئوقۇشقا چىقىش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇشى، بۇلار بەك ساددا، ئاق كۆڭۈل قومۇللۇقلارنىڭ بالىلىرى، سىلەر ياخشى كۆڭۈل بۆلۈپ ئوقۇتۇپ قويساڭلار» دېدى. ياقۇپبەگ ئىككى

① ياقۇپبەگ ــ يولۋاسنىڭ ئوغلى، خەنزۇچە ئىسمى ياۋ داۋخۇڭ، مايور، 1947 - يىلى قومۇل ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىگە باشلىق بولغان. 1949 - يىلى قومۇل ناھىيىسىگە ھاكىم بولغان. 1950 - يىلى 4 - ئايلاردا دادىسى يولۋاس بىلەن تەيۋەنگە قېچىپ كەتكەن.



كۈندىن كېيىن يەنە كېلىپ بىزنى مائارىپ نازارىتىگىمۇ ئېلىپ بېرىپ تونۇشتۇرۇپ قويدى. ئۇلاردىن بىزگە ياخشى غەمخورلۇق قىلىپ قويۇشنى ئۆتۈندى. ئاندىن كېيىن يەنە بىزنى ئۆلكىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغىمۇ يۇقىرىقىدەك تونۇشتۇرۇپ قويۇپ خوشلىشىپ قومۇلغا قايتىپ كەتتى.

بۇ ھەربىي مەكتەپ «شىنجاڭ ئۆلكىلىك قۇرۇقلۇق ئارمىيە ھەربىي مەكتىپى» دەپ ئاتىلىدىكەن، بىز يېڭى قوبۇل قىلىنغانلار ئۈچىنچى قارار ئوقۇغۇچىلار ئىكەنمىز.

شېڭ شىسەي بۇ مەكتەپنىڭ مۇدىرى بولۇپ، بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلىدىكەن. ئۈچىنچى قارارلىق ئوقۇغۇچىلارنى ئومۇميۈزلۈك، قاتتىق تەكشۈرۈش، ئۆتكۈزۈۋېلىش باشلاندى. بىزنى قاتار تىزىپ قويۇپ، بىردىن - بىردىن چاقىرىپ ماڭدۇرۇپ، تەن قۇرۇلۇشى ۋە كۆكرەك، ئېغىز، بۇرۇن، كۆز، قۇلاق، ئۆپكە، يۈرەكنى ئىنچىكە تەپسىلىي تەكشۈردى. مەن ئورۇق، ئېگىز، ئاجىز ئىدىم، تەكشۈرۈش باشلانغاندا، ئۆتەلمەي قالارمەنمۇ، ئۆتەلمىسەم، مەقسەت - ئارزۇلىرىمغا يېتەلمەيدىغان بولدۇم، دەپ كۆپ ئەندىشە قىلدىم، بىزدىن ئىلگىرى تەكشۈرۈلگەنلەردىن ئۆتەلمىگەنلەرنى كۆرۈپ تېخىمۇ قورقۇپ كەتتىم. تەكشۈرۈش نۆۋىتى ماڭا كەلدى، يۇقىرىقى ئۇسۇل - تەرتىپ بويىچە تەكشۈرۈلۈپ سالامەتلىك ئىمتىھانىدىن ئۆتتۈم. يۈرىكىم ئارامىغا چۈشۈپ، خاتىرجەم بولدۇم. ئوقۇش باشلاندى، ھەربىي ئىنتىزام چىڭ، تەلەپ ئۈستۈن، دەرسلەر ئېغىر ئىكەن. مەن ھەربىي مەكتەپنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر قىسمىغا تەقسىم قىلىندىم. باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ بىرىنچى يىللىقىدىلا ئوقۇغان بولغاچقا، دەرس باشلانغاندا مەدەنىيەت سەۋىيەمنىڭ تۆۋەنلىكى مېنى بەك قىينىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، خەنزۇچە بىلمەيتتىم. مەندە ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇش ئارزۇسى كۈچلۈك بولغانلىقتىن يۇقىرىقىدەك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشتا ئىرادەم كۈچلۈك ئىدى. ئەمەلىيەتتى-

مۇ ئۆزۈمنىڭ كىچىكە تايىنىپ ھەم ساۋاقداشلارنىڭ ياردىمى
بىلەن جاپاغا چىداپ تىرىشتىم، بۇ ھەربىي مەكتەپ شىنجاڭنىڭ
ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئون نەچچە مىللەت ياشلىرى بى-
لەن جۇشقۇن كەيپىياتقا چۆمگەنىدى. بىزدىن ئىلگىرىكى قارار-
نىڭ ئوقۇغۇچىلىرى رەسمىي ھەربىيلەردەك ھەربىي مەشىق،
ھەربىي پائالىيەت ئېلىپ باراتتى، بولۇپمۇ ئاتلىق جەڭ پائالى-
يەتلىرى، چېلىشىش، نەيزىۋازلىق قاتارلىق ھەربىي دەرسلەر
قىزىقارلىق ھەم جاپالىق ئىدى، ھەربىي تۈزۈم بويىچە تۇرمۇش
كەچۈرۈش — كانايىنىڭ قوماندانلىقىدا ئۇخلاش، ئورۇندىن تۇ-
رۇش، تاماق يېيىش، دەرسكە كىرىش، پائالىيەت ئۆتكۈزۈش
ۋاھاكازالار ئاسانغا توختىمايتتى. قىسىملار بويىچە تىزىلىپ،
بايراق، دۇمباق، مىزگان بىلەن شېئىر، ناخشا ئوقۇپ ماڭساق
رەسمىي ھەربىي قىسىمدەك ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. مېنىڭ قو-
مۇلدىن بىللە چىققان ساۋاقداشلىرىم مېنىڭدىن چوڭ، تۇرمۇش
تەجرىبىسى ھەم بىلىم سەۋىيىسىمۇ مەندىن ياخشىراق ئىدى.
ئۇلار ماڭا كۆپ ياردەم قىلدى، بولۇپمۇ قومۇل بازارلىق ئابلىز
ياخشى ئوقۇپلا قالماي، ماڭىمۇ كۆپ غەمخورلۇق قىلغانىدى. ئۇ
مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن ھەربىي سەپكە قاتنىشىپ 1944 ـ
يىلى ئالتاي سوقۇشىدا پەيجاڭ دەرىجىلىك ئۇنۋانى بىلەن قۇربان
بولدى.

مەن ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇپ بىر يىل توشقىچە نۇرغۇن
قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىپ، چارچاپ ھالىمدىن كېتىپ دوخ-
تۇرخانىدا يېتىپ قالدىم، دوختۇرلار داۋالاپ ساقايتتى. دوخ-
تۇرخانىدا ياتقاندا، ئاپامدىن كەلگەن خەتلەرنى ئوقۇپ يىغلايت-
تىم، مەن ئاپامنى بەكمۇ سېغىنغانىدىم. ئاپامنىڭ مېنى چوڭ
قىلىپ ئەل قاتارىغا قوشىمەن دەپ تارتقان جاپالىرى، مۇدھىش
زالىم ھۆكۈمەتنىڭ، ئەمەلدارلارنىڭ زورلۇق ـ زومبۇلۇقلىرى
ئاپامنىڭ بېلىنى مۈكچەيتكەنىدى. مەن بىر مەزگىل ئاپام بىلەن



بىللە تۇرغاچقا، دەرد ـ ھەسرەتلەرگە ئورتاق شاھىت ئىدۇق، ما.
نا ئەمدى مەن ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇپ
زۇلۇم ـ ئېزىلىشتىن قۇتۇلدۇم، بەختكە ئېرىشتىم. ئاپام بولسا
يەنە كەمبەغەل، يەنە زۇلۇم ئاستىدا قالدى. مەن ھەربىي مەكتەپ-
نى پۈتتۈرۈپ، مىلتىقنى بەتلەپ زالىملارنى يوقىتىپ، ئاپامنى
بەختكە ئېرىشتۈرۈش پۇرسىتى كەلگۈچە ئاپامنىڭ ئۆمرىنى
بەرسىكەن دەپ تىلەيتتىم. مەن ھەربىي مەكتەپكە قومۇلدىن
ماڭغاندا ئاپام بىلەن خوشلىشالمىغانىدىم. ئاپام مېنىڭ ئۈرۈم-
چىگە ماڭغانلىقىمنى ئاڭلاپ ئايرىلىش داغىدا ھوشىدىن كېتىپ
يىقىلىپ چۈشۈپتۇ، ئاپام ماڭا يازغان خېتىدە: «سېنىڭ دەردىڭدە
يىغلاپ كۆزۈم كۆرمەس بولۇپ قالدى، نېمىلا بولسا قايتىپ كې-
لىپ مېنى كۆرۈۋالغىن. مەن سېنى كۆرەلمىسەممۇ، باغرىمغا
بېسىپ سۆيۈۋالاي، لايىق تېپىپ قويدۇم، ئۆيلەپ قوياي» دەپتۇ.
ئاپامنىڭ چوڭقۇر ئانىلىق مۇھەببىتى بىلەن يازغان خەتلىرىنى
ئوقۇپ كۆڭلۈم بەك يېرىم بولدى. مەكتەپنىڭ ھەربىيچە تۈزۈمى
ئاپامنى كۆرۈپ كېلىشكە رۇخسەت قىلمايتتى. خەت يازدىم، ئا-
پام خېتىمنى ئوقۇتۇپ ئاڭلاپ، كۆزىگە سۈرۈپ يىغلاپتۇ. ئاپام-
دىن يەنە خەتلەر كەلدى، مەن مەكتەپكە كەتكەندىن كېيىن ئۆ-
دۈكتىكى يەنە بىرئاز يېرىمىزنى نۇرۇل قورمال ئالۋانغا ھې-
سابلاپ تارتىۋاپتۇ. ئاپام خېتىدە ماڭا: «سەن قايتىپ كېلىپ مې-
نى بىرئاز باق، ئۆلۈپ قالسام، بېشىمدا تۇرۇپ، يەرلىكىمدە قو-
يۇپ قايتىپ كەت» دەپتۇ. بۇ خەتلەر يۈرەك ـ باغرىمنى ئېزد-
ۋەتتى. نېمە ئىلاج، ھەربىي تۈزۈم، يول يىراق. ئاپامدىن ئايرى-
لىپ، ئاپامغا بىرئازمۇ بالىلىق، ئوغۇل بالىلىق مېھىر ـ شەپ-
قىتىمنى يەتكۈزەلمەستىن ئېغىر بەدەل تۆلەپ ئوقۇشنى
داۋاملاشتۇردۇم.

شىڭ شىسەي ھەربىي مەكتەپنىڭ مۇدىرى بولغاچقا، ھەربىي
تەلىم ـ تەربىيىنى چىڭ تۇتاتتى. كېيىنرەك بىز شىڭ شىسەي-

نىڭ ياپونىيىدە ھەربىي ئاكادېمىيىدە ئوقۇپ كېلىپ شەرقىي شىمالدا يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي خىزمەت ئۆتىگەن ھەربىي ئەمەلدار ئىكەنلىكىنى بىلدۇق. ئۇ شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىگە يانتاياق بولۇپ، قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرغان ئۇرۇشلارغا قاتناشقان. كېيىن جىن شۇرېننى ئاغدۇرۇش سىياسىي ئۆزگىرىشىگە قاتناشقان. ما جۇڭيىڭغا قارشى ئىككى قېتىملىق چوڭ سوقۇشلارغا بىۋاستە قوماندانلىق قىلغان. شىنجاڭ ئۆلكە ئارمىيىسى ئاجىز، ناچار بولغانلىقتىن سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ، ئۆزىنىڭ جېنىنى ۋە ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قالغانىدى. شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتىنى كۈچەيتىش ۋە مۇستەھكەملەش ئۈچۈن زامانىۋى ئارمىيىگە موھتاج ئىكەنلىكىنى بىلىپ، بۇ ھەربىي مەكتەپنى قۇرۇپ چىققان. شۇڭا، شېڭ شىسەي بۇ مەكتەپنى شەخسەن ئۆزى بىۋاستە چىڭ تۇتۇپ باشقۇراتتى. ئۇ مەكتەپكە دائىم كېلىپ مەكتەپ ئەھۋالىدىن دوكلات ئېلىپ ۋە ئۇنى كۆزدىن كەچۈرۈپ تۇراتتى ھەم ئۆزى ھەربىي دەرس بېرەتتى، ھەربىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىپ تۇراتتى، دوكلات بېرەتتى.

مەن ھەربىي مەكتەپتە، ھەربىي، سىياسىي، مەدەنىيەت جەھەتتە مەلۇم سەۋىيىگە ئىگە بولدۇم. تۆت يىل ئوقۇپ تەلەپكە لايىق ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇشنى تاماملىدىم. بۇ مەكتەپ «شىنجاڭ ئۆلكىلىك قۇرۇقلۇق ئارمىيە ھەربىي مەكتىپى» دەپ ئاتالغاندىن باشقا «خۇاڭپۇ ئۇرۇمچى شۆبە مەكتىپى» دەپمۇ ئاتىلاتتى.

مەكتەپ پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى، مۇراسىمغا مەكتەپ مۇدىرى شېڭ شىسەي، ئىلمىي مۇدىر، شاۋجياڭ خۇڭ زاۋ ۋە ئوقۇتقۇچىلار قاتناشتى. ئەلاچى ئوقۇغۇچىلارغا مۇكاپات بۇيۇمى بېرىلدى. جۈملىدىن ماڭىمۇ قەلەم، دەپتەر مۇكاپات بەردى. كەچلىك زىياپەتتىن كېيىن ھەربىي كىيىم، سۈرەتلىك



ئالبوم بېرىلدى. مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارغا ھەربىي بۇيرۇق چۈشۈرۈلۈپ، مەكتەپتىن چىقماستىن تەقسىماتنى كۈتۈش تاپشۇرۇلدى.

## مېنىڭ ھەربىي سەپكە قاتنىشىشىم

مەن 1939 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ھەربىي مەكتەپنى پۈتتۈردۈم. مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن بىر ھەپتىگىچە سىرتقا چىقۇزمىدى. شېڭ دۇبەن مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار بىلەن شەخسەن ئۆزى ئايرىم ـ ئايرىم سۆزلەشتى. بەزى ئوقۇغۇچىلار بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى كونسۇلخانىسىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارى پاگات مەخپىي سۆزلەشتى. مېنىڭ بىلەن شېڭ شىسەي مەكتەپنىڭ مېھمان كۈتۈش زالىدا سۆزلەشتى. كىرىپلا ھەربىيچە سالام بەردىم. تۆت نەپەر قوراللىق مۇھاپىزەتچى شېڭ دۇبەننىڭ ئەتراپىدا تۇرۇپتۇ، دۇبەن باش ـ ئايىغىمغىچە كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن، ئۈستەل ئۈستىدىكى قەغەزنى قولىغا ئېلىپ قاراپ تەرجىمىھالىمنى سورىدى.

— ئاپام بار، ئاتام بىر ياش ۋاقتىمدا ئۆلۈپ كەتكەن، — دېدىم.

— ئائىلە ئىقتىسادىي ئەھۋالىڭلار قانداق؟

— بىر ئېشىكىمىز بار، بۇلاق سۈيى بىلەن تېرىلىدىغان بىر ئاز يېرىمىز بار، باشقىلارغا ئىشلەپ بېرىپ، ئۇلاغلىرى بىلەن يەرلىرىمىزنى تېرىۋالىمىز، يەردىن چىققان ھوسۇل ئاپام بىلەن ئىككىمىزگە ئارانلا يېتىدۇ.

ھەربىي مەكتەپكە كىرگەندە جەدۋەلگىمۇ يۇقىرىقىدەك يازغانىدىم. سۆزلىگىنىم شۇ جەدۋەلدىكىگە ئوخشاش چىقسا كېرەك. شېڭ دۇبەن:

— سەن قەشقەر ئاتلىق 31 ـ تۇەنگە تەقسىم قىلىندىڭ. 31 ـ تۇەننىڭ تۇەنجاڭى ئوقۇشماسلىقتىن قامىلىپ قاپتۇ، يېقىندا

قايتىپ چىقىدۇ، — دېدى.

شېڭ شىسەي مەكتەپكە دائىم كېلىپ بىزگە سۆز قىلىپ، دەرس بېرىپ تۇرغانلىقى ھەم يېشىمۇ چوڭلاپ ئۆزۈمنى توختىتىۋالغانلىقىم ئۈچۈن شېڭ شىسەينىڭ سوئاللىرىغا ھودۇقۇپ كەتمەستىنلا جاۋاب بەردىم. ئۇ ئاخىردا نەتىجەمنى قەغەزدىن كۆرۈپ، ياخشى ئوقۇپسەن، ياخشى ئىشلە. كېلەچەكتە لېيەنجاڭ، تۇەنجاڭ بولىسەن دەپ مېنى چىقىرىۋەتتى. ئوقۇغۇچىلار بىلەن سۆزلىشىش بىر ھەپتىدە تاماملاندى. بەزى ئوقۇغۇچىلار شۇ قېتىمقى ئايرىم سۆھبەتتىن كېيىن يوقاپ كەتتى. بەزىلىرىنى مەخپىي خىزمەتلەرگە قويغانلىقىنى، بەزىلىرىنى قولغا ئالغانلىقىنى ئاڭلاپ قورقتۇق، بۇ قاتتىق سىر ئىدى. ساۋاقداشلاردىن كۇچالىق ئۇيغۇر XX نى ھىندىستانغا، تۇرپانلىق ئۇيغۇر XX نى ئافغانىستانغا ئىشپىيونلۇققا ئەۋەتىپتۇ. ئۇلار ئازادلىقتىن كېيىن قايتىپ كېلىپ ماڭا سۆزلەپ بەردى، ئۇلار ھازىر ئۇرۇمچىدە بار.

11 - ئاينىڭ ئاخىرى ئوقۇش پۈتتۈرگەن ھەر مىللەتتىن 30 نەچچە ھەربىي ئوقۇغۇچى، يەنە ئالىي ھەربىي بىلىم سىنىپىدىن بولۇپ جەمئىي 40 نەچچە ئوقۇغۇچى ئۈچ ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ قەشقەرگە يولغا چىقتۇق، بىزنى شېڭ شىسەي ئۆزى كېلىپ ئۇزىتىپ قويدى.

قەشقەردىكى شىنجاڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر 31 - تۇەنگە ئون نەپەر ساۋاقداش بىللە باردۇق. ئۇلارنىڭ ئىككىسى بىزدىن بىر يىل بۇرۇن ھەربىي مەكتەپكە كىرگەن ئوقۇغۇچى بولۇپ، 1936 - يىلى بىزنىڭ بەنگە قوشۇلغانىدى، ئۇلاردىن چۆچەكلىك ئابدۇقادىر تۇردىنىڭ خەنزۇچە، رۇسچە سەۋىيىسى بار بولغانلىقتىن 31 - تۇەننىڭ شتاب باشلىقى بولدى (ئازادلىقتىن كېيىن 5 - كورپۇس شتابىدا تەرجىمە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولغان). يەنە بىرى، ھېسامىدىن مۇقىيىت (توقسۇنلۇق) 1 - لېيەننىڭ لېيەنجا-



ڭى بولۇپ، بىزدىن بىر يىل بۇرۇن (1938 - يىلى) 31 - ئاتلىق تۇەنگە ئورۇنلاشقان. قالغانلار ھاكى قۇربان (توقۇزتارالىق)، توختىيوف توختى (قەشقەر كونىشەھەرلىك)، مۆمىن ئەپەندى (تۇرپان ئاستانىلىق)، ئوسمان لېيەنجاڭ (تۇرپانلىق)، رەھمىتۇل (تۇرپانلىق)، ئابدۇرېھىم (قەشقەر كونىشەھەرلىك)، ئابلىمىت (غۇلجىلىق)، ئەيسا ئەمەت (غۇلجىلىق)، مەن — سوپاخۇن سۇۋۇروف ئىدىم. مېنى ھېسامىدىننىڭ رەھبەرلىكىدىكى 31 - تۇەن 1 - لېيەننىڭ 3 - پەيىگە پەيجاڭ، ئابلىمىتنى 2 - پەيگە پەيجاڭ قىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ھەربىي ئوفىتسېر بولۇپ قالدىم، باشقا ساۋاقداشلارنىمۇ ھەرقايسى لېيەنلەرگە ئورۇنلاشتۇردى.

قەشقەردىكى بىز بارغان ئاتلىق 31 - تۇەندە ئۇيغۇر، تاجىك، ئۆزبېك، تاتار، خۇيزۇ، خەنزۇلار بار ئىكەن، مالىيە، ئارقا سەپ بۆلۈملىرىدە ئۇيغۇرچە بىلىدىغان خەنزۇلار ئىشلەيدىكەن. 31 - تۇەننىڭ تۇەنجاڭى ئەمەت مەخسۇم قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، زەمىر (تاجىك) نى ئۇنىڭ ئورنىغا تۇەنجاڭ قىلغانىكەن، بىز ئۇنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتتۇق. زەمىرنىڭ ئۇنۋانى جۇڭشياۋ (پودپولكوۋنىك) بولۇپ، قاڭشارلىق، كېلىشكەن ئاق كۆڭۈل ئادەم ئىكەن. بۇ تۇەننىڭ 1 - لېيەنى (ھېسامىدىننىڭ لېيەنى)، 3 - لېيەنگە (تاجىكنىڭ لەشكەر لېيەنى) يانداش قەشقەر يېڭىشەھەر قالماق كۆۋرۈكىدىكى ئايرودرومغا، 2 - لېيەن (ھۇسىيىن لېيەنجاڭ لېيەنى) يېڭىشەھەرگە، 4 - لېيەن (نەبى لېيەنجاڭ لېيەنى، ئۇ تاجىك، تاشقورغانلىق) يېڭىشەھەردە 31 - تۇەننىڭ قوماندانلىق شتابىدىكى قىسىملار بىلەن بىللە ئورۇنلاشقانىدى. جاڭ فېڭشىن تۇەنجاڭلىقىدىكى يەنە بىر تۇەن بولۇپ، ئۇلار 31 - ئاتلىق تۇەنگە يانداش سېپىلنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقانىدى. 35 - تۇەن قىرغىز تۇەنى بولۇپ، مەزكۇر تۇەنگە ئەڭ بۇرۇن ئىسھاقبېك تۇەنجاڭ بولغان. بۇ تۇەننىڭ جەڭچى، ئوفىتسېرلىرى ھەممىسى قىرغىز بولۇپ، ئىسھاقبېك تەربىيىلەپ چىققانىكەن. ئىسھاق-

بېكتىن كېيىن موللاساۋۇر موللا (قىرغىز) تۈەنجاڭ، قۇربان
مەمەتوف يىڭجاڭ ھەم شتاب باشلىقى بولغان، تۆلەنباي پودپول-
كوۋنىك بولغان. ھەربىر لىيەنگە بىردىن سوۋېتتىن كەلگەن
لىيەنجاڭ دەرىجىلىك ئوفىتسېر ـــ تۆلدە ئىمانوف، ئىللاشوف،
ئۇركىتايوف قاتارلىقلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان. 40 ـ يىللىرى ھەر-
بىي مەسلىھەتچى بوگداساروف (رۇس)، دوختۇر ۋە ئات دوختۇر-
لىرى سوۋېتتىن كەلدى.
جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي قوماندانلىق شتابى ھازىرقى جەنۇ-
بىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ ئورنىدا ئىدى. 6 ـ شىنىڭ
قوماندانى لىيۇ بىڭ، شىجاڭى مەھمۇت مۇھىتى ئىدى. كېيىن
جاڭ يۇفېن دېگەن قوماندان بولغان، ئۇ 1940 ـ يىلى ئۇرۇم-
چىگە يۆتكىلىپ كەتكەن، ئۇنىڭدىن كېيىن سۇ يۈچۈن قوماندان
بولغان. سوۋېتتىن كەلگەن رۇس گېنېرال ھەربىي مەسلىھەتچى
بولغان. ئارقا سەپ، شەھەر مۇداپىئە پىيادە يىڭى، ئالاقىچىلەر
بەنلىرىنىڭ ھەممىسىدە خەنزۇلار بولۇپ ئۇلار قوماندانلىق شتا-
بى ئەتراپىغا ئورۇنلاشقان. قەشقەر كونىشەھەر، يېڭىشەھەر، تاش-
قورغان، ئەركەشتاملاردا جەمئىي ئارمىيە ۋە چېگرا ساقچى قى-
سىملىرى بولۇپ تەخمىنەن 4000 دەك ئادەم بار ئىدى.

## قەشقەردىكى ئاتلىق 31 ـ تۈەننىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى

1933 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، شېڭ شىسەي خوجىنىيازھاجى بىر-
لەن بىرلىشىپ، «فۇكاڭ كېلىشىمى» نى تۈزگەندىن كېيىن،
خوجىنىياز ھاجى، مەھمۇت شىجاڭلار رەھبەرلىكىدىكى قوراللىق
دېھقانلار قوشۇنى جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىدۇ. بۇ قوشۇن
قومۇل، تۇرپان، گۇچۇڭ، قاراشەھەر، كۇچالاردا تەشكىللەنگەن
پىدائىيلار قوشۇنى بولۇپ، ئاقسۇدا تەرتىپكە سېلىنغاندىن كې-



يىن قىسقارتىلىپ مەلۇم قىسمى ئائىلىسىگە قايتۇرۇلغان.
قەشقەرگە يېتىپ بارغان قىسمىمۇ تەخمىنەن 8000 ئەتراپىدا
بولۇشى مۇمكىن. خوجىنىياز ھاجى ئۆلكىگە مۇئاۋىن رەئىس
بولغاندىن كېيىن، مەھمۇت شىجاڭ شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇئا-
ۋىن قوماندانى، قەشقەردە تۇرۇشلۇق 6 ـ شىنىڭ شىجاڭ، لىيۇ-
بىڭ قوماندانى بولدى. لىيۇبىڭ يېڭىشەھەردە، مەھمۇت شىجاڭ
كونىشەھەردىكى يۇمىلاقشەھەرگە ئورۇنلاشقان. ئەسلىمەمنىڭ
مەھمۇت شىجاڭ ھەققىدىكى بايانىدا يازغىنىمدەك، مەھمۇت شى-
جاڭنىڭ تۆت ئاتلىق ئەسكەرلەر تۈەنى بار ئىدى. يەنى بۇلار 31
ـ، 32 ـ، 33 ـ، 34 ـ ئاتلىق تۈەنلەر بولۇپ، 31 ـ تۈەن يۇ-
مىلاقشەھەردە 6 ـ شىنىڭ قوماندانلىق شتابىغا ئورۇنلاشقان.
31 ـ تۈەننىڭ تۈەنجاڭى ئەمەت مەخسۇم توقسۇنلۇق بولۇپ،
1934 ـ يىلىدىن 1935 ـ يىلىغىچە ئۆزبېكىستاننىڭ تاشكەنت
شەھىرىدە ھەربىي تەلىم ئالغان. 1936 ـ يىلىدىن 1937 ـ يى-
لىغىچە ئۈرۈمچى ھەربىي مەكتەپنىڭ ئالىي بىلىم ئاشۇرۇش
كۇرسىدا ئوقۇغان تەرەققىيپەرۋەر قوماندانلارنىڭ بىرى ئىدى.
مەھمۇت شىجاڭ چەت ئەلگە كەتكەندىن كېيىن 6 ـ شىنىڭ
ئاتلىق تۆت تۈەنى پاراكەندە بولۇشقا باشلىدى. كوماندىرلار تە-
رەپبازلىق قىلىپ، ھوقۇق تالاشتى. ياقۇپ بىلەن قۇربانىنىياز
ئۆزئارا قورال كۆتۈرۈشۈپ ھەر ئىككىلىسى ياردار بولدى. ياقۇپ
شۇئان ھۆكۈمەت تەرىپىدىن قولغا ئېلىندى، لېكىن قالغان كو-
ماندىر ـ جەڭچىلەر ھۆكۈمەتكە بويسۇنماي توقسۇنلۇق ئابدۇنى-
يازنى شىجاڭ سايلاپ، ئۇنىڭ قوماندانلىقىدا قەشقەر ئەتراپىدىكى
ئۈچ ئاتلىق تۈەن يەكەنگە يۆتكىلىپ كەتتى. ئەمەت مەخسۇم تۈ-
ەنجاڭ رەھبەرلىكىدىكى ئاتلىق 31 ـ تۈەن ھۆكۈمەتنى ھىمايە
قىلىپ قەشقەر يۇمىلاقشەھەردە چىڭ تۇردى. ئابدۇنىياز ئۈچ
ئاتلىق تۈەننى باشلاپ يەكەنگە بېرىپ، خوتەندىكى ما خۇسەن بى-
لەن بىرلىشىپ شېڭ شىسەيگە قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ قىل-

ماقچى بولدى. شېڭ شىسەي ما خۇسەندىنمۇ خاتىرجەم ئەمەس
ئىدى. چۈنكى ما خۇسەن ما جۇڭيىڭنىڭ 36 ـ شىسىنىڭ ياد-
روسى ئىدى. ئۇ ما جۇڭيىڭ سوۋېتكە كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ
بىلەن داۋاملىق ئالاقىلىشىپ تۇرغان، ما خۇسەن خوتەندە يەنە
ئەسكەر ئېلىپ، ئەسكەر تەربىيىلەپ، قوشۇننى 15 مىڭغا يەت-
كۈزگەن. شېڭ شىسەي ما خۇسەننىڭ ئاخىر هامان ئۆزىگە
قورالliq هۇجۇم قىلىشىنى بىلەتتى، شۇڭا ئۇ ما خۇسەنگە سى-
لىق مۇئامىلە قىلدى، خۇددى مەھمۇت شىجاڭغا قوللانغان ئۇ-
سۇللارنى، ھىيلە ـ مىكىر، ئالداش ئۇسۇللىرىنى قوللاندى. ما
خۇسەننىڭ بىرقانچە كوماندىرلىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئو-
قۇشقا چىقىرىپ تەربىيىلىدى، بىر قىسمىنى ئۇرۇمچى ھەربىي
مەكتەپتە تەربىيىلەپ، ئۆزىگە يېقىن تارتىپ ما خۇسەننى پار-
چىلىماقچى بولدى. ما خۇسەن شېڭ شىسەينىڭ خوجىنىياز ھا-
جى، مەھمۇت شىجاڭلارنى ئالداپ يوقاتماقچى بولغان ھىيلە ـ
نەيرەڭلىرىدىن خەۋەردار بولغاچقا، سەگەكلىك بىلەن ئىش كۆ-
رۈپ، كۆرۈنۈشتە شېڭ شىسەيگە ئىتائەت قىلغان بولۇپ، ئەمە-
لىيەتتە ئەسكەرلىرىنى قاتتىق ھەربىي ئىنتىزام، ھەربىي ماھا-
رەت بىلەن تەربىيىلەپ، يەر ئاستى ھەربىي قورال ـ ياراغ زاۋۇت-
لىرىنى قۇردى. قىسىم ئىچىدىكى ئاجىز، ئىرادىسىزلەر شاللاپ
چىقىرىلىپ كۈچلۈك مۇنتىزىم قوشۇن قۇرۇلدى. دەل شۇنداق
بىر چاغدا ئابدۇنىيازنىڭ 3 ـ ئاتلىق تۈەنى بىلەن بىرلەشتى.

## ما خۇسەن بىلەن ئابدۇنىيازنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا قىلغان ئىسيانى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى

1937 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، ئابدۇنىياز قوماندا-
لىقىدىكى ئۈچ تۈەن قەشقەر يېڭىشەھەر، كونىشەھەرگە ھۇجۇم



باشلىدى. شۇ چاغدا ما خۇسەن قىسىملىرى قەشقەرگە يېتىپ
كېلىپ، ئابدۇنىيازنى ئۇرۇمچىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. 31 -
ئاتلىق تۈەن ئەمەت مەخسۇم رەھبەرلىكىدە ھۆكۈمەتنى ھىماي-
قىلىپ، ما خۇسەن قىسىملىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىپ يۇ
ملاقشەھەر سېپىلىنى مۇداپىئە قىلدى. 6 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر
كۈنى سائەت 4:30 دە ما خۇسەن توپىلاڭچىلىرى كونىشەھەرنىڭ
قۇمدەرۋازا، ياۋاقدەرۋازا، يابېشى، تۆشۈكدەرۋازا، بۇلاقبېشى قا
تارلىق جايلىرىنى بېسىۋېلىپ، قەشقەر خەلقىنى ئىككىنچى قې
تىم قىرغىن قىلىپ، بۇلاپ ـ تالايدۇ. لېكىن، ما خۇسەن قەش
قەر يۇمىلاقشەھەرنى ئالالمايدۇ. ئەسكىرىي كۈچى 1000غا يەت
مەيدىغان ئەمەت مەخسۇم تۈەنجاڭلىقىدىكى 31 ـ ئاتلىق تۈەر
قەھرىمانلارچە جەڭ قىلىپ، شىنىڭ قوماندانلىق شتابىنى مۇدا
پىئە قىلىپ ساقلاپ قالدى. ما خۇسەن كونىشەھەرگە ھۇجۇ
قىلغاندا، شەھەر خەلقى جېنىنى ساقلاش ئۈچۈن يۇمىلاقشەھەر
گە قېچىپ بېرىۋالغانىدى. ئون نەچچە كۈنلۈك ئۇرۇش جەريا
نىدا، يۇمىلاقشەھەردىكى خەلقنىڭ يېمەكلىكى تۈگەپ خەتەرلىك
ئەھۋالدا قالدى. ئەمەت تۈەنجاڭ يۇمىلاقشەھەرنىڭ دەرۋازىلىرىن
ئېچىۋېتىپ، قوراللىق قوشۇنلىرىنى باشلاپ دۈشمەنلەرنىڭ مۇ
ھاسىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ھۆكۈمەتنىڭ تۆمۈردەرۋازا، ئارقى
دەرۋازا ئىچىدىكى ئاشلىق سېڭىنى ئېچىپ، ئاچ قالغان خەلقق
تەقسىم قىلىپ بېرىپ خەلقنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالدى. ئە
مەت تۈەنجاڭ بۇ ئاشلىقتىن بىر جىڭنىمۇ يېمەي، ھەربىي ئات
لىرىنى ئۆلتۈرۈپ ئوزۇقلاندى. كونىشەھەر ئىچىدىكى ئۇرۇشت
ئەسكەر ۋە خەلق كۆپ چىقىم بولدى، سوۋېت كونسۇلىنىڭ ئا
رىلىشىپ سۇلھى قىلىشى بىلەن ھەر ئىككى تەرەپ ئۇرۇش
توختىتىش كېلىشىمى ئىمزالىدى، بۇ كېلىشىمگە ھۆكۈمەت
تەرەپتىن ئەمەت تۈەنجاڭ ئىمزا قويدى، ئەمەت تۈەنجاڭ ئوق چ
قارماستىن سېپىلنى مۇداپىئە قىلدى، لېكىن ما خۇسەن كېلە

شىمنى بۇزۇپ، سېپىل ئەتراپىنى قورشاپ، يۇمىلاقشەھەرگە ئوق چىقىرىپ، قول بومبىسى تاشلاپ، 31 ـ تۇەننى چىقىمغا ئۇچراتتى. نەتىجىدە ئەمەت تۇەنجاڭ قەشقەر يېڭىشەھەرگە چېكىنىش قارارىغا كەلدى. ئالدى بىلەن سېپىل يېنىغا ئورا كولاپ جەسەتلەرنى كۆمۈپ، يېڭىشەھەرگە قاراپ يولغا چىقتى. 31 ـ تۇەن كونىشەھەر بىلەن يېڭىشەھەر ئارىلىقىدىكى ئېگىز ئېرىقتىكى ساراڭلەڭزى دېگەن يەرگە كەلگەندە، ما خۇسەن قىسىملىرى قوغلاپ كېلىپ ھۇجۇم قىلدى. قىزىل دەريا بويىدا بىر سوتكا قاتتىق ئۇرۇش بولدى. يېڭىشەھەردىكى شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگە قاراشلىق 48 ـ تۇەن قىسىملىرى ياردەمگە كېلىپ ما خۇسەننىڭ ئەسكەرلىرىنى مەغلۇپ قىلدى. ئاتلىق 31 ـ تۇەن 48 ـ تۇەننىڭ يېنىدىكى شاپتۇللۇق بۇتخانىسىغا ئورۇنلاشتى.
31 ـ تۇەن ھۆكۈمەت ئارمىيىسى بىلەن بىرلىكتە ما خۇسەن قىسىملىرىغا قارشى ئۈچ ئاي ئۇرۇشتى. ما خۇسەن تۇپىلاڭچى قىسىملىرى شەھەر سىرتىدىكى بارىن، ئارامباغ، بايتوقاي قاتارلىق نۇرغۇن يېزىلارنى ئىگىلەپ تۇرغاچقا، ھۆكۈمەت ئارمىيىسى كۈندۈزى شەھەردىن چىقىپ ئۇرۇش قىلىپ، كېچىسى شەھەر ئىچىگە قايتىپ دەم ئالدى. ھۆكۈمەت ئارمىيىسى شەھەرگە قامىلىپ، سىرتقى ياردەمگە ئىگە بولالمىغانلىقتىن، ئوزۇق ـ تۈلۈك، گۆش ـ مايلىرى تۈگەپ، ئەسكەرلەرنىڭ سالامەتلىكى ناچارلىشىپ كەتتى. مانا مۇشۇنداق قىيىنچىلىق ۋاقتىدا ئەمەت تۇەنجاڭ 48 ـ تۇەن بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىۋېتىپ، مۇداپىئەدىن ھۇجۇمغا ئۆتتى. ماخۇسەننىڭ قىسىملىرىغا ھۇجۇم قىلىپ قوغلاپ خانئېرىق، يوپۇرغا، ئاچچىق پازىلىنىڭ لەنگىرى، ياغاچئايۋان قاتارلىق جايلارغا سۈرۈپ تاشلىدى. 1937 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ماتورلاشقان رۇس، قىرغىز پولكى 20 تانكا، 20 ئايروپىلان بىلەن قەشقەرگە بېسىپ كىرىپ، ھۆكۈمەت ئارمىيىسى بىلەن



بىرلىكتە ما خۇسەن ئارمىيىسىنى تارمار قىلدى ۋە ئەسىر ئالدى، قورال ـ ياراغلىرىنى غەنىيمەت ئالدى. ما خۇسەن يېڭىسار، ھىمىتىنىڭسېيى قاتارلىق جايلاردا سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى ئايروپىلانلىرىنىڭ بومباردىمان قىلىشى بىلەن 4000 دەك ئەسكىرىي كۈچىدىن ئايرىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ 1937 - يىلى 9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئۆزىگە يېقىن بىر قىسىم كوماندىر ـ جەڭچىلىرى بىلەن بىرلىشىپ، ئۇزاق يىللار جەريانىدا شىنجاڭ خەلقىنى بۇلاپ ـ تالاپ توپلىغان ئالتۇن ـ كۈمۈش، مال ـ دۇنياسىنى قېچىرلىرىغا يۈكلەپ ھىندىستانغا قېچىپ كەتتى. ما خۇسەننىڭ قالدۇق قىسىملىرىنى ھۆكۈمەت ئارمىيىسى ئارقىدىن قوغلاپ خوتەن سايلىرىدا، چەرچەن، چاقىلىق چۆللىرىدە، تاغ جىلغىلىرىدا يوقاتتى. ئاز بىر قىسمى چىڭخەي، دۇنخۇاڭغا كەتتى. قۇربانىنياز ئەسكەرلىرىمۇ سوۋېتنىڭ تانكا، ئايروپىلانلىرىنىڭ زەربىسىدە تارمار بولدى. بىر قىسمى راسكام تېغىغا، بىر قىسمى كېرىيە ئارقىلىق قاراڭغۇ تاغقا، يەنە بىر قىسمى ما خۇسەن قالدۇق قىسىملىرىغا قوشۇلۇپ گەنسۇغا قېچىپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ، ما خۇسەن توپىلاڭچىلىرى يوقىتىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا ئىككىنچى قېتىم تىنچلىق ئورنىتىلدى.

ئابدۇنىياز ما خۇسەننىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۈچ تۇەن ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ ئاقسۇ ئاۋات ناھىيىسىگە ھۇجۇم قىلدى. ئابدۇنىيازغا سىرتتىن قوشۇلغانلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. بۇ ئۇرۇشقا بىز ئۇرۇمچىدىكى ھەربىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ ھۆكۈمەت ئارمىيىسىگە ياردەمچى قوشۇن بولۇپ قاتناشقانىدۇق. ئابدۇنىياز، قۇربانىنياز، كىچىكئاخۇن تۇەنجاڭلار ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ قوراللىرىنى تاشلاپ مارالبېشى، يەكەن تەرەپلەرگە كەتتى. كىچىكئاخۇن تۇەنجاڭ ما خۇسەننىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ چەت ئەلگە قاچالماستىن يەكەننىڭ تاغاچى دېگەن يېزىسىدا گاڭگىراپ يۈرگەندە 31 ـ ئاتلىق تۇەننىڭ لىيەنجاڭى يۇ-

سۇپ بىرنەچچە نەپەر قورالLIق ئەسكىرى بىلەن ئۇنى پەم بىلەن قورالسىزلاندۇرۇپ، يەكەنگە ئېلىپ كېلىپ ھۆكۈمەت ئارمىيەسىگە تاپشۇرۇپ بەردى، بىر ھەپتىدىن كېيىن شېڭ شىسەي مەخسۇس ئايروپىلان بىلەن ئابدۇنىياز، كىچىكئاخۇن تۇەنجاڭلارنى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ بېرىپ تۈرمىدە ئۆلتۈردى.

بىز 1939 - يىلى ئۈرۈمچى ھەربىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، تەقسىمات بويىچە 31 - ئاتلىق تۇەنگە كەلسەك، ئەمەت تۇەنجاڭ قولغا ئېلىنغان پېتى قايتىپ كەلمەپتۇ. شېڭ شىسەي ئۇلارغا مانا مۇشۇنداق ۋەتەنپەرۋەرلەرنىمۇ «جاھانگىرلارغا سېتىلغان ۋەتەن خائىنى» دېگەن بوھتاننى چاپلاپ، 1938 - يىلى قولغا ئېلىپ تۈرمىدە يوقاتتى.



# ئالتىنچى باب

## قەشقەر ئاتلىق 31 - تۇەننىڭ مۇستەقىل پىيادە 6 - يىڭغا ئۆزگەرتىلىشى

1939 - يىلى 11 - ئايلاردا، ھەربىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن بىر تۈركۈم ساۋاقداشلار بىلەن قەشقەردىكى ئاتلىق 31 - تۇەنگە تەقسىم قىلىندۇق، قەشقەرگە بارساق ئاتلىق 31 - تۇەن 1 - ۋە 3 - لىيەنلەر ئۇنىڭ يەنە بىر قىسىم لىيەنلىرى قەشقەر يېڭىشەھەر قىچىچى دەرۋازىسىنىڭ ئىچىگە، 2 - لىيەن قالماق كۆۋرۈكىدىكى ئايرودرومغا جايلاشقانىكەن.

بىزدىن بۇرۇن خەلقپەرۋەر ئەمەت تۇەنجاڭ (ئەمەت مەخسۇم)نى جاللات شېڭ شىسەي 1938 - يىلى تۈرمىگە ئەكەتكەندىن كېيىن، ئورنىغا زەمىر (تاجىك) تۇەنجاڭ پودپولكوۋنىك ئۇنىۋانى بىلەن مەزكۇر ئاتلىق 31 - تۇەننىڭ تۇەنجاڭى ھەم بىر سوۋېتلىك (رۇس) ھەربىي كوماندىر مەسلىھەتچى بولۇپتۇ. مەن بېرىپ 1 - لىيەنلەرنىڭ 3 - پېيىدە پەيجاڭ بولدۇم. 1 - ۋە 3 - لىيەننىڭ جەڭچى - ئوفىتسېرلىرىغا ھەربىي تەلىم - تەربىيە دەرسىنى بەردىم. ئۇ ۋاقىتلاردا ھەربىي قوللانمىلار كەمدىن - كەم ئىدى مەن ھەربىي خەرىتە سىزىشقا خېلى ئۇستا ئىدىم. شۇڭا دەرستە خەرىتە ماسشتابلىرىنى تولۇق كۆرسەتتىم. ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇغان دەرسلىرىمنى ئاساس قىلىپ، تاكتىكا ۋە قوراللارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆگەتتىم.

پەيجاڭلىق ۋەزىپە ئۆتەپ ئالتە ئاي بولغاندا، 1940 ـ يىلى 5 ـ ئايلاردا قەشقەر ياشلىرىدىن 35 نەپەر كىشى ئاتلىق 31 ـ تۇەنگە ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىنىپ، مەخسۇس پەي تەشكىل قىلىندى، بۇ پەينى ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە بېرىپ يېتىشتۈرۈش ماڭا يۈكلەندى. شۇنىڭ بىلەن مەن 1 ـ لىيەندىن يۆتكىلىپ، تۇەن شتابىغا كەلدىم. مەن بىرەرئاي يالغۇز تەربىيىلەپ تۇرغاندا، بۇرۇن ئاتلىق 31 ـ تۇەندىن ئوقۇشقا بارغان تۇراق ئىسمائىل (كېيىنكى كۈنلەردە جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى بولغان، ھازىر دەم ئېلىشتا)، ئاقنىياز (ئاقسۇلۇق، ھازىر غۇلجىدا بار)، بەنجاڭ غوجاخۇن، مامۇت قاتارلىقلار كەنجى ئوفىتسېرلار كۇرسىنى بىر يىلدا تۈگىتىپ، 31 ـ تۇەننىڭ مەن تەربىيىلەۋاتقان پەيگە بەنجاڭلىق ۋەزىپىسى بىلەن خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىپ كەلدى. بىز بەشىمىز يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان پەينىڭ ھەربىي تەلىم ـ تەربىيىسىنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، تۇەن رەھبەرلىكى تەرىپىدىن بىرقانچە قېتىم تەقدىرلەندۇق. بىرنەچچە ئايدىن كېيىن تۇەنگە «ھەربىي سەپكە يېڭىدىن ئەسكەر قوبۇل قىلىنسۇن!» دەپ قوماندانلىق شتابتىن بۇيرۇق كەلدى. بۇيرۇققا بىنائەن 100 نەپەر ياشنى ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىپ بولۇشىمىزغا يەنە «ھەربىي سەپكە ئەسكەر قوبۇل قىلىنمىسۇن» دەپ بۇيرۇق كەلدى. بۇيرۇققا بىنائەن بۇ يېڭى ئېلىنغان ياشلار ئۆز جايلىرىغا قايتۇرۇلدى. بىز تەربىيىلەۋاتقان پەي ئالتە ئايدىن كېيىن 1 ـ لىيەنگە، تۆت نەپەر بەنجاڭ ھەربىر لىيەنگە تەقسىم قىلىندى. مېنى ئاتلىق 31 ـ تۇەننىڭ مۇئاۋىن سەنمۇجاڭلىق ۋەزىپىسى بىلەن تۇەن شتابىغا ئېلىپ قالدى، تۇەننىڭ پۈتۈن ھەربىي تەلىم ـ تەربىيىسىگە مەسئۇل بولدۇم. 1940 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى تۇيۇقسىزلا بىزنىڭ ئاتلىق 31 ـ تۇەنگە قەشقەر يېڭىشەھەردىكى قوماندانلىق شتابىدىن قوماندان باشلىق 30 ـــ 40 نەپەر چوڭ ـ كىچىك



ئوفىتسېرلار كېلىپ ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزۈشكە بۇيرۇق بەردى. تۇەن شتابىغا جايلاشقان 2 ـ، 4 ـ لىيەنلەر مەيدانغا يىغىلدى. بۇرۇنلاردا ھەر ئايدا بىر ـ ئىككى قېتىم ئاتلىق مانېۋىر ئۆتكۈزۈپ تۇرۇلاتتى. ئەمما بۈگۈنكىدەك خوجىلىق، مالىيە ئىسكىلاتچى، ئاشپەز ـ ناۋاي، مال دوختۇرى قاتارلىقلار چىقمايتتى. چۈنكى مالىيە، خوجىلىق، ئىسكىلاتچى خادىملار ئارقىسەپ خادىملىرى ھېسابلىنىپ، ئۇرۇشقا قاتناشمايدىغانلار قوراللىق قىسىملار بولسا ئۇرۇشقا قاتنىشىدىغانلار دەپ ئىككىگە ئايرىلاتتى. مانا بۈگۈن ئىدارىدە بىر كىشىمۇ قالمىسۇن، دەپ قاتتىق جېكىلىدى ھەم تەكشۈرۈشكە كەلگەن ئوفىتسېرلارمۇ ئىنتايىن كۆپ بولدى. بىز تۇەن شتابى ئەتراپىدىكىلەر ئالدى ـ كەينى بولۇپ بىر سائەت ئەتراپىدا يىغىلىپ بولدۇق، چۈنكى خوجىلىق تەۋەسىدىكىلەر بۇنداق ھەرىكەتلەرگە بۇرۇن قاتنىشىپ باقمىغان، تەجرىبىسى كەمچىل بولغاچقا، كېچىكىپ كېلىشتى. ئەمما ئايرودرومدىكى 2 ـ لىيەن يېتىپ كەلمىدى. مەن ئاتلىق تۇەننىڭ مۇئاۋىن سەنمۇجاڭى بولغانلىقىمدىن ئايرودرومدىكى 2 ـ لىيەنگە تېزدىن يېتىپ كېلىڭلار دەپ تېلېفون بەردىم. تېلېفونغا قوماندانلىق شتابتىن كەلگەن بىر تەرجىماننى قويۇپ قويۇپتۇ. ئۇ لىيەنلەر تېخى تەييار بولمىدى دەپلا تۇرىدۇ. ئەمەلىيەتتە لىيەنجاڭلار تەييار بولۇپ، شتابقا قاراپ ماڭايلى دېسە تەكشۈرۈشكە چىققانلار تۇرۇپ تۇرۇڭلار، دەپ مېڭىشقا يول قويماپتۇ. ئۇلار ئىككى سائەتتىن كېيىن كەلدى. مەن تۇەننىڭ يىغىلىش ئەھۋالىنى زەمىر تۇەنجاڭغا يېزىپ بەردىم. ئېسىمدە قېلىشىچە 31 ـ تۇەندە 507 نەپەر ئەسكەر، 850 تۇياق ئات، ھەربىر لىيەندىن تۆت ئاتلىق ھارۋا بار ئىدى. قوراللاردىن 400 مىلتىق 300 دانە قىلىچ بار ئىدى (ئىسكىلاتتىكى 450 دانە مىلتىق بىسان ئىچىدە ئەمەس)، 4 ـ لىيەندە پارچىلاپ كۆتۈرىدىغان كونتۆت دانە ئىستانكىۋوي پىلىموت، 60 تاپانچا، ھەربىر مىلتىققا

75 تالدىن بىر يۇرۇش خالتىلىق ئوق بار ئىدى. ھەممىمىز تۈەن
شتابى مەيدانىغا يىغىلغاندىن كېيىن، تۈەنجاڭ: «ياندۇرما[①]غا
دۈشمەن كەلدى. ئالدىنى توسۇپ يېڭىشەھەرگە كىرگۈزمەي يو-
قىتىمىزا!» دەپ بۇيرۇق بەردى. جەڭچىلەر ئاتلىق، خوجىلىق تە-
ۋەسىدىكىلەر ھارۋىلىق بەش كىلومېتىردەك ماڭغاندا، رۇس كو-
ماندىر يانچۇقىدىن قوماندانلىق شتابىنىڭ قەغىزىنى چىقىرىپ،
زەمىر تۈەنجاڭغا بەردى. تۈەنجاڭ پۈتۈن قوشۇننى توختىتىپ،
بۇيرۇقنى ئوقۇدى. بۇيرۇق، ياندۇرمىغا كەلگەن دۈشمەن ئارقىغا
يېنىپ قېچىپ كەتتى، سىلەر قايتىڭلار، دېگەن مەزمۇندا ئىد-
كەن. شۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى قىسىملار ئۆز جايلىرىغا قايتتى،
قورال بۆلۈم باشلىقى سادىقجاننى بىزدىن ئايرىپ ئېلىپ قالدى.
قايتىپ كەلسەك سادىقجان يىغلامسىراپ مېنىڭ ئالدىمغا كې-
لىپ: «قورال ئىسكىلاتىدىكى زاپاس قورال، ئوق - دورا، قول
بومبىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئەكېتىپتۇ، ئىسكىلات قۇرۇقدىلىپ
قاپتۇ» دېدى. بۇ ئەھۋالنى ئىككىمىز زەمىر تۈەنجاڭغا مەلۇم
قىلدۇق. زەمىر تۈەنجاڭ تېخى تامىقىنىمۇ يېمەي ئولتۇرغاند-
كەن، بىزنىڭ دوكلاتىمىزنى ئاڭلاپ، بېشىنى تۇتۇپلا ئولتۇرۇپ
قالدى. بۇ ئىش ئۇنىڭغا يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋالغاندەك بولدى بول-
غاي، ئاران دېگەندە سوۋېتلىك ئوفىتسېردىن سوراپ باقاي دې-
يىش بىلەن بىزنى يولغا سالدى. بۇ ئەھۋالنى ھېچكىمگە دې-
مەڭلار دەپ تاپىلىدى. ئەمەلىيەتتە، تۈەندىكى ئوفىتسېر - جەڭچى-
لەر شۇ كۈنىلا بىلىپ بولۇپ، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەنىدى.
بۇ قېتىمقى مانېۋىر، ئىسكىلاتتىكى قوراللارنى سۈپۈرۈپ
كېتىش مانېۋىرى ئىكەن. قوراللار ھۆكۈمەتنىڭ تۇرسا، بىزنى
ئالداپ ئەكېتىشنىڭ سەۋەبى زادى نېمە؟ بۇ ھەقتىكى گەپ - سۆز-
لەر بىرەر ھەپتە داۋام قىلدى، سۆز - چۆچەكلەر ئاخىر جىمىپ،
بىرەر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن — 1941 - يىلى 11 - ئاينىڭ ئا-

① ياندۇرما — شەھەرنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى بىر ئۆتەڭنىڭ ئىسمى.



خىرلىرى قەشقەر قوماندانلىق شتابىدىن ئىككى نەپەر سەنمۇجاڭ
سوۋېتلىك رۇس ئوفىتسېر بىلەن بىللە كېلىپ، پۈتۈن ئوفىت-
سېر - جەڭچىلەرنى يىغىپ، ھازىر دۇبەن مەھكىمىسىدىن بۇي-
رۇق كەلدى، بۇيرۇققا بىنائەن سىلەر ئاتلىق 31 - تۈەننىڭ نا-
مى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، شىنجاڭ مۇستەقىل پىيادە 6 - يى-
ڭىغا ئۆزگەرتىلىپ تەشكىل قىلىنىدۇ، دەپ ئېلان قىلدى. شۇ
كۈندىن باشلاپ ئات، ئېگەر - توقۇم، نوختا - يۈگەنلەرنىڭ
ھەممىسى ھەتتا، قىلىچلارمۇ ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، قولىمىزدىكى
قورallىرىمىزلا قالدى. ھەربىر لىيەندە بىردىن تۆت ئاتلىق
ھارۋا، ئالاقىچى بەن ئۈچۈن ئون تۇياق ئات، يىڭجاڭ، مۇئاۋىن
يىڭجاڭ، سەنمۇ، كاتىپلارغا بىردىن ئات قالدۇرۇلدى. قالغانلى-
رىنى بىر كۈندىلا ئېلىپ كەتتى. بەزى كونا ئوفىتسېر - جەڭ-
چىلەرنى بولسا سالامەتلىكى ناچار ياكى قېرىپ قالدى دېگەن با-
ھانىلەر بىلەن بوشىتىۋەتتى ۋە بەزىلىرىنى باشقا قىسىملارغى
يۆتكىۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئاتلىق تۈەننىڭ ئەمەلىي كۈچى كۆپ
ئاجىزلاشتى. بۇرۇن ئىنقىلاب دەۋرلىرىدە جىن شۇرېن، شېڭ
شىسەي ۋە ما جۇڭيىڭ قوشۇنلىرى بىلەن ئۈچ - تۆت يىللاپ
ئاتلىق سوقۇش قىلغان، 1934 - يىلى سوۋېت چېگرىسىدىن
شىنجاڭغا قېچىپ كىرگەن باندىتلارنى ئاتلىق قوغلاپ يۈرۈپ
تارمار قىلغان ۋە 1937 - يىلى ما خۇسەن، ئابدۇنىياز قوشۇن-
لىرىنى تارمار قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئىككىنچى قېتىم-
لىق تىنچلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن ئاتلىق 31 - تۈەن مان-
ئەمدى سالاھىيىتى يوق دېيىلىپ، پىيادە يىڭ بولۇپ قالدۇق
ئەمەلىيەتتە بولسا شىنجاڭدەك قاتناش تەرەققىي قىلمىغان جايد
ئاتلىق ئەسكەرلەر مۇھىم ئىدى ۋە مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى. يۇ-
قىرىنىڭ ئىشەنچسىز دەپ قاراپ قىلغان بۇ ئىشى ئوفىتسېر -
جەڭچىلەرگە قاتتىق روھىي زەربە بولدى.
پىيادە 6 - يىڭغا سابىق ئاتلىق 31 - تۈەن 2 - لىيەننىڭ

ليەنجاڭى ھۈسيىن تۇردى يىڭجاڭ (ھازىر سابىق سوۋېت ئىت-
تىپاقىدا بار)، مۇئاۋىن يىڭجاڭلىققا ئابدۇقادىر تۇردى تەيىنلەن-
دى. مېنى يەنىلا يىڭنىڭ سەنمۇلۇق ۋەزىپىسىدە قالدۇردى. 1 ـ
ليەننىڭ ليەنجاڭى ھېسامىدىن، 2 ـ ليەننىڭ ليەنجاڭى ئابدۇرې-
ھىم، 3 ـ ليەننىڭ ليەنجاڭى ئەيسا ئەخمەت (ھازىر غۇلجا ناھى-
يىلىك ئاشلىق ئىدارىسىدە، دەم ئېلىشقا چىقتى). 4 ـ ليەن
(پىلىموت ليەن)نىڭ ليەنجاڭى ھاكى قۇربان بولدى. خوجىلىق،
مالىيە، ئىسكىلاتچى ۋە باشقا ئورۇنلاردا بۇرۇنقى يەرلىك خەن-
زۇلار ئۆز ئورنىدا قالدى. قورال ئىسكىلاتىغا يەنە يېڭىدىن بىر
خەنزۇ كادىر كەلدى. ئالاقچى بەننىڭ بەنجاڭلىقىغا قاسىم بەن-
جاڭ (ئۈرۈمچى قازان زاۋۇتىدا ئىشلەپ، دەم ئېلىشقا چىقتى)
قويۇلدى. مەزكۇر يىڭنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشى ئون كۈن ئۆپ-
چۆرىسىدە تاماملاندى.

ئاتلىق 31 ـ تۈەننىڭ پىيادە 6 ـ يىڭغا ئۆزگەرتىلىشى شۇ-
نىڭ بىلەنلا توختاپ قالمىدى. 6 ـ يىڭنى پۈتۈن سىستېما بو-
يىچە شەھەر ئىچىدىن، شەھەر سىرتىغا — «يېڭى بىنا» غا كۆ-
چۈردى. «يېڭى بىنا» يېڭىشەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان
بولۇپ، ئەمەت تۈەنجاڭنىڭ رەھبەرلىكىدە شۇ زامانلاردا تۈەن
شتابى ۋە 2 ـ ليەنگە سېلىنغانىكەن. ئاشخانا، كۇلۇب ۋە باشقا
ئورۇنلىرى پۈتمىگەنىكەن. شۇنداق بولسىمۇ پىيادە يىڭنىڭ ئا-
دەم سانى ئاز بولغانلىقتىن تۆت ليەن ئادەم ھەم يىڭ شتابى،
ئارقا سەپتىكىلەرمۇ سىغىپ كەتتۇق. 1941 ـ يىلى ئەتىيازدىن
باشلاپ، پۈتۈن جەڭچى ـ ئوفىتسېرلار ئاشخانا، كۇلۇب ۋە مۇن-
چا، ساتىراشخانا، مال ۋە ئادەم دوختۇرخانىلىرىنى سېلىپ، بىر
يىلدەك يېڭى بىنادا تۇردۇق ھەم يېڭىدىن 70 — 80 دەك ئەس-
كەر قوبۇل قىلدۇق. مامۇت ئوسمان (ھازىر ئاقسۇ تاشيول ـ كۆۋ-
رۈك قۇرۇلۇش ئەترىتىنىڭ باشلىقى)، ھۈسيىن خۇدابەردى
(ھازىر يەكەن قورallıق بۆلۈمىدە)، سېلىم ئىسكەندەر (ھازىر



ئۈرۈمچى 2 ـ سېمونت زاۋۇتىنىڭ باشلىقى) لەر شۇ قېتىمقى
ئېلىنغان جەڭچىلىرىمىز ئىدى.

1942 ـ يىلى 7 ـ ئايلار ئەتراپىدا 6 ـ يىڭنىڭ مۇئاۋىن
يىڭجاڭى ئابدۇقادىر تۇردى بىلەن 1 ـ ليەننىڭ ليەنجاڭى ھېسا-
مىدىن ئۈرۈمچى ئالىي ھەربىي بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسىغا ئو-
قۇشقا كەتتى. مېنى ھېسامىدىننىڭ ئورنىغا ليەنجاڭ قىلىپ
چىقاردى (سوپى ليەنجاڭ دېگەن نام شۇنىڭدىن قالغان)، مېنىڭ
ئورنۇمغا ئابلىز بوتايوفنى يىڭنىڭ سەنمۇسى قىلىپ بېكىتتى،
ئۇزاق ئۆتمەي پىيادە 6 ـ يىڭنى دوتەيىنىڭ لەڭگىرى دېگەن جاي-
غا يۆتكىۋەتتى، دوتەيىنىڭ لەڭگىرى، قەشقەر كونىشەھەردىن تۆت
كىلومېتىردەك غەرب تەرەپتە مىڭيول دېگەن تاشيولنىڭ بويىغا
جايلاشقان ھەشەمەتلىك كاتتا باغ ئىدى، بۇ باغ ئەينى زاماندا
قەشقەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان بىر خەنزۇ دوتەيىنىڭ بېغى بو-
لۇپ، ياز كۈنلىرى دوتەي باغچىسىغا چىقىپ ئەيش ـ ئىشرەت
بىلەن دەۋر سۈرگەنىكەن. بىز دوتەيىنىڭ لەڭگىرىگە 8 ـ ئاينىڭ
ئاخىرلىرى يېزغىرىم ئاپتاپتا يۈك ـ تاقلىرىمىزنى يۈدۈپ پىيا-
دە مېڭىپ چىقتۇق. باغدا دەل ـ دەرەخلەر يېشىللىققا پۈركەل-
گەن، سۇۋادان تېرەكلەر ئاسمان ـ پەلەك ئۆسكەن ئىدى. ھەر
تۈرلۈك گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلىپ، پۇراقلىرى دىماقلارغا ئۇ-
رۇلۇپ تۇراتتى. قۇشلارنىڭ سايراشلىرى دىلىمىزغا ئارام بەخش
ئېتەتتى. دوتەي لەڭگىرىگە كۆچۈپ چىققاندىن كېيىن باغنىڭ
ئۆيلىرى كۆپ بولغانلىقتىن، كەڭتاشا ئورۇنلاشتۇق. چوڭ ـ
چوڭ ئۆيلەرنى گازارما قىلىپ، جەڭچىلەرنى ئورۇنلاشتۇردۇق.
ئېشىپ قالغان بەزى ئۆيلەرنى ئوفىتسېرلارنىڭ ئائىلىسىگە
تەقسىم قىلىپ، ئوفىتسېرلارنى خاتىرجەم قىلدۇق ئەسكەرلەر-
نىڭ ھەممىسى قەشقەردە ئۇزاق تۇرغانلىقتىن، ﺧ تۇن، بالا ـ
چاقىلىق بولۇپ كەتكەنىكەن. ئۆي يېتىشمىگەنلەر ﻪ ئۆي ھەل
قىلىش ئۈچۈن پۈتۈن يىڭنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، بىرەر

ھەپتىدەك باغنىڭ ئەتراپىدىكى يارداڭلىقتا كېسەك قۇيدۇق ھەم جەڭچىلەرنىڭ ھەممىسىگە باغنىڭ ئەتراپىدىكى بىكار يەرلەردىن ئۆي ئورنى تەقسىم قىلىپ بېرىپ، بىر ھەپتە ئۆي سېلىۋېلىشقا ۋاقىتمۇ چىقىرىپ بەردۇق. ئۇلار ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ، بىر ـ ئىككى ئېغىزدىن ئۆي سېلىۋالدى. ئۆيلەرنىڭ ئىشىك ـ دېرىزىلىرىنى پۈتۈن ياغاچچى ـ تۆمۈرچىلەرنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، ھەل قىلدۇق. بەزى ئىشىك ـ دېرىزىلەرنى ئەسكەرلەرنىڭ ئۆزلىرى ھەل قىلدى. بۇ ئىشلار بىرەر ئاي ۋاقىت ئىچىدە تۈگەپ، يەنە يىڭ بويىچە ھەربىي مەشغۇلاتقا كىرىشىپ كەتتۇق.

كۈز ئايلىرىمۇ يېتىپ كەلدى، كۆڭۈلسىز ئىشلارنىڭ ھىدى پۇراشقا ۋە شۇم خەۋەرلەر كېلىشكە باشلىدى. تۇرپانغا يۆتكەيدىكەن دېگەن مىش ـ مىش گەپلەر بىزنىڭ ئارىمىزغا تارقالدى. بۇ كۆڭۈلسىز خەۋەرگە قوشۇلۇپ، لەڭگەر بېغىدا ئېچىلغان گۇللەر ئەمدى سولىشىپ، دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى سارغىيىپ تۆكۈلۈپ ئۆز گۈزەللىكىنى يوقاتماقتا ئىدى. بۇ گۈزەل باغچە كىشىنىڭ كۆزىگە سۇرلۇك كۆرۈنۈپ، بۇنىڭدا بىر خىل شۇمەلۇق، ئېغىر جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرۈشكە باشلىدى. دەرەخ شاخلىرىغا قونغان پاختەكنىڭ «گۇ ـ گۇ ـ گۇ» دەپ سايراشلىرى بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ يۈرۈشلىرىلا بۇ جىمجىتلىقنى بۇزماقتا ئىدى.

## مۇستەقىل پىيادە 6 ـ يىڭنىڭ كۆچۈشى

1942 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئەتىگەندە بىر قارا رەڭلىك پىكاپ كەينىدىن توپا ـ چاڭنى توزۇتۇپ، ئۇدۇل لەڭگەردىكى باغچىنىڭ تۆمۈر دەرۋازىسىدا توختىدى. مەن تۇرغان لېيەن دەرۋازىغا يېقىن بولغانلىقتىن ماشىنىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاش بىلەن دەرۋازىغا قارىدىم. ماشىنىدىن بىر كىشى چۈشۈپ، قارا-



ۋۇلخانىدىكى دىجورنىغا قول ئىشارىتى قىلىپ، تۆمۈر دەرۋازىنى ئاچقۇزۇپ ھويلىغا كىردى. ھويلىغا كىرگەن پىكاپتىكىلەرنىڭ بىرى سوۋېتلىك ئوفىتسېر ئىدى. ئىككىنچىسى قارا كۆك كۆلرەڭ كىيىم كىيگەن خەنزۇ ئەمەلدار بولۇپ، سۇڭ فامىلىلىك، قەشقەرنىڭ قوماندانى ئىدى. بۇلار ماشىنىدىن چۈشۈپلا يىڭ شتابىغىمۇ كىرمەستىن، دىجورنىنى چاقىرتىپلا بارلىق ئوفىتسېرلارنى مەجلىسخانىغا يىغىشنى بىۋاستە تاپشۇردى. مەن ئۇلارنىڭ قېشىغا بېرىپ، كەلگەن ئەمەلدارلار بىلەن كۆرۈشتۈم. لېكىن، بۇ كەلگەن كىشىلەرنىڭ چىرايىمۇ بۇرۇنقىدەك ئوچۇق ـ يورۇق ئەمەس، قاپاقلىرى تۈرۈلگەنىدى. مەن ئۇلار بىلەن بۇرۇن كۆرۈشۈپ يۈرگەنلىكىم ئۈچۈنلا ئۇلار ئىلاجىسىز قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. مېنىڭدىن: «يىڭجاڭ بارمۇ؟» دەپ سورىدى، مەن: «بار» دەپ جاۋاب بەردىم. بۇلارنىڭ ئالدىراش كېلىپ يىڭ دىجورنىسىغا بىۋاستە بۇيرۇق قىلىپ، ئوفىتسېرلار يىغىلسۇن دېيىشى ھەم چىرايلىرىنىڭ سوغۇق كۆرۈنۈشلىرى مېنى تەئەججۈپلەندۈردى. مەن ھۇسېيىن يىڭجاڭنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ:

— قەشقەردىن قوماندانلار چىقىپتۇ، ئوفىتسېرلارنى يىغدۇرۇۋاتىدۇ، بىر گەپ بار ئوخشايدۇ، سۇڭ قوماندان ھەم سوۋېتلىك ئوفىتسېر بىللە چىقىپتۇ، — دېدىم. يىڭجاڭ:

— بىزنى تۇرپانغا يۆتكەيدىكەن دېگەن مىش ـ مىش گەپ ـ سۆزلەرنى قىلىشقانىدۇق، بۈگۈن ئۇلارنىڭ مۇنداق ئەتىگەن چىقىشى تۇرپانغا يۆتكىلىشنى ئۇقتۇرۇش قىلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك، — دېدى.

بىز يىڭجاڭ ئىشخانىسىدىن چىقىشىمىزغا ھاكى قۇربان ئۆز لىيەنىدىكى بارلىق ئوفىتسېرلارنى سەپكە تىزىپ، يىغىن زالىغا كىرىپ، قوماندانغا ھەربىيچە سالام بەردى ۋە قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. قوماندانىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ھاكى لىيەنجاڭغا قىلغان مۇئامىلىسى بىزلەرگە قىلغان مۇئامىلىسىدىن سىلىقراق بول-

دى. ھۇسىيىن يىڭجاڭ يىغىلغان ئوفىتسېرلارغا بىرقۇر قاراپ، كىم يوق دەپ ئابلىز سەنمۇدىن سورىدى. ئابلىز بوتايوف ھاكى قۇربانىنىڭ ئەڭ يېقىن ئاغىنىسى ئىدى. ئۇ، بىر پەيجاڭنىڭ رۇخسەت سوراپ، ئۆيى ۋە بالا - چاقىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرغىلى كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇنىمۇ چاقىرغىلى كىشى ئەۋەتىلدى.

قوماندان زالنىڭ تۆرىدە شىڭ شىسەينىڭ رەسمى ئېسىلغان رامنىڭ ئاستىدىكى قارا دوسكىنىڭ يېنىغا بېرىپ، قاتتىق ئاۋاز بىلەن: «ھەربىي بۇيرۇق!» دەپ جىم تۇردى.

بىز بارلىقىمىز «ھەربىي بۇيرۇق!» دېسە ئولتۇرغان بولساق ئۆرە تۇرىمىز، تۇرغان بولساق ھەربىي ئىنتىزام بويىچە تىك تۇرىمىز، بۇ بىر ھەربىي تۈزۈم ئىدى. بىز ئارقىدىن نېمە سۆز چىقاركىن دەپ دېمىمىزنى چىقارماي، شۈك تۇردۇق، بۇ بىر مىنۇت بىرەر سائەتتەك بىلىندى، چۈنكى ھەربىي بۇيرۇقنىڭ ئارقىسىدا نېمە سىر بارلىقىنى بىلىشكە ئالدىرايتتۇق.

— ئولتۇرۇڭلار، — دېدى قوماندان سۆڭ بىر ھازادىن كېيىن، — شىڭ دۇبەننىڭ بۇيرۇقى بويىچە 6 - يىڭنى تۇرپانغا يۆتكىمەكچى بولدۇق، سىلەرنى خوتۇن، بالا - چاقاڭلار بىلەن يۆتكەيمىز ھەم ئاتا - ئاناڭلارنىمۇ بىرگە ئەكېتىشكە رۇخسەت قىلىمىز، — دېدى قوماندان سۆڭ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ تۇيۇقسىز بېرىلگەن بۇيرۇققا غۇلغۇلا قىلماقچى بولدۇق - يۇ، لېكىن ھەربىي ئىنتىزام بىر - بىرى بىلەن پىچىرلاشقا يول قويمايدىغان بولغاچقا، بىر - بىرىمىزگە يەر تېگىدىن قارىشىپ، باشلىرىمىزنى لىڭشىتىپ ئۆزئارا ئىشارە قىلىشتۇق. ئاندىن ئۇ يەنە:

— ئىسكىلاتتىكى ئارتۇق ئوق - دورىلار ۋە ئارتۇق قوراللار قوماندانلىق شتابىغا تاپشۇرۇلىدۇ، ئۆزۈڭلەرنىڭ قولىدىكى قورال، ئوق - دورىلارنى بىرگە ئېلىپ ماڭىسىلەر، بۇ يۆتكىلىش خەۋىرىنى ھېچكىمگە دېمەيسىلەر، ئاتا - ئاناڭلار بىلىپ قالسىلا



بولىدۇ، — دېدى. جەڭچى - ئوفىتسېرلارنىڭ ئاتا - ئانىسى بد
لىدۇ دېگەن سۆز، پۈتۈن قەشقەر رايونىغا يېيىلىدۇ دېگەر
سۆز ئەمەسمۇ؟ ئۇ ئاۋازىغا زور بېرىپ:

— 1942 - يىلى 11 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قالماي يولغا چىقد
كېتىشىڭلار كېرەك، ھازىردىن باشلاپ جىددىي تەييارلىق قد
لىڭلار. ئەگەردە قايسى لېيەن، قايسى پەيدىن چاتاق چىقسا ش
لېيەننىڭ لېيەنجاڭى بىلەن پەيجاڭلىرى بىرگە جازاغا تارتىلىد
ئۇقتۇڭلارمۇ؟!

— ئۇقتۇق، قوماندان.

— بارلىق جەڭچىلەر يىڭ بويىچە يىغىلسۇن، — دەپ يىڭ
جاڭغا بۇيرۇق قىلدى. ئۇلار ئەسكەرلەر يىغىلسا چاتاق چىقىرار
مىكىن دەپ گۇمان قىلسا كېرەك، ئوفىتسېرلارنى مىدىرلاتمد
دى. دىجورنى ھەربىي كانىيىنى چېلىپ پۈتۈن يىڭنى يىغدى
تۆت لېيەن تۆت تەرەپتە ئۆينىڭ تېمىغا ئوخشاش تىزىلىپ تۇر
دى. ھۇسىيىن يىڭجاڭ چىقىپ بىرقۇر تەكشۈرۈپ كىردى، يىڭ
جاڭ بىلەن پىكاپتا كەلگەن بىر خەنزۇ ئەمەلدارمۇ چىقىپ كۆ
زىدىن ئۆتكۈزدى. قوماندان يىغىلغان ئەسكەرلەرنىڭ ئوتتۇرىسد
دىكى مەيدانغا بېرىپ، ئوفىتسېرلارغا يەتكۈزگەن بۇيرۇقنى
تەكرارلىدى. بۇ بۇيرۇقنى ئاڭلىغان ئەسكەرلەر غۇلغۇلا قىلىش
تى، قوماندان:

— سىلەر قەشقەر رايونىدا ئۇزاق يىللار تۇردۇڭلار، بىرىد
چىدىن، باشقا شەھەرلەرنىمۇ كۆرۈشۈڭلار كېرەك، ئىككىنچد
دىن، شىڭ دۇبەن سىلەرنى ئۆز يېنىغا تەكلىپ قىلىپتۇ، سد
لەر بىلەن كۆرۈشۈشنى ئارزۇ قىلىدىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن سد
لەر خوتۇن - بالىلىرىڭلار بىلەن يۆتكىلىسىلەر ھەم ئاتا - ئا
ناڭلارنى بىرگە ئەكەتسەڭلارمۇ مەيلى، ئۇنىڭغىمۇ رۇخسەت قد
لىمىز! بۇ شىڭ دۇبەننىڭ ئۆزىنىڭ شەخسىي بۇيرۇقى، سىلەرن
يۆتكەش ۋەزىپىسىنى قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسى ئورۇنلاشتۇرد

دۇ، سىلەرنى يۆتكەشكە ماشىنا يوق. بەش نەپەر جەڭچىگە بىردىن، ئائىلىسىنىڭ جان سانى كۆپلەرگە بىردىن هارۋا قوشۇپ بېرىلىدۇ، چۈنكى سىلەرنىڭ يۈك - تاقاڭلار بار، شۇڭا هارۋا كۆپرەك بېرىلىدۇ، — دېدى.

بۇ بۇيرۇق بەزى جەڭچىلەرگە ياقتى، چۈنكى ئۇلار شەھەر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلاتتى، ئاتا - ئانىسى ھەم بالا - چاقىلىرىنى بىللە ئەكېتىشكە رازى ئىدى. بەزى جەڭچىلەرچۇ؟ تارىختىن بۇيان قەشقەردىن ئايرىلىپ باقمىغان، ئۇلارنىڭ قەدىناس يۇرتىدىن قانداقمۇ ئايرىلغۇسى كەلسۇن؟ بۇنىڭ ئارقىسىدا قانداق سىر بارلىقىنى كىم بىلسۇن؟ قوماندانىنىڭ سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن، هۇسىيىن يىڭجاڭ «لىجېڭ!» دەپ كوماندا بەردى، ھەممىمىز تىك تۇردۇق، باشلىقلار ھەربىيچە سالام بەردى. پىيادە 6 - يىڭنىڭ جەڭچى - ئوفىتسېرلىرى دوتەينىڭ لەڭگىرىدە يېڭىدىن چىرايلىق ئۆي - ئىمارەتلەرنى سېلىپ، كۆچۈپ كىرىپ، ئەمدى «ئۇھا!» دەپ ئارام ئېلىپ تۇرۇشىمىزغا «يېتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگسە، بۇرنى قاناپتۇ» دېگەندەك بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سوغۇق چۈشۈۋاتسا، ئىسسىق ماكاندىن قانداقمۇ ئايرىلسۇن، ئىلاجى يوق، يىغىندىن كېيىن بۇ جاي پاراڭ بازىرىغا ئايلاندى. بەزى جەڭچىلەر ئالدىراپ - تېنەپ رۇخسەت سورىدى ۋە بەزىلىرى ئاتا - ئانىسىغا بۇ خەۋەرنى يەتكۈزۈشكە خوتۇن - بالىلىرىنى شەھەرگە كىرگۈزدى. ئىككى - ئۈچ كۈن ئۆتمەيلا بىرقانچە كۈنلەپ ئادەم ماڭمايدىغان بۇ يول هارۋىلىق، ئېشەكلىك، مەپىلىك، پىيادە ئادەملەر بىلەن توشتى. ئەسكەرلەر ئارتۇق ئۆي سايمانلىرىنى، قاتتىق - قۇرۇق نەرسىلىرىنى سېتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان قەشقەر شەھىرىنىڭ ئېلىپساتارلىرى چۆلدىكى باغ ئەتراپىغا توشۇپ كەتتى.

پىيادە 6 - يىڭنى يۆتكەشنى قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسى ئورۇنلاشتۇرىدۇ دېگەن بىلەن ئەمەلىيەتتە، ۋالىي مەھكىمىسى ئە-



مەلدارلىرى ئات - ئۇلاغ، هارۋا چىقىرامدۇ؟ بۇ ۋەزىپە يەنىلا هارۋىسى بار كەمبەغەل بىچارە قەشقەر دېھقانلىرىغا يۈكلىنىدۇ. مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، نۇرغۇن شاڭيو، بەگ، بوجاڭ، پارىخور ئەمەلدارلار بىچارە دېھقانلارنى قاقشىتىپ، پارە ئېلىپ، ئۆزىنى بېيىتىدىغانلار ئاز دەمسىز؟ بۇ ئىشلار شەھەر خەلقىنىلا پاراكەندىچىلىككە سېلىپ قالماي، يېزىدىكىلەرنىمۇ پاراكەندە قىلىۋەتتى. ئات - هارۋىسى بارلارنى پالاكەت باستى.

بۇنىڭدىن توققۇز - ئون يىل بۇرۇن ما جۇڭيىڭ ۋە ما خۇسەن تەرىپىدىن بۇلاڭ - تالاڭ قىلىنغان قەشقەر خەلقىنى مانا ئەمدى زالىم شېڭ شىسەي ۋەيران قىلىپ، ئاتىنى بالىدىن، خوتۇننى ئەردىن ئايرىپ، سەرسان ۋە سەرگەردان قىلدى. شۇنداق قىلىپ، 11 - ئاينىڭ 14 - ، 15 - كۈنلىرىدىن باشلاپ، هارۋىلار دوتەينىڭ لەڭگىرىگە يېتىپ كېلىشكە باشلىدى. پىيادە 6 - يىڭ بويىچە ئوفىتسېرلار شتاب ئىشخانىسىدا ئۈچ كۈن يىغىن ئېچىپ، مېڭىش پىلانىنى تۈزدۇق، باش شتابتىن كۈندە دېگۈدەكلا سەنمۇلار چىقىپ ھەيدەكچىلىك قىلىپ تۇردى. 6 - يىڭنىڭ خوجىلىق باشلىقى يۈسۈپئاخۇن خەلپىتىم پۈتۈن يىڭدىكى ھەرقايسى لىيەننىڭ زاپچوزلىرىنى يىغىپ يۈرۈش پىلانىنى بىردىن بېرىپ، ئاشخانىغا لازىملىق قازان - قومۇچلارنى بىرگە ئېلىپ يۈرۈش ۋە يېمەك - ئىچمەك، سەي قاتارلىقلارنى بولسا يول بويى خەلقتىن سېتىۋېلىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش قىلدى. كەلگەن هارۋىلارنى ئالدى بىلەن مەن تۇرغان 1 - لىيەنگە بەردى. ماڭىدىغان ئەسكەر سانى ئېنىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار بىلەن بىللە كېتىدىغان ئاتا - ئانىسى، خوتۇن - بالىلىرىنىڭ سانى ئېنىق ئەمەس ئىدى. شۇڭا، بىزنىڭ خوجىلىق باشلىقىمىز موللاخۇن تەخمىنەن ساننى ئېلىپ يۇقىرىغا يوللاپ بەردى. بەزى هارۋىلارنىڭ بىردىنلا ئېتى بار ئىدى، بەزى هارۋىلارنىڭ ئىككى - ئۈچتىن ئېتى بولسىمۇ ئاتلىرى بەك ئورۇق بولغاچقا، مەنزىلگە يېتىپ بېرىشقا

ئادەمنىڭ كۆزى يەتمەيدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭ دېھقانلىرى ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈنلا سېرىق سۆگەتنى يۇمىلاق ئېگىپ چاق قىلىۋالغان، چاقلىرى بەك ئاجىز ئىدى. هارۋىكەشلەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ بېشىدا ئاق شاپاق دوپپا، بەزىلىرىنىڭ بېشىدا ئاق تېرىدىن تىكىلگەن ئاق تۇماق، ئۇچىسىدا ماتادىن تىكىلگەن ئۇزۇن يەكتەك، بەزىلىرىنىڭ ئۇچىسىدا قىزىل چەكمەن چاپان، بەللىرىدە پوتا، بەزىلىرى بېلىنى ئىنچىكە شوينا بىلەن باغلىغان، ئەمما بارلىقىنىڭ پۇتلىرى يالاڭ ئاياغ، يېرىلىپ كەتكەنىدى. هارۋىكەشلەرنىڭ قايسى ناهىيە ۋە بەگلىككە قارايدىغانلىقى، ئىسىم ـ فامىلىسى، ئات، هارۋا سانى، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئىسمى تىزىمغا ئېلىندى. هارۋىكەشلەرگە ناهىيىلەردىن ئېلىپ ماڭىدىغان هەربىي قىسمنى يولدا تاشلاپ قېچىپ كەتسە، ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلغانىكەن. بىزگە تەقسىم قىلىنغان ئومۇمىي هارۋا سانى 78 دانە بولۇپ، 1 ـ پەيىنىڭ پەيجاڭى ئىسلام تۆرە، 2 ـ پەيىنىڭ پەيجاڭى رەھمىتۇللا، 3 ـ پەيىنىڭ پەيجاڭى سىدىق هاجىلارغا تەقسىم قىلىندى. بىز بىلەن كېتىدىغان ئائىلىلەر، ئۇلارنى ئۇزىتىدىغان ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى يېتىپ كېلىشكە باشلىدى. مەن تۇرغان لېيەنگە تەقسىم قىلىنغان هارۋىلارنى ۋە بېسىلغان يۈكلەرنى كۆرۈپ چىقىش ئۈچۈن باغنىڭ ئۇزۇن كەتكەن تېمىنى ياقىلاپ كېتىپ بارسام، بىر قېرى ئايال بىر جەڭچى بالىسى بىلەن، يەنە بىر ياش چوكان (كېلىنى بولسا كېرەك) ئۈچى بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرۇپ ئۈن سېلىپ يىغلىشىۋاتىدۇ:

— جېنىم بالام، — دەيدۇ موماي، يىغلاپ تۇرۇپ، — كېتىدىغان بولدۇڭ، مەن قېرىغاندا ئۆز قولۇڭدا گۆرۈمگە قويماي كېتىدىغان بولدۇڭ، خەقنىڭ شەھىرىگە بېرىپ، خوتۇنۇڭنى ئۇرما جۇما، بالام، ۋاي خۇدايىم، مۇساپىرچىلىقتا نەلەردە يۈرسىلەر، پات ـ پات خەت يېزىپ تۇرۇڭلار، خوتۇنۇڭنى ئۇرما،



مەن سەندىن رازى بولاي، جېنىم بالام.

مېنىڭ بۇ بىچارە مومايغا ئىچىم ئاغرىپ، كۆزۈمدىن ياش تۆكۈلۈپ كەتتى. چۈنكى مېنىڭمۇ ئانام «مەن قېرىدىم، ئۆلگەندە ئۆز قولۇڭدا گۆرۈمگە قويغىن» دېگەن ئەمەسمىدى. ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى يوق، بويتاق ئەسكەرلەرلا يىغلىماي، كۈلۈشۈۋاتىدۇ. بىر ـ بىرى بىلەن چاقچاق قىلىشىۋاتىدۇ. ئۇلارغا نېمە غەم! يۇرت كۆرۈشكە ئالدىراۋاتىدۇ ـ دە. خەلقنىڭ «بۇ جاهان شۇنداق جاهان، بىر جايدا ئۆلۈم، بىر جايدا توي» دېگەن گېپى راست ئىكەن.

11 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى يېڭى بويىچە ماڭىدىغان ئادەم سانى يەنە بىر قېتىم تىزىمغا ئېلىندى. قورال ـ ياراغ، يۈك ـ تاقلارنىڭ بېسىلىپ بولغان ـ بولمىغانلىقى قاتتىق تەكشۈرۈلدى. تەكشۈرۈشتە تەييار بولدى دېگەن خۇلاسىگە كەلدۇق، قوماندانلىق شتابىغا دوكلات قىلدۇق. 11ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئەتىگەندە كۈن خۇددى سەپىرىڭلار ئوڭۇشلۇق بولسۇن، دېگەندەك باغنىڭ ئۈستىدىن ئۆزىنىڭ ئىللىق نۇرىنى چېچىپ چىقتى. ئىشلار ئالدىراش ئىدى، مانا سائەت 12 بولدى. كاناييچىلار چۈشلۈك تاماققا هەربىي سىگنال چالدى، تامىقىمىزنى يەپ بولۇپ، قاچا ـ قومۇچلارنى تازىلاپ تۇرۇشىمىزغا سائەت 2دە سەپكە تىزىلىش كانىيى چېلىندى. يېڭى بويىچە قوراللىرىمىزنى ئېلىپ، باغ ئىچىدىكى كىچىك مەيدانغا يىغىلدۇق. باغنىڭ تۆمۈر دەرۋازىسى تېشىدا قوشۇننى ئۇزىتىشقا چىققان خەلق يىغىلىپ قاراپ تۇراتتى. هۆسىيىن يىڭجاڭ پۈتۈن ئەسكەرلەرگە يوللاردا تەرتىپ ـ ئىنتىزامنى ساقلاپ، خەلقنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىگە چېقىلماسلىق، ئوغرىلىق قىلىپ ئەسكەرلەرنىڭ ئابرۇيىنى چۈشۈرمەسلىك هەققىدە سۆز قىلدى. هارۋىلار سۇنۇپ ياكى ئاتلىرى هېرىپ قالسا ۋاقتىدا خەۋەر تېپىپ كەم نەرسىلەرنى يەتكۈزۈپ بېرىش، تولۇقلاش يىڭىنىڭ سەنمۇسى ئابلىز بوتايوفقا تاپشۇرۇلدى. خوجىلىق باشلىقى يۇسۇپئاخۇن خەلپىتىم ئۆتەڭلەرگە ئالدىدا بېـ

ـرىپ ئۇرۇنلاشتۇرىدىغان، ھەممىسى يولغا چىقىپ بولغاندىن كېيىن قونالغۇلارنى تەكشۈرۈپ تۇرىدىغان بولدى. ھەربىر لىيەندىن بىردىن ئالاقىچى يېڭى شتابىغا بېرىلدى. ئۇزاق يىللار ئاغرىق بولۇپ ساقىيالمىغان بىر ئەسكەر شۇ يەردىلا ئائىلىسىگە قايتۇرۇلدى. ھۇسىيىن يىڭجاڭ:

— ھەربىي بۇيرۇق! ئالدى بىلەن 1 ـ لىيەن، ئاندىن 2 ـ ۋە 3 ـ لىيەن، ئاخىردا پىلىموت لىيەنى يولغا چىقىدۇ، — دەپ بۇيرۇق بەردى.

مەن يىڭجاڭدىن بۇيرۇقنى ئالغاندىن كېيىن، 1 ـ لىيەنگە:

— مىلتىقنى مۈرىگە ئال! قەدەملەپ مارش، — دەپ كوماندا بەردىم.

دەرۋازا سىرتىدىكى خەلق بىزگە دۇئا قىلىپ، يىغلىشىپ تۇرماقتا ئىدى. بىرىنچى بولۇپ لىيەننىڭ بايرىقى قادالغان مەن چۈشكەن هارۋا قوزغالدى. ئاندىن بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى خۇددى تۆگە كارۋانلىرىدەك مېڭىپ، قەشقەر تەرەپكە قاراپ يولغا چىقتى. هارۋىكەشلەرنىڭ ئات بويىنىدىكى قوڭغۇراقلىرىنىڭ «جىرىڭ ـ جىرىڭ» ساداسى، بىزنى ئۇزىتىپ چىققان خەلقنىڭ يىغا ـ زار ئاۋازلىرى هارۋىدىن چىققان توپا ـ چاڭلار قوشۇلۇپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلمەكتە. مانا قەدىمىي شەھەر گۈزەل قەشقەرنىڭ قۇمدەرۋازىسى ئالدىدا توپلانغان خەلق توپىنى ئىككىگە بۆلۈپ ئۆتۈۋاتماقتىمىز. قەشقەر خەلقى بىزنىڭ بۈگۈن ماڭىدىغانلىقىمىزنى ئاڭلاپ، كوچا بېشىدىن تارتىپ دەرۋازا ئالدىغىچە توپلىنىپ، ساقلاپ تۇرغانىكەن. ئۇلار قەشقەرنىڭ شىرمەننان ۋە ئۆي توقاچلىرىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، سوۋغا قىلماقتا، بەزىلىرى تۈرلۈك پۇل، تەڭگە قاتارلىقلارنى سوۋغا ـ سالام قىلماقتا ۋە بەزىلىرى جەڭچىلەرنىڭ ۋە ئائىلە، بالا ـ چاقىلىرىنى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى ئىزدەپ ئىسىملىرىنى ئاتاپ چاقىرماقتا. مېنىڭ قەشقەردىكى تونۇش ـ بىلىش ۋە يار ـ بۇرادەرلىرىم، تونۇشۇپ



قالغان ئەسكەرلەرنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ سوۋغا ـ سالام ئۈچۈن ئەكەلگەن نەرسە ـ كېرەكلىرى بىلەن هارۋىمىزنىڭ ئىچى تولۇپ كەتتى. مەن تۇرغان لىيەندىكى جەڭچى بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇپ:

*قەشقەردىن يولغا چىقسالڭ،*
*بىرىنچى ئۆتەڭ ياندۇرما.*
*خوتۇن ـ بالاڭنى ئېلىپ كەت،*
*ئاتا ـ ئاناڭدىن تاندۇرما.*

*ئاقسۇنىڭ ئۆتەڭلىرى،*
*چىلان بىلەن چۆل قۇدۇق.*
*بالىلىرىم سىلەرنى،*
*خۇدايىمغا تاپشۇردۇق.*

دېگەن قوشاقلارنى قېتىپ يىغلاپ قالدى. بىراق بىزگە قەشقەر قۇمدەرۋازىسىدىن ئۆتكەندە توختىماي ئۆتۈپ كېتىشكە بۇيرۇق بېرىلگەنىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇزاق يىللار بىللە يۈرگەن، جاندىن ئەزىز پەرزەنتلىرىدىن تىرىك ئايرىلىپ قېلىۋاتقان بىچارە خەلق ئالدىمىزنى توسۇۋالدى، ئاران دېگەندە ئايرىلىپ يولغا چىقتۇق. ھەر خىل خىياللار بىلەن سەككىزتاشقا بېرىپ قالغانلىقىمنى سەزمەي قاپتىمەن. يېڭىشەھەرگىمۇ كېلىپ قاپتۇق. ئۇ يەردىمۇ خەلق ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن خوشلىشىۋېلىش ئۈچۈن يېرىم كېچىگىچە ساقلاپ تۇرغانىكەن. يېڭىشەھەرلىك سائادەتخان دېگەن بىر موماي بىزگە قوشنا ئولتۇرغانىدى. ئۇ بىچارە موماي ئون دانە تۇخۇم پىشۇرۇپ سوپى لىيەنجاڭ، دەپ ۋارقىراپتۇ. مەن خەلقنىڭ يىغا ـ زار ئاۋازىدىن ئاڭلىيالماي قاپتىمەن. كانۋىيىم ئوبۇلقاسىم توختى دېگەن جەڭچى ئاڭلاپ،

مېنىڭ قېشىمغا ئېلىپ كەلدى. بۇ بىچارە مەزلۇم بوينۇمغا ئېسىلىپ، ئۆز ئانامدەك يىغلاپ كەتتى ۋە تۇخۇمنى يوللۇق تۇتتى. شۇنداق قىلىپ، قەدىناس قەشقەردىن ئايرىلىپ، تاڭ سەھەردە ياندۇرما دېگەن ئۆتەڭگە يېتىپ كېلىپ تاماقتا كىرىشتۇق. چۈش قايرىلىپ، سائەت 2دە مېڭىش تەييارلىقى سىگنالى چېلىندى. هارۋىكەشلەر ئالدىراپ ــ تېنەپ، ئات ــ ئۇلاغلىرىنى سۇغىرىپ، هارۋىلىرىنى قوشتى. ئىككىنچى مېڭىش كانىيى چېلىنغاندا يولغا چىقتۇق. پەيزىۋات ناهىيىسىگە يېتىپ كېلىپ، بىر كۈن دەم ئېلىپ، ئەتىسى يولغا چىقتۇق. كۈندىن ــ كۈنگە سوغۇق چۈشمەكتە، 1 ــ، 2 ــ، 3 ــ كۈنلىرى بىرىنچى قەدەم بولغاچقا قىيىن كەلدى. هارۋىكەشلەر هەربىي يۈرۈشىمىزگە ماسلىشىپ كېتەلمىدى. بەزىلىرى ئېتىم ئازراق دەم ئېلىۋالسۇن دەپ، بەزىلىرى ئېتىم سىيىۋالسۇن دەپ توختىتىپ قويىدۇ. قانداق قىلىمىز، ئۇلار شۇنداق ئۆگەنگەن تۇرسا. هەربىي سەپنىڭ ئارىلىقى بەزىدە بىرەر سائەت ئۈزۈلۈپ قالىدۇ. هەتتا بىر لىيەندىكى پەيلەرنىڭمۇ ئارىلىقى ئۈزۈلۈپ قېلىش ئەهۋاللىرى كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. هەربىي سەپنىڭ باشقۇرۇش ئىشىغا مەسئۇل بولغان كىشى توختاپ قالغان هارۋىكەشلەرنى تىللاپ هاقارەتلەيدۇ. يۈكنىڭ ئېغىرلىقىدىن بەزى ئاجىز هارۋىلار سۇنۇپمۇ كەتتى. مەن ئالدىدا ماڭغانلىقىم ئۈچۈن بىر ئېگىز دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قارىسام، هارۋىلار خۇددى ئۇرۇش فرونتىدىكى تانكىغا، ئەتراپىدا كېلىۋاتقان جەڭچىلەر تانكىغا ماسلىشىپ هۇجۇمغا ئۆتكەن پىيادە ئەسكەرلەرگە ئوخشاپ كەتتى. بىچارە ئەسكەرلەرنىڭ يۈز ــ كۆزلىرى خۇددى بوراندا قالغاندەك توپا ــ چاڭ بولۇپ، ئىككى كۆزى ۋە چىشلىرىلا پارقىراپ تۇراتتى. تونۇش بولمىغان كىشى كۆرسە كىم ئىكەنلىكىنى تونۇۋېلىش تەس ئىدى. قايسىدۇر بىر هارۋىدىن بوۋاقنىڭ يىغىسى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بەزىدە مومايلار يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىن



سۆكسۆك، يۇلغۇنلارنى تېرىپ هارۋىغا سالاتتى. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى قۇم دۆڭلەر، سۆكسۆك، يۇلغۇنلارنىڭ قايرىلغاز شاخلىرى لاتا ئېسىپ قويغان كونا مازارلارنى ئەسلىتەتتى. بۇنى كۆرگەن سەپەردىكى مومايلار ياغلىق، كۆڭلەك ئېتەكلىرىنى يىرتىپ، يۇلغۇنلارغا باغلاپ قوياتتى. قېلىن توغراقلىق جاڭگالدىن قورققۇسى كېلەمدۇ ياكى قەدىناس ئۆي ــ يۇرتلىرىنى سېغىندىمۇ، ئىشقىلىپ، يىغا ئارىلاش نېمىنىدۇر بىر نەرسىلەرنى دەپ پىچىرلايتتى. مەن بىر تەرەپتىن يىغا ــ زارىنى، يەنە بىر تەرەپتىن هارۋىكەشلەرنىڭ ئاتلىرى هېرىپ، ئۆزلىرى يانداق بولۇپ سۆرىگەندىكى ئېغىر پۇشۇلداشلىرىنى ئاڭلاپ كېتىپ بارىمەن. بۇ يولدا تارىختىن بۇيان مۇنداق بىر ئۇزۇن كارۋان مېڭىپ باقمىغان بولغىيدى. مانا بۈگۈن ئەمەلدارلارنىڭ زۇلمى بىلەن بىر ئۇزۇن كارۋان سورۇقچىلىق تارتماقتا. هەممىمىز كېيىنكى تەقدىرىمىز ئۈستىدە ئويلىنىپ خىيال دەرياسىغا پاتقانىدۇق. ئوسمان تۇراق دېگەن جەڭچىمىزنىڭ «ئاللا ــ ئاللا ۋاي باللار» دېگەن مۇڭلۇق ناخشىسى، ئېلى دېگەن جەڭچىنىڭ ئۇنىڭغا جور بولۇپ تۇۋلىشى، بىزنى خىيالدىن ئويغاتتى.

*كېتەردە خوش دېمەي كەتكەن،*
*مېنىڭ ئۇنداقمۇ يارىم يوق.*
*پېشانەمگە پۈتۈلگەندۇر،*
*ئۇنى تارتماسقا چارەم يوق.*

*ئاللا ــ ئاللا ۋاي باللا،*
*ئوينىڭ دەردى بار باللا.*

*كەتمەكچى بولۇپ قالدۇق،*
*دوستلار كېتەمدۇ بىللە.*

*تۇغقانلاردىن ئايرىلدۇق،*
*قانداق ئۆتەر بۇ كۈنلەر.*

*ئوينىغان يوق، كۈلگەن يوق،*
*ھېچكىم مۇرادىغا يەتكەن يوق.*

*قەشقەردىن چىققان باللا،*
*يېتىپ - قوپۇشلىرى دەڭدە.*
*كېتەي دېسە كېتەلمەيدۇ،*
*خۇرجۇن، قاچىسى داڭدا.*

*ئاللا - ئاللا ۋاي باللا،*
*ئوينىڭ دەردى بار باللا.*

*ئاتلارنى توقۇپ قويدۇق،*
*چەپ - ئۇلاغنى تارتماي.*
*بۇ دەردلەرنى كىم تارتسۇن،*
*سېنىڭ بىلەن مەن تارتماي.*

*ئوينىغان يوق، كۈلگەن يوق،*
*بوينىنى قايرىپ سۆيگەن يوق.*

مەن بۇ مۇڭلۇق ناخشىلارنى ئاڭلاپ، ئۆز يۇرتۇمدىن ئايرىلغاندا قانداق قىلغان بولغىيدىم، دەپ ئويلىدىم. يولنىڭ يامانلىقى، يىراقلىقى، ھارۋىلارنىڭ ئاجىزلىقى كونا كارۋانلارنىڭ قىلغان تەمسىللىرىنى يادىمغا كەلتۈردى. ئۇلارنىڭ «يول ئازابى — گۆر ئازابى»، «قەشقەردىن يولغا چىقىشىدا ئاغزىنى ئاچمىغان بىر قاپاقنى بىللە ئاچىقىپ، ئاقسۇغا كېلىپ ئاغزىنى ئاچسا، قاپاقنىڭ ئىچى توپىغا لىق توشۇپ قالىدۇ» دېگەن تەمسىللىرى



بىكارغا ئېيتىلمىغان. ھارۋىنىڭ چاقلىرى يۇمشاق توپىغا پېتىپ ماڭغانلىقتىن، چاقنىڭ گۇگۇسۇنلىرى خۇددى شامال ساندۇقىنىڭ قاناتلىرىدەك توپىنى تۆپىگە ئاچىقىپ سورۇيدۇ، ئاخشىمى بېرىپ ياتاردا قارىساق يانچۇقلىرىمىزغا لىق توپا توشۇپ قالىدۇ، يۈز - كۆزلەرنىڭ توپا - چاڭ بولۇپ كېتىشىگە سۆز ئاچقىلى تېخىمۇ بولمايدۇ. شۇنداق جاپا تارتىپ، ئاران دېگەندە مارالبېشىغا يېتىپ كېلىپ، ئىككى كۈن تۇردۇق. دەم ئالساق بولاتتى. نۇرغۇن ھارۋىلارنىڭ ئاتلىرى ھېرىپ قالدى، بەزى ھارۋىلار سۇنۇپ چۆللەردە قالدى، بەزىلىرىنىڭ ئاتلىرى ئۆلدى، بەزى ھارۋىكەشلەر ئاچ - توق يۈرۈپ، ئاغرىپ قالدى. «ھارۋىكەش — ئاۋارىكەش» دېگەن گەپ بىكار چىقمىغان - دە.

مەن ئۆزۈم تۇرغان لېيەندىكى جەڭچى - ئوفىتسېرلارغا مەخسۇس يىغىن ئېچىپ، بەزىدە ھارۋىدىن چۈشۈپ مېڭىشنى، بەزى يامان يەرلەردە ھارۋىكەشلەرگە ياردەملىشىشنى، ئۇنداق قىلمىغاندا ھارۋا سۇنۇپ ياكى ئات ئۆلسە، چۆلدە قالىدىغانلىقىمىزنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتتۈم. ئۇلار شۇنداق قىلدى. بۇ ھەقتە يىلىك شتابىدىن تەقدىرلەندۇق. ھارۋىسى سۇنغان ياكى ئېتى ئۆلگەن ھارۋىكەشلەرنىڭ جېنىغا ۋاي. بۇ ئۇزۇن يولدا نۇرغۇنلىغان دېھقانلار ئات - ھارۋىلىرىدىن ئايرىلىپ، بىزنى ئاقسۇغا ئاران دېگەندە يەتكۈزۈپ قويۇپ، كۆپ قىسمى ئائىلىسىگە يېتەلمەي ۋەيرانچىلىقتا ئۇچرىدى. بەزىلىرى ئابلىزنىڭ مۇز يېغىپ تۇرغان قاپىقىنىڭ دەردىدە ئات - ھارۋىسىنى تاشلاپ، قېچىپمۇ كەتتى. 1942 - يىلى 11 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئاقسۇنىڭ يېڭىشەھىرىگە يېتىپ كېلىپ، ئاقسۇ ئاتلىق 16 - تۇەننىڭ (تۇەنجاڭ لو جىڭشۇي، كېيىن جاۋ خەنچىڭ بولدى) گازارمىسىنىڭ قېشىغا جايلاشتۇق. مەزكۇر تۇەننىڭ ئەسكەرلىرى شەرقىي شىماللىق بولۇپ، شىڭ شىسەينىڭ ئاتاقلىق ۋە ئىشەنچلىك قوشۇنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. بىزنىڭ يېتىپ كېلىشىمىز بىلەن ئاقسۇ ھەربىي

قىسىم ۋە ساقچىلىرى باشقىچە ھەربىي ھالەتكە كېلىپ، جانلى-
نىپ كەتتى. ساقچى ئىدارىسىنىڭ ساتارمەن قىياپەتكە كى-
رىۋالغان ئىشپىيونلىرى بىزنىڭ گازارمىمىزنىڭ ئالدىدا كۆپىيىپ
قالدى. بۇ ئىشلارنى ئاز دېگەندەك، شىڭ شىسەينىڭ ئىشپىيون-
لۇق ساقچى مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ كەلگەن ئاقسۇ ۋىلايەتلىك
ساقچى ئىدارىسى تەپتىش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ھېبىزۇللا بىر-
قانچە ئادەمنى باشلاپ ماۋزۇرنى ئېسىپ بىز چۈشكەن دەڭ-
سارايىنىڭ ئالدىدىن كۈندە ئۆتىدىغان، ھەتتا ئاخشاملىرى ئۈچە-
سىغا ئەسكى چاپان، بېشىغا ئاق تۇماق كىيىپ، پۇقرا بولۇۋې-
لىپ، بىزنىڭ جەڭچىلەرنىڭ پارىڭىغا قۇلاق سالىدىغان بولۇۋال-
دى. بۇ ئىشپىيون باشلىقى ھېبىزۇللا بۇرۇن قەشقەردە ئاتلىق
31 ـ تۇەننىڭ 4 ـ ليەندە پەيجاڭ بولۇپ ئىشلەپتىكەن. ئەمەت
تۇەنجاڭ قاتارلىق بىرقانچە ئوفىتسېرلارنى شىڭ شىسەينىڭ
تۈرمىسىگە ئالغاندا ئۇمۇ تۈرمىگە ئېلىنغان، ئۇزاق ئۆتمەيلا
شىڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدىن چىقىپ، قورچاق ساقچى مەكتى-
پىدە ئوقۇپ، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىگە كەلگەنىكەن.
ئۇ سېرىق ھەم ئورۇق، سېرىق چىشلىرى سىرتىغا چىقىپ تۇ-
رىدىغان، يالاڭ قاپاق ھەم پايىنەكۋاش ئادەم ئىدى. ئۇنى كۆرگەن
ھەرقانداق كىشى ئۇنى ئاغرىقتىن يېڭى قوپقان كىشى ئىكەن،
دەپ پەرەز قىلاتتى. ئۇ ئاغرىق ئەمەس، ئەسلىي بەدەن قۇرۇلۇشى
يىڭنە يەۋالغان ئىتتەك نەرسە ئىدى. ئۇنى ليەندىكى كونا جەڭ-
چى ۋە ئوفىتسېرلارنىڭ ھەممىسى تونۇيدۇ ھەم بىرگە خىزمەت
قىلغانلىقىنىمۇ بىلىدۇ. مەن ئاتلىق 31 ـ تۇەنگە بېرىشتىن بۇ-
رۇن تۈرمىگە كىرىپ كەتكەچكە مەن تونۇمايتتىم.

بىزنىڭ يىڭنى دۈبەن مەھكىمىسىدىن بۇيرۇق يوق، دېگەن
باھانە بىلەن سەككىز كۈن ئاقسۇدا تۇرغۇزۇپ قويۇپ، قورالل-
رىمىزنى تارتىۋېلىشقا چارە ـ تەدبىر ئىزدىدى. ئاتلىق 16 ـ تۇ-
ەننى كېچە ـ كۈندۈز قوراللىق جەڭگىۋار ھالەتكە كەلتۈرۈپ



قويدى. ئاقسۇدا تۇرغان كۈنلەردە قەشقەر تەرەپتىن ئاتلىق 35 ـ
تۇەننىڭ قوراللىرىنى تاپشۇرۇۋېلىپتۇ، ئۇلارغا بىردىن ئات، ئې-
گەر ـ توقۇم ۋە ئاز ـ تولا خىراجەت بېرىپ، ئۆز ئورنىغا قايتۇ-
رۇپتۇ، دېگەن خەۋەرلەر كېلىشكە باشلىدى. 35 ـ تۇەننىڭ بار-
لىقى قىرغىزلار ئىدى. بىزنى قەشقەردىن يۆتكەشنىڭ، ئاقسۇدا
سەككىز كۈن توختىتىپ قويۇشنىڭ سەۋەبى ئەمدى ئاشكارا
بولدى. ئۇلار قىرغىز تۇەننى قورالسىزلاندۇرۇش جەريانىدا چا-
تاق چىقسا، بىزنىڭ ئۇلارنى قوللاپ قويۇشىمىزدىن ئەنسىرەپ،
بىزنى تېزدىن يولغا سالغان، ئاقسۇدىن يۈرۈپ كەتسە قاراشە-
ھەرگە بارغۇچىلىك يولدا بىزگە قارشى قىسىمنىڭ يوقلۇقىنى
مۆلچەرلەپ ئاقسۇدا توختىتىپ قويغانىكەن.

قەشقەردىكى ئاتلىق 35 ـ قىرغىز تۇەننى قورالسىزلاندۇ-
رۇشتا مۇنداق ھىيلە ئىشلىتىپتۇ: باش شتابتىن قوراللارنى
تاپشۇرۇۋالىدىغان كۈنى پۈتۈن تۇەن بويىچە جەڭچى ـ ئوفىت-
سېرلارنى يىغىشقا بۇيرۇق بېرىپتۇ. بىرمۇ كىشىنىڭ چەتتە
قالماسلىقىنى تاپىلاپتۇ. بۇ تۇەندىكى ئوفىتسېرلارنىڭ ھەممىسى
سابىق سوۋېت قىرغىزىستانىدىن كەلگەنلەر ئىدى. ئۇلارنى كۆ-
لۈبقا يىغىپ قويۇپ، گازارمىدىكى جەڭچىلەرنىڭ قوراللىرىنى
ماشىنىغا بېسىپلا باش شتابقا ئەكېتىپتۇ. ئىسكىلاتتىكى
قوراللارنىمۇ يۆتكەپ كېتىپتۇ. ئارقىدىنلا ئوفىتسېرلارنىڭ يان
قوراللىرىنى يىغىۋاپتۇ. كوماندىر بولكاس تۇەنجاڭ قۇرۇقدالغان
گازارما ۋە قورال ئىسكىلاتىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، قولىنى
چىشلەپ قاپتۇ، ئەمما ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن پۇشايمان قىل-
غان بىلەن ئامال يوق. سوۋېتتىن كەلگەن ھەربىي ئوفىتسېرلار-
نى ئۈرۈمچىدە ئايروپىلان بىلەن ئۆز ۋەتىنىگە قايتۇرۇپتۇ.

بىزنى ئاقسۇدا سەككىز كۈن توختىتىپ قويۇپ، 12 ـ ئاي-
نىڭ 10 ـ، 11 ـ كۈنلىرى قەشقەردىكى قىرغىز تۇەننىڭ ئى-
شىنى تاماملاپ بولغاندىن كېيىن بۇرۇنقىدەك يىڭ بويىچە ئە-

مەس، لىيەن بويىچە ھەربىر لىيەننىڭ ئارىلىقىنى ئۈچ كۈندىن ئارىلىق قالدۇرۇپ، كورلىغا يولغا سالدى. ئەڭ ئالدى بىلەن ھاكى قۇربان رەھبەرلىك قىلغان پىلىموت لىيەنى ماڭدى. ئۈچ كۈندىن كېيىن مەن تۇرغان 1 ـ لىيەننى يولغا سالدى. ھەربىر لىيەنگە ساقچى ئىدارىسىدىن ئىككى نەپەر (بىر مىللىي، بىر خەنزۇ) پۇقراچە كىيىنگەن ئىشپىيوننى قوشۇپ قويىدى. ئۇلارنىڭ لىيەندە بولۇۋاتقان سۆزلەرنى خاتىرىلەپ تۇرغانلىقىنى كېيىن بىلدۇق. بارلىق يىگىنى ئاقسۇدىن كورلىغا يۆتكەشتە قاتناش ـ ترانسپورت ۋەزىپىسى ئاقسۇ ۋە كۇچا دېھقانلىرىنىڭ ئۈستىگە چۈشتى. كۇچا ھارۋىلىرىنىڭ ئېتى خىل ھەم ھارۋىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى سايىۋەنلىك، ئىككى ـ ئۈچ ئاتلىق ھارۋىلار بولغاچقا، بىزنىڭ ھەربىي يۈرۈشىمىزگە تېزلا ماسلىشىپ كېتەلىدى. يولدا ئاقسۇدىن چىققان ئىشپىيونلار كۇچاغا كەلگەندە ئالماشتى. كۇچا ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىدىن يەنە ئىككى كىشى چىقتى.

## پىيادە 6 ـ يىگىنىڭ كورلىدا قورالسىزلاندۇرۇلۇپ تاشيول قۇرۇلۇشىغا سېلىنىشى

كورلىغا ئالدىمىزدا يېتىپ بارغان ھاكى لىيەنجاڭ قوراللىرىنى تاپشۇرۇپ بېرىپ، لىيەننى باشلاپ، كۆنچى (لوپنور) ناھىيىسىنىڭ بازىرىغا ئورۇنلىشىپتۇ. مەن رەھبەرلىك قىلىپ كەلگەن 1 ـ لىيەنمۇ كورلىغا يېتىپ كەلدى. ئالدىن تەييارلىق قىلىپ قويغان شىڭ شىسەي ئەۋەتكەن سەنمۇلار، كېلىشىمىز بىلەنلا «سىلەر يول ياساشقا ياردەم بېرىسىلەر، قوراللىڭلارنى بىز ساقلاپ بېرىمىز» دەپ ھەربىر بەنگە بىردىن مىلتىق قالدۇرۇپ قورالنى يىغىۋالدى. بىزنىڭ ئارقىمىزدىن كەلگەن قىسىملارنىڭ قوراللىرىنى يۇقىرىدىكى ئۇسۇل بىلەن تارتىۋېلىپ، كۆنچى ناھىيىسىگە ئورۇنلاشتۇردى. بىزنى قورالسىزلاندۇرۇشقا جىددىي تەييارلىق قىلىنغانىدى. قاراشەھەردىكى 20 ـ تۈەننى (بۇلارنىڭ 40 پىرسەنتى موڭغۇللار ئىدى) ھەربىي ھالەتكە كەلتۈردى. كۇچادىكى ئاتلىق چوڭ ئەترەت (دىۋىزىيون)نى بۈگۈرگە يۆتكەپ كەلدى. قاغىلىقتىكى قىسىمنى چەرچەن ئارقىلىق چاقىلىققا يۆتكەپ كەلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىز ئۈچۈن ئىسكەنجە ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئوتتۇرىغا ئېلىپ، قولىمىزدىكى قوراللىرىمىزنى يىغىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا كەتمەن، جوتۇ، گۈرجەك بېرىپ، قاراشەھەر ۋىلايىتىگە قاراشلىق ناھىيىلەردىن 3000دىن ئارتۇق خەلق بىلەن كورلا بىلەن چاقىلىق ئارىلىقىدىكى تاشيول قۇرۇلۇشىغا سالدى. بۇ خەلق قاراشەھەر ۋىلايىتىگە قاراشلىق خوتۇنسۇمۇل (ھازىرقى خېجىڭ ناھىيىسى)، كۆنچى (لوپنۇر)، كورلا، بۈگۈر، چەرچەن، چاقىلىقتىن ئىبارەت يەتتە ناھىيىدىن ئەكېلىنگەن دېھقان ـ چارۋىچىلار ئىدى. بىز پىيادە 6 ـ يىگىنىڭ ئەسكەر ـ ئوفىتسېرلىرىنىڭ خوتۇن، بالا ـ چاقىلىرى ۋە ئاتا ـ ئانىلىرىنى قاراشەھەرنىڭ دەڭ ـ سارايلىرىغا سولىدى. بىرنەچچە ئائىلىگە بىر ئېغىزدىن ئۆينى تەقسىم قىلىپ بېرىپ، دەڭ ـ سارايلارنىڭ دەرۋازىلىرىغا ساقچى ئىدارىسىدىن قوراللىق پوست قويىدى. ئۇلار 6 ـ يىگدىكى ئەسكەرلەرنىڭ خوتۇن، بالا ـ چاقىلىرى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى قاراشەھەرگە ئەكېلىپ قويساق، ئەسكەرلەر ھېچقانداق يەرگە كېتەلمەيدۇ ياكى قوزغىلاڭ كۆتۈرەلمەيدۇ، دېگەن مەقسەتنى كۆزدە تۇتقانىدى. يېڭى تاشيول قۇرۇلۇشىغا تاشيول ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ رەھبەرلىك قىلدى. ئىنژېنېرى سوۋېتلىك بارسكوف ئىدى. كورلا ـ چاقىلىق تاشيول قۇرۇلۇشىنىڭ قوماندانلىق شتابى كورلىدا تۇراتتى. بىزنىڭ پىيادە 6 ـ يىگىنىڭ شتابى كورلىدا تۇرىدىغان بولدى، قالغان تۆت لىيەنگە كۆنچى ناھىيىسىگە قاراشلىق باشئېگىز، شىنىغى، چوڭكۆل، تېيىزكۆل، چارا، يېڭىكۆل، كۈزلەك قاتار-

لىق جايلارنىڭ 100 كىلومېتىرغا يېقىن تاشيولى تەقسىم قىد-
لىندى. تاشيول ئىدارىسىدىن يولنى ئۆلچەش، قوزۇق قېقىش
قاتارلىق تېخنىكا ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن 1 ـ،
3 ـ ليەنلەرگە ئىككى نەپەر تېخنىك ئاجرىتىپ بەرگەن بولۇپ،
بىرىنىڭ ئىسمى جاڭ چۈشيەن، يەنە بىرى ۋاڭ فامىلىلىك ئىد-
دى. بۇنىڭدىن باشقا دۈبەن مەھكىمىسىدىن كەلگەن سەنمۇلارمۇ
بىر ياكى ئىككى ھەپتىدە بىر قېتىم ئاتلىق كېلىپ تەكشۈ-
رۈپ، ئەھۋال ئىگىلەپ تۇراتتى. بىر ئايدا بىر قېتىم ئۇرۇمچىد-
دىن چوڭ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىلىرى كېلىپ تۇراتتى. ھاكى
ليەنجاڭنىڭ ليەنىنى كۆنچى ناھىيە بازىرىغا ئورۇنلاشتۇردى.
قاراشەھەر دەرياسى باغراش كۆلىنى تولدۇرۇپ، باشئەگىمدىن
ئېقىپ، كورلا ناھىيىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتەتتى.
كۆنچى ناھىيە بازىرى دەريانىڭ بويىغا جايلاشقان بولۇپ، شۇ يىد-
لى قاتتىق سوغۇق بولدى. كۆنلەرنىڭ بىرىدە دەريادا ئېقىپ
كېلىۋاتقان شۇرمەل (مۇز پارچىلىرى) بىلەن بىرگە بىر قويمۇ
ئېقىپ كەلگەنىكەن، دەريانىڭ سۈيى سوغۇق ھەم ئىتتىك بو-
لۇپ، چوڭ ـ چوڭ شۇرمەللەر ئېقىپ تۇرغاچقا، بۇ قوينى قۇ-
تۇلدۇرۇشقا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ھاكى قۇربان توختىنىياز
پەيجاڭغا دەريادىن قوينى ئاچىقىشنى بۇيرۇيدۇ. ھەربىي بۇيرۇقنى
دېڭىزدىن چوڭقۇر، تاغدىن ئېگىز بىلىدىغان بىچارە ئىلاجسىز
دەرياغا يالاڭ كىيىم بىلەن سەكرەيدۇ. سۇنىڭ ئىچىدە بىرقانچە
قېتىم مۇز پارچىلىرى تېگىپ، بەدەنلىرىنى قانىتىپ تاشلىغان
بولسىمۇ، چىداشلىق بېرىپ ئاران دېگەندە قوينى دەريانىڭ قىر-
غىقىغا ئاچىقىدۇ. قانچە سائەتلەپ سۇنىڭ ئىچىدە ئازاب چەككەن
توختىنىياز كىيىملىرىنى ئېلىپ كىيىش ئۈچۈن يەرگە ئېڭىش-
كەندە ئېگىلەلمەي قالىدۇ. ئەھۋالنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى
بىلگەن ھاكى قۇربان ئۆزى بۇيرۇق بەرگەنلىكىدىن تېنىۋالىدۇ.
بۇ ئىشقا پۈتۈن جەڭچى ـ ئوفىتسېر ۋە خەلقنىڭ غەزىپى كې-



لىدۇ. ئىلاجى قانچە؟ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپلا قالىدۇ، خالاس.
دوختۇرلارمۇ 6 ـ يىلى شتابى بىلەن كورلىدا قالغان، ئۇلار خە-
ۋەر تېپىپ كورلىدىن ليەنىنىڭ دوختۇرى خا جىڭۋېي كېلىپ
تەكشۈرۈپ، دەرھال كورلا چوڭ دوختۇرخانىغا يەتكۈزۈشنى بۇيى-
رۇيدۇ. بۇ ۋاقىتلاردا ماشىنا دېگەن نەرسە نەدە دەيسىز؟ كۆنچى
ناھىيىسىدىن بىر كالا ھارۋىسى بىلەن كورلا دوختۇرخانىسىغا
ئېلىپ ماڭىدۇ. ھارۋىدىكى كېسەلنىڭ يېنىدا ھارۋىكەشلا بو-
لۇپ، ئۇمۇ ئۆز ھەلەكچىلىكىدە بولۇپ قالغاچقا، ھوشىنى بىد-
لەلمەي ھارۋىدا ياتقان بىچارە توختىنىيازنىڭ ئۈستىگە يېپىلغان
يوتقان ـ كۆرپىسى ئېچىلىپ قېلىپ پۇتى ئۈششۈپ قالىدۇ، ئۇ
پۈتۈم مۇزلىدى دېيەلمەيدۇ. كۆنچىدىن كورلىغا كالا ھارۋىسى
ئۈچۈن ئىككى كۈنلۈك يول ئىدى. ئۇنى كورلا دوختۇرخانىسىغا
ئەكىرىپ قارىسا، پۇتىنىڭ تىزدىن تۆۋەن تەرىپى كۆيگەن كۆ-
مۈردەك قارىداپ كەتكەنلىكىنى كۆرىدۇ، ئۇلارمۇ ئىلاجى قىلالماي
قاراشەھەر ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا يەتكۈزۈپ، ئىككى پۇتىنىڭ
تىزدىن تۆۋەن قىسمىنى كېسىپ تاشلايدۇ. مېيىپ بولۇپ قالغان
قاۋۇل يىگىت توختىنىيازنى ھەربىي سەپتىن بوشىتىۋېتىدۇ.
بىچارە ئايالى تاشخان باللىرى چولپانخان، تۇرسۇنگۈل، سۇل-
تانلارنى ئېلىپ، يۇرتى ئاقسۇغا قان يىغلاپ كېتىدۇ.
1945 ـ يىلى 8 ـ ئايلار بىز ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيە
پارتىزانلىرى ئاقسۇغا بېرىپ، كونىشەھەردە تۇرغان كۈنلىرد-
مىزدە تاشخان يولدىشى توختىنىيازنى پاكىز كىيىندۈرۈپ، بىر
ئېشەككە مىندۈرۈپ، مىللىي ئارمىيە شتابىغا ئېلىپ كەپتۇ.
بىز بارلىق كونا يولداشلار قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتۇق ۋە ئايالى
تاشخانغا ئاپىرىن ئوقۇپ، ياخشى قارىغانلىقىغا پۈتۈن مىللىي
ئارمىيە پارتىزانلىرى نامىدىن رەھمەت ئېيتتۇق، ئىسكىلاتتىكى
بەيتۇلماللار ئىچىدىن يېڭى بىر ۋېلىسىپىتنى ئېلىپ، توختىد-
نىيازغا تەقدىم قىلدۇق ھەم ئايالى ۋە ئۆزىگە بىر قۇر كىيىم ـ

كىچەك ئېلىپ بەردۇق. بۇنىڭدىن تەسىرلەنگەن توختىنىياز
ھۆركىرەپ يىغلاپ كەتتى، بىزمۇ يىغلىۋەتتۇق.
بىز پىيادە 6 ـ يىگىنىڭ ئەسكەر ـ ئوفىتسېرلىرى 3000دەك
خەلق ئىشچىلىرى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر تەكلىماكان چۆلىنىڭ
شەرق تەرىپىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، كورلىدىن چاقىلىققىچە 448
كىلومېتىر يولنى ياسىدۇق. بۇ يولنى ياساشتا قىش كۈنلىرى
ئىش باشلىغانلىقىمىز ئۈچۈن قىيىنچىلىق بەك كۆپ بولدى.
بولۇپمۇ خەلقنىڭ كۈنى بىزدىنمۇ تەس ئۆتتى. ئۇلارغا ياتاق
ئۈچۈن ئۆي نەدە دەيسىز؟ خەلقنىڭ ھەممىسى دالا ـ تۈزدە، قۇم
دۆۋىلىرىنىڭ يېنىدا، چوگراق توغراق تۈۋىدە ئاسماننى يېپىن-
چا، يەرنى كۆرپە قىلىپ، تىترەپ يېتىپ قوپاتتى. يۈز ـ كۆزنى
يۇيىدىغان سۇ نەدە بولسۇن؟ سۇنى تۆگە، ئېشەكلەر بىلەن تۇلۇك،
تۇلۇملاردا توشۇپ كەلگەچكە، بۇ سۇ چاي، تاماققىلا ئىشلىتى-
لەتتى. ھەركىم ئۆزىنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈكىنى ئۆزى ئەكېلىپ
ئۆزى ئېتىپ يەيتتى. تۇرمۇشنىڭ، ئىشنىڭ ئېغىرلىقى نۇرغۇن
خەلقنى كېسەلمەن قىلىپ تاشلىدى. بەزىلىرى شۇ چۆللەردە ئۆ-
لۈپمۇ كەتتى. ئوزۇق ـ تۈلۈك تۈگەپ كەتتى دېسە، بۇ بىچارد-
لەرنىڭ گېپىنى كىممۇ ئاڭلىسۇن؟ ئىش مەيدانىدا تۇرمۇشنىڭ
قىيىنچىلىقىدىن بەزىلەر قېچىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ ئەھۋاللار-
نى كۆرگەن تاشيول ياساش قوماندانى كورلا ناھىيە ساقچى ئىدا-
رىسىدىن بىر ئەترەت ساقچىنى يۆتكەپ كېلىپ، خەلقنى قورال
ئاستىدا ئىشلەتتى، ھەتتا قورساق ئاچ، نان بېرىڭلار دەپ تەلەپ
قىلسا، دودەنلىك قىلدىڭ، دەپ قولغا ئېلىنغانلارمۇ بولدى.
ھۇسيىن يىگجاڭ ئارىلاپ ئىش مەيدانىغا بېرىپ تۇراتتى. بىز-
گە ياتاق ـ ئۆيلەر ئۈچۈن قاراشەھەردىكى موڭغۇل چارۋىچى قې-
رىنداشلارنى قاقشىتىپ، قارا ئۆيلەر (كىگىز ئۆي)نى ئەكېلىپ
ئورۇنلاشتۇردى. تاشيولنى ھارۋا يولىنى ئاساس قىلىپ ياسىغان
بولساقمۇ، بەزى يەرلىرى قۇم دۆڭ ۋە ئازگاللارغا توغرا كېلەت-



تى. بۇ قۇملۇقتا بىز بىر كەتمەن چاپساق نەچچە كەتمەن قۇم
سىيرىلىپ چۈشۈپ، ۋەزىپىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتەتتى. تاشيول
تۈز ئېلىنغانلىقتىن، قېقىلغان قوزۇقلار بەزىدە دۆڭ، بەزىدە
بولسا سازلىق ۋە بەزىدە ئىنسان بالىسىنىڭ ئايىغى تەگمىگەن
قېلىن چاتقاللىقلارغا، ئاسمان ـ پەلەك ئۆسكەن توغراقلىقلارغا
توغرا كېلىپ قالاتتى. ئادەمنىڭ ھەيران قالىدىغىنى ئەنە
شۇنداق چۆلدە قۇم باسقان قەدىمىي شەھەرنىڭ خارابىلىرى، بە-
زىدە يەر ئاستى چوڭ ـ چوڭ گەمىلەر، بەزىدە كىچىك ـ كىچىك
قورغانلارمۇ ئۇچرايتتى. بۇلار قەدىمكى لوپنۇر خەلقىنىڭ تارد-
خىدىن گۇۋاھلىق بېرىپ تۇراتتى. مېنىڭ قەلەم قۇۋۋىتىم ئا-
جىز، سەۋىيەم چەكلىك بولغانلىقتىن بۇ يادىكارلىقلارنى تەس-
ۋىرلەپ يازالمىدىم.
بىزنى كۆنچى ناھىيىسى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەپ تۇردى.
كۆنچى ناھىيىسىنىڭ خەلقى ساددا، مېھماندوست، ئاق كۆ-
ڭۈل كىشىلەر ئىكەن. كەمبەغەللىرى كۆپرەك بولۇپ، كۆپ
ساندىكىسى چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن. ئۇلار تارىم،
كۆنچى دەرياسىنى بويلاپ، تارقاق ئولتۇرىدىكەن، بەزى جايلاردا
مەھەللە بولۇپ جايلاشقانىكەن. لوپنۇر كەندىرى[①] دىن چىگە چد-
قىرىپ رەخت توقۇپ كىيىم كىيىدىكەن. كەمبەغەل ئائىلىلەر
كۆپ بولغانلىقتىن، يازلىقى بېلىق تۇتۇپ يەپ، قىش كۈنلىرى
ئۇجۇل[②] ۋە قاغا جىگدىسى يەپ تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. ئەر ـ
ئاياللار پۇتلىرىغا چورۇق تارتىپ، يۇڭدىن پايپاق توقۇپ كىيد-
دىكەن. ئەر ـ ئاياللارنىڭ ھەممىسى ئەمگەكچان بولۇپ، بىكار
تۇرماستىن ئىشلەيدىكەن. ئۇلار يوغان توغراقتىن ئويۇپ ياسال-
غان قولۋاقلارغا ئولتۇرۇپ، بېلىق تۇتىدىكەن ۋە دەريا ـ كۆل-
لەردىن ئۆتۈپ، ئوتۇن ـ ياغاچ ۋە باشقا كېرەكلىك نەرسىلەرنى

① لوپنۇر كەندىرى ــ لوپنۇردا ئۆسىدىغان بىر تۈرلۈك ياۋا كەندىر.
② ئۇجۇل ــ يېكەندىن چىقىدىغان بىر تۈرلۈك ئۇن.

ئەكېلىپ قالايدىكەن. تۇرمۇش، هال ـ ئوقتى ياخشى ھەمدە قول ـ ئىلكىدە بارلار كېسەك تاملىق ئۆيلەردە ئولتۇرىدىكەن، تۇرمۇشى سەل ناچارلىرى قومۇش ۋە توغراقتىن ساتما ياساپ ئولتۇرىدىكەن. ناھىيىنىڭ ئاشلىقى ئۆزلىرىگە يېتىشمەيۋاتقان ۋاقىتلىرىدا بىز ھەربىيلەر بۇ خەلقنىڭ ئۈستىگە بالايىئاپەت بولۇپ چۈشتۇق. شۇنداق قىلىپ، بىر يىلغا يېقىن يەنى 1942 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن 1943 ـ يىلى 4 ـ ئايلارغىچىلىك ئىككى ئاتلىق تۇەن ھەربىي ۋە بىزنىڭ 6 ـ يىڭ، 3000دەك دېھقان ـ چارۋىچى كورلىدىن چاقىلىقچە بولغان 448 كىلومېتىرلىق يول قۇرۇلۇشىنى پۈتتۈرۈپ بولۇپ، كورلىغا قايتىپ كەلدۇق.

## كورلىدا بۇيرۇق كۈتۈش

بىزنىڭ پىيادە 6 ـ يىڭىمىز كورلىغا قايتۇرۇپ كېلىنىپ، دەڭ ـ سارايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. مەن تۇرغان 1 ـ لىيەن ھاشىمجان شاڭيو دېگەن كىشىنىڭ سارىيىغا ئورۇنلاشتۇق، بىز تاشيول قۇرۇلۇشىغا ئىشلەپ كۆپ چارچىغانىدۇق. كىيىم ـ كېچەك ۋە يوتقان ـ كۆرپىلىرىمىز كىرلىشىپ كەتكەنىدى. كورلىغا كېلىپ ئورۇنلىشىپلا شەخسىي تازىلىق قىلىشقا كىرىشىپ كەتتۇق، لىيەنلەر چۈشكەن دەڭ ـ سارايلارنىڭ ئىچى ۋە تېشىنىڭ تازىلىقىنى قىلدۇق.

ھاۋا كىلىماتى كۈندىن ـ كۈنگە ئىسسىشقا باشلىدى. بۇغدايلار يېشىل مايسا بولۇپ، ئۆزىنىڭ كۆركەم ھۆسنىنى كۆرسەتتى، قۇشلارنىڭ ۋە بۇلبۇللارنىڭ سايراشلىرى قۇلاقلارغا يېقىملىق ئاڭلانماقتا ئىدى. ئۈششاق بالىلارنىڭ بەزىلىرى چوكانتاللارنى پۈرگۈش قىلىپ، بوم، زىل ئاۋازلىرىنى چىقىرىپ ئوينىسا، بەزىلىرى تال چىۋىقنى ئات قىلىپ ئوينىماقتا. ئۆرۈكلەرنىڭ ئاق ـ قىزىل چېچەكلىرى ئاستا ـ ئاستا تۆكۈلۈپ،



غورا بولماقتا. ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرنىڭ ئائىلە ۋە ئاتا ـ ئانىلىرى بىلەن كۆرۈشۈش تەقەززاسى كۈچىيىشكە باشلىدى. 6 ـ يىڭ شتابىنىڭ ئالدىدا ئۇلارنىڭ خوتۇنلىرىنى قاراشەھەردىن كورلىغا ئالدۇرۇپ، كۆرۈشتۈرۈش كېرەكمۇ ياكى ئەسكەرلەرنى نۆۋەت بىلەن قاراشەھەرگە ئەۋەتىپ كۆرۈشتۈرۈش كېرەكمۇ؟ دېگەن مەسىلە تۇراتتى. بۇ ئىشلارنى يەنىلا ئۇرۇمچى دۇبەن مەھكىمىسىدىن كەلگەن سەنمۇلاردىن سوراشقا توغرا كېلەتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن 6 ـ يىڭ شتابىدىن مۇزاكىرە قىلىپ، پىلان تۈزۈش لازىم بولدى. ھۆسىيىن يىڭجاڭ لىيەنجاڭلارنى چاقىرىپ، مۇزاكىرىگە ئۇيۇشتۇردى. مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق ھەربىر لىيەندىن بىر بەندىن (بىر لىيەن توققۇز بەن، بىر بەن توققۇز كىشى) نۆۋەت بىلەن بېرىش، سۇرۇكى بىر ھەپتە بولۇش، بۇلارنى توشۇش ئۈچۈن ھەربىر لىيەندىن تۆت ئات قوشقان بىر هارۋا چىقىرىش دېگەن مەزمۇندا پىلان تۈزۈلۈپ، سەنمۇلارغا يوللاندى. بىر ھەپتىدىن كېيىن «پىلانىڭلارغا قوشۇلدۇق» دېگەن تەستىق چۈشتى. بۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ كورلىدىن قاراشەھەرگە بېرىپ ـ كېلىش زىيارىتىمىز قىزىپ كەتتى.

ياز كىرىپ دېھقانلارنىڭ بۇغدايلىرى پىشىپ، ئورما باشلاندى. ئەسكەرلەر دېھقانلارنىڭ ئورما ئىشلىرىغا ياردەملەشتى. كۈندە دېگۈدەك مەكتەپلەرنىڭ چوڭ مەيدانلىرىدا توپ مۇسابىقىلىرى بولۇپ، بۇ پائالىيەتلەرگىمۇ قاتنىشىپ تۇردۇق. بىز كورلىدا يازنىڭ ئۇزۇن كۈنلىرىدە تۇرغانلىقىمىز ئۈچۈن، يەرلىك خەلق ۋە دېھقانلار بىلەن تونۇشۇپ، چىقىشىپ كەتتۇق. ئۆيلىرىگە ۋە باغلىرىغا چىللاپ كېلىدىغانلار كۆپىيىپ كەتتى، بىزنىڭ پىيادە 6 ـ يىڭنىڭ ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ھەۋەسكارلىرىنىڭ ساز ـ مۇزىكىلىرى تولۇق ئىدى. قەشقەرنىڭ داڭلىق ئارتىسى ھۆسىيىن باش شتابىنىڭ زاپخوزى ئىدى. قەشقەردىكى سەمەتئاخۇن ئۇستام (سازچى)نىڭ تەربىيىلەپ چىققان شاگىرت-

لىرىدىن ئۆمەر ئېلى، تەۋەككۇل ئەلەم، چاڭ چالىدىغان مەھەمەت ئىمىنلەر بار ئىدى. ئائىلە ئاياللىرىدىن بەزىلىرى سەنئەت گۇرۇپپىسىغا قاتنىشاتتى. بۇ گۇرۇپپا قەشقەردىن تارتىپ خېلى نام ئاتىقى بار ئويۇن قويۇش گۇرۇپپىسى بولۇپ، سەنئەتكە لايىق كىيىم - كېچەك ۋە باشقا لازىملىق نەرسىلەرمۇ بار ئىدى. يول قۇرۇلۇشىدىن كېلىپلا قايتىدىن بۇ ھەۋەسكارلىرىمىزنى تەشكىللەپ، ھەپتىدە بىر قېتىم دېگۇدەك ئويۇن قويۇپ تۇردۇق ھەم بەزى ھەربىي پائالىيەتلەرنى، يەنى تورنىك ئويناش، قىلىچۋازلىق، نەيزىۋازلىق ھەرىكەتلىرىنىمۇ قوشۇپ ئوينايتتۇق. بۇ ئىشلارنى كۆرگەن كورلا خەلقى، ئوقۇتقۇچى ۋە زىيالىيلارنىڭ بىزگە بولغان ئىشەنچىسى ئېشىپ تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى بىز بىلەن بىرلىكتە ئېلىپ بارىدىغان بولدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلارنىڭ سۈرگۈن ئەسكەرلەر دەيدىغان گۇمانلىق گەپلىرىگە خاتىمە بېرىلدى. ئۇلار ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن بىر قىسىم بالىلارنى ئاجرىتىپ سەنئەت ئىشلىرىنى ئۆگىنىشكە بىزنىڭ گۇرۇپپىغا قوشۇپ قويدى. بۇ ئوقۇغۇچىلارنى يولداش ھۆسىيىن بارىس چىن كۆڭلى بىلەن تەربىيىلەپ، يېتىشتۈرۈپ بەردى. كورلىدا تۇرغان كۈنلىرىمىز شۇنداق كۆڭۈللۈك ئۆتتى. بىزنىڭ قىش - زىمىستان سوغۇق كۈنلەردە تاشيول قۇرۇلۇشىدا ئىشلەپ تارتقان جاپا - مۇشەققەتلىرىمىز ۋە ياز پەسلىدە كورلىدا ئۆتكۈزگەن خۇشال - خۇرام كۈنلىرىمىز يۈرىكىمىزدە ئۇنتۇلماس خاتىرە بولۇپ قالدى.

بىر كۈنى كۈتۈلمىگەندە، قەشقەردىكى ئاتلىق 35 - قىرغىز تۈەننى ۋەيران قىلىشقا ياردەم بەرگەن مەمەتوف، پىيادە ھەربىي ئالىي بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسىنى پۈتتۈرۈپ، 6 - يىڭغا يىڭجاڭ بولۇپ كەلدى، ئۇنىڭ بىلەن بۇرۇنقى 1 - لىيەنىنىڭ لىيەنجاڭى ھېسامىدىن مۇقىيىتمۇ كەلدى، ئابدۇقادىر مۇئاۋىن يىڭجاڭ كۇرسىنى پۈتتۈرۈپ، چۆچەككە كېتىپتۇ. ھۆسىيىن تۇردى



يىڭجاڭلىقنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ ئىككى خوتۇنىنى ئېلىپ، بىر ھارۋىنى كىرا قىلىپ، ئۈرۈمچىدىكى يېڭى خىزمەت ئورنىغا يەنى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا يۈرۈپ كەتتى. مەنمۇ 1 - لىيەنىنىڭ لىيەنجاڭلىق ۋەزىپىسىنى ھېسامىدىن لىيەنجاڭغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، يىڭ شتابىغا كېلىپ، سەنمۇلۇق ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالدىم، ئابلىز بوتايوف ماڭا سەنمۇلۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، 2 - لىيەندە پەيجاڭلىق ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالدى.

بىز كورلىدا دەم ئېلىپ تۇرغان كۈنلىرىمىزدە ھاكى لىيەنجاڭنىڭ گۈلباغلىق خەلچىخان دېگەن بىر ئايال بىلەن مۇھەببەت باغلاپ يۈرگەنلىكى ھەممىگە مەلۇم ئىدى. ھاكى لىيەنجاڭ شۇ ئايالنى قۇربان يىڭجاڭغا ئېلىپ بەردى، قۇرباننىڭ قەشقەردە چىرايلىق ھەم بىلىملىك، تەقۋادار ئامىنە ئىسىملىك ئايالى بار ئىدى. قۇربان بۇ ئايالنى «ماڭا ئىشپىيونلۇق قىلدى» دېگەن تۆھمەت بىلەن قويۇۋەتتى. ھاكى قۇربان يىڭجاڭغا خوتۇن ئېلىپ بەرگەنلىكتىن ئىككىسى ئاپاق - چاپاق بولۇپ كەتتى.

## چاقىلىق بىلەن دۇنخۇاڭ ئارىلىقىدىكى يولنى ياساش بۇيرۇقىنىڭ كېلىشى

1943 - يىلى 11 - ئايلار ئىدى، بىز پىيادە 6 - يىڭنىڭ قەشقەردىن ئايرىلىپ چىققىنىمىزغا توپتوغرا بىر يىل بولغانىدى. سورۇقچىلىق تارتىپ يۈرگەن كۈنلىرىمىزدە بىزنىڭ 6 - يىڭغا ئۈرۈمچى دۇبەن مەھكىمىسىدىن چاقىلىق بىلەن دۇنخۇاڭ ئارىلىقىدىكى تاشيول قۇرۇلۇشىنى خەلق بىلەن بىرلىكتە ياساپ پۈتتۈرۈش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلغان بۇيرۇق چۈشۈرۈلدى. بۇ بۇيرۇقنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بېشىمىزنىڭ ئىچى - تېشى تېخىمۇ قاتتى. كورلا بىلەن چاقىلىق ئارىلىقىدا يول ياسىغاندا ئارىلىقى بەك يىراق ئىكەن دېگەنىدۇق، مانا ئەمدى بۇنىڭدىنمۇ يىراققا

ئاپىرىدىغان بولدى. ئانچە ئۆتمەي كورلا ۋە قاراشەھەرنىڭ ئات ـ
هارۋىلىرى بىز چۈشكەن دەڭ ـ سارايلارغا يېتىپ كېلىشكە
باشلىدى. كورلا بىلەن چاقىلىق ئارىلىقىدا كۆپ ئادەم چۈشكۈ-
دەك قونالغۇ بولمىغانلىقتىن، يوللاردىكى قونالغۇ ۋە تاماق ئې-
تىش جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلارنى كۆزدە تۇتۇپ، يەنىلا بىر
ليەندىن، ئارىلىقنى تۆت كۈندىن تاشلاپ، ئالدى بىلەن 1 ـ
ليەننى، ئەڭ ئاخىرىدا 4 ـ ليەننى يولغا سالدى. مەن سەنمۇ
بولغانلىقىم ئۈچۈن ئۈچ نەپەر ئالاقچىنى ئېلىپ، ئالدىن يۈرۈپ
كەتتىم. چاقىلىق ناھىيىسىگە ئالدىدا يېتىپ بېرىپ، بىزنىڭ
ھەربىيلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن ھاكىم ئىدارىسىگە باردىم.
بىر خەنزۇ ھاكىم، بىر مۇئاۋىن قازاق ھاكىم، بىر خەنزۇ مۇئا-
ۋىن ھاكىم بىلەن كۆرۈشتۈم. گومىنداڭنىڭ ناھىيىلىك پىر-
قىسى يېڭىدىن قۇرۇلغانىكەن، مەن ھەربىيلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش
ئۈچۈن جاي كۆرسىتىپ بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويغىنىمدا، ئۇلار:
«ھەربىيلەر قاچانلاردا يېتىپ كېلىدۇ؟» دەپ سورىدى. مەن: «يە-
نە ئۈچ ـ تۆت كۈندە ئالدى يېتىپ كېلىدۇ» دەپ جاۋاب بەردىم.
ئۇلار، بىز مۇزاكىرىلىشىپ ئەتە جاۋاب بەرسەك دېدى. مەن ئۇ-
زۇم بېرىپ بىر سارايغا ئورۇنلاشتىم. ئاندىن ناھىيە بازىرىنى
ئارىلاپ كۆردۈم. ناھىيىنىڭ بازىرى چوڭ ئەمەس، ئۈچ ئاچا يول
ئۈستىگىلا جايلاشقانىكەن. كورلىدىن بارىدىغان يول بازار ئوت-
تۇرىسىغا بارغاندا ئۈدۈلدىكى ئىمارەتكە تاقىشىدىكەن، ئوڭ قول-
غا بۇرۇلسا چەرچەن ۋە خوتەنگە، سول قولغا بۇرۇلسا بىز بارى-
دىغان دۈنخۇاڭغا بارىدىغان يول ئىكەن. بازىرى كىچىك بولۇپ،
كۆپرەكى ئىدارىلەر، بەزى ھاللىق تىجارەتچىلەر ئورۇنلاشقان-
كەن، قالغان دېھقانلار ناھىيە بازىرى ئەتراپىدىكى يېزىلارغا،
چارۋىچىلار تاغلار ۋە سۇلۇق جايلارغا ئورۇنلاشقانىكەن. دېھقان-
چىلىقتىن ئالغان ئاشلىقلىرى ئۆز خەلقىگە يېتىشمەيدىكەن. نا-
ھىيە خەلقى ئىچىدە كەمبەغەللىرى كۆپرەك بولۇپ، ئەرلىرى



كۆپىنچە تېرىدىن جۇۋا، ئاق ئۇزۇن تۇماق كىيىدىكەن. ئاياللى-
رىنىڭ بېشىغا كىيگەن تۇماق ياكى كەشتىلەنگەن يۇمىلاق گى-
لەم دوپپىسى ئۆزلىرىگە بەكمۇ يارىشىدىكەن. ئۈچىسىغا ئۇزۇن،
ئۆرە ياقىلىق، يۇقىرىسى تار، بەلدىن تۆۋىنى كەڭ ئېتەكلىك
پەلتو كىيىدىكەن. كوچىلىرىدا رەخت دۇكانلىرى ئاز بولۇپ،
ئۈششاق يايمىچى سودىگەرلەر كۆپرەك ئىكەن. ئاشخانىدىن بىر ـ
ئىككىسىلا بار بولۇپ، ئاشخانىدا تاماق يەيدىغان خەلق ئاز بول-
غانلىقتىن، سودىسىمۇ ياخشى بولمايدىكەن. چاقىلىق ناھىيىسى
بۇرۇنقى زامانلاردا يىپەك يولىغا جايلاشقانلىقتىن، ئۆز زامانى-
سىدە ئەڭ تەرەققىي تاپقان قەدىمىي شەھەرلەرنىڭ بىرى ئىكەن.
شۇنداق تۇرۇقلۇق، بۈگۈنكى كۈندە نامراتلىشىپ ئارقىدا قالغان
ناھىيىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالغان، بۇنىڭ سەۋەبى قاتناشنىڭ
ناچارلىقى بولسا، يەنە بىرى ئىستىبدات ياڭ زېڭشىن، جىن
شۇرېن ۋە شېڭ شىسەي، ما خۇسەن دەۋرلىرىدە خۇسۇسەن ما
خۇسەننىڭ دەۋرىدە ئالۋان ـ سېلىق، بۇلاڭ ـ تالاڭ كۆپ بول-
غان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، باشقا ناھىيە، شەھەردىن يىراق.
ئەتىسى ئىشقا چۈشكەندە ھاكىم ئىدارىسىگە بارسام، ئۇلار:
— ھازىرچە ھەربىيلەرنى ئورۇنلاشتۇرغۇدەك ئورۇن ياكى
دەڭ ـ سارايلارنىڭ تايىنى يوق بولۇۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاب بەر-
دى. مەن:
— سىلەر بىر ناھىيە تۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرالمىساڭلار، بۇ
قىش زىمىستاندا بىز نەگە ئورۇنلىشىمىز؟ ئۇنداق بولسا مەن
يېڭى نامىدىن دۇبەن مەھكىمىسىگە تېلېگراما بېرىمەن، — دې-
دىم. تاشيول ياسايدىغان ھەربىي ۋە خەلقنى ئورۇنلاشتۇرۇش
ھەققىدە ئۇلارغىمۇ دۇبەن مەھكىمىسى ۋە قاراشەھەر ۋىلايىتىدىن
بۇيرۇق ۋە يوليورۇق بار ئىدى. ئۇلار مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاپ،
پۈتى كۆيگەن توخۇدەك ئولتۇرالماي كەتتى. كەچقۇرۇن كېلىڭ،
دېگەن جاۋابنى بەردى. كەچقۇرۇن مەن يېتىپ بارغۇچىلىك نا-

ھېيلىك پىرقىنىڭ ئەمەلدارى ھەم شىيەنجاڭلىرى بولۇپ، ئۈچ ـ تۆت كىشى ئالدىمغا كېلىپ:

— ھۆكۈمەت، ناھىيىلىك پىرقە ۋە ئۆزىمىزنىڭ ساقچى، ھەربىيلىرىگە يېڭىدىن ئىمارەت سالغاندۇق. لېكىن دېرىزىلىرىگە ئەينەك سېلىنمىغان، قەغەز چاپلاپ ئولتۇرۇپ تۇرساڭلار، ئوت كېتىپ قالىدىغان ئەھۋاللاردىن ساق بولۇپ، ئاسراپ ئولتۇرساڭلار، — دېگەن شەرتلەرنى قويدى. مەن ئۇلارغا:

— بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىز تەربىيە كۆرگەن، ئىنتىزامچان كۈچلۈك ئەسكەرلەر، خەلقنىڭ ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى ئاسرايدۇ، بىز سىلەردىن ئۆينى قانداق تاپشۇرۇۋالغان بولساق، شۇنداق تاپشۇرۇپ بېرىمىز، — دېدىم.

ئۇلار «خو ـ خو» دېيىشىپ، ئەتىگەندە يېڭى سېلىنغان ئۆيلەرنىڭ ئاچقۇچلىرىنى ئەكېلىپ بەردى. بۇ يېڭى سېلىنغان ئۆيلەرنىڭ ئەتراپى ئېگىز تام بىلەن قورشاقلىق بولۇپ، ناھىيىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە يەنى كورلىدىن ناھىيە بازىرىغا كىرىدىغان يولغا سېلىنغانىكەن. بىزنىڭكىلەر يېتىپ كەلگەندىن كېيىن لىيەن شتابىنى ئوتتۇرىدىكى بىناغا، قالغان تۆت لىيەننى بىنانىڭ تۆت ئەتراپىدىكى ئۆيلەرگە مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ بولدۇق.

قاراشەھەر ۋىلايىتىگە تەۋە ناھىيىلەردىن يول ياسايدىغان خەلق ئارقىمۇئارقا، توپ ـ توپى بىلەن چاقىلىق ناھىيىسىگە كېلىشكە باشلىدى. 6 ـ يىڭنىڭ تەمىناتى ھەم ئۇلاغ ترانسپورتلىرىغا كېرەكلىك يەم ـ خەشەكلەرنى كورلىدىن يۆتكەپ كەلگەنلىكتىن، كارۋانلارنىڭمۇ ئالدى يېتىپ كېلىشكە باشلىدى. چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ كىچىك بازىرىدا يېمەكلىك يېتىشمەي، قەھەتچىلىك يۈز بەردى. ئاشلىق ئىدارىسى، سودا ماگىزىنى ئالدىلىرىدا قالايمىقانچىلىق، جېدەل ـ ماجىرالار ئەۋج ئېلىپ كەتتى. ماجىرانى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن ساقچىلارنى ئىشقا سالغان



بولسىمۇ، ئۈنۈم بەرمىدى. بۇ قالايمىقانچىلىقنى تىنچىتىش ئۈچۈن بىزنىڭ 6 ـ يىڭنىڭ ئەسكەر چىقىرىپ ياردەم قىلىشىمىزنى تەكلىپ قىلغاندا بىز بۇ ئىشقا ئارىلاشمايدىغانلىقىمىزنى ئېيتتۇق.

1940 ـ يىللىرىدا شىڭ شىسەينىڭ زۇلمىدىن قېچىپ قومۇل، باركۆل، ئالتاي، گۇچۇڭ ھەم ئۈرۈمچى نەنسەن تەرەپلەردىن قىسمەن قازاق چارۋىچىلار چاقىلىقنىڭ چىمەن تاغلىرىغا ئورۇنلاشقانىكەن. بۇلار تەخمىنەن 1000 ئۆيلۈكتىن جىقراق ئىكەن. بىز چاقىلىقتا تۇرغان كۈنلىرىمىزدە بۇ قازاق چارۋىچىلار چاقىلىق بازىرىدىن ئوزۇق ـ تۈلۈك ئېلىپ، يەنە تاغقا قايتىپ كېتىپ يۈرەتتى. بىزنىڭ چاقىلىققا جايلاشقانلىقىمىزدىن پايدىلىنىپ، چاقىلىققا بۇرۇن جايلاشقان ئاتلىق 40 ـ تۇەننىڭ مۇئاۋىن باشلىقى گۇ بىڭ (بىز بىلەن ساۋاقداش) بىرقانچە قوراللىق ئەسكەرنى ئېلىپ، چىمەن تېغىغا چىقىپ، قازاقلارنىڭ قوللىرىدىكى قورال ـ ياراغلارنى تاپشۇرۇپ بېرىش توغرۇلۇق ئۇلار بىلەن سۆھبەتلىشىپتۇ. قازاقلار قورال ـ ياراغ تاپشۇرۇش بۇياقتا تۇرسۇن چاقىلىقتىن چىققان مۇئاۋىن تۇەنجاڭ باشلىق كىشىلەرنىڭ قوراللىرىنى، مىنىپ چىققان ھەربىي ئاتلىرىنى، يەيدىغان تاماقلىرىنى تارتىۋېلىپ، ئۇلارنى ئۈچ كۈنگىچە باغلاپ قويۇپتۇ. بۇنىڭدىن كېيىن قورال تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلماسلىققا ھەم تاغدىكى قازاقلارنى ئاشلىق ۋە تۇرلۇك لازىمەتلىك نەرسىلەردىن قىسماسلىققا قاتتىق ۋەدە ئېلىپ قويۇپ بېرىپتۇ. گۇ بىڭ ھەمراھلىرى بىلەن راسا غادىيىپ چىقىپ، ھەممە نەرسىلىرىدىن ئايرىلىپ، مۈشۈك كۆرگەن چاشقاندەك شۈمشىيىپ قايتىپ كېلىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن قازاقلارنىڭ قېشىغا قورال تاپشۇرۇڭلار، دەپ كىشى چىقىرىش بۇ ياقتا تۇرسۇن، قازاقلار ئورۇنلاشقان تاغلارغا قاراپ قويۇشتىنمۇ قورقىدىغان بولۇپ قېلىپتۇ. ئاڭلىشىمىزغا قارىغاندا، ئازادلىقنىڭ

ئالدى ـ كەينىدە بۇ چارۋىچىلارنىڭ بىر قىسمى تۈركىيىگە قېچىپ كېتىپتۇ. بىر قىسمى چىڭخەيگە، ئۆز يۇرتى ئالتاي، قومۇل، باركۆلگە كېتىپتۇ. يەنە بىر قىسمى چىمەن تاغلىرىدا قېلىپتۇ.

ھاكىم ئىدارىسى ھەم 40 ـ تۈەنىنىڭ تۈەنجاڭى چىڭ جەن يۇقىرىقى ئەھۋاللارنى شىڭ شىسەيگە مەلۇم قىلىپ، تېلېگرامما بەرگەنىكەن، ئۇلار بىزنى چاقىلىق ناھىيىسىگە يۆتكەپ ئاپىرىپ قويغانلىقىغا پۇشايمان قىلىپتۇ. بىزنى چىمەن تېغىدىكى قازاقلار بىلەن بىرلىشىپ كېتىدۇ، دەپ گۇمان قىلىپ، يول ياساشنى توختىتىپ قويدى، خەلقنى دەرھال قايتۇرۇۋەتتى.

چاقىلىقتا بىزنى يول ياساتماي تۇرغۇزۇپ قويغان كۈنلەردە قۇربان يىڭجاڭ بىلەن 3 ـ لىيەنىنىڭ لىيەنجاڭى ئەيسا ئەمەت گەپ تالىشىپ، خېلى قاتتىق ئۇرۇشۇپ قالدى. بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ياتاقتا تاماق يەپ ئولتۇرسام، ئەيسا ئەمەتنىڭ كاتىپى ئوبۇلقاسىم توختى مېنى چاقىرغىلى كەپتۇ. مەن دەرھال يەيدىغان تاماقلىرىمنى ئېلىپلا ئەيسا ئەمەت لىيەنجاڭنىڭ قېشىغا كىردىم. ئەيسامۇ تەييارلىق قىلىپ قويۇپ ئولتۇرغانىكەن. مۇڭدىشىپ ئولتۇردۇق ۋە بىزنىڭ 6 ـ يىڭنىڭ مۇنىڭدىن كېيىنكى تەقدىرى نېمە بولاركىن، بۇرۇن بىز بىر ئاتلىق تۈەن ئىدۇق، مانا بىر يىڭ قالدۇق، ئاساسىي كۈچىمىز ئاجىزلاپ كېتىۋاتىدۇ، مىللىي قىسىملاردىن ئەمدى بىزلا قالدۇق. قۇربانجان كېلىپ، بىزنىمۇ قەشقەردىكى ئاتلىق 35 ـ تۈەندەك تارقىتىپ تاشلايدىغان بولدى، دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىشىپ تاكى يېرىم كېچىگىچە مۇڭداشتۇق. مەن ئەيسا لىيەنجاڭغا:

— سەن يىڭجاڭ بىلەن بىكاردىن ئېتىشىپ قالدىڭ، ھازىر بىز يول ئۈستىدە، كېيىن قانداق بولىدۇ، نەگە بېرىپ، نەدە توختايمىز. بۇنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، ھازىرچە جىم تۇرۇپ، كېيىن بىر ئېپىنى تېپىپ، ئاندىن ھەرىكەت قىلساق بولاتتى، — دېدىم.



ئەتىسى، ئاخشام قىلغان پاراڭلارنىڭ ھەممىسى قۇربان يىڭجاڭنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتىدۇ، بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس ئىدى. چۈنكى قۇربان يىڭجاڭ كېلىپلا ئۇزاق ئۆتمەي جەڭچى ـ ئوفىتسېرلارنى بىر ـ بىرىگە پايلاقچى قىلىپ قويغانىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىز مۇڭدىشىپ ئولتۇرغان ئەيسا لىيەنجاڭنىڭ ئىشخانىسىنىڭ دېرىزىلىرى قەغەز بىلەن چاپلانغانىدى. «كۈندۈزى گەپ قىلساڭ ئەتراپىڭغا باق، كېچىسى گەپ قىلساڭ قۇلاقنى قۇلاققا ياق» دېگەن تەمسىل ئەمەلىيەتتىن ئېلىنغان ئەمەسمۇ.

قۇربان يىڭجاڭ ماڭا:

— سىز سەنمۇ تۇرۇپ، شۇنداق ئەسكىلەر بىلەن بىللە يۈرسىڭىز توغرا بولامدۇ؟ — دېدى.

مەن ئۇنىڭغا:

— بىز بۇرۇن ساۋاقداش ئىدۇق، ھازىر بىر قىسىمدا تۇرۇۋاتساق، — دېدىم.

ئۇ ماڭا:

— شۇنداق بولسىمۇ ئۇنىڭدىن چەك ـ چېگرىنى ئاجرىتىڭ، ئۇ ئاز كۈندە قولغا ئېلىنىدۇ، — دېدى.

مەن شۇنداق قاتتىق سەسكىنىپ كەتتىم. بىز چاقىلىقتىن قايتىپ كورلىغا كېلىش ئالدىدا ئەيسا ئەمەتنى ماڭا قارشى چىقتىڭ، دېگەن باھانە بىلەن ساقچى ئارقىلىق پۇتىغا ئىشكەل سېلىپ، ئۇرۇمچىگە يوللاپ بەردى. قۇربان يىڭجاڭ ئوفىتسېرلاردىن بىرىنچى قېتىم ئەيسا ئەمەتنى قولغا ئالدۇرۇپ، غەلىبە قىلغانلىقىغا كۆرەڭلەپ يۈردى. ئەيسا ئەمەت قولغا ئېلىنىپ بىرەر ھەپتىدىن كېيىن چاقىلىقتىن كورلىغا قايتىپ كېتىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلدۇق.

# يەتتىنچى باب

## 6 ـ يىڭنىڭ تۇرپانغا بېرىشى ۋە ئاقىۋىتى

1943 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئاخشىمى مەمەتوف،
قۇربان يىڭجاڭ يىڭ بويىچە پۈتۈن ئەسكەرلەرنى يىغىپ، شىڭ
دۇبەنىنىڭ «تاشيول ياساش خىزمىتىنى توختىتىپ تۇرپانغا قايـ
تىپ كەلسۇن» دېگەن تېلېگراما بۇيرۇقىنى ئېلان قىلدى،
«قايتسۇن» دېگەن سۆزنى ئاڭلاش بىلەن بارلىق ئەسكەر ـ ئوـ
فىتسېرلار خۇشاللىقىدىن ئۇزاققىچە قىزغىن چاۋاك چېلىپ
كەتتى، بۇ يول ياساش ئازابىدىن قۇتۇلغانلىقى ئۈچۈن چېلىدـ
ىنىۋاتقان چاۋاكلار ئىدى. ئەسكەر ـ ئوفىتسېرلار ئۆز گازارمىدـ
لىرىغا قايتقاندىن كېيىن بۇ خۇشاللىق تېخىمۇ تەنتەنە تۇسىنى
ئالدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بېشىدىكى شەپكە، قولاقچىلىرىنى
ئاسمانغا ئاتسا، بەزىلىرى بىر ـ بىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ كەتـ
تى. ئاخشاملىرى جىمىپ كېتىدىغان ياتاقلاردا يېرىم كېچىگىچە
دۇتار، تەمبۇر، راۋابنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى كۆتۈرۈلدى. سازلارغا
تەڭكەش قىلىنغان قەشقەر، ئاتۇش ناخشىلىرى گازارمىنى بىرـ
ئالدى. ئۇلار بىر يېرىم يىل تەكلىماكان چۆللىرىدە تاشيول
قۇرۇلۇشىغا ئىشلىدى. خوتۇن، بالا ـ چاقىلىرى، ئاتا ـ ئانا ۋە
ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى قاراشەھەرنىڭ دەڭ ـ سارايلىرىدا قالدى،
بۇ جەرياندا بەزىلىرىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى، بەزىلىرىنىڭ پەرزەنتى
ياكى خوتۇنلىرى ئۆلۈپ كەتتى. بۇلارنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزىتىش



ئۈچۈن قاراشەھەرگە بارالمىدى. ھەتتا تۇرسۇن دېگەن جەڭچىدـ
ىمىزنىڭ ئۆلۈكىمۇ تەكلىماكاننىڭ ئىنسۇجىن يوق قۇملۇقىغا
دەپنە قىلىندى. توختىنىياز بەنجاڭدەك ساغلام، بېجىرىم كىشىدـ
لەر نىمجان بولۇپ ئائىلىسىگە قايتۇرۇلدى.
مۇشۇنداق ئېچىنىشلىق كۈنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئەسـ
كەر ـ ئوفىتسېرلار بۇ ئېغىر كۈنلەردىن قۇتۇلىدىغان «قايتـ
سۇن» دېگەن بۇيرۇقنى ئاڭلىغاندا نېمىشقا خۇشاللانمىسۇن!
يۇقىرىنىڭ «قايتسۇن» دېگەن بۇيرۇقىنى ئېلىپ قۇربان
يىڭجاڭ بىلەن 6 ـ يىڭنى چاقىلىق ناھىيىسىدىن كورلىغا قايـ
تۇرۇشتىكى قاتناش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ھاكىم
ئىدارىسىگە باردۇق. ئۇلار چاقىلىقتا قاتناش مەسىلىسىنى ھەل
قىلىش قىيىن بولغانلىقتىن باشقا ناھىيىلەردىن چاقىلىققا لەڭ
يۆتكەپ كەلگەن ھارۋا بىلەن يۆتكەشنى ئويلىشىۋاتقانلىقىنى
ئېيتتى. بىز شتابقا قايتىپ كېلىپ، قانداق قاتناش ۋاستىسى
تېپىلسا، شۇنىڭ بىلەن قايتۇرۇپ تۇرىدىغان بولدۇق.
دۇبەن مەھكىمىسىدىن بۇيرۇق كېلىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن
يولغا چىقماقچى بولۇپ تۇرغاندا، قۇربان يىڭجاڭ مېنى چاقىرـ
تىپ، كورلىغا بارغۇچە 3 ـ ليەننى قوشۇمچە باشقۇرۇپ تۇرۇشـ
نى ئۇقتۇردى ھەم 3 ـ ليەننىڭ ئەسكەرلىرىنى گازارمىغا يىدـ
غىپ: «سىلەر ئەيسا ئەمەتنىڭ خاتا رەھبەرلىكىدە بەڭۋاش بولۇپ
كەتتىڭلار. بۇنىڭدىن كېيىن قۇرۇق سۆزلەرنى ئاز قىلىڭلار.
كۆتۈڭلەرنى قىسىپ يۇقىرى نېمىدېگەن بولسا، شۇنىڭغا ئىتائەت
قىلىپ، ھەربىي ئىنتىزامنى چىڭ ساقلاپ جىم يۈرۈڭلار. بولـ
مىسا ئەيسا ئەمەتكە ئوخشاش بارىدىغان يەرگە سىلەرمۇ بارىسىدـ
لەر. بۈگۈندىن باشلاپ سوپى سەنمۇجاڭ سىلەرگە رەھبەرلىك
قىلىپ، كورلىغا ئېلىپ بارىدۇ» دەپ ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ «قىدـ
زىم ساڭا ئېيتاي، كېلىنىم سەن ئاڭلا» دەۋاتقانلىقىنى چۈشەندـ
دۇق. شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ ۋەزىپەم ئېغىرلاشتى. مەن ھاكىم

ئىدارىسىگە تولا بارغانلىقىم ئۈچۈن كۈچالىق مەمەتنىياز قارىي
دېگەن كارۋان باشلىقى بىلەن تونۇشۇپ قالغانىدىم. ھەر قېتىم
ھاكىم ئىدارىسىگە بارغىنىمدا ئۇلارنىڭ تۆگە كارۋىنى باشلىق-
لىرىنى يىغىپ ئاشلىقنى مىرەنگە ئېلىپ بارىسىلەر دەپ
زورلاۋاتقانلىقىنى كۆرەتتىم. شۇ كۈنى كۈچالىق مەمەتنىياز قا-
ريي ئاشلىقنى كۈچادىن ئەكەلگەنىكەن. مەن 3 - ليەننى ئېلىپ
ئالدىدا ماڭىدىغانلىقىم ئۈچۈن كارۋان باشلىقى مەمەتنىياز قا-
رىيدىن:

— قانچىلىك تۆگىلىرى بار؟ — دەپ سورىدىم. ئۇ:

— 55 تۆگىمىز بار، بەش تۆگىگە ئۆزىمىزنىڭ يېمەك -
ئىچمەك، ئوت - چۆپ، قازان - قومۇچلىرىمىزنى ئارتىمىز.
قالغان 50 تۆگىگە يۈك ئارتىمىز، — دېدى ئۇ راستىنى ئېيە-
تىپ. مەن:

— بىر تۆگىگە ئۈچتىن كىشى مىنىشكە بولامدۇ؟ — دەپ
سورىدىم ئۇنىڭدىن. ئۇ:

— بىزنىڭ تۆگىگە ھازىرغا قەدەر بىرەر ئادەم مىنىپ باققان
ئەمەس، ئىككىسى مىنسە ئىلاجىنى قىلارمىز.

— بىز ئۆزلىرىنى تۆگىلەر بىلەن بىزنى كورلىغا ئەكەتسە
دەۋاتىمىز، قانداق بولار؟

— ئۇكام، — دېدى ئۇ، — سىلەر بىزنى ئالۋاندىن قوتۇلدۇ-
رۇپ قويساڭلار، يەنە بىر ھەمراھىمىزنىڭ 20 تۆگىسى بار، ئۇ-
نىمۇ بىرگە ئەكېتىشكە ياردەم قىلىمەن. جەڭچى باللارنى بىر-
دەممۇ پىيادە قويماي سالامەت كورلىغا ئېلىپ بارىمىز، — دېدى
كارۋان باشلىقى مەمەتنىياز قارىي.

— ئۇنداق بولسا 20 تۆگىسى بار كىشىنىمۇ بىرگە ئېلىپ،
بىزنىڭ ئەسكەرلەر تۇرغان گازارمىغا بارسىلا، قالغان گەپ -
سۆزلەرنى شتابتا سۆزلىشەيلى، — دەپ گازارمىغا قايتىپ كەت-
تىم.



چۈشتىن كېيىن كارۋانلار يېتىپ كەلدى. 85 تۆگە ھەل بو-
لۇپتۇ. جاڭگالغا باققىلى كەتكەن يېرىدىن قايتۇرۇپ كېلىشكە
كىشى ئەۋەتىلىپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، — دېدىم مەن، — تۆگىلەرنى جاڭگالدىن
ھەيدەپ كېلىشىگىلا بىزگە خەۋەر قىلىپ يۈك - تاقىنى ئارتىپ
تەييار بولۇشسىلا، كەچقۇرۇن قوراللىق ئەسكەر بېرىپ ھەممە-
لىرىنى قايتۇرۇپ كېلىدۇ، چۈنكى ھاكىم ئىدارىسىدىكى يايلار
قوراللىق ئەسكەرلەر ھەيدەپ ماڭغانلىقىنى كۆرسە نەگە بارىسى-
لەرمۇ دېيەلمەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن مىرەنگە لەڭ توشۇشتىن قۇتۇ-
لىسىلەر.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ كارۋان باشلىقلىرى ئىنتايىن خۇشال بو-
لۇپ كەتتى. كورلىغا ماڭىدىغان يولنىڭ بويىدا بىر چوڭ قورغان
بولۇپ، تۆگە، ئات - ئېشەكلەرنىڭ ھەممىسىنى بىر كۈن بۇرۇن
سولاپ قويۇپ دەرۋازىغا پوست قويدۇق. ھاكىم ئىدارىسىنىڭ يا-
يىلىرى كېلىپ ئەكەتمەكچى بولسىمۇ، پوستتا تۇرغان ئەسكەر-
لەر يېقىن كەلتۈرمىدى. پىكرىڭلار بولسا يېڭى شتابى بىلەن
سۆزلىشىڭلار دەپ قايتۇرۇۋەتتى.

12 - ئاينىڭ 5 - كۈنى چۈشلۈك تاماقنى يەپ بولۇپلا يولغا
چىقتۇق. بۇ بىزنىڭ 6 - پىيادە يېڭى ئەسكەرلىرىنىڭ بىرىنچى
قېتىم تۆگە مىنىشى ئىكەن، بەزىلەر قورقۇپراق مىندى. چاقىد-
لىقتىن كورلىغا قاراپ كېتىۋاتساق، يول بويى ئېشەك، تۆگە،
كالا، ئات قاتارلىق ھايۋان ئۆلۈكلىرى ۋە سۇنغان ھارۋىلار
ئۇچراپ تۇردى. چېچىلىپ ياتقان ئاشلىقلارنى يەيدىغان قاغا -
قوزغۇنلارمۇ كۆرۈنمەيدۇ، ئۆلۈپ كەتكەن ھايۋانلارنىڭ كۆپلۈكى
كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ھەتتا يول بويىدا ئۆلگەن ئادەملەرنى
چامغۇر كۆمگەندەك كۆمۈپ قويۇپتۇ، قانداق كىشى، قايسى مىل-
لەتتىن ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ. تىكەنلىككە ئىككى كى-
لومېتىردەك قالغان يەردە بىر ئۆلۈكنى كۆمۈپ، بېشىغا ھاسا

تايىقىنى سانجىپ، كىرلىشىپ كەتكەن ئىنچىكە ئاق بەلۋېغىنى باغلاپ، ئاناردەك قىپقىزىل قىزىرىپ كەتكەن كىچىكرەك قاپىقىنى ئېسىپ قويۇپتۇ. پوتىسى بىلەن قاپاق شامالدا لىڭشىپ تۇرىدۇ، هاسا تايىقىغا قارىغاندا قېرى كىشى، قاپاق هەم كىرلىشىپ كەتكەن ئاق تېرە تۇمىقىغا قارىغاندا ئۇيغۇر ئوخشايدۇ دەپ هۆكۈم قىلىش مۇمكىن.

چاقىلىقتىن چىقىپ بىرنەچچە كۈن يول يۈرۈپ كورلىغا يېتىپ كەلدۇق. هاكىم ئىدارىسىگە بېرىپلا پىيادە 6 ـ يىڭنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلدىم. ئۇلار ئالدىدا كەلگەنلەرنى ئورۇنلاشتۇردى. ئارقىمىزدىن يېتىپ كەلگەن قىسىملارمۇ بەلگىلەنگەن دەڭ ـ سارايلارغا چۈشتى.

كورلىدا ئالدى ـ كەينىمىز بولۇپ يېرىم ئايدەك تۇرۇپ قالدۇق، شۇ ئارىدا قۇربان يىڭجاڭ ئويۇن قويماقچى بولۇپ سەنئەتچىلەرنى ئېلىپ قاراشەهەرگە ئەكەتتى. بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپلا ئۆزىنىڭ ئايالىنىڭ هاكى قۇربان بىلەن چاتاق چىقارغانلىقىنى بىلىپ قېلىپ، ئويۇن قويۇشنى توختىتىپ، قايتىپ كېلىپ خوتۇنىنى قويۇۋەتتى. بۇ ئىش كورلىغا پۇر كەتتى.

قۇربان يىڭجاڭنى دۇبەن مەهكىمىسى، قاراشەهەرگە نېمە ئۈچۈن رۇخسەتسىز باردىڭ؟ دەپ تەنقىد قىلدى. قۇربان يىڭجاڭنىڭ قاراشەهەرگە بارغانلىقى توغرىسىدا قاراشەهەردىكى 16 ـ ئاتلىق تۇەننىڭ تۇەنجاڭى دۇبەن مەهكىمىسىگە تېلېگرامما بەرگەنىكەن، بۇ ئىشنىڭ دەردىنى قۇربان يىڭجاڭ خېلى ۋاقىتقىچە تارتتى. مەن 3 ـ لىيەننى باشلاپ 6 ـ پىيادە يىڭ چۈشىدىغان جاي راسلاش ئۈچۈن قاراشەهەرگە نامازشام بىلەن يولغا چىقتىم. كورلىدىن قاراشەهەرگە بارغۇچىلىك قاتناش يوق بولغاچقا، قىشنىڭ ئاچچىق سوغۇقىدا 54 كىلومېتىر يولنى پىيادە بېسىپ تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەن قاراشەهەرگە يېتىپ كەلدۇق، بىز قاراشەهەرنىڭ جەندى، يەنى دەريا بويىدىكى خوچۇلۇق دېگەن



مەهەللىسىگە كىرىشىمىز بىلەن ئەسكەرلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى قىيا ـ چىيا، يىغا ـ زار بىلەن يۈگۈرۈشۈپ ئالدىمىزغا چىقتى. ئۇلار بىلەن ئۇزاق ۋاقىت ئايرىلىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن خۇددى هەرەمدىن كەلگەن كىشىلەر بىلەن كۆرۈشكەندەك قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ كەتتى. بۇلارغا قاراپ مېنىڭمۇ كۆزۈمدىن ياش تۆكۈلۈپ كەتتى، كۆرۈشۈش بىرەر سائەتكە يېقىن داۋاملاشتى. مەن هاكىم ئىدارىسىگە بېرىپ: «بىزنىڭ 6 ـ پىيادە يىڭىمىز كېلىۋاتىدۇ، ئۇلارنى ئورۇنلاشتۇرىدىغان جاي كۆرسىتىپ بەرسەڭلار» دېدىم. ئۇلارنىڭمۇ بىزنىڭ كېلىدىغانلىقىمىزدىن خەۋىرى بار ئىكەن، شۇ كۈنىلا جاي كۆرسىتىپ بەردى. لېكىن، ئۇلارنىڭ بىزگە ئىشەنمەسلىكى تۈگىمەپتۇ. بىزنىڭ كېلىشىمىز بىلەن قاراشەهەردىكى ئاتلىق 16 ـ تۇەن هەربىي هالەتكە كېلىپ، چارلاش ئىشلىرىنى كۈچەيتتى، كوچىلاردا ئاتلىق، قوراللىق كۈچلەر بىر بەندىن، بىر بەندىن چىقىپ چارلايدىغان بولۇپ قالدى.

ئارقىمىزدىكى قىسىملارمۇ بىر سوتكىدىن كېيىن ئارقىمۇئارقا بىر كۈن ئارىلىق تاشلاپ ياياق يېتىپ كەلدى. بىزنى تۇرپانغا يۆتكەشنىڭ قاتناش مەسىلىسى هەل بولغۇچە قاراشەهەردە تۇرۇپ قالدۇق. بىر كۈنى بىر ئەسكەر 3 ـ پەيدىكى قادىر پەيجاڭنىڭ قاراشەهەر ساقچى ئىدارىسىدىكى چوڭئاخۇن دېگەن شۇڭگەن تەرىپىدىن قامالغانلىقىنى ماڭا خەۋەر قىلدى، مەن قۇربان يىڭجاڭنىڭ پىكرى بويىچە ساقچى ئىدارىسىگە بېرىپ چوڭئاخۇن دېگەن شۇڭگەن بىلەن كۆرۈشتۈم، ئۇنىڭ نېمە جىنايەت بىلەن سولانغانلىقىنى سورىدىم. شۇڭگەننىڭ دېيىشىچە، قادىر: «ئاقسۇغا كەلسەك ساقچىلار پۇقراچە كىيىنىۋېلىپ، ئارقىمىزغا كىرىۋالدى. يول ماڭساق، لىيەنگە ساقچى ئىشپىيونلىرىنى قوشۇپ بىرگە ماڭدۇردى. قاراشەهەرگە كەلسەك چوڭئاخۇن دېگەن ئىشپىيون بىزگە قادىلىدىغان قارا تىكەن بولدى. بىز نەگە

بارساق ساقچىلارنىڭ ئىشپىيونلىرىدىن قۇتۇلالمايدىغان بولدۇق. ئۇلارنىڭ دەردىدىن كۈن كەچۈرۈش تەس بولدى» دېگەنىكەن، شۇئانلا قولغا ئېلىپ قاماپ قويۇپتۇ. مەن شۇنگەنگە:

— گەپ - سۆزدە خاتالىقى بولسا بىز ئېلىپ بېرىپ تەربىيە بېرەيلى، — دېسەم، ئۇ ئۇنىمىدى ھەم پوزىتسىيىسى ئىنتايىن قاتتىق بولدى.

مەنمۇ ئۇنىڭ پوزىتسىيىسىگە قاراپ، قوپاللىق بىلەن:

— ساقچىلاردا ھەربىيلەرنى قاماش ھەققىدە يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى بارمۇ؟ بولسا كۆرسىتىڭلار، سىلەر خالىغانچە قولغا ئالىدىغان پۇقرا ئەمەسقۇ؟ قولغا ئالىدىغان يېرى بولسا ئاۋۋال بىزنىڭ ھەربىي شتابقا دەپ، بىز قوشۇلغاندىن كېيىن بىر تەرەپ قىلمامسىلەر، بىزگە دېمەستىن نېمە ئۈچۈن قولغا ئالىسىلەر؟ — دەپ قاتتىق تەگدىم.

مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاپ چوڭئاخۇن تەمتىرەپ قالدى، مەن يەنە نېمە دەركىن دەپ كۆزىگە قادىلىپ جىم تۇردۇم. ئۇ تاماكا ئېلىپ چەكتى، ماڭىمۇ سۇندى، مەن: «رەھمەت، چەكمەيمەن» دېدىم. ئۇ دەرھال تالادىن ئالاقچىنى چاقىرىپ، ئەتىگەن ئەكەلگەن ئەسكەرنى ئاچىق دەپ بۇيرۇق بەردى، ئۇلار قادىرنى ماڭا قوشۇپ بېرىپ چوڭ دەرۋازىغىچىلىك ئۇزىتىپ چىقتى، مەن رەھمەت ئېيتىپ قايتتىم. يولدا كېتىۋېتىپ:

— سىز نېمە ئۇنداق ئاغزىڭىزنى ئىتتىك قىلىسىز. قۇربان يىڭجاڭ سىلەرگە قىلغان سۆزلەرنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟ مۇنىڭدىن كېيىن مۇنداق گەپلەرنى كۆرگەنلا يەردە قىلىپ يۈرمەڭ، — دەپ، ئۇنى تەنقىدلىدىم.

قاراشەھەردە بىر - ئىككى ھەپتە تۇرغاندىن كېيىن، تۇرپانغا مېڭىشقا جىددىي تەييارلىق قىلدۇق. بىزنىڭ يىڭنى يۆتكەشتىكى قاتناش ئىشلىرى قاراشەھەردىمۇ يەنىلا دېھقانلارغا يۈكلەندى. بىر كۈنى ئۇرۇمچىدىن مېنى گومىنداڭنىڭ ئۇرۇمچىدە ئېچىل-



غان جۇنشۇنتۇەن (ھەربىي، سىياسىي، مەمۇرىي كۇرس) گە ئوقۇشقا كەلسۇن دەپ لىيەن شتابىغا تېلېگرامما كەلدى، شۇنىڭ بىلەن باشقا ئىشلىرىمنى تېگىشلىك كىشىلەرگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ تەييارلىق قىلىۋاتسام، قۇربان يىڭجاڭ كېلىپ 3 - لىيەننى تۇرپانغا ئېلىپ بېرىپ مۇئاۋىن يىڭجاڭ ئابدۇقادىرغا تاپشۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن ئوقۇشقا ماڭسىڭىز، دەپ تاپشۇردى.

مەن 3 - لىيەننى باشلاپ قاراشەھەردىن تۇرپانغا يولغا چىقىش ئالدىدا قۇربان يىڭجاڭ بىلەن بىزنىڭ قورالىمىزنى سوراپ ئېلىشقا 16 - ئاتلىق تۇەنگە باردىم. ئۇلار بىزگە: «سىلەر خاتىرجەم بولۇڭلار، ئارقاڭلاردىن تۇرپانغا يەتكۈزۈپ بېرىمىز. سىلەر ئېلىپ ماڭساڭلار ئۆزۈڭلەرگە جاپا» دېگەن چىرايلىق سۆز بىلەن بۆكىمىزگە قۇرۇق جىگدە سېلىپ قايتۇردى. بۇ ئىش بىزگە ناھايىتى ئېغىر كەلدى. ئارمىيە ئۈچۈن ئېيتقاندا، قورالدىن ئايرىلىش دېگەن سۆز، جاندىن ئايرىلدى دېگەن سۆز. بەزى ئەسكەرلەر كېلىپ: «ئۆز قوراللىرىمىزنى نېمىشقا بەرمەيدۇ، سىلەر نېمىشقا تەلەپ قىلىپ ئالمايسىلەر» دەپ قۇلاق - مېڭىمىزنى يەپ كەتتى. قوراللىرىمىز ھەقىقەتەن يېڭى قوراللار ئىدى. ئىلاج قانچە، ئەسكەرلەرنىڭ كۆڭلىنى ياساپ، ھەممەيلەن «ھەسەن يالىڭاچ» بولۇپ يولغا چىقتۇق. 3 - لىيەن بەش كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ، ئاران تۇرپانغا يېتىپ كەلدۇق.

تۇرپاندا مۇئاۋىن يىڭجاڭ ئابدۇقادىر تۇردىيوف تۇرپانغا بالدۇر كېلىپ، گازارمىلارنى تەييارلاپ كۈتۈپ تۇرغانىكەن. بىزنىڭ 6 - يىڭ ئالدى - كەينى بولۇپ، 15 — 20 كۈندە تۇرپانغا كېلىپ ئورۇنلىشىپ بولدى. تۇرپانغا يېتىپ كېلىشىمىز بىلەن تۇرپان خەلقى بىزنىڭ قورالسىز ۋە بالا - چاقىلىرىمىز بىلەن كەلگەنلىكىمىزنى كۆرۈپ «ئالتايچىلار كەپتۇ» دەپ ھەيران قېلىشتى.

# «ئالتايچى» ياشلار

تۇرپان خەلقىنىڭ ئالتايچىلار يەنە كەپتۇ دېيىشكە ئاساسى بار ئىدى. چۈنكى بىزنى بۇرۇن جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئالتايدا «ئالتۇن كولايدۇ» دەپ يۆتكەپ كەلگەن نۇرغۇن ئۇيغۇر ياشلىرىغا ئوخشاتقانىدى. چۈنكى بىز كورلىدىن قورالسىز كەلگەنىدۇق. پەرقىمىز شۇكى، بىز ھەربىي تەلىم ئالغان «ئالتايچىلار» ئىدۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بالا ـ چاقا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمىزنى بىللە ئەكەلگەنىدۇق. قەشقەردىن ئاچىققان «ئالتايچى» ياشلارنىڭ كۆپچىلىكى بوز يىگىتلەر ئىدى. بۇرۇندىن تارتىپ ئەسكەرلىككە ياكى ھاشارغا تۇتۇلغانلار قايتىپ كېلەلمىگەنىدى. كەلگەندىمۇ ئاز بىر قىسمىلا ئۆيىگە قايتىپ كېلەلىگەنىدى. قەشقەر خەلقى: «ئوتتۇز ئىككى مىڭ يەكەنلىك، ئون ئالتە مىڭ قەشقەرلىق، تاپقان بالاڭ پاشالىق» دەپ بىكار ئېيتمىغان. شۇڭا، ھۆكۈمەت ئەسكەرلىككە ئالىدىغانلارنى ئالتەئايلىق سۈرۈك بىلەن ئالتۇن كانىغا ئالتۇن كولىغىلى بارىدۇ، دېگەن يالغان سۆز بىلەن ئالداپ ھەربىي سەپكە قوبۇل قىلغان. بۇ ۋاقىتتا مەن قەشقەردە پىيادە 6 ـ يېڭىنىڭ سەنمۇجاڭى ئىدىم. شۇ مەزگىلدە بەزى تونۇش ـ بىلىشلەردىن: «بىزنىڭ بالىلىرىمىز ئالتۇن كانىغا بېرىپ بىزگە پۇل تېپىپ كەلگۈچە قۇيرۇقىمىزنى قۇم باسىدۇ. شۇڭا، بالىلىرىمىزنى سىلەرنىڭ قىسمىغلا ئۆتكۈزۈۋالساڭلار، خاتىرجەم بولاتتۇق» دەپ كەلگۈچىلەر كۆپ بولغان. بىراق مەن: «بىزگە ئەسكەر قوبۇل قىلىش بۇيرۇقى يوق، ئۆز مەيلىمىزچە ئەسكەر ئالالمايمىز. ئەسكەرنى رۇخسەتسىز ئالساق، ئۇلارنىڭ كېيىم ـ كېچەك، تەمىناتلىرىنى قانداق ھەل قىلىمىز» دەپ جاۋاب بېرىپ قايتۇرغانىدىم.

ئۇلار قەشقەر رايونىدىن 1800 نەپەر ياشنى ئەسكەرلىككە ئالغاندىن سىرت، خوتەن، يەكەن، قاغىلىق، ئاقسۇ، كۇچا، قاراشەھەر، تۇرپان، توقسۇن، پىچانىدىنمۇ ئالدى. ئۇلارنى شەھەرلەرگە يىغىپ يەنە بىر شەھەرگىچە ئېشەك بىلەن، بەزى شەھەرلەردە كالا ھارۋىلىرى بىلەن ئۈرۈمچىگە ئېلىپ ماڭدى. قاتناش قوراللىرىنىڭ ناچارلىقى، يولنىڭ ئۇزۇنلۇقى، قونالغۇلاردا سارايلارنىڭ يېتىشمەسلىكى، تۇرمۇشنىڭ قىيىنچىلىقى يۇرتلىرىدىن ئايرىلىپ باقمىغان بالىلارنى ئېغىر كۈنلەرگە سالدى. يول ئازابىدىن بىر قىسمى ئاغرىپ ئۆلۈپ كەتتى، ئېلىپ ماڭغان تاش يۈرەك لويى ـ ئەمەلدارلار ئۆلگەن ياشلارنى چۆللەردە تاشلاپ كېتىۋەردى. گۆرگىمۇ مۇيەسسەر بولالمىدى.



شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى جەنۇبىي شىنجاڭدىن نېمە ئۈچۈن بىر ۋاقىتتا مۇنچە كۆپ ئەسكەر ئالدۇ ھەم ئالدامچىلىق قىلدۇ؟ 1941 ـ ، 1942 ـ يىللىرى ئالتايدىكى قازاق خەلقى شېڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى قوزغالدى. كېيىن بۇ ئىش كېڭىيىپ باندىتلىق ھەرىكىتىگە ئايلىنىپ كەتتى. ھۆكۈمەتنى نۇرغۇن چىقىمغا ئۇچراتتى. ئۇلارنىڭ ئىشغال قىلغان جايلىرى پۈتۈن ئالتاي رايونى، گۈچۈڭ، باركۆل، مورى، فۇكاڭ، جىمىسار ئەتراپلىرىغا كېڭىيىپ، شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنى چەمبىرەكسىمان يۆگەپ ئالدىرىتىپ قويىدى.

شېڭ شىسەي مۇشۇنداق شارائىتتا بىر چالما بىلەن ئىككى پاختەكنى سوقۇش ھىيلىسىنى قوللاندى. گەرچە جەنۇبىي شىنجاڭدا تۈرلۈك قوزغىلاڭلار تىنچىتىلغان بولسىمۇ، ئۇ تېخىچە خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. بىر تۈركۈم ياشلارنى ئالتاي فرونتىدا يەم قىلىپ، يەرلىك خەلقنىڭ ئۆز مېيى بىلەن ئۆز گۆشىنى قورۇسا، ئۆزىنىڭ ئاساسلىق كۈچىنى ساقلاپ قېلىپ ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىگىلى بولاتتى. شۇڭا ئۇ: «ئالتۇن كولاشقا بارىدۇ» دېگەن چىرايلىق سۆز بىلەن 2000دىن ئارتۇق ياشنى ئەسكەرلىككە تۇتتى. جەنۇبىي شىنجاڭدىن يۆتكەپ كېلىنگەن «ئالتايچىلار» (بالا ئەسكەرلەر)نىڭ بىرىنچى تۈركۈمدىكىلىرىگە

ئۈرۈمچىگە كېلىش بىلەن بىرقۇر قومۇش كۆلىدە بويالغان كۆك ماتا كىيىم كىيدۈرۈپ، قوللىرىغا كونا مىلتىقلارنى بېرىپ، ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە بەرمەستىنلا، ئالدىراپ ـ تېنەپ ئالتايغا ئەكەتتى، يەنە بىر تۈركۈمگە ئاز ـ تولا ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە بېرىپ، شىڭ شىسەينىڭ ئىشەنچلىك كوماندىرلىرىنىڭ بىرى جاڭ يىڭجاڭنىڭ قىسمىغا قوشۇپ، سارىتوقاي، داپسۈن، بەيتىك، قاپتىق تاغلىرى[1]دىكى ئۇرۇشقا قاتناشتۇردى.

جاڭ يىڭجاڭغا تەقسىم قىلىنغان ياشلار خىل ھەم قابىل، بەستلىك ياشلار ئىدى. 1943 ـ ، 1944 ـ يىللىرى جاڭ يىڭجاڭ مۇشۇ قىسىم بىلەن نام چىقاردى. بۇلارنىڭ مۇنداق نام چىقىرىشى ئۇرۇشلاردا گومىنداڭ ئوفىتسېرلىرى ئەسكەرلەرنىڭ ئارقىدىن قورال تەڭلەپ ئالدىغا ھەيدىگەن، ئارقىغا قاراپ چېكىنسە، ئاتقان. شۇنىڭ بىلەن جەڭچىلەر ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە قارىماي ھۇجۇم قىلىپ، باندىتلارنىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ بېرىپ، ئۇلارنى تىرىك تۇتۇپ قوراللىرىنى تارتىۋالغان. شۇڭا باندىتلار، جاڭ يىڭجاڭ ئەسكەرلىرى بار يەردە ئانچە قارشىلىق قىلمايدىغان بولۇپ قالغان، بۇ سوقۇشلاردا ياش ئەسكەرلەر كۆپ قىرىلىپ كەتكەن.

«ئالتايچىلار» نىڭ يەنە بىر قىسمى بىلەن شىڭ شىسەينىڭ ئاتاقلىق ئاتلىق 4 ـ تۈەنىنى تولۇقلاپ سارسۇمبىنى ساقلاشقا ئورۇنلاشتۇردى، مەزكۇر ياشلارنىڭ كۆپرەكى ئالتاي فرونتىنى بويلاپ بىرنەچچە يىللار ئۇرۇش قىلىپ، دۈشمەن ئوقلىرىغا يەم بولۇپ، ئۆلۈكلىرى ئالتاينىڭ تاغ ۋە چۆللىرىدە قالدى. مەزكۇر تۈەندە قالغان بىر قىسمى 1945 ـ يىلى 8 ـ ، 9 ـ ئايلاردا سابىق مىللىي ئارمىيە ئالتاينى ئازاد قىلىش مەزگىلىدە مىللىي ئارمىيىنىڭ ھۇجۇمىغا چىداشلىق بېرەلمەي قېچىپ، موڭغۇلىيە چېگرىسىغا پاناھ تىلەپ بارغاندا، موڭغۇلىيە ھاكىمىيىتى

① قاپتىق تاغلىرى ــ ئالتايدىكى تاغلارنىڭ ئىسمى.



روخسەت قىلمىغاچقا، قايتىپ مىللىي ئارمىيىگە قوشۇلۇپ كەتتى. يەنە بىر قىسىم ياشلارنى شىڭ شىسەي ئاتاقلىق ماتورلاشقان تۈەنگە قوشۇپ شىخو، چىپەيزى رايونلىرىدا تۇرغۇزدى. 1945 ـ يىلى بىز شىخو، مايتاغدىن قوراللىق قوزغىلىپ چىققاندا، چىپەيزى، ئۇلانبۇلاق ئەتراپلىرىدا ئالدىمىزنى توسۇپ بىز بىلەن ئۇرۇشقان، كېيىن ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسى شىخونى ئازاد قىلىش جېڭىدە شىخونى مۇداپىئە قىلىپ قاتتىق قارشىلىق قىلغانلار ئەنە شۇ ئاتلىق 1 ـ تۈەننىڭ ئادەملىرى ئىدى.

توقسۇن، تۇرپان، پىچاندىن ئەسكەرلىككە ئېلىنغانلار گومىنداڭنىڭ پىيادىلەر تۈەنگە قوشۇۋېتىلدى. كېيىن ئۈچ ۋىلايەت پارتىزانلىرى بىلەن ھەرەمباغدىكى ئۇرۇشتا ئۇلارنىڭ ئۆلگەنلىرى ئۆلۈپ، قالغانلىرى مىللىي ئارمىيە پارتىزانلىرىغا تەسلىم بولدى.

«ئالتايچىلار» دىن 600 دەك ياش لومەنچىڭدىكى گومىنداڭ پىيادە شىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، لومەنچىڭ ھازىرقى يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئورنىدا بولۇپ، ئازادلىقتىن بۇرۇن بۇ يەر سېپىل بىلەن ئورالغان دەرۋازىلىق قورغان ئىدى. بىزنىڭ سابىق 6 ـ يىڭدىن بەزى ئوفىتسېرلار لومەنچىڭغا بۆلۈنگەنىدى. مەن شۇ يىللىرى ئۈرۈمچى گارنىزونىدا خىزمەت قىلغانلىقىمدىن 10 ــ 15 كۈندە بىر چىقىپ تۇراتتىم. شۇڭا، بۇ ياشلارنىڭ ئېچىنىشلىق كۈنلىرىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنىدىم.

لومەنچىڭدىكى «ئالتايچى» ياشلارغا بىر مەزگىل ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە بەرگەندىن كېيىن، قول ئورنىدا ئىشلەتتى. كېسەك قۇيدۇرۇپ، سېپىلنىڭ سوقما تاملىرىنى رېمونت قىلدۇرۇپ، گازارما، ئۇرۇش پوتەيلىرىنى ياساتتى. بۇ ئىشلارنى ئاز دەپ خۇمدانچىلىققا سالدى. خۇمدانغا قالاش ئۈچۈن بىچارە «ئالتايچى» ياشلارغا بىردىن ئارغامچا بېرىپ پىيادە ھەيدەپ يۇرۇپ ۋۇگۇڭ، تۇگۇڭ ۋە ئۇلانباي ئورمانلىقلىرىدىن ئوتۇن توشۇتتى.

بۇ خىل ئىزىلىشكە قارشى چىققانلارنى تۈرمىلەرگە سولىدى،
ئۇنىڭدىن بەكرەك قارشىلىق قىلغانلارنى جادىغا بىسىپ ئۆلتۈ-
رۈپ ئۆزلىرى كىسەك قۇيۇش ئۈچۈن كولىغان ئورۇنغا كۆمدى،
بەزىلىرىنى تىرىك كۆمۈۋەتتى. ئىشنىڭ ئىغىرلىقىغا قارىماي،
تۈرمۈش شارائىتى ناچار ئىدى. ئوزۇقلىنىش ناچار بولغانلىق-
تىن، نۇرغۇن ياشلار كۆپتەك ئىششىپ ئورنىدىن تۇرالماي قال-
دى. تازىلىقى ناچارلىشىپ پىت بىسىپ، كىزىك كىسىلى تارقى-
لىپ، بىر قىسمى ئاغرىپ ئۆلدى. ئۇلارنى سەۋزە كۆمگەندەك
بىرقۇرلا تويا تاشلاپ كۆمۈپ قويغاچقا، ئىتلارغا ئوزۇق بولدى.
ئادەم گۆشى يەپ ئۆگەنگەن ئىتلار غالجىرلىشىپ كوچىلاردا كى-
تىۋاتقان ئادەملەرگىمۇ ئىسىلىدىغان بولۇپ قالدى.
ئۇزاق ئۆتمەي ئاغرىقلارنىڭ سانى 200 دىن ئىشىپ كەتتى.
گومىنداڭ ھەربىيلىرى ئىلاج قىلالماي، ئاغرىقى قاتتىقلارنى
ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ قارىشىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. ئۇيغۇر ئۇ-
يۇشمىسى بۇلارنى لومەنچىڭدىن ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىچىگە
يۆتكەپ، بىرنەچچە ئاي ياخشى باقتى. سۇنايچى ئابدۇگۇل قاتار-
لىق كىشىلەر كىچە - كۈندۈز ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدى.
ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدىكى ئىنسانپەرۋەر كىشىلەر بىرقانچە ئاي
خەۋەر ئىلىپ باققاندىن كىيىن، كىسەللەر خىلى ساقىيىپ قال-
دى. ئۆلگەنلەر تىرىلمەيدۇغۇ! ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە قانداق ئارزۇ -
ئارمانلىرى بولغىيتتى. ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانا، قىرىنداش، ئۇرۇق -
تۇغقانلىرى قەيەرلەردە قالدى؟ يىراق، ناھايىتى يىراق بولغان
شىنجاڭنىڭ شەھەر - قىشلاق، يىزىلىرىدا قالدى. ئۇلارنىڭ ئۇ-
رۇق - تۇغقان، قوۋم - قىرىنداشلىرى بۇ ياشلارنىڭ مۇنداق
ئىچىنىشلىق ئەھۋاللارغا گىرىپتار بولغانلىقىنى بىلەمدۇ؟ بەلكى
ئۇلار گومىنداڭغا ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇپ قالغانلىقىنى بىلمەي،
«ئالتۇن كان»دا ئىشلەپ نۇرغۇن پۇل تىپىپ، بىزنى كەمبەغەل-
لىك، ئازاب - ئوقۇبەتلەردىن قۇتۇلدۇرىدۇ، دىگەن شىرىن خى-



يالارنى قىلىۋاتقاندۇر. بىچارە دىھقانلارنىڭ تاغدەك ئۈمىدلەرنى
كۈتكەن ئەزىز پەرزەنتلىرىنى كونا جەمئىيەتنىڭ زۇلۇم ئوچىقى
ئاللىقاچان ئۆز قوينىغا ئىلىپ بولغانىدى. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى-
نىڭ غەمخورلۇقىدا ساقىيىپ چىققانلىرى ئۆز يۇرتلىرىغا كى-
تەلمىدى، يەنىلا گومىنداڭ تەرىپىدىن لومەنچىڭگە ئەكىتىلدى.
جەنۇبىي شىنجاڭدىن «ئالتۇن كان» غا ئالتە ئايلىق سۈرۈك
بىلەن كەلگەن بۇ بەختسىز ياشلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ خوتۇن، بالا -
چاقىلىرى بار ئىدى. ئىلاجسىزلىقتىن ئۇلارنىڭ بەزىلىرى يۇرت-
لىرىغا قايتىشتى، بەزىلىرىنىڭ يۇرتلىرىغا قايتىشقا قوللىرىدا
ھىچقانداق ئىقتىسادى بولمىغانلىقتىن، ئۈرۈمچىنىڭ بۇلۇڭ -
پۇچقاقلىرىدا تەمتىرەپ - تىنەپ يۈرۈپ، پاھىشىخانىلارغا ياللاندى-
دى، بەزىلىرى ئەرگە تىگىپ ياتلىق بولۇپ كەتتى. بەزىلىرىنى
گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى مەجبۇرىي خوتۇن قىلىۋالدى. مانا بۇ
جەنۇبىي شىنجاڭدىن «ئالتۇن كولايدۇ» دەپ ئەكەلگەن «ئالتاي-
چى» ياشلارنىڭ ئىچىنىشلىق ئەھۋالى.
«ئالتايچى» ياشلاردىن ئۈچ ۋىلايەتتىكى ئورۇنلارغا، مىللىي
ئارمىيە قىسىملىرىغا قوشۇلۇپ كەتكەنلەرنىڭ كۈنى ياخشى بول-
دى. ئۇلار مىللىي ئارمىيىدە خىلى ياخشى خىزمەتلەرنى قىلدى،
بەزىلىرى مىللىي ئارمىيىدە كوماندىر، سىياسىي كومىسسارلىق
ۋەزىپىلىرىنى ئۆتىدى. ئۇلار 1945 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدىن
1949 - يىلغىچە مىللىي ئارمىيىدە ئىشلەپ، 11 - ئايلاردا
ئازادلىق ئارمىيىنىڭ 5 - كورپۇس 13 - دىۋىزىيىسى جەنۇبىي
شىنجاڭغا يۈرۈش قىلغاندا مىللىي ئارمىيە بىلەن جەنۇبىي
شىنجاڭغا بىرىپ، ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى كۆرۈشكە
مۇيەسسەر بولدى. كىيىن، بىر قىسمى كەسىپ ئالماشتۇرۇپ
ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرى ۋە ئىدارە جەمئىيەتتە مەسئۇل
خىزمەتلەرنى ئىشلىدى، بەزىلىرى دەم ئىلىشقا چىقتى، توختى
قاسىموف (توقسۇنلۇق) ئەنە شۇ «ئالتايچى» ياشلارنىڭ بىرى ئى-

دى. گومىنداڭنىڭ ئالتاي ئاتلىق 4 ـ پولكىدىن. ئۇ 1945 ـ
يىلى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىگە قوشۇلغانىدى. ئۇ ئۆزد-
نىڭ قابىلىيىتىگە يارىشا باياندىاي ھەربىي مەكتەپكە قوبۇل قىـ-
لىندى. مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ چىقىپ، شۇ مەكتەپكە ھەربىي مۇ-
ئەللىم بولدى. 13 ـ دىۋىزىيە قەشقەرگە بارغاندا دىۋىزىيە شتا-
بىنىڭ ھەربىي تەييارلىق بۆلۈم مەسئۇلى، 1951 ـ يىلى كەسىپ
ئالمىشىپ، ۋىلايەتلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ مەسئۇلى ۋە ئاق-
سۇنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى ھەم ئاپتونوم رايونلۇق تاشقى سودا
نازارىتىنىڭ نازىرى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ج خ نازا-
رىتىدىكى كىرەم توختىئاخۇنمۇ مىللىي ئارمىيىدە ئىشلەپ ئال-
مىشىپ نازىر دەرىجىلىك خىزمەت ئىشلىدى. مەھمۇت مامۇتوف
(تۇرپان ئاستانىلىق) 1941 ـ يىلى «ئالتايچى» ياشلار قاتارىدا
ئەسكەرلىككە مەجبۇرىي تۇتۇلۇپ، گومىنداڭنىڭ چۆچەكتىكى
قىسمىدا تۇردى. مىللىي ئارمىيە چۆچەكنى ئازاد قىلغاندا، مىل-
لىي ئارمىيىگە ماسلاشتى ۋە ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى
ئاتلىق پولكىدا ئىشلىدى، كېيىن باياندىاي ھەربىي مەكتەپتە ئو-
قۇپ، ئىزۋوت كوماندىرى بولدى. جەنۇبىي شىنجاڭغا مىللىي
ئارمىيە بىلەن بىللە بېرىپ خىزمەت ئىشلىدى. 1962 ـ يىلى
قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى بولۇپ ئىش-
لەپ، 1970 ـ يىلى دەم ئېلىشقا چىقتى.

## تۇرپاندا مۇستەقىل 6 ـ يىگىنىڭ قىسقارتىۋېتىلىشى

بىز تۇرپانغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئىلگىرىكى سو-
قۇشلارغا قاتناشقان، تەجرىبىلىك بولۇپ قالغان، پەيجاڭ، مۇئا-
ۋىن پەيجاڭ ۋە جەڭچىلەردىن بولۇپ 100 دىن ئارتۇق جەڭچى ـ
ئوفىتسېر بوشىتىۋېتىلدى. بۇ كىشىلەر قەشقەرگە بېرىشتا ۋە



تۇرپانغا كېلىشتە ھۆكۈمەت كۆچى بىلەن بارغان ۋە كەلگەنلەر
ئىدى. مانا ئەمدى يۇرتىغا كېتەي دېسە، قولىدا پۇل يوق، ئېغىر
ئەھۋالدا قالدى.

مەن تۇرپانغا كېلىپ 3 ـ لىيەننى ئۆتكۈزۈپ بەرگەندىن كې-
يىن، يولغا چىقىپ، ئۈرۈمچىگە ئۈچ كۈندە يېتىپ كەلدىم. ئە-
تىسى خادىك ھارۋىنى كىرا قىلىپ، 6 ـ يىگىدىن ھەربىي سەپتە
قالدۇرغانلارنى ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغان قىسىمنىڭ يەنى تېۋۈتۈەن
(ئالاھىدە ۋەزىپە ئۆتەيدىغان تۈەن) نىڭ شتابىنى ئىزدەپ تاپتىم،
شتاب باشلىقى جاڭ سەنمۇجاڭ بىلەن كۆرۈشۈپ ئۆزۈمنىڭ 6 ـ
پىيادە يىگىدىن كەلگەنلىكىمنى ئېيتتىم. شۇ تۈەننىڭ قوماندان-
لىق شتابى دۇبەن مەھكىمىسى ئىچىدە (ھازىرقى ئاپتونوم
رايونلۇق پارتكومىنىڭ ئورنىدا) بولۇپ، شىڭ شىسەيمۇ مۇشۇ
يەرگە ئورۇنلاشقانىكەن، جاڭ XX بىر كىشىنى قوشۇپ، خادىك
ھارۋىسى بىلەن مېنى تېۋۈتۈەننىڭ 3 ـ يىڭ شتابىغا ئورۇنلاش-
تۇردى. بۇ ئورۇن ئۈرۈمچى شەھىرى بېيمېن قوۋۇقىنىڭ ئى-
چىدىكى سېپىل تەرەپتە بولۇپ (ھازىرقى بىڭتۈەننىڭ «سوخو»
ناملىق ئاشخانىسىنىڭ ئورنى) كونا گازارمىلاردىن ئىدى. ئەس-
كەرلەرنىڭ ھەممىسى يېڭىدىن كەلگەن گومىنداڭ ئەسكەرلىرى
بولۇپ، يىڭجاڭ، لىيەنجاڭلىرى شىڭ شىسەي زامانىدا ھەربىي
مەكتەپنىڭ 1 ـ ، 2 ـ ، 3 ـ قارارلىرىنى پۈتتۈرۈپ چىققانلار
ئىكەن. ئۇلار بىلەن كۆرۈشتۇق، مېنى 3 ـ يىڭ شتابىغا ئاپىد-
رىپ جاڭ دېگەن سەنمۇ بىلەن تونۇشتۇرۇپ قويىدى، بۇ كىشى
ساقچى مەكتەپنى پۈتتۈرگەن كىشى ئىكەن. قىش پەسلى بول-
سىمۇ، مېنى يوغان ھەم سوغۇق بىر ئۆيگە ئورۇنلاشتۇردى ھەم
تاماقخانىنى كۆرسىتىپ قويدى. ئوفىتسېرلار تاماق يەيدىغان ئۆي
ۋە تامىقى ئەسكەرلەرنىڭكىدىن بىرئاز ياخشى بولۇپ
ساۋاقداشلارنىڭ غەمخورلۇقى بىلەن ماڭا ئايرىم بىر جوزا راسلاپ
بىر خۇيزۇ ئاشپەزنى ئاجرىتىپ بەردى. كەچقۇرۇن ھەربىي مەك-

تەپتە بىللە ئوقۇغان ساۋاقداشلار بىلەن ئۇچراشتىم، ئەتىسى تاماق يەپلا تۇەننىڭ شتابىغا بېرىپ يەنە جاڭ سەنمۇجاڭ بىلەن كۆرۈشتۇم. ئۇ مېنى باشلاپ 2 - قەۋەتتىكى تۇەنجاڭنىڭ يېنىغا ئەكىرىپ، 6 - يىڭدىن كەلگەن سۇ سەنمۇ بولىدۇ دەپ تونۇشتۇردى. ئۇ كىشى:

— ھە... ياخشى، قاچان كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— تۈنۈگۈن كەلدىم، — دەپ جاۋاب بەردىم.

مەزكۇر تۇەننىڭ تۇەنجاڭى شىڭ شىسەينىڭ 4 - ئىنىسى شىڭ شىچى ئىكەن. بەئەينى شىڭ شىسەيگە ئوخشاش قاراقاش، كۆزى چوڭ، يوغان باش ئىكەن، لېكىن شىڭ شىسەيدەك سۈرلۈك ئەمەس ئىكەن. ئىشخانىسىدا يېڭى، چاقلىق سوۋېت پىلىموتىدىن بىرى بار ئىكەن. ئۇنى يېنىدىكى ئۈستەلگە قويۇپ ئىستۇۋلىنى ئارقا ئىشىك تەرەپكە قارىتىپ قويۇپتۇ، ئۇ مەندىن:

— 6 - يىڭنىڭ ھەممىسى كېلىپ بولدىمۇ؟ — دەپ سورىدى. مەن ئۇنىڭغا:

— تۇرپانغا كەلگەندىن كېيىن، قايتىدىن تەشكىللەۋاتىدۇ، كونىلىرىنى بوشىتىپ ياشلاردىن تاللاپ ئېلىۋاتىدۇ، — دېدىم. ئۇ:

— ئوقۇشۇڭلارغا بىر ھەپتە بار، ياخشى دەم ئېلىپ تۇرۇڭ، — دېدى.

بىز قايتىپ شتاب ئىشخانىسىغا كىردۇق، ماڭىمۇ تۇەنگە بەرگەن گومىنداڭنىڭ ھەربىي كىيىم - كېچەك، سول بىلەككە تاقايدىغان بەلگىلەرنى بەردى.

جاڭ سەنمۇجاڭ تەبىئىي ئالىغاي بولۇپ، ئورۇق كەلگەن، سۆز قىلسا باشقا ياققا قاراپ گەپ قىلغاندەك كۆرۈنىدىغان ئادەم ئىكەن. ئۇ 6 - يىڭدىن ئېلىپ قالغان ئەسكەرلەرنى تېۋۇتۇەن 3 - يىڭنىڭ 8 -، 9 - لىيەنلىرى قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى، بۇ تېۋۇتۇەنگىمۇ تۇەنجاڭ شىڭ شىچى رەھبەرلىك قىلىپ پۈتۈن دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى گارنىزونلۇق ۋەزىپىسىنى



ئۆتەيدىكەن. بۇ تۇەن ئەڭ ئىلغار قوراللار بىلەن قوراللانغان بولۇپ، ھەربىر يىڭدا بىر پىلىموت لىيەنى بار ئىكەن. بىر لىيەندە توققۇز دانە چاقلىق پىلىموت، باشقا پەيلەردە ئۈچ دانىدىن قول پىلىموت، ئۈچ دانىدىن گراناتامىيوت بار ئىكەن. ئەسكەرلەر ئامېرىكا ۋە سوۋېت بەشئاتار مىلتىقى، لىيەنجاڭلار چوڭ - كىچىك ئىككىدىن يان قورال، پەيجاڭلار بىردىن ياغاچ قاپلىق ماۋزۇر بىلەن قوراللاندۇرۇلغان بولۇپ، شىنجاڭ بويىچە قوراللىرى ئەڭ خىل بولغان تۇەن ئىكەن. ئادەم سانىمۇ بىر يىڭدا 700 — 800 گە يېتىدىكەن.

مەن جاڭ سەنمۇجاڭ بىلەن ئۇ ياق - بۇ ياقلاردىن پاراڭلىشىپ ئولتۇرسام، ئېگىز بوي، يالاڭ قاپاق، تۆگە كالپۇك، بويىنىدا تارتۇقى بار شاۋشياۋ (مايور) ئۇنۋانلىق بىر ئوفىتسېر كىرىپ جاڭ سەنمۇجاڭغا كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. جاڭ سەنمۇجاڭ: «بۇ كىشى سىزلەرنىڭ 3 - يىڭنىڭ يىڭجاڭى شا تىڭفاڭ بولىدۇ، بۇ كىشى 6 - يىڭدىن كەلگەن سو لىيەنجاڭ بولىدۇ» دەپ ئىككىمىزنى بىر - بىرىمىزگە تونۇشتۇردى.

جاڭ سەنمۇجاڭ ئۈستەل تارتمىسىدىن بىر ۋاراق مەنسەپكە بەلگىلەش قەغىزىنى شا تىڭفاڭغا بەردى. شا تىڭفاڭ كۆرۈپ بولۇپ، مېنىڭدىن:

— 6 - يىڭدىكى قايسى لىيەننىڭ ئەسكەرلىرى ياخشىراق؟ — دەپ سورىدى ئۇ مېنىڭدىن. مەن:

— 1 - ، 3 - لىيەننىڭ ئەسكەرلىرى خىل ۋە ياخشىراق، ئۇلار 1941 - يىللىرى ھەربىيلىككە قوبۇل قىلىنغان.

— ھازىر يىڭغا كىم مەسئۇل بولۇپ قالدى؟

— مۇئاۋىن يىڭجاڭ ئابدۇقادىر مەسئۇل بولۇپ قالدى.

ئۇ تۇرپانغا بىر - ئىككى كۈندىن كېيىن ماڭىمەن دەپ سەنمۇجاڭدىن رۇخسەت سوراپ چىقىپ كەتتى.

جاڭ سەنمۇجاڭ بىلەن شا تىڭفاڭلار شىڭ شىسەي دەۋرىدە

ھەربىي مەكتەپنىڭ بىرىنچى قارارىدا ئوقۇپ چىققان
ساۋاقداشلار ئىدى. مەن جاڭ سەنمۇجاڭغا ئىقتىسادىي ئىشلار
ھەم مائاش توغرۇلۇق يېزىلغان ئۇقتۇرۇش قەغىزىنى تاپشۇرۇپ
بېرىپ چىقىپ كەتتىم، ياتاققا بارسام مەش، يۈز يۇيىدىغان
داس، چېلەك، چۆگۈن قاتارلىقلارنى تەييارلاپ قويۇپتۇ.

جۇنشۇنتۇەنگە بېرىشقا يەنە 10 ــ 15 كۈن ۋاقىت بولغاچقا،
مەن ھەر كۈنى ئۈرۈمچى كوچىلىرىنى ئارىلاپ يۈردۈم. ئۈرۈمچى
شەھىرىنىڭ كوچىلىرى تەرەققىي قىلىپ ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ،
خەلقمۇ مولايىملىشىپ، سىپايىلىشىپ كېتىپتۇ، سودا دۇكان-
لىرى ئاۋاتلىشىپ قاپتۇ، ھەر تۈرلۈك مەكتەپلەر ۋە كۇرسلار
ئېچىلىپ خەلق ساۋاتلىق بولۇپ قاپتۇ، ئوقۇغۇچىلارمۇ كۆپىيىپ
قاپتۇ. گومىنداڭنىڭ سېرىق ئاياغ ئەسكەرلىرى (خەلق گو-
مىنداڭ ئەسكەرلىرىنى مۇشۇنداق ئاتايتتى) پىيادە، ماشىنىلىق
ئۇ ياق ـ بۇ ياقلارغا چېپىشىپ يۈرىدۇ. لېكىن، بۇرۇنقىغا قارى-
غاندا خەلقنىڭ غەم ـ قايغۇسى تېخىمۇ كۆپىيىپ، ئۆز سايىسى-
دىن ئۆزلىرى ئۈركۈيدىغان، گەپ ـ سۆز قىلسا ياكى بىرى بى-
لەن تىنچ ـ ئامانلىق سوراشسا ئەتراپلىرىغا قارايدىغان بولۇپ
قاپتۇ. ئۈرۈمچىنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، جان قويار يەر قال-
ماپتۇ. خەلقنىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. چوڭ، نامى
بار كىشىلەر، زىيالىيلار، خەلقپەرۋەر زاتلار ئانچە كۆرۈنمەيدۇ،
بەزى تونۇش ياشلارنى سورىسام، ئۇلارنى «قارا پىكاپ ئەكەتتى»
دەپلا قويىدى. شېڭ شىسەينىڭ ئادەم تۇتۇپ كېتىدىغان پىكاپىنى
قارا پىكاپ دەپ ئاتايدىكەن.

مەن 1944 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى جۇنشۇنتۇەنگە
(ھازىرقى سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ ئورنى) غا بېرىپ تىزىمغا
ئالدۇرۇپ ئوقۇشقا كىردىم. ئوقۇشنىڭ ئاساسىي تېمىسى سۇن
جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ ئۈچ مەسلىكى، جۇڭگو تارىخى ۋە باشقىلار
ئىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا قوشۇمچە ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە بېر-



دى. بىر قىسىم قوراللارنى تونۇشتۇرۇپ، ئېتىش مەشقى ئېلىپ
باردى. لېكىن، مېنىڭ ئەس ـ خىيالىم ئۇزاق يىللار بىللە ئۆت-
كەن، بىرگە خىزمەت قىلغان، بىر قازاننىڭ تامىقىنى تەڭ يې-
گەن، ئاكا ـ ئۇكىدەك بولۇپ قالغان، تۇرپاندا تۇرۇۋاتقان 6 ـ
يىڭدىكى سەپداشلىرىمدا ئىدى. ئۇلارنىڭ كېلەچەك تەقدىرى نې-
مە بولار؟ بۇ قەدىرلىك سەپداشلار بىلەن يەنە بىرگە بولارمەنمۇ
ياكى شۇ ئايرىلغانچە ئايرىلىپ كېتەرمەنمۇ دەپ كۆپ ئويلايتتىم.

خوجەخمەت① (خەنزۇچە ئىسمى خاۋبىندى) بىلەن مېنى جۇن-
شۇنتۇەننىڭ 1 ـ تارماق ئەترىتىگە تەقسىم قىلدى.

مىللىيلاردىن خوجەخمەت بىلەن ئىككىمىزلا ھەربىيدىن
كەلگەنلىكىمىز ئۈچۈن بەنجاڭلىق ۋەزىپىسىنى بىزگە تاپشۇر-
دى، بىزنىڭ پەينىڭ ھەممىسى مىللىيلاردىن تەشكىل قىلىنغا-
نىدى. شۇ قېتىمقى كۇرستا ئىمىن تۇرسۇن، شىنجاڭ ئۇنىۋېر-
ستېتىدىكى باھاۋۇدۇن نۇرى، ھەمدۇللا قۇرباندەك نۇرغۇن كى-
شىلەر بىلەن بىرگە ئوقۇدۇق. سىياسىي كومىسسارىمىز مانناپ
(تاتار) ئىدى.

6 ـ يىڭنىڭ ئەسكەر ـ ئوفىتسېرلىرىنى قىسقارتىشتىن
نارازى بولغان ۋاققاس سابىر، شېرىپ رېھىم قاتارلىق بەش نە-
پەر ئەسكەر تۇرپاندىن سوۋېت چېگرىسىغا قېچىش مەسلىھەتىنى
قىلىشىپتۇ. ھەربىي مەكتەپنىڭ بەشىنچى قارارىدا ئوقۇغان،
سوۋېتنىڭ ئۈرۈمچىدىكى كونسۇلخانىسىدا مەنسۇر ئەپەندىنىڭ
رىكشىسىنى ھەيدىگەن بارات پەيجاڭ (قازاق) بۇ ئىشقا ھېسداش-
لىق قىلغانلىقى ئۈچۈن تۈرمىگە ئېلىنىپتۇ. ۋاققاس قاتارلىق
بەش نەپەر ئەسكەرنى قىسمىنىڭ نازارىتىدە قالدۇرۇپتۇ. ھاكى
قۇربان تېۋۇتۇەن 3 ـ يىڭنىڭ مۇئاۋىن يىڭجاڭلىقىغا كۆتۈرۈ-

① خوجەخمەت (قازاق) 1944 ـ يىلى كۇرسنى پۈتتۈرۈپ تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن
غۇلجىغا كەتكەنىدى. شۇ ۋاقىت ئىلىدا ئىنقىلاب پارتلىغان چاغلار بولۇپ، قەشقەر-
گە خىزمەتكە بارغاندىن كېيىن گومىنداڭ گۇمانلىنىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى.

لۇپتۇ. بۇ ۋاقىتتا بوشانغان ئەسكەرلەر تۇرپان، توقسۇن، پىچان تەرەپلەردە ئىش ئىزدەپ يۈرگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇرپان، توقسۇن، پىچاندىكى 1000دەك دېھقان ياش ئەسكەرلىككە مەجبۇرىي ئېلىنغان بولغاچقا، خەلقنىڭ نارازىلىقى ئەۋجىگە چىققانىدى، جەمئىيەتتىكى نارازىلىق كۈچىيىپ ئىككى كۈچ بىرلىشىپ قالسا، بىرەر ھەرىكەتنىڭ پارتلاپ چىقىش خەۋپى بار ئىدى، شا يىڭجاڭلار ئەھۋالدىن ئىنتايىن قورقۇپ قالغان بولسا كېرەك، 8 - ، 9 - لىيەنلەرنى دەرھال ئۈرۈمچىگە يولغا سالىدۇ. ئۇلار كېلىۋېتىپ قۇۋۇرغا دېگەن سايغا كەلگەندە بوران ئاپىتىگە ئۇچراپتۇ. شۇ ئارىدا بوران كىچىك تۇراقنىڭ شەپكىسىنى ئۇچۇرۇپ كېتىپتۇ، بورانغا تەجرىبىسىز ئەسكەر شەپكىسىنى تۇتىمەن دەپ ھارۋىدىن سەكرەش بىلەنلا ئۇنى تۈۋىدىن ئاجراپ كەتكەن قامغاقتەك دومىلىتىپ ئەكېتىپتۇ. تۇراقنىڭ ئەڭ يېقىن ئاغىنىسى ئۇنى قۇتقۇلدۇرىمەن دەپ ھارۋىدىن سەكرەش بىلەن ئۇنىمۇ بوران ئۇچۇرۇپ غايىب بولۇپتۇ. قالغانلىرى ئىككى نەپەر جەڭچىدىن ئايرىلىپ ئۈچىنچى كۈنى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەپتۇ. مەن 6 - يىڭ ئۈرۈمچىگە كېلىپ بولدى دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ، يەكشەنبە كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئۇلار بىلەن كۆرۈشكىلى باردىم. ئۇلارنى بېيمېن قوۋۇقى ئىچىدىكى توڭگۇزخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. بۇ توڭگۇزخانا ئىپلاسلىقى، سېسىقچىلىقى بىلەن ئۈرۈمچىدە داڭقى بار ئورۇن ئىدى. ئۈرۈمچى خەلقىدىن شەھەرنىڭ شىمالىي دەرۋازىسىدىن كىرىپ چىققۇچە ئاغزى - بۇرنىنى ئەتمەيدىغانلار ئاز ئىدى. شۇ توڭگۇزخانىغا ئەسكەرلەرنىڭ ئاتا - ئانا، بالا - چاقىلىرىنىمۇ ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ.

ئائىلىلىكلەر ئورۇنلاشقان گازارمىغا كىرسەم تېگىگە خىش ياتقۇزۇلغان ئۆيلەر ئىكەن، بەزى ئاياللار چىمىلدىق ئورنىدا ئەدىيال، ئاق پەردىلەرنى تارتىپ ئۆي قىلىۋاپتۇ. تاماق ئېتىپ يېگۈدەك يەرنىڭمۇ تايىنى يوق، مەنمۇ بۇ سېسىقچىلىقتا كۆڭلۈم



ئېلىشىپ، دېمىم سىقىلىپ، ئۇزاق تۇرالمىدىم.

سەپداشلار ئۈرۈمچىگە چىقىپ ئورۇنلىشىپ سەككىز - توققۇز كۈندىن كېيىن ھېلىقى تۇرپان يولىدا بوران ئۇچۇرۇپ كەتكەن جەڭچىلەرنىڭ بىرى يەمشى (تۇرپانغا كىرىشتىكى بىر يېزىنىڭ نامى) دېگەن جايدىن، يەنە بىرى ئۈرۈمچى بىلەن توقسۇن ئارىلىقىدىكى تۆگەسېيى دېگەن جايدىن تېپىلدى. بۇلارنىڭ بەدەنلىرى خېلى جاراھەتلىنىپتۇ، چىرايلىرى قارىداپ كېتىپتۇ. قىسمىدىكى سەپداشلىرىنى كۆرۈشى بىلەنلا ھۆركىرەپ يىغلاپ كەتتى.

8 - ، 9 - لىيەنلەر يىڭجاڭ ئابدۇقادىر باشلىق بىر قىسىم مىللىي جەڭچى - ئوفىتسېرلارنى لومەنچېڭدىكى گازارمىغا ئەكەتتى. سابىق 6 - يىڭنىڭ ئىقتىساد، قورال ئىسكىلاتلىرىنى باشقۇرغۇچىلارنى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. ئەمەتئاخۇنوف ئەمەت قاتارلىق كىشىلەرنى شىنجاڭ ئارقا سەپ تەمىنات باشقارمىسىنىڭ ئۇلاغ ترانسپورت ئەترىتىگە بەردى. قالغان مىللىي جەڭچى - ئوفىتسېرلاردىن 200 كىشىنى قىسمىغا ئېلىنىپ قالدى.

شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە پاسكىنا گازارما تۇرمۇشىغا كۆنەلمىگەن ھېيىت دېگەن جەڭچى قېچىپ كېتىپتۇ. بۇنىڭ ئارقىسىدىن نەمەت بەختى دېگەن جەڭچى قېچىپ قويۇپ، تۇتۇلۇپ قاپتۇ. يىڭجاڭ شا تىڭفاڭ 8 - ، 9 - لىيەنلەردىكى پۈتۈن مىللىي ئەسكەرلەرنى يىغىپ سەپكە تىزىپ قويۇپ، ئىككى نەپەر جەڭچىگە يوغانلىقى بارماقتەك ئىككى قۇچاق سۆگەت چىۋىقنى ئالدۇرۇپ كېلىپ سەپتە تۇرغان قىسىمنىڭ ئالدىدا تاشلاپتۇ، بۇنى كۆرگەن جەڭچىلەر بىزگە زەمبىل ياكى سېۋەت توقۇشنى ئۆگىتىدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ تۇرسا، ھېلىقى بىچارە نەمەت بەختى دېگەن جەڭچىنى ئىككى قوراللىق ساقچى ئالدىغا سېلىپ ئەكېلىپتۇ. شا يىڭجاڭ كېلىپ ھەربىر جەڭچىگە ھېلىقى چىۋىقتىن ئىككى

تالدىن تۇتقۇزۇپتۇ. نەمەت بەختىنى ئۆز قىسمىدىكى سەپداشلىرى
باغلىمايدۇ دەپ قاراپ، باشقا قىسمىدىكى جەڭچىلەرگە باغلاتقۇ-
زۇپتۇ. بۇلار نەمەت بەختىنى يەرگە دۈم ياتقۇزۇپ بويىنىغا مى-
نىپ، ئىككى نۇتىنى بېسىپ تۇرۇپتۇ. شا تىڭفاڭ ھەربىر جەڭ-
چىنى نۆۋەت بىلەن ئۇرۇشقا بۇيرۇق قىلىپ «كىم ئۇرمىسا ياكى
بوش ئۇرسا، شۇنى باستۇرۇپ ئۇرىمەن» دەپتۇ. ئالدى بىلەن شا
يىڭجاڭ ئۆزى باشلاپ ئۇرۇپتۇ. ئارقىسىدىن ئىلاجسىزلىقتىن
20 دەك ئەسكەر ئۇرۇش بىلەن نەمەت بەختى ھوشىدىن كېتىپ-
تۇ. بىردەم توختىتىپ يەنە ئۇرۇشقا باشلاپتۇ. بۇ ئارىدا مۇئاۋىن
يىڭجاڭ ھاكى قۇربان شا يىڭجاڭنىڭ بۇيرۇقىنى ئەسكەرلەرگە
تەرجىمە قىلىپ بېرىۋېتىپ، نەمەت بەختىنى بوش ئۇرغان جەڭ-
چىلەرنى ئۇرۇپ، تېپىپ، تاياق ئازابىدىن يەردە جان تالىشىپ
ياتقان نەمەت بەختىنىمۇ ئۇرۇپ كېتىپتۇ. تاياق زەربىسىدىن
نەمەت بەختىنىڭ ئاغزى - بۇرنىدىن قان كېتىپتۇ.
شا تىڭفاڭ دېگەن جاللات ئىككى ساقچىغا نەمەت بەختىنى
سولاپ قويۇشنى، قاچان مىدىرلىيالىسا شۇ ۋاقىتتا خەۋەر قى-
لىشنى تاپىلاپتۇ. نەمەت بەختى ئىككى ئاي مىدىرلىيالماي يې-
تىپ، بىز ئالتاي فرونتىغا كەتكەندىن كېيىن ئۆلۈپ كېتىپتۇ.
يەنە بىر كۈنى گومىنداڭنىڭ بىر پەيجاڭى بىز مىللىي ئەس-
كەرلەر تۇرغان گازارمىنىڭ ئالدىغا كېلىپ چوڭ تەرەت قىلىپ
قويۇپتۇ، بىزنىڭ بىر مىللىي جەڭچى سېسىقچىلىقتىن نارازى
بولۇپ ئۇنىڭغا يىراق يەرگە بېرىپ تەرەت قىلساڭ بولمامدۇ دې-
سە، ئۇ ئوفىتسېر ئۆزىنىڭ پەيىدىكى ئەسكەرلەرنى باشلاپ كې-
لىپ، ھېلىقى جەڭچىنى ئۇرماقچى بولۇپتۇ، ئاڭغىچە گازارمى-
دىكىلەر ۋاڭ - چۇڭلارنى ئاڭلاپ چىراغلىرىنى ياندۇرۇپ تالاغا
چىقسا، مىللىي ئەسكەرلەر توپىلاڭ كۆتۈردى، دەپ گومىنداڭ
لىيەنىنىڭ لىيەنجاڭىغا خەۋەر قىلىپتۇ. لىيەنجاڭ ئەسكەرلىرىنى
باشلاپ مۇتتەھەملىك قىلىپ قولىغا كالتەك، گۇرجەك، تاش -



كېسەكلەرنى كۆتۈرۈپ يۇگۈرۈشۈپ كەپتۇ. ئاڭغىچە بۇ ۋاراڭ -
چۇرۇڭنى ئاڭلاپ ئابلىز پەيجاڭ ياتاقتىن چىقىپ بىزنىڭ ئەس-
كەرلەردىن نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولغۇچە، ئۇلارنىڭ
پەيجاڭلىرى مىللىي ئەسكەرلەرنىڭ يىڭجاڭى بىزگە ھۇجۇم قى-
لىشقا بۇيرۇق بېرىۋاتىدۇ دەپ تۆھمەت قىلىپ، باشقا يىڭدىكى
گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى باشلاپ كېلىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىككى
يىڭ گومىنداڭ ئەسكىرى ھەربىي ھالەتكە ئۆتۈپتۇ. ئەسكەرلەر
كۆپ بولغانلىقتىن ئەھۋالنى ئۇقماي، ئۆزلىرى بىر - بىرى بى-
لەن ئۇرۇشۇپ، مۇشتلىشىپ كېتىپتۇ. شۇ كۈندىكى جېدەلدە
بىرقانچە گومىنداڭ ئەسكىرى ياربدار بولۇپتۇ. بۇ ئىشنى تۆەن-
نىڭ 2 - يىڭدىكى چىڭ يىڭجاڭ بىلەن 3 - يىڭنىڭ يىڭجاڭى
شا تىڭفاڭ كېلىپ ھەربىي بۇيرۇق بىلەن توختىتىپ، ئەسكەر-
لەرنىڭ گازارمىلارغا كىرىپ كېتىشىنى بۇيرۇپتۇ. تەكشۈرۈش
نەتىجىسىدە بۇ ئىشنىڭ سەۋەبچىسى گومىنداڭنىڭ مۇتتەھەم
پەيجاڭى ئىكەنلىكى ئېنىقلىنىپ ئاران دېگەندە ۋەقە بېسىقىپتۇ.
مەن ئۇرۇمچى جۇنشۇنتۇەندە ئوقۇۋاتقان ۋاقىتلىرىم ئىدى،
بىر كۈنى 8 - ، 9 - لىيەنلەردىكى ئىلغار يولداشلاردىن ئابلەت
داۋۇت، خېلىل كىچىك، مەمەت، ئابدۇرېھىم سامساق، ھوشۇر
موللا، ئوبۇلقاسىم توختىلار مېنىڭ قېشىمغا كەلدى. ئۇلار يې-
قىندا يۈز بەرگەن يۇقىرىدىكى ئەھۋاللارنى يەتكۈزدى. 9 - لىيەن-
دىكى ئەسكەرلەرنىڭ گومىنداڭنىڭ ھەر تۈرلۈك تۈزۈم - ئىنى-
تىزاملىرىغا بولغان نارازىلىقىنىڭ كۈچىيىۋاتقانلىقىنى، گو-
مىنداڭنىڭ مىللىي كەمسىتىش، ھاقارەتلەش ئىشلىرىنىڭ تې-
خىمۇ ئەۋج ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن يولداشلارنىڭ ئىدىيىسىدە
چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتقانلىقىنى، ئەسكەرلەرنىڭ گومىنداڭ-
نى ئوچۇق - ئاشكارا تىللايدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى، نېمە
بولسا بولسۇن بىر تېپىتىپ قويمىساق بولمايدۇ، دېگەن يەرگە
كېلىپ قالغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. مەن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ

ئەسكەرلەرنىڭ ئىدىيىسىدە چوڭ ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولۇۋاتقانلىقىدىن خۇشال بولدۇم. ئەمەلىيەتتە بۇ ئۆزگىرىشلەرنى گومىنداڭ ئۆزى قىستاپ چىقىرىۋاتاتتى. قەشقەردىكى تۇەننى قىسقارتىپ يىڭغا، ئۇنىمۇ قىسقارتىپ ئىككى لىيەنگە چۈشۈرۈپ قويۇش، قورالسىزلاندۇرۇش بىزگە ئىشەنمەسلىكتىن كېلىپ چىققان ئىشلار ئىدى. شۇنچە خىزمەت قىلىپمۇ ئۆز بولالمىدۇق. ئۇلار بىزگە ئىشەنمىگەنسېرى ئوتتۇرىدىكى ياتسىراش شۇنچە كۈچىيىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلار بىزنى قانچىلىك خورلىسا، بىزنىڭ غەزىپىمىز شۇنچە ئېشىۋاتاتتى، ئۇلار بىزنى قانچىلىك پەس كۆرسە، بىزنىڭ ئۆچمەنلىكىمىز شۇنچە كۈچىيىۋاتاتتى. ئۇلار ھاكىمىيەت بىزنىڭ قولىمىزدا، قورال بىزنىڭ قولىمىزدا، بۇ «چەنتۇ»لار نېمە قىلالايدۇ؟ دەپ قارايتتى. ئەپسۇسكى، گومىنداڭ خەلق غەزىپىنىڭ يانار تاغ ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتمەيتتى. چۈشىنىشنىمۇ خالىمايتتى — ئېچكىرىدىمۇ شۇنداق بولۇۋاتامدۇ؟

لېكىن، ھازىر ھەرىكەت قىلىدىغان ۋاقىت ئەمەس ئىدى. قولىمىزدا كۆسەيچە نەرسىمۇ يوق ئىدى. ئەتراپىمىزدا تېۋۇتۇەننىڭ 3500 دەك قوراللىق ئەسكىرى بار ئىدى. شۇڭا، مەن ئۇلارغا تەسەللى بېرىپ:

— ئالدىراقسانلىق قىلماڭلار، بىز ئۇرۇمچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇۋاتىمىز، ئەتراپىمىزنى گومىنداڭنىڭ قوراللىق قىسىملىرى قورشاپ تۇرۇۋاتىدۇ، تۇەن شتابىدا بولۇۋاتقان گەپ-سۆزلەرگە قارىغاندا، بىر قىسىم ھەربىي شىڭ شىسەينىڭ دۇنياسىنى ئېلىپ لەنجۇ شەھىرىگە بارماقچى بولۇۋېتىپتۇ. قانچىلىك ئادەم بارىدۇ؟ ئېنىق سانىنى بىلمەيمەن، ھەرھالدا مىللىي لىيەندىنمۇ ئادەم بار ئىكەن، ئۇلار لەنجۇدىن سالامەت قايتىپ چىققاندىن كېيىن مەسلىھەتلىشەيلى. مەن ئوقۇشنى تۈگەتكەندىن كېيىن، سىلەرنىڭ قېشىڭلارغا تەقسىم قىلامدۇ، يوق، بىلمەيمەن. تۇەن



شتابىدىن ماڭا كۆڭۈل بۆلۈپ كىيىم-كېچەك، تۇرمۇش بۇيۇملىرى بېرىپ قاراۋاتىدۇ، بىزنى ئالتاي فرونتىغا ئەۋەتىدىكەن دېگەن مىش-مىش گەپلەر بولۇۋاتىدۇ. شۇنىڭغا قارىغاندا بەلكىم سىلەرنىڭ قېشىڭلارغا تەقسىم قىلىشى مۇمكىن، سىلەرنىڭ لىيەنگە بېرىپ قالسام قانداق ئىشلار بولىدۇ ۋە قانداق كۈنلەرنى بېشىمىزدىن ئۆتكۈزىمىز. شۇ ئىشلارنىڭ تەرەققىياتى ۋە شەرت-شارائىتىغا قاراپ بامەسلىھەت ئىش قىلارمىز، — دېدىم.

بىز شۇ كۈنى ئويلىنىشقا تېگىشلىك ئىشلار ئۈستىدە كەڭ-كۈشادە پىكىرلەشتۇق، بۇ بىزنىڭ بىرقانچە ئىلغار ھەربىي يولداشلار بىلەن كوللېكتىپ ئاچقان بىر قېتىملىق ئىنقىلابىي مەسلىھەت يىغىنىمىز بولۇپ قالدى. يولداشلار كۆڭلى-كۆكسىدىكى پاراڭلارنى قىلىۋالغانلىقى ئۈچۈن رازى بولۇپ كېتىشتى. بۇنىڭدىن كېيىن ئوبۇل توختى مېنىڭ بىلەن بىۋاستە ئالاقىلىشىپ تۇرىدىغان بولدى.

شۇ پەيتلەردە شىڭ شىسەي شىنجاڭدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ خوجىنىياز ھاجى باشلىق رەھبەرلىرىنى، تەرەققىيپەرۋەر ھەر مىللەت خەلقىنى خائىن، ئىشپىيون، جاھانگىرلارنىڭ قۇيرۇقى، جاھانگىرلارغا سېتىلغان دېگەن ھەر خىل بەتناملار بىلەن قولغا ئالغان، ھەر مىللەت زىيالىيلىرىنى، چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن باشلىق كوممۇنىستلارنى تۈرمىگە تاشلىغان ۋاقىتلار ئىدى. سودىگەر، بايلارنى تۇتۇپ، مال-مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ توپلىغان مال-دۇنيالىرىنى ئالدىنئالا لەنجۇ شەھىرىگە يۆتكىمەكچىدى. بۇ مال-دۇنيالىرىنى يۆتكەشنىڭ مۇھاپىزەتچىلىك ۋەزىپىسىنى ئۆزىنىڭ ئىنىسى شىڭ شىچى رەھبەرلىك قىلغان مۇھاپىزەت تۇەنگە يۈكلىگەنىدى. 1944-يىلى 5-ئاينىڭ 3-كۈنى تەييارلىق باشلاندى. خەنزۇ قىسىملاردىن ئۈچ پەي ئامبىرىكىدىن كىرگەن خىل قوراللار بىلەن قوراللاندى. بىزدىن ئابلىز بوتايوف پەيجاڭ باشلىق 30 دەك ئەسكەرنى تال-

لىۋالدى. شۇنداق قىلىپ، 6 ـ ئايدا دۆبەن مەھكىمىسىدىن
چىققان ئىككى نەپەر سەنمۇ ۋە بىر تۆەن دەرىجىلىك ئوفىتسېر ـ
نىڭ رەھبەرلىكىدە 60 نەچچە ماشىنىغا بېسىلغان شىبىڭ شىسەي ـ
نىڭ مال ـ دۇنياسى يولغا سېلىندى.
مۇئاۋىن تارماق ئەترەت باشلىقى، گازارمىغا كىرىپ مېنى
ئويغىتىپ: «ھازىر سىزگە تېلېفون كەلدى. سىزنى باش شتاب ـ
تىن چاقىرىپتۇ» دېدى. مەن بۇ تېلېفوننىڭ كەلگەنلىكىدىن
بەكمۇ چۆچۈدۈم، چۈنكى تېلېفون كەپتۇ دېيىشى بىلەن كىشى ـ
لەر جىمجىتلا يوقىلىپ كېتىۋاتقان كۈنلەر ئىدى، ئىز ـ دې ـ
رەكسىز يوقىلىپ كەتكەنلەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ تۈرمىگە تاشلان ـ
غانلىقىنى بىلەتتىم. ئاخىر سولايدىغان نۆۋەت ماڭا كەلگەن
ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدىم. ئەتىسى سەھەردە دۆبجاڭلارغا مەلۇم
قىلىپ قويۇپلا مېنى چاقىرغان دۆبەن مەھكىمىسىگە بېرىپ باش
شتابقا كىردىم. سەنمۇدىن بىرى مېنى ساقلاپ تۇرغانىكەن.
— سالام، — دېدىم ئۇنىڭغا.
— سەن سۇ لىيەنجاڭمۇ؟
— ھەئە، — دەپ جاۋاب بەردىم.
— سەن بۇرۇن تۇرغان تۆەندىكى لىيەنگە بارسەن، سىلەر
ئالتايغا بارىسىلەر، — دېدى ئۇ بۇيرۇق ئاھاڭىدا.
بۇ گەپنى ئاڭلاپ يۈرىكىم ئورنىغا چۈشتى.
تۇرپاندا تاشلاپ چىققان ئايالىممۇ بەزى يۈك ـ تاقلىرىنى
ئېلىپ ئۈرۈمچىگە چىققان ھارۋىلار بىلەن كەلگەنىدى. ئۆيگە
بېرىپ تاماق يەپلا يىڭ شتابىغا بارسام شا تىڭفاڭ، ھاكى قۇربان
ھەم ئابدۇقادىرلار بار ئىكەن. مەن كىرىشىم بىلەن شا تىڭفاڭ
ئۇستەل تارتمىسىدىن مېنى 9 ـ لىيەننىڭ لىيەنجاڭى قىلىپ بەلگى ـ
لىگەن بۇيرۇقنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويدى. مەن قايتىپ چىقىپ
9 ـ لىيەننىڭ شتابىغا كىردىم. لىيەن شتابى جەڭچىلەر ياتقان
گازارمىنىڭ قېشىدىكى بىر كىچىك ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپتۇ.



سەپداشلىرىم كەلگەنلىكىمنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇشۇپ، بىردىن ـ
ئىككىدىن كېلىپ مەندىن ئەھۋال سوراپ چىقىپ كېتىشتى.
ئۆي بوشىغاندا بىزنىڭ 8 ـ لىيەندىكى غوللۇق تەشۋىقاتچىلاردىن
ئابلەت داۋۇت، ھوشۇر موللا، خېلىل كىچىك، ئوبۇلقاسىم توخ ـ
تىلار كىردى.
— بىزنى ئالتاي فرونتىغا ئۇرۇشقا ئاپارماقچى بولغانلىقىنى
ئاڭلاپ، — دېدى ئۇلار، — بىزگە ئۇزاق ۋاقىت رەھبەرلىك
قىلغان لىيەنجاڭىمىزنى ئەكېلىپ بەرمىسەڭلەر بولمايدۇ، دەپ تە ـ
لەپ قىلدۇق.
— سىلەرنىڭ غەيرىتىڭلارغا كۆپ رەھمەت، ئەمدى ياخشى
بولدى. بىز ئۇزۇن يىللار بىللە بولغان، ئۇزۇن يوللارنى بىللە
باسقان، ھەممە قىيىنچىلىقلارنى بىللە تارتقان قەدىناسلاردىن
ئەمەسمۇ؟ — دېدىم.
مەن لىيەنىمىز شتابىدا قوشۇن ئەھۋالىنى تەھلىل قىلدىم
ھەم يولداشلارنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى بار رويخەت دەپتىرىگە
قاراپ چىقتىم. مەن تۇرغان 9 ـ لىيەندىكىلەر ئاساسلىقى 6 ـ
يىڭدىن ئېلىپ قالغان ئەسكەرلەر بولۇپ، ئاز قىسمى باشقا قى ـ
سىملاردىن تولۇقلانغانلار ئىكەن، كۆپچىلىك جەڭچىلەر ئىشەنچ ـ
لىك ئىكەن. بەزىلىرىنى ئوفىتسېرلار بىلەن سۆزلىشىپ تەك ـ
شۈرۈپ چىقتىم. 1 ـ پەيىنىڭ پەيجاڭى ئابلىز بوتايوف، 2 ـ پەيىنىڭ
پەيجاڭى ئەبەيدۇللاخان، 3 ـ پەيىنىڭ پەيجاڭى ئابدۇراخمان ئىكەن.
ئابلىز بوتايوف، ئابدۇراخمان دېگەنلەر ھاكى قۇربان بىلەن
ئاپاق ـ چاپاق بولۇپ كەتكەنلەر ئىدى. تەكشۈرسەم لىيەننىڭ تا ـ
مىقى ناچار ئىكەن. تاماقنى تۆەن شتابىدىن بىر تۇتاش باش ـ
قۇراتتى. تاماق ناچار، تازىلىقمۇ ناچار بولغاچقا، پۈتۈن خەنزۇ
ئەسكەرلەرنىڭ ئىچىدىن قان كېلىپ 1 ـ ، 2 ـ يىڭلاردىن 200
دەك ئەسكەر قانلىق تولغاق كېسىلى بىلەن ئۆلۈپ كېتىپتۇ.
3 ـ يىڭ شتابىغا پەيجاڭدىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىت ـ

سىرلار يىغىلسۇن دېگەن بۇيرۇق كەلدى. ھەممىمىز يىغىلدۇق. يېڭجاڭ شا تىڭفاڭ:

— 8 ـ، 9 ـ لېيەنلەر ئالتاي فرونتىغا بارىدۇ. تەييارلانسۇن! — دېگەن بۇيرۇقنى ئوقۇدى.

ھەممىمىزنىڭ دېمى ئىچىمىزگە چۈشۈپ كەتتى، بىزنىڭ سابىق 6 ـ پىيادە يىڭنىڭ ئاخىرقى سورۇقچىلىق تارتىدىغان ئورنىمىز ئالتاي بولىدىغان بولدى، دېيىشتۇق.

مۇئاۋىن يېڭجاڭ ھاكى قۇربان قوشۇمچە قىلىپ:

— 8 ـ ، 9 ـ لېيەنلەردىكى ئەسكەرلەرگە دەڭلار، دىققەت قىلسۇن! قېچىپ كەتمىسۇن، كىم قاچسا ئېتىلىپ كېتىدۇ، — دېدى.

بىز قايتىپ كېلىپ لېيەن شتابىدا يىغىن ئېچىپ، خىزمەتلەر توغرۇلۇق مۇزاكىرە قىلدۇق، لېكىن بىز ئالتاينىڭ قايسى تەرەپتىكى فرونتىغا بېرىشىمىزنى بىلمەيتتۇق، ئەمما ئوسمان باندىتلار بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغانلىقىمىز ئېنىق ئىدى. ئالتايغا شۇنچە كۆپ گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ بىرىنىمۇ ئېلىپ بارماي، بىرلا شا تىڭفاڭنىڭ پۈتۈنلەي مىللىي ئەسكەرلەرنى ئېلىپ بېرىشى بىزنى ئوققا يەم قىلىپ بېرىشتىن دېرەك بېرەتتى، بۇ ھەممىمىزگە چۈشىنىشلىك ئىش ئىدى.



# سەككىزىنچى باب

## مىللىي 8 ـ ، 9 ـ لېيەنلەرنىڭ گۇچۇڭ، ئالتاي ئۇرۇشىغا مېڭىشى

1944 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ھەربىي بۇيرۇق بويىچە يۈك ـ تاق، قازان ـ قومۇچ، ئوق ـ دورا، زاپاس ئوق ساندۇقلىرى ۋە ھەربىي چېدىرلىرىمىزنى تايلاپ ماشىنىغا باسقۇدەك قىلىپ قويدۇق. 7 ـ كۈنى 11 ئاپتوموبىل بىز تۇرغان گازارمىغا يېتىپ كەلدى، بارلىق نەرسە ـ كېرەكلىرىمىزنى ماشىنىغا بېسىپ بولدۇق، چۈشلۈك تاماقلىرىمىزنى يەپلا ئاپتوموبىللارغا ئولتۇرۇپ سائەت 3 يېرىمدا دۈبەن مەھكىمىسىگە بېرىپ ماشىنىدىن چۈشۈپ قوراللىق سەپ بولۇپ تۇردۇق. بىز تۇرغان تېۋۈتۈەننىڭ سەنمۇجاڭى جاڭ XX كېلىپ بىزگە بۇيرۇقنى يەتكۈزدى. جاڭ سەنمۇجاڭنىڭ ئېيتىشىچە، بۇيرۇقنى ئەسلىي جۇنجاڭ ۋاڭ خۇڭزۇ بەرمەكچى ئىكەن. ۋاڭ خۇڭزۇ شېڭ شىسەينىڭ ھەربىي ئىشلار مۇئاۋىنى ھەم شېڭ شىسەي بىلەن باجا ئىدى. ئۇ كىشىنىڭ مۇھىم ئىشى چىقىپ قېلىپ كېلەلمەپتۇ. جاڭ سەنمۇجاڭ يۈزى ئورۇق، بىر كۆزى ئالىغاي بولۇپ، كۆن نۇرى كۆزىگە چۈشۈپ تۇرغاچقا، كۆزىنى ئاچالمايتتى. قولى بىلەن كۆن نۇرىنى توسۇۋالاي دېسە، ھەربىي تەرتىپ بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۆزىنى چوڭ ئورۇننىڭ ۋەكىلى ھېسابلاپ مەغرۇرلىنىپ تۇرغاچقا ئۇنداق قىلغىلى تېخىمۇ بولمايتتى.

— سىلەر ھازىر ئالتاي فرونتى گۆچۈڭغا بارىسىلەر، — دېدى، ئۇ، — ئالتاي فرونتى قوماندانى پىيادە 46 ـ شى كوماندىرىنىڭ قوماندانلىقىدا بولىسىلەر.

مەزكۇر شى جياڭ جيېشىنىڭ ئايالى سۇڭ مېيلىڭ خانىم شىنجاڭغا كېلىشتىن بۇرۇن ئەۋەتىلگەن گومىنداڭنىڭ 45 ـ ، 46 ـ شىلىرىنىڭ بىرى ئىدى، 45 ـ شى ماناس، شىخولاردا بىردىن تۇەننى قالدۇرۇپ، ئاساسىي كۈچى ۋە قوماندانلىق شتابى بىلەن جىڭ ناھىيىسىگە، پىيادە بىر تۇەن غۇلجا شەھىرىدىكى ھەرەمباغقا ئورۇنلاشقانىدى. بۇنداق قىلىش سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كېلىدىغان خەۋپكە تەييارلىق قىلىش ئىدى. 46 ـ شىنىڭ بىر پىيادە تۇەننى فۇكاڭغا، قالغان قىسىملىرى قوماندانلىق شتابى بىلەن گۆچۈڭغا ئورۇنلاشقانىدى. شىجاڭى چېن ۋۇچىڭ فۇكاڭ، گۆچۈڭ، مورى، ئالتاي چاڭشىمياۋ، قۇمتاغ، سارىتوقاي، بەيتىك، داپسۇن، چىڭگىل، كۆكتوقاي ناھىيىلىرىگە بارىدىغان ئۈرۈمچى ـ ئالتاي فرونتى قوماندانلىقىنى ئۈستىگە ئالغانىدى، مانا بۈگۈن شۇ قوماندانىنىڭ بۇيرۇقىنى يەتكۈزۈۋاتاتتى، بۇيرۇق بويىچە گۆچۈڭغا بارغاندىن كېيىن فرونتنىڭ ئارقىسىدا ياردەمچى ۋەزىپىدە تۇرۇپ، خەلقنىڭ ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئات ـ ئۇلاغ، تۆگە ترانسپورتى ۋە قوي، كالىلىرىغا قاراش ئىدى، ئۇ يەنە:

— قالغان تاپشۇرۇقنى گۆچۈڭدىكى شىجاڭ چېن ۋۇچىڭدىن ئاڭلايسىلەر. سىلەر فرونتتىن زادى قاچماڭلار! قاچساڭلار، ئېتىلىپ كېتىسىلەر! ئاز كۈندە باندىتلارنى (ئالتايدىكى ئۇرۇش قىلىۋاتقان قازاقلارنى دېمەكچى) تۈگىتىپ قايتىپ كېلىسىلەر! چۈشەندىڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدى. بىز «چۈشەندۇق» دەپ ۋارقىراپ جاۋاب بېرىشتۇق. بۇنداق قىلىش گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ كۈچلۈك ۋە جانلىق ئارمىيە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان ئادەتلەرنىڭ بىرى ئىدى. مېڭىش ئالدىدا بىزنىڭ گازارمىدا تۇرىدىغان باھاۋۇدۇن دېگەن جەڭچى يېشى چوڭ ھەم



ئاغرىقچان بولغانلىقتىن ئەسكەرلەرنىڭ ئاتا ـ ئانا ۋە بالا ـ چاقىلىرىغا قاراشقا، يەنە بىر جەڭچىنى دادىسى سادىق بوۋاي بىلەن بىللە قالدۇردۇق. تۇرپاندا ئىسيان كۆتۈرۈشكە ھەرىكەت قىلغان شېرىپ رېھىم، ۋاققاس سابىر باشلىق تۆت ـ بەش كىشىمۇ گازارمىدا نەزەربەندتە قالدۇرۇلدى. جاڭ سەنمۇجاڭنىڭ گېپى تۈگىشى بىلەن 3 ـ يىڭنىڭ يىڭجاڭى شا تىڭفاڭ جاڭ سەنمۇجاڭغا ھەربىيچە سالام بېرىپ، بىزنى ماشىنىغا ئولتۇرۇشقا بۇيرۇق قىلدى. ھەرقايسى بەنلەر بەلگىلەنگەن ئاپتوموبىلغا مېڭىشىمىز بىلەن دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ يان ئىشىكىدە شادا ياغاچلار ئارىلىقلىرىدىن باشلىرىنى چىقىرىپ تۇرغان، جەڭچىلىرىمىزنىڭ خوتۇن، بالا ـ چاقىلىرى ھەم قېرى ئاتا ـ ئانىلىرى ئۈن سېلىپ يىغلاشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ دەرد ـ پەريادى مەيداننى بىر ئالدى. بۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋالغا قاراپ تۇرغان ئەتراپتىكى خەلقمۇ ئىچى ئاغرىپ كۆزلىرىگە ياش ئالدى. باشقا ئىلاجى يوق ئىدى. بەزى جەڭچىلەر ئۇرۇق ـ تۇغقان ۋە ئائىلىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ خوشلىشىپ ئۇلارغا تەسەللى بېرىپ قايتىپ كەلدى. بەزىلەر ئائىلىلەرنى خانىۋەيران قىلىپ، ئەرلىرىمىزدىن ئايرىپ قويغۇچە بىزنىمۇ سوقۇشقا ئەكەتسۇن، دەپ يىغلاپ، چاچلىرىنى يۇلۇپ، پاچاقلىرىغا ئېسىلىپ يېتىۋالدى. بۇ بىچارىلەرنىڭ دەردلىرىنى كىم ئاڭلىسۇن! ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تېپمەك دېگەندەك يىڭجاڭ شا تىڭفاڭ مۇئاۋىن يىڭجاڭ ھاكى قۇربان قاپاقلىرىدىن قار ـ مۇزلار ياغدۇرۇپ، جەڭچىلەرنى ئۇزاتقىلى كەلگەن ئۇرۇق ـ تۇغقان، خوتۇن، بالا ـ چاقىلىرىنى دەرۋازىنىڭ تېشىغا قوغلاپ چىقاردى. بۇ ئىككى جاللات كۆڭلى يېرىم بولۇۋاتقان جەڭچىلەرنى ھاقارەتلەپ، ئۇرۇپ، تېپىپ «ماشىنىغا چىق» دەپ ۋارقىرىدى. بىچارە جەڭچىلەر شۇنچە يەرلەردىن كەلگەن ئاتا ـ ئانا، خوتۇن، بالا ـ چاقىلىرىدىن قانداقمۇ ئايرىلالىسۇن؟! مېنىڭمۇ كۆڭلۈم بۇزۇلدى.

*بارسلا بىللە بارايلى،*
*يولدا يالغۇزلۇق يامان.*
*ئايرىلغانغا كىم ئۆلۈپتۇ،*
*تىرىك ئايرىلغان يامان.*

دېگەن ناخشا يادىمغا كەلدى. كۆزلىرىمدىن مۆلدۈرلەپ ياشلىرىم ئېقىپ كەتتى.

ماشىنىلارنىڭ ماتورى ھەرىكەتكە كەلدى. ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىپ ماشىنىغا ئولتۇرۇپ بولدۇق. قان ئىچەر يىغجاڭ شا تىڭفاڭ بىلەن مۇئاۋىن يىغجاڭ ھاكى قۇربان «كىملەر قالدى، كىملەر ماشىنىدا ئولتۇردى» دەپ يانلىرىغا ئېسىۋالغان قاتىللىق قىلىچلىرىنى سۆرەپ، ئۇ يان - بۇ يان چېپىشىپ يۈرەتتى. ئالدىنقى رازۋېدكىچى ماشىنا سىگنالىنى بېرىپ گۈركىرەپ بىرىنچى بولۇپ دۆبەن مەھكىمىسىنىڭ يان دەرۋازىسىدىن چىقتى. ماشىنىغا ئولتۇرغان جەڭچىلەر بىر كۆزىدىن ياش، بىر كۆزىدىن قان ئاققۇزۇپ، دەرۋازا تېشىغا ھەيدەپ چىقىرىلغان خوتۇن - بالىلىرىنى ئاخىرقى قېتىم كۆرۈۋېلىشقا تەلمۈرۈپ قارايتتى. ماشىنىلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى قوزغالدى. بىزگە تەلمۈرۈپ تۇرغانلار چاڭ - توزانلار ئارىسىدا قالدى. ماشىنىلار ئۈرۈمچى شەھەر سېپىلىنىڭ شىمالىي دەرۋازىسىدىن چىقىپ، گۇچۇڭغا قاراپ يول ئالدى. كەچ سائەت 7 لەردە مىچۈەن ناھىيىسىنىڭ چوڭ ئۆستەڭگە كېلىپ دەم ئالدۇق. شوپۇرلار ماشىنىلارغا سۇ قۇيدى ۋە تاماكا چېكىشتى. جەڭچىلەر ماشىنىدىن چۈشۈپ تەرەت قىلىشتى. ھاكى قۇربان جەڭچىلەرنى قېچىپ كېتىدۇ دەپ گۇمان قىلىپ «ھاي يىراققا بارماڭلار!» دەپ ۋارقىراپ تۇرىدۇ. شوپۇرلار بىزنىڭ ھەرىكەتلىرىمىزگە پىسەنت قىلىپ كەتمەيدۇ. چۈنكى ئالتاي فرونتىغا قانچىلىغان ئەسكەر-



لەرنى ئېلىپ بېرىپ ئۆگىنىپ قالغان شوپۇرلارنىڭ بۇنداق ئىشلار بىلەن نېمە كارى! لېكىن شوپۇرلارنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق غەم - ئەندىشىسى بار. فرونتقا ماڭغاندا قايسى دۆڭنىڭ كەينىدىن، قايسى ئورمانلىقتىن ياكى قايسى تاغ دوقمۇشلىرىدىن تۇيۇقسىز ئوق چىقىپ قايسىمىزغا تېگەر! دەپ بۇرنىغا ئۆلۈم پۇراپ، قورقۇپ تۇرىدۇ. ئالتاي فرونتىدا نۇرغۇن شوپۇرلار ئۆلۈپ، نەچچە ماشىنىلار كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغان تەجرىبە - ساۋاقلار ئازمىدى. شۇڭا، شوپۇرلار سەن ئالدىدا ماڭ دېيىشىپ، بىر - بىرىنى زورلايتتى. ئامال قانچە، ھەربىي تۈزۈم بويىچە مېڭىش كېرەك - دە. دەم ئېلىشتىن پايدىلىنىپ بىز قاتتىق قۇرۇتۇلغان نان (سۇخارى)لىرىمىزنى ئۆستەڭ سۈيىگە چىلاپ يېيىشتۇق، بەزىلەر خوتۇن - بالىلىرىنى تاشلاپ چىققان كۆڭلى يېرىم يولداشلارغا تەسەللى بېرىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ياسايتتى. بۇلاردىن باشقا كىملەر يىغلىغانلارنىڭ دەرد - ئەلەملىرىنى ئازايتسۇن، كىملەر بۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىنى كۆتۈرسۇن!

ماشىنىغا ئولتۇرۇپ يەنە مېڭىشنى داۋاملاشتۇرۇشقا بۇيرۇق بېرىلدى. شۇ ۋاقىتتا مەن رەھبەرلىك قىلغان 9 - لېيەندىكى ئابابەكرى ئىسمائىل (ھازىر قەشقەردە) تولا يىغلاپ ھوشىدىن كېتىپ قولىدىكى مىلتىق يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭ بەش بالىسى ئۈرۈمچىدە قالغان دەردمەنلەرنىڭ بىرى ئىدى. قان ئىچەر يىغجاڭ «سەن مىلتىقنى تاشلىدىڭ» دېگەن باھانە بىلەن بىر - ئىككىنى قاتتىق تەپتى. بىچارە جەڭچى كىرپىدەك تۈگۈلۈپ كەتتى، كېيىن بايقىساق، جان يېرىگە تەپكەنىكەن، تەستە ئورنىدىن تۇردى. جان يېرى ئىششىپ كېتىپ، تەرەت قىلالماي گۇچۇڭغا بارغۇچىلىك بەك قىينالدى. گۇچۇڭغا بىر سوتكىدىن ئارتۇقراق ۋاقىتتا يېتىپ باردۇق، پىيادە 46 - شى قوماندانلىقى بىزنى گۇچۇڭنىڭ سىماچاڭ دېگەن يېرىگە ئەۋەتتى. بارساق، 200 تۇياق ئات، 300دەك تۆگە، ئۈچ قورۇ قوي بار ئى-

كەن. بۇلارغا قاراپ تۇرغان گومىنداڭ قىسىملىرىنى ئالتاي فرونتىغا ئەۋەتىپ مالىلارنى بىزگە ئۆتكۈزۈپ بەردى. بىزنىڭ يەيدىغان تەمىناتلىرىمىزنى گۇچۇڭ شەھىرىدىن ئاچىقاتتى. شۇڭا، نانلىرىمىز كۆكىرىپ كېتەتتى. باشقا سەي ـ كۆكتات يوق، ياغ ـ گۆشتىن سۆز ئېچىش تېخىمۇ قىيىن ئىدى، بىز ئورۇنلاشقان بۇ يەردە سۇ يوق، كۇندۇزى كۆكۈيۇن، سالجا كۆپ، ئادەمگە ئارام بەرمەيدۇ. دەم ئېلىش دېگەن نەدە دەيسىز، ئەتراپى ئۆسكىلەڭ قۇمۇشلۇق، پاشىنىڭ ئاۋازى غۇڭغۇلداپ ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. بىرنەچچە كۈن تۇرغاندىن كېيىن ماچاڭزى[1] دېگەن يەرگە يۆتكەلدۇق. بۇ يەردە گومىنداڭنىڭ ئاتلىق بىر لىيەن ئەسكىرى بولۇپ، بىزنى هۆكۈمەتنىڭ ئات، تۆگىلىرىنى ساقلىغانلارنىڭ ئورنىغا ئالماشتۇردى، كېچىسى باندىتلارنىڭ هۇجۇم قىلىپ چارۋىلارنى هەيدەپ كېتىشىدىن ئېهتىيات قىلىپ قوتان ئەتراپىغا ئاكوپ قازدۇق. باشلىقلارنىڭ زالىملىقىدىن بىردەم ـ يېرىم دەممۇ ئالالمىدۇق. ئاش ـ تاماقنىڭ ناچارلىقى، سۇنىڭ شورلۇقىدىن جەڭچىلەرنىڭ ئىچى سۈرۈپ كەتتى.

## شېڭ شىسەينىڭ چۈنچىڭغا كېتىشى، مورىنى مۇهاپىزەت قىلىش ۋەزىپىسىنىڭ 9 ـ لىيەنگە تاپشۇرۇلۇشى

بىز ماچاڭزىدا بىر ئاي تۇرغاندىن كېيىن 9 ـ لىيەننى مورى ناهىيىسىگە يۆتكىمەكچى بولدى. بىزگە ئىشەنچ قىلالمىسا كېرەك، هاكى قۇربانىنى بىزنىڭ لىيەنگە ئەۋەتتى. 1944 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ماچاڭزىدىن مېڭىپ مورىغا يېرىم كېچىدە يېتىپ باردۇق. مورى ناهىيىسىنى مۇهاپىزەت قىلىۋاتقان پىيادە

① ماچاڭزى ــ نەسىللىك ئات فېرمىسى.



يىلىك بار ئىكەن، ئۇلارنى گۇچۇڭغا يۆتكەپ ئالتاي سوقۇشىغا ئەكەتتى، بىز مورى ناهىيىسىگە كېچىدە بارغانلىقىمىز ئۈچۈن، پارول (مەخپىي بەلگە)نى ئېيتىپ بەرسەكمۇ شەهەرگە كىرىشكە يول قويمىدى. سېپىل تۈۋىدە يېتىشقا مەجبۇر بولدۇق. 21 ـ چېسلا ئەتىگەندە كىرىپ مورى ناهىيىسىنى مۇهاپىزەت قىلىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالدۇق. ناهىيىنىڭ هاكىمى بىز هەربىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا يەر قاتلاملىرىدىن دەرس بېرىدىغان لى فامىلىلىك مۇئەللىم ئىكەن. بىز ئۇ كىشىگە ئۆزىمىزنى تونۇشتۇردۇق. بۇ ۋاقىتلار شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭنىڭ قورallلىق قوشۇنلىرى ئالتايدا قاتتىق ئۇرۇشۇۋاتقان خەۋپلىك ۋاقىتلار ئىدى.

1944 ـ يىلى 9 ـ ئايدا شېڭ شىسەي شىنجاڭدىن كەتتى. ئۇ كېتىش ئالدىدا شىنجاڭنىڭ قوراللىق قىسىملىرىغا بۇيرۇق چۈشۈرگەنىكەن. گۇچۇڭغا جايلاشقان گومىنداڭنىڭ 46 ـ شى شتابى بۇ بۇيرۇقنى ئۆز ئەينى يەتكۈزدى. بۇيرۇقتا: «مەن خىزمەت بىلەن ئىچكىرىگە كەتتىم. شىنجاڭدىكى بارلىق قۇرۇقلۇق، هاۋا قوراللىق قىسىملىرى گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ قوماندانلىقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. شىنجاڭ ئارمىيىسى قەيەرگە جايلاشقان بولسا شۇ يەردىكى گومىنداڭ شتابىنىڭ قوماندانلىقىدا بولىدۇ. مۇنىڭدىن كېيىن هەربىي بۇيرۇقلارنى گومىنداڭ ئارمىيىسى قوماندانلىقى چۈشۈرىدۇ» دېيىلگەنىدى.

موريدا تۇرۇۋاتقان كۈنلەردە گۇچۇڭ 46 ـ شى شتابىدىن جۇڭخۇا مىنگو 32 ـ يىلى 31904 ـ نومۇرلۇق بۇيرۇق چۈشۈرۈلدى. بۇيرۇقتا: «1944 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى گۇچۇڭ ئارقىلىق ئالتايغا هۇجۇم قىلىمىز، سىلەر مورىنىڭ مۇهاپىزىتىنى كۈچەيتىڭلار!» دېيىلگەنىدى. بىز هاكى قۇربان بىلەن بۇيرۇقنى مۇزاكىرە قىلدۇق. مەن «شەرقىي يول ئۇرۇش مەيدانلىرىدا گومىنداڭنىڭ قانچىلىك كۈچى بارلىقىنى بىلمەيمىز.

46 ـ شى قوماندانلىق شتابى رەھبەرلىكىدە قانچىلىك كۆچ بار-
لىقى نامەلۇم. باندىتلار بىلەن سوقۇشقان تەجربە ـ ساۋاقلارغا
قارىغاندا ھۇجۇم قىلمىز دېيىش مۇمكىن ئەمەس. بىزنىڭ ئۇ-
رۇشلىرىمىز مۇنتىزىم ئۇرۇش، باندىتلارنىڭ ئۇرۇشى پارتىزان
شەكلىدىكى ئۇرۇش، گومىنداڭ ئارمىيىسى پىيادە، باندىتلار ئات-
لىق. ئۇلارغا بىز تەڭ كېلەلمەيمىز. بىزدە ھەربىي كۈچ كۆپ
بولغان بىلەن بىز شەھەر تالىشىمىز، ئۇلارنىڭ شەھەر، قىشلاق
بىلەن كارى يوق، ئۇلارغا چارۋا، ئاشلىق، مال ـ مۈلۈك بولسىلا
بولدى. كۆچۈپ يۈرگەن باندىتلارنى تۇتۇش تەس» دېدىم. ھاكى
قۇربان مېنىڭ پىكرىمگە قوشۇلمىدى. بىزنىڭ كۈچىمىز كۆپ
ھەم يېتەرلىك دېگەن پىكىردە قاتتىق تۇردى. بۇ تالاش ـ تارتىش
قۇرۇق ئاۋارىچىلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. ھۇجۇم قىل-
مىز دېگەن بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋېلىپ ئۈچ ـ تۆت كۈن ئۆتمەيلا
باندىتلار گۇچۇڭ، جىمسار، فۇكاڭ، كونا گۇچۇڭ، مورى ناھى-
يىلىرىنىڭ يېزا ـ قىشلاقلىرىغا، چارۋىلار كۆپرەك يەرلەرگە
ھۇجۇم قىلىپ، خەلق ۋە ھۆكۈمەتنىڭ بارلىق چارۋىلىرىنى
ھەيدەپ ماڭغىلى تۇردى. خەلقنى نامرات، ئاچ ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ
قويدى. گومىنداڭ ئارمىيىسى ۋە شەھەر خەلقنى سېپىل سىر-
تىغا چىققۇسىز قىلىپ قويدى. ئۇزۇن يىللار ئولتۇراقلىشىپ
قالغان قازاق چارۋىچىلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئۆيلىرى بىلەن
قوشۇپ ئالتاي تەرەپكە كۆچۈرۈپ ماڭدى. گومىنداڭ ئەمەلدارلى-
رى ۋە ئەسكەرلىرىنى نەدە كۆرسە شۇ يەردە ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى،
خەنزۇلاردىن باشقا مىللەت كىشىلىرىنى كۆرسە، كىيىم ـ كې-
چەكلىرىنى سالدۇرۇپ يالىڭاچلاپ قويدى. قارشىلىق كۆرسەتكەن-
لەرنى ئېتىپ تاشلىدى. بۇنىڭ بىلەن قوماندانلىق شتابىنىڭ:
«30 ـ سېنتەبىر ئالتايغا ھۇجۇم قىلىمىز» دېگەن بۇيرۇقى قۇ-
رۇق گەپ بولۇپ قالدى. ھەربىي قىسىملار بولسا مۇھىم بولغان
شەھەر، قورۇق سېپىل، پوتەيلەرنى ساقلاپ قالدى. ناھىيە ئەترا-



پىدىكى يېزا ـ قىشلاقلار باندىتلارنىڭ بىمالال كېلىپ، بۇلاپ ـ
تالايدىغان رايونى بولۇپ قالدى. بۇلاپ ـ تالانغانلار ئەرز ـ شىكا-
يەت قىلىپ كەلسە، ھېچكىممۇ بۇنىڭغا ئىگە بولمىدى.

بىز 9 ـ ليەن مورىغا يۆتكىلىپ كەتكەندىن كېيىن، ماچاڭ-
زىدىكى 8 ـ ليەننىمۇ بىزدىن كېيىنلا كۆچۈرۈپ تاڭفاڭمياۋ
بۇتخانىسى ئەتراپىدىكى خەلق زىچ جايلاشقان جايلارغا يۆتكىدى.
شەھەر بىلەن يېزا ـ قىشلاق ۋە كەنتلەرنىڭ ئارىلىقى يىراق،
بېرىش ـ كېلىش قىيىن، يول خەتەرلىك، دۈشمەنلەر بىلەن تا-
سادىپىي ئۇچرىشىپ قېلىش ئېھتىمالى چوڭ بولغاچقا، 8 ـ
ليەن ۋە قوماندانلىق شتابى بىلەن بولغان ئالاقىمىز ئۈزۈلۈپ
قالدى.

ھاكى قۇربان ھاكاۋۇرلۇق، مەنمەنلىك، ئۆزۈمچىلىك بىلەن
داڭ چىقارغانىدى. «ئۆردەكمۇ مۇشۇ كۆتۈم بولسا ھەممە كۆلنى
سېسىتىمەن» دېگەندەك ھەتتا ئۇ مورى ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى
بىلەنمۇ بىرقانچە قېتىم ئۇرۇشۇپ قالدى. ئاخىرى بەيياڭگۇدىكى
بوستاندا ئۇرۇش يۈز بەرگەندە، ئاندىن ھاكى قۇرباننى گۇچۇڭ-
دىكى باتالىيون شتابىغا قايتۇرۇپ كەتتى. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرد-
ە مورىنىڭ بوستان دېگەن تاغ ئېغىزىغا ـــ شەرق تەرەپتىن
تەڭرىتاغنى كېسىپ پىچانغا بارىدىغان تاغ ئاغزىغا 60 ـــ
70تەك ئاتلىق قوراللىق باندىت پەيدا بولدى دېگەن خەۋەر كەل-
دى. مورى ھاكىمى لى XX مېنىڭ ئەسكەر ئېلىپ بېرىپ بوس-
تاندىكى بۇلاڭ ـ تالاڭدا قالغان خەلقنى قۇتقۇزۇپ قايتۇرۇپ
كېلىشىمنى ئېيتتى. مەن بىر پەينى مورىدا قالدۇرۇپ، قالغان
ئەسكەرلەرنى ئېلىپ مورى ناھىيەسى ساقچى ئىدارىسىنىڭ باش-
لىقى بازارقان (قازاق) ھەم ئۇنىڭ تۆت ـ بەش ساقچىسى بىلەن
بوستان دېگەن قىشلاققا باردۇق. باندىتلار ئالدىراپ بۇلاپ بو-
لۇپ، ماللارنى ھەيدەپ مېڭىۋاتقانىكەن، بىردەم قوغلاپ بىرنەچ-
چە قورۇ قوينى تارتىۋالدۇق. كەچ بولۇپ كەتكەنلىكتىن قونۇپ

قىلىشقا توغرا كەلدى. ئەتىسى ئۇلار قالغان ماللارنى بۇلىغىلى يەنە كەلدى. ئىككى ـ ئۈچ سائەتتەك قاتتىق ئۇرۇشتۇق، بۇ ئالتاي فرونتىغا بارغاندىن كېيىنكى بىرىنچى قېتىملىق ئۇرۇش ئىدى. بىزدىن بىر ئات ئۆلدى، باندىتلاردىن بىر ئادەم، ئىككى ئات ئۆلدى، ئىككى ئادەم يارىدار بولدى. بۇنىڭ بىلەن باندىتلار قېچىپ كەتتى. بەيياڭگۇغا جايلاشقانلار ئاساسەن خەنزۇ دېھقانلار ۋە ئاز ساندىكى تۇرپان، پىچاندىن كەلگەن چارۋىچىلار ئىكەن. بۇلارنىڭ مال ـ مۈلۈك، چارۋىلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى باندىتلاردىن قايتۇرۇۋېلىپ كۆچۈرۈپ كەلدۇق. دېھقانلارنىڭ ئاشلىق، زىرائەتلىرى خامان ۋە ئېتىزدا قالدى.

شۇنداق قىلىپ، باندىتلار بىلەن پات ـ پات ئۇرۇشۇپ تۇردۇق. مورى ئەتراپىدىكى خەنزۇ دېھقانلار چارۋىلىرى بىلەن سېپىل ئىچىگە كۆچۈشكە باشلىدى. بىز مورىغا يېتىپ كېلىپ تېخى ئاتتىن چۈشمەستىنلا بەيياڭگۇ ئۇرۇشىدا چېكىنىپ چىقىپ كەتكەن باندىتلار مورىنىڭ پىگدىڭسەن دېگەن جايىدىكى قازاق چارۋىچىلارنى بۇلاۋاتىدۇ، دېگەن خەۋەر كەلدى. بىز يەنە پىگدىڭسەنگە قاراپ ماڭدۇق. بۇ يەر تاغ تۆپىسىدىكى تۈزلەڭلىك بولۇپ، بۇ يەردىكىلەر ئاساسلىقى دېھقانچىلىق قىلىدىكەن. بىز تېز مېڭىپ تاغقا ياماشقاندا، مەزكۇر قىشلاقتىكى خەنزۇ دېھقانلار غاز، ئۆردەك، توخۇ قاتارلىق ئۆي قۇشلىرىنى سېۋەتلەرگە قاچىلاپ، كالا، ئېشەك، قېچىرلاردىكى سېۋەتلەرگە، بەزىلىرى ئەپكەش سېۋەتلەرگە بالىلىرىنى سېلىپ قىيا ـ چىيالار بىلەن تاغدىن پەسكە چۈشۈۋاتقانىكەن. بىزنى كۆرگەن خەلق بەك خۇشال بولۇپ كەتتى. بەزىلىرى باش كىيىملىرىنى ئېلىپ تەزىم قىلىپ باندىتلار ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشقا باشلىدى. بىرىنى ئۇرۇپ باش ـ كۆزلىرىنى يېرىۋېتكەنىكەن. قىلچىنىڭ ئىزىدىن قان تامچىپ تۇرىدۇ، ئۇرۇش يېڭى باشلانغانلىقتىن دېھقانلارنى ئاتماپتۇ. بىزگە شۇ نەرسە قاتتىق تەسىر قىلدىكى، ئۇرۇش



شۇنداق دەھشەتلىك، شۇنداق رەھىمسىز نەرسە ئىكەن. ئۇرۇش دېگەن بالايىئاپەت. بىز ئۇرۇش ئۈستىدە بۇنى بىلگەن بولساقمۇ، باندىتلارنىڭ ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن قورقۇپ، خۇددى بۆرىدىن ئۈركۈگەن قويدەك قېچىپ كېلىۋاتقان خەلقنىڭ ھالىدىن بۇنى تېخىمۇ ھېس قىلدۇق. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نارەسىدە بالىلارچۇ؟ 80 ـــ 90 ياشلىق ئاق چاچلىق بوۋاي، مومايلارچۇ؟ ئەنە 90 ياشقا كىرىپ قالغان بىر خەنزۇ موماي كىرلىشىپ كەتكەن كىچىك قومۇش سېۋەت ئىچىگە بەش ـ ئالتە دانە جىگمومىنى سېلىپ، ئۈستىگە كىر لۆڭگە يېپىپ بېلىگە قىستۇۋاپتۇ. بىر قولىدا ھاسا تايىقى بار، پۇتلىرى كىچىك، ئاران ماڭىدۇ. بىزنى كۆرۈپ توختاپ سېۋىتىدىن جىگمومىنى ئېلىپ بىزگە سۇندى. «سىزگە رەھمەت، ئۆزىڭىز يەڭ» دەپ، خەنزۇچە جاۋاب بەردىم.

مومايدىن قانچە ياشقا كىردىڭىز؟ دەپ سورىدىم، ئۇ قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ 90 ياشقا كىردىم دەپ جاۋاب بەردى. بۇلارمۇ دېھقانچىلىق قىلىدىكەن، بىر ئوغلى، ئىككى قىزى، تۆت ـ بەش نەۋرىسى بار ئىكەن، بۇلارنىڭ قىشلىقى بىز ئۇچرىشىپ قالغان يەردىن ئون كىلومېتىردىن ئارتۇقراق كېلىدىغان جايدا ئىكەن.

بىز يۈرۈشىمىزنى داۋاملاشتۇردۇق. خۇددى ئۈۋىسى بۇزۇلۇپ كەتكەن چۈمۈلىلەردەك قېچىپ كېلىۋاتقان دېھقانلار كۆپ ئىدى. بۇ ئۇرۇش ئاپىتى بۇ يەرگە يېتىپ كەلمىسە، بۇ بىچارىلەر ئۆزلىرىنىڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىسسىق ماكانلىرىدىن چىقارمۇ؟ بىز ئادەم ئايىغى باسمىغان تاغ، چۆللەرگە بارارمىدۇق؟! بىزدە ئاشۇ موماي ئۈچۈن، ۋەيرانچىلىقتا كېلىۋاتقان دېھقانلار ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىش ھېسسىياتى تېخىمۇ كۈچەيدى. بىز تېز مېڭىپ باندىتلار بار جايغا بارساق، ئۇلار ئالىدىغانلىرىنى ئېلىپ، بۇلايدىغانلىرىنى بۇلاپ قېچىپ كېتىپتۇ! ئىلاجسىز دېھقانلارنى ئېلىپ قايتىپ كەلدۇق. شەھەر سىرتىغا ئورۇنلاشقان مورى خەلقى

چارۋا، مال ـ دۇنيالىرىدىن ئايرىلدى. شەھەر سېپىلى ئەتراپىدىكى ئاز ساندىكىلەرنىڭ ماللىرى قالدى. بۇلارمۇ مال چارۋىلىرىنى ئېلىپ سېپىل ئىچىگە كىرىپ بولدى.

مورىنىڭ شەھەر سېپىلى كىچىك بولۇپ ئۈچ دەرۋازىلىق ئىدى، شەرقىي قوۋۇق (قومۇلدىن كېلىدىغان يول دەرۋازىسى)، شىمالىي قوۋۇق (ھەر مىللەت خەلقى ئولتۇراقلاشقان مەھەللىگە چىقىدىغان يول دەرۋازىسى)، غەربىي قوۋۇق (گۇچۇڭ، ئۈرۈمچى تەرەپكە ماڭىدىغان يول دەرۋازىسى) ئىدى. سېپىل ئىچىدىكى مەكتەپ، بۇتخانا، چوڭ قورۇلارنىڭ ھەممىسى سىرتتىن كۆچۈپ كىرگەن دېھقان ـ چارۋىچىلار بىلەن تولدى. يېزا ـ قىشلاقلاردا دېھقانلارنىڭ قۇرۇق ئۆيلىرى، ئورا ـ گەمىلەرگە كۆمۈلگەن ئاشلىق، بەزى يىغىپ بولالمىغان خامىنى قالدى. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ نەرسىسى قالمىدى، ھەتتا بەزى ھەشەمەتلىك سېلىنغان ئىمارەتلەرنى باندىتلار ئوت قويۇپ كۈلگە ئايلاندۇرۇۋەتتى. ئاتلىق باندىتلار مورى ئەتراپىدىكى تاغ چوققىلىرىغا چىقىپ شەھەر ئەتراپىنى كۆزىتىدىغان، كىمكى سېپىلدىن ئىككى ـ ئۈچ كىلومېتىر چىقسىلا، بارلىق نەرسىلىرىنى ئېلىۋېلىپ، يالىڭاچلاپ قويىدىغان، قارشىلىق قىلغانلارنى ئېتىپ تاشلايدىغان بولۇپ قالدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار مورى ناھىيىسىنىڭ ئەتراپىنى قىشلايدىغان ماكان قىلىپ كۈندىن ـ كۈنگە كۈچىيىپ، دائىرىسىنى كېڭەيتىپ بولدى. مەن ئازغىنە ئەسكەر بىلەن باندىتلارغا قارشى جەڭ قىلىپ كەلدىم، بىر پەي ئەسكەر ئابلىز پەيجاڭنىڭ رەھبەرلىكىدە شىڭ شىسەينىڭ دۇنياسىنى مۇھاپىزەت قىلىپ لەنجۇغا كېتىپ تېخى قايتىپ كەلمىگەنىدى. باندىتلار بىز بىلەن شەھەر تالاشمايدۇ. ئۇلارغا چارۋا، مال ـ دۇنيا بولسىلا بولىدى. ئەگەردە شەھەر تالىشىدىغان بولسا 60 — 70 ئەسكەر بىلەن سېپىلنى ساقلىغىلى بولامدۇ؟ مەن لى ھاكىمغا مورى ياشلىرىدىن پارتىزان ئەترىتى تەشكىل قىلىشقا مەسلىھەت بەرگەنىدىم.



بۇ كىشى دەرھال ماقۇل كۆرۈپ، مورى ناھىيەسى ساقچى باشلىقى ۋە ناھىيىدىكى مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنى يىغىپ مەجلىس ئېچىپ مېنىڭ پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويدى. مەجلىستىكىلەر ھەممىسى قوشۇلدى. ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بازارقاننىڭ رەھبەرلىكىدە 50 — 60تەك ئادەم بىلەن پارتىزان ئەترىتى تەشكىل قىلىندى. بۇلار كونا توققۇزئاتار، موزۇچاڭ، نەيزە، قىلىچ ۋە بەزى ئوۋ مىلتىقلىرى بىلەن قوراللاندى. بۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئېتىنى مىنىدىغان، ئاتلارنىڭ ئوت، سامان، بوغۇزلىرىنى ھاكىم ئىدارىسى بېرىدىغان بولدى. بىر پەي 20 ئادەمدىن، ئۈچ پەي تەشكىل قىلىنىپ، پەيجاڭ، بەنجاڭلار سايلاپ چىقىلدى. ساقچى تەرەپ كۈندە ھەربىي مەشىق قىلدۇردى. بىز يەنە مورى شەھىرى سېپىلىنى قوغداپ قېلىشقا چامىمىز يەتمەيدۇ دەپ، گۇچۇڭ قوماندانلىق شتابىغا دوكلات يوللىدۇق، جاۋابى يېتىپ كەلگۈچە مورىنىڭ بەيياڭگۇ تاغ ئېغىزىغا باندىتلار يەنە كەلدى، دېگەن خەۋەر كەلدى. خەۋەردىن قارىغاندا بۇ قېتىم كەلگەن باندىتلار خېلى كۆپ ئىكەن. شۇڭا، مورىدا يەرلىك پارتىزان ئەترىتى (ئىككى ئەترەت)نى، بىزدىن بىر پەينى قالدۇرۇپ قالغان قىسمىنى ئېلىپ ئۆزۈم ماڭدىم. يۈسۈپ تاجى (يەكەندە بار)، ھېكىم مامۇت (تۇرپاندا بار)لار رازۋېدكا قىلىش ئۈچۈن كەتكەنىدى. ئۇلار ئىككى قوراللىق باندىتنى بۇلاڭچىلىق قىلىۋاتقان يېرىدىن تىرىك تۇتۇپ كەلدى، قالغانلىرى ئارقىسىغا قايتىپ قېچىپ كېتىپتۇ. بىز قاچقان باندىتلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ ماڭدۇق. بىز تاغلىق ئېدىردا ئىدۇق، ئۇلار ماللارنى ھەيدەپ يېڭىدىن تۈزلەڭ سايغا چىققانىكەن. يەر شارائىتى بىزگە پايدىلىق ئىدى. بىز بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، قوغلاپ قاتتىق سوقۇشتۇق، 10 مىڭدەك قوي، 200دەك ئات، كالا، تۆگە، 40 — 50تەك كۆچمەن چارۋىچىنى باندىتلاردىن ئاجرىتىۋالدۇق. بۇلارنىڭ ئىچىدە قازاق، خەنزۇ، ئۇيغۇرلارمۇ بار. مەزكۇر قويلارنىڭ كۆپ

قىسمى تۇرپان، پىچان، لۈكچۈندىن مورى يايلىقىغا جايلاشقان چارۋىچىلارنىڭ ماللىرى ئىكەن. باندىتلار چارۋا، ئۆي - مۈلۈكلىرى، كىيىم - كېچەكلەرنى بۇلىغاندىن سىرت، ئەمدىلا 15 ياشقا كىرگەن XXX ئىسىملىك قىزنى بۇلاپ، ئۇنىڭغا ئىككى نەپەر باندىت باسقۇنچىلىق قىلىپتۇ، بىچارە قىز قانسىراپ يېتىپ قاپتۇ. بىچارە قىزنىڭ ئانىسىنىڭ يىغىسى ھازىرمۇ ئېسىمدىن چىقمايدۇ. بىز ئىنسان قېلىپىدىن چىققان رەھىمسىز باندىتلاردىن قاتتىق نەپرەتلەندۇق.

بۇ ئۇرۇش بىر ھەپتە داۋاملاشتى. بىز مورىغا قايتىپ كەلسەك، بىز بەيياڭگۇدىن كەتكەننىڭ ئەتىسى لۈي تۈەنجاڭ دېگەن كىشى بىر پەي قوراللىق ئەسكەر بىلەن مورىدىكى قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىش ئۈچۈن كەپتۇ. بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى لى ھاكىم دوكلات قىلغان ئوخشايدۇ. كەچقۇرۇن بىزنىڭ گۈچۈڭدا قالغان يىڭجاڭ شا تىڭفاڭمۇ ئىككى نەپەر مۇھاپىزەتچى، بىر بەن قوراللىق ئەسكەر بىلەن مورىغا كەلدى.

مەن سوقۇشتا بولغان بارلىق ئەھۋاللارنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەرسەم، يىڭجاڭنىڭ چىرايلىرى تۈرۈلۈپ ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىۋەتتى، ئۇ ئۆزىمۇ بەك قورقۇنچاق ئىدى. ئالتاي تەرەپتىكى سوقۇشلاردا گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ قىرىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان ئوخشايدۇ. 10 - ئاينىڭ 3 - كۈنى مورى ناھىيىسىنىڭ ئون كىلومېتىردەك شەرقىدە شىجاگۇ دېگەن قىشلاق بار ئىدى. بۇ جايدا ئىككى ساي بولۇپ، بىر سايدا خەنزۇ دېھقانلىرى، يەنە بىر سايدا خۇيزۇ، ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئورۇنلاشقانىكەن. قىشلاقلارنى باندىتلار بۇلاۋاتىدۇ، دېگەن خەۋەر كەلدى. شا يىڭجاڭ بىزنىڭ ليەنگە كېلىپ «تەييارلىنىڭلار» دەپ بۇيرۇق بەردى. ئۆزىمۇ بىللە بارىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بىز ئاتلارنى توقۇپ تەييارلاندۇق. بىز مورىدا مۇئەللىملەر بىلەن تونۇشۇپ قالغاندۇق. تۇنىياز دېگەن مەكتەپ مۇدىرى بولۇپ، يول-



نىڭ خەتەرلىكلىكىدىن شىجاگۇغا بارالمىغانىكەن. بىز بىلەن ئىككى - ئۈچ مۇئەللىم بىللە ماڭدى.

بىز شىجاگۇغا يېتىپ بارساق باندىتلار بىزنىڭ كېلىدىغانلىقىمىزنى بىلىپ قېلىپ، يېزىغا كىرەلمەي قايتىپ كېتىپتۇ. بىز قوغلاپ تاغقا چىقساق، پىڭدىڭسەنگە قېچىپ كېتىپتۇ. بىز دەم ئالغاچ دۇربۇن بىلەن كۆزەتسەك، مورى تەرەپتىن ئۈچ ئاتلىق قوراللىق باندىتنىڭ بىز تۇرغان تاغقا قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن بىزنىڭ ليەندە قالغان ئاقنىياز بەنجاڭ تۆت - بەش ئەسكەر بىلەن ئارقىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۇق. شا يىڭجاڭ مېنى ئىككى ئەسكەر بىلەن ئالدىنى توسۇپ تۇتۇشقا بۇيرۇق قىلدى. مەن، بىز پەسكە چۈشسەك تۇيۇپ قالىدۇ. مۇشۇ يەردە توسۇيلى دېسەم، تەجرىبىسىز يىڭجاڭ ئۇنىمىدى. مەن ئۈچ ئەسكەر بىلەن پەسكە چۈشۈپ بولغۇچە باندىتلار تاغقا يامىشىپ چىقىپ يىڭجاڭلار تۇرغان يەرگە قارىتىپ ئوق ئېتىپتۇ. باندىتلارنىڭ ئاتقان ئوقى شىجاگۇلۇق دېھقانلاردىن مۇخپۇل ئاكىنىڭ قورسىقىغا تېگىپتۇ، ئۇنى روزاخۇن ئاكىنىڭ پوتىسى بىلەن تېڭىپ قويۇپتۇ. ئېتىلغان ئوقتىن قورقۇپ كەتكەن يىڭجاڭ چوڭقۇر بىر ئازگالغا كىرىپ يېتىۋاپتۇ. بۇنى كۆرگەن پۇقرالار ۋە جەڭچىلەر كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن قۇرۇق قول قايتىپ كەلدۇق. بىز بىلەن بارغان مۇئەللىم ۋە يەرلىك دېھقانلارمۇ بىللە قايتىپ كەلدى. يارىدار بولغان مۇخپۇل ئاكىنى بىر مەھەللىلىك دېھقانلار ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى.

## پىڭدىڭسەندىكى قانلىق جەڭ

10 - ئاينىڭ 13 - كۈنى باندىتلارنىڭ پىڭدىڭسەنگە يىغىلغانلىقى، گۈچۈڭ ۋە مورى ناھىيىلىرىدىكى يېزا - قىشلاقلاردىن بۇلاپ كەلگەن چارۋىلارنى بۇ جايغا توپلىغانلىقى ھەققىدە خەۋەر

كەلدى. پىشدىكسەنگە چىقىدىغان ئىككى يول بار ئىدى. بۇ جاي بەئەينى تەبىئىي قورغانغا ئوخشايتتى. ئەگەردە ئىككى يولدا ئىككى مەرگەن تۇرۇۋالسا ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ ئۆتكىلى بولمايتتى. بۇ ئەھۋالنى بىلگەن لوي تۆەنجاڭ پىشدىكسەنگە ھۇجۇم قىلىش بۇيرۇقىنى بەرگەندە شا يىڭجاڭنىڭ ئۆزىنىڭ بېرىشىنى تاپشۇرغانىكەن. شا يىڭجاڭ بىزگە بۇيرۇقنى يەتكۈزدى. ئۆزىنىڭ بارىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا قوللىرىمۇ تىترەپ، ئاۋازىمۇ ئارانلا چىقتى. بىز تەييارلاندۇق. مورىدىكى پارتىزانلارنىڭ ھەممىسىنى ساقچىلارنىڭ باشچىلىقىدا ئېلىپ ماڭدۇق. پارتىزانلار بىز بىلەن بىرقانچە قېتىم سوقۇشلارغا بېرىپ خېلى تەجرىبىلىك بولۇپ قالغانىدى. گەرچە قوراللىرى ناچار بولسىمۇ بىزنىڭ ئارقىمىزدا باراڭ كۆرسىتىپ بېرەلەيتتى.

شا تىڭفاڭ چۇمىسىدىن دېگەن چوڭ تاغقا يېتىپ بارغاندا ئالتە ئەسكەر بىلەن بىر دانە قول پىلىموتنى ئېلىپ شۇ جايدا قالدى. بىز يىڭجاڭدىن ئايرىلىپ ئىككىنچى كۈنى پىشدىكسەنگە يېتىپ باردۇق. بىز بېرىپ ھۇجۇمنى تاڭ سەھەردە باشلىماقچى بولۇپ، ئېگىز تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئەتراپنى كۆزەتتۇق. قارىساق جىمىسار، گۇچۇڭ، مورى، تۇرپان، پىچان چارۋىچىلىرىنى بۇلاپ تېخى ئالتاي تەرەپكە ئەكېتەلمىگەن ھەددى ـ ھېسابسىز چوڭ ـ كىچىك چارۋىلار ۋە كۆچمەن ئاۋۇللار كۆرۈندى. بۇنى كۆرگەن جەنۇبلۇق جەڭچىلەر بىز قەشقەر شەھىرىنىڭ ھېيتكاھىغا كېلىپ قالدۇقمۇ نېمە؟ دەپ چاقچاق قىلسا، بەزىلەر چاقچاققا جاۋابەن: ھە، شۇنداق، ھازىرلا ناغرا ـ سۇناي، داقا ـ دۇمباقلار چېلىنىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا ھەممىمىز ئۇسسۇلغا چۈشىمىز، دېيىشتى. شۇ ۋاقىتتا بىر باندىتنىڭ قورال بىلەن ئاتلىق كېلىۋاتقانلىقى بايقالدى. بەلكى رازۋېدكىچى بولسا كېرەك. مەن قوراللىق كىشىنى قارىغا ئېلىپ ئالدىراشلىقتا پىرتىسلىنى تەڭشىمەيلا ئېتىپتىمەن. ئوق تەگمەي قالدى. ئۇ قېچىپ بىر



تاغنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپلا غايىب بولدى. ئىش ئەمدى بولمىدى، ئۇنىڭ قايتىپ بېرىپ، خەۋەر قىلىشى ئېنىق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مىلتىقنىڭ ئاۋازى تاغدا نەچچە ھەسسىلەپ جاراڭلاپ چىقىدىغان بولغاچقا، بۇ چاغقىچە، ئۇلارنىڭ ھەرىكەتكە كەلگەنلىكىدە گەپ يوق ئىدى. بۇ مېنىڭ ئالدىراڭغۇلۇقۇمدىن بولدى. شۇڭا، ھۇجۇمنى باشلىماي بولمىدى. بىز ئاز، باندىتلار كۆپ، ئۇلار تاغنىڭ ئويمان ـ چوڭقۇرلىرىنى بىزگە نىسبەتەن ياخشى بىلىدۇ. ئىككى ـ ئۈچ سائەت قاتتىق ئۇرۇش بولدى. ئۇنىڭغىچە بىزنىڭ ئەتراپىمىزنى باندىتلار قورشاپ، پىلىموت، مىلتىق ۋە ئاپتوماتلاردىن ئوق ئېتىشقا باشلىدى. ئۇلار ھەممىسى دېگۈدەك مەرگەن بولۇپ، بىزنىڭ قولىمىزدا پەقەت ئىككى دانە ئەنگلىيەدە ئىشلەنگەن كونا پىلىموت، بىر دانە گراناتامىيوت (زىدەنتۇڭ) بولۇپ، پىلىموتنىڭ بىرى بۇزۇلدى. بىر دانە قول پىلىموتىمىزنى «باتۇر يۈرەك» يىڭجاڭ ئۆزىنى مۇھاپىزەت قىلىشقا ئېلىپ قالغان. بىر دانە گراناتامىيوت يۇنۇس دېگەن جەڭچىمىزدە ئىدى، ئۇنىمۇ يىڭجاڭ ئېلىپ قاپتۇ. ئىشەنچلىك قورال يوق. ئاتلىق ئاتاكىغا ئۆتەيلى دېسەك، كوماندىرلاردىن باشقىلاردا قىلىچ، ھەتتا مىلتىقنىڭ ئىشتىكىمۇ يوق. بىزنىڭ قوراللىرىمىز كونا زاماندىكى قورال، تۈزۈك ئېتىلمايدۇ. بەزى جەڭچىلەر مىلتىقىم ئېتىلمايۋاتىدۇ دەپ قاقشىماقتا. ئېتىلسىمۇ نىشانغا تەگمەيدۇ، ئۇرۇش جىددىيلەشتى، ئەھۋالىمۇ ئېغىرلاشتى. باندىتلار قورشاپ كېلىۋاتىدۇ. بىزنىڭ ھاياتىمىز ئېغىر خەۋپ ئاستىدا قالدى، ھاياتىمىزنى ۋە كۈچىمىزنى ساقلاپ قېلىشقا بىرلا يول قالدى. ئۇ بولسىمۇ فرونتتىن چېكىنىپ چىقىش. ئەسكەرلەرگە بىر بەندىن چېكىنىشكە بۇيرۇق بېرىلدى. بىز چېكىنىۋاتىمىز، باندىتلار قىستاۋاتىدۇ، بىز ئۈچ كىلومېتىردەك چېكىنىپ، تاغ چوققىسىدىكى ياخشى جايدىن ئورۇن ئالدۇق. بۇ ئۇرۇشتا ئىككى نەپەر جەڭچىمىز يارىدار بولدى. ئەبەيدۇللا پەي-

جاڭ بىلەن يەنە بىر جەڭچىمىزگە ياردارلارنى ئېلىپ ئالدى-
مىزدا كېتىپ تۇرۇشنى تاپشۇردۇم (ئەبەيدۇللا پەيجاڭ سابىق
مىللىي ئارمىيىنىڭ پولكوۋنىكى ئابلاخاننىڭ ئىنىسى ئىدى).
بۇ جىددىي پەيتتە، قالايمىقانچىلىقتا چېكىنىش بەكمۇ خەتەرلىك
ئىدى. شۇڭا، تەۋەككۇلنى ئۆز بەنى بىلەن بىزنى مۇھاپىزەت
قىلىپ تۇرۇشقا قالدۇردۇق. بىز چېكىنىپ خېلى يەرگە بارغاندا
يەنە بىر بەننى قالدۇردۇق. شۇنداق قىلىپ، نۆۋەت بىلەن ئۇرۇش
قىلىپ ئارقىمىزغا چېكىندۇق. بۇ قېتىمقى سوقۇشتا قەھرىماذ-
لىرىمىزدىن تەۋەككۇل بەنجاڭ، نىياز بەنجاڭ، ئېلى ماموت، سا-
يىت نىياز، قادىر مۇسا، هوشۇر موللا، ماموت ئەمەت قاتارلىقلار
قۇربان بولدى، بەزىلىرى ئەسىرگە چۈشتى. بىز بىلەن بىرگە
بارغان پارتىزان ئەترىتىدىن ئون نەپەر كىشى قۇربان بولدى ۋە
ئەسىرگە چۈشتى. بىز ئۈچىنچى قېتىملىق بەيياڭگۇ ئۇرۇشىدا
52 نەپەر باندىتنى ئەسىرگە ئالدۇق، قارشى تەرەپنىڭ ئەھۋالىنى
ئۇقساق، باندىتلاردىن 15 ى ئۆلۈپتۇ. بۆلارنىڭ ئىچىدە داڭقى
بار بىر نوچىنىڭ ئۆلگەنلىكىگە ئۇلار بەكمۇ ئېچىنىپ كېتىپ-
تۇ. بۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن قوي، كالا، ئات، تۆگىلەر ئوق تې-
گىپ ئۆلۈپتۇ. يولدا كېتىۋېتىپ بىزدىن رۇخسەتسىز گراناتامى-
يوتنى ئېلىپ قالغان هېلىقى يۇنۇس دېگەن جەڭچىنى ئۇچرات-
تۇق. ئارقىدىن يېتىپ بېرىپ، يېنىمدىكى قىلىچنى سۇغۇرۇپ،
چېپىۋېتەي دەپ توختاپ قالدىم. مۇهىم قورال بولماسلىق سە-
ۋەبىدىن ئۆلگەنلەر كۆز ئالدىمدىن كەتمىدى. قىلىچنى بىر ئۇر-
غاندىم، بىر بىلىكىنىڭ ئۈستىخىنى چېپىلىپ كەتتى. ئۇ
ۋايجان دەپ ئاتتىن دومىلاپ چۈشۈپ قاچتى. ئۇنىڭغا هېچكىممۇ
پەرۋا قىلمىدى. باندىتلار تۇتۇپ ئۆلتۈرسۇن دەپ تاشلاپ كەتتۇق.
ئۇ ناهايىتى كەچتىلا ئارقىمىزدىن سۆرىلىپ يېتىپ كەلدى.

بىز نۇرغۇن يولداشلاردىن ئايرىلىپ، شا تىڭفاڭنىڭ يېنىغا
بارساق، بىزنىڭ فرونتتىن چېكىنگەنلىكىمىزنى دۇربۇن بىلەن



كۆرۈپ، قۇيرۇقىنى خادا قىلىپ قاچقانىكەن. بىز مۇئاۋىن پەي-
جاڭ ئۆمەرجاننىمۇ كۆرمىدۇق. ئۇنىڭ مىنگەن ئېتى ياخشى
بولغانلىقتىن، كوماندىر ئۆلسە، ئىزىغا قوماندانلىقنى ئۆتەيدىغان
مۇئاۋىن كوماندىر ئەسكەرلىرىنى ۋە بىزگە ئوخشاش ھەمراھلى-
رىنى تاشلاپ، توپتوغرا مورىغا قېچىپ كېتىپتۇ. قارىسا گازار-
مىدا ئاشپەزلەردىن باشقا كىشى يوق بولغانلىقتىن، ياتاقتىن
بىر سۇدان سۇ ئېلىپ، ئالدى ـ كەينىگە قارىماي قېچىۋاتقان
يىڭجاڭ شا تىڭفاڭنىڭ ئالدىغا بېرىپ سۇنى تۇتۇپتۇ. مەن سو-
قۇشتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن شتابقا بېرىپ، چىرايى
سارغىيىپ كەتكەن شا يىڭجاڭ بىلەن ئۆمەرجاننى كۆردۇم. ئۆ-
مەرجانغا:

— كوماندىرىڭىز ئەبەيدۇللاخانغا ئوق تېگىپ ياردار بولسا
ئۇنى تاشلاپ، ھەتتا قول ئاستىڭىزدىكى بىر پەي ئەسكەرلىرد-
ڭىزنىمۇ تاشلاپ نېمىشقا قېچىپ كېتىسىز؟ سىزنىڭ پەيىڭىزدە
قانچە كىشى ئۆلدى، قانچە كىشى ياردار بولدى. بىلەمسىز؟
فرونتتىن قاچقانلىقىڭىز چوڭ جىنايەت، — دېدىم.

ياتاقتا ياتقان يىڭجاڭ شا تىڭفاڭ بۇنى ئاڭلاپ:

— بولدى قىلىڭلار! — دەپ توۋلاپ گەپ قىلدۇرمىدى.

ئۆمەرجان كەنجى ئوفىتسېر ئەمەس. جەڭچىلەر قاچسا ئۆلۈم
جازاسى بېرىلىدۇ، بولۇپمۇ ئۆمەرجان پۈتۈن بىر پەينى ھەم ئوق
تەگكەن كوماندىرنى تاشلاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ھەربىي سوتتا
قانۇن بويىچە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىشى كېرەك ئىدى. ئەپسۇس-
كى، يىڭجاڭغا بىر سۇدان سۇ يەتكۈزۈپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن
هېچقانداق جاۋابكارلىققا تارتىلماستىن، پەيجاڭ قىلىپ ئۆستۈ-
رۈلدى. بۇ ئىش يولداشلار ئىچىدە كۈچلۈك نارازىلىق پەيدا
قىلدى.

مەن ئەسكەرلەرنى گازارمىغا يىغىپ، تەۋەككۇل بەنجاڭنىڭ
بۇيرۇق بويىچە بىزنى قوغداپ، دۈشمەن بىلەن ئېلىشىپ، ئۆزى

ۋە بىر بەن ئەسكەر بىلەن قۇربان بولغانلىقى، بىزنىڭ سالامەت قايتىپ كېلىشىمىزگە چوڭ كۈچ چىقارغانلىقى، ئۇلارنىڭ بۇرۇنقى سوقۇشتىكى قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرىنى سۆزلەپ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالمىدىم. بارلىق سەپتىكى يولداشلارمۇ ھۆڭرەپ يىغلاشتى، كېيىن ئۇلارغا ئاتاپ نەزىر قىلدۇق. قۇربان بولغان قەھرىمانلاردىن قالغان نەرسە - كېرەكلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ مائاشلىرىنى يىغىپ، ئۇرۇمچىدىكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىشكە ئابدۇقادىرخاننى مەسئۇل قىلىپ بەلگىلىدۇق.

موری ئەتراپىدا باندىتلار بىلەن قىسقا ئۇرۇش بولۇۋاتقان مەزگىلدە، 8 - لىيەندىكى ئوبۇلقاسىم (ھازىر خوتەندە بار، كادىر) بەنجاڭ شۇ لىيەندىكى ئابلەھەت داۋۇتنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئۆزىنىڭ بەندىكى ئىلغار ۋە چاققان بىرقانچە يولداشنى ئېلىپ 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى «ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىسىنى ئەكەلدۇق» دېگەن باھانە بىلەن ئۆزئارا خەۋەر ئالماشتۇرۇشقا بىزنىڭ قېشىمىزغا كەلدى.

— ئارىلىقىمىز ئۇرۇش سەۋەبى بىلەن ئۈزۈلۈپ قالدى، — دېدى ئوبۇلقاسىم، — شېڭ شىسەينىڭ دۇنياسىنى ئېلىپ لەنجۇغا كەتكەن مىللىي يولداشلار قايتىپ كەلمىدى. ئۇلاردىن خەۋەر يوق. نېمە ئىش قىلىشىمىزنى بىلەلمەي، مەسلىھەت سوراپ كەلدۇق.

مەن موری ئۇرۇشىدا ياخشى يولداشلىرىمىزدىن مەڭگۈ ئايرىلىپ قالغانلىقىمىزنى سۆزلەپ يىغلاپ كەتتىم. 8 - لىيەندىن كەلگەن يولداشلار ماڭا قوشۇلۇپ يىغلىدى. بىز قۇربان بولغان يولداشلار بىلەن بىر داستىخاندا بىر نان تاپساق تەڭ يېگەن ئەمەسمۇ؟ ھەممىمىز جاپا - مۇشەققەتنى تەڭ تارتقان ئەمەسمۇ؟ ئەمدى بىز يىغلىماي كىم يىغلىسۇن؟ سۆھبەت يىغا بىلەن ئاخىرلاشتى. ئوبۇلقاسىم بەنجاڭ مېنىڭ ياتىقىمغا كىرىپ ئايرىم سۆھبەتلەشكەندە گۇچۇڭدىكى ئەھۋاللارنى سورىدىم. ئۇ ماڭا:



— مۇئاۋىن يىڭجاڭ ھاكى قۇربان بىزنىڭ لىيەنگە كېلىپ بېشىنى ئىچىگە تىقىۋالدى، كۈندە دۈيدۈيزە ئويناپ قىمار بىلەن بولۇپ كەتتى. تاماق ئەتتۈرۈپ ھېسامىدىن لىيەنجاڭ بىلەن بىرگە يەيدۇ. جەڭچىلەر بىلەن كارى يوق. كۈندە قاراۋۇللارنى كۆپەيتىۋاتىدۇ، سوقۇش بولۇۋاتىدۇ دېگەن خەۋەرنى ئاڭلايمىز، ئەمما بىز بېرىپ باقمىدۇق. سىلەرنى موریدا قاتتىق سوقۇشۇۋاتىدۇ دەپ ئاڭلىدۇق. لېكىن، شۇنچىۋالا سەپدىشىمىزنىڭ قۇربان بولغانلىقىنى پەقەت ئاڭلىمىدۇق، بىزنىڭ لىيەندىكى يولداشلار سوپى لىيەنجاڭنىڭ ئەسكەرلىرىنى ئۇرۇشقا سېلىپ يوقاتماقچى، بىزدىن ئايرىۋەتمەكچى دېيىشىدۇ. ھاكى قۇربان ھېسامىدىن لىيەنجاڭغا سوپى لىيەنجاڭ خەتەرلىك ئادەم، دەپ سۆزلەۋاتقاندا ئابلەھەت كىرىپ قالسا، جىم بولۇشۇپ قاپتۇ، ئابلەھەت داۋۇت: «سوپى لىيەنجاڭ دىققەت قىلسۇن، بىرەر يەرگە يالغۇز بارمىسۇن» دەپ تاپىلاپتۇ، — دېدى.

مەن رەھمەت ئېيتتىم ۋە ئوبۇلقاسىمغا:

— بىزنىڭ گۇچۇڭغا قايتىدىغانلىقىمىز توغرۇلۇق گەپ - سۆزلەر بار. بۇ گەپلەر راست بولۇپ قالسا 8 - لىيەن بىلەن بىر يەردە بولۇپ قېلىشىمىز مۇمكىن. بىز گۇچۇڭغا بارغۇچىلىك سىلەر بىرەر ھەرىكەت قىلماي، جىم تۇرۇپ تۇرۇڭلار. لەنجۇغا كەتكەن يولداشلارمۇ پات يېقىندا قايتىپ قالار، بارلىقىمىز جەم بولساق يەنە مەسلىھەت قىلارمىز، — دېدىم.

ئوبۇلقاسىمنى بىرنەچچە كۈن تۇرغۇزۇپ ئاندىن يولغا سالدىم. بىز بىرقانچە ئۇرۇشلاردا بولۇپ، بەكمۇ ھېرىقىپ، پاسكىنا بولۇپ كەتكەنىدۇق، بوش ۋاقتىمىز چىقسا، ئۆزىمىزنىڭ تازىلىقى ۋە قورال تازىلىقىنى قىلدۇق.

يېزا - قىشلاقلاردىن قېچىپ كەلگەن دېھقانلار چارۋىلىرىنى سېپىل تېشىغا ئاچىقىپ بېقىپ، ئاخشىمى قايتۇرۇپ كېلەتتى. 9 - ئاي ئىچىدە قار يېغىشقا باشلىدى. چارۋا ماللارغا سېپىل

ئەتراپىدا يەيدىغان ئوت - چۆپ قالمىدى. يىراق يەرگە باراي دېسە، باندىتلاردىن قورقاتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ يېزا - قىشلاقلاردا چارۋا قالمىغاچقا، باندىتلارنىڭ كۆزى سېپىل ئەتراپىدىكى چارۋىلارغا چۈشۈپ، پۇرسەت كۈتۈپ تۇراتتى. بىر كۈنى دۇڭچېڭنى بۇلاۋاتىدۇ، دېگەن خەۋەر كەلدى. لۇي تۇەنجاڭ مېنى چاقىرتىپ:

— سەن بىر پەي ئەسكەر بىلەن بېرىپ باندىتلارنى يوقىتىپ، خەلقنى ئامان - ئېسەن، ماللىرى بىلەن قايتۇرۇپ كېلىسەن! — دەپ بۇيرۇق قىلدى.

بۇ جاي گۇچۇڭنىڭ شەرق تەرىپىدىكى تاغ ئارىسىغا جايلاشقان قەدىمكى شەھەر بولۇپ، مورى ناھىيىسىدىن ئون كىلومېتىر يىراقلىقتا ئىدى. مەن موريدىن بىر پەي ئەسكەر بىلەن دۇڭچېڭغا قاراپ يولغا چىقتىم. يېتىپ بېرىپ بولغۇچە بىزنىڭ دۇڭچېڭغا ماڭغانلىقىمىزنى كۆرۈپ قالغان باندىتلار سېپىل ئەتراپىدىكى چارۋا ماللارنى بۇلاش ئۈچۈن چۇقان سېلىپ ئاتاكىغا ئۆتۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن لۇي تۇەنجاڭ تېزدىن ئارقىمىزدىن ئەمەتلەش دېگەن كەنجى ئوفىتسېرنى ئەۋەتىپتۇ. بىز دۇڭچېڭنىڭ ساقچى ئىدارىسىگە كىرىپ ئەھۋالنى سوراپ بولغۇچە ئەمەتلەش ساقچى ئىدارىسىگە كىرىپ:

— تۇەنجاڭ سىزنى تېز قايتىپ كەلسۇن دەيدۇ، — دېگەن بۇيرۇقنى يەتكۈزدى.

مەن بۇيرۇق بويىچە دەرھال قايتتىم. ئالدى بىلەن ئەسكەرلەرنى قوۋۇق تېشىدا قالدۇرۇپ لۇي تۇەنجاڭغا:

— بۇيرۇقىڭىز بويىچە قايتىپ كەلدىم. دۇڭچېڭدىكى باندىتلار بىزنى كۆرۈپ قېچىپ كېتىپتۇ، — دەپ دوكلات قىلدىم.

تۇەنجاڭ باندىتلارنىڭ كەلگەنلىكىدىن قورقۇپ، تىترەپ، كىرپىدەك تۈگۈلۈپ كېتىپتۇ، گېپىمنى ئاڭلاپلا:

— سەن ھازىر سېپىلدىن چىقىپ سېپىل تېشىدىكى باند-



دىتلارنى قوغلىۋەت، — دەپ بۇيرۇق قىلدى.

قوغلىۋېتىش شۇنداق ئاسانمۇ؟ دەپ غودۇڭشىپ چىقىپ كەتتىم. جەڭچىلەر بىلەن سېپىلنىڭ شەرقىي قوۋۇقىغا بارساق، باندىتلارنىڭ قۇيرۇقى ئەمدى پوتەيلەردىن ئايرىلىپ ماللارنى ھەيدەپ ماڭغانىكەن. بىز ئاتلىق ھۇجۇم قىلىپ قوغلىدۇق، ئۇلار ئىتتىك ماڭالايدىغان ئات، تۆگە، كاللارنى ئالدىدا ھەيدەپ، ئىتتىك ماڭالمايدىغان چارۋىلارنىڭ ھەممىسىنى بىزگە تاشلاپ قاچتى. بۇ قويلارنىڭ ھەممىسىنى بىرلەشتۈرۈپ ھەيدەپ ماڭدۇق. بىزنىڭ بىر قىسىم چارۋىلارنى قايتۇرۇپ كەلگەنلىكىمىزنى كۆرگەن مورى خەلقى، چارۋا ئىگىلىرى ئالدىمىزغا يۈگۈرۈشۈپ چىقتى. قايتۇرۇپ كەلگەن چارۋىلارنىڭ سانى كۆپ، ئىگىلىرىگە قايتۇرۇشتا قالايمىقانچىلىق چىقىشتىن ئېھتىيات قىلدۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كەچ بولۇپ كەتتى. ئاخىر بارلىق چارۋىلارنى ھاكىم ئىدارىسىگە تاپشۇرۇپ، كۆزەت قىلىشنى ساقچى ئىدارىسىگە ئۆتكۈزۈپ بەردۇق. لى ھاكىمنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن چارۋا ماللارنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىدىغان بولدۇق. ئەتىسى بىزنىڭ لىيەنىنىڭ مۇلازىمەتچى خادىمى ئابدۇقادىر ھەم تۆت - بەش نەپەر كەنجى كوماندىرلىرى بىلەن چارۋا ئىگىلىرىنىڭ قولىدىكى تولۇق بولمىغان سان بويىچە تەقسىم قىلىشقا كىرىشتۇق. ساندا پەرق بولغاندا مەھەللە ئاقساقاللىرىنىڭ ئىسپاتى بويىچە بۆلدۇق. ئىگىسى چىقمىغان 1500 قوي، 70 — 80 دەك ئات، كالا، تۆگە ئېشىپ قالدى. بۇلارنى ئىگىلىرى كەلسە ئەكەتسۇن دەپ ھاكىم ئىدارىسىگە ئۆتكۈزۈپ بەردۇق. چارۋا ئىگىلىرى بىزنى سويۇپ يېسۇن دەپ 100دەك قوي، 10 — 20 دەك ئات، كالا تەقدىم قىلدى. ئالمىساق ئۇنىمىدى. بۇ ئىشلارنى كۆرگەن گومىنداڭ ئوفىتسېر ۋە ئەسكەرلىرى ئاغزىنى ئېچىشىپ قالدى. ئېشىپ قالغان چارۋىدىن 200 قوي، ئىككى كالىنى ساقچى ئىدارىسى قارىمىقىدىكى پارتىزانلارغا

بەردۇق. كېيىن چارۋا ئىگىلىرى يەنە بىزگە سوۋغا قىلىپ ئە-
كەلگەن 300 ـــ 400 دەك قوينى مورى بازار ئىچىدىكى كەمبە-
غەللەرگە بىر ـ ئىككىدىن ئۈلەشتۇرۇپ بەردۇق. بۇ ئىشىمىزدىن
جەڭچىلىرىمىز ۋە خەلق خۇشال بولۇپ، رازى بولدى. باندىتلار-
نىڭ شۇنچە كۆپ چارۋىلارنى قايتۇرۇۋالغانلىقىمىزغا چىدىماس-
لىقى تەبىئىي ئىدى. ئۇلارنىڭ يەنە بۇلاشقا كېلىشىنى پەرەز قى-
لىشقا بولاتتى. ناھىيەدىكى ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلار بۇ
تەھدىتنى سېزىپ، شەھەرنى تارتىۋېلىش خەۋپى بار دەپ يۇقى-
رىغا دوكلات يوللاشتى. باندىتلار شۇنچە كۆپ چارۋا بىلەن شە-
ھەردە نېمە قىلىدۇ. شەھەر ئىچىگە كىرىپ ساق چىقمايدىغانلى-
قىنى ئۇلار بىلمەمدۇ؟
گۇچۇڭدىكى 46 ـ شىنىڭ قوماندانلىق شتابىدىن 10 ـ ئاي-
نىڭ 15 ـ كۈنى ئاتلىق تولۇق زامانىۋىلاشقان بىر يىلك ئەسكەر
ھەم شاۋجياڭ (گېنېرال مايور) دەرىجىلىك بىر قوماندان ۋە بىر
تۇەنجاڭ مورىغا كەلدى. بۇلار كېلىش بىلەن بۇرۇن كەلگەن لۇي
تۇەنجاڭ ھەم بىزنىڭ يىڭجاڭ شا تىڭفاڭ بىلەن ھاكىم ئىدارى-
سىدە مەجلىس ئېچىپ قوماندانلىق شتابى قۇردى. باش قوماندان
شاۋجياڭ بولدى. كەچقۇرۇن ھاكىم ئىدارىسى زىياپەت بەردى.
مەن زىياپەتكە قاتناشمىدىم. ئەسكەر كۈچى پارتىزانلارنى قوش-
قاندا 600 گە يەتتى. 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى پېشىنگسەندىكى
باندىتلار بىرقانچە ھەپتىلەپ يىغقان چارۋا ماللىرىنى چاڭشىگە-
ياۋ قۇملۇقى ئارقىلىق ئالتايغا ھەيدەپ ماڭماقچى بولۇشۇپتۇ.
بىزگە ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ، ماللارنى قايتۇرۇۋېلىش ۋەزى-
پىسى تاپشۇرۇلدى.
يېڭى كەلگەن ئاتلىق يىڭنىڭ كوماندىرى جاۋ XX باشچىلى-
قىدا، كېچە سائەت 12دە سەپەرگە ئاتلاندۇق. باندىتلار بىلەن
سەھەر 4 لەردە، قىشلاق ئاغزىدا تۇتۇشۇپ، قاتتىق ئېلىشتۇق،
كەچقۇرۇن سائەت 6 غىچە جەڭ قىلدۇق. باندىتلارنىڭ ئادەم سا-



نى 200 ـــ 300دەك بار ئىدى. بىز 500دەك ئادەم ئىدۇق. ئات-
لىق قىسمىنىڭ جەڭچى ـ ئوفىتسېرلىرىدىن 50 ـــ 60تەك ئا-
دەم شۇ كۈنى ئۆلدى. باندىتلارغا كۈچىمىز يېتىدۇ دەپ، يىڭ
كوماندىرى مەسئۇل بولۇپ چىققانىدى. كەچقۇرۇن باندىتلار يې-
قىن كېلىپ تېخىمۇ قىرغىنلى تۇردى. ئاتلىق يىڭنىڭ 70 ـــ
80 پىرسەنتى قىرىلىپ كەتتى. جاۋ يىڭجاڭ ئەتىگەندە لىيەنگە
ئۇرۇش مەيدانىنى تەقسىم قىلىشتا بىز 9 ـ لىيەنگە بوستان
يېزا ئېغىزىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىنى تەقسىم قىلغانىدى. بىزدە
مەرگەنلەر بار ئىدى، بىزگە بىرەر ئادەم كۆرۈنۈپلا قالسا دەرھال
بىرى ياكى بىر ـ ئىككىسى بىرلىشىپ قارىغا ئېلىپ ئاتاتتى.
شۇڭا، باندىتلار بىز تەرەپكە ئانچە قىزىقمىدى. قىسىم شىنجاڭ
ئەسكەرلىرى، ئىچكىرىدىن كەلگەن ئەسكەرلەر دەپ ئىككىگە
ئايرىلاتتى. يىڭجاڭ دەرھال شۇ يەردىلا ئۆلگەن جەڭچىنىڭ كى-
يىملىرىنى سالدۇرۇۋېلىپ يەڭگۈشلەپ كىيىپ: «سىلەردىن ئا-
دەم چىقىم بولمىدى. بىزنىڭ يىڭدىن ئادەم بەك كۆپ چىقىم
بولدى. بىز تاغ سوقۇشىنى بىلمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن تاغ تەرەپ-
نى باندىتلارغا قويۇپ بېرىپ، ئۆزىمىز ئازگالغا چۈشۈپ قال-
دۇق، سىلەر ئالدىنقى سەپكە بېرىپ ئۆلگەنلەرنىڭ مىلتىق، ئوق
ۋە قول بومبىلىرىنى يىغىپ كېلىڭلار» دەپ بۇيرۇق قىلدى.
ئۆزلىرى قېچىشقا باشلىدى. ناماز شام بولۇپ قالدى. شۇ ئەس-
نادا بىزنىڭ ئىسمائىل دېگەن جەڭچىمىز غايىبتىن ئوق تېگىپ
ئۆلۈپ كەتتى. مەن جاۋ يىڭجاڭنىڭ بۇيرۇقىنى قوبۇل قىلىپ
لىيەننى باشلاپ ئاتلىنىپ بولغۇچە، باندىتلار پىيادە، ئاتلىق ئۆل-
گەن ئەسكەرلەرنىڭ قورال ـ ياراغلىرىنى يىغىپ، كىيىم ـ كې-
چەكلىرىنى سالدۇرۇۋېلىپ، بىر تۇرغان ئورۇنغا بېسىپ كىردى.
بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ جەنۇب تەرەپكە چېكىنىپ، بىر بەندىن ئا-
رىلىق تاشلاپ، مورى ناھىيىسىگە قاراپ ماڭدۇق. مەن ھوشۇر
بەنجاڭنى باتۇر، يۈرەكلىك دەپ ئۆزۈمگە مۇھاپىزەتچى قىلىۋالغا-

نىدىم. بىز بىر تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قارىساق، ئاتلىق يىڭ-
نىڭ سىرىق كىيىملىك ئون نەچچە ئەسكىرى قېچىپ كېلىۋات-
قانىكەن. ئارقىدىن 20 — 30 دەك باندىت قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ.
يېتىشىۋالغانلىرىنى ئوغلاق تارتقاندەك ئاتتىن يۇلۇپ ئېلىۋاتى-
دۇ. شۇ ئارىدا كۆز باغلىنىپ قالغاچقا، قارىغا ئېلىپ ئاتقىلى
بولماي قالدى. شۇنداق بولسىمۇ تۆت كىشى بىر گۇرۇپپا بو-
لۇپ، ئوق چىقاردۇق. ئاتقان ئوقىمىز تەگكەن - تەگمىگەنلىكى-
نى بىلگىلى بولمايدۇ. لېكىن، ئىتتىك كېلىۋاتقان باندىتلار
تىمتاس توختاشتى. قېچىپ كېلىۋاتقان گومىنداڭنىڭ سىرىق
كىيىملىكلىرىمۇ قېچىپ قۇتۇلدى، بىزنىڭ تۇراق ئوسمان دې-
گەن جەڭچىمىز بىزنىڭ لىيەننىڭ جەڭچىلىرى ئۆتۈپ بولدى،
دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزدى. بىزمۇ دۆڭدىن چۈشۈپ ماڭدۇق. ئال-
دىدا يېتىپ بارغانلارنى مورى سىپىلىدا جاۋ يىڭجاڭنىڭ تەرجى-
مانى (قازاق) «سىلەر نېمىشقا قاچىسىلەر؟» دەپ ئالدىنى تو-
سۇۋاپتۇ، بەزىلىرى گېپىگە قۇلاق سالماي، مورىنىڭ سىپىلىنى
ئايلىنىپ كېتىپتۇ، بەزىلىرى بىزنى سىپىل قوۋۇقىدا ساقلاپ
تۇرۇپتۇ. ئىچىدىن قوراللىق بىر بەن قوۋۇقنى توسۇپ بىزنىڭ
جەڭچىلەرنى كىرگۈزمەپتۇ، مەن تەرجىماننىڭ ئالدىغا بېرىپ
چىرايلىقچە:
— بىز بەكمۇ چارچاپ كەتتۇق، ئەسكەر باللارنىڭ قورسىقى
ئاچ، سىرتتا بىرنەرسە يېمىدى، — دېدىم.
ئۇ مەندىنمۇ قاتتىق ۋارقىراپ:
— سەن لىيەنجاڭ تۇرۇپ، ئەسكەرلىرىڭنى ئېلىپ قاچتىڭ،
جاۋ يىڭجاڭ قالدى، — دەپ تاپانچىنى تەڭلىدى. ئارقىمىزدىن
كېلىۋاتقان ئەسكەرلەر تەرجىماننى ئوتتۇرىغا ئېلىپ:
— نېمە دەيسەن؟ — دەپ مەيدىسىدىن ئىتتەردى، مەن ئالدى-
غا قىسىلىپ كىرىپ ئەسكەرلەرگە:
— ئۆزۈڭلارنى بېسىۋېلىڭلار، — دەپ مەسىلىنى چىرايلىق



ھەل قىلىشقا ئۇندىدىم. ئۇ ئەھۋالنى چۈشىنىش بۇ ياقتا تۇر-
سۇن، تەرجىمان سىپىل ئىچىدىن باشلاپ چىققان قوراللىق بىر
بەن ئادەمگە بىزنى يامانلاپ بېرىۋاتىدۇ. مەنمۇ جاندىن تويۇپ
ئاتتىن سەكرەپ چۈشتۈم. ھوشۇر بەنجاڭ ۋە باشقىلارمۇ ئاتتىن
چۈشۈپ تەرجىماننىڭ ئالدىغا كەلدى، مەن:
— سەن تەرجىمان تۇرساڭ، بىزنىڭ ئالدىمىزنى توسۇيدىغان
نېمە ھوقۇقۇڭ بار؟ سەن بارلىق باندىتلارنى ئۆزۈڭ چاقىرىپ
كېلىپ، بىزنى ئۇرۇش ئوتى ئىچىگە ئەكىرىپ قويۇپ، جاۋ يىڭ-
جاڭنى تاشلاپ، ئۆزۈڭ نېمىشقا قېچىپ كەلدىڭ؟ — دېدىم.
مەن ناگاننى كۆزىگە تەڭلەپ تۇرۇپ سول قولۇم بىلەن گې-
لىنى سىقتىم، بىزنىڭ ئەسكەرلەر مىلتىق تەڭلەپ سىرىق كى-
يىملىك ئەسكەرلەرنى ئوراپ بولدى. ھوشۇر بەنجاڭ ئۇنىڭ قو-
لىدىكى ناگاننى تارتىۋالدى. جەڭچىلىرىمىز تىل - ھاقارەتلەرنى
ياغدۇرۇۋەتتى. مەن قولۇمنى ياقىسىدىن قويۇپ بەرمەي ئارقى-
سىغا قاتتىق ئىتتىرىۋەتكەنىدىم، يىقىلىپ چۈشتى. ئارىدىن
جەڭچى ئىبراھىممۇ خەنزۇچە:
— سەن جاۋ يىڭجاڭنى تاشلاپ نېمىشقا قېچىپ كەلدىڭ!
بىزدىن بۇرۇن نېمىشقا قېچىپ كېلىسەن؟ سەن ئۆزۈڭنى ئاق-
لىماقچىمۇ؟ — دەپ ئالدىغا ئېتىلىپ باردى.
— ۋاي قۇداي، ئۆتۈرۈك ئايتماڭ (ۋاي خۇدا، يالغان ئېيت-
ماڭ)، — دەپ سىزلەشكە چۈشتى تەرجىمان.
ئۆزى باشلاپ چىققان بىر بەن ئەسكەر تەرجىماننىڭ يالغان-
چىلىقىنى ئاڭلاپ، بىزگە تەڭلەپ تۇرغان مىلتىقلىرىنى مۈرى-
سىگە ئېسىپ، يىراق بېرىپ تۇردى. مەن قوۋۇقنى ئاچ دەپ
ۋارقىرىۋىدىم. بىزنىڭ پاراڭلىرىمىزنى ئاڭلاپ تۇرغان قوۋۇق
باققۇچى ۋە سىپىل تۈۋىدىكىلەر ئىلاجسىز قوۋۇقنى يېرىم ئاچ-
تى. بىز شەرقىي قوۋۇقتىن كىرىپ، ئۆز ياتاقلىرىمىزغا كىرىپ
كەتتۇق. بىز تېخى تاماق يېمىگەنىدۇق، بىزنىڭ يىڭجاڭ شا

تىڭفاڭ شۇ كېچىدىلا 9 - لىيەننى قورالسىزلاندۇرۇپ، بەيياڭگودىن قايتىپ كەلگەن مەن باشلىق يارلىق جەڭچىلەرنى مورى ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ، «بىرىڭ مىدىرلىمايسەن، قايسىڭ مىدىرلىساڭ جازالىنىسەن» دەپ، ئولتۇرغۇزۇپ قويىدى. بىز ھەممىمىز جىم ئولتۇردۇق، كۆڭلىمىزگە كەچمىگەن ئىشلار كەچتى. يېنىمىزدىكى جەڭچىلەرگە، مانا ئەمدى قورالسىز ناھەق ئۆلىدىغان بولدۇق، دېدىم، يېرىم سائەتتىن كېيىن مېنى ئايرىپ ساقچى ئىدارىسى ئىشخانىسىنىڭ بىرىگە ئەكىرىپ، ئولتۇرغۇزۇپ قويىدى. ئىشنىڭ مۇنداق بولۇشىدا، نېمە ئۈچۈن ئاتلىق يىڭ قىرىلىپ تۈگەپ، 20 — 30 ئادەم بىلەن جاۋ يىڭجاڭ، لىيەنجاڭلا ساق قالىدۇ، نېمە ئۈچۈن سۇ لىيەنجاڭنىڭ (سوپاخۇن لىيەنجاڭ — ت) بىرقانچە كىشىلىرىلا ئۆلۈپ، قالغانلىرى ساق قالىدۇ، دېگەن گۇمان سەۋەبچى بولغانىكەن. شىڭ شىسەي دەۋرىدىن تارتىپ گومىنداڭ دەۋرىگىچە ئالتايدا نۇرغۇن قوشۇننىڭ قىرىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سۈرۈشتە قىلىدىغان بىرەر ئادەم چىقمىغان. مانا بۈگۈن گومىنداڭنىڭ موردىكى قوماندانلىرى بىر يىڭنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى جاۋ يىڭجاڭنىڭ تاكتىكىسىنىڭ ناچارلىقى ۋە يەر شارائىتىدىن پايدىلانماي ئىستراتېگىيە جەھەتتە كەتكۈزۈپ قويغان قابىلىيەتسىزلىكىدىن كۆرمەستىن، 9 - لىيەن ۋە شەخسەن مېنىڭدىن كۆرۈۋاتىدۇ. بۇ ئىشلار بىزنىڭ يىڭجاڭ شا تىڭفاڭنىڭ ئويۇنى ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى. قوماندان ئەھۋالنى مورى ساقچى ئىدارىسىدىكى بازارقاندىن ئىگىلەيدۇ. بۇ كىشى ياخشى ئادەم بولۇپ يارلىق ئەھۋالنى بىز بىلەن مەسلىھەتلىشىپ تۇراتتى، شۇ كىشىدىن ئۇققۇشىمىزچە، قوماندانلار ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن مۇزاكىرىلىشىپ، بىرىنچىدىن، 60 — 70 تەك كىشىنى ساقچى ئىدارىسىنىڭ قەيېرىگە سولاش كېرەك؟ كامىرغا سىغمايدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ئۇلار باندىتلار بۇلاپ كەتكەن چارۋىلارنى



قايتۇرۇپ كېلىپ خەلققە كۆپ ياخشىلىق قىلدى. يەرلىك خەلق ئۇلارنى ياخشى كۆرىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، موريدا ئۇلارغا تەڭ كەلگۈدەك ھەربىيلەرمۇ يوق. بىزگە ئۇلارنىڭ چوڭ پايدىسى بار دېيىشىپتۇ. يىڭجاڭ شا تىڭفاڭ ئىككى - ئۈچ سائەتتەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن مېنى چاقىرىپ شاۋجياڭ ۋە جاۋ يىڭجاڭنىڭ يېنىغا ئەكىردى. ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقىمۇ بار ئىكەن. ئىشىككە بىر قول پىلىموت تۇتقان، ئىككى مىلتىق تۇتقان قاراۋۇل قويۇپتۇ. جاۋ يىڭجاڭ ئورۇندۇق قويۇپ ئورۇن كۆرسەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن شاۋجياڭ :

— كەمچىلىك ئوسمان قارىيدا ئىكەن، ئۇنى بەش سوتكا قاماققا ئالىمىز. سىز لىيەنىڭىزنى ئەكېتىڭ، — دېدى يۇمشاق گەپ قىلىپ.

ئىلگىرى ئۇنىڭ پوزىتسىيىسى يامان ئىدى. مەن دەرھاللا ئىككىلەنمەستىن، ھەربىي قائىدە بويىچە سالام بېرىپ، ساقچى ئىدارىسى دەرۋازىسى ئالدىغا چىقتىم. بىچارە جەڭچى - كوماندىرلار ئىدارە ئالدىدا قويدەك يىغلىشىپ ئۇخلاپ كېتىپتۇ. ئەسكەرلەر ئۇرۇشتا چارچاپ كەتتى، سوتكىلاپ ئىسسىق تاماق يېمىدى، ئۇلارغا ھاردۇق يەتكەنىدى. تاڭ ئاتاي دەپ قالدى، مەن مۇئاۋىن پەيجاڭ ئوسمان قارىينى چاقىرىپ:

— سىز ھازىرچە ساقچى ئىدارىسىدە قالىسىز، — دېدىم.

ئوسمان قارىي دەرھال تاتىرىپ كەتتى.

— نېمە ئۈچۈن؟ — دېدى ئۇ ماڭا قاراپ ئەجەبلىنىپ، مەن:

— قورقماڭ، بىز بار، ھېچقانداق ئىش يوق. ۋاقىتلىق تۇرىسىز، — دېدىم.

ئوسمان قارىي كۇچالىق، 1934 - يىلى خوجىنىياز ھاجىمغا ئەسكەر بولغان. ساقچى ئىدارىسىنىڭ قازاق شۇنگەنىگە:

— ئوسمان قارىيغا ئوبدانراق قاراپ قويۇڭ، بىرەرى سۈيىقەست قىلىپ قويمىسۇن، — دەپ ئۆتۈندۈم. شۇنگەن دەرھاللا،

سىز غەم قىلماڭ دەپ مېنى خاتىرجەملەندۈرۈپ، كىرىپ كەتتى.

مەن دەرۋازا ئالدىدىكى لىيەنگە كوماندا بېرىپ، ئۇرۇنلىرىدىن تۇرغۇزدۇم. بىز گازارمىغا كەلسەك، بىز تۇرغان گازارمىنى بىر پەي قوراللىق ئەسكەر قورشاپ تۇرۇپتۇ، بىزنى گازارمىغا كىرگۈزمىدى. سائەت تۆت بولۇپ قالغاندى، بىزنىڭ يىڭجاڭ شاتىڭفاڭ، يەنە بىر تۇەنجاڭ هەم ساقچى ئىدارىسى باشلىقى چىقىپ بىزنىڭ گازارمىنى كۆزەت قىلغان ئەسكەرلەرگە قايتىشقا بۇيرۇق بەردى، ئاندىن بىز گازارمىغا كىرىپ ئارام ئالدۇق. جەڭچىلەر ئۇيقۇسىز، چارچاپ كەتكەنلىكتىن تاماقمۇ يېمەستىن يېتىپ قالدى. ھېرىپ كەتكەن ئەسكەرلەرنى پوستقا قويۇشقا بولمىدى. ئىلاجى يوق كانايچى ئېزىز، ئاشپەز تۇرسۇنئاخۇن، نامان، تۇراق ئوسمان، ئوبۇلقاسىم توختى، ئىبراھىم قاتارلىقلارنى يىغىپ مەسلىھەتلىشىپ شۇ كۈنكى پوستنى ئۈستىمىزگە ئالدۇق. مەن پوست جەريانىدا ئايرىم يولداشلارغا گومىنداڭدىن كۆرۈۋاتقان خورلۇقلىرىمىزنى ئېيتتىم. ئۇلارنىڭمۇ ئىچى پۇشۇپ تۇرغانىكەن، ئويلىغان مەقسەت ۋە پىكىرلىرىنى تولۇق، ئاشكارا ئېيتىشقا جۈرئەت قىلدى ۋە ئىلغار پىكىرلەرنى بېرىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن يولداشلارغا بەزى پىكىرلىرىمىزنى يۈرەكلىك دېيەلەيدىغان بولدۇق. شۇ ئارىدا، باندىتلارغا ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان هوشۇر موللا (هازىر غۇلجىدا بار) ئون كۈندىن كېيىن بەيياڭگۇ ئۇرۇشىدىكى مالىمانچىلىقتىن پايدىلىنىپ قېچىپ كەلسە، سولاپ قويۇپتۇ. مەن ئىبراھىم دېگەن مۇھاپىزەتچىم (خۇيزۇ) بىلەن كىيىم - كېچەك ئېلىپ، كۆرۈشۈپ كەلدىم. هوشۇر موللىنىڭ دېيىشىچە، باندىتلار ئەسىر ئېلىشى بىلەنلا ئالدىدا قامچىلاپ ئۇرۇپتۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاتنىڭ قۇيرۇقىغا قولىنى باغلاپ سۆرەپ مېڭىپتۇ. هوشىدىن كەتكەندە ئاغزىغا سۇ تېمىتىپ هوشىغا كەلگەندىن كېيىن:

— ئات تاقىلاشنى بىلەمسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.



— مەن ئاشپەز، — دەپتۇ.

هوشۇر موللا ئەسلىي ناۋاي ئىدى. ئاشپەزلەرگىمۇ ياردەملىشىپ تۇراتتى. قېنى ئەمىسە، بىزگە تاماق ياساپ بەر، دەپتۇ. گۆش جىق بولغانلىقتىن گۆشنى ئۇششاق توغراپ بىر قازان سۇيۇقئاش ئېتىپتۇ. بۇ ئاش باندىتلارغا ياراپ كېتىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئاشپەزلىك قىلىپتۇ. سۇنى، ئوتۇنلارنى ئۆزى ئەكېلىدىغان بولۇپتۇ. بەيياڭگۇ سوقۇشىدا باندىتلار ئۇرۇشقا كەتكەندىن كېيىن، كېچىدىن پايدىلىنىپ قېچىپ مورىغا يېتىپ كەلسە، ھاكىم دۈشمەنگە ئەسىرگە چۈشۈپ، ئەمدى ئىشپىيون بولۇپ كەپتۇ، دېگەن گۇمان بىلەن قاماپ قويۇپتۇ. هوشۇر موللىنى بەش كۈندىن كېيىن جەڭچىلەرنىڭ تەلىپى بويىچە، ئۇستازىم شىيەنجاڭنىڭ قېشىغا بېرىپ، كاپالەتلىككە ئېلىپ قايتۇرۇپ كەلدىم. ئۇ گەرچە ھايات قالغان بولسىمۇ، يۈز - كۆزلىرى جاراھەتلەنگەن بولۇپ، بەدەنلىرىدە تاياقتىن كۆكەرگەن ئىزلار بار ئىكەن. ئۆزى ئورۇقلاپ كېتىپتۇ. گازارمىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يىغلاپ كەتتى. گازارمىدا دەم ئېلىشنى تاپشۇردۇم. قۇربان بولدى دەپ ئىسمى ئۆچۈرۈلگەن سەپدىشىمىزنىڭ سېپىمىزگە قايتىپ كېلىشى ھەممىمىزنى خۇشال قىلدى. ئەتىسى بىر خەنزۇ گەيجاڭ (مەھەللە باشلىقى) بىر ئۇيغۇر مۆتىۋەر كىشى بىلەن بىز تۇرغان گازارمىغا كېلىپ:

— جامائەت ۋە خەلق سىزلەردىن ھال سورىماقچى بولۇۋاتىدۇ، كەلسەك بولامدۇ؟ — دېدى.

— بولىدۇ، لېكىن بىرنەرسە ئەكەلمىسۇن، ئاۋارە بولماڭلار، — دەپ جاۋاب بەردىم.

شۇنداق بولسىمۇ ئەتىسى خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ، تاتار دېھقان - چارۋىچىلاردىن 20 — 30دەك ئادەم كالا، قوي قاتارلىق سوۋغا - سالاملارنى ئەكەپتۇ، بۇلارغا ئەگىشىپ تاماشا قىلغىلى كەلگەنلەرمۇ ئاز ئەمەس، بىز تۇرغان گازارمىنىڭ ئالدى

بىر بازار بولدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن گومىنداڭ شتابى قورقۇپ
ئالاقزادە بولۇپ كەتتى.

## 17 ـ نومۇرلۇق پوتەيدىكى مەخپىي يىغىن

بەيياڭگۇدىكى ئىككىنچى قېتىملىق سوقۇشتىن كېيىن مورى
ئەتراپلىرىدا سوقۇش بولمىدى. تەكشۈرۈشكە بىزنى ئەۋەتمەيدىغان
بولدى، گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ كۆزقارىشى توغرا بولمىدى.
ئۇلارنىڭ ئىشەنمەسلىكى يولداشلارنى بىزار قىلدى. ئۇلار بىزنى
قانچىلىك چەتكە قاقسا، يولداشلارنىڭ ئىتتىپاقى شۇنچە كۈ-
چەيدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈش
ياكى پۇرسەت تېپىپ ئىنقىلابىي ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش ھەق-
قىدە گەپ ـ سۆزلەرنى قىلىشىدىغان بولدۇق، بولۇپمۇ بىرەر
ئورۇندا ئىنقىلاب پارتلاپ قالسا، شۇلارغا قوشۇلۇش ياكى بىزگە
رەھبەرلىك قىلىدىغان تەجرىبىلىك زىيالىيلار بولسا ھەرىكەت
ئېلىپ بېرىش توغرۇلۇق مۇزاكىرىلەر بولۇپ تۇردى.
1944 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، بىز ئورۇمچىدىكى ۋاقتىمىزدا،
قاسىم مەڭلىكوف①، ئابدۇرېھىم مەمەتوف، ئابلىز پەيجاڭ رەھ-
بەرلىكىدە، 30 نەپەر مىللىي يولداشتىن تەركىب تاپقان بىر
پەي، يەنە قوراللىق بىر يىڭ ئەسكەر بىلەن شىڭ شىسەينىڭ
ئالتۇن ـ كۈمۈش، دۇنيالىرىنى لەنجۇغا ئېلىپ بېرىپ شېڭ
شىسەينىڭ مۇناسىۋەتلىك كىشىلىرىگە يەتكۈزۈپ بېرىشكە ماڭ-
غانىدى. ئۇلار قايتىشىدا قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورا ۋە ھەربىي-
لەرگە كېرەكلىك ئەشيالارنى ئاچىقماقچى بولغان، بۇنىڭغا شېڭ
شىسەينىڭ تۆتىنچى ئىنىسى شېڭ شىچي رەھبەرلىك قىلغاند-
دى، 50 — 60 ماشىنا بىلەن توشۇلىدىغان قورالنى لەنجۇ ھەر-

① قاسىم مەڭلىكوف — ئازادلىقتىن كېيىن كورلا شەھەرلىك خەلق قوراللىق
بۆلۈمىگە باشلىق بولغان.



بىي رايون قوماندانلىقى بەرمەپتۇ. گەرچە، جياڭ جيېشىنىڭ ئا-
يالى سۇڭ مېيلىڭ خانىم شىنجاڭغا كېلىپ شېڭ شىسەينى
گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە تەسلىم بولۇشقا قايىل قىلغان بولسى-
مۇ، لېكىن شېڭ شىسەي شىنجاڭدىن ئايرىلمىغانىدى. گو-
مىنداڭ قورالنى بېرىپ قويسا، شېڭ شىسەي شىنجاڭنىڭ ھۆ-
كۈمرانى بولغاچقا، گومىنداڭغا قارشى چىقىشقا ئىشلىتىدۇ، دەپ
قاراپ، قورالنى بېرىشنى كەينىگە سۈرۈپ كەلگەنىكەن. 1944 ـ
يىلى 9 ـ ئايلاردا گومىنداڭ ۋەكىلى ۋۇ جۇڭشىن شىنجاڭغا
كېلىپ شىنجاڭنىڭ مەمۇرىي ۋە ھەربىي ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈۋال-
دى. شېڭ شىسەيگە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ دېھقانچىلىق ۋە
ئورمانچىلىق مىنىستىرى بولۇپ تەيىنلەنگەنلىكى ھەققىدە ئۇق-
تۇرۇش كەلدى. بىزدىن كەتكەن پەي 11 ـ ئايلاردا قايتىپ كې-
لىپ بىزگە قوشۇلدى. بۇ ۋاقىتلاردا، مورى ئەتراپى خەۋپلىك
بولۇپ، قوماندانلىق شتاب خەلققە ئالۋان سېلىپ، پوتەي، ئا-
كوپ، سىرتىدىن سېپىل ئىچىگە كىرىدىغان ئالاقە يوللىرىنى
ياسىتىۋاتاتتى. بۇ قۇرۇلۇش بىر ئاي ئىچىدە پۈتتى. پوتەيلەردە
ساقچى ئىدارىسى قارىمىقىدىكى پارتىزانلار بەن، گۇرۇپپىلارغا
بۆلۈنۈپ، كېچە ـ كۈندۈز ساقلاشقا باشلىدى. بىزنىڭ 9 ـ ليەن-
گە سېپىل تېشىدىكى بىر كىچىك قورغان، مورى شەھىرىنىڭ
شەرق تەرىپىدىكى پوتەيلەرنى ساقلاش تەقسىم قىلىندى. ھاۋا
سوغۇق، پۈتۈن ئەتراپنى ئاپئاق قار قاپلاپ كەتتى. پوتەي ئىچى
سوغۇق، تاماقنى ئاشپەزلەر يەتكۈزۈپ بېرەتتى. گومىنداڭنىڭ
ئەسكەر ۋە ئەمەلدارلىرى ھەممىسى سېپىل ئىچىدە، ئىسسىق
ئۆيلەردە، بىز تالادا قالدۇق. ئىشەنمەسلىك بىزنى بىزار قىلدى.
شۇڭا، 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى مەڭلىك قاسىم يېتىپ ساقلايدى-
غان 17 ـ نومۇرلۇق پوتەينىڭ يېنىدىن تۆشۈك ئېچىپ، پوتەي
ئىچىدە يىغىن ئاچتۇق. بۇ قېتىمقى يىغىنىمىزغا مەن، مەڭلىك
قاسىم، ئابدۇرېھىم مەمەتوف، مامۇت بوداق، ئوبۇلقاسىم توختى،

هوشۇر موللا، تۇراق يۇنۇس، تۇراق ئوسمان، ئىبراھىمئاخۇن (خۇيزۇ)لار قاتناشتى. ئالدى بىلەن مەن سۆز قىلىپ، مورى ئەتراپىدىكى سوقۇشلاردا قۇربان بولغان 9 ـ لىيەندىكى يولداشلارنىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرىنى، ئۇلارنىڭ بالا ـ چاقىلىرىنىڭ يېتىم بولۇپ قالغانلىقىنى تىلغا ئالدىم ۋە:

— ئۇلار خەلق ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئىسسىق قانلىرىنى ئاققۇزدى، لېكىن گومىنداڭنىڭ قوماندانلىرى، قوماندانلىق شتابى ئۇلارنىڭ ئائىلىسىگە غەمخورلۇق قىلمىدى، ھازىر گومىنداڭ ئارمىيىسى بىزگە ئىشەنمەسلىك، چەتكە قېقىش پوزىتسىيىسىدە بولۇۋاتىدۇ، بىزنىڭ تەقدىرىمىزمۇ گومىنداڭ قولىدا ئاخىر قۇربان بولغان يولداشلاردەك بولۇشى مۇمكىن. ئەمدى نېمە قىلىشىمىز كېرەك؟ مېنىڭچە 8 ـ لىيەندىكى يولداشلارغا ئېھتىياتچانلىق بىلەن تەشۋىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ گومىنداڭغا قارشى ئىنقىلابىي ئاڭ ـ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، كۈچنى توپلاپ گومىنداڭغا قارشى قوراللىق تەشكىللىنىش كېرەك، — دېدىم.

شۇ چاغدىكى ۋەزىيەت ۋە سەۋىيەم بويىچە شۇنچىلىكلا سۆزلىدىم. ئۇنىڭدىن كېيىن ئوبۇلقاسىم بەنجاڭ (8 ـ لىيەندىكى) سۆزلىدى. بۇ يىغىندا گۇچۇڭدىكى (8 ـ لىيەندىكى) يولداشلار بىلەن بىرلىشىپ گومىنداڭغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ھازىرچە قۇم تاغ[1]قا كىرىۋېلىش ياكى تۇرپان، پىچان بىلەن گۇچۇڭ ئارىلىقىدىكى تەڭرىتاغقا چىقىۋېلىپ گۇچۇڭ، مورى خەلقلىرىنى گومىنداڭغا قارشى قوزغاش، دېگەن مەسىلە ئۈستىدە مۇزاكىرە قىلىشتۇق. بۇ ئىشلاردا ئالدىراڭغۇلۇق قىلىشقا زادى بولمايتتى. بۇ خىل ئالدىراقسانلىق بېشىمىزدىن نۇرغۇن قېتىم ئۆتتى، گومىنداڭغا بۇ ئىشلار سېزىلىپ قالسا، بارلىقىمىز ۋەيران بولىمىز. بەزى يولداشلىرىمىزنى ئالدىراقسانلىق قىلماي-

① قۇم تاغ — گۇچۇڭنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى غەرب بىلەن شەرققە سوزۇلغان تاغ.



دۇ دېگىلى بولمايتتى، بىرىنچى قېتىم تۇرپاندىكى ۋەقەدە تەجرىبە بولغانىدى. يىغىننىڭ ئاخىرىدا يولداش ئابدۇرېھىم مەمەتوف سۆز قىلدى:

— بىز كورلىدىن قايتىپ تۇرپانغا يېتىپ كەلگەندە يولداشلار بىلەن بىللە مەسلىھەتلىشىپ، تۇرپاندىلا ئىسيان كۆتۈرۈپ چىقماقچى ئىدۇق، بىراق سىلەرگە تارتىشتۇق، سىلەر بىلەن قوشۇلغاندىن كېيىن بىر گەپ بولسۇن دېدۇق.

— سىلەر تۇرپاندا بۇ ئىشلارنى قىلمىغىنىڭلار ياخشى بوپتۇ، — دېدىم مەن سۆز قىستۇرۇپ، — قايتىپ كەلگىنىڭلار تېخىمۇ ياخشى بولدى. بىرىنچىدىن، سىلەردە كۈچ ئاز؛ ئىككىنچىدىن، سىلەرنىڭ تۇرپاندا قىلغان ھەرىكىتىڭلارنى بىز ئۇقماي قالساق، كۈچ پارچىلىنىپ گومىنداڭغا بىگۇناھ يەم بولۇپ كېتەتتىڭلار.

گۇچۇڭغا بارغاندىن كېيىن 8 ـ لىيەندىكى يولداشلار بىلەن بىرلىشەيلى دەپ يىغىننى ئاخىرلاشتۇردۇق، يىغىن ئاخىرلاشقاندا ئوسمان قارىينى ساقچى ئىدارىسىدىن قايتۇرۇپ چىقىش توغرىسىدا يولداشلارغا تەكلىپ بەردىم. يولداشلارمۇ قوشۇلدى. ھەممىمىز لىيەن شتابىغا بېرىپ تاماق يېدۇق. مەن لىيەن شتابىغا كىرىپ يىڭجاڭ شا تىڭفاڭغا ساقچى ئىدارىسىدىكى ئوسمان قارىينى ئاچىقىش ھەققىدە ئېغىز ئېچىشىم بىلەنلا كۆزلىرىنى ئالايتىپ، مېنى تىللاپ كەتتى. مەنمۇ بوش كەلمىدىم، «نېمە دەيسەن؟» دەپ ئىككى قەدەم ئالدىغا بېرىپ: «بۇ ئەسلىي جىنايەت ئۆتكۈزمىدى، گۇناھسىز سولاندى، ئاچىقساق يامان بولامدۇ؟» دەپ قاتتىق تۇردۇم. بىز ئىككىمىز تاكاللاشتۇق، ۋارقىراشتۇق. يىڭجاڭ شا تىڭفاڭ مېنىمۇ سولىماقچى بولدى، يان قورالنى تاپشۇرۇشقا بۇيرۇق قىلدى. ئاغزىدىن چىقىپ بولغۇچە، يان قورالنى تاسمىسى بىلەن ئالدىغا تاشلاپ بەردىم، مەن تاسمىنى يېشىۋاتقاندا، ئۇ قورقۇپ بىر قەدەم ئارقىغا چېكىندى. ئەھۋال-

نىڭ جىددىيلىكىنى كۆرگەن مۇھاپىزەتچىم ئوبۇلقاسىم توختى سىرتتىكى يولداشلارغا، سوپى لېيەنجاڭنى سولىماقچى بولۇۋاتىدۇ، دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزۈپتۇ. شۇ ئانلا مۇئاۋىن پەيجاڭ مەڭلىك قاسىم ھويلىدىكى تاماق يەۋاتقان يولداشلارنى سەپكە تىزىپ، مېنى سولاشقا ئېلىپ ماڭغاندا يىڭجاڭ شا تىڭفاڭنىڭ ئالدىنى توسۇپ، لېيەنجاڭ بىلەن قوشۇپ بىزنىمۇ سولاڭ، دېگىلى تەييار تۇرغانىكەن. ھويلىدا جەڭچىلەرنىڭ سەپ بولۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن ھەم مېنى سولاشنىڭ ياخشى نەتىجە ئەكەلمەيدىغانلىقىنى سەزگەن شا تىڭفاڭ گەپ - سۆز قىلماستىن، ئۆزى يالغۇز مورى سېپىلى ئىچىگە كىرىپ كەتتى. شا تىڭفاڭ كۈندۈزى بىز بىلەن بىللە تۇرۇپ كېچىسى سېپىل ئىچىگە كىرىپ ياتاتتى، شۇنداق قىلىپ، يولداشلارنىڭ كۈچى بىلەن قۇتۇلۇپ قالدىم. مەن سىرتقا چىقىپ يولداشلارنىڭ ماڭا قىلغان غەمخورلۇقىغا تەشەككۈر ئېيتتىم، يولداشلار بىلەن بىرلىشىپ ئىش قىلساق غەلىبە قىلىدىغانلىقىمىزغا كۆزۈم يەتتى، يولداشلار ئۇلارنىڭ ئۇزاق يىللىق تارىخقا ئىگە 6 - يىڭنى تۇرپانغا يۆتكەپ كېلىپلا قىسقارتىپ نامىنى يوقاتقانلىقىنى، ئۇنىڭدىن ئېشىپ قالغان 8 - ، 9 - لېيەنلەردىكى مىللىي جەڭچىلەرنى ئالتاي فرونتىغا يەم قىلىپ بەرگىلى ئەكەلگەنلىكىنى ياخشى چۈشەندى. ئۇلار قولىدىكى قورالنى مەھكەم تۇتۇپ پۇرسەت بولسىلا بۇلار بىلەن ئېلىشماي قويمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. بىزمۇ جەڭچىلەر ئىچىدە بولۇۋاتقان غۇلغۇلىدىن پايدىلىنىپ، يولداشلارنىڭ ئىچىدە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۈستىدىكى زۇلۇم ۋە ئالۋان - سېلىق، بالايىئاپەتلەرنى زالىم ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلىماي يوقاتقىلى بولمايدىغانلىقى ھەققىدە كەڭ تۇردە تەشۋىقات ئېلىپ باردۇق. مەن ئەتىسى ۋاقىتنى قولدىن بەرمەي ئۆزۈمنىڭ ئىككى مۇھاپىزەتچىمگە ئىككىدىن گراناتنى ئاستۇرۇپ، ئۆزۈم قورالسىز مورى سېپىلى ئىچىدىكى لۈي تۇەنجاڭ-



نىڭ ياتىقىغا كىردىم. شا تىڭفاڭمۇ شۇ يەردە ئىكەن. ئۇنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلگەن، سەت، سۆرۈن چىراي ئولتۇرۇپتۇ. مەن لۈي تۇەنجاڭغا:

— لېيەندىكى جەڭچىلەر، ئوسمان قارىي قامالغىلى ئون كۈندىن ئاشتى، دېگەن ۋاقتى توشۇپ كەتتى، نېمىشقا ئېلىپ چىقمايسەن دەپ تۇرۇۋالدى، بۇنى سىزدىن سورىغىلى كەلدىم، بۇنى قانداق قىلىمىز؟ — دېدىم. لۈي تۇەنجاڭ گەپ قىلماستىن مېنى باشلاپ ئىچكىرى ئۆيدىكى شىجاڭنىڭ قېشىغا ئەكىرىپ، مەن دېگەن گەپلەرنى شىجاڭغا دوكلات قىلدى. مېنى كۆرگەن شىجاڭ:

— رېمىننى نېمىشقا باغلىمىدىڭ؟ — دەپ سورىدى. مەن جاۋاب بەرگۈچە ئىبراھىم بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى. شىجاڭغا تۈنۈگۈنكى شا تىڭفاڭ بىلەن بولغان ئوتتۇرىمىزدىكى ئەھۋاللار يەتمەپتۇ. شىجاڭ:

— ناگاننى ئېسىۋال، ئوسمان قارىينى ئەكېتىڭلار، تالا - تۈزگە چىقمىسۇن، نەزەربەندتە تۇرسۇن، — دەپ تاپىلىدى. مەن:

— خوپ بولىدۇ، — دېدىم.

ئوسمان قارىينى ئاچىقىۋالساقلا بولدى، قالغان ئىشلار بىزنىڭ ئىختىيارىمىزدىكى ئىش دەپ ئويلىدىم. شىجاڭ مېنىڭ تەلىپىم بويىچە، ئوسمان قارىينى ساقچى ئىدارىسىدىن ئەكېتىش توغرۇلۇق خەت قىلىپ، تامغا باستۇرۇپ بەردى. ھەربىي تۈزۈم بويىچە سالام بېرىپ چىقىپ كەتتىم، ساقچى ئىدارىسىگە بارساق، ئىدارە باشلىقى تاماق يەۋاتقانىكەن، خەتنى كۆرۈپ شۈنگەننى چاقىرتتى. بىر ئازدىن كېيىن شۈنگەن كېلىپ سېپىلنىڭ تېگىدىكى كامىردىن ئوسمان قارىينى چىقىرىپ بەردى. ئوسمان قارىي بىزنى كۆرۈپ يىغلاپ كەتتى. ئۇ ئورۇقلاپ، سارغىيىپ، چاچ - ساقاللىرى ئۆسۈپ قاپتۇ، «ئۇكام، خاتىرجەم بولۇڭ، ئەمدى بىرگە بولدۇق» دەپ تەسەللى بېرىپ، لېيەنگە ئېلىپ قايتتۇق، گازارمىدىكى يولداشلار ئۇنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ گەپ-

كه تۇتتى:

— سىزنى قىستاپ ئۇردىمۇ؟ سوراق قىلدىمۇ؟

ئاشپەز تاماق ئەكىردى، بىز بەش كىشى ئولتۇرۇپ تاماق يېدۇق، ئوسمان قارىي تاماق يېمەي ئولتۇرىدۇ، تاماق يەڭ دېسەم يىغلاپ كەتتى. مەن خۇشاللىقىدا تاماق يېگۈسى كەلمەيۋاتقان ئوخشايدۇ دەپ ئويلىدىم. شا تىڭفاڭ سېپىل ئىچىدىن كېيىن چىقتى. قوماندانىدىن تەنقىد يېگەن بولسا كېرەك. بىرئاز يۇمشاپ قاپتۇ، مېنى ليەن شتابىغا چاقىرىپ، مۇكاپات پۇلى دەپ ليەنجاڭلارغا 500 سوم، پەيجاڭلارغا 200 سومدىن پۇل بەردى. بۇ پۇلنى مۇكاپات پۇلى ئەمەس بىزنى ئالداش پۇلى دەپ بىلىپ، پۇلنى مۇھاپىزەتچىم ئوبۇلقاسىم توختىغا تاپشۇرۇپ بەردىم. كېيىن لازىم بولار دېدىم. شۇنىڭدىن كېيىن يىڭجاڭ سېپىل ئىچىگە كىرىپ - چىقىشتا مۇھاپىزەتچىسىزلا ماڭىدىغان بولدى. بىر كۈنى بىز جەڭچىلەر بىلەن پاراڭ سېلىشىپ تۇرساق، شا تىڭفاڭ ليەن شتابىغا كىرىپ مۇھاپىزەتچىسى روزىنى بەك تىللاپ كەتتى، دېگەن خەۋەر كەلدى. مەن ئىبراھىمنى ئاڭلاپ باق دەپ ھويلىغا كىرگۈزدۇم. ئۆزۈم پوتەيدىكى پوستلارنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرگىلى كەتتىم. قايتىپ كېلىشىمدە نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئۇقتۇم. روزى گاۋار ئەسلىي خەنزۇ بالا بولۇپ، قەشقەر يېڭىشەھەردە تۇغۇلغان، ئاتا - ئانىسى تاشلاپ نەگىدۇر كەتكەن، شۇڭا ئۇ بىزنىڭ قەشقەردىكى ئاتلىق 31 - تۇەن 6 - يىڭدا ھەربىي بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ بىزنىڭ مىللىي ئۆرپ - ئادەتلىرىمىزنى ياخشى بىلەتتى. ئۆزى كىچىك بولغانلىقتىن «روزى گاۋار» دەپ چاقىراتتۇق. ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە تىل - يېزىق بىلگەنلىكتىن، شا تىڭفاڭ ئۆزىگە مۇھاپىزەتچى ۋە تەرجىمان قىلىۋالغان. «ئېشەككە كۈچۈڭ يەتمىسە، ئۇر توقۇمنى» دېگەندەك شا تىڭفاڭ بىزدىن ئالالمىغان ئۆچىنى روزى جەڭچىدىن ئېلىپتۇ. ئۇنىڭ بارلىق كىيىم - كېچەكلىرىنى سالدۇرۇپ زىمىستان



سوغۇقتا لاتا خەي بىلەن ھەيدەپ چىقىرىۋېتىپتۇ. ئوبۇلقاسىم روزىنى ئات باقارلارنىڭ ئۆيىگە ئەكىرىپ قويۇپ، ماڭا خەۋەر قىلدى. ئاتخانىغا بارسام، قولى بىلەن ئالدىنى يېپىپ ئوت ئالدىدا خىجالەت بولغان ھالدا يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ ئىنسان ئەمەسمۇ، قىلغان ئەقىدىسىگە يىغلايدۇ - دە! ئۇزاق يىللاردىن قوشۇن بىلەن بىرگە يۈرگەن، بىر قازاننىڭ تامىقىنى يېگەن يولدىشىمىزنىڭ مۇنداق ئەھۋالدا قېلىشى بىزنى ئېچىندۇردى. يولداشلار ئۇنى ئات ئېغىلىغا يوشۇرۇپ قويۇپ، گۇچۇڭغا قايتقاندا قەشقەرگە يولغا سېلىۋەتمەكچى بولدى. مەن ئوبۇلقاسىمغا جەڭچىلەردە ئارتۇق كىيىم بولسا سوراپ يىغىپ كېلىشنى بۇيرۇدۇم، ئۆزۈمدە بار بولغان بىر قۇر ماتا كۆڭلەك - ئىشتاننى بەردىم. شۇنداق قىلىپ، روزى جەڭچىنى كىيىندۇرۇپ بولدۇق. شا تىڭفاڭ روزى گاۋارنى ھەيدەپ چىقىرىشىدىكى سەۋەب مۇنداق ئىكەن: روزى گاۋار شا تىڭفاڭغا، ئۇلارنىڭ بىزنىڭ جەڭچىلىرىمىزگە قىلغان بەزى ئىشلارنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان شا تىڭفاڭ دەرغەزەپ بولۇپ: مېنىڭ سىرىمنى ئۇلارغا يەتكۈزىدىغان سەن ئىكەنسەن - دە، دەپ تىللاپ ھەيدەپ چىقىرىۋېتىپتۇ①. شۇ ھامانلا روزى جەڭچىنىڭ ئورنىغا بىزنىڭ مەخپىي ھەرىكەتلىرىمىزگە قاتنىشىپ يۈرگەن ئىبراھىمنى مۇھاپىزەتچى قىلىۋالدى. بۇ خۇيزۇ جەڭچىمىزگە شا تىڭفاڭ قاتتىق ئىشىنەتتى. ئۇنىڭ شا تىڭفاڭغا مۇھاپىزەتچى بولغانلىقىغا بىزمۇ خۇرسەن بولدۇق. ئىبراھىم ھەقىقەتەنمۇ يولداشلارغا، ئىن-

① 1960 - يىلى خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن قەشقەرگە بېرىپ، كوچىغا چىقسام، بىر ساقچى ئوفىتسېر كېلىپ، ھەربىيچە سالام بېرىپ، بوينۇمغا ئېسىلىپ يىغلاپ كەتتى. مەن دەسلەپتە تونۇماي، ھودۇقۇپ كەتتىم. ئۇ ئۆزىنى تونۇشتۇرغاندىن كېيىنلا ئۇنىڭ روزى گاۋار ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئۇ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئەترىتىنىڭ سىياسىي كومىسسارى ئىكەن، شەرەپ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيىگە كىرىپتۇ. يوغانلا، گەۋدىلىك ئادەم بولۇپ، سەمرىپ قاپتۇ. بىز ئۇزاق مۇڭداشتۇق.

قىلابىي ھەرىكەتلىرىمىزگە سادىق ئىدى. ئۇ ئوبۇلقاسىم توختى، ھوشۇرئاخۇن بەنجاڭ بىلەن بىر ئۆيدە ياتاتتى. ئىبراھىم بىلەن ئوبۇلقاسىم ئىككىسى ئاغىنە ئىدى. بۇنى شا تىڭفاڭ بىلەتتى. بۇ ئىككىسىدىن ھېچقانداق گۇمان قىلمايتتى. ئىبراھىم شا تىڭفاڭنىڭ قوماندان ۋە لۇي تۇەنجاڭ بىلەن قىلىشقان گەپلىرىنى، ئوبۇلقاسىمغا ئېيتىپ بېرەتتى. بىز ئوبۇلقاسىم ئارقىلىق قوماندانلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىدىن خەۋەر تېپىپ ئالدىن چارە ـ تەدبىرلەرنى كۆرۈپ قويىدىغان بولدۇق.

بىركۈنى ئىبراھىم قوماندانلىق شتابىدا بولۇنغان «ئۇيغۇر ئەسكەرلەر نېمە ئۇچۇن بىزنىڭ ئەسكەرلەرگە ئوخشاش قىمار ئوينىمايدۇ» دېگەن گەپنى بىزگە يەتكۈزۈپ كەلدى. ھەقىقەتەنمۇ خەنزۇ ئەسكەرلەر قىمار ئوينايتتى. ئۇلار ئوينىسا، ئوفىتسېرلار چوتۇر ئېلىپ باي بولاتتى. بىزنىڭ جەڭچىلىرىمىزگە قىمار ئويناشقا يول قويۇلمايتتى. ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى ۋە خوتۇن ـ بالىلىرى بار ئەمەسمۇ، ئۇلارغا كىم قارايدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، بەزى ئىشلىرىمىزنىڭ چېنىپ قالماسلىقى ئۇچۇن يولداشلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، «بەشلەڭ»[1] ئويناشنى باشلىدۇق. بىز قەغەز ئويناشنى ياخشى بىلمەيتتۇق. بۇنى كۆرگەن شا يىڭجاڭ «بۇلار ئەخمەق خەق ئىكەن. قەغەز ئويناشنىمۇ بىلمەيدىكەن» دەپ بىزنى مەسخىرە قىلىپ يۈردى. ھەقىقەتتە بولسا قىمار روھىي كەيپىياتنى چىرىتەتتى. ئۇتتۇرۇپ قەرزگە بوغۇلسا، ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق قىلاتتى، مال ـ دۇنيانى دەپ ئادەم ئۆلتۈرەتتى. گومىنداڭ ئارمىيىسى ئىچىدە ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە ئورنىغا نەشە چېكىش، ئەپيۇن چېكىش، قورال كۆچى ئىشلىتىپ چىرايلىق خوتۇن ـ قىزلارنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسىغا تېگىش ئەۋج ئالغانىدى. ئەمەلدارلارنىڭ بۇنداق قىلمىشلىرىغا نارازىلىق بىلدۈرۈلسە قامايتتى. شۇڭا خەلق مۇنداق قوشاقلارنى توقۇغانىدى:

[1] بەشلەڭ ــ قىمارنىڭ بىر تۈرى.



*ئەسكەر ئالدى گومىنداڭ،*
*دېھقان بالىسى ياشلاردىن.*
*ياق دېسە جېنىغا ۋاي،*
*كەتمەيتتى قامچا باشلاردىن.*

*ئەسكەر باشلىق ئۆگەتتى،*
*قىمار ئويناشنى تاۋكادا.*
*ئۇتقانلاردىن بۇلاپ ئېلىپ،*
*باي بولىدىكەن چوتۇردا.*

*نەشە بىلەن ئەپيۇننى،*
*چەكتۈرەتتى پەيزى دەپ.*
*ئاچ قالساڭ سەن ئۆزۈڭگە،*
*ئەسكەرنىڭ كەسپى شۇ دەپ.*

*ئەسكەرنىڭ كىيىملىرى،*
*كۆك بويالغان خەس ماتا،*
*بەتتە پولۇ دەپ يېگىنى،*
*پۇرچاق، قوناق ھەم ئارپا.*

## گۇچۇڭغا قايتىش

1944 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى 9 ـ لىيەننى گۇچۇڭغا قايتۇرۇش بۇيرۇقى كەلدى. بىز خۇشاللىق بىلەن تەييارلىق قىلدۇق، بىزنىڭ ئورنىمىزغا زەمبىرەكچىلەر تۇەنىدىن ئىككى ئاتلىق لىيەن كەلدى. كەلگەنلەردە زەمبىرەك يوق بولۇپ، شىنجاڭ ئارمىيىسى ئىدى. بۇلار بىز تۇرغان گازارمىغا ئورۇنلاشتى. لۇي تۇەنجاڭ بىلەن شا تىڭفاڭ بىز بىلەن قايتماقچى بولدى.

موردىن مېڭىش ۋاقتىمىزدا مورى ھەر مىللەت خەلقى بىز-

نى ئۇزىتىش ئۈچۈن بىز تۇرغان گازارمىغا كەلدى. كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا: «سىلەر قايتمىساڭلار، سىلەر كەتسەڭلار بىز پۇقرالار يامان كۈنلەرگە قالىمىز» دەپ يىغلاشتى. «خەلقنى ھىمايە قىلىمىز»دېگەن گومىنداڭ ئارمىيىسى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشتى. يەرلىك خەنزۇلار سۇ لىيەنجاڭ ئەسكەرلىرى بىلەن قالسا، دەپ لۇي تۈەنجاڭغا خەت تۇتتى. بىز مېڭىشقا تەييارلىق قىلىۋاتىمىز، ئورنىمىزغا كەلگەنلەر ئورۇنلىشىۋاتىدۇ، ئۇزىتىشقا چىققانلارمۇ بارغانسېرى كۆپىيىۋاتىدۇ. خەلقنىڭ بىزنى ھىمايە قىلغانلىقىغا چىدىماي قالغان لۇي تۈەنجاڭ قىلىچىنى سۇغۇرۇپ، ۋارقىراپ خەلقنى قوغلىغىلى تۇردى. خەلق جاللاتنىڭ قارشىلىقىغا قارىماي، 30 تۇياق قوي، ئىككى كالا، بەش پۇت گۇرۇچ، 3000 سەر پۇل سوۋغا قىلدى، بۇنى ئالماسلىققا ئىلاجىمىز بولمىدى. لىيەننىڭ تەمىنات ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئابدۇقادىر تاپشۇرۇۋالدى. جانلىق ماللارنى ھاكىم ئىدارىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ پۇلىنى ئالدۇق. مەن خەلققە شا تىڭفاڭنىڭ رۇخسەت قىلمىغىنىغا قارىماي، رەھمەت ئېيتىپ، ئۇلارنى تاشلاپ كەتمەيدىغانلىقىمىزنى، گۈچۈڭ يىراق بولمىغاچقا كېلىپ تۇرىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈردۇم. مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلىغان لۇي تۈەنجاڭ خەلقنى قوغلىغان گۇناھى ئۈچۈن خىجالەت بولدىمۇ ياكى خەلقنىڭ پەيلىدىن قورقتىمۇ ئوتتۇرىغا چىقىپ، سىلەرنى ھىمايە قىلىدىغان ۋە سىلەرگە ياخشى قارايدىغان ياخشى ئەسكەرلەرنى قالدۇردۇق، دەپ بىر - ئىككى ئېغىز سۆز قىلىشىغا، خەلق ئىچىدىن ما شىنگۇي (خۇيزۇ) ئىسىملىك بوۋاي ئالدىغا چىقىپ:

— بىز سېپىل ئېشىدىكى باندىتلاردىن قورقۇپ تۇرغىنىمىز يوق، سېپىل ئىچىدىكىلەردىن قورقۇۋاتىمىز، — دېدى.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان لۇي تۈەنجاڭ بوۋاينى خەلق ئىچىدىن سۆرەپ چىقىپ تىللاپ كەتتى، ما شىنگۇي خەلق ئىچىدە ئابرۇيى



بار بوۋاي بولۇپ، ئۇنىڭ سۆزىنىڭ قىرى بار ئىدى. بىرھەپتە ئىلگىرى باندىتنىڭ ئوقى تېگىپ ئۆلگەن گومىنداڭ ئەسكىرىنى بوۋاينىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا تاشلاپ قويۇپ، ئاخشام سىلەرنىڭ ئۆيگە بىرى ئوغرىلىققا كىرگەنىكەن، بىزنىڭ بىر ئەسكىرىمىز، سىلەرنى مۇھاپىزەت قىلىمەن دەپ قۇربان بولدى، ئەسكەرنىڭ جەسىتىنى كۆمۈش ئۈچۈن ما شىنگۇينىڭ ئائىلىسى بىر توپ رەخت ياكى 2000 سوم پۇل بەرسۇن دەپ زورلۇق قىلغانىكەن.

بىز ئۇزاتقۇچى خەلق بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىقتۇق. ئۇلار بىزنى ئۇزىتىپ قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ، كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ قالدى. ئۇلار ھازىرمۇ ئېسىمدىن چىقمايدۇ.

يولدا ئاتلىق جىمجىت كېتىپ بارىمىز، ھەممىمىزنىڭ خىيالى مورىدا قالغان بىچارە خەلقتە. بۇ جىمجىتلىقنى پەقەت ئاتلارنىڭ پۇتىدىكى تاقىلارنىڭ تاشقا تېگىپ تاراقشىغان ئاۋازى، بەزىدە قاتار ياندىشىپ كېتىپ بارغان ئاتتىكى ئۆزەڭگىلەرنىڭ بىر - بىرىگە تېگىپ جاراڭلىشىلا بۇزاتتى. كىمدۇر بىرى «قاراڭلار! خەلق تېخىچە قاراپ تۇرىدۇ» دېدى. ئارقىمىزغا قارىساق، خەلق دېگەندەك ئارقىمىزدىن تېخىچە قاراپ تۇرۇپتۇ.

كەچقۇرۇن سائەت تۆت ئەتراپىدا كونا گۈچۈڭ شەھىرىدە قونۇپ، 11 - ئاينىڭ 23 - كۈنى گۈچۈڭغا يېتىپ باردۇق. بەزىلەر قورۇ - جايلىرىنى، ئاشلىق - خامانلىرىنى تاشلاپ، چارۋا ماللىرىنى ئېلىپ بىز بىلەن بىللە گۈچۈڭغا كۆچۈپ كېلىۋالدى. باندىتلار يولدا بۇلاڭچىلىق قىلىپ تۇرغاچقا، گۈچۈڭ بىلەن مورى ئارىلىقىدا مېڭىش خەتەرلىك ئىدى. ئەگەر مېڭىش توغرا كەلسە، ئەسكەر ۋە قورال كۈچى بىلەن ماڭمىسا بولمايتتى.

بىز گۈچۈڭغا ئورۇنلىشىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن 8 - لىيەندىكى يولداشلار تاڭفاڭمياۋدىن قايتىپ كەلدى. ئۇزاق يىللار ئايرىلىپ كەتكەن يولداشلاردەك قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ كەتتۇق، ھال - ئەھۋال سوراشتۇق. مەن ئىككى لىيەننىڭ كادىرلى-

رىنى چاقىرىپ، ئولتۇرۇش قىلىپ بەرمەكچى بولدۇم. مورىدا
شا تىڭفاڭ ماڭا بەرگەن 700 سوم پۇلغا ئۈچ قوي ئېلىپ سويـ
دۇق. يەتمىگەن يېرىگە 9 ـ لىيەنىنىڭ ئىقتىسادىدىن خىراجەت
قىلدۇق. گۇچۇڭ ھارىقىنىڭ داڭقى بار ئىدى، مەن ئىككى لىيەنـ
نىڭ ئوفىتسېرلىرىنى تەكلىپ قىلدىم. مۇئاۋىن يىڭجاڭ ھاكى
قۇربانمۇ كەلدى. بىزنىڭ لىيەنىنىڭ ئوفىتسېرلىرى قاتناشقانىنىڭ
سىرتىدا بىزنىڭ جەڭچىلىرىمىزدىن بىرقانچىسى ۋەكىل بولۇپ
قاتناشتى. بىر بەنگە بىر بوتۇلكىدىن ھاراق بېرىشنى، ئەمما
بۇگۈن ھاراقنى كۆپ ئىچمەسلىكنى تاپشۇردۇم. ھاكى قۇربان
ھاراققا بەك ئامراق ئىدى. خېلى كۆپ ئىچتى، ياخشى ئولتۇرۇش
بولدى. شۇ كۈندىكى ئولتۇرۇشتا يولداشلارغا سىياسىي سۆزلەرـ
نى قىلماسلىقنى قاتتىق تاپىلىدۇق، ئىككى ـ ئۈچ كۈندىن كېـ
يىن يىغىن ئاچتۇق. بۇ يىغىنغا 8 ـ لىيەندىكى يولداشلاردىن
ئابلەھەت داۋۇت، ئوبۇلقاسىم بەنجاڭ، خېلىل كىچىك، قۇربان
ئىدرىسلار بولۇپ 14 كىشى؛ 9 ـ لىيەندىن ھوشۇر موللا، ھوـ
شۇرئاخۇن بەنجاڭ، ئوبۇلقاسىم توختى، قاسىم مەڭلىكوف، ئابـ
دۇرېھىم مەمەتوف، مامۇت بوداق، ئەمەتلەش، ئوسمان قارىي،
مەن، يولۋاس بەنجاڭ قاتارلىق ئوندىن ئارتۇق كىشى قاتناشتۇق.
يىغىنغا ئولتۇرۇش تۈسى بېرىش ئۈچۈن، ئوتتۇرىغا ئۇ يەر ـ بۇ
يەرگە ھاراق، رومكىلارنى قويۇپ قويدۇق. يىغىندا مەن سۆز قىـ
لىپ، مورىدىكى قۇربان بولغان يولداشلارنى، ئۇلارنىڭ ئىش
ئىزلىرىنى ئەسلەپ ئۆتتۇم. مورىدىكى 17 ـ پوتەي ئىچىدە ئېـ
چىلغان يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدۇم. گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىـ
نىڭ خەلققە قىلغان زۇلۇملىرى ۋە بىزگە ئىشەنمەيۋاتقانلىقى،
كەمسىتىشكە ئۇچرىغانلىقىمىز ئۈستىدە شىكايەت قىلدىم.
— ئېلى خەلقى گومىنداڭغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپتۇ،
دېگەن خۇش خەۋەرنى ئاڭلىدۇق، — دېدىم يولداشلىرىمغا شىڭ
شىسەينىڭ ئورنىغا ۋۇ جۇڭشىن كېلىپ تەختكە چىقىپ، خەلقـ

قە: كىمكى گومىنداڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى چىقىدىكەن، ئۇنداق
ئۇنسۇرلارنى جادىغا بېسىپ توغراپ يوقىتىمىز، دەپ نەچچە ماـ
شىنىدا ئىچكىرىدىن جادى ئەكېلىپتۇ، دېگەن خەۋەرلەر بار. ھاـ
زىر ئۈرۈمچى بىلەن ئېلى يولى ئېتىلىپتۇ، ئېلىدا قوزغالغانلار
نىلقا ناھىيە تاغلىرىدا ئىكەن. باشلىقلار بۇلاڭچىلار «ئالتە ئوغـ
رى» ئىكەن دېگەن سۆزلەرنى قىلىشىۋاتىدۇ. قوزغىلاڭغا ئۇيـ
غۇر، قازاق، قىرغىز، خۇيزۇ، موڭغۇل، رۇس ۋە بەزى خەنزۇلارـ
مۇ قاتنىشىپتۇ دەيدۇ. بۇنىڭغا قاتناشقانلارنىڭ ئارقا تېرىكى
كۈچلۈك ئوخشايدۇ.
يولداشلارغا ئۈرۈمچىدىكى جادى ۋەقەسى بىلەن ئېلى ۋەقەسى
كۈچلۈك تەسىر قىلدى ھەم ئۇلار قىزىقتى. ئېلى ۋەقەسىنى
تېخىمۇ ئوبدان ئۇقۇپ كۆرۈشنى ماڭا تاپشۇردى. يولداشلار يەنە
ئەگەر ئېلىدا ئىنقىلابىي ھەرىكەت قوزغالغان بولسا، بىزمۇ بېـ
رىپ قوشۇلساق، بولمىسا، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، گۇچۇڭ بىلەن
تۇرپان ئارىلىقىدىكى تەڭرىتاغلىرىغا چىقىپ ئۆزىمىز بازا قۇـ
رۇپ، تۇرپان، پىچان، قومۇل، گۇچۇڭ، مورى، جىمىسار خەلقـ
لىرىنى قوزغىساق، دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئاخىردا
ئالدى بىلەن بۇگۈنكى سۆھبەتكە قاتناشقانلار ئۆزلىرىگە يېقىن
ۋە ئىشەنگەن يولداشلارغا ئاستا ـ ئاستا تەشۋىق قىلىپ، ئۆز
ئىچىمىزدە ئىدىيىدە بىرلىككە كېلىپ، ھەرىكەتنىڭ تېزرەك
ۋۇجۇدقا چىقىشىغا زېمىن ھازىرلاش لازىم دەپ خۇلاسىلىدۇق.
ئاخىر كىچىك زىياپىتىمىزنى باشلىۋەتتۇق. بۇ قېتىمقى زىياـ
پىتىمىزدىن ھاكى قۇربان خېلى گۇمانلانسا كېرەك، شا تىڭفاڭـ
غا ئولتۇرۇش قىلغانلىقىمىزنى يەتكۈزۈپتۇ. لېكىن، نېمە دېـ
يىشكەنلىكىمىز ھەققىدە بىرنەرسە دېيەلمەپتۇ.
گۇچۇڭ مورىغا ئوخشاشلا خەۋپ ئىچىدە قالدى. مورىغا قارىـ
غاندا گۇچۇڭدىن ئۈرۈمچىگە بېرىش ـ كېلىش بىرئاز خەتەرسىز
ئىدى. شۇڭا، گۇچۇڭ ئەتراپىدىكى خەلق تۇرپان، پىچان، لۈكـ

چۈنلەرگە كۆچۈشكە باشلىدى. بەزى ئىقتىسادى ياخشىلار مال - دۇنياسىغا تارتىشىپ ئامالسىز بۇ جايدا قالدى.

8 - ، 9 - ليەنلەردىكى جەڭچىلەرنىڭ قولىدىكى قوراللار بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا تۇتقان ناچار، قالاق قوراللار ئىدى، مورى سوقۇشلىرىدا ئىشلىتىپ زىيان تارتتۇق. «شىنجاڭنىڭ پادىشاھى» قان ئىچەر شېڭ شىسەي شىنجاڭدىن ئالمىشىپ چۈگۈچەككە كەتكەندىن كېيىن ئۇرۇمچىدىن بىزگە تەقسىم قىلىنغان قوراللارنى يىغىنىڭ كاتىپى مەمەتوف ئىككى ماشىنىدا ئەكىلىپ، بىر بەنگە بىردىن دىكتار پىلىموت، بىر پەيگە بىردىن گراناتاميوت، ھەربىر پەيجاڭغا بىردىن ياغاچ قاپلىق ماۋزۇر، يىڭجاڭ، ليەنجاڭلارغا «تېتې» ماركىلىق ناگان، جەڭچىلەرگە نەيزىسى بار مىلتىق، ئىككى داندىن گرانات تەقسىم قىلىپ بەردى. بۇ قوراللار ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا 1940 - ، 1944 - يىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن قوراللار ئىكەن. ئۇرۇمچىدىن ئەكەلگەن قوراللار ئىچىدىن قوندىقىغا رۇسچە «ئى.ۋ. ستالىن» دېگەن خەت يېزىلغان بىر مىلتىق چىقىپ قالدى. بۇنى شۇئانلا مۇھاپىزەتچىم ئوبۇلقاسىمغا تارقىتىپ بېرىپ، بۇ خەتنى ھېچكىم كۆرمىسۇن، خەت بار يەرنى لاتا بىلەن ئوراپ مەھكەم ساقلا دەپ تاپشۇردۇم. بۇنى باشقىلارغا دېيىشكە تېخىمۇ بولمايتتى. مەزكۇر مىلتىق خوجىنىياز ھاجى ۋە مامۇت شىجاڭلار ئاقسۇغا بېرىپ ئۇچتۇرپان ئارقىلىق سوۋېتتىن نۇرغۇن قورال - ياراغ كىرگۈزگەندە، ستالىن يادىكار ئۈچۈن خوجىنىياز ھاجىمغا تەقدىم قىلغان مىلتىق بولۇپ، 1937 - يىلى خوجىنىياز ھاجى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغاندا خوجىنىياز ھاجىنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى تۇتقان قوراللارنى شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ مۇھاپىزەتچى ئەترىتىگە تەقسىم قىلىپ بەرگەنىكەن. شېڭ شىسەي كەتكەندە مەزكۇر قورالنى بىز شېڭ شىسەينى مۇھاپىزەت قىلىدىغان تۈەننىڭ بىر قىسمى بولغانلىقىمىز ئۈ-



چۈن بىزگە تەقسىم قىلغانىدى.

يېڭى قوراللارغا ئىگە بولغانلىقىمىزغا خۇشاللىقىمىز ئىچىمىزگە پاتماي كەتتى. بۇرۇنقى كونا قوراللار بىلەن بىرەر قارارغا كېلىپ، ھەرىكەت قىلىشىمىز تەس ئىدى. ھازىر ياردەمچى كۈچ كەلگەندەك روھىمىزغا روھ قوشۇلدى. قوراللارنى ئالماشتۇرغىنىمىزغا ئۈچ - تۆت كۈن بولغاندا، كېچىدە ياتسام مېنى ئويغىتىپ، بېشىمدا چىراغنى ياندۇرۇپ يىڭجاڭ شا تىڭفاڭ بىلەن ئىككى نەپەر ئوفىتسېر تۇرىدۇ. ئاپلا، دەپ بىرئاز چۆچۈدۈم، چۈنكى بىزنىڭ ئىچىمىزگە ھاكى قۇربان ئىشپىيونلۇققا قويغان كىشىلەر بار ئىدى. شۇلاردىن بىرى چاققانغا ئوخشايدۇ، دېگەن ئويلار چاقماق تېزلىكىدە مېڭەمدىن ئۆتتى. ئالدىراپ - تېنەپ كىيىملىرىمنى كىيىۋېتىپ، كىرگەنلەرنىڭ يان قورالىغا قول سالمىغانلىقىنى، يېنىمدا قاتار ياتقان جەڭچىلەرنىڭ قوراللىرىمۇ جايىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، كۆڭلۈم بىرئاز تىنىدى. ھېلىقى ئىككى نەپەر ئوفىتسېر قوماندانلىق شتابىدىن سىزنى چاقىرىۋاتىدۇ دەپ ئەكەلگەن بۇيرۇقنى ماڭا بەردى. بۇيرۇق 3144 - نومۇرلۇق بولۇپ، مىنگونىڭ 1933 - يىلى 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، يەنى 1944 - يىلى 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى چۈشۈرۈلگەنىكەن. يىڭجاڭ شا تىڭفاڭ بىلەن مېنى چاقىرتقانىكەن. بۇيرۇقتا گۇچۇڭنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە جايلاشقان تۇگۇك، سەنتۇك دېگەن جايلاردا ھۆكۈمەت تۆگىلىرىنى ساقلاۋاتقان قىسىملار بىلەن باندىتلار سوقۇشۇپ قاپتۇ، سۇ ليەنجاڭ بارلىق جەڭچىلەر بىلەن سوقۇشقا بارىدۇ، تەييارلىنىپ قوماندانلىق شتابىغا كەلسۇن دېيىلگەن. بۇيرۇقنى ئاڭلاپ بولۇپ ئابدۇراخمان پەيجاڭغا پۈتۈن ليەن جەڭگىۋار ھالەتكە ئۆتسۇن دەپ تاپشۇرۇپ قويۇپ، شا تىڭفاڭ بىلەن 46 - شى قوماندانلىق شتابىغا باردىم. بىز ئىشخانىغا كىرسەك قوماندان چۇ ۋۇچېڭ ھەربىي فورما بىلەن يالغۇز ئولتۇرغانىكەن.

— سۇ ليەنجاڭ سىزمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— مەن بولىمەن، — دېدىم.

— هازىر ليەنىڭىزنى ئېلىپ سوقۇش بولۇۋاتقان يەرگە ياردەمگە بارىسىز! ئەگەر غەلىبە قىلىپ قايتسىڭىزلار مۇكاپاتلايمىز، — دېدى ئۇ، بۇيرۇق ئاھاڭىدا.

يىڭجاڭ شا تىڭفاڭ بىلەن تەڭلا «خوپ» دەپ ھەربىي قائىدە بويىچە سالام بېرىپ قايتىپ چىقتۇق، مەن ئىشخانىغا شەپكەمنى ئالماي كىرگەنلىكىم ئۈچۈن يولدا كېتىۋېتىپ يىڭجاڭدىن تەنقىد ئاڭلىدىم. ليەنگە كەلسەك جەڭچىلەر ئاتلىق تەييار بولۇپ بولغانىكەن، مەن «ئاتلان!» دەپ كوماندا بەردىم. 10 — 15 كىلومېتىر جايغا ئاتلارنى قاترىتىپ تېز ماڭدۇق. تاڭ سۈزۈلۈپ بولغاندا سەنتۇڭ كەنتىدىكى ئۇرۇش مەيدانىغا يېتىپ باردۇق. قۇمتاغ گۇچۇڭ، فۇكاڭ ناھىيىلىرىدىكى قازاق چارۋىچىلار تۇرىدىغان قىشلاق بولۇپ، تەڭرىتاغ بويىدىن كۆچكەن چارۋىچى قازاقلار كۈندۈزى مېڭىشتىن قورقۇپ ھېچكىمگە كۆرۈنمەستىن كېچىدە ماڭغانلىقتىن، يولدىن ئادىشىپ تۆگە باققان ئەسكەرلەر بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. ئۇلار چارۋىلارنى ھەيدىگەن شەپىنى ئاڭلاپ، باندىتلار تۆگىلەرنى بۇلىغىلى كەپتۇ دېگەن گۇمان بىلەن ئوق چىقىرىپتۇ، ئۇرۇش خېلى ۋاقىت داۋاملىشىپ، بىز بارغاندا، توختاپ قاپتۇ. ئۇرۇشقان يەرگە بارساق كالا، تۆگىلەرگە ئارتىلغان يۈك ـ تاقلار شۇ بويىچە تۇرىدۇ، قويلار ئۇ يەردە، بۇ يەردە تۇرىدۇ. بىرقانچە كالىغا ئارتىلغان ساندۇقلار، بىر كالىدا بۆشۈكمۇ تېڭىقلىق تۇرىدۇ. ئۆي بىساتلىرى ھەممە يەردە چېچىلىپ يېتىپتۇ. بۇ يۈكلەر ئارىسىدا بىر ياش قازاق يىگىت، ئۈچ ـ تۆت ياشلىق قىز بالا ھەم بىر قېرى چالغا ئوق تېگىپ ئۆلگەنلىكىنى كۆردۇق. يەنە بىر كىچىك بالىنى تۆگىگە ئارتىلغان يۈك ئوتتۇرىسىغا يۆگەپ ئولتۇرغۇزۇپ قويغانىكەن، تۆگىگە ئوق تېگىپ ئۆلۈپ، بالا تۆگە ئۈستىدە مۇزلاپ قاپتۇ. بۇنى كۆ-



رۈپ ئىچىمىز سىيرىلىپ كەتتى. چارۋىچىلار بۇ مۈلۈكلەرنى قانداق جاپا ـ مۇشەققەتلەر بىلەن تاپقان بولغىيدى. بۇ كۆچمەنلەر بۇ زىمىستان قىشتا بالا ـ چاقىلىرى، ئۆي بىساتلىرىدىن ئايرىلىپ قەيەرلەردە تېنەپ يۈرىدىغاندۇر. بىز كېچىدە مېڭىپ، كۆچكەنلەرنى ئارقىسىدىن قوغلىدۇق. بىرەر بۇردا نان ياكى سۇ دېگەننى ئاغزىمىزغا ئالمىدۇق. قومۇشلۇق ئىچىدە بىرنەرسىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. كۆچمەن ئەلگىمۇ يېتەلمىدۇق. بىز يىڭجاڭنىڭ قوماندانلىق شتابىدىن قايتىپ كەلسۇن دەپ بۇيرۇق كەلگۈچە مۇشۇ يەردە تۇرىسىلەر دېگەن بۇيرۇقىغا ئاساسەن، گۇچۇڭ شەھەر تەرەپكە بىر كىلومېتىردەك چېكىنىپ بىر ئىگىسىز قورۇغا جايلاشتۇق. بۇ چوڭ قورۇ ئەسلىي يەرلىك خەنزۇ دېھقاننىڭ قورۇسى بولۇپ، كىچىك بىر ئۆيدە يالغۇز بىر موماي قورۇغا قاراپ قالغانىكەن. بەزى ئۆيلەرنىڭ ئىشىك ـ دېرىزىلىرى يوق. مومايىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، تۆگە باققان ئەسكەرلەر بۇزۇپ قالاپ كېتىپتۇ. مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ھېلىقى ئۆينىڭ يېنىدا يەنە بىر ئۆزبېك ئائىلىسىنىڭ ئۆيى بار ئىكەن. ئۇلار تىجارەت قىلىدىكەن، بۇ قورۇ ـ جايمۇ ئىچكىرى ـ تاشقىرى ھويلىلىق، ئۆينىڭ ئىشىك ـ دېرىزىلىرى، تۈۋرۈكلىرى نەقىشلەنگەن، ئۆينىڭ ئاستى ـ ئۈستى تاختايلىق ھەم سىرلاقلىق ئىكەن. تاشقىرىقى ھويلىدىكى ئۆيلەرنىڭ ياغاچلىرىنى تۆگە باققانلار ئېچىپ قالاپ كېتىپتۇ. ئۇلار ئىچكىرىدىكى ھويلىغا قول تەگكۈزۈش ئالدىدا بىزلەر بېرىپ شۇ ھويلىغا ئورۇنلاشتۇق. بىز ھېلىقى موماي تۇرغان ئۆي بىلەن ئۆزبېكنىڭ ئۆيلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، يىڭجاڭنى موماي ئولتۇرغان ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، بىز ئۆزبېكنىڭ قورۇسى بىلەن ئەتراپتىكى ئۇيغۇر دېھقانلارنىڭ ئىگە ـ چاقىسىز قالغان ئۆيلىرىگە ئورۇنلاشتۇق، بۇ يەردىكى ئۆيلەرنىڭ بۇزۇلۇپ كەتكەنلىكىگە قاراپ ئىچىمىز سىيرىلىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىلھامىم كېلىپ شۇ قوشاقنى توقۇدۇم:

*گۈچۈڭدىكى دۆڭلەرگە،*
*پوتەيلەرنى كۆپ سالدى.*
*يوقسۇل ئاجىز خەلققە،*
*ئالۋان - ياساقنى كۆپ سالدى.*

*گۈچۈڭدىكى چېرىكلەر،*
*خەلقنى بۇلاپ - تالىدى.*
*بۇزۇپ ئۆي - ئىمارەتلەرنى،*
*ياغاچلىرىنى قالدى.*

*خەلق بىلەن باندىتنى،*
*قەستەن پەرق ئەتمىدى.*
*كۆچمەنلەرنى «باندىت» دەپ،*
*قىرىپ - قوغلاپ تالىدى.*

*كۆچۈپ يۇرۇش يايلاقتا،*
*ئادىتىغۇ ئۇلارنىڭ.*
*كىگىز ئۆيدە تۇرۇشقا،*
*ھەققى يوقمۇ ئۇلارنىڭ؟!*

*ياغاچ ساندۇق ئىچىدە،*
*قانچىلىك دۇنياسى بار.*
*ئەمگەك بىلەن ياشىغان،*
*قازاقنىڭ نېمە گۇناھى بار؟*

*ئادەم ئەمەسمۇ ئەسكەر،*
*ئانىسى يوقمۇ ئۇلارنىڭ؟*
*ئانا - بالىنى ئۆلتۈرسە،*
*ۋىجدانى بارمۇ ئۇلارنىڭ.*



*گومىنداڭنىڭ ئەسكىرى،*
*قان ئىچەر جاللات بولدى.*
*نە ئىلاج سوپاخۇنغا،*
*باغرى ئۆرتەپ كۇل بولدى.*

قوماندانلىق شتابىدىن ھېچقانداق خەۋەر بولمىغاچقا، ئۈچ - تۆت كۈن قىشلاقتا تۇرۇپ قالدۇق. بىز چۈشكەن ئۆينىڭ ئىگىسى گۈچۈڭلۈك شەھىرىدىن چىقىپ بىزنىڭ بۇ ئۆيگە چۈشۈپ ساقلاپ قالغانلىقىمىزغا خۇشال بولۇپ، سېمىز بىر كالىسىنى بىزنىڭ سويۇپ يېيىشىمىزگە بەردى.

— تۆگە باققانلار بەش كالا، ئىككى تۆگىنى يەپ، بىر تىيىنمۇ بەرمىدى. باندىتلارمۇ ئىككى قورۇ قويۇمنى ھەيدەپ كېتىپتۇ. سىلەردەك ياخشى ئەسكەرلەرگە قانچىلىك قىلساق ئەرزىيدۇ، — دېدى ئۆزبېك كىشى، — بىز قېچىپ كەتمىگەن بولساق، نېمە كۈنلەرگە قالارىمىزنى بىلمەيمىز. سىلەر قورۇغا كىرگەچكە، بىر قىسمى بولسىمۇ ساقلىنىپ قاپتۇ. رەھمەت!

شا تىڭفاڭ مەھەللىدىكى ئۆيدىن كۆچۈپ ليەن شتابىغا بېرىۋالدى. بۇ جاينىڭ بىز تۇرغان ئورۇن بىلەن ئارىلىقى بىر كىلومېتىردەك كېلەتتى. بىز بىر ھەپتە تۇرغاندىن كېيىن، كەچ سائەت ئىككى - ئۈچلەردە قۇمتاغقا ئورۇنلاشقان قوراللىق باندىتلار تۆگە باققان ئەسكەرلەرگە قوراللىق ھۇجۇم قىلدى. ئېتىلغان مىلتىق، پىلىموتنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، جەڭچىلەرنى جەڭگىۋار ھالەتكە كەلتۈرۈپ، يىڭجاڭنىڭ قېشىغا كىرسەم، شا يىڭجاڭ ئۆزۈن قارا چاپان كىيىپ لۆڭگىنى بېشىغا ئورىۋاپتۇ، مەن تونۇماي قاپتىمەن. ئۇ كىرىشىم بىلەن «ھا! زالە» دېدى. مەن:

— دۈشمەن كەلدى. ئالدىغا بارىمىزمۇ؟ — دەپ سورىدىم، يىڭجاڭ:

— تۇرۇپ تۇرۇڭلار، — دېدى.
تاڭ سۈزۈلگەندە باندىتلار تۆگىلەرنىڭ ھەممىسىنى ھەيدەپ
كېتىپتۇ، دېگەن خەۋەر كەلدى. ئۇرۇش مەيدانىغا بارساق، ئۇلار -
دىن بىر ئات ئۆلۈپتۇ، بىز تەرەپتىن يەتتە - سەككىز تۆگە ئوق
تېگىپ دومىلاپ يېتىپتۇ. 46 - شى شتابىدىن چىققان ئە -
مەلدارلار يىڭجاڭنىڭ يېنىدا تۇراتتى. ئۇلار «سەنتۇڭدىكى تۆگى -
لەرنى باندىتلارنىڭ ھەيدەپ كېتىشىگە شا يىڭجاڭ سەۋەبچى بول -
دى. چۈنكى ئوق ئاۋازى ئاڭلانغاندا سۇ لىيەنجاڭ ئاتلانماقچى
بولسا، تۇرۇپ تۇرۇڭلار دەپ بارغۇزمىدى. ئۇرۇش تۈگىگەندە بار -
دۇق، پايدىسى بولمىدى» دەپ قوماندانغا دوكلات قىلىپتۇ. بۇنىڭ
بىلەن شتابنىڭ بىزگە بولغان ئىشەنچىسى كۆچەيدى. لېكىن،
بۇنداق ئىشەنچنىڭ بىزگە كۆپ زىيىنى بولدى. ھە دېگەندە، 46 -
شى شتابىدىن بىۋاستە بۇيرۇق كېلىپ ئۇرۇشلارغا سالىدىغان
بولدى. سەنتۇڭدىكى ئىشتىن كېيىن ھاكى قۇربان، شا تىڭفاڭ
ماڭا تېخىمۇ ئۆچ بولۇپ كەتتى. مېنى كۆزدىن يوقىتىشقا ھەس -
سىلەپ تىرىششقا باشلىدى. مەنمۇ ئېھتىيات قىلىدىغان بول -
دۇم. بىرەر ھەرىكەت قىلغۇچە سەپداشلىرىمىزدىن ئايرىلىپ
قېلىشنى خالىمايتتىم. بۇ يېزىدا 15 — 20 كۈن تۇرغاندىن
كېيىن گۈچۈڭ قوماندانلىق شتابىدىن گۈچۈڭ شەھىرىگە قاي -
تىش ھەققىدە بۇيرۇق كەلدى. بىز ئەتىسىلا ئاتلىنىپ، سىپىل
ئىچىدىكى سارايلارغا ئورۇنلاشتۇق. بىز بارغاندىن كېيىن مېنى
9 - لىيەندىكى بىر پەي ئەسكەر بىلەن سىپىلنىڭ تېشىدىكى تۆت -
بەش قورۇ قوينى مۇھاپىزەت قىلىشقا بەلگىلىدى. بۇ قويلارغا
جۆرىۋاي، مەنسۇرجان ① دېگەن ئۆزبېكلەرنىڭ مالىيە خىزمەتچى -
سى ھاشىمجان قارايدىكەن. مەنسۇرجان ئەتە - ئاخشاملىرى بىز
بىلەن بىللە بولغانلىقتىن، بەكمۇ چىقىشىپ كەتتۇق. مەنسۇر -

① مەنسۇرجان ئازادلىقتىن كېيىن 1960 - يىلغىچە ماناس دەرياسى بويىدىكى
چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ باشلىقى بولغان.



جانغا بارلىق سىرلىرىمىزنى ئېيتتۇق. ئۇ: «سىزلەر ئاتلانسى -
ڭىزلار مۇشۇ قويلارنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە، ئات، ئېگەر - تو -
قۇم، ئىقتىساد ۋە ئادەم چىقىرىشقا مەن تەييار» دەپ، چوڭقۇر
ھېسداشلىقىنى بىلدۈردى.
قار قېلىن ھەم قىشلاق بولمىغانلىقتىن ئىلاجىسىز قويلارنى
سويدۇرۇپ، تۆگىلەر بىلەن ئالتاي تەرەپكە ماڭدۇردى. ھاشىم -
جاننى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قويغا خىيانەت قىلدى دەپ 46 -
شىنىڭ تۈرمىسىگە سولىدى. بۇنىڭ بىلەن بېيىمبېن (شىمالىي
قوۋۇق) تېشىدىكى قوي باققان ئۆمەرجاننىڭ پېيىدىن قايتۇرۇپ
كېلىپ، ئابلىز بوتايوفنىڭ پېيى بىلەن قوشۇپ، ئىككى پەيىنى
مېنىڭ رەھبەرلىكىمدە گۈچۈڭنىڭ شەرق تەرىپىدىكى شياۋچەن -
زى دېگەن يېزىغا ئەۋەتتى. بۇ يەرگە جايلاشقانلار خەنزۇ دېھقانلار
بولۇپ، ھۆكۈمەت قويلىرى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭلىق ئۇيغۇر سو -
دىگەرلەرنىڭ 100دەك تۆگىسى بار ئىكەن. مەزكۇر ماللارغا
قارايدىغان گومىنداڭ ئەسكەرلىرى جىمىسار بىلەن گۈچۈڭ ئا -
رىلىقىدىكى داچۈەن، شياۋچۈەنزى دېگەن قىشلاقلارغا ئاشلىق
ساقلاشقا كەتتى. تۆگىلەرمۇ ئالتاي تەرەپتىن قايتۇرۇپ كېلىن -
دى. شا تىڭفاڭ مېنى ئەسكىرى بىلەن يوقالسۇن دەپ قەيەردە
ئۇرۇش بولسا شۇ يەرگە ئەۋەتتى، لېكىن ئۆزىمۇ ئامانلىق تاپال -
مىدى. قوماندانلىق شتابىدىن بىز بارغان جاي ۋە ئۇرۇشلارغا
ئۇنىمۇ بىزگە قوشۇپ ئەۋەتىپ تۇردى. مەن ئەكەلگەن ئىككى
پەيدىن بىرىنى قوي باقىدىغان ئورۇنغا، يەنە بىرىنى تۆگە باقى -
دىغان ئورۇنغا ئورۇنلاشتۇردۇق. بىز تۇرغان جاينىڭ ئەتراپى
تۈزلەڭ، قومۇشلۇق بولۇپ، ئون كىلومېتىر ئارىلىقتىن مىدىر -
لىغان جانلىقلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى. گۈچۈڭ قوماندانلىق شتابى
كۈن ئارىلاپ بىز بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇردى. بىركۈنى جەڭچى -
لىرىمىزدىن تاھىر (قەشقەر ئوپاللىق)، ھاكىم (تۇرپان ئايدىڭ -
كۆللۈك) 8 - ئالاقىنى ئېلىپ داچۈەنگە قاراپ ماڭدى. تاھىر

يوغان، گەۋدىلىك، 19 ياش، قاۋۇل يىگىت بولۇپ، 6 ـ يىلڭ بويىچە دۈمبىسى ھازىرغىچە يەرگە تەگمىگەن چېلىشچى ئىدى. ئۇلار يولغا چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەي، بىزنىڭ ئۆگزىدە تۇرغان پوست دۇربۇن بىلەن قاراپ: «ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈندى ھەم ئوق چىقتى» دەپ خەۋەر قىلدى. مەن دەرھال ئۈچ نەپەر جەڭچىنى ئېلىپ ئات چاپتۇرۇپ باردىم، پىيادىلەرنىڭ ئىزلىرى تۇرىدۇ، يەردە قاننىڭمۇ ئىزى بار. شۇ ئەسنادا قومۇشلۇق ئىچىدىن ھاكىم دېگەن جەڭچى يۈگۈرۈپ كەلدى. قولىدا قورال يوق، نېمە بولدى دېسەك، يولنىڭ بويىدىكى بىر تامنى كۆرسىتىپ:

— تام تەرەپتىن ئوق چىقىپ، تاھىر يىقىلدى، مەن ئۇنى يۆلىيمەن دېگۈچە ئۈچ ـ تۆت باندىت كېلىپ قورال، ئاتلارنى ئېلىپ جەنۇبىي قۇمتاغقا قاراپ قېچىپ كەتتى، — دېدى.

ئوق تەگكەن جەڭچىمىزنىڭ قېشىغا بارساق، ئوق ئۇنىڭ قورسىقىغا تېگىپ، سول دۈمبىسىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. شۇئانلا ھوشۇر بەنجاڭنى لىيەن شتابىغا بېرىپ چانا تېپىپ كېلىڭ دەپ ماڭدۇردۇم. بىرئازدىن كېيىن بىر خەنزۇ دېھقان چانىسى بىلەن خوتۇن ـ بالىلىرىنى ئەكېلىپ قالدى. مەن قولۇم بىلەن ئىشارەت قىلىپ، ئۇلارنى توستۇم ۋە:

— بىر كىشىگە ئوق تېگىپتۇ، ياتاققا ئېلىپ بېرىشقا سىزنىڭ چانىڭىزغا سېلىۋالساق، — دېدىم.

دېھقان دەرھاللا ئىككى ئوغلىنى چۈشۈرۈپ، چانىسىدىن جاي بوشاتتى. چانىغا تاھىرنى باستۇق، ئىككى خەنزۇ يىگىتنى، جەڭچىلىرىمىز ئاتلىرىغا مىنگەشتۈرۈۋالدى. ياتاققا يېقىن كەلسەك، ھوشۇرئاخۇن چانا ئېلىپ چىقىپتۇ. شۇ ئانلا تاھىرنى گۈچۈڭ دوختۇرخانىسىغا ئەكىردۇق، ياردار بولغانلار كۆپ، ئورۇن يوق بولسىمۇ گەپ قىلىپ يۈرۈپ ياتاققا ئالدۇردۇق. 8 ـ لىيەندىكى يولداشلار ئاڭلاپ دوختۇرخانىغا يوقلاپ كەلدى. بۇنى كۆرگەن دوختۇر، بۇ كېسەل مۇھىم كىشى ئوخشايدۇ، دەپ ئالا-



ھىدە كۆڭۈل بۆلدى، مەن كېچىلەپ شياۋچۈەنزىگە چىقىپ كەتتىم. ئۈچ كۈندىن كېيىن تاھىر ئۆلۈپ كېتىپتۇ، بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ بارلىقىمىز ئېچىندۇق، ياش، قاۋۇل جەڭچىمىزدىن ئايرىلىپ قالدۇق. بۇ ئەھۋال بولۇپ ئۈچىنچى كۈنى كېچىسى بىز مۇھاپىزەت قىلىۋاتقان قويلارنى بۇلاشقا باندىتلار كېلىپ، قاتتىق ھۇجۇم قىلدى، قوتاننىڭ ئەتراپلىرىدىكى ئۆيلەرگە بىر بەن ـ بىر بەندىن ئورۇنلاشتۇرۇپ، قاتتىق زەربە بەردۇق. باندىتلار يېقىن كېلەلمەي، قويلارنى ھەيدەپ كېتەلمىدى. تۆگىلەرگە قارايدىغان جايدا بىر يوغان جاڭزا بولۇپ، يىڭجاڭ شاتىڭفاڭ شۇ قورۇغا ئورۇنلاشقانىدى. قورۇنىڭ يان تەرىپى كەڭتاشا بولغانلىقتىن، تۆگىلەرنى ئاخشىمى شۇ يەرگە ياتقۇزاتتى. بىز باندىتلار قويلارنى ئالالمىغانلىقتىن جەزمەن تۆگىلەرنى بۇلىغىلى كېلىدۇ، دەپ پەرەز قىلىپ قوي باققان بىر بەننى مۇئاۋىن پەيجاڭ غوجەك باشچىلىقىدا تۆگە باققان پەيگە ياردەمگە ئەۋەتتۇق، مەن تۆگىچىلەرگە:

— باندىتلار تۆگىلەرنى بۇلىغىلى كېلىشى مۇمكىن. شۇڭا، بۈگۈندىن باشلاپ تۆگىلەرنى چۆكتۈرۈپ، پۇتلىرىنى قوپالمىغۇدەك قىلىپ باغلاپ قويۇڭلار، چۈنكى مىلتىقنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۆگىلەر ئۈركۈپ قېچىپ، باندىتلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتمىسۇن، — دەپ ئاگاھلاندۇردۇم.

تۆگىچىلەر مېنىڭ بۇ مەسلىھەتىمگە ناھايىتى رازى بولدى. ئۇلار:

— بىزنىڭ ئەسلىي 300دەك تۆگىمىز بار ئىدى، كېچىسى باندىتلار ئوق چىقىرىپ ھايت ـ ھۇيت قىلىپ ۋارقىراش بىلەن تۆگىلەرنى ئۈركۈتۈپ ھەيدەپ كەتتى، — دېدى.

دېگەندەك ئىككىنچى كۈنى باندىتلار جىقراق كۈچ بىلەن ھۇجۇم قىلدى. كېچىسى ئايدىڭ ئىدى. بىزنىڭ مۇداپىئەمىز كۈچلۈك بولغاچقا، باندىتلار مىلتىق، پىلىموت، ئاپتوماتلاردىن

ئوت ئېچىپ قاتتىق ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، ئۈچ بەندىكى
يولداشلار قېلىن قاردا ئۆمىلەپ، يۆتكىلىپ يۈرۈپ، ئوق چىقار-
غاچقا، باندىتلارغا نۇرغۇن كىشىدەك بىلىنىپ، ئۇلارنىڭ ھۇجۇم
قىلىش ھەيۋىسى سۇندى. كېچە سائەت ئۈچ بولغاندا باندىتلار
ھېچ نەرسە ئالالماي چېكىنىپ، دېرەكسىز يوقىلىپ كەتتى. مەن
ئۇرۇش ئەھۋالىنى شا يىڭجاڭغا دوكلات قىلاي دەپ ياتىقىغا
كىرسەم، يىڭجاڭ زىغىر پاخىلىنىڭ ئارىسىغا كىرىۋاپتۇ. مەن:
— باندىتلار قېچىپ كەتتى. ھېچ نەرسە ئالالمىدى، — دەپ
دوكلات قىلىپ قويۇپلا، تۆگىچىلەرنىڭ يېنىغا كەتتىم. ئۇلار:
— سىلىنىڭ مەسلىھەتلىرى بويىچە تۆگىلەرنىڭ پۇتىنى
باغلىغاندۇق. قوپالماي، قېچىپ كېتەلمىدى، — دېدى. مەن
تۆگىچىلەرگە:
— تۆگىلەرنى سىرتقا ئاچىقماڭلار، باندىتلار يېقىن ئەتراپتا
بولۇشى مۇمكىن، — دەپ تەكىتلىدىم.
شياۋچۈەنزىدە تۇرغاندا تۆگىچىلەرنى بىر لىيەن ئەسكەر گۇ-
چۈڭدىن ئۇرۇمچىگە ئەكەتتى، شا يىڭجاڭ گۇچۇڭغا دوكلات
قىلغىلى كەتتى. ئۈچ كۈندىن كېيىن ماڭا: «بىر بەن ئەسكەر
بىلەن چۈەنزىگەيدىكى پەيگە بېرىپ، رەھبەرلىكنى كۈچەيتسۇن،
شياۋچۈەنزىگە مۇئاۋىن يىڭجاڭ بارسۇن» دەپ ئالاقە كەلدى.
شياۋچۈەنزىدە ئابلىز پەيجاڭنىڭ ئىككى بەن، ئۆمەرجان پەيجاڭ-
نىڭ بىر پەي ئەسكىرى ھاكى قۇرباننىڭ رەھبەرلىكىدە قويغا
قاراپ قالدى. مەن ئەسكەرلەرنى خىللاپ ئابدۇرېھىم مەمەتوف
پەيجاڭنى ئېلىپ شياۋچۈەنزىدىكى ئۆتەڭگە كەتتىم. ئۇ يەردىكى
ۋەزىيە تۇرپان، گۇچۇڭ، جىمىسارغا قاتنايدىغان يولۇچىلار ۋە
يېزىدىكى ئۇيغۇر، تاتار، ئۆزبېك، خەنزۇ، خۇيزۇ دېھقان - چار-
ۋىچىلارنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئىدى. بۇ ئۆتەڭدە ھەر تە-
رەپتىن كەلگەن كارۋانلار قونماي ئۆتمەيتتى. بۇ يەردە گۇچۇڭ-
دىكى يولداشلار بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇردۇق. تۇرپان تەرەپكە



ئالاقىلىشىش ئۇچۇن نامان[1] نى ئەۋەتكەندۇق. ئالاقە قىلىشىد-
غان ئىشەنچلىك كىشى تاپالماي قەشقەرگە كېتىپتۇ. گۇچۇڭ،
جىمىسار ۋە تۇرپانغا قاتنايدىغان كىشىلەرنى تەڭرىتاغ ئەتراپىدا
بۇلايدىغان باندىتلار كۆپ بولغاچقا، يول ئاساسەن ئۈزۈلۈپ قال-
غانىكەن. بىز بىر ئايدەك تۇردۇق، بىر كۈنى «سوپى لىيەنجاڭنىڭ
ئەسكەرلىرى چۈەنزىگەيگە كېلىپ يولنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاۋات-
قۇدەك، يوللار تىنچ ئىكەن» دېگەن گەپ - سۆزلەرنى ئاڭلاپ،
تۇرپان تەرەپتىن نۇرغۇن كارۋان ۋە سودىگەرلەر كەلدى. بىز
ئۇلارنى ئالدى - كەينىگە بىر بەندىن ئەسكەر قوشۇپ ھاكى
يىڭجاڭ تۇرغان شياۋچۈەنزىگە يەتكۈزۈپ قويدۇق. شۇنىڭدىن
كېيىن بۇ يولدىن ئۆتىدىغانلار كۆپەيدى. مەن تۇرپاندىن ئۇرۇمە-
چىگە چىققۇچىلىك مىنى ئېشىكىگە مىندۈرۈپ چىققان مەڭلىك
كارۋان (بىر قولى بېغىشىدىن ئۈزۈلۈپ كەتكەنلىكتىن مەڭلىك
چولاق دەپمۇ ئاتايتتى) چىقىپ قالدى. مىنى ئىزدەپ بىر يار-
دەمچى يىگىت بىلەن ئىككىسى بەش كىلودەك قۇرۇق ئۈزۈم ئە-
كىرىپتۇ. بىز قەدىرلىك مېھمانلارغا تاماق تەييارلاپ كۈتۈۋال-
دۇق. يېرىم كېچىگىچە ئەھۋاللاشتۇق، مەن ئىنتايىن خۇشال
بولۇپ كەتتىم. بۇ مەڭلىك ئاكا بىزنىڭ تاغ ئارىسىدا يولنى
ساقلاپ تۇرغانلىقىمىز ھەم كارۋان سودىگەرلەرنىڭ گۇچۇڭ،
جىمىسار ناھىيىلىرىگە چىقىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، بىر سودىگەر-
نىڭ قۇرۇق ئۈزۈمىنى كىرا قىلىپ چىققانلىقىنى ئېيتتى. بۇ
قېتىم چىققانلار ئاز بولغانلىقتىن بىر بەن ئادەم بىلەن يولغا
سالدۇق. تۆت - بەش كۈندىن كېيىن ئۈزۈم، قاق ۋە باشقا يەل -
يېمىش، رەخت ئېلىپ نۇرغۇن سودىگەرلەر چىقتى. دەڭ -
سارايلار يېتىشمەي كەتتى. مەن مەمەتوف، ئابدۇرېھىم بەنجاڭ
ھەم ئابدۇراخمانلار بىلەن كارۋانلارنى ئېلىپ گۇچۇڭغا كىرىپ،
بولغان ئەھۋاللارنى يىڭجاڭ ئارقىلىق قوماندانلىق شتابىغا

[1] نامان 1947 - يىلى تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرىغا قوشۇلۇپ، ئىلىغا باردى.

دوكلات قىلدىم.

قار قىلىن يېغىپ، سوغۇق قاتتىق بولدى. گۇچۇڭ ئەتراپىـ
دىكى سوقۇشلارمۇ تىنچىدى. هاكى يىڭجاڭمۇ شىياۋچۇەنزىدىن
قايتىپ گۇچۇڭغا كىرىۋاپتۇ. بىزنى قايتىپ كەتمىسۇن دىگەنـ
لىكتىن، هەممىمىز بۇرۇنقى ئورنىمىزغا ئورۇنلاشتۇق. 8 ـ
ليەندىكى مۇناسىۋەتلىك يولداشلار تۇرپان ئەهۋالى، بولۇپمۇ ئىـ
لى ئەهۋالىدىن ئۆزلىرىنى خەۋەردار قىلىشىمنى تەلەپ قىلدى.

— تۇرپانغا بىرىنچى قېتىم بارغان نامانجان قايتىپ كەلمىـ
دى، — دېدىم يولداشلار يىغىلغاندا، — ئىككىنچى قېتىم ئەـ
ۋەتكەن كىشىمىز ئالاقە قىلىشالماي قايتىپ كەلدى. هازىر تۇرـ
پان خەلقى خۇسۇسەن ياشلار، زىيالىيلار كۆپرەك ئىلى «ئالتە
ئوغرى» ۋەقەسىگە قىزىقىپ، ئاشكارا پاراڭ سېلىشىدىكەن. ئۇـ
رۇمچىدە ۋۇ جۇڭشىن دېگەن هەربىي باشلىق: «گۇناھ قىلغانلارـ
نى جادىغا باسىمەن»دەپ ئېلان چاپلاپتۇ هەم جىددىي هەربىي
هالەت يۈرگۈزۈپتۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، بارلىق هەرىكەتنى ئىلى
ۋەقەسىگە قارىتىۋاتقانلىقى ئېنىق. بىز 8 ـ، 9 ـ ليەنلەرنى
گۇچۇڭغا قايتۇرۇپ كېلىشتىمۇ بىرگەپ بار. بىزنى ئىلى تەرەپـ
كە يۆتكىشى ياكى ئارقا سەپكە قويۇشى مۇمكىن. بۇ ئىشلار ئەـ
مەلگە ئېشىپ قالسا، ئىشىمىزنىڭ ئوڭغا تارتقىنى شۇ.

يولداشلار بۇ پەرەزلىرىمگە خۇشال بولۇپ كەتتى. ئابلىز
پەيجاڭ بۇ گەپلەرنى چالا ـ بۇلا ئاڭلاپ، بىرنى ئىككى قىلىپ،
هاكى قۇربانغا يەتكۈزۈپتۇ. هاكى قۇربان بۇ گەپنى سۈرۈشتە
قىلغان ئوخشايدۇ. جەڭچىلىرىمىز بۇرۇندىن تارتىپ هاكى قۇرـ
باندىن ئورۇنسىز ئىشلار ئۇچۇن تاياق يەپ دىلى رەنجىپ كەتـ
كەنلىكتىن ئاسانلىقچە ئېيتماپتۇ. هاكى قۇربان ماڭا ئۆچ، ئۇـ
نىڭ ئۇستىگە، ئۇنىڭ مۇئاۋىن يىڭجاڭلىق هوقۇقى بار، ئۇ، مېـ
نىڭ پېيىمگە چۈشۈپ، بارلىق جەڭچىلەرنى مېنىڭدىن ئاجرىـ
تىپ، ئورنۇمغا ئابلىز پەيجاڭنى ليەنجاڭ قىلىپ چىقارماقچى.



شۇڭا، مېنىڭ ئىشلىرىمنى بىرنى ئون قىلىپ شا تىڭفاڭغا
هەتتا ليەن قوماندانلىق شتابىغىمۇ مەلۇم قىلىپتۇ. مېنى
سولاشقا دوكلات قىلغىلى بارغاندا، قوماندان:

— سوقۇشقا بىر ليەننى چىقىرىڭلار دېسەم، سۇ ليەنجاڭ
چىقسۇن دەيسىلەر، دائىم ئۇرۇش بولغان يەرگە سۇ ليەنجاڭ
بارسۇن دەيسىلەر، بۈگۈن نېمىشقا سولايدىغان بولۇپ قالدىڭلار؟ —
دەپ سوئال سوراپتۇ. شا يىڭجاڭ، هاكى قۇربانلار:

— سوپا ليەنجاڭنىڭ ئۇرۇشقا تەجرىبىسى بار، قارام، ئاتقان
ئوقى زايە كەتمەيدۇ، باندىتلار قورقىدۇ هەم ئەسكەرلەر گېپىنى
ئاڭلايدۇ. ئۇرۇش تاكتىكىسى كۈچلۈك، شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇرۇشقا
شۇنى ئەۋەتكەن، — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا نېمىشقا سولايسىلەر؟

— ئۇ خەۋپلىك ئادەم، هازىرچە سولاپ قويۇپ، كېيىن ئۇـ
رۇمچىگە تۇرمىگە ئەكەتسەك، — دەپتۇ ئۇلار. قوماندان:

— ئۆزۈڭلار بىر تەرەپ قىلىڭلار، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

مەن ئىبراهىم جەڭچىدىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، 8 ـ، 9 ـ
ليەنلەردىكى مۇهىم يولداشلار بىلەن سۆزلەشتىم، ئۇلارغا:

— مەن قامىلىپ قالسام، هەرگىز ئالدىراقسانلىق قىلىپ
قويماڭلار، بىر ـ بىرىڭلارغا هەمدەم بولۇپ، سىرنى قەتئىي
مەخپىي ساقلاپ، غەيرەتلىك بولۇڭلار، دىققەت قىلىڭلار، — دەپ
قاتتىق تاپىلىدىم.

## گۇچۇڭدا 46 ـ شى تۇرمىسىگە قامىلىشىم

1945 ـ يىلى 1 ـ ئاي مەزگىلى ئىدى. بىر كۈنى ئەتىگەندە،
بىز چۈشكەن سارايىنىڭ ئاتخانىسىغا كىرسەم، ئاتلارنىڭ ئارىـ
سىدا مەن مىنگەن قاراگىر ئات نوختىسىز تۇرىدۇ. بۇ ئات مورى
ئۇرۇشىدا غەنىيمەت ئېلىنغان ئات ئىدى. ئاتلارغا قارايدىغان

دىجورنىدىن سورىدىم.

— مەن كېچە ئىسمېنا ئالماشقاندا نوختىسىز تاپشۇرۇۋالدىم. ۋەزىپەمدىن چۈشكەندە ئۆزلىرىگە دوكلات قىلاي دېگەنىدىم، — دېدى ئۇ.

مەن بىلەن ئاتخانىغا كىرگەن ھوشۇر بەنجاڭ:

— ئاپلا! ئاتنىڭ نوختىسى يىتىپ كەتسە ياخشى ئىش ئەمەس، بۇ يامانلىقنىڭ بەلگىسى، — دېدى.

ئىككىنچى كۈنى ئاتمۇ تۇيۇقسىز يوقىلىپ كەتتى. مەن ئۇرۇشلاردا ئولجا ئېلىش ياخشى ئەمەس دەپ چۈشىنەتتىم، لېكىن ئۇرۇشلاردا قورال - ياراغ، ئوق - دورا، ئات، ئېگەر - توقۇم ئالسا بولىدۇ. چۈنكى بۇ نەرسىلەر ئۇرۇشقىلا لازىم بولىدۇ دەپ بىلەتتىم. ئۈچىنچى كۈنى ئىبراھىم ئالدىراپ مېنىڭ قېشىمغا كىرىپ يىڭجاڭ شا تىڭفاڭ بىلەن مۇئاۋىن يىڭجاڭ ھاكى قۇربان سىزنى ئەتە قوماندانلىق شتابىغا تاپشۇرۇپ بېرىدىغان بولدى، دېگەن شۇم خەۋەرنى يەتكۈزدى. ئاخشىمى ئۆزۈمگە ئىشەنچلىك يولداشلارنى يىغىپ، مېنىڭ قولغا ئېلىنىشىم ھەققىدىكى خەۋەرنى يەتكۈزدۈم. ئىمكانىيەت بولسا ئالاقىلىشىپ تۇرۇشنى، بىرەر ۋەقە تۇغدۇرۇپ قويماسلىقنى قاتتىق تاپىلىدىم ھەم ۋاقىتلىق خوشلاشتىم. مەنمۇ ئىدىيىدە تەييارلىق قىلىپ تۇرۇشۇمغا ئەتىگەندە ھاكى قۇربان ياتىقىمغا كىرىپ:

— شا تىڭفاڭ سىزنى يان قورالىنى تاپشۇرۇپ بەرسۇن، تېگىشىپ بېرىمىز دەيدۇ، — دېدى. مەن يان قورالىمنى يېشىپ بەردىم.

— مورى ناھىيىسىدىمۇ تاپشۇرۇپ بەرگەنىدىم، — دېدىم ئۇنىڭغا زەردە بىلەن، — ھازىرمۇ بېرىمەن. ماڭا ناگاننى تېگىشىپ بېرىمىز دەپ يالغان ئېيتماي، ئۆز ئەينىنى دېسەڭمۇ بولىۋېرىدۇ. ئاپىرىدىغان جايىڭلارغا ئاپىرىڭلار، مەن تەييار، تاپانچىنى تاپشۇرۇۋالغانلىق توغرىسىدا ھۆججەت بېرىڭلار.



ھاكى قۇربان قىزىرىپ - تاتىرىپ كەتتى. ئۈستەل ئۈستىگە تاشلاپ قويغان تاپانچىنى ئالغۇچىلىك ھودۇقۇپ، قوللىرى تىترەپ كەتتى. ئەمەلىيەتتە ماڭا ھۆججەت بېرىشى ناتايىن ئىدى، بىراق، بىرەر سائەتتىن كېيىن ھاكى قۇربان تامغىسىز بىر پارچە ھۆججەتنى يېزىپ، ماڭا بەردى. ئۇلار ئېغىز ئاچقۇچە، مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ يۈر ئەمىسە، دەپ قوماندانلىق شتاب ھەربىي سوت بۆلۈمىگە بىللە كىردىم. ھاكى قۇربان ئەكىرىپ قويۇپلا چىقىپ كەتتى. ھەربىي سوتنىڭ ئەمەلدارى:

— سۇ لىيەنجاڭ سەنمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە مەن، — دېدىم.

مېنى باشلاپ سولاقخانىغا ئاپاردى. 46 - شى تۈرمىسى گۇچۇڭ شەھىرىنىڭ چېڭفاڭمياۋ دېگەن ئاتاقلىق بۇتخانىدا بولۇپ، چوڭ قورۇ بولغانلىقتىن لىيەنمۇ شۇ بۇتخانىغا جايلاشقانىدى. مەزكۇر سولاقخانا ئىككى خىل بولۇپ بىرىگە گومىنداڭ جەڭچىلىرىنى سولايدىكەن، يەنە بىرىگە خەلق ئىچىدە ھۆكۈمەتكە قارشى تۇرغانلارنى، ئەسىرلەرنى، ھەربىي ئوفىتسېرلارنى سولايدىكەن. مېنى ھەربىي ئوفىتسېرلارنى سولايدىغان سولاقخانىغا سولىدى. بۇ تۈرمىدە بىر خەنزۇ بار ئىكەن، ئەھۋالغا قارىغاندا ئۇ ئۇزاق يىللار سولاقتا ياتقاندەك قىلىدۇ. ئوتتۇرىغا گۈلخان يېقىپ كىچىك ئورۇندۇقتا تور پوپايكا توقۇپ ئولتۇرۇپتۇ. چىرايى سېرىق، چاچلىرى ئۆسۈپ، كۆزلىرى ئىچكىرى كىرىپ، ئورۇقلاپ كېتىپتۇ. مەن تۈرمىگە كىرىپ جىمىپ قالسام كېرەك، ئۇ ماڭا قاراپ قويۇپ: «كېرەك يوق، خاتىرجەم ئولتۇرۇڭ، مېنىڭ تۈرمىگە كىرگىنىمگە ئۈچ يىل بولدى. ئۆزىڭىزنى ئوبدان تۇتۇۋېلىڭ، كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ» دەپ، ماڭا تەسەللى بەردى. مېنىڭ بىرلا پۇشايمىنىم بار ئىدى، ئۇ بولسىمۇ قولىمىزدا قورال بار ۋاقىتتا ئۇزاق يىللار بىرگە ئىشلىگەن سەپداشلىرىم بىلەن بىرلىكتە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە

قارشى بىر قوراللىق كۈرەش قىلىش ئىدى. تۈرمىگە كىرىپ قېلىپ مەقسىتىمگە يېتەلمەسمەنمىكىن، دېگەن ئەندىشىدە بولدۇم.

## ئايىمخان ھەدەم ۋە قىزى جاناخانلارنىڭ ماڭا ياردەم قىلىشى

مەن تۈرمىگە كىرىپ ئۈچ كۈنگىچە تاماق يېمىدىم، خېلى زورلىسىمۇ يېيەلمىدىم. تاماق ناچار بولغاندىن سىرت تەركىبىدە چوشقا، ئىت گۆشلىرى بار ئىكەن. تۈرمىدە ياتقان خەنزۇ يولداش تۈرمىدە ئۇزاق يېتىپ تۈرمىگە قارايدىغانلار بىلەن تونۇشۇپ قالغاچقا، ئۇلارغا «بۇ كىشى مۇسۇلمان ئىكەن، سىرتتىن تاماق ئەكىلىشكە رۇخسەت قىلساڭلار» دەپ ياردەم سورىدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۆزىمۇ تاماق يېمەي يېتىۋالغانلىقتىن، سىرتتىن تاماق ئەكىلىشكە رۇخسەت قىلىپتىكەن. ئاخىر شى شتابىدىن تاماق ئېلىشقا رۇخسەت قىلدى. كەچقۇرۇن كىچىك تۇراق يۇنۇس دېگەن جەڭچىمىز ئۆي نېنىدىن ئۈچ نان، بىر چۆگۈن سۈتلۈك چاي ئەكىردى. ئەسلىي چاي، نانلارنى ئايىمخان ھەدىمىز سوپى لىيەنجاڭنى سولاپ قويۇپتۇ، دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ ئۆز ئۆيىدىن ماڭا ئەكەلگەنىكەن. بىزنىڭ جەڭچىمىز تۇراق ئۇچرىشىپ قالغانلىقتىن، ماڭا يەتكۈزۈپ بېرىشنى ھاۋالە قىلىپتۇ.

ئايىمخان ھەدىمىز ئەسلىي تۇرپانلىق بولۇپ گۈچۈڭ، مورىلاردا دېھقانچىلىق قىلىپتىكەن، ھەدىمىزنىڭ ئەمەت «داگازا» دەپ بىر ئىنىسى بولۇپ، بويى ئېگىز بولغاچقا «داگازا» دەپ ئاتايتتى. ئۇ مەھمۇت شىجاڭغا تۇرپاندا ئەسكەر بولۇپ، قەشقەرگە بېرىپ 6 ـ يىڭدا كورلا، تۇرپانلارغا، كېيىن بىز بىلەن ئالتاي فرونتىغا كەلگەن 8 ـ لىيەننىڭ جەڭچىسى ئىدى. ئايىمخان ھەدىمىز ئائىلىسى بىلەن ئەمەت «داگازا» ئارقىلىق مورى ناھىيىسىدە تونۇشۇپ قالغانىدۇق. بىز مورى ناھىيىسىدىن گۈچۈڭغا



قايتىپ كەلگەندە ئايىمخان ھەدىمىز ئائىلىسى بىلەن گۈچۈڭغا كېلىپ ئورۇنلاشقانىدى. شۇنىڭدىن بېرى بېرىش ـ كېلىش قىلىپ تۇراتتۇق. بۇ ئاق كۆڭۈل ھەدىمىز مېنىڭ تۈرمىگە كىرىپ قالغانلىقىمنى ئاڭلاپ، يىغلاپ كېتىپتۇ. ھاكى قۇربان 8 ـ، 9 ـ لىيەنلەردىكى ئاشپەز، ناۋايلارغا ھەم خوجىلىق بۆلۈمىنىڭ باشلىقىغا، سوپىغا ھېچكىم تاماق ئەكىرمەسلىك ھەققىدە قاتتىق بۇيرۇق بەرگەن، ھەتتا كىم كىيىم، تاماق ئەكىرسە، قاتتىق جازالىنىدۇ دەپ تاپشۇرغانىكەن. ئۇ: «سوپى تىرىك چىقمايدۇ، ئۆلۈكىمۇ چىقمايدۇ» دەپ يولداشلارنى ئەندىشىگە سېلىپ قويۇپتۇ. بۇ ئەھۋالنى ئايىمخان ھەدىمىز ئاڭلاپ، مۇشۇنداق رەھىمسىزلىك بولامدۇ؟ دەپ يىغلاپ ماڭا كۈندە ئىككى ۋاخ، بەزىدە بىر ۋاخ تاماقنى جەڭچىلەردىن بەزىدە ئۆزى ياكى تۇرمۇشلۇق بولغان قىزى جاناخاندىن ئەۋەتىپ تۇردى. تاماق ئەكەلگەن كىشىلەرنى كۆرسەتمەي، دەرۋازىدىكى پوستلار قايتۇرۇۋېتەتتى. كىچىك تۇراقلا مېنىڭ قېشىمغا كىرەلەيتتى، ئەمما گەپلەشتۈرمەيتتى. كىچىك تۇراق ھاۋا قاتتىق سوغۇق بولغانلىقتىن تۈرمىگە ئوتۇن ئەكىلىپ بېرىش سەۋەبى بىلەن ئۇنىڭ كىرىشى رەسمىيەت بولۇپ قالغانىدى.

مېنىڭ تۈرمىگە كىرگىنىمگە ھەپتە ـــ ئون كۈن بولۇپ قالدى. ھېلىقى خەنزۇ يولداش بىلەن ئوبدان تونۇشۇپ، سىرداش بولۇپ قالدۇق. ئۇنىڭ تۈرمىگە كىرگىنىگە ئۈچ يىلغا يېقىن بولۇپتۇ، ئۇ پەيجاڭ دەرىجىلىك ئوفىتسېر ئىكەن. ئۇنىڭ چىرايلىق خوتۇنى بولۇپ، ئايالىنى بىر سەنمۇجاڭ تارتىۋاپتۇ. بۇنىڭغا نارازى بولسا، قاماققا ئېلىپ شىنجاڭغا ئەكىلىپ گۇچۇڭ تۈرمىسىگە تاشلاپتۇ. ئۇنىڭ دەردىگە يېتىدىغان ئادەم چىقماپتۇ. مەن ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ، ماڭا ئەكەلگەن تاماقنى بىللە يېدۇق. قوشنا قاماقخانىدا ئادەملەر بار ئىدى. گەپ ـ سۆز قىلىشساق ئاڭلىنىپ تۇراتتى. كامىردا بىر خەنزۇ بەنجاڭمۇ بو-

لۇپ، بىرقانچە كۈندىن بېرى تونۇشۇپ قالغاندۇق، مەن ياتقان ياتاقتىكى خەنزۇ بىلەن دائىم پاراڭ سېلىشىپ تۇراتتى. مەزكۇر بەنجاڭنىڭ بىر ئەسكىرى شىئەنگە كەلگەندە قېچىپ كەتكەندىكەن، سەن ۋاقتىدا مەلۇم قىلمىدىڭ دەپ سولاپ قويۇپتۇ. تۈرمىدە ياتقىنىغا بىر يىلچە بوپتۇ. بىركۈنى شۇ بەنجاڭ:
— سۇ ليەنجاڭ! — دەپ ۋارقىرىدى.
— ھە، نېمە بولدى؟ — دېدىم مەن.
— سىزنىڭ موردىكى ئۇرۇشتا باندىتلارغا ئەسىرگە چۈشكەن ئىككى جەڭچىڭىز كەلدى. بۇلارنى باندىتلار ئالىلقاچان ئۆلتۈرۈۋەتتى دەپ قارىغانلىقىمىز ئۈچۈن ئۇنىڭ سۆزىگە ئانچە ئىشەنگۈم كەلمىدى.
قادىر يۈسۈپ دېگەن جەڭچىمىز:
— ليەنجاڭ، مەن قادىر يۈسۈپ بولىمەن، — دەپ ئۆزىنى تونۇشتۇردى. گەرچە باشقا كامېردا بولسىمۇ ئاۋازىدىن تونۇدۇم.
— قاچان كەلدىڭلار؟ قانداق ئەسىرگە چۈشۈپ قالدىڭلار؟ قانداق قىلىپ قۇتۇلدۇڭلار؟
ئۇنىڭ ئېيتىپ بېرىشىگە قارىغاندا، موردىكى پىڭدىڭسەن ئۇرۇشىدا قۇربان بولغانلاردىن باشقا ئەسىرگە چۈشۈپ كەتكەن يولداشلاردىن ئىككى نەپەر جەڭچى پىيادە قېچىپ كەپتۇ. قادىر يۈسۈپ، ماۋتىنىڭ كىيىملىرى قازاقچە كىيىم بولغاچقا، گۇچۇڭغا كەلگەندە تۇتۇۋېلىپ باندىت دەپ تۈرمىگە سولاپتۇ. سوراق قىلىش جەريانىدا ئەسىرگە چۈشكەنلىكى ئېنىقلانسىمۇ، بۇ جەڭچىلەرنى باندىتلار تەربىيىلەپ ئىشپىيون قىلىپ بىزنىڭ ئىچىمىزگە كىرگۈزگەن، دەپ گۇمان بىلەن سولاقتىن چىقارماپتۇ (قادىر يۈسۈپ ليۇداۋاندا بار، ماۋت ئەمەت قەشقەردە بار). مەزكۇر جەڭچىلىرىمىز قاماقتا ئېلىنىپ ئۈچ كۈن بولغاندا تۈرمىداشلىرىم، سىلەرنىڭ سۇ ليەنجاڭ دېگەن باشلىقىڭلار مۇشۇ يەردە قاماقتا دەپ ئېيتىپ بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن



سىرتتىن كەلگەن تاماقلارنى بۆلۈپ قىچقىرىپ بېرىپ تۇردۇم. تۇراق يۈنۈس تاماق ئەكىرگەندە قادىر يۈسۈپ، ماۋت ئەمەتلەرنىڭ باندىتلاردىن قۇتۇلۇپ قېچىپ ھايات قالغانلىقىنى سىرتتىكى يولداشلارغا يەتكۈزۈپ قويۇشنى ھەم تاماقنى جىقراق ئەكېلىشنى تاپىلىدىم. شۇنىڭدىن كېيىن ئاق كۆڭۈل ھەدىمىز قىزى بىلەن ھاۋانىڭ سوغۇقلۇقىغا قارىماي ئىككى ۋاخ تاماق ئەكېلىپ تۇردى. بىركۈنى نەچچە خىل تاماق ئېتىپ، قىزى بىلەن شى شتابىغا كېلىپ: «سوپى ليەنجاڭ مېنىڭ ئىنىم، نېمە دەپ سولاپ قويدۇڭلار؟ ئۇنىڭ گۇناھى نېمە؟ مەن كۆرۈشمەن» دەپ تۇرۇۋاپتۇ. شى ئەمەلدارلىرى: «سوپى ليەنجاڭنى بىز سولىمىدۇق، بۇ يۇقىرىنىڭ ئىشى. بۇلار بىزگە ۋاقىتلىق تاپشۇرۇپ بەرگەن، بىز بىلمەيمىز» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.
ئايىمخان ھەدەم ئىنسانپەرۋەر بولغاچقا، مەن تۈرمىگە كىرىپ قالغاندا، مېنى ئۆز بالىسىدەك كۆرۈپ، ئوبدان غەمخورلۇق قىلدى. بۇلارنىڭ ماڭا قىلغان ياخشىلىقلىرىنى ئېغىز بىلەن ئېيتىپ، قەلەم بىلەن يېزىشقا ئاجىزلىق قىلىمەن. بۇ كۈنلەرنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن. بۇلار مېنى باققانغا رازى بولسىمۇ مېنى باققان ئەجرى مەندە قەرز بولۇپ قالدى، قايتۇرالمىدىم، خىجىللىق ھېس قىلىۋاتىمەن. مېنىڭ سەپداشلىرىممۇ ئۇنتۇمايدۇ. جەڭچىلىرىمىز ليەنجاڭغا ئوبدان ئۆي تامىقى ئېتىپ بېرىڭلار دەپ، نېمە تاپسا شۇنى ئەكېلىپ بېرىپ تۇردى. ماڭا ياخشى قاراش ئۈچۈن مەدەت بەردى. كەچقۇرۇن تاماق ئەكىرگەندە، يولداشلار نېمە قىلىۋاتىدۇ؟ ئايىمخان ھەدىنىڭ قىزى ساۋاتلىق، سىرتتىكى ئەھۋاللارنى خەت يېزىپ مانتىنىڭ ئىچىگە تىقىپ كىرگۈزسۇن دەپ ئارانلا دېيەلىدىم. چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بولماستىنلا مانتا قىلىپ ئەكىرىپتۇ، يان تۈرمىدىكى يولداشلارغا تاماقتىن تەقسىم قىلىپ بېرىۋېتىپ، يۇمىلاق مانتا ئىچىدە ئۇزۇنچاق مانتىنى ئېلىپ قالدىم. ئاق كۆڭۈل ئائىلىدىكىلەر

ھەممىسىنى ئوخشاش تۇگمەستىن چاندۇرۇپ بىرىنى يۇمىلاق، بىرىنى سوزۇنچاق تۇگۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ھەپتىدە ئىككى ـ ئۈچ قېتىم مانتا قىلىپ كىرگۈزىدىغان بولدى، بىر قېتىم يازغان خېتىدە گۆچۈڭ شەھىرىدىكى خەلقنىڭ مېنى سولىغانلىقىغا نارازى بولغانلىقى يېزىلىپتۇ، مېنىڭ تۈرمىدىشىمنىڭ قەلىمى بار ئىدى، يولداشلارنىڭ، خەلقنىڭ ماڭا غەمخورلۇق قىلغانلىقىغا كۆپ رەھمەتلەرنى ئېيتىپ لىگەننىڭ ئارقىغا چاپلاپ چىقىرىۋەتتىم. بىر كۈنى ئابدۇرېھىم مەمەتوف نامىدا بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدىم، خەتتە: «8 ـ ، 9 ـ ليەنلەرنىڭ قىسمەن جەڭچىلىرى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەييارلاندى. سىزنى ساقلاۋاتقان قانچە پوست بار؟ بۇ ساقچىلار قەيەرلەردە تۇرىدۇ؟ تېزدىن خەۋىرىنى بېرىڭ! بىز بىر پەي ئادەم بىلەن سىزنى ئاچىقماقچى» دەپ يېزىلغانىدى. مەن تېزدىن جاۋاب خەت يازدىم. خەتتە: «ئەگەر بۇ ئىشنى باشلىساق، كۈچىمىز بۆلۈنۈپ كېتىدۇ، قاچقىنى قېچىپ كېتىدۇ، قاچالماي قالغانلىرى پۈتۈنلەي قىرىلىپ كېتىدۇ. جەڭچىلىرىمىزنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرى ئۈرۈمچىدە تۇرسا، ئۇلارنى ۋەيرانچىلىقتا قالدۇرىمىز. مېنى ئاچىقىپ كېتىش ئۈچۈن، قاتمۇقات توسۇقلاردىن ئۆتۈش كېرەك، چوڭ چىقىم تارتىپ قالىمىز، ئەڭ ياخشىسى بىرقانچە كۈن تاقەت قىلىپ ساقلاپ تۇرۇڭلار» دېدىم.

بىزنىڭ 3 ـ يىغنى 1945 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئۈرۈمچىگە يۆتكەش مۇناسىۋىتى بىلەن مېنى تۈرمىدىن ئاچىقتى، ئىككى نەپەر جەڭچىمىز قادىر يۇسۇپ، مامۇت ئەمەتلەر كېيىنرەك سالامەت قايتىپ چىقتى. مەن تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ مېنى مۇنداق تېزلا قويۇۋېتىشىنىڭ سەۋەبىنى ئۇقتۇم:

بىزنىڭ ليەندىكى يولداشلار، سوپى ليەنجاڭنى سولاقتىن چىقىرىپ بەرسۇن، بولمىسا، بىزنىڭ قوراللىرىمىزنى تاپشۇرۇ-



ۋېلىپ، خوتۇن ـ بالىلىرىمىز بىلەن ئۆز يۇرتىمىزغا قايتۇرۇۋەتسۇن، سوپى ليەنجاڭ شۇنداق ياخشى خىزمەت قىلسا، نۇرغۇن ئۇرۇشلاردا جان كۆيدۈرۈپ خەلقنى ھىمايە قىلىپ، مال ـ دۇنياسىنى باندىتلاردىن تارتىۋېلىپ ئىگىلىرىگە قايتۇرسا، ئاقىۋىتى شۇ بولدىمۇ؟ دەپ يىغجاڭغا قاتتىق تەلەپ قويۇپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، گۆچۈڭدىكى ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتار، خەنزۇ، خۇيزۇلار نامايىش قىلىپ قوماندانلىق شتابىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، سوپى ليەنجاڭ ياخشى خىزمەت قىلىپ، بىزنىڭ ھاياتىمىزنى ساقلاپ، مال چارۋىلىرىمىزنى باندىتلاردىن تارتىۋېلىپ بىزگە ئەكېلىپ بەردى. ئەمدى ئۇنى نېمىشقا سولايدۇ؟ نېمە گۇناھى بار؟ باشقىلار ياخشى خىزمەت قىلماي بىكار ياتسا، ئۇلارغا گەپ يوق، بۇ ھەقىقەت بولدىمۇ؟ دەپ تۇرۇۋاپتۇ. بېسىم قاتتىق بولغانلىقتىن ئىلاجسىز مېنى تۈرمىدىن چىقىرىۋېتىپتۇ.

مەن تۈرمىدىن چىقىپ ئۇدۇللا ماڭا تۈرمىدە ئاش، نان بېرىپ باققان مېھرىبان ئانىنىڭ ئۆيىگە باردىم. ئۇلار مېنىڭ تۈرمىدىن چىققانلىقىمنى ئاڭلاپ خۇشال ـ خۇرام ئولتۇرغانىكەن. قىزى جاناخان ئالدىمغا يۈگۈرۈپ چىقىپ خۇددى بىر تۇغقان سىڭلىمدەك قۇچاقلاپ، يىغلاپ، ئۆيگە باشلاپ كىردى، ئايىمخان ھەدىمىز بىلەن كۆرۈشۈپ ھۆڭرەپ يىغلىدىم. بۇ مېنىڭ ھەربىي سەپكە كىرىپ بىرىنچى قېتىم قاتتىق يىغلىشىم ئىدى. كۆزۈمدىن تۆكۈلگەن ياش گۆر ئاغزىدىن ئامان چىققانلىقىمدىن، يات كىشىلەرنىڭ خالىس مېھرىبانلىقىدىن، مېنى باققانلىقىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ تۆكۈلگەن ياش ئىدى.

خۇداغا شۈكۈر، مانا بۈگۈن ئايىمخان ھەدەملەرنىڭ ئۆيىدە جەم بولۇپ ئولتۇرۇپتىمىز. بىز گومىنداڭچىلار ئۈچۈن بىرەر بىگۇناھ خەلقنى قىرمىغان ۋە مال ـ مۈلكىنى بۇلىمىغان، زۇلۇم سالمىغان بولساقمۇ، بىز ئىككى ليەن ئۆزىمىزنى ھېچ ۋاقىتتا گومىنداڭ ئەسكەرلىرى دەپ ئاتىمىساقمۇ، ئەمەلىيەتتە،

يەنىلا گومىنداڭ قولچومىقى بولۇپ تۇرۇۋاتىمىز. بۇ كىشىنىڭ خورلۇقىنى كەلتۈرەتتى. گومىنداڭغا خىزمەت قىلىپ ئاخىردا تۈرمە مۇكاپاتى ئالدىم. مەن شۇ يىللاردا گومىنداڭغا ئەسكەر بولۇشتىن بىزار بولۇپ، تۆۋەندىكى قوشاقنى توقۇغانىدىم:

*موردىكى سوقۇشتا،*
*باندىتلارنى يوقاتتۇق.*
*قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ،*
*گومىنداڭنى قورقۇتتۇق.*

*گومىنداڭغا ئەسكەر بوپ،*
*ئىت ئورنىدا خارلاندۇق.*
*ياخشى خىزمەت قىلساقمۇ،*
*تۈرمىلەرگە تاشلاندۇق.*

مەن تۈرمىدىن چىقىپلا ئايىمخان ھەدەملەرنىڭكىدە تۇردۇم، لېيەنگە بارمىدىم. ئەتىسى جامائەت ناماز بامداتتىن كېيىن مەندىن ھال سوراپ كەلدى، مېنىڭ تۈرمىدىن چىقىشىمغا يار - يۆلەك بولۇپ كۈچ چىقارغان يۇرت - جامائەتكە ھەشقاللا ۋە كۆپ رەھمەت ئېيتىپ تەزىم قىلدىم. كەلگەن جامائەت بۇ بىزنىڭ ئىشىمىز دەپ مېنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئىمام ئاخۇنۇم، جامائەت ئىچىدىن بىرىنى «ئۇكام، ھېلىقى سوپى لېيەنجاڭ ھەققىدە توقۇپ چىققان قوشاقلىرىڭنى ئوقۇپ بەرگىنە، لېيەنجاڭ ئۆزى ئاڭلىسۇن» دەپ تەكلىپ قىلدى. بۇ كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ، مۇنۇ قوشاقنى ئېيتتى:

*بىزنىڭ ھويلا بۇلاقتا،*
*خورجۇن - قاچا ئۇلاقتا.*



*سوپى لېيەنجاڭ بىچارە،*
*گۇچۇڭ شەھىرىدە سولاقتا.*

*سوپى لېيەنجاڭلار كېلىپ،*
*باندىت بىلەن سوقۇشتى.*
*بۇلاپ كەتكەن ماللارنى*
*بىرنى قويماي قايتۇردى.*

گۇچۇڭدا مېنى باققان ئايىمخان ھەدەمنىڭ يولدىشىنى ئىبلاخۇن ئاكا ياكى ئىبلاخۇن «بوتۇڭ»مۇ دەپ ئاتايدىكەن. ئۇنى گۇچۇڭدا تونۇمايدىغان كىشى يوق ئىكەن. بۇ كىشى ئاڭلىق، ئىلغار كىشىلەردىن بولغانلىقتىن، بۇرۇن تۇرپاندىن چىققان كەمبەغەللەرنى يىغىپ، گۇچۇڭ، مورى ئەتراپلىرىدا دېھقانلارنىڭ بۇغدايلىرىنى ھۆددىلەپ ئورۇپتىكەن، قىشتا تۇرپاندا كارىزلارنى چاپىدىكەن، بۇنىڭ بىلەن ئىبلاخۇن «بوتۇڭ» دېگەن نام سىڭىپ قالغانىكەن. بۇ كىشىلەر ئەسلىي تۇرپانلىق بولۇپ، ئىبلاخۇن ئاكا ئاتىسى بىلەن كىچىك ۋاقتىدا تۇرمۇش يولىنى ئىزدەپ، گۇچۇڭغا چىقىپ قالغان، ئاكىسى گۇچۇڭ شەھىرىنىڭ سېپىلىنى سوقۇش ھاشىرىغا ئىشلەپ يۈرگەندە ئاتىسىغا چاي، نان توشۇپ بەرگەن. مەن گۇچۇڭ سوقۇشىغا بارغان يىللىرى ئىبلاخۇن ئاكا 89 ياشتا بولۇپ، يەنىلا جىسمانىي ئەمگەكتىن قالمىغان، تېتىك ئىدى. ئۇ 1944 - يىلى 10 - ئايلاردا تۇرپانغا تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن بېرىپتۇ، 11 - ئايلاردا گۇچۇڭ، مورى ئەتراپلىرىنى ئۇرۇش ئوتى قاپلاپ كېتىپ، يوللار ئېتىلىپ قالغانلىقتىن قايتىپ كېلەلمەپتۇ. ئايىمخان ھەدىمىز قاۋۇل، ھوشيار، پاكىز، ئەقىللىق، ئاددىي - ساددا دېھقان ئايالى ئىدى. مېنى ئۆز بالىسىدەك كۆرەتتى. ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى بولۇپ، بىرى، ئاتىسى بىلەن تۇرپانغا كەتكەن، يەنە بىرى، ئۆي - ئو-

چاقلىق بولۇپ ئايرىم تۇراتتى. جاناخان دېگەن قىزى دىنىي، پەننىي مەكتەپلەردە ئوقۇغاچقا، ساۋاتلىق ئىدى، ئېگىز بويلۇق، چاقاقان، ئات مىنسە ئەر كىشىدەك مىنەتتى، ئات بەيگىسىگە قاتـ-نىشىپ تۇراتتى. تۇرمۇشلۇق بولغان يولدىشى مۇپتۇل ئېلاخۇن ئاكامنىڭ ئىنىسىنىڭ ئوغلى بولۇپ، مۇپتۇل ئاكىنىڭ باشقا ئۇرۇق - تۇغقان ياكى ئاتا - ئانىسى بولمىغاچقا، ئۇ ئۆيگە ئو-غۇلچىلاپ كىرگەنىكەن. ئېلاخۇن ئاكا، ئايىمخان ھەدىمىز ئۇنى ئۆز بالىسىدەك كۆرەتتى. بىز تېخىمۇ يېقىن ئۇرۇق - تۇغقانلار-دەك بولۇپ قالدۇق. مەن ئەمەس، ھەرقانداق جەڭچى ئۆيىگە بار-سا، دەرھاللا تاماق ئېتىپ كۈتۈۋالاتتى. جاناخاننىڭ بېشى ئو-چۇق دەپ بىلەتتىم، لېكىن سوراشقا پېتىنالمايتتىم. جاناخان ئەخلاقلىق، ئەدەپلىك، دىيانەتلىك ئايال بولغاچقا تۇرمۇشلۇق بولسام نېمىدېگەن بەختلىك بولار ئىدىم، دەپ ئويلايتتىم. يولداشلىرىمغا مەلۇم، مېنىڭ بۇرۇنقى ئايالىمنى 1939 - يىلى ھەربىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ چىققاندا ئالغانىدىم، يەتتە يىلدەك بولۇپ قالدى، بالا يۈزى كۆرمىدىم. بالا تۇغمىغانلارنى ئەيىبلە-گىلى بولمايدۇ. لېكىن مەن ئۇرۇشلاردا يۈرۈپ ئۆلۈپ كەتسەم، مېنىڭدىن بىرەر بالا — نام - نىشان قالمىسا، قانداق بولغىنى، جاناخاننى ئالغان بولسام بەلكىم بۇ ئارمانلىرىمغا يەتكەن بولات-تىم، دەپ ئويلايتتىم. جاناخان ئاق كۆڭۈل بولغاچقا، بەزى يا-رىدار بولغان جەڭچىلىرىمىزگە جان - دىلى بىلەن قاراپ، كىر - قاتلىرىنى يۇيۇپ، ياماپ، ئاش - تاماق قىلىپ بېرىپ ياخشى قا-رىدى. خۇسۇسەن مېنىڭ تۇرمىگە كىرىپ قېلىشىمغا قاتتىق ئېچىنىپ، تۈز - تاماق بەرگەنىنىڭ سىرتىدا سىرتتىكى يولداش-لىرىمىز بىلەن مەخپىي ئالاقە باغلاپ تۇرۇشىمىزغا يار - يۆلەك بولدى. شۇنىڭدىن بېرى مېنىڭ بۇ ئايالغا بولغان ئىخلاسىم، ھۆرمىتىم كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىپ باردى. ئۇ مېنى ئۆزىگە رام قىلىۋالدى. بىركۈنى ئىشقا باھانە قىلىپ يولدىشىڭىز كۆ-



رۈنمەيدۇغۇ، نەگە كەتتى؟ دەپ سوراپ قالدىم، ئۇ سوئالىمغا جاۋاب بەرمەي، كۆزىگە ياش ئېلىپ يىغلاپ كەتتى.

— مەن بەختسىز، — دېدى ئۇ، ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلاپ تۇرۇپ، — مېنى ئاتا - ئانام يولدىشىمغا مەجبۇرىي توي قىلىپ بەرگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ ئېرىمگە كۆڭۈلسىز بولدۇم. ئېرى بار دېسە، يوقتەك، يوقمىكىن دېسە، نىكاھ بار. مۇشۇنداق يۈر-گىنىمگە ئۈچ - تۆت يىل بولۇپ قالدى، — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئانىسى ئايىمخان ھەدەممۇ يىغلاپ كەتتى. مەن ھەيران قېلىپ تالاغا چىقىپ كەتتىم. جاناخان تالاغا چىقىپ:

— ئانام سىزنى قىچقىرىدۇ، — دەپ ئۆيگە باشلاپ كىردى.

— ئېلاخۇن دادىلىرى قىزىمنى زورلاپ بېرىپ قويۇپ، — دېدى ئايىمخان ھەدەم، — ھازىرغىچە كۆڭلىمىزنىڭ ئارامى بول-مىدى. ئەمدى خېتىنى ئېلىش ئالدىدا تۇرىمىز.

مەن ھودۇقۇپ كەتتىم:

— ئەگەر يولدىشىڭىزدىن خېتىڭىزنى ئېلىپ چىقسىڭىز، مەن، مەن سىزگە قارايمەن، — دېگەن سۆزنى ئارانلا قىلالىدىم.

ئاشۇ گەپنىڭ چىقىشىنى جاناخان ئاللىقاچان كۈتۈپ يۈرگە-نىكەن، ئۇ دەرھال:

— سىز تازىمۇ مۆرىمەس لىيەنجاڭ ئىكەنسىز، قارىسام بېشىد-ڭىزنى ئىچىڭىزگە تىقىپ يۈرىسىز. بۇ يىل كۈچۈڭدا قار قېلىن ياغقان بولسىمۇ ئېرىشكە باشلىدى، پەقەتلا سىز ئېرىمەيۋاتىد-سىز، — دېدى.

ئۇ گەپتە مېنى دۇمبالىدى.

— بولدى قىلىڭ، — دەپ خىجىل بولۇپ ئەپۇ سورىدىم.

جاناخان يەنە مېنى:

— سىز سوقۇشتىن قورقمايدىغان ئادەم تۇرۇقلۇق، ئەمدى قورقۇنچاق بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟ — دەپ يەنە گەپتە سوقتى.

مەن جاناخاننىڭ ئۆي ئىشلىرىغا چاققان ئىكەنلىكىنى بىلد-

سەممۇ، گەپ ـ سۆزلەرگە مۇنداق ئۇستا ئىكەنلىكىنى بىلمىگە-
نىكەنمەن.
— مەن سىزگە، — دېدى ئۇ يەنە، — تۇرمۇشلۇق بولۇپ
سىزگە ئوخشاش ھەربىي بولسام، سىزنى مۇھاپىزەت قىلىپ
خەلقنى ئازادلىققا چىقىرىدىغان، ئىنقىلابىي ھەرىكەتلىرىڭىزگە
ياردەمدە بولسام، قانداق ياخشى بولاتتى.
ئۇنىڭ ئالىي تىلەكى ۋە يۈكسەك ئىرادىسى مېنى تېخىمۇ
قايىل قىلدى. مېنىڭ مۇھەببىتىم كۈنسايىن ئېشىشقا باشلى-
دى. مەن جاناخانغا:
— بۇ ھەقتە سىزگە بۇرۇنراق بىرنەرسە دېمەپتىمەن، ئەمدى
چۈشەندىم. ھېلىمۇ سىز ماڭا مەسلىھەت بېرىڭ! ياردەم بېرىڭ!
ئەقىل كۆرسەتسىڭىز بولىدۇ. ئەمدى سىز دېگەن ئىشنى قىلاي، —
دېدىم.
— مەن ئاپامنىڭ بىرلا قىزىمەن، بىر ئاكام، بىر ئىنىم بار.
ئاپام مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلايدۇ، ئاتام بولسا تۇرپانغا كەتتى.
مېنى كىچىكىمدە بېقىپ چوڭ قىلغان ئىسمائىل قاسساپ دېگەن
بىر ئاكام بار. ئۇنى ئەلچى قويايلى. مېنىڭ ئاجرىشىش خېتىم-
نى بېرىشكە ياردەم قىلىدۇ. ئەگەر خېتىمنى ئېلىپ بەرسە، جا-
مائەتنى چاقىرىپ، نىكاھ ئوقۇتىمىز. مەن ئاخشاملىققا ئىسما-
ئىل ئاكاملارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ خېتىمنى ئېلىش پىكرىمنى
دەيمەن، سىزمۇ دەڭ، ماڭا ئۇۋال قىلمىسۇن.
جاناخان ئاكىسىنىڭ قېشىغا بېرىپ ئەھۋالنى ئېيتقانىكەن،
ئۇ قوشۇلۇپتۇ. جاناخان خۇشال بولۇپ مېنىڭ قېشىمغا كەلدى.
ئەتىسى مەسلىھەت بويىچە ئىسمائىلئاخۇن ئاكىلارنىڭ ئۆيىگە
باردىم. بۇرۇن تونۇشاتتۇق. مېنى قىزغىن قارشى ئالدى، ھۆر-
مەت يۈزىسىدىن مېھمانخانىغا باشلىدى، ئايالىنىڭمۇ بۇ ئىشتىن
خەۋىرى بولغانلىقتىن دەرھال ئالدىمىزغا داستىخان سېلىپ قەنت
ـ كېزەك، نانلار بىلەن چاي قۇيدى. ئىسمائىلئاخۇن ئۇستام:



— ياخشى قەدەملىرى بۇ ياققا يېتىپ قاپتۇ، — دېدى ئۇ
مېنى گەپكە سېلىپ.
ئىسمائىل ئاكامنىڭ ئايالى:
— غايىب ئىشلارنى سوراپ كەلگەندۇر، — دەپ چاقچاق قى-
لىپ كۈلۈپ، نېرىقى ئۆيگە كىرىپ كەتتى.
— جاناخان بىزنىڭ لېيەننىڭ نۇرغۇن ئىشلىرىغا ياردەملەش-
تى، ئۇنى ھەربىيلىككە ئېلىپ ئۆزىمىز بىلەن بىللە ئۇرۇمچىگە
ئەكەتسەكمىكىن دەپ ئۆزلىرىدىن مەسلىھەت سوراپ كەلدىم.
— بۇ ئىشلار ئوبدان بوپتۇ. ئاخشام جاناخان قىزىم كېلىپ
يىغلاپ ئەھۋالنى ئېيتتى. بۇ بالىنىڭ كۈيۈسى بار، موللا ئاكام
تۇرپانغا كەتتى. تۇرپان بىلەن گۇچۇڭ يولى توسۇلۇپ قالدى.
موللا ئاكام كەلسە مەسلىھەتلىشىپ ئىش قىلايلى، ھازىرچە بىر-
نەرسە دېيىشكە ئاجىزلىق قىلىمىز، — دېدى.
مەن قايتىپ كەلدىم. مېنىڭ نېمىدەپ كېلىشىمنى تۆت كۆ-
زى بىلەن كۈتۈپ تۇرغان ئانا ـ بالا جاۋابنى ئاڭلاپ يىغلاپ كەت-
تى. مەن باشقا گەپ قىلماستىن بۇلارنىڭ كۆڭلىنى ياساپ:
— بۇ يىل گۇچۇڭدا قىشلايدىغان بولۇپ قالدۇق. ئاڭغىچە
ئېلاخۇن ئاكاملار تۇرپاندىن چىقىپ قالار، — دېدىم.
جاناخان ھوشيار بولۇپ، مېنىڭ ئۇرۇمچىدە قالغان ئايالىم
تۇخاننى قاچان ئالغانلىقىمنى، ئارىمىزدا بالىمىزنىڭ يوقلۇقى-
نى، مېنىڭ بالا يۈزى كۆرۈش ئارزۇيۇمنىڭ بارلىقىنى ئاللىقا-
چان بىلىپ بولغانىكەن. ئۇ مېنىڭ بىلەن تۇرمۇش قۇرۇشقا
ئىنتايىن قىزىقاتتى، مەنمۇ شۇنچە قىزىقاتتىم. ئۇنىڭ ئاتا ـ ئا-
نىسىنى رەنجىتىپ قويۇشقا مېنىڭمۇ ۋىجدانىم يول قويمايتتى.
مەنمۇ خېتىنى ئالغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىساملا كېلىدىغانلى-
قىمنى، ئۇرۇمچىگە بېرىپ تۇرمىگە سولانماي قالسام ھەربىي
سەپتىن بوشاپ، گۇچۇڭدىكى چوڭ ئوغلى رەقىپ ئاكا بىلەن
دېھقانچىلىق قىلىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. مېھرىبان جاناخان

يىغلاپ تۇرۇپ: ئاتام تۇرپاندىن چىقىسلا جەزمەن خېتىمنى ئېـ
لىپ سىزنى كۆتۈپ تۇرىمەن، دەپ ۋەدە قىلدى. ۋەدەمنىڭ
گۇۋاھچىسى بولسۇن دەپ، ئىككى بىسلىق، ئىككى قۇش سۈرد.
تى نەقىشلەنگەن، ئەرەبچە خېتى بار، پىل چىشى ساپلىق خەنـ
جىرىمنى جاناخانغا يادىكار قىلدىم. جاناخان قولىدىكى كۈمۈش
بىلەزۈكنى چىقىرىپ مېنىڭ بەلگەم بولۇپ قالسۇن دەپ يانچۇـ
قۇمغا سېلىپ قويدى. ئايىمخان ھەدەم ئامانلىقىمىزنى تىلەپ
دۇئا قىلدى. شۇنداق قىلىپ، ئىلاجسىزلىقتىن كېپىك تاغدىن،
بۇلبۇل باغدىن، قوي قوزىسىدىن، كاككۇك زەينەپتىن، بېلىق
سۇدىن ئايرىلغاندەك ئايرىلىپ كەتتۇق. بىز گۈچۈڭ شەھىرىدە
مېنىڭ بېشىمغا ئېغىر كۈنلەر كەلگەندە باشپاناھ بولغان مېھـ
رىبان ئائىلىدىن ۋە گۈچۈڭ، مورى ناھىيىلىرىدىكى قەھرىمان
خەلقتىن ئايرىلىپ، دەھشەتلىك ئۇرۇش ئوتىنىڭ تۈتەك تۇمانـ
لىرى قاپلاپ كەتكەن تاغ، چۆل ـ جەزىرىلەردە ياش جەڭچىلىرد.
مىزنىڭ جەسەتلىرىنى قالدۇرۇپ ئۈرۈمچىگە كەتتۇق. بىز ئۈـ
رۈمچىگە بېرىشىمىزغا شىمالىي شىنجاڭنى دەھشەتلىك ئۇرۇش
ئوتلىرى قاپلاپ كېتىپتۇ. بۇ دوزاخ ئوتىدىن قېچىپ قۇتۇلۇش
مۇمكىن بولمىدى. بىزنىڭ 8 ـ، 9 ـ لىيەنلەرنى ئىلى تەرەپتىكى
شىخو، مايتاغ رايونىغا يۆتكىدى.



# توققۇزىنچى باب

## 8 ـ، 9 ـ لىيەنلەرنىڭ گۈچۈڭدىن ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىشى

بىزنىڭ 3 ـ يىڭنىڭ يىڭجاڭى شا تىڭفاڭ بىلەن مۇئاۋىن
يىڭجاڭى ھاكى قۇربانلار ئۆز ھوقۇقلىرىدىن پايدىلىنىپ يېنىمـ
غا مەخپىي قوراللىق كىشى قويۇپ، مېنى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ
ماڭدى. 9 ـ لىيەننىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى، يان قورالىمنىمۇ
قايتۇرۇپ بەرمىدى. مەنمۇ گەپ ـ سۆز قىلماستىن ئىككى لىيەنـ
دىكى سەپداشلىرىم بىلەن پىيادە يول يۈرۈپ جىمسار ناھىيەـ
سىگە يېتىپ كەلدىم. بىز دەڭ ـ سارايلاردا قوندۇق، ئارقىدا
قالغانلار يېرىم كېچىدە يېتىپ كېلىشتى. مېنىڭ تۈرمىدىن
چىققانلىقىمنى ئاڭلاپ، لىيەندىكى يولداشلىرىمىز ئارقىمۇئارقىـ
دىن كېلىپ كۆرۈشۈپ، ھال سورىدى ۋە ساق ـ سالامەت چىقـ
قانلىقىمنى قىزغىن تەبرىكلەشتى. جەڭچىلەر بىلەن سۆھبەتلىـ
شىۋاتقاندا بەزىلەر: «ئەمدى جاننى ئالىقانغا ئالمىساق بولمايدۇ،
ئەسكەر بولۇشنىڭ ھاجىتى قالمىدى. سىلىمۇ سالامەت چىقتىلا،
بىزنى بىر يورۇق يولغا باشلىسىلا» دېدى. مەن بۇلارنىڭ ئىدد.
يىسىدە چوڭ ئۆزگىرىشنىڭ بارلىقىنى بىلىپ، ئىنقىلابىي تەشـ
ۋىقاتلىرىمىزنىڭ رولى بولغانلىقىغا خۇشال بولدۇم ھەم ئىچىمـ
دە بارلىق يولداشلارغا ئاپىرىن دېدىم.

ئەتىسى ئەتىگەندە يولغا چىقىپ جىمسارنىڭ سەنتەي ئۆتىـ

ڭگە كېلىپ قوندۇق. مەن ئاشپەز ئۇستامنىڭ ياتىقىغا كىرىپ ياتتىم. كېچە سائەت ئىككىدە بىرى مېنى ئويغاتتى. كۆزۈمنى ئېچىپ قارىسام، ئابدۇرېھىم مەمەتوف ھەم مامۇت بوداق، ئىككى دانە قول پىلىموتنى ئەكىرىپتۇ.

— ئىككى لىيەندىكى بارلىق يولداشلار بىر يەرگە جەم بولدۇق، — دېدى ئۇلار ماڭا، — مۇشۇ يەردىلا يېڭجاڭ شا تىڭفاڭ بىلەن مۇئاۋىن يېڭجاڭ ھاكى قۇربانىنى ئېتىپ تاشلاپ، ئەسكەرلەرنى قوزغاپ تۇرپان بىلەن گۇچۇڭ ئارىلىقىدىكى تەڭرىتاغ ئارىسىغا كىرىۋالساق، شۇ يەردە ئىنقىلابىي بازا قۇرۇپ ھەرىكەت قىلساق، دەپ بىرلىككە كەلدى.

مەن بۇ يەردە بۇ ئىشنى قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتىم، چۈنكى بىزنىڭ ئىككى لىيەندىكى جەڭچىلەر ئۈرۈمچىدە قالغان ئاتا ـ ئانا، خوتۇن ـ بالىلىرى بىلەن كۆرۈشۈشكە ئالدىراۋاتىدۇ. جەڭچىلەر ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ كەتكىنىگە ئالتە ـ يەتتە ئايلار بولۇپ قالدى. بۇ ئەھۋالنى نەزەردە تۇتماي، ئالدىراپ ھەرىكەتنى باشلاپ قويساق، بەزىلىرى بىز بىلەن مېڭىشى، يەنە بەزىلىرى ئۈرۈمچىدىكى ئائىلىسىگە تارتىشىپ، بىز بىلەن ماڭماسلىقى ھەتتا قارشىلىق قىلىشى مۇمكىن. ئۇنداقتا، كۈچىمىز پارچىلىنىپ كېتىدۇ. بۇنىڭ ئاقىۋىتى ناھايىتى يامان بولىدۇ، ھەتتا ئىچكى ئۇرۇش چىقىپ، قان تۆكۈلۈشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ياخشىسى ھازىرچە سەۋر قىلىپ تۇرۇپ، ئۈرۈمچىگە بارغاندا مەسلىھەت قىلايلى دېدىم. بىزنىڭ 3 ـ يىڭنىڭ خوجىلىق باشلىقى خۇاڭ لەڭسى (خەنزۇ) بىلەن بىز قەشقەر 31 ـ تۇەندە بىللە خىزمەت قىلغان. كۆڭلىمىز بەك يېقىن ئىدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئىلى تەرەپتە قوزغالغان ئۇرۇش فرونتىغا 3 ـ يىڭ (8 ـ، 9 ـ لىيەنلەر)نى ئەۋەتىشنى لايىق كۆرۈپتۇ. مەن بۇ مەخپىي خەۋەرنىمۇ يولداشلارغا ئېيتىپ بەردىم. شۇنىڭ بىلەن سەنتەيدە شارائىتى پىشمىغان قوزغىلىشنى توختاتتىم.



بەش كۈن جاپالىق يول مېڭىپ، قارا تۇتەك، ئىس ـ تۇمان باسقان ئۈرۈمچى شەھىرىگە يېتىپ كەلدۇق. ئىككى لىيەندىكى جەڭچىلىرىمىزنىڭ بەزىلىرىنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرى، ئاتا ـ ئانىسى بىلەن يۇرتىغا كېتىپتۇ، يەنە بەزىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ناچار بولغاچقا، ئەرلىرىنىڭ ئالتاي فرونتىدىن كېلىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. ئۇلار بىزنىڭ ئۈرۈمچىگە بېيمېن دەرۋازىسىدىن كىرىدىغانلىقىمىزنى ئاڭلاپ بىزنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ. بىز يېتىپ بېرىشىمىز بىلەنلا، خۇددى ئوتلاقتىن قوي پادىسى قوتانغا قايتىپ كەلسە، ئوغلاق ـ قوزىلار مەرىشىپ، ئانىسىنى ئىزدەپ يۈگرىگىنىگە ئوخشاشلا، جەڭچىلىرىمىزنىڭ خوتۇن ۋە نارەسىدە بالىلىرى يىغا ـ زار قىلىپ ئالدىمىزغا يۈگۈرۈشۈپ كەلدى، ئىككى توپ قوشۇلۇپ، قىيا ـ چىيا باشلاندى. بەزىلىرىنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرى ئۆلۈپ كەتكەنلەرمۇ بار ئىكەن. بىز ئالتاي فرونتىدا بولغانلىقتىن بۇ ئەھۋاللارنى ئۇقماي قېلىپتۇق. ھەربىي باشلىقلار ئالتايغا ئۇرۇشقا كەتكەن ئەسكەرلەرنىڭ بالا ـ چاقىلىرىنى قاتتىق تۇتساق، ئەرلىرى ھېچقاياققا قاچالمايدۇ دەپ قاراپ، ئۇلارنى قىمىرلاتمىغان. ئۇرۇشلاردا ئۆلۈپ كەتكەن جەڭچىلەرنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرى مېنىڭ بوينۇمغا ئېسىلىپ يىغلاۋاتىدۇ. بەزىلىرى ھوشىدىن كېتىپ يېقىلىپ چۈشتى. مەنمۇ چىداپ تۇرالماي يىغلاپ كەتتىم. «سەۋر قىلىڭلار! ئۆزۈڭلەرنى ئاسراڭلار، بالىلارنى ياخشى تەربىيىلەڭلار» دەپ بالىلارنىڭ باش ـ كۆزلىرىنى سىلىدىم. ئەتىسى بىرقانچىمىز گۇچۇڭ ۋە موردىكى ئۇرۇشلاردا قۇربان بولغان قەھرىمان جەڭچىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە بىر ـ بىرلەپ كىرىپ ھال سورىدۇق ۋە لىيەن شتابىدىن قايتۇرۇپ كەلگەن ئېشىندى پۇلدىن ئەھۋالغا قاراپ تەقسىم قىلىپ بېرىشنى 9 ـ لىيەننىڭ زاپخوزى ئابدۇلقادىرغا تاپشۇردۇم. شۇ ئانلا پۇل تەقسىم قىلىپ بېرىلدى.

بىز قەشقەردىن چىققاندا، ئىككى ئوغلى بار سادىق بوۋاي

بىز بىلەن بىللە ئۈرۈمچىگە چىققانىدى. ئىككى بالىسى ھەربىي بولۇپ، يۈسۈپ دېگەن ئوغلى بىزنىڭ 9 ـ لىيەندە جەڭچى ئىدى. يەنە بىر ئوغلى يىلڭ شتابىدا ئات بېقىپ، سادىق بوۋايغا قارىغاچ ئۈرۈمچىدە قالغانىدى. يۈسۈپ دېگەن جەڭچىمىز موريدىكى ئۇرۇشتا يوقىلىپ كەتتى. ئەسىرگە چۈشكەنلىكى ياكى ئۆلۈپ كەتكەنلىكى ھەققىدە ھېچقانداق دېرەك ئالالمىدۇق. بۇ قېتىم سادىق بوۋاي سورىغاندا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمەي خىجالەتتە قالدىم، ئامال بولماي سادىق بوۋايغا ئۆز ئەينىنى ئېيتتىم. بوۋاي: «بالام تۇپراقنىڭ ئۈستىدە بولسىلا بىر كۈنى كۆرۈشەرمىز، لېكىن تۇپراقنىڭ تېگىگە كىرىپ كەتكەن بولسا، ھېچ ئىلاجىمىز يوق» دەپلا يىغلاپ كەتتى.

بىز گۇچۇڭدىن قايتىپ كەلگەندە شتاب، لىيەندىكىلەرنىڭ ئۆز ياتاقلىرىدا دەم ئېلىپ، ئۈرۈمچىنىڭ كوچىلىرىغا چىقماسلىقنى قاتتىق تەكىتلىگەنىدى. ئۈرۈمچىدە قاتتىق ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈلۈۋاتقانىكەن. بىزگە بىرنەرسە لازىم بولۇپ قالسا گازارما ۋە ئاياللارغا قارايدىغان باھاۋۇدۇن دېگەن جەڭچى ئەكىرىپ بېرەتتى.

بىز ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئۈچىنچى كۈنى ھاكى قۇربان 9 ـ لىيەننىڭ شتابىغا چاقىرىپ، ناگىنىمنى ئىككى قوللاپ تاپشۇرۇپ بەردى ۋە «تۇەن رەھبەرلىرى كېلىپ بىزدىن ھال سورايدىكەن» دېدى. بىردەمدىن كېيىن شېڭ شىسەينىڭ ئىنىسىنىڭ ئورنىغا كەلگەن بىر يېڭى تۇەنجاڭ بىر بەندەك سۇرلۇك مۇھاپىزەتچىلىرى بىلەن يىلڭ شتابىغا كىرىپ كەتتى. بىرئاز ئۆتكەندىن كېيىن بىزنى چاقىرتتى، كىرىپ كۆرۈشتۇق.

— سۇ لىيەنجاڭ سىزمۇ؟ — دېدى ھېلىقى يېڭى تۇەنجاڭ.

— ھەئە، — دەپ جاۋاب بەردىم. ئۇ بىر قىلىچنى ماڭا ھەدىيە قىلدى. باشقىلار قارىشىپ قالدى. مەن ئىچىمدە ياخشى بولدى دەپ قىلىچنى ئېلىپلا ھاكى قۇربان بىلەن شا تىڭفاڭغا قارىدىم.



ئۇلار دەرھال يەرگە قارىۋالدى.

ئىككى كۈندىن كېيىن بىزگە شېڭ شىسەي يېڭى سالدۇرغان «غەربىي زال»دا، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ سەنئەتچىلىرى ئويۇن قويۇپ بەرمەكچى بولغانلىقىنى، ئويۇننى باشلىقلارمۇ بىز بىلەن بىللە كۆرمەكچى بولغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ئۇقتۇرۇشتا بۇ ئويۇنغا قورالسىز كىرىسلەر دەپ تاپىلاپتۇ. بىز ئىككى مىللىي لىيەن ئائىلىلىرىمىز بىلەن بىللە سەپ بولۇپ كىردۇق. بىزدىن باشقا قىسىملاردىكىلەرمۇ بىللە كىردى. شۇ كۈنكى ئويۇنغا ئەمەتلەش، ئەمەت مەشۇق، ئابدۇرېھىم مەمەتوف، ئوسمان قارىي، ئابلەت داۋۇت باشلىق بىرقانچە يولداشلار مەسلىھەتلىشىپ جۇۋا، چاپان ئىچىگە قول بومبىلىرىنى ئېسىپ كىرىپتۇ. ئۇلار گومىنداڭ ھەربىي باشلىقلىرىنىڭ ھەممىسى كىرسە، گراناتلىرىنى تاشلاپ پارتلىتىۋەتمەكچى بولۇپتۇ. مەن يولدىشىم بىلەن ئالدىنقى قاتاردىكى مەخسۇس ئورۇندا ئىدىم. مەن ئەھۋالنى ئۇقۇپ دەرھاللا ئارقىغا بېرىپ يولداشلارغا:

— زال ئىچىدە ئويۇنغا كىرگەنلەرنىڭ كۆپچىلىكى ئاياللار، بالىلار، بولۇپمۇ بىزنىڭ جەڭچىلەرنىڭ ئائىلىلىرى بار، ھەربىي ئەمەلدارلار ناھايىتى ئاز، باشلىقلار 10 — 15 كىشىگە يەتمەيدۇ. بىز ئىشنىڭ ھازىرىنىلا كۆرۈپ، كېيىنكىسىنى ئويلىماي، قول بومبىلىرىمىزنى تاشلىساق، گازارمىغا قايتىپ بېرىپ قولىمىزغا قوراللىرىمىزنى ئېلىشقا ئۈلگۈرەمدۇق، يوق؟ بۇ بىر ئالدىراڭغۇلۇق، بىزنىڭ ئىشىمىزغا پايدىسىز، — دەپ، كۆپ نەسىھەتلەر بىلەن شۇ كۈنكى ئىشنى توختىتىپ قويدۇم.

بىزنى شىخوغا يۆتكەيدىكەن دېگەن گەپ ـ سۆزلەر تارقالغان كۈنلەردە ئۈرۈمچىدە ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ تەشۋىقات ۋەرەقىلىرى تارقىلىشقا باشلىدى. زۇلال (تاجىك)، مامۇتوف قۇربان، ئەزىز قاسىملار شۇ ۋاقىتتا ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقانىدى. زۇلال تەشۋىقات ۋەرەقىلىرىنى ماڭا

بەرمەي ئىشەنچ قىلىپ ھېسامىدىن لیەنجاڭغا بېرىپتۇ ھەم ھېسامىدىنغا:

— مەن ھەربىي مەكتەپنى پۈتتۈردۈم، ئۆزۈڭلار ئورۇن تېپىڭلار دەيدۇ، مېنى سەن لیەنگە پەيجاڭ قىلىپ ئېلىۋالساڭ، — دەپتۇ. ئۇ ماقۇل دەپ قويۇپ ئەمەلىيەتتە ئالمىدى. ئۇ ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرسا، زۇلالنى ئالامدۇ؟ ماڭا دېسە ئەلۋەتتە ئالاتتىم. چۈنكى مېنىڭدە پەيجاڭلىق بوش ئورۇن بار ئىدى. بۇ تەشۋىقات ۋەرەقەلىرىنى ھېسامىدىن لیەنجاڭ، ھاكى قۇربانلار، ئابلىز پەيجاڭنىڭ شەخسىي ئۆيىدە يوشۇرۇن كۆرۈپتۇ. بۇ ئەھۋاللارنى شىخوغا بارغاندىن كېيىنلا ئاڭلىدىم.

بىركۈنى مەن ۋە ئابلەت داۋۇت، ئابدۇرېھىم مەمەتوف، ئوبۇلقاسىم، توختى تۇراق، ئوسمانلار بىلەن كوچىغا چىقىپ ئايلىنىپ نەنمېن دەرۋازىسىغا كەلگەندە، قارا سىياھ بىلەن گومىنداڭ ئارمىيىسى ئىچىدىكى مىللىي ئەسكەر نامىدىن ئۇيغۇرچە يېزىلغان بىر پارچە تەشۋىقات قەغىزى چاپلاقلىق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدۇق. ۋەرەقىدە گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئىچىدە خىزمەت قىلىپ خورلانغانلىقى، تارتقان جاپا ـ مۇشەققەت ۋە زۇلۇملىرى، تاماقتىن قىينالغانلىقى، ھەتتا بەزىلەرنىڭ تۈرمىلەرگە گۇناھسىز تاشلىنىپ، تىرىك كۆمۈلگەنلىكى توغرۇلۇق يېزىلىپتۇ. ئاخىرىغا ئابدۇرېشىت دەپ ئىمزا قويۇپتۇ. بۇ بىزنىڭ لیەندە تەشۋىق قىلىشىمىزغا ياخشى قوللانما بولدى.

## 8 ـ ، 9 ـ لیەنلەرنىڭ شىخوغا مېڭىشى

1945 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى غەربىي رايون ئۇرۇش فرونتىغا مېڭىش بۇيرۇقى كەلدى. بۇ ۋەزىپىگە ھەممىمىز جىددىي تەييارلىق قىلدۇق. بۇ سەپىرىمىزگە كۆپچىلىك جەڭچىلەر ئىنتايىن خۇشال ئىدى. چۈنكى بۇنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچى-



لىرىغا يېقىنلىشىشقا پايدىسى بار دەپ قاراشتۇق. شۇ يىلى قار قېلىن يېغىپ، ئىنتايىن قاتتىق سوغۇق بولۇپ كەتتى. بەزى يولداشلار قوشۇندىن ئايرىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن خوتۇن ـ بالىلىرىنى يۇرتى قەشقەرگە يولغا سېلىشقا ئىقتىسادى بولمىغانلىقتىن ئۈرۈمچىدىكى ئۇرۇق ـ تۇغقان ياكى دوست ـ ئاغىنىلىرىگە ھاۋالە قىلىپ، بىر جان، بىر تال قورال بىلەن تەييار بولۇپ تۇردى. سەھەردە ماشىنىلار گازارمىغا يېتىپ كەلدى. ئالدىراشلىق بىلەن ماشىنىغا چۈشۈۋاتقىنىمىزدا جەڭچى مەدىسىنىڭ ئايالى خىبالى (بۇلار ھەر ئىككىسى تاشقورغاندا بار):

— نەگە بارساڭ، مېنىمۇ ئەكەت. مېنى قىيىن ئەھۋالدا قالدۇرۇپ كەتكۈچە مىلتىقىڭ بىلەن ئېتىۋېتىپ كەت، — دەپ ھۆركىرەپ يىغلاپ پۇتىغا ئېسىلىۋالدى. مەدىسمۇ يىغلاپ:

— مەندە نېمە ئىلاج بار، بۇ ھەربىي بۇيرۇق تۇرسا، — دەپ ھەممىمىزنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلدى. بۇ بىچارىنىڭ گەپلىرىنى كىممۇ ئاڭلايدۇ. مەن بۇ غېرىبلارغا ئىچىم ئاغرىپ 8 ـ لیەندە دوستەك دېگەن تاجىك جەڭچىمىز (ھازىر تاشقورغان ساقچىنىڭ دۇيجاڭى)نى تېپىپ كېلىپ، ھەر ئىككىسىگە خىزمەت ئىشلىدىم. خىبالىخان بىزنىڭ ئۆيدە ئايالىم تۇخان بىلەن بىللە ئۆتىدىغان بولدى. ئېشىپ قالغان پۇلدىن 100 سوم بەرگۈزدۈم. پۈتۈن جەڭچىلىرىمىز بۇ ئىشتىن تېخىمۇ رازى بولۇپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ، ھەممىمىز ماشىنىغا چۈشتۇق، يولداشلارنىڭ روھى ئۈستۈن بولۇپ، ئىلى ئىنقىلابىي ھەرىكىتىگە قاتنىشىمىز دېگەن ئىستەك كۈچلۈك ئىدى. بىز مېڭىش ئالدىدا، شىنجاڭ ۋەزىيىتىدە بىر ئاز ئۆزگىرىش بولدى. ھاۋانىڭ قاتتىق سوغۇقلۇقىدىنمۇ ئالتاي ئۇرۇشى ئۆزلۈكىدىن توختاپ قالدى، ئەمدى گومىنداڭ ھاكىمىيىتى دىققەت ـ ئېتىبارىنى ئىلى قوزغىلاڭچىلىرىغا قارىتىپ، پۈتۈن ھەربىي كۈچىنى غەربىي رايون ئىلى، چۆچەك، شىخو، جىڭ، بورتالا ناھىيىلىرىگە قاراتتى. بىز

شىخوغا 1945 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى كەچ قاراڭغۇدا يېتىپ كېلىپ، شىخو بازار ئىچىدىكى مەمەتئېلىجان ۋە مۇھەممەت «بەندۇزا» دېگەن كىشىلەرنىڭ سارايلىرىغا ئورۇنلاشتۇق.

## شىخو، مايتاغلارنىڭ ئەھۋالى

شىخو غەرب بىلەن شەرقنى، شىمال بىلەن جەنۇبنى باغلاپ تۇرىدىغان .تۆت يول ئاغزى بولۇپ، قاتناشنىڭ مۇھىم تۈگۈنى، شۇنداقلا ھەربىي قوشۇنلار ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك جاي ئىكەن. بۇ يەرنىڭ دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىشلىرى تەڭ تەرەققىي قىلغان، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، ھەر خىل كەسىپلەر، سودا ـ سېتىق، مائارىپ، سەھىيە ئىشلىرىمۇ خېلى تەرەققىي قىلغان جاي ئىكەن، تۆت يول ئۈستى بولغانلىقتىن ھەر يەر ـ ھەر يەرلەردىن كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرىدىغان ئاۋات شەھەر ئىكەن. مايتاغ نېفىتلىكى ئېچىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن بۇ خىل تەرەققىيات تېخىمۇ تېز بولۇپتۇ.

شىخودا شېڭ شىسەينىڭ ۋاقتىدىكى ماتورلاشقان لۈي (بىرىگادا)نىڭ 1 ـ ئاتلىق تۈەنى ئورۇنلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتلىق 2 ـ لىيەنى چۆچەك يولى چېپەيزىدە، يەنە بىر يېرىم ئاتلىق لىيەنى تالقىدا تۇراتتى. گومىنداڭنىڭ 45 ـ شىسىنىڭ بىر پىيادە تۈەنى جىڭدا، يەنە بىر پىيادە تۈەنى غۇلجا ھەرەمباغدا ئىدى. زېنىت پىلىموت (ئايروپىلانغا ئاتىدىغان پىلىموت) يىڭى بىرونېۋىك، تانكا قاتارلىق ماتورلاشقان ئىككى ئەترەت، دۈشمەننىڭ يول، كۆۋرۈكنى پارتلىتىدىغان ۋە كۆۋرۈك ياسايدىغان بىر لىيەن، زامانىۋىلاشقان تېلېفون ـ تېلېگراف ئاپپارات ۋە ماشىنىلىرى بار بىر پەي شىخو ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىغا ئورۇنلاشقانىدى. يەنىسخەي كۆۋرۈكىدە كۆۋرۈك ساقلايدىغان بىر پەي بار ئىدى. ئۇلارنى ئىلى تەرەپكە يۆتكەپ كەتتى. گومىنداڭنىڭ ما-



ناستا يەنە بىر پىيادە ۋە ئاتلىق شىسى بولۇپ، ئۇنىڭدىن بىر ئاتلىق ۋە پىيادىلەر لۈيى كونا ساۋەن، سەندوخوزىدا تۇراتتى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى ھەربىر قىشلاق ـ يېزىلارغا بىر پەيدىن ئورۇنلاشتۇرغانىدى. يۆتكەپ كېلىنگەن بىزنىڭ يىگمۇ مۇشۇ قاتارغا قوشۇلدى. گومىنداڭ قىسىملىرىنىڭ قوماندانلىق شتابى شىخودا بولۇپ، ئۈرۈمچى بىلەن سىمسىز ۋە سىملىق تېلېفون، تېلېگراممىلار بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇراتتى، ئايروپىلان بىلەن كۈندە بېرىپ كېلىپ تۇراتتى. كىچىك ماشىنىلار بولسا ئايىغى ئۈزۈلمەي قاتنايتتى. بىز مايتاغدىن قوزغىلىپ ئىسيان كۆتۈرۈپ چىققۇچىلىك بولغان ئارىلىقتا، گومىنداڭ تېخىمۇ كۆپ ھەربىي كۈچىنى يۆتكەپ كەلگەنىدى. مايتاغدىكى قىسىملار شىخو ئەتراپلىرىنى ئۆمۈچۈكنىڭ تورىدەك ئوراپ تۇرغانىدى. گومىنداڭنىڭ ماناستىن تارتىپ جىڭغىچە بولغان ئارىلىقتا 20 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرىي كۈچى بار ئىدى.

مايتاغ 1935 ـ يىللىرى شېڭ شىسەي سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بىلەن دوست بولغان مەزگىللىرىدە ئېچىلغان بولۇپ، بوروۋوي، ئۇنىڭ جازا ـ ئۈسكۈنىلىرى، ماي ئايرىش زاۋۇتى، ئېلېكتر ئىستانسىسى ۋە باشقا پۈتۈن سايمانلارنى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئالدۇرغانىدى. مايتاغنىڭ ئىنژېنېر ـ تېخنىكلىرىنىڭ كۆپى سوۋېت كىشىلىرى بولۇپ، ئاز ساندىكى زاۋۇت باشلىقى ۋە ئىنژېنېر ـ تېخنىكلار خەنزۇ ۋە مىللىي يولداشلار ئىدى. خەنزۇ يولداشلارنىڭ كۆپچىلىكى خاربىنلىقلار ئىكەن. 1942 ـ يىلى شېڭ شىسەي سوۋېت ھۆكۈمىتى ۋە كومپارتىيىدىن يۈزىنى ئۆرۈپ، ئۆزىنى جياڭ جيېشىنىڭ قوينىغا ئاتتى. شۇ ۋاقىتلاردا، ئۇ جياڭ جيېشىغا ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن، شىنجاڭغا كەلگەن كوممۇنىستلارنى تۇتقۇن قىلىپ تۈرمىلەرگە تاشلىدى ۋە ئۆلتۈردى. شىنجاڭغا ياردەمگە كەلگەن سوۋېتلىك ئىنژېنېر ـ تېخنىكلارنى جۈملىدىن شىخو ـ مايتاغ

نېفىتلىكىگە ياردەم بېرىۋاتقان سوۋېتلىكلەرنىمۇ قوغلاپ چىقارغاندا، ئۇلار بەزى نېفىت كۆپ چىقىدىغان قۇدۇقلارنى پېچەتلەپ تاشلاپ، زاۋۇتنىڭ مۇھىم سايمانلىرىنى ئاچىقىپ كەتتى، بەزىلىرىنى بۇزۇۋەتتى ۋە بەزىلىرىنى يەر تېگىدە قالدۇرۇپ كۆمۈۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن مايتاغ نېفىتلىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن، مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتى بېنزىن، كىرسىن، ئاپتول، سېلىياركا، سالىدور قاتارلىق مايلاردىن ھەر ئېيىغا 30 — 40 توننىمۇ ئىشلەپچىقىرالمايدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالدى.

## مايتاغدىكى قوزغىلاڭ تەييارلىقى

بىز شىخودىكى گومىنداڭ ئارمىيىسى قوماندانلىق شتابىنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتۈپ بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ قالدۇق، گومىنداڭنىڭ شىخودا تۇرغان پىيادە تۇەنىنىڭ قىلىدىغان ئىشى يوق بولغاچقا، ئەسكەرلىرى ئەتىدىن كەچكىچە قىمار ئوينايدىكەن. بۇنىڭ تەسىرى ئىككى لىيەندىكى جەڭچىلىرىمىزگە يۇقۇپ، ئۇلارمۇ ئۆز گازارمىلىرىدا ئوينايدىغان بولۇپ قالدى. ئۆز ۋاقتىدا مىللىي ئەسكەرلەر قىمار ئوينىمايتتى. ئۇلار قىمار ئويناشنى ئۇقمايدىكەن دەپ زاڭلىق قىلغان يىڭجاڭ شا تىڭفاڭ مانا ئەمدى مۇشۇ ئىشنى باھانە قىلىپ، مېنى لىيەن شتابىدىن چاقىرتىپ چىقىپلا قاتتىق ئۇرۇپ كەتتى. ئىككى لىيەندىكى جەڭچى يولداشلارغا قاتتىق تەسىر قىلغان ئوخشايدۇ، ئۇلار دەرغەزەپكە كېلىپ، شۇ كۈنى شۇ ئورۇندىلا قوراللىق قوزغىلىپ چىقىشقا تەييار بولۇپ، مېنىڭ قېشىمغا ئۈچ نەپەر ۋەكىلنى — ئوسمان قارىي، ئابدۇرېھىم مەمەتوف، يولۋاسلارنى كىرگۈزدى. مەن يولداشلارنىڭ قىزغىنلىقىغا قاراپ رەھمەت ئېيتتىم:

— بىز شىخوغا كەلدۇق، — دېدىم ئۇلارغا، — بىزگە قانداق



ۋەزىپىلەر تاپشۇرۇلىدۇ، نېمىلەرگە بۇيرۇيدۇ، يەنە شىخودا تۇرۇپ قالىمىزمۇ ياكى باشقا ئېلى، جىڭ تەرەپلەرگە بۇيرۇمدۇ، ئېنىق ئەمەس. ئېنىق بولغۇچە سەۋر قىلايلى. يولداشلار تا ھازىرغىچە سەۋر - تاقەت قىلىپ كەلدى. بەلكىم بۇ يەردىن ئىلىغا تېخىمۇ يېقىنراق يەرگە بېرىپ قېلىشىمىز مۇمكىن، يەنە بىرئاز سەۋر قىلايلى. جەڭچى يولداشلىرىمىزنىڭ غەيرىتى ۋە قىزغىنلىقىغا رەھمەت، ئۇلارغا تۇرۇپ تۇرۇشنى ئېيتىڭلار، يولداشلارنى يامان كۈنگە قالدۇرۇشنى خالىمايمەن. بىز ئەجدىھانىڭ ئاغزىدىن ساق - سالامەت چىقتۇق. ياخشى كۈنلەر ئالدىمىزدا كېلىۋاتىدۇ. مېنىڭ تېنىمدە جېنىملا بولىدىكەن، يولداشلارنىڭ ماڭا قىلغان غەمخورلۇقى ۋە ھۆرمىتى، ئىشەنچىسىنى ھەرگىز يەردە قويمايمەن. مېنىڭمۇ قېنىم قىزىپ تېشىپ كېتىپ بارىدۇ، ئازابلىنىۋاتىمەن. لېكىن، سەۋر قىلىپ ياخشى پۇرسەتنى كۈتۈۋاتىمەن.

ۋەكىللەر قايتىپ جەڭچىلەرگە مېنىڭ پىكرىمنى يەتكۈزدى. لىيەندە قىمار ئوينىغانلار ھېسابىدىن رەھبەرلىكىدىكى 8 - لىيەننىڭ ئەسكەرلىرى ئىدى. ھېسابىدىنغا رەھبەرلىك ئىشەنگەنلىكتىن ئۇنىڭغا گەپ قىلمىدى. 9 - لىيەنگە ئىشەنمەيتتى، بۇ ناھەقچىلىككە ۋىجدانىم قايىنىسىمۇ يەنە سەۋر قىلدىم.

ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن 9 - لىيەننى ئايرودرومنىڭ مۇھاپىزەتچىلىكىگە ئورۇنلاشتۇردى. ھېسابىدىنغا قاتتىق ئىشەنگەنلىكتىن شا يىڭجاڭ قېشىدا (شىخودا) ئېلىپ قېلىپ، بىز كەتكەندىن كېيىن تۇرمۇش شارائىتى ياخشى مايتاغقا ئورۇنلاشتۇردى. شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بىلەن بىرلىشىپ شىخو - مايتاغ نېفىت كانىنى ئاچقاندا، ئايرودرومنىمۇ ياساپ چىققانىكەن. گومىنداڭ ھاكىمىيىتى ھەربىي قىسىملىرى 1944 - يىلى ئىلى ئۇرۇشى پارتلاپ چىققاندا، مەزكۇر ئايرودرومدىن پايدىلاندى. بۇ يەردە چوڭ - كىچىك 20 دىن ئارتۇق ئىككى قاناتلىق بومباردىمانچى ئايروپىلان بولۇپ، بۇنىڭ

ئىچىدە ئامېرىكىنىڭ ئۇچقۇچى تەربىيىلەيدىغان «ئودۇۋا» مار-
كىلىق ئايروپىلانىدىن تۆت - بەشى بار ئىدى. ئىككى قاناتلىق
بومباردىمانچىلار ئانچە ئۇچمايتتى، بىرە - بىرە ئىككىدىن بې-
رىپ بومبا تاشلاپ تېزدىن قايتىپ كېلەتتى. كۆپرەك ئامېرىكى-
نىڭ «ئودۇۋا» ماركىلىق چاققان ئايروپىلانلىرى ئىلى تەرەپكە
ئۇق - دورا، دوختۇرخانىغا لازىمەتلىك دورا، سايمانلار، يېمەك -
ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، تاماكا قاتارلىقلارنى تاشلاپ قايتات-
تى. بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ئايرودرومنى ۋە ئايروپىلانلارنى پوست
قويۇپ كېچە - كۈندۈز ساقلاش بولغانلىقى ئۈچۈن ئايروپىلانلار
بىر ياققا ئۇچۇشتا ۋە كېلىشتە يېقىن بېرىپ كۆرۈپ تۇراتتۇق،
ئايروپىلانلارغا ماي قاچىلايدىغان، يۈك - تاقلارنى بېسىشىپ بې-
رىدىغان ۋە كەلگەن يۈكلەرنى چۈشۈرۈۋالىدىغانلار ئىچىدە ئىك-
كى نەپەر مىللىي جەڭچىمۇ بار ئىدى. بۇلار شىڭ شىسەي
ۋاقتىلىرىدىن تارتىپ ئايروپىلانغا ماي قاچىلايدىغان ۋە يۈك قا-
چىلاش - چۈشۈرۈش ئىشلىرىنى ئىشلەيدىكەندۇق، هازىرمۇ شۇ
كەسىپتە بولۇپ، بىرىنىڭ ئىسمى روزاخۇن ئىدى، بۇ ئىشچىلار
بىلەن ئوبدان تونۇشۇپ قالدۇق. ئايروپىلانلارنىڭ قەيەرگە ئۇ-
چۇپ، قەيەردىن كەلگەنلىكىنى بۇلاردىن سورايتتۇق، ئۆزلىرىمۇ
مۇهىم گەپلىرى بولسا، گازارمىغا كىرىپ جەڭچىلىرىمىزگە
سۆزلەپ بېرەتتى. بىزنىڭ كۆپرەك ئىلى ۋەقەسىنى ئاڭلىغۇمىز
كېلەتتى. غۇلجا شەهەر ئەتراپلىرى قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن
ئازاد قىلىنىپ گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى ۋە ئەسكەرلەر پەقەت
هەرەمباغ ۋە غۇلجا ئايرودرومىغا قامىلىپ قاپتۇ. هەرەمباغ
قورشاۋدا قاپتۇ. بىركۈنى ئەتىگەن سائەت سەككىزدە بىر ئايرو-
پىلانغا روزاخۇن تېزدىن يۈك قاچىلىدى، بىر هەربىي ئولتۇرۇپ
غۇلجا تەرەپكە كەتتى، كەچقۇرۇن ئايروپىلانىنىڭ ئارقا ئىشكى
ئوچۇقلا قايتىپ كەپتۇ، روزاخۇن ئالدىراپ - تېنەپ بىزنىڭ
لىيەن شتابىغا كىرىپ ئىشكى ئوچۇق ئايروپىلانىنىڭ هېكايىسى-



نى سۆزلەپ بەردى. ئۇ ئىش مۇنداق بولغانىكەن: نەرسىلەرنى
ئېلىپ بارغان ئايروپىلان غۇلجا شەهىرىنىڭ هەرەمباغ قورغانى
ئۈستىگە كەلگەندە ئۇچقۇچى بىرگە بارغان كىشىگە يۈك بىلەن
يەشىكلەرنى تاشلاڭ دەپ بۇيرۇق بېرىپتۇ. يۈك چۈشۈرگۈچى
كىشى ئىشىكنى ئېچىپ، يەشىكلەرنى ئايروپىلان ئىشىكىدىن
پۇتى بىلەن تېپىپ يەرگە چۈشۈرۈپتۇ، بىر يەشىكنىڭ مىخى ئا-
يىغىنى ئىلىۋالدىمۇ ياكى يەشىكنىڭ بىرەر يېرىگە پۇتى كىرىپ
قالدىمۇ، ئۇنى يۈك سۆرەپ مېڭىپتۇ. ئالدىراپ كېتىپ دۈمبى-
سىدىكى پاراشۇتنىڭ يىپىنى تارتىپ تاشلىغانلىقتىن پاراشۇت
بالدۇر ئېچىلىپ كېتىپ، پاراشۇت ئايروپىلانىنىڭ ئارقا چاقىغا
ئىلىنىپ قاپتۇ، بۇ ئادەم بىر مەزگىل ئايروپىلانىنىڭ قۇيرۇقىغا
باراڭلىقتىكى قاپاقتەك ئېسىلىپ تۇرۇپ، ئاخىر پاراشۇت يىر-
تىلىپ كەتكەندىن كېيىن چۈشۈپ كېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ،
بىر ئادەم زىيان تارتىپ ئىلىدىن ئايروپىلانىنىڭ ئىشكى ئوچۇق
قايتىپ كەپتۇ. بۇ ئايروپىلان ۋەقەسىدىن كېيىن بىرنەچچە
كۈنگىچە ئىلى رايونىغا ئايروپىلان ئەۋەتىلمىدى. تۆت - بەش
كۈندىن كېيىن ئىككى ئايروپىلان يۈك قاچىلاپ غۇلجىغا بېرىپ
كەچقۇرۇن قايتىپ كەلدى.

تۇرمىدىن يېڭى چىققاچقا تېنىم ئاجىزمۇ، ئىشقىلىپ، ماڭا
سوغۇق ئۆتۈپ زۇكام بولۇپ قالدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋە شىخودا
شا تىڭفاڭنىڭ تىل - تايىقىنىڭ زەربىسىدىن روهىي هالىتىم
ياخشى ئەمەس ئىدى. دوختۇرغا بارماي بولمىدى، شۇ پۇرسەت
بىلەن مايتاغقا بېرىپ دوختۇرغا كۆرۈنگەچ، 8 - لىيەندىكى
يولداشلار بىلەن ئەھۋاللارنى مۇزاكىرە قىلىش ئۈچۈن ماڭدىم.
مەن 9 - لىيەندىكى هوشۇر ناۋاي ئىشەنچلىك بولغاچقا بىللە ئې-
لىۋالدىم. بەزى يولداشلارنىڭ ياردەم قىلىشى بىلەن مايتاغدىكى
ئىشچى - خىزمەتچىلەر دوختۇرخانىسىدا سىدىقئاخۇن دوختۇر،
ئايالى خەلىچىخانلار بىلەن كۆرۈشتۇم. دوختۇرخانا باشلىقى ئاب-

دۇرپھىم مەمەتوف شىنجاڭدا شىپاڭ شىسەي زامانىدا يېتىشىپ
چىققان بىرىنچى ئەۋلاد دوختۇرلاردىن ئىكەن. بۇ دوختۇر مېنى
ياخشى تەكشۈرۈپ بالىنىتسىدا يېتىشىمنى تاپىلىدى. مەن ئال-
دىراش، ۋەزىپەم بار دەپ ياتمىدىم. شۇ ئارىدا ھېسامىدىنمۇ يې-
تىپ كېلىپتۇ. سىدىق دوختۇر دورىلارنى بەردى ھەم ھېسامى-
دىنغا سوپى لېيەنجاڭنىڭ كېسىلى خېلى بار، بەك جاپا تارتقان
كىشىكەن دەپتۇ، كېيىن ئۇلار بىلەن ياخشى تونۇشۇپ قالدۇق.
مايتاغدا ئۈچ - تۆت كۈن تۇرۇپ 8 - لېيەندىكى يولداشلارغا ئاي-
رىودرومدىن ئەكەلگەن خەۋەرلەرنى يەتكۈزدۈم. ئابلەت داۋۇت،
خېلىل كىچىك، سۇلتان مامۇت، ئىدرىس قۇربانلار بىلەن كۆ-
رۈشۈپ ئىشلىرىمىزنى مۇزاكىرە قىلىشتۇق، ئابلەت داۋۇت:

— 8 - لېيەندىكى يولداشلارنىڭ ئاز ساندىكىلىرى ھېسامى-
دىننى ياقلايدۇ. قالغان كۆپچىلىك بىز بىلەن بىرگە ھەرىكەت
قىلىدىغان پىكىردىكىلەر، — دەپ دوكلات قىلدى. بۇنىڭغا قارى-
غاندا، ئىلغار كۈچلەر كۆپىيىپ قالغانلىقى مەلۇم بولدى.

— بىز بۇرۇنمۇ سەۋر قىلغان، يەنە ھازىرمۇ سەۋر قىلايلى.
ھازىر قىش كېتەي دەپ قالدى، 9 - لېيەنىمۇ مايتاغقا يۆتكەپ
كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ، ئەگەر كېلىپ قالساق، ئىككى لېيەندىكى
يولداشلار بىلەن بامەسلىھەت ئىش قىلارمىز، — دېدىم. مەسلى-
ھەتلىشىپ شىخودا تەشۋىقاتنى كۈچەيتىپ بىزگە قوشۇلىدى-
غانلارنى كۆپەيتىپ ئۇرۇمچى بىلەن ئىلى يولىنى ئۈزۈپ تاشلاي-
دىغان، ئىلى تەرەپكە ۋەكىل ئەۋەتىپ ئىلى ئىنقىلابى رەھبەر-
لىك ئورۇنلىرىدىن ياردەم سورايدىغان بولدۇق. ئەگەر ئۇرۇش
بولۇپ قالسا، مايتاغنىڭ جەنۇبىدىكى تاغ باغرىلىرىدىن پايدىلى-
نىدىغان، يەنىسخەي كۆۋرۈكىنى ساقلاۋاتقان 8 - لېيەننىڭ بىر
بەنىگە مەن ئالاقچى ئەۋەتىدىغان بولدۇم. 8 - لېيەنگە ئابلەتنى
ۋاقىتلىق مەسئۇل قىلىپ بېكىتتۇق. مايتاغدا تۆت كۈن تۇرۇپلا
قايتىپ كېلىپ 9 - لېيەندىكى يولداشلارغا بارلىق ئەھۋاللاردىن



خەۋەر بەردىم. مايتاغدىكى ئىشچىلارنىڭمۇ بىزنىڭ ھەرىكىتى-
مىزگە قاتنىشىشنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتتىم. مەن مايتاغقا
كەتكەنىنىڭ ئەتىسى دېگەندەك شا يىڭجاڭ ماشىنا بىلەن چىقىپ
بىزنىڭ 9 - لېيەننى كونترول قىلىپ بىر سوتكىدىن كۆپرەك
تۇرۇپ، مەن مايتاغدىن قايتىپ كېلىدىغان كۈنى شىخوغا قايتىپ
كېتىپتۇ. كەچقۇرۇن لېيەنگە كەلسەم جەڭچىلەر شۇنداق خۇش
بولۇشتى. مۇئاۋىن پەيجاڭ ھاجى سالام: «سوپى لېيەنجاڭنى ماي-
تاغدا يەنە قولغا ئېلىپ كەتكەن ئوخشايدۇ، بولمىسا بىزنىڭ
لېيەنگە شا تىڭفاڭ ھەرگىز كەلمەيتتى، دەپ بەكمۇ ئەندىشىدە
قالغانىدۇق» دېدى.

مەن قايتىپ كېلىپ ئىككى كۈندىن كېيىن ئابلەت ھاكى
قۇربانغا ئىشىنىپ، بەزى ئىشلاردىن خەۋەردار قىلىش ئۈچۈن
سۇلتان مامۇتنى ئۇنىڭ يېنىغا كىرگۈزۈپتۇ. ھاكى قۇربان
ئۇزاقتىن بېرى 8 -، 9 - لېيەنلەردىكى يولداشلارنىڭ قىلىپ
يۈرگەن ھەرىكەتلىرىنى بىلەتتى. ئۇ سۇلتان مامۇتقا پوزىتسىيە
بىلدۈرۈپ: «مەنمۇ قوشۇلىمەن، مەن شىخودا بىكار ياتمىدىم،
شىخو ياشلىرىنى تەييارلىدىم، يەنىمۇ كۆپرەك توپلايمەن،
يولداشلار ئالدىراپ كەتمىسۇن، بۇ ئىشنى باشلىساق، قار -
دالىدا ئۇرۇش قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، جەڭچىلەرنىڭ كىيىمى
يېلىڭ، سوغۇقتىن ئالدىراپ قالمىز» دەپتۇ. سۇلتان مامۇتنى-
مۇ قاتناشتۇرۇپ 9 - لېيەندىكى يولداشلار بىلەن ھاكى قۇرباد-
نىڭ پىكرىنى بىرلىكتە مۇزاكىرە قىلدۇق. ئۇنىڭ سوغۇقتا
ئالدىراپ قالمىز دېگىنى راست، ئەمما شىخودا ياشلارنى تەي-
يارلاۋاتىمەن دېگەن سۆزلىرى ئىشەنچسىز، ئەمەلىيەتتە بىرەر
ياشنىڭ بىزنىڭ ھەرىكىتىمىزگە قوشۇلىدىغانلىق ئىپادىسى
كۆرۈلمىدى. شۇنىڭغا قارىغاندا، تۇرۇپ تۇرۇڭلار، ئالدىرىماڭلار
دېگەن سۆزلەرنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى بارمۇ، قانداق، دەپ قاتتىق
گۇمان قىلىشتۇق. سۇلتان مامۇتنى يەنە مايتاغقا قايتىپ بې-

رىپ، ئابلەھەت داۋۇتلار بىلەن كۆرۈشۈپ، ھاكىنىڭ سۆزىنى
يەتكۈزۈشنى، بىزنىڭ مايتاغدا ئۆتكۈزگەن سۆھبەتتە كېلىشكەن
ئىشلارنى ۋاقتىنچە توختىتىپ تۇرۇشنى، ئايرىم ئەھۋال بولىد-
غان بولسا دەرھال خەۋەرلىشىدىغانلىقىمىزنى ئېيتتۇق. بىرەر
ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ئابدۇرېھىم مەمەتوف بۇ ئىشنىڭ كې-
چىكىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ مېنىڭ قېشىمغا يەنە كەلدى.
مەن ھاكى قۇرباننىڭ سۆزلىرىنى ئابدۇرېھىم مەمەتوفقا ئېيت-
تىم، ھاكى قۇربان شىخودا ياشلارنى تەييارلىسا، ئادەم كۆپ
بولسا تېخىمۇ ياخشى ئەمەسمۇ، بەلكىم شىخونى، مايتاغنى ئىن-
قىلابىي بازا قىلىپ، ئۇرۇشنى مۇشۇ يەردىن باشلىساقمۇ بولىدۇ
ئەمەسمۇ، دېدىم. ئابدۇرېھىم مەمەتوف «ئۇزاق تۇرۇۋەرسەك، كې-
يىن يامان ئەھۋالغا قالىمىزمىكىن، قېنى كۆرەرمىز» دەپ ئۈز
بەنگە كەتتى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، 1945 - يىلى 3 -
ئاينىڭ 4 - كۈنى تۈندە لېيەن شتابىنىڭ ئالدىدا تۇرغان پوست
ئابدۇرېھىم بەنجاڭلارنىڭ ئاقئۆيىگە ئوت كەتتى دەپ خەۋەر قىل-
دى. ئابدۇرېھىم مەمەتوف ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى سەككىز نە-
پەر يولداشنى باشلاپ قوراللىق چىقىپ كېتىپ مېڭىشتا ئوتنى
ئۆچۈرمەي ماڭغانلىقتىن ئوت كېڭىيىپ كىگىز ئۆيگە تۇتىشىپ
كېتىپتۇ. مەن سائىتىمگە قارىسام، سائەت 11 بولۇپتۇ. شۇ
زامات لېيەندىن ھوشۇر موللا، ھاجى ئىسلام، ئوسمان قارىي، ئەمەت
ئەيسا، تۇراپ ئوسمانلارنى چاقىرىپ، جىددىي يىغىن ئېچىپ:
— بۈگۈن تۈندە ئابدۇرېھىم مەمەتوف ئالدىراڭغۇلۇق قىلىپ،
باشقا يولداشلارنىڭ ھايات - ماماتىنى ئويلىماستىنلا كېتىپ
قاپتۇ، مۇشۇ ئەھۋالنى يىڭجاڭ شا تىڭفاڭ ئاڭلاپ قالسا، شۇ با-
ھانە بىلەن بىزنى نابۇت قىلىۋېتىشى مۇمكىن. بۇنىڭ بىلەن
قوراللىق كۈچىمىز پارچىلىنىپ ۋەيران بولۇپ كېتىمىز، —
دەپ ئوچۇق ئېيتتىم - دە، ئابدۇرەھىم مەمەتوفنى ئىزدەپ ئۇنى
تۇتۇشقا ماڭدىم.



# مېنىڭ ئابدۇرېھىم مەمەتوفنى ئىزدەپ يولغا چىقىشىم ۋە يەنسخەي كۆۋرۈكىدىن يەنە قايتىپ كېلىشىم

مەن يولداشلارغا:
— ئابدۇرېھىم مەمەتوفلارنى ئىزدەپ تېپىپ قايتىپ كېلى-
مەن. مەن قايتىپ كەلگۈچە ھەرىكەت قىلماڭلار، — دەپ بۇيرۇق
قىلدىم.
بىز ئون نەپەر يولداش شىخو ئايرودرومىدىن كۈيتۈڭ كۆۋرۈك
بازىرىغا باردۇق. سارايغا چۈشكەن مېھمانلاردىن ئابدۇرېھىم مە-
مەتوفنى سورىساق، ھېچكىم بىلمەيدۇ. بىز ئۇ يەردىن يەنسخەي
كۆۋرۈكىگە باردۇق. بۇ كۆۋرۈكنى ھېسامىدىنغا قاراشلىق 8 -
لىيەننىڭ تۇرپانلىق پەيجاڭى رەھمىتۇللا ساقلايتتى. رەھمىتۇللا-
نىڭ قول ئاستىدا 25 نەپەر قوراللىق جەڭچى بار ئىدى. ئۇلار
بىزنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، ھۇررا دەپ توۋلاشتى.
ئۇلارغا بىزنىڭ قوزغىلاڭ قىلىدىغانلىقىمىزنى خەۋەر قىلغان-
دۇق. مەن ئاتتىن چۈشۈپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشتۈم:
— بىز ھازىر تېخى قوزغىلىپ چىقمىدۇق، — دېدىم ئۇلار-
غا، — ئالدى بىلەن سىلەرنىڭ پىكىرىڭلارنى ئالغىلى كەلدۇق.
3 - ئاينىڭ 10 - كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدە
شىخو تەرەپتىن بىر ماشىنا كېلىۋاتىدۇ، دەپ خەۋەر كەلدى. مەن
كۆۋرۈك قېشىدىكى ئېگىز دۆڭگە چىقىپ دۇربۇن بىلەن قارى-
سام، ماشىنىدىكى ئادەملەر بىزنىڭ كىيىمىمىزگە ئوخشاش
ھەربىي كىيىم كىيگەن گومىنداڭ ئەسكەرلىرىدەك كۆرۈندى.
ماشىنا 500 مېتىر ئارىلىقتا كەلگەندە، ئادەملەر ماشىنىدىن
چۈشۈپ، بىزگە قاراپ مۇداپىئەلىنىپ يەرگە ياتتى. بىر ئوفىت-
سېر ئۈچ - تۆت ئادىمى بىلەن بىزگە قاراپ كېلىۋاتىدۇ. سەپ-

سىلىپ قارىسام ھېسامىدىن لېيەنجاڭ ئىكەن. ئۇلار مايىتاغدىن 20دەك ئەسكەر بىلەن كەلگەنىكەن. ھېسامىدىن ئېزىز قاسىمنى مۇھاپىزەتچى قىلىپ 300 مېتىر ئىلگىرىلەپ كەلدى، يەنە 150 مېتىر ئىلگىرىلەپ يېقىنلىشىپ گەپ قىلمىدى. قارىسام، پەيلى يامانىدەك قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قورال كۈچىمۇ خېلى كۈچلۈك بولۇپ، قولىدا مىلتىقتىن باشقا ئىككى دانە قول پىلىموت، ئىككى دانە گراناتامىيوت بار ئىكەن. مەن پەيجاڭغا ئەسكەرلەرنى ھەربىي ھالەتتە تۇرغۇزۇشقا بۇيرۇق بەردىم. جەڭچىلەر پىلىموت، مىلتىقلىرى بىلەن مۇداپىئەلىنىپ تۇردى. ھېسامىدىن بىزنىڭ پوزىتسىيىمىزدىن قورقۇپ، زۇۋانغا كەلدى.

— ئاتماڭلار! گېپىم بار، سوپاخۇن، سەن ئورنۇڭدىن تۇرساڭ مەن بارىمەن.

مەن ئاكوپتىن تۇردۇم. ھېسامىدىن 50 مېتىر يېقىن كېلىپ:

— ئاداش، سەن پەيلىڭدىن قايتساڭ، مېنى يىڭجاڭ شا تىڭفاڭ بىلەن مۇئاۋىن يىڭجاڭ ھاكى ئەۋەتتى. قايتمىساڭ بولمايدۇ. قايتمىساڭ سېنىڭ 9 ـ لېيەنىڭنى پۈتۈنلەي تۈرمىگە ئالىدىكەن، — دېدى. بۇ گەپ ماڭا ناھايىتى قاتتىق تۇيۇلدى. ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ، نېمىشقا بىزنى سولايدىكەن، دەپ سورىمىدىم. چۈنكى مەن ئۇلارغا خەۋەر قىلمايلا ماڭغىنىمدىن ئۇلارنىڭ گۇمانلىنىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى.

9 ـ لېيەندىكى بارلىق جەڭچىلەرنى قاماققا ئېلىش ئاسان ئىش ئەمەس. قورااللارنى يىغىۋېلىشى مۇمكىن. لېكىن جىگەرلىك جەڭچىلەر قارشىلىق قىلىپ قورال كۈچى ئىشلەتسە، سوقۇشۇپ، قان تۆكۈلسە، ئۇزاق يىللار ئاكا ـ ئۇكا قېرىنداشلاردەك بىللە ئۆتكەن سەپداشلىرىم نابۇت بولۇپ كەتسە بولمايدىغانلىقىنى ئويلىدىم. مەن بۇ نىيىتىمنى كۆۋرۈكنى ساقلىغۇچى پەيدىكى جەڭچىلەرگە چۈشەندۈردۇم. كۆپچىلىك ئۈچۈن «ئۆلۈم جازاسى»نى ئۆز ئۈستۈمگە ئېلىپ، ھېسامىدىن ئولتۇرۇپ بارغان



ماشىنىغا چىقىپ شىخو ئايرودرومىغا قايتىپ كەلدىم. مەن بىلەن بارغان ئۈچ نەپەر يولداش مېنى مۇھاپىزەت قىلىپ بىللە ماڭدى. شوپۇر ئىدرىس يولدا كېتىۋېتىپ مېنىڭ بىلەن تونۇشۇپ مېنىڭ ئىش ئىزلىرىم توغرۇلۇق ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلىدى ۋە ھېسامىدىننىڭ شىخودىكى يىڭ شتابىدا: «سۇ لېيەنجاڭنى چوقۇم قايتۇرۇپ كېلىمەن» دەپ ۋەدە بەرگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى.

كەچقۇرۇن ئايرودرومغا قايتىپ كەلسەم، يولداشلار:

— نېمىشقا قايتىپ كەلدىڭىز؟ كەلمىسىڭىز بولاتتى. سىز چىقىپ كەتكەن كۈنى پەيجاڭ ئابدۇراخمان① لېيەنجاڭ سوپاخۇن ئون ئادەم بىلەن قوراللىق قېچىپ كەتتى دەپ، شىخودىكى يىڭ شتابىغا تېلېفون بەردى. يىڭجاڭ شا تىڭفاڭ ئابدۇراخماننىڭ تېلېفونىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ھېسامىدىننى سىزنى تۇتۇپ قاماققا ئېلىشقا ئەۋەتكەن، بىز ئاڭلاپ بەك ئەندىشە قىلدۇق، —

دېدى.

ئۇلار ماڭا يەنە يىراق ـ يېقىنغا بارماسلىقىمنى، قاتتىق ئېھتىيات قىلىشىمنى، ئوبۇلقاسىم توختى، ئەمەت ئەيسا، تۇراق ئوسمانلارنى كەينىمگە مەخپىي قويغانلىقىنى ئېيتتى.

3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى بىز تۇرغان ئايرودرومغا بىر لېيەن خىل قوراللانغان خەنزۇ ئەسكەرنى يۆتكەپ كېلىپ، ھاۋا مۇداپىئەسىنى كۈچەيتتى. ئىلى ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىرى ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ، ۋەزىيەت جىددىيلىشىپ، ئىلى تەرەپكە ئايروپىلان ئۇچمايدىغان بولدى. ئايروپىلانلارنى ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كەتتى. شۇ كۈنلەردە روزىئاخۇن دېگەن كىشىمۇ ئۈرۈمچىگە ماڭماقچى بولۇپ، مېنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ غۇلجا خەۋەرلىرىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ دېيىشىگە قارىغاندا، غۇلجا ئېلىنىپ

① ئابدۇراخمان شايارلىق، 1937 ـ يىلى خوتەندە ما خۇسەنگە پىدائىي ئەسكەرلىككە تۇتۇلغان. ما خۇسەنگە قارشى ئۇرۇشتا بىز ئابدۇراخماننى ئەسىر ئېلىپ، ئۈرۈمچىگە ئەكېلىپ، تەربىيىلەپ، 9 ـ لېيەندە پەيجاڭ قىلغانىدۇق.

بوپتۇ. ياشلارنى ئەسكەرلىككە ئېلىۋېتىپتۇ... مەن ئىنقىلاب خەۋەرلىرىنى ئاڭلاپ خۇشال بولدۇم.

4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى شىخودىن ئالاقە چىقتى. مەزمۇنى: سۇ ليەنجاڭ 9 - ليەننى ئېلىپ مايتاغقا يۆتكەلسۇن. ئايرودرومنى ساقلاش خىزمىتىنى لى ليەنجاڭغا تاپشۇرۇپ بەرسۇن، دېگەن بۇيرۇق ئىكەن. بۇيرۇقنى ئېلىش بىلەن بەك خۇش بولۇپ كەتتىم. چۈنكى مايتاغقا بارساق ئىككى ليەن بىرگە بولىمىز ئەمەسمۇ؟ بۇ تېخىمۇ ياخشى پۇرسەت بولدى. بىز 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى كېچىدە يولغا چىقتۇق. شۇ كېچىسى روزى چولاق قاتارلىق ئىككى نەپەر جەڭچىمىز مايتاغقا كېتىۋاتقاندا قېچىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئۇرۇمچىدە خوتۇن - بالىلىرى بار ئىدى. ئۇلار ئۇرۇمچىگە بېرىپ مۇھاپىزەتچى تۈەننىڭ تۈەنجاڭىغا «سوپى ليەنجاڭ قېچىشقا تەييارلىنىپ بولدى» دەپ مەلۇم قىلغانلىقىنى خۇيزۇ جەڭچىمىز ئىبراھىمئاخۇندىن ئاڭلىدۇق. بىز مايتاغقا قاراپ كېتىۋاتىمىز، قار يېغىپ ھاۋا سوغۇق بولغاچقا يۈك - تاق، ھەربىي قوراللىرىمىزنى يۈدۈپ مېڭىش جاپالىق ئىدى. يولدا ئۇرۇمچىدىن شىخوغا كېلىۋاتقان ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن دادوجى ئاپتوموبىللار ئۇچرىدى. ماشىنىلاردا گومىنداڭنىڭ قوراللىق ئەسكەرلىرى لىپمۇلىق ئولتۇرغانىدى. بىزنىڭ جەڭچىلىرىمىز يول ياقىسىدا دەم ئېلىپ تاماكا چېكىشىپ ئولتۇراتتى، ئۇلار ھەربىي ماشىنىلارنى كۆرۈپ غۇلغۇلا قىلىشتى:

— ئىلى قەھرىمانلىرى گومىنداڭ مەلئۇنلىرىنى كۆپلەپ يوقىتىۋاتسا كېرەك، بولمىسا بۇ ئەسكەرلەر شۇنچە كۆپ، شۇنچە تېز ماڭامدۇ. بۇ مەلئۇنلار ئىلىغا بېرىپ دەككىسىنى يېسە تېخىمۇ تېز قېچىپ كېلىدۇ.

— گومىنداڭنىڭ شوپۇرىنى ئېتىۋېتىدىغان بولسام، ماشىنىسى ئېرىققا موللاق ئېتىپ چۈشەتتى، — دېدى يەنە بىر جەڭچى. مەن بۇ جەڭچىلەرنى چاتاق تېرىپ قويمىسۇن دەپ دەرھال



يولغا چىقىشقا بۇيرۇق بەردىم. 14 كىلومېتىر يولنى پىيادە مېڭىپ كەچ سائەت ئونلاردا مايتاغقا يېتىپ باردۇق. مايتاغ شەھىرىنى ئېلېكتىر چىراغلىرى كۈندۈزدەك يورۇتقانىدى. بىزنىڭ 9 - ليەن مايتاغ نېفىتلىكى شىمالىي گىلتاغ ئېتىكىدىكى گازارمىغا ئورۇنلاشتى. گازارمىنىڭ ئۆي - ئىمارەتلىرى ئاستى - ئۈستى تاختايلىق ئىكەن. گازارما ئۇدۇلىدىكى سايدا نېفىت بوروۋويلىرى جايلاشقان بولۇپ، مىللىي ئىشچىلار ئاشخانىسى بار ئىكەن. جەڭچىلىرىمىز ياخشى تۇرمۇش شارائىتىغا ئېرىشىپ، خاتىرجەم بولدى. مايتاغنىڭ ئەسلىي ئىسمىنى بىلىدىغانلار «گىلتاغ» دەيدۇ. گىلتاغدا دەل - دەرەخ، ئوت - چۆپ ئۈنمەيدۇ. چۈنكى نېفىت يەر ئۈستىگە تەپچىپ چىقىپ تاغ تۇپرىقىنى ماي قىلىۋەتكەن. بۇ تاغ بەزىدە قارا رەڭ، بەزىدە قوڭۇر رەڭ كۆرۈنەتتى. شۇڭا، مايتاغ ياكى گىلتاغ دەپ ئاتالغان. مايتاغ تۈپتۈز يەردە چوقچىيىپ چىققان 600 مېتىر ئېگىز تاغ بولۇپ، جەڭچىلىرىمىز بۇ تاغ ئۈستىگە ياغاچ، تاش، كېسەك سۇ ئاچىقىپ، مەخسۇس پوتەي سېلىپ، پوتەيگە «گېنېرالنى پوتەي» دەپ نام بەرگەن. بۇ پوتەينى جەڭچىلىرىمىز كېچە - كۈندۈز ھەربىي ھالەتتە تۇرۇپ ساقلايتتى.

4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى مەلۇم تۈەننىڭ تۈەنجاڭى چېڭ ئۈرۈمچىدىن ئايروپىلان بىلەن كېلىپ، مايتاغدا ليەنجاڭلارنى چاقىرىپ تونۇشۇپ سۆھبەت ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ليەنجاڭلارغا 1000 يۈەندىن، پەيجاڭلارغا 500 يۈەندىن پۇل بەردى. ئەتىسى چېڭ تۈەنجاڭ مېنى چاقىرىپ سۆھبەتلەشتى. مۇئاۋىن يىڭجاڭ ھاكى قۇربان تەرجىمان بولدى. چېڭ تۈەنجاڭ ماڭا:

— سەن قاچماقچى بولۇپسەن، 8 - ليەننىڭ ليەنجاڭى ھېسامىدىن سېنى قايتۇرۇپ كەپتۇ، ئەگەر يەنە قاچىدىغان بولساڭ، جازاغا تارتىلىسەن، ئېتىلىپ كېتىسەن، — دەپ پوپوزا قىلدى. مەن ئۇنىڭ ھاقارەتلىك سۆزلىرىگە چىداپ تۇرالمىدىم:

— سىلەر مېنى قېچىشقا ئۆزۈڭلار مەجبۇر قىلدىڭلار، ھە دېگەندە قورالسىزلاندۇرۇپ قامىدىڭلار، ھاقارەتلىدىڭلار، ئەمدى جېنىمدىن جاق تويدۇم. سەن مېنى ئون كۈن ئىچىدە تېزدىن يۆتكىمىسەڭ، ئۆزۈم قېچىپ كېتىمەن ياكى ئەسكەرلىرىم بىلەن قېچىپ كېتىمەن، — دېدىم قەتئىي قىلىپ.

— سەن ئۇنداق قىلساڭ ۋەتەن خائىنى بولىسەن، دۆلەت ساڭا ئۆلۈم جازاسى بېرىدۇ. ئىلى قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ تايىنى يوق نېمىلەر. ئاز كۈندىلا يوقىتىلىدۇ. بىز بولساق گومىنداڭ دۆلەت ئارمىيىسى، بىلەمسەن! — دېدى ۋارقىراپ.

— سېنىڭ پوپوزاڭدىن قورقۇپ قالمايمەن، — دېدىم مەن، ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ.

چېڭ تۈەنجاڭ مېنى سوراق قىلىۋاتقاندا 9 - لىيەندىكى جەڭچىلەر يىڭ شتابى ئالدىغا تارقاق ھالدا قوراللىق كېلىپ ئۇ ياق - بۇ ياقلارغا ئۆتۈپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ بىرئاز ياۋاشلىشىپ، مېنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئىككىنچى كۈنى مېنى مايتاغ ساقچى ئىدارىسىگە ئېلىپ بېرىپ، سوراق قىلدى. مەن چېڭ تۈەنجاڭ، شۆبە ساقچى ئىدارىسى باشلىقى ۋە بىرنەچچە مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ پوپوزىسىدىن قورقمىدىم، قاچىمەن دېگەن سۆزۈمدىن يانمىدىم. ئۇلار ماڭا قاتتىق - يۇمشاق ۋاستىلەرنى قوللاندى. سولاققا سولىدى، ئۇرۇپ تەن جازاسى بەردى. ئاخىر چوڭراق چاتاق چىقىشىدىن ئەنسىرىدى بولغاي ھاكى قۇربان ئارقىلىق خىزمەت ئىشلەپ، زىياپەتكە چىللىدى. ئايالىم تۇخانغا تېلېفون بېرىپ، ئۇنى مايتاغقا ئەكېلىدىغان بولدى. ئۇلار مېنى خوتۇنى بىلەن بىللە بولسا، قاچالمايدۇ دەپ ئويلىدى. ئەمەلىيەتتە، خوتۇنۇمنى بىللە ئېلىپ قېچىشقا پۇرسەت يارىتىپ بەردى. داۋالىنىشىمغا 500 يۈەن پۇل بەردى. بۇمۇ قېچىشىمغا يول راسخوتى بەرگەنلىك ئىدى. لېكىن ھاۋانىڭ قاتتىق سوغۇق بولۇشى قېچىشىمغا بولۇۋاتقان ئەڭ چوڭ توسالغۇ ئىدى.



4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى چېڭ تۈەنجاڭ ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە كەتتى. يولدىشىم تۇخان 4 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئۈرۈمچىدىن ماشىنا بىلەن مايتاغقا كەلدى. تۇخانىنىڭ ئېيتىشىچە، تۈەن شتابىدىكىلەر تۇخانغا «ئېرىڭنى قېچىش نىيىتىدىن ياندۇر» دەپ تاپشۇرۇپتۇ. «سۇ لىيەنجاڭنىڭ قاچماقچى بولۇشىغا يىڭجاڭ شا تىڭفاڭ سەۋەبچى بولغان. گۇچۇڭدىكى چاغدا ئۇ، سۇ لىيەنجاڭنى قولغا ئېلىپ بىگۇناھ قامىغان. شىخودا جەڭچىلەر ئارىسىدا سۇ لىيەنجاڭنى ئۇرۇپ، كېسەلمەن قىلىپ قويغان. بۇ مەسىلىلەر سۇ لىيەنجاڭنىڭ ئۆچمەنلىكىنى قوزغاپ قاچماقچى بولغان» دەپتۇ. تۇخانمۇ بوش كەلمەستىن يىڭ شتابىدىكىلەر بىلەن قاتتىق دېيىشكەن. ئۇلار ئاخىردا تۇخانغا: «خاپا بولماڭ، شا تىڭفاڭنى مايتاغدىن يۆتكەپ كېتىمىز. ئۇنىڭ ئورنىغا سۇ لىيەنجاڭنى يىڭجاڭ قىلىمىز» دەپتۇ.

مورى ئۇرۇشىدا ياردار بولغان ئەبەيدۇللاخان داۋالىنىپ ساقىيىپ، ئابلىز پەيجاڭ، تۇخانلار بىلەن بىللە مايتاغقا كەلدى.

مەن 4 - ئاينىڭ 19 - كۈنى لىيەن شتابىدا زىياپەت ئۆتكۈزدۇم؛ زىياپەتكە ھاكى قۇربان، ھېسامىدىن، ئابدۇراخمان قاتارلىقلارنىمۇ چاقىردىم. زىياپەت باشلىنىشى بىلەن ئىلى ئىنقىلابىنىڭ ۋەزىيىتىدىن ئاڭلىغان خەۋەرلەرنى سۆزلەپ، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ئىلىغا ئۆتۈپ كېتىشنى ئوتتۇرىغا قويدۇم:

— ئىلى ئىنقىلابى غەلىبە قىلىپ، ئىنقىلابىي قوشۇن كەڭسايغا يېتىپ كېلىپتۇ، — دېدىم مەن ئۇلارغا، — بىزنىڭمۇ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە شەرت - شارائىت پىشىپ يەتتى. بىز ھازىر ئىلىغا يېقىن مايتاغدا تۇرۇۋاتىمىز. 8 - ، 9 - لىيەنلىرىدىمىز مۇنتىزىم تەربىيە كۆرگەن، ئۇرۇشلارغا قاتنىشىپ چېنىققان تەجرىبىلىك، ئىنتىزامچانلىقى كۈچلۈك لىيەنلەر. ئۇلار گومىنداڭغا قارشى تۇرۇش، ئىلى ئىنقىلابىنى قوللاش ئاڭ - سەۋىيىسىگە ئىگە. ئۇلار بىز كوماندىرلارنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلايدۇ.

ھازىر ھاۋامۇ ئىسسىپ قالدى. پىكىردە بىرلىككە كېلىپ، پىلان تۈزۈپ، تەييارلىق قىلىپ قوزغالساق، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىمىز. ھاكى قۇربان ئىككى لىيەنگە رەھبەرلىك قىلسا، مەن، ھېسامىدىن ئۆز لىيەنلىرىمىزگە رەھبەرلىك قىلساق قانداق، قوشۇلامسىلەر؟

ھاكى قۇربان قارشى پىكىردە بولمىغان بولسىمۇ، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنىڭ ۋاقتىنى كېيىنگە سۈرەيدىغان پىكىرنى بەردى:

— ئۇرۇش تېز يېقىنلاپ كېلىۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ، — ئۇنىڭغا تېخىمۇ يېقىنلىشىپ، شىخوغا ھەتتا جىڭغا يېتىپ كەلسۇن، ئاندىن بىز ھۇجۇمغا ئۆتۈپ ئىلى ئىنقىلابچىلىرى بىلەن بىرلىشەيلى.

— قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ۋاقتىنى ئارقىغا سۈرۈشكە بولمايدۇ، — دېدىم مەن، — قوزغالمىساق، ئىلى ئىنقىلابىغا مەدەت بېرىش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويىمىز. ئىلى ئىنقىلابچىلىرى ئالدىمىزغا يېتىپ كەلگەندە ئۇلارغا قوشۇلساق، ئۇلار نېمىشقا بۇرۇنراق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ئىلىغا ئۆتمىدىڭلار دېسە، بىزگە سەتچىلىك بولمامدۇ؟

ھاكى قۇربان بىلەن ھېسامىدىنلار مېنىڭ مەسلىھىتىمنى قوبۇل قىلالمىدى. ھېسامىدىن، بىزنىڭ كۈچىمىز ئاجىز، دۆلەت ئارمىيىسى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشىمىزگە يول قويمايدۇ. مەغلۇپ بولىمىز دەپ قارشىلىق بىلدۈردى. مەن ھاكى بىلەن ھېسامىدىنلاردىن ئۈمىد يوقلۇقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇلارغا:

— مەن سىلەرگە ئۆز كۆزقاراشلىرىمنى ئېيتتىم، سىلەر قوشۇلمىدىڭلار، ئەگەر ئىلى ئىنقىلابچىلىرى كېلىپ قالسا، ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشكەندە ئۆزۈڭلەر جاۋاب قىلارسىلەر، — دېدىم.

زىياپەت ۋاقتى ئۆزىراپ قىزىپ كەتتى. مەن ئىككىنچى نومۇرلۇق پوتەيگە بارىمەن دەپ قويۇپ، مۇھاپىزەتچىمنى ئەگەشتۈرۈپ زىياپەتتىن چىقىپ كەتتىم. جەڭچىلەر ئاشخانىسىغا كىرىپ، بەزى ئىلغار يولداشلارنى چاقىرىپ كىچىك زىياپەتتە بول-



غان ئەھۋاللارنى، ھاكى قۇربان، ھېسامىدىنلارنىڭ قارشى چىققانلىقىنى، ئۇلارغا ئىشەنگىلى بولمايدىغانلىقىنى، ئۇلارغا ئېھتىياتچان بولۇشنى، سۆز ـ ھەرىكىتىمىزدە قەتئىي مەخپىي بولۇشنى تاپشۇردۇم. تۇخاننى ئابلەت داۋۇتنىڭ قېشىغا ئەۋەتىپ، بولغان ئىشتىن خەۋەردار قىلدىم. ئەتىسى شا يىڭجاڭنىڭ مۇھاپىزەتچىسى ئىبراھىم ماڭا، شا يىڭجاڭ مۇئاۋىن يىڭجاڭ ھاكى قۇربان، لىيەنجاڭ ھېسامىدىن، خەنزۇ پىلىموت لىيەنىنىڭ لىيەنجاڭى يىڭ شتابىدا مەجلىس ئېچىپ، 9 ـ لىيەننىڭ جەڭچىلىرىنى تاغقا پوتەي ياساشقا چىقىرىۋېتىپ، قوراللىرىنى يىغىۋالماقچى بولغانلىقىنى يەتكۈزدى. دېمەك، مېنىڭ كىچىك زىياپەتتە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش توغرىسىدا سۆزلىگەنلىرىمنى ھاكى ۋە ھېسامىدىنلار شا يىڭجاڭغا دوكلات قىلغانىدەك تۇرىدۇ. مەن بۇ جىددىي مەلۇماتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھال مۇئاۋىن پەيجاڭ مەڭلىك قاسىموفقا بۇيرۇق قىلىپ، گازارمىدىكى قوراللارنى تاپشۇرماسلىقنى، خىللانغان جەڭچىلەر قورال ساقلاشقا مەسئۇل بولۇشنى، قالغان جەڭچىلەر قول بومبىلىرىنى ئېسىپ يۈرۈشنى تاپشۇردۇم. ئۆزۈم ئەسكەرلەرنى باشلاپ پوتەي ياساشقا چىقىپ كەتتىم. ھاكى قۇربان 9 ـ لىيەنگە كېلىپ كۆزدىن كەچۈرۈپ، قوراللارنى يىغىۋېلىشقا كۆزى يەتمەستىن قايتىپ كېتىپتۇ. سۇيىقەستچىلەرنىڭ پىلانى ئەمەلگە ئاشمىغاندىن كېيىن، بىزنى جاڭگالغا ئوتۇن ئەكېلىشكە بۇيرۇۋېتىپ، گازارمىدىكى قوراللىرىمىزنى تاپشۇرۇۋالماقچى بولدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مەن گازارمىغا يارامىلىق جەڭچىلەرنى «ئاغرىق» دەپ قالدۇرۇپ، ئوۋ قىلىمىز دېگەن باھانە بىلەن ھەربىر بەنگە ئىككى تالدىن مىلتىق، قول بومبىسى، پىلىموت ئالدۇرۇپ يولغا چىقتىم. يىڭجاڭ شا تىڭفاڭ 9 ـ لىيەننى قورالسىزلاندۇرالماي ھاكى قۇرباننى «ئالدامچى» دەپ تىللاپتۇ.

# ئونىنچى باب

## بەش پاي ئوق ئاۋازى

1945 ـ يىلى 4 ـ ئايلار ئىدى. هاۋا كۈندىن ـ كۈنگە ئىس-
سىپ تەسكەيدىكى ئايرىم جايلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا قارلار ئې-
رىپ بولدى. پاتقاقچىلىقمۇ قۇرۇپ، يەر تېگىدىكى قۇرت ـ قوڭ-
غۇزلار مىدىرلاشقا، دەل ـ دەرەخلەر بىخلاپ، مايسىلارمۇ ئۆزىنى
كۆرسىتىشكە باشلىدى. كىشىلەرنىڭ ئۈچىسىدىكى قىشلىق كى-
يىم ـ كېچەكلىرى ئېغىر كېلىدىغان بولۇپ قالدى. بىرقانچە
سوتكىلاپ دالا ـ تۈزلەردە قونۇپ قېلىشىمىزغىمۇ بولىدىغان
شارائىت پىشىپ يېتىلدى. لېكىن، هاكى قۇرباننىڭ ئالدىرى-
ماڭلار، هاۋا ئىسسىسۇن دېگەن سۆزىنىڭ چېكى يوق بولۇۋاتات-
تى. ئاخىر ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ھەرىكەتلىرىمىزگە توسقۇنلۇق قى-
لىشتىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكى، يالغانچىلىقى ئاشكارا بولۇشقا
باشلىدى. ئەمدى ۋاقىتنى يەنە سوزۇشنىڭ پايدىسى يوق ئىدى.

مەن دەرھال مەجلىس ئاچتىم. يېقىنقى ئون كۈن ئىچىدە
بولغان ئىلى ئۇرۇش ئەھۋالىنى تولۇق سۆزلىدىم. غۇلجىدا مىل-
لىي ئارمىيە قوشۇنى تەشكىل قىلىنغانلىقى، يېقىندا 1937 ـ
يىلىدىكى ما خۇسەن بىلەن بولغان ئۇرۇشتا بىز بىلەن بىللە
بولغان ئىسھاقبېك، مەۋلانوفلار ھەربىي باشلىق بولغانلىقىنى،
بىزنىڭ قوزغىلىپ چىقىشىمىزغا ياخشى پۇرسەت تۇغۇلغانلىقى-
نى، ئەڭ مۇھىمى، 8 ـ، 9 ـ لىيەنلەرنىڭ بىر يەرگە يىغىلغانلى-



قىنى، گومىنداڭ هازىر 20 مىڭدەك قوشۇننى ماناس، شىخو
ئەتراپلىرىغا توپلاپ بولغانلىقىنى، شا تىڭفاڭ قاتارلىق مۇتتە-
ھەملەر بىزنى ھەر تۈرلۈك ئۇسۇل بىلەن قورالسىزلاندۇرۇپ يو-
قىتىشنىڭ ئىلاجىنى قىلىۋاتقانلىقىنى، ئەگەر بىز پۇرسەتنى
قولدىن بېرىپ قويساق، ئېغىر زىيانغا ئۇچرايدىغانلىقىمىزنى
ئېنىق ئېيتتىم. غەيرەت، جاسارەت بولسا بۇ يولدا جەزمەن غە-
لىبە قىلىدىغانلىقىمىزنى چۈشەندۈردۈم. يولداشلار ئاكتىپ
ئاۋاز قوشتى. مەن يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ، قوزغىلاڭنىڭ
تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇردۇم.

تېلېفون سىمىنى ئۈزۈشنى مايتاغدىن قوشۇلغان ئىشچى ئە-
مىردىن، بەي شۈيىلارغا تاپشۇردۇم. ئابلەت داۋۇت، خېلىل كى-
چىك، قۇربان روزىلار 8 ـ لىيەننى باشلاپ بېكىتىلگەن ئورۇنغا
ئېلىپ بېرىشقا مەسئۇل بولدى. هوشۇر موللا، سېلىم ئىسكەن-
دەر[1] قاتارلىق بارلىق جەڭچىلەرگە ئىككى كۈنلۈك ئوزۇق ئې-
لىۋېلىشنى، نېفىت ئىشچىلىرى ئاشپىزى مۇھەممەتجان ئۇستام
بولكا، نان تەييارلاشنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. ئاخىردا بارلىق
جەڭچىلەرنىڭ ئېغىر يۈكلىرىنى تاشلاپ، قورال ۋە ئوقلارنى
كۆپرەك ئېلىۋېلىشنى تاپشۇردۇم. 4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى
كەچتە ھەربىر پەي، پوتەيلەردىن تەييارلىق پۈتكەنلىكى ھەققىدە
خەۋەر كەلدى.

1945 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى سەھەر سائەت ئۈچتە
ھېسامىدىنغا قارايدىغان 8 ـ لىيەننىڭ پوتىيىدىن بەش پاي ئوق
ئېتىلدى. بەش مىنۇتتىن كېيىن مۆمىن تالىپ[2]، ئىسلاملار يە-
نە بەش ـ ئالتە پاي ئوقنى مايتاغ تەرەپكە قارىتىپ ئاتتى. بۇ
ئوقلارنىڭ ئاۋازى قاراڭغۇلۇقنى يېرىپ پۈتۈن مايتاغنى زىلزى-

---

① سېلىم ئىسكەندەر ـــ ئازادلىقتىن كېيىن سېمونت زاۋۇتىنىڭ مۇئاۋىن باش-
لىقى بولغان.

② مۆمىن تالىپ هازىر لىۇداۋاندا دەم ئېلىشقا چىقتى.

لىگە كەلتۈردى. بۇ ئوقلارنىڭ نېمە ئۈچۈن ئېتىلغانلىقىنى 8 ـ ،
9 ـ لېيەنلەردىكى ئىلغارلارلا بىلەتتى. بىرقانچە توسقۇنلۇق قى-
لىدىغانلار بىلمەيتتى. ئۇلار نېمە بولغانلىقى، ئوقنىڭ قەيەردىن
چىققانلىقىنىمۇ بىلمەپتۇ. كېچىلىك نۆۋەتتە ئىشلەۋاتقان زاۋۇت
ۋە بۇرغا ئىشچىلىرى ئىش تاشلاپ گازارما ۋە ياتاقلىرىغا قې-
چىپتۇ. ئېلېكتر چىراغلىرىنى ئۆچۈرۈپ ھەم بىر ـ بىرىدىن
نېمە ئىش بولدى دەپ سورىشىپتۇ. تېلېفون بېرىپ ئەھۋال ئۇ-
قاي دېسە، تېلېفونلارنىڭ زۇۋانى ئاللىقاچان تۇتۇلۇپ قالغانىدى.
بەش پاي ئوقنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىش بىلەن 9 ـ لېيەن گازارمى-
سىدىكى يولداش قاسىم مەڭلىكوف جەڭچىلەرگە، تۇرۇڭلار دەپ
بۇيرۇق قىلدى. جەڭچىلەر ئورۇنلاشتۇرغان بويىچە قورال ـ
ياراغ، ئوقلىرىنى تولۇق ئېلىپ گازارما ئالدىغا يىغىلدى. ھەممە
ئىشلار ئورۇنلاشتۇرغان بويىچە بېجىرىلدى.

بىز 9 ـ لېيەننىڭ قوراللىق جەڭچى، كوماندىرلىرى مايتاغ-
نىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى تەڭرىتېغىغا قاراپ يول ئالدۇق. 8 ـ
لېيەن قاراۋاتقان پوتەيدىكى ئوق ئاتقۇچى يولداشلار «ئورۇسلار
يېتىپ كەلدى» دەپ پوستتا تۇرغان پوتەيلىرىنى تاشلاپ قېچىپ
8 ـ لېيەنگە كېلىدۇ. نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي تەمتىرەپ
تۇرغان ھېسامىدىن لېيەنجاڭ مۆمىن تالىپ بىلەن ئىسلامنى پو-
تەيلەرنى تاشلاپ كەلدىڭلار دەپ ئايرىم ئۆيگە سولاپ قويۇپ،
بىرنەچچە ئەسكەرنى ئېلىپ پوتەيلەرگە مېڭىپتۇ. مۆمىن تالىپ،
ئىسلام دېرىزىنى چېقىپ ئابلەت داۋۇتلار ماڭغان يول بىلەن
مېڭىپ، ئۇلارغا قوشۇلۇۋاپتۇ. ھېسامىدىن ئۆزىگە قاراشلىق پو-
تەيلەرگە بارسا، پوتەي، ئاكوپلاردا ئادەم قالمىغانلىقىنى كۆرۈپ-
تۇ. شۇنىڭدىن كېيىنلا ئۇ ئۆزىنىڭ ئەسكەرسىز قوماندان بولۇپ
قالغانلىقىنى بىلىپتۇ.

بىزنىڭ 9 ـ لېيەن يولغا چىقىپ كەتتى. بىزنىڭ ئابلىز بوتا-
يوف دېگەن پەيجاڭىمىزنىڭ قولىقى ئېغىر ئىدى. شۇڭا، ئۇ



ئوقنى ئاڭلىماي قالغان ئوخشايدۇ. ئەمما ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى
جەڭچىلەر بىز بىلەن چىقىپ كەتتى.

بىز بەلگىلەنگەن جايغا يېتىپ بارساق، تاغ تۆپىسىدىكى پو-
تەيدە پوستتا تۇرغان جەڭچىلەرنىڭ يېتىپ كەلمىگەنلىكىنى
بىلدۇق. بىرەر سائەت ساقلىغان بولساقمۇ ھېچ بىر تىۋىش بول-
مىدى. مېڭىشنى يەنە داۋاملاشتۇردۇق. ئۇلار سائەت ئىككىلەردە
ئارقىمىزدىن يېتىشىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ كېچىكىپ كېلىشىنىڭ
سەۋەبى مۇنداق ئىكەن: ئەمەتلەش بىلەن ئوسمان قارىي سىگنال
ئۈچۈن ئېتىلغان بەش پاي ئوقنى ئاڭلاش بىلەن ئابدۇراخماننىڭ
بېشىغا قويۇپ ياتقان ياغاچ قاپلىق ماۋزۇرىنى ئېلىۋاپتۇ. ئۇ
ئويغىنىپ:

— نەگە بارىسىلەر؟ — دەپ توۋلاپتۇ.

ئەمەتلەش:

— بىز بۈگۈن لېيەنجاڭنىڭ بۇيرۇقى بويىچە قوزغالدۇق، كې-
تىدىغان بولدۇق، — دېيىشى بىلەن:

— ھېچ نەگە كەتمەيمىز! — دەپ توۋلاپتۇ ئۇ، — قېنى بى-
رىڭ كېتىپ باق. جېنىڭدىن تويغىنىڭ بولسا چىق، — دەپ يان
قورالىنى ئىزدەپتۇ. قورال قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىدا تۇرغانلى-
قىنى كۆرۈپ، تۇيۇقسىز پوتەي ئىچىدىن قېچىپ چىقىپ، ئار-
قىدىكى خەنزۇلار تۇرغان پوتەيگە بېرىۋېلىپ، پىلىموتنى بىزنىڭ
جەڭچىلەر تۇرغان پوتەيگە قارىتىپ ئېتىپتۇ. ئەمەتلەش، ئوسمان
قارىيلار ئېتىلغان ئوقلاردىن مىڭ تەسلىكتە قۇتۇلۇپ، ئارقى-
مىزدىن يېتىپ كېلىپتۇ. ئابدۇراخماندىن ئەكەلگەن ماۋزۇرنى
مېنى قوغداشقا مۇھاپىزەتچىمگە بەردى. بۇلارنىڭ بۇ ئىشىغا بار-
لىق لېيەندىكى يولداشلار رەھمەت ئېيتتى. تۇردى مامۇت بىز بى-
لەن مايتاغدىن چىقىپ 400 — 500 مېتىر مېڭىپلا ئارقىغا
قاراپ قېچىپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ قولىدا ئىككى دېسكا ئوقى بى-
لەن بىر دانە قول پىلىموتى، پىلىموتنىڭ بىر زاپاس ئىستوۋۇ-

لى بار ئىدى، ئۇنىمۇ ئەكېتىپتۇ. قاراڭغۇدا ئۇنى ھېچكىم ئىزدىمەپتۇ. تاغ ئىچىدە يوقلىما قىلغاندىلا تۇردى مامۇتنىڭ يوقلۇقىنى بىلدۇق. ئۇنىڭ خېلىدىن بۇيان بەزى ئىشلارنى ھاكى قۇربانغا دوكلات قىلىپ يۈرگەنلىكىنى بىلەتتۇق.

يەنسخەي كۆۋرۈكىنى ساقلاۋاتقان 36 نەپەر جەڭچى، ئالتە نەپەر كوماندىر بار ئىدى. بۇلارنىڭ كۆپچىلىكى بىز بىلەن بىللە قوزغالماقچى بولغانلار ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدىن يالغۇز دوستەك (تاجىك) بىر كۈن بۇرۇن ئالاقە ئېلىپ كۆۋرۈكتىن كەلگەنلىكى ئۈچۈنلا بىز بىلەن قوشۇلۇپ چىقتى. قالغانلار ھاكى قۇربان، ھېسامىدىن قاتارلىقلارنىڭ توسالغۇ بولۇشى بىلەن قېپقالدى.

شۇنداق قىلىپ، بىز 106 نەپەر قوراللىق جەڭچى ـ كوماندىر گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ تەركىبىدىن تامامەن قۇتۇلۇپ چىقىپ ئۈچ ۋىلايەت پارتىزانلىرىغا قوشۇلۇشقا ئاتلاندۇق.

4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ليەنجاڭ ھېسامىدىن، تۇراق ئىسمائىل①، ئېزىز قاسىملار كەينىمىزدىن ئاتلىق يېتىپ كېلىپ، بىز تۇرغان ئاۋۇللاردىن يىراقراق بىر ئاۋۇلغا ئورۇنلاشتى. بۇلارنىڭ باشقا ئاۋۇلغا ئورۇنلىشىشى يولداشلارنى گۇمانلاندۇردى. بىزنىڭ بەزى يولداشلىرىمىز قوراللىرىغا ئوق سېلىپ تەييارلاندى. چۈنكى جەڭچىلەر ھېسامىدىنغا بەك ئۆچ ئىدى. مەن بۇنداق جىددىي پەيتتە بىرەر ئىشنىڭ قارىسىنى كۆرمەي تۇرۇپ بىر ـ بىرىمىز بىلەن سوقۇشۇپ يۈرمەيلى، بىر كىشى بولسىمۇ سېپىمىزگە قوشايلى دېگەن ئوي بىلەن ئۇلارنى توسۇپ قالدىم. دېگەندەك ئېزىز قاسىم شۇ كۈنىلا مىلتىقىنى ئېلىپ بىزنىڭ سەپكە قوشۇلدى.

4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى كېچىدە ئىككى ليەننىڭ جەڭچى ـ كوماندىرلىرى بىر ئورۇنغا يىغىلىپ مېنى چاقىرتىپتۇ. كىرسەم

① تۇراق ئىسمائىل ــ ئازادلىقتىن كېيىن جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار، مۇئاۋىن قوماندان بولغان.



چارۋىچىلارنىڭ لەمپىلىك يوغان قوتىنىغا جىنچىراغ يېقىپ قويۇپتۇ. ھەممىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ مېنى قارشى ئالدى. ئاندىن ھېسامىدىننى چاقىرىپ كىردى. قاسىم مەخلىكوف ئورنىدىن تۇرۇپ سۆز باشلىدى:

— بىزنىڭ يولىمىز ھەق يول، بۇ يولدا بۈگۈندىن باشلاپ بىز سىزنىڭ رەھبەرلىكىڭىزدە بولىمىز، ھەرقانداق خىزمەتكە بۇيرۇسىڭىز شەرتسىز ئىجرا قىلىمىز، سىزنىڭ تاپشۇرغان تاپشۇرۇقلىرىڭىزنى بىر تامچە قېنىمىز قالغۇچە ئورۇندايمىز.

ئۇنىڭ سۆزىگە يولداشلار قىزغىن چاۋاك چالدى. ئاندىن ئابلەت داۋۇت سۆز قىلدى:

— يولداشلار، — دېدى ئۇ، — بىز يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم دەپ بېشىمىزنى قولتۇقىمىزغا قىسىپ، جېنىمىزنى ئالىقانغا ئېلىپ چىقتۇق. بۈگۈندىن باشلاپ يولداش قاسىم مەخلىكوف ئېيتقاندەك ليەنجاڭ سوپاخۇن رەھبەرلىكىدە ئىش قىلىمىز، ھەممىمىزگە باشلىق بولسۇن، ليەنجاڭ ھېسامىدىن ۋەدىسىگە ۋاپا قىلسا مۇئاۋىن باشلىق بولسۇن.

يولداشلار چاۋاك چېلىپ شۇنداق قىلىمىز دەپ ۋارقىراشتى. مەن گومىنداڭنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن 9 ـ، 8 ـ ليەنلەردىكى يولداشلارغا كۆپ تەشۋىق قىلدىم. ئەمدى ئۆز ئەركىمىز ئۆز قولىمىزغا ئۆتكەندە ۋەزىپەمنىڭ تېخىمۇ ئېغىرلاشقانلىقىنى ھېس قىلدىم. لېكىن روھىم تېتىك، غەيرىتىم ئۇرغۇپ تۇراتتى.

— قەدىرلىك يولداشلار! دوستلار! — دېدىم مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ، — بىز سەۋر قىلىپ مۇشۇ كۈنگىچە كەلدۇق. مانا بۈگۈن قەتئىي نىيەتكە كېلىپ قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنىڭ قوراللىق قولچوماقلىرى بولۇشتىن قول ئۈزدۇق. گومىنداڭ زالىملىرىنىڭ ئاسارىتىدىن تامامەن قۇتۇلدۇق. ھازىر بىزنىڭ ئۆز ئەركىنلىكىمىز ئۆز قولىمىزدا، سىلەرنىڭ ئازادلىق، ئەركىنلىك دەپ ئىنقىلابقا ئاتلانغانلى-

قىڭلارغا باركاللا! يولداشلار بەزىلىرىڭلار خەلقىمىزنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن ھەربىي سەپكە قوشۇلغان بولساڭلار، بەزىلىرىڭلارنى گومىنداڭ ھاكىمىيىتى ئىسسىق ئۆيلىرىڭلاردىن، يۇرت - ماكانلىرىڭلاردىن ئايرىپ مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە ئېلىپ ھايۋان ئورنىدا ئىشلەتتى. بىزنىڭ كۆرگەن كۈنلىرىمىز ئېسىمىزدىن مەڭگۈ چىقمايدۇ.

مەن سۆزلەۋاتقاندا كۆزلىرىمدىن ئىسسىق ياش تامچىلىرى ئېقىۋاتقانلىقىنى ئۆزۈممۇ سەزمەي قېلىپتىمەن. يولداشلىرىممۇ يىغلاپ كەتتى.

— بىزنىڭ قوزغىلىپ مۇنداق ھەرىكەت قىلىشىمىز ئىچىمىزدىكى ئىلغار يولداشلارنىڭ تىرىشچانلىقى، بارلىق يولداشلىرىمىزنىڭ غەيرىتىدىن بولدى. بىزنىڭ گومىنداڭغا قارشى قوزغىلىشىمىزنى گومىنداڭ ئۆزى قىستاپ چىقاردى. شۇنداق ئىكەن، ئەمدى ھەممىمىز بىر مەقسەت، بىر نىيەتتە كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك. گومىنداڭنىڭ بىزگە بەرگەن قورالىنى بۈگۈن ئۆزلىرىگە قارىتىپ ئاتىمىز. شۇ ئارقىلىق دېگەن مەقسەتكە يېتىمىز.

يولداشلار ئۇزاقىچە سوزۇلغان چاۋاكلارنى چېلىپ قوراللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ھۇررا دەپ توۋلاپ تاغنىڭ ئىچىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى.

— ھۆرمەتلىك دوستلار ۋە سەپداشلار، سىلەرگە كۆپ رەھمەت. ھازىر بىزنىڭ خۇشال بولىدىغان ۋاقتىمىز ئەمەس. خۇشال بولىدىغان كۈنىمىز كۈرەش قىلىشىمىز بىلەن قولغا كېلىدۇ. ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا بىز گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئارىسىدا ئىدۇق. مانا بۈگۈن ئۇلارغا دۈشمەن بولۇپ قالدۇق. ئۇلاردا ھەر خىل قورال، ئالاقىلىشىش ۋاسىتىلىرى بار. ئۇلارنىڭ شىخو ئەتراپىدا 10 مىڭدىن ئارتۇق قوراللىق كۈچى بار. ئۇلار بارلىق كۈچىنى ئىشقا سېلىپ ئالدىمىزنى توسۇيدۇ ياكى ئارقىمىزدىن قوغلاپ كېلىپ ئەسىر ئېلىشقا تىرىشىدۇ. بىزنىڭ جاننى تىكىپ



قويۇپ پىداكارلىق بىلەن كۈرەش قىلىشتىن باشقا چارىمىز يوق. ھەممىمىز بىرلىكتە ئۇلۇغ سەپەرگە ئاتلاندۇق. يولىمىزدا قىيىنچىلىقلار كۆپ، بىز چوقۇم يېڭىشىمىز، چوقۇم مەقسەتكە يېتىشىمىز كېرەك. ئارىمىزدىن خائىنلار چىقىپ قالمىسۇن، قاتتىق ھوشيار بولايلى. گومىنداڭ ئىلى ئىنقىلابچىلىرىنى «ئالتە ئوغرى» دەپ تەشۋىق قىلىپ، خەلقنى ئالداۋاتىدۇ. ھازىر ئۇلار نەچچە مىڭ، نەچچە تۈمەن مىڭغا يەتتى. ئەجەبا، «ئالتە ئوغرى» بولسا، گومىنداڭ ئاشۇنداق مۇنتىزىم قوراللانغان قىسمى بىلەن تېزلا يوقاتماي ئەكسىچە مەغلۇپ بولامدۇ؟!

مەن بۇ سۆزنى قىلىۋاتقاندا جەڭچىلەرنىڭ خېلى بىر قىسمى بىر - بىرىگە قارىشىپ ھەيران قېلىشتى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى بەزى مىش - مىش گەپلەرنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، ھەقىقىي ئەھۋالنى تېخى ئۇقمايتتى. ئۇلار قوزغىلىپ چىقىشتا شا تىڭفاڭ، ھاكىنى قۇربانلاردەك زالىملاردىن قۇتۇلساقلا بولدى، دەپ ئويلايتتى. ئۇلار بۈگۈنكى سۆزلەردىن ئىشنىڭ نەگە بېرىپ يەتكەنلىكىنى، قانداق نىشانغا قاراپ كېتىۋاتقانلىقىمىزنى بىلىپ ناھايىتى خۇش بولدى.

مەن سۆزۈمنى تۈگىتىپ يولداشلارنىڭ قانداق پىكىرلىرى بارلىقىنى سورىدىم ۋە ھېسامىدىنغا پىكرىڭىز بارمۇ؟ دېدىم. ھېسامىدىن يەرگە قاراپ تۇرۇپ «قوشۇلىمەن» دەپلا قويدى.

## موڭغۇل دىنىي زاتلار ۋە نۇرباي باتۇرنىڭ ئىنقىلابىي ياردىمى

بىز مايتاغدىن چىقىپ قورال، ئوق ۋە يۈك - تاقلىرىمىزنى يۈدۈپ پىيادە ماڭدۇق. يول ئۈستىدە دۈشمەننىڭ رازۋېدكا ئايروپىلانلىرى مايتاغنىڭ يېنىدىكى ئېقىندىن ئالدى - كەينىگە ئۈچۈپ، بىزنى بەكمۇ ئىزدەپ كەتتى. بىز باشقا جىلغىغا ئۆتۈپ كېتىپ باراتتۇق. ئايروپىلاننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىساقلا ھەممىمىز

تارقىلىپ چوڭ تاش، ئازغان ۋە بەزى دەرەخ تۈۋىگە مۆكۈۋالاتتۇق ھەم پىلىموت گۇرۇپپىلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ جەڭگىۋار ھالەتتە تۇراتتۇق. ئەگەر ئايروپىلان بىز تۇرغان سايغا كەلسە، ئوققا تۇتۇشقا تەييار ئىدۇق. ئايروپىلان بىرەر سائەت ئايلىنىپ كېتىپ قالدى. كەچقۇرۇن يەنە كەلدى. ئاڭغۇچە بىز تەڭرىتېغىنىڭ باغرىغا كىرىپ بولدۇق. ئىلغار يولداشلارغا ئىچىمىزدىن ئايروپىلانغا بەلگە بېرىپ قويىدىغانلاردىن قاتتىق ھوشيار بولۇشنى، شۇنداق ھەرىكەت سېزىلىپ قالسا، ئالدى بىلەن بەلگە بەرگەن كىشىنى جازالاشنى تاپشۇردۇق. شۇنداق قىلىپ، تەڭرىتېغىنى بويلاپ مېڭىپ، يەنسخەي دەرياسىنىڭ بويىغا سېلىنغان چاغان گىگەننىڭ كۈرەسىگە كەلدۇق. بۇ بۇتخانىدا ئون نەچچە نەپەر لاما يەنى گىگەن، گىچىللەر بار ئىكەن. بىز موكا دېگەن كىشىنى تېپىپ: «بىز گومىنداڭغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ چىقتۇق، پىيادە مېڭىپ نەگە بارالايمىز. سىزلەرگە ئىشىنىپ كەلدۇق. باشقىلارغا زىيان سالمايلى دەپ پىيادە كەلدۇق. سىزلەرنىڭ ياردەم قىلىشىڭىزلارنى سورايمىز. مۇمكىن بولسا بۇتخانىنىڭ ۋەخپە ئاتلىرىدىن بىزگە بېرىپ تۇرساڭلار» دېدۇق. بۇ موكا لاما دېگەن كىشى 50 ياشلاردىكى كىشى بولۇپ، ئەسلىي موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىدىن ئىكەن. ئۇ سۆزۈمنى ئاڭلاپ بولۇپ باشقا لامالار بىلەن مۇزاكىرىلىشىش ئۈچۈن بۇتخانىغا كىرىپ كەتتى. يېرىم سائەتتىن كېيىن چىقىپ بىزنى 40 تۇياق ئات، ئېگەر - توقۇمى بىلەن تەمىنلىمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتتى. سەپتە تۇرغان بارلىق يولداشلار قاتتىق چاۋاك بىلەن رەھمەت ئېيتىپ ۋارقىرىشىپ كەتتۇق. ئاتلارنى ھەيدەپ كېلىشكە كىشى ئەۋەتتى. بىز ئەتراپىمىزغا پوستلارنى قويۇپ، دەم ئالدۇق. بىز بۇتخانىنىڭ چوڭ قورۇسىدا ئىدۇق. شۇ كۈنى موڭغۇل قېرىنداشلار بۇتخانىغا كىرىپ تاۋاپ قىلىدىغان كۈنگە توغرا كېلىپ قالغانلىقتىن بىزنى يېمەكلىك بىلەن تەمىنلەپ تۇردى.



ئۈچ - تۆت سائەتتىن كېيىن ئاتقا كەتكەن موڭغۇل يىگىتلىرى ئاتلارنى ھەيدەپ چوڭ قورۇغا سولىدى. ئاتلار دېگەندەك سېمىز ھەم شاش ئىدى. بىز بۇ ياردەمدىن ئىنتايىن خۇش بولدۇق. ھاياجانلاندۇق. مەن يولداشلارنى سەپكە تىزدىم.

— يولداشلار! — دېدىم مەن ئۇلارغا، — بىز گومىنداڭنىڭ ئىچىدە تۇرغان بولساق، خەلق بىزگە ئاش - نان بېرەتتىمۇ، بەرمەيتتى. بىز قانداق قىلاتتۇق. بۇلاپ ئالاتتۇق. بۈگۈنچۇ؟ خەلق بىزنىڭ ھەقىقەت يولىغا ۋە ئازادلىق يولىغا ماڭغانلىقىمىزنى بىلگەنلىكىدىن ھېچنېمىسىنى ئايىماي ياردەم بېرىۋاتىدۇ. مېلىنىمۇ، جېنىنىمۇ بىزلەردىن ئايىمىدى. بىز نىجاتلىق يولىنى ئىزدەپ چىقتۇق ۋە شۇ يولدا كېتىۋاتىمىز. گومىنداڭ جاللاتلىرىدىن قول ئۈزۈپ چىقتۇق. ئۆز جېنىمىزنى ۋە ۋىجدانىمىزنى سېتىپ، گومىنداڭنىڭ قولچوماقلىرى بولۇپ ئۆز خەلقىمىزگە خائىنلىق قىلىپ، شەرمەندىلەرچە يۈرگەن كۈنلىرىمىزنى ئەمدى ئاخىرلاشتۇردۇق. خەلق بىزنىڭ ماڭغان يولىمىزنى توغرا تېپىپ بىزگە ياردەم بېرىۋاتىدۇ. مانا كۆردۈڭلارمۇ ئالدىمىزدىكى تاماقلارنى، ئەنە قاراڭلار بىزگە ئەكەلگەن ئاتلارنى، بۇ ئاز ياردەم ئەمەس، چوڭ ياردەم! ياردىمىڭلارغا كۆپ رەھمەت! قېرىنداشلار، سىلەرگە كۆپ رەھمەت!

لاما ۋە خەلق بىز بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ھازىرچە بار ئېتىمىز شۇ ئىكەن، ئاز بولسىمۇ ياردەم بولۇپ قالار دەپ 40 تۇياق ئات، ئېگەر كەمچىل بولغاچقا، 20 دانە ئېگەر - توقۇم بەردى. موڭغۇل ياشلىرى تۇتۇپ، نوختىلاپ، توقۇپ بولغۇچە ياردەملەشتى. توقۇلغان ئاتلارنى قولىدىن ئىش كېلىدىغان، قابىلىيەتلىك جەڭچىلەرگە بەردۇق. قالغانلىرى چاپانلىرىنى سېلىپ مىنىۋالدى. بىز يولغا چىقتۇق. لاما ۋە خەلق بىزنى يولنىڭ ئىككى چېتىدە تۇرۇپ چاۋاك چېلىپ ئۇزىتىپ قويدى. سەپەر ئۈستىدە ئالدى - ئارقىمىزغا رازۋېدكىچىلارنى چىقىرىپ،

يول باشلاش ئۈچۈن موكا دېگەن لامانى بىرگە ئېلىپ ماڭدۇق.

تاغ ئىچىدە ئۇچرىغان موڭغۇل، قازاق چارۋىچى قېرىنداشلار بىر قىسىم ئېگەر - توقۇمنى تولۇقلاپ، بەزى ناچار ئاتلارنى تېگىشىپ بەردى.

ئالدىمىزدىكى رازۋېدكىچىدىن ئاقبۇلاققا يېتىپ كەلگەنلىكىمىز، نۇرباي باشچىلىقىدا قازاق قېرىنداشلار كېلىۋاتقانلىقىمىزنى ئاڭلاپ كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقى ھەم نۇرباي ئىككى كىشى بىلەن بىرگە كەلگەنلىكى ھەققىدە خەۋەر كەلدى.

نۇرباي ناھايىتى سۇرلۇك، بەستلىك، ساقال - بۇرۇتلىرى كېلىشكەن، ئاق يۈزلۈك، كۆزلىرى چوڭ، خۇش پېئىل، ئۆتكۈر سۆزلۈك، يۈرەكلىك كىشى ئىكەن. ئۇ كېلىپلا ئەسكەرلەرنى ئەتراپىدىكى ئاۋۇللارغا، كوماندىرلارنى ئۆز ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇردى. ھەممىمىزگە داستىخان سېلىپ بوغۇرساق، قايماق چاي، سېرىقمايلار بىلەن توشقۇزۇۋەتتى. قويلارنى سويۇپ، داش قازانلاردا گۆشلەرنى پىشۇرۇشقا باشلىدى. ئەتراپقا پوستلارنى قويۇپ، رازۋېدكىچىلارنى چىقاردۇق. دۈشمەن ئايروپىلانلىرى كېلىپ قېلىشى، چاغان گىگەن، ئۇلۇجاي ئەتراپلىرىدا بارلىقىمىزنى ئىشپىيونلار يەتكۈزۈپ قويۇشى مۇمكىن دەپ، ئېھتىيات چارىلىرىنى كۆرۈپ قويدۇق.

نۇرباي جامائەتنى يىغىپ، بىزنىڭ كەم قالغان ئات، ئېگەر - توقۇملىرىمىزنى ھەل قىلىپ، ھېرىپ قالغان ئاتلىرىمىزنى تېگىشىپ بەردى. نۇرباي ئۆزىلا 11 تۇياق ئات، ئون دانە كۈمۈش قاپلانغان ئېگەر بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن بىز ئەترەتنى باشقىدىن رەتلەپ رەسمىي ئاتلىق قىسىمغا لايىق قىلىپ تەشكىللىدۇق. يولداشلار ئىچىدىن ئۇرۇشقا ماھىر، ئىشەنچلىكلىرىنى كوماندىرلىققا بەلگىلەپ ئۆزىمىزنى پۇختىلىۋالدۇق. مەن، نۇرباي ۋە بەزى يۇرت كاتتىلىرى ھەم موڭغۇل بۇتخانىسىدىن بىللە كەلگەن موكا لامالار بۆرتۇڭگى دەرياسى بېشىدىكى تاغلاردىن



ئېشىپ كۆنەس، نىلقا ناھىيىلىرىگە بارىدىغان يوللار ئۈستىدە مۇزاكىرە قىلدۇق. بۇلارنىڭ بىزگە بەرگەن مەسلىھەتلىرى خۇددى چاغان گىگەندىكى موڭغۇل قېرىنداشلارغا ئوخشاش بولدى. ئۇلار «ھازىر 5 - ئاينىڭ بېشى. قار تېخى ئېرىمىدى. خۇسۇسەن تەڭرىتېغى ئىچىدىكى يوللاردا قار قېلىن، يۈرۈشكە بولمايدۇ. 7 -، 8 - ئايلاردا قار ئېرىگەندە ئاندىن بۇ يوللاردا ماڭغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەل تېخى بۇ تاغ ئىچىگە كۆچۈپ بارمىدى. ماڭساڭلار قىيىنچىلىق كۆپ، ئات - ئۇلاغلارغا ھەم ئۆزۈڭلەرگە يەيدىغان يېمەكلىك تاپالمايسىلەر» دېدى. بۇنىڭ بىلەن بىز تاغ بىلەن مېڭىشتىن يالتىيىپ باشقا يول تېپىشقا تىرىشتۇق.

بىز بىر بايراق تەييارلىماقچى بولدۇق. نۇرپاينىڭ چوڭ ئايالى خەدىچە ھەدىنىڭ قول ماشىنىسى بولۇپ، ئايالىم تۇخان بىرنەچچە ئاياللار بىلەن بىرلىشىپ، ئاق رەختكە ئىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىلىرىنىڭ «ئويغان» گېزىتىدىكى بايراق شەكلىگە قاراپ بايراق تىكتى. بايراققا يېزىلغان خەتلەرنىڭ ھەممىسىنى خەدىچە ھەدىمىز ئۆز قولى بىلەن تىكىپ بەردى. بىز بايراقنى كۆتۈرۈپ، جەڭگە ئاتلاندۇق. قوشۇننىڭ ئالدىدا بايراقنىڭ كۆتۈرۈلۈشى جەڭچىلىرىمىزگە ئالاھىدە روھ پەيدا قىلدى. تاغ ئارىسىدىكى چارۋىچى - دېھقانلارنىڭ بىزگە بولغان ئىشەنچىسى كۈچەيدى. شۇنداق قىلىپ، بىز ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ پارتىزانلىرى تۈسىگە كىرىپ قالدۇق. بىزنىڭ ئەمدىكى بىرىنچى نىشانىمىز بۆرتۇڭگىدىكى ساقچى ئىدارىسى بولدى. بۆرتۇڭگىدىكى ساقچى ئىدارىسى كىچىك قورغان ئىچىگە جايلاشقان بولۇپ، بۇ جايدا ساقچى ۋە خەلقتىن تەشكىللەنگەن 20 — 30دەك قوراللىق ئادەم بار ئىدى. ئالدىنقى قىسىم بېرىپلا ئوق چىقاردى. ئىككى تەرەپ خېلى قاتتىق ئېلىشقاندا بىر ئاتلىق ساقچى بىز تۇرۇۋاتقان جەنۇبىي دەرۋازىدىن قېچىپ يەنسىخەيگە قاراپ قاچتى. ئالاقچى بولسا كېرەك، بىزنىڭ جەڭچىلەر قوغلىماقچى

بولغاندا مەن رۇخسەت قىلمىدىم. مەن مىلتىق بىلەن ئاتسامۇ دومىلىتىپ تاشلايتتىم. بۇ قاچقان ئەسكەر يەنىسخەي ۋە شىخودىكى گومىنداڭ قوشۇنىغا خەۋەر قىلسۇن، دېگەننى كۆزدە تۇتتۇم. يولداشلار گومىنداڭ قوشۇنىدىن ئايرىلىپ چىقىپ بىرىنچى قېتىم ئۇرۇش قىلغانلىقى ئۈچۈن، شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىپ دۈشمەنلەرنى باش كۆتۈرتمىدى. يېقىن يەردىن سېپىل ئىچىگە قول بومبىسى تاشلىدى. سېپىلنىڭ ئىچىدە قىيا – چىيا، يىغا – زار كۆتۈرۈلدى. قېچىپ كەتكەن ساقچى چىققان شىمالىي دەرۋازىدىن قوراللىق ئۈچ – تۆت ئاتلىق، پىيادىلەر يۈگۈرۈپ چىقتى. شۇئانلا بۇلارنى ئېتىپ دومىلىتىپ تاشلاپ قوراللىرىنى ئېلىپ بىز بىلەن مايتاغدىن چىققان ئىشچى سەپداشلىرىمىزنى، بىز بىلەن بۆرتۇڭگىگە بارغان نۇرپاينىڭ ئادەمى مۇھەممەد ۋە باشقا قازاق يولداشلارنى قوراللاندۇردۇق. قاراڭغۇدا بىزنىڭ جەڭچىمىز قەشقەر يېڭىسارلىق ئەھەت ئەلگە ئوق تېگىپ ئوڭ پۇتىنىڭ ئۇستىخانلىرى پارچىلىنىپ كەتتى. ئايالىم تۇخان پارچىلىنىپ كەتكەن ئۇستىخانلىرىنى جايىغا توغرىلاپ كۆڭلىكىنى يىرتىپ تېڭىپ قويدى. بىز ئۇرۇشنى توختىتىپ چېكىندۇق. بۆرتۇڭگىنىڭ شىمالىدىكى بىر سايدىن ئېشىپ، يەنە بىر سايدا قوندۇق. قازاق قېرىنداشلار بىزگە گۆش پىشۇرۇپ تاماق بەردى. بىزگە يول باشلاپ بىللە كەلگەن لاما موكا بىر موڭغۇل يولداشنى دورا ۋە يېمەكلىك ئەكېلىشكە بۇيرۇدى. كەلگەندىن كېيىن يارىنى تۇخاننىڭ ھەمراھلىقىدا قايتىدىن تاڭدى. شۇ كۈنكى ئۇرۇشنىڭ تازا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولماسلىقى بىزنىڭ سەۋەنلىكىمىزدىن بولدى. چۈنكى كوماندىرلارغا بۇيرۇق بەرگۈچە ئالدىراقسانلىق قىلىپ سېپىلغا قاراپ ئوق چىقىرىپ قويدى. بۇ ئەھۋالنى خۇلاسىلەپ، تەجرىبە – ساۋاقلارنى يەكۈنلىدۇق. مەن يىغىندا، ئەمدى بىز يەنىسخەي كۆۋرۈكىنى بۇزۇپ تاشلايلى دەپ بۇيرۇق قىلدىم. ئەمەلىيەتتە



بەزى ئىشەنچلىك كوماندىرلارغا مەخپىي ھالدا مايتاغنىڭ جەنۇبىي تاغ باغرى بايىنگولغا مېڭىشنى تاپشۇردۇم. چۈنكى بىزنىڭ سەپتىكى بىر قىسىم يولداشلارغا ئىشىنىپ بولمايتتى. بىز كەچقۇرۇن تاماق يەپ تۇرغاندا ئوتتۇرا بويلۇق قازاق يىگىت ئاتلىق كېلىپ بىزگە بىر پارچە خەتنى تاپشۇردى. مەزكۇر خەتنى بۆرتۇڭگى تەرەپتىن ئالدىمىزنى توسۇش ياكى قورشاپ يوقىتىش ئۈچۈن چىققان گومىنداڭنىڭ ئاتلىق تۇەنى ئەۋەتىپتۇ. خەتنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

«سوپى لىيەنجاڭ! سەن تېزدىن قايتىپ كەل! بىز ھاياتىڭغا كاپالەتلىك قىلىمىز، ئەگەردە قايتىپ كەلمىسەڭ، قول ئاستىڭدىكى ئەسكەر، قورال – ياراغ، ئوق – دورىلارنىڭ ھەممىسىنى تاپشۇر! ئەگەر تاپشۇرمايدىكەنسەن، بىز 4 – ئاتلىق لىيەن ئەتراپىڭنى قورشاپ بولدۇق، بىرىڭنى قالدۇرماي قىرىپ تاشلايمىز».

خەت قازاقچە يېزىلغان بولۇپ، خەتتە ھېسامىدىن لىيەنجاڭنىڭ ئىسمى يوق ئىدى. مەن بۇنىڭدىن گۇمانلىنىپ، ئىشەنچلىك يولداشلارغا گۇمانىمنى ئېيتتىم ۋە ھېسامىدىنغا خەتنى كۆرسەتتىم. ھېسامىدىن خەتنى كۆرۈپ: «قارشى تۇرىمىز» دەپلا قويدى. مەن شۇئانلا خەتنىڭ جاۋابىنى يازدىم:

«سىلەر مېنى قايتىپ كەل دەپسىلەر، قورال – ياراغلارنى تاپشۇرۇپ تەسلىم بولۇشقا ئۈندەپسىلەر، مەن گومىنداڭ ھاكىمىيىتىدىن قورال ئالمىغان، شېڭ شىسەيدىن ئالدىم. سىلەرگە قورال تۇرماق ئاتقان ئوقىمىزنىڭ بىر تال مىشىكىنىمۇ تاپشۇرمايمىز. سىلەرنىڭ 4 – ئاتلىق لىيەنىڭلار بولسا، مېنىڭ 400 قوراللىق ئادىمىم بار. ئەگەر ئىشەنمىسەڭلار بۇگۈن كېچە كۆرۈڭلار.

**سۇ لىيەنجاڭ**
**5 – ئاينىڭ 24 – كۈنى»**

خەتنى گومىنداڭ تەرەپتىن ئەكەلگەن قازاق يولداشقا بېرىپ، ئۇنى ئاز - تولا سوۋغا بىلەن يولغا سالدۇق. ئاغچۇچە نامازشام بولۇپ كۆز باغلىناي دەپ قالدى. بىز ئاتلىنىپ يەنە نۇرپاينىڭ ئاۋۇلى تۇرغان ئاقبۇلاققا قاراپ ماڭدۇق. بىز شەپە چىقارماي مېڭىشنى خالايتتۇق. لېكىن، بىزنىڭ مىنگەن ئاتلىرىمىز ھەرقايسى ئاۋۇللاردىن بىر - ئىككىدىن ئېلىنغان ئاتلار بولغانلىقى ئۈچۈن كىشنەپ تۇراتتى. ماڭغاندا ئېگەر - ئۈزەڭگىلىرىنىڭ بىر - بىرىگە تېگىشىدىن چىققان ئاۋازلارغا ئاتلارنىڭ كىشنىشى ۋە ئاياغ تاۋۇشلىرى قوشۇلۇپ تاغ ئارىسىنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ، يىراقلارغا ئاڭلىنىپ تۇردى. نۇرپاينىڭ ئاۋۇلغا كېچىدە يېتىپ بارساق نۇرباي ئائىلىسىمۇ ياتمىغانىكەن. ئۇ جەڭچىلەرنى بەلگىلەنگەن ئۆيلەرگە تەقسىم قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى. بىز بىرنەچچە ياردار بولغان جەڭچىمىزنى ئېلىپ نۇرپاينىڭ ئۆيىدە قالدۇق.

ئەتىسى ئاقبۇلاقتا بىر كۈن تۇرۇپ پارتىزانلار ئۆز تازىلىقىنى قىلدى ۋە كەم نەرسىلىرىنى تەييارلىدى. يول يۈرۈش ۋە ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىۋالدى. بىز كوماندىرلار، نۇرباي، بەزى يۇرت ئاقساقاللىرى ۋە موكا لاما بىلەن ئىككىنچى قېتىم سۆھبەتلەشتۇق. شۇ ئەسنادا نۇرباي بىر قازاق يىگىتنى باشلاپ كىلىپ يەنىسخەيدىن خەۋەر ئەكەلگەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، بىزنىڭ ئالدىمىزنى توسۇش ئۈچۈن چىققان ئاتلىق ئەسكەرلەر بۆرتۇڭگىدىكى ساقچى تۇرغان قورغاننى «ئوغرىلار» تارمار قىلىۋەتتى، دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ تۇرۇشىغا بىزنىڭ بۈگۈن تۈندە ئۇرۇشىمىز دېگەن ئالاقىمىز يېتىپ بېرىپتۇ. ئۇلار خەتنى كۆرۈپ، ئۇ نېمىلەر جىنىدىن تويغان نەرسىلەر ئىكەن دەپ، يەنىسخەيگە قېچىپ كېتىپتۇ. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ يولداشلار كۈلۈشۈپ كەتتى. مەن:

— ئۇرۇش دېگەننىڭ بىرى جەڭ، توققۇزى رەڭ دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ، — دېدىم. ئۇلار تېخىمۇ كۈلۈشۈپ كەتتى.



سۆھبەت يىغىنىغا لىيەنجاڭ ھېسامىدىن كەلمىدى. بىزمۇ ئىزدىمىدۇق. سۆھبەتتە نۇرباي باتۇر مۇنداق دېدى:

— مۇشۇ يەردە قېپقالساڭلار. گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە چارۋا بېجىنىڭ ئورنىغا بېرىدىغان قوي بار. ئۇنى گومىنداڭغا بەرمەي سىلەرگە بەرسەك، سىلەر راسخوتتىن قىينالمايسىلەر. كۆپچىلىكنىڭ مۇشۇ جايدا تۇرۇپ بىز بىلەن بىللە كۆرەش قىلسا دېگەن تەكلىپى بار.

بىز بۇ تەكلىپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىنتايىن خۇش بولدۇق. لېكىن، بۇ يەردە قېلىش قىيىن ئىدى.

— بىز قازاق، موڭغۇل قېرىنداشلاردىن ئىنتايىن رازى بولدۇق، — دېدىم مەن ئۇلارغا، — بىز كۆرەشكە ئاتلانغاندا پىيادە ئىدۇق. ئاتلاندۇردۇڭلار، يەيدىغان تەمىناتنى بېرىۋاتىسىزلەر، بارلىق قورالىق يولداشلار نامىدىن تەشەككۇر ئېيتىمىز. بۇ يەردە قېلىپ بىرگە كۆرەش قىلساق دەۋاتىسىلەر، بۇ بىزگە بېرىلگەن چوڭ مەدەت ۋە ئىلھام. سىلەرنىڭ بۇ ياخشى مەسلىھەتىڭلارغا بىز جان دىلىمىز بىلەن قوشۇلاتتۇق، ئەپسۇسكى، بىز ئىلى تەرەپكە بېرىپ، ئىلى ئىنقىلابچىلىرىنى تاپمىساق بولمايدۇ. چۈنكى، مۇنداق ھەرىكەتتە بىزگە رەھبەرلىك قىلغۇدەك بىرتۇتاش قوماندانلىقنىڭ بولۇشى زۆرۈر ۋە لازىم. بىزنىڭ ئىلى ئىنقىلابچىلىرىنىڭ نىشانى ۋە مەقسەتلىرىدىن تېخى تولۇق ساۋاتىمىز يوق. شۇنىڭغا ئۇلارنى تېپىپ ئالاقە قىلىش پۇنكىتى بولسىمۇ قۇرۇشىمىز زۆرۈر. شىخو، جىڭ، ماناسلاردا 20 مىڭدىن ئارتۇق گومىنداڭ ئارمىيىسى تۇرۇپتۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، بۆرتۇڭگى، باينىڭگۇ ئەتراپلىرىدىكى قازاق ۋە موڭغۇل قېرىنداشلار بىزنىڭ ھەرىكەتلىرىمىزنى قوللاپ ياردەم بېرىشىمۇ مۇمكىن. ئەكسىچە بىر قىسمى قارشى چىقىشىمۇ مۇمكىن. بۈگۈن بىر قازاق يولداشنىڭ ئەكەلگەن خەۋىرىدىن قارىغاندا، بىز مايتاغدىن قوزغىلىپ چىققان ئاخشىمى خېلىل كىچىك ۋە

ئىدرىس قۇربان دېگەن ئىككى نەپەر جەڭچىمىز ئىككى ئاتقا مىنىپ ئارقىمىزدىن ماڭغانىكەن. بۆرتۇڭگى دەرياسىنىڭ بېشىغا بارغاندا بىر قىسىم قازاق چارۋىچىلار تۇتۇۋېلىپ ساقچى ئىدارىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ[1]. بىز سالامەت ئىلى ئىنقىلابچىلىرىغا قوشۇلۇۋالساق، ئاندىن قايتىپ كېلىپ بىرلىكتە ھەرىكەت قىلساق.

بۇ پىكرىمىزگە نۇرباي باشلىق قازاق قېرىنداشلار، بىز بىلەن بىللە كەلگەن موكا ھاجى قوشۇلدى. نۇرباي بىزگە كۆپ ياردەم قىلغانلىقى ئۈچۈن، بىز كەتكەندىن كېيىن گومىنداڭچىلار كەلسە ھاياتىغا خەۋپ يېتىشى مۇمكىن دەپ قاراپ ئۇنى بىز بىلەن كېتىشكە تەكلىپ قىلدۇق. نۇرباي بىرگە مېڭىشنى ئۆتتەك خالىسىمۇ ئائىلىسىدىكى جان سانىنىڭ، ئۆزىگە قاراشلىق چارۋا ماللارنىڭ كۆپلۈكىنى، ئۆزى ئۈستىدە تۇرمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، بىللە يولغا چىقمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. مەن نۇرپايىغا:

— ئۇنداق بولسا پۇتىغا ئوق تېگىپ يارىدار بولغان جەڭچىمىزنى سىزگە قالدۇرساق، ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ قويساڭلار. بىز بىر ئامال قىلىپ ئىلى ئىنقىلابچىلىرىغا قوشۇلۇپ، ئۇلار بىلەن ئالاقىمىزنى ئورنىتىۋالساق، يەنە قايتىپ كېلىپ سىز دېگەن مۇشۇ يەردە قوزغىلاڭ كۆتۈرىمىز، — دېدىم.

— بولىدۇ. بۇ جەڭچىدىن خاتىرجەم بولۇڭلار، تېنىم جېنىمدا بولىدىكەن ياۋغا يەم قىلىپ بەرمەيمەن، — دېدى نۇرباي.

ئەھەت ئەلىنى نۇرپاينىڭ ئائىلىسىدە قالدۇرۇپ، نۇرپايغا 200 تال ئوقى بىلەن ئېلاخۇننىڭ مۇشكىلىق بەشئاتار مىلتىقىنى، ئىككى دانە قول بومبىسى بەردۇق. بىز شۇ جايدا تۇرغان

① بۇ ئىككى جەڭچى تۇتۇلۇپ ئۈرۈمچىدىكى تۈرمىگە سولانغان. 1946 ـ يىلى ئۈرۈمچى خەلقى قوزغىلىپ تۈرمىدىكى مەھبۇسلارنى بوشاتقاندا، ئەخمەت ئەپەندىم ۋە ئابدۇكېرىم ئابباسوفلار ئۇلارنى غۇلجىغا يولغا سالغان. كېيىن بىزگە كېلىپ قوشۇلدى.



كۈنلەردە 100دىن ئارتۇق كىشى قازاق ۋە موڭغۇل قېرىنداشلارنىڭ، خۇسۇسەن، نۇرپاينىڭ ياردەم ۋە كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشتۇق. بۇلارنىڭ ئەڭ يامان كۈنلەردە بىزگە قىلغان قېرىنداشلارچە غەمخورلۇقىنى ئېسىمىزدىن چىقارمايمىز. بىز ئاتلانغاندا نۇرپاينىڭ: «سىلەرنى يەنە كۈتىمىز» دەپ قارا كۆزىگە ياش ئالغانلىقى ھازىرمۇ مېنىڭ ئېسىمدىن كەتمەيدۇ. بىز يولغا چىقمىساق بولمايتتى. شۇنداق قىلىپ، 1945 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى نۇرپاينىڭ مېھرىبان ئائىلىسى، قەدىرلىك جەڭچىمىز ئەھەت ئەلى بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلىشىپ كۆزىمىز قىيمىغان ھالدا ئاقبۇلاقتىن ئايرىلدۇق.

مەن ئەسلىمەمنىڭ مۇشۇ جايىغا كەلگەندە بىزگە ئۇنتۇلغۇسىز ياردەم قىلغان نۇرباي باتۇر، چاغان گىگەننىڭ كۈرەسىدىكى موكا لاما باشلىق موڭغۇل دىنىي زاتلىرىنىڭ كېيىنكى ئەھۋالى توغرۇلۇق توختىلىپ ئۆتەي:

بىز نۇرپاينىڭ قىشلىقىدىن يولغا چىقىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي سېپىگە قوشۇلغاندىن كېيىن ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىگە باينگو، ئۇلۇجايدىكى ئەھۋاللارنى تونۇشتۇردۇق. نۇرباي ۋەكىللىكىدىكى قازاق، موڭغۇل قېرىنداشلارنىڭ قوزغىلىپ ئىنقىلاب قىلىش روھىنىڭ كۈچلۈك، مۇستەھكەم ئىكەنلىكى، بىراق ياردەم بېرىلمىسە گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئۇلارنى قىرغىنچىلىققا ئۇچرىتىدىغانلىقى ھەققىدە دوكلات قىلدۇق. ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى جىددىي تۇتۇش قىلىپ پاتىخ، بايچۈرىن رەھبەرلىكىدە بىر ئىزۋوت پارتىزان تەشكىللىدى. بۇنىڭغا مايتاغدىن بىللە چىققانلاردىن بەنجاڭ سادىق[1]، مۇئاۋىن بەنجاڭ دوستەكلەر قاتناشتى. بۇلار چاغان گىگەن كۈرەسكە يې-

① سادىق — شىخۇ، مايتاغلارنى ئازاد قىلىش كۈرىشىگە قاتنىشىپ، مايتاغدا ئىشلەپ قالغان. ئۇنى ھازىر سادىق بوۋا دەپ ئاتىشىدۇ.

تىپ كېلىشتىن ئون كۈن بۇرۇن شىخولۇق بابان (قازاق)[1] خائىنلىق قىلىپ شىخودىكى گومىنداڭنىڭ 1 ـ ئاتلىق تۈەنىنى نۇر پاينىڭ ئۆيى تۇرغان ئاقبۇلاققا باشلاپ چىقىپتۇ. ئۇلار نۇرپاينىڭ قولىدا قورال بارلىقىنى بىلىپ ئۇدۇل بېرىشقا پېتىنالماي، ئالدى بىلەن نۇرپاينىڭ ئۆيىگە ئۇنىڭ بولغۇسى قۇدىسىنى كىرگۈزۈپ، گەپكە سېلىپ تۇرۇشنى بۇيرۇپتۇ. شىخودىن ئاتلىق دۈشمەنلەرنىڭ كېلىۋاتقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغان نۇرباي دەل شۇ ۋاقىتتا مىلتىقىنى ئېلىپ، يايلاقتا مېڭىشقا ئاتلانماقچى بولۇپ تۇرغانىكەن. قېرى كەمپىر نەسۋەلى قولىدا بىرنەرسىنى كۆتۈرۈپ:

— قۇدام، سىزنى يوقلاپ كەلدىم، ئەكەلگەن نەرسىلەرنىڭ تەمىنى تېتىپ بېقىڭ، — دەپتۇ. ھوشيار تۇرغان نۇرباي:

— سەن تەم تېتىتقۇزغىلى كەلدىڭمۇ ياكى مېنىڭ قېنىمنى ئىچكىلى كەلدىڭمۇ؟ — دەپتۇ. لېكىن بولغۇسى قۇدىسى بولغاچقا يۈز كېلەلمەي نەسۋەلىنى ئۆيگە باشلاپ كىرىپتۇ.

بۇ ۋاقىتتا نۇرپاينىڭ ئانىسى، چوڭ ـ كىچىك ئاياللىرى ھەم بارلىق بالا ـ چاقىلىرى ئۆيدە بولۇپ، نۇرباي ئۆيگە كىرىپلا ئۇزاق يىللار نۇرپاينىڭ ئائىلىسىدە تۇرغان كەمىشكە:

— سەن كەت، ھازىر ياۋ كېلىۋاتىدۇ، — دەپتۇ. لېكىن، كەمىش ئۇنىڭ گېپىگە قوشۇلماپتۇ:

— سەن ماڭا نۇرغۇن ياردەملەرنى قىلغان. سوۋېتتىن كەلگەندىن بۇيان سېنىڭ ئۆيۈڭدە تۇردۇم. سەن مېنى ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق قىلىپ قويدۇڭ، باشقا كۈن چۈشكەندە كەتمەيمەن. سەن ئۆلسەڭ، مەنمۇ سېنىڭ بىلەن بىللە ئۆلىمەن.

شۇ پەيتتە نەسۋەلى غىپ قىلىپلا تالاغا چىقىپ كېتىپتۇ. دۈشمەنمۇ نۇرپاينىڭ ئۆيىنى قوراللىق قورشاپ ئوق ئۈزۈپتۇ. نۇرباي ئېتىلىپ كەلگەن دۈشمەنلەردىن بىر بەنجاڭ باشلىق ئۈچ

[1] بابان — 1951 ـ يىلى باستۇرۇلدى.



نەپەر گومىنداڭ ئەسكىرىنى ئېتىپ دومىلاتقاندىن كېيىن ھەممىسى قورقۇپ ئۈركۈگەن كېيىكتەك ئارقىغا قاراپ قېچىپتۇ.

ئۇلار ئىككىنچى قېتىم نۇرپاينىڭ ئاۋۇلىغا باستۇرۇپ بېرىشقا جۈرئەت قىلالماي تۇرغاندا، قورچاق شياڭجاڭ سارى موللا، ئۇنىڭ قولچوماقلىرىدىن ئەخمەت[1]، سەيدۇللالار: «نۇرباي يالغۇز، بىز بىر تۈەن ئادەم تۇرساق، قولىمىزدا شۇنداق ياخشى نۇرغۇن قورال تۇرۇپ، نېمىشقا بارمايمىز، نۇرپايىنى مانا بىز ئېتىپ بېرىمىز» دەپ مەيدىسىگە ئۇرۇپتۇ. گومىنداڭ ئوفىتسېرى بەشئاتار مىلتىقتىن بىرنى، 20 تال ئوق بىلەن ئەخمەتنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەخمەت، سەيدۇللا، جىڭسا (خەنزۇ، يەرلىك دېھقان) قاتارلىق تۆت كىشى ئېرىقنىڭ ئىچى بىلەن نۇرپاينىڭ ئۆيىنىڭ يېنىغا يېقىنلاپ كەلگەندە، ئەخمەت قورقۇپ قولى تىترەپ جىڭساغا قورالنى تەڭلەپ «نۇرپايىنى سەن ئات» دەپتۇ. جىڭسا ئۇنىمىغاندا، ئەخمەت ئېرىقنىڭ ئىچى بىلەن ھويلىنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتۈپ نۇرپايغا ئوق ئېتىپتۇ. ئەخمەتنىڭ ئاتقان ئوقى تەگمەپتۇ. ئۇنىڭ ئىككىنچى پاي ئوقى تۆۋرۈككە تېگىپ، ئۇنىڭدىن چىققان ئوتۇن پارچىسى نۇرپاينىڭ ئوغلى ئىبرايىقاننىڭ بېشىنى يارىلاندۇرۇپتۇ. نۇرباي ئوقىنى ئۆز ئادەملىرىنىڭ ئېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، كىم ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن مارىغاندا، ئۈچىنچى پاي ئوق كېلىپ ئۇنىڭ پېشانىسىدىن كىرىپ ئارقىدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

نۇرپاينىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلىغان جاسۇس كەمپىر پەيدا بولۇپ: «خەدىچە مېنىڭ كېلىنىم بولىدۇ» دەپ ئۇنى قاڭغىر ـ قاقشىتىپ ئېلىپ مېڭىپتۇ. خەدىچە شۇ ۋاقىتتا سەككىز ـ توققۇز ياشلاردا ئىدى. بىزنىڭ نۇرپايغا قالدۇرۇپ كەتكەن يادىكار جەڭچىمىز ئەھەت ئەلىنىڭ ئىككى قولىنى كېرىپ، ئۆرە تۇرغۇزۇپ تۆۋرۈككە ئالىقىنىدىن مىخلاپتۇ. ئىككى قولىقىنى

[1] ئەخمەتكە 1950 ـ يىلى ئەكسىلئىنقىلابچى دېگەن قالپاق كىيگۈزۈلدى.

ۋە بۇرنىنى كېسىپ يېقا ئۆتكۈزۈپ، خاماندا تۇرغانلارغا كۆر-
سىتىپتۇ. بىچارە جەڭچىمىز ئازابتىن ئىڭراپ بىر سوتكىدىن
كېيىن جان ئۈزۈپتۇ. ئۇلار يەنە شۇ كۈنى مەخمۇتنىمۇ ۋەھشىي-
لەرچە ئۆلتۈرۈپتۇ. قالغانلارنى خامانغا باغلاپ قويۇپتۇ. چېرىك-
لەر نۇرپاينىڭ بېشىنى كېسىپ ئېلىپ ماڭماقچى بولغاندا، نۇر-
پاينىڭ كىچىك ئايالى بىغەيچە سارى موللىغا ئېسىلىپ يىغلاپ
نۇرپاينىڭ بېشىنى كەستۈرمەپتۇ. ئۇلار نۇرپاينىڭ ئانىسى ئىش-
مەس، چوڭ ئايالى بەدىيچە، كىچىك ئايالى بىغەيچە، ئىبرايىقان،
ماخمۇتنىڭ خوتۇن - باللىرى بولۇپ جەمئىي 13 ئادەمنى 35
كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بۆرتۆڭگى ساقچىخانىسىغا يالاپ ئې-
لىپ بېرىپ سولاپتۇ. مەرھۇم نۇرپاينىڭ جەسىتىنى بولسا، تۆ-
گىگە ئارتىپ ئاپىرىپ بۆرتۆڭگىدىكى بىر يارنىڭ تۈۋىگە قويۇپ،
يارنى ئۆرۈپ باستۇرۇۋېتىپتۇ.

5 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئۇرۇق - تۇغقانلىرى تەرجىمان مۇ-
ھەممەدنىڭ ياردەم قىلىشى بىلەن نۇرپاينىڭ ئۆلۈكىنى يارنىڭ
تۈۋىدىن ئېلىپ، بۇغداي كۆمگەن ئورىغا كۆمۈپ قويۇپتۇ. بۆر-
تۆڭگى ساقچىخانىسىغا سولانغانلاردىن ئالدى بىلەن نۇرپاينىڭ
ئوغلى ئىبرايىقاننى ئېسىپ قويۇپ سوراق قىلىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن
باشقىلارنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇماقچى بولۇپتۇ. ساقچىلار: «قوراللار
قەيەردە؟ ئالتۇن - كۈمۈش قەيەردە؟» دەپ قىيىن - قىستاققا
ئاپتۇ. ئىبرايىقان: «قوراللارنى بۇرۇن شىڭ شىسەيگە تاپشۇرۇپ
بەرگەن، ئالتۇن - كۈمۈش ساندۇقتا قالدى. باشقا نەرسىلەرنىڭ
ھەممىسى ئۆيدە قالغان» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

نۇرباي ئۆلگەن ۋاقىتتا ئىبرايىقان دادىسىنىڭ قولىدىكى
ملتىقنى ئېلىپ، ئېتىپ قالغان بىر تال ئوقنى دۈشمەنگە قا-
رىتىپ ئاتقانىكەن. بۇنى ئەخمەت كۆرۈپ قېلىپ، ئاخىرقى ئوق-
نى «سەن ئاتتىڭ» دەپ قاتتىق ئۇرۇپتۇ. تاياق، قامچىنىڭ دەر-
دىدە باش - كۆزى قانغا بويالغان ئىبرايىقان ھوشىدىن كېتىپتۇ.



ئۇلار ئىبرايىقان ئىقرار قىلسا، شۇ جايدىلا ئېتىۋېتەتتى. بۇنى
پەملىگەن بىغەيچە بارلىق ئىشلارنى «مەن قىلدىم» دەپ ئالدىغا
چىقىپتۇ.

بىغەيچە بۇ ساقچىخانىدىن ساق قۇتۇلۇپ چىقىش مۇمكىن
ئەمەسلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەن. ئۇ ھېچبولمىغاندا، ئىبرايىقاننى
قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش مەقسىتىدە شۇنداق قىلغانىكەن. ساقچىخا-
نىنىڭ باشلىقى ھىيلىگەر نەرسە بولغاچقا، بۆرتۆڭگىدىكى خەلق
ئۇنىڭ ھىيلىگەرلىكىگە قاراپ، «قۇۋ سوجاڭ» دەپ ئاتىشىدى-
كەن. ئۇ بۈگۈن يەنە شۇ قۇۋلۇقىنى ئىشلەتمەكچى بولۇپتۇ. بە-
غەيچەنىڭ ئالدىغا بىر چىنە چاينى قويۇپ:

— شۇنداق، مەن قىلدىم، دەپ ئىقرار قىلغاندىكىن ھەممىنى
سۆزلە، بولمىسا ... — دەيدۇ ئۇ ئېسىقلىق تۇرغان ئىبرايىقاننى
كۆرسىتىپ، — ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەر بولىسەن، ئىقرار قىلساڭ،
باللىرىڭ بىلەن ئۆيۈڭگە قايتۇرىمەن، قانداق؟

بۇلارنىڭ ئاقىبۇلاقتىكى جاللاتلىقى بىغەيچەنىڭ كۆز ئالدىدىن
كەتمىگەنىدى.

— جاللات!

بىغەيچە بىر تۇۋلاپلا ئالدىدا تۇرغان چىنىنى قۇۋ ساقچىخانا
باشلىقىنىڭ يۈزىگە ئاتىدۇ. چىنە قاق ئۇنىڭ قاڭشىرىغا تېگىپ
يېرىپ تاشلاپتۇ. قۇۋ ساقچىخانا باشلىقىنىڭ يۈز - كۆزى قانغا
بويىلىپتۇ. شۇندىلا ئۇ ئەسلىدىكى ياۋۇز بەشىرىسىگە قايتىپ:

— داغلاڭلار! — دەپتۇ.

ساقچىخانا قورۇسىدا مەشكە ئوت يېقىپ، تۆمۈر قىزدۇرۇۋات-
قان ئىككى جاللات دەرھال چوغدەك قىزارغان تۆمۈرنى ئەكى-
رىپ، بىغەيچەنى باغلاپ كۆكرىكىگە، قورساق ۋە بۇلجۇڭ گۆش-
لىرىگە يېقىپتۇ. ساقچىخانا ئىچىنى قويۇق قۇيقا پۇرىقى قاپلاپ
كېتىپتۇ. غالجىرلىقى ئېشىپ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان بۇ
جاللات بىغەيچەنىڭ ئۈچ ياشلىق ئوغلى قابىينىمۇ ئامان قويماي-

تۇ. بۇنى كۆرگەن بىغەيچە «جان بالام» دەپلا جان ئۈزۈپتۇ.

نۇرپاينىڭ ئۆيىدىكىلەرنى ساقچى ئىدارىسىگە ئېلىپ كەلگەندە ئۇلارنىڭ تۇغقانلىرىدىن 50 ــ 60تەك ئادەمنى ھەيدەپ كەلگەنىكەن. ئۇلار بۇ پاجىئەلىك ۋەقەنى كۆرۈپ، قىيا ـ چىيا تۇۋلاپ يىغلاپ ساقچى ئىدارىسىنى بىر ئاپتۇ. ھەتتا بەزى ساقچىلارمۇ كۆزىنى يۇمۇۋېلىشقا مەجبۇر بولۇپتۇ.

بۆرتۇڭگى تۇرمىسىدە بۇ بىچارە مەھبۇسلارنى بىر ئايدەك سولاپ، يەنىسخەي تۇرمىسىگە يۆتكەپ كېلىپتۇ. بىغەيچە ۋە بالىسىنىڭ جەسىتىنى يۇرت ـ جامائەت مۆتىۋەرلىرىدىن قاتبېك، ئادىلقان ھەم ئېرىكبايلار تۆت ئاتقا چىرا باغلاپ ئارتىپ بۆرتۇڭگىدىن ئۇلۇجايغا ئاپىرىپ، يەرلىككە قويۇپتۇ. بۆرتۇڭگى ساقچى ئىدارىسىدە قاتتىق سوراق قىلىپ نەتىجە چىقىرالمىغان ساقچىلار يەنىسخەي تۇرمىسىدە سوراق ۋە قىيىن ـ قىستاقلاردىن باشقا تاماق بەرمەسلىك جازاسىنى قوللانغاندا، كېلىن ۋە قىز نەۋرىلىرىدىن بەش كىشى ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىپتۇ. جەسەتلىرىنى قەبرىستانلىققا ئاپىرىپ قويۇشقا رۇخسەت قىلماي يەنىسخەي تۇرمىسىنىڭ تۈۋىگە كۆمۈپ تاشلاپتۇ. ساقچى ئىدارىسى نۇرپاينىڭ قالغان ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈش ھەققىدە ئۈرۈمچىگە دوكلات يوللاپتۇ. ئۈرۈمچىدىكى ساقچى ئورۇنلىرى مۇنچىۋالا كۆپ ئادەمنى بىراقلا ئۆلتۈرۈۋېتىشكە قوشۇلماپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن نۇرپايغا چېتىپ تۇتۇلغان 51 نەپەر كىشىنى قويۇۋېتىپ، نۇرپاينىڭ جەمەتىدىن نۇرپاينىڭ ئانىسى، چوڭ ئايالى بەدىيچە، ئوغلى ئىبرايىقان قاتارلىق ئالتە كىشىنى شىخو تۇرمىسىگە يۆتكەپ كېتىپتۇ.

بۇ ۋاقىتلاردا غۇلجىدا قوزغالغان مىللىي ئىنقىلاب كېڭىيىپ، جىڭ، بورتالالار ئەتراپلىرىغىچە يېتىپ كەلگەن، پارتىزانلار ئالتاي، چۆچەكلەرنى ئازاد قىلىشقا يۈرۈش قىلىۋاتقان پەيت بولۇپ، شىخودىكى گومىنداڭچىلار ساراسىمە ئىچىدە ئۇ-



رۇشقا تەييارلىق قىلىۋاتقان ۋاقىتلار ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئازراقلا گۇمان قىلغان ئادەملەرنى تۇتۇپ سولاپ، تۇرمىنى توشقۇزغانىدى. ئۇرۇش ۋەھىمىسى ئىچىدە تۇرمىدىكىلەرگە قارىغۇدەك ھالى بولمىغاچقا، تۇرمىدىكى نۇرغۇن ئادەم ئاچ قېلىپ كېسەلگە گىرىپتار بولۇپتۇ. ھەتتا بىر كۈندە 17 كىشىنى تۇرمە سېپىلى تۈۋىگە مەخپىي كۆمۈپتۇ. تۇرمىدىكى بۇ ئېغىر ئەھۋالنى ئۇققان شىخودىكى نەسرۇللا باي باشلىق ھەر مىللەت خەلقى تۇرمىدىكى مەھبۇسلارغا كۆڭلەك ـ تامبال ئۈچۈن ماتا ھەم يېمەكلىك ئۈچۈن ئۇن، گۈرۈچ، گۆش كىرگۈزۈپ بېرىپتۇ. بەكرەك ئاجىزلىشىپ كەتكەنلەرنى نەسرۇللا باي، يەرلىك ئاتاقلىق سودىگەرلەردىن ياڭ شىڭ (خەنزۇ) قاتارلىقلار كېپىل بولۇپ، تۇرمىدىن چىقىرىپ ئۆز يۇرتلىرىغا قايتۇرۇپتۇ. تۇرمىنىڭ قىستا ـ قىستاڭ ھەم سېسىقچىلىقىدا نۇرپاينىڭ ئانىسى ئۆلۈپ كېتىپتۇ. ئۇلارنى تۇرمە تېمىنىڭ تۈۋىگە كۆمۈپتۇ. بۇنىڭ بىلەن تۇرمە ئىچى بوشاپ قالماپتۇ. ساۋەن ناھىيىسىنىڭ شوگەي دېگەن يېرىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان رۇسلارنىڭ ئىنقىلابقا قوشۇلۇپ كېتىشىدىن گۇمان قىلىپ ھەممىسىنى ھەيدەپ ئەكېلىپ، شىخونىڭ چوڭ تۇرمىسىگە سولاپتۇ. بۇ تۇرمىدە ئادەم كۆپ بولۇپ، پاتمىغانلىقتىن ئىبرايىقاننىڭ ئاپىسى بەدىيچە، ئايالى بەدۋەن، قىزى گۈلچانلارنى ھاكىم ئىدارىسىنىڭ كىچىكرەك بىر تۇرمىسىگە يۆتكەپتۇ. شىخونى ئازاد قىلىش ھارپىسىدا چوڭ تۇرمىدىكىلەرنى گومىنداڭچىلار ئۆلتۈرۈۋېتىپ قېچىپ كېتىپتۇ. كىچىك تۇرمىدىكىلەرنى ئۆلتۈرۈشكە ئۈلگۈرەلمەي قاپتۇ. ئۇلار ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى شىخونى ئازاد قىلغاندا ئامان قالغانلىرى شىخو خەلقى بىلەن بىرلىكتە ئازادلىققا ئېرىشىپتۇ. ئۇلار ئۆز يۇرتى بولغان ئۇلۇجايغا قايتىپ كەلسە، ئۆيلىرىگە ئوت قويۇلغان بولۇپ، ھېچ نەرسىسى قالدۇرۇلماي بۇلاپ كېتىلىپتۇ. ھازىر ئىبرايىقانلار چاغان گىگەنىنىڭ كۆرە-

سىدىكى «ئالغا» چارۋىچىلىق فېرمىسىدا تۇرۇۋاتىدۇ، بەش بالىسى بار، خاتىرجەم، ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىدۇ. نۇرپاينىڭ كىچىك قىزى گۈلچان شىخونىڭ باسىخو دېگەن يېزىسىدا ئەخمەت بىلەن بىللە ئۆتۈۋاتىدۇ. ئۇن بالىسى بار. تۇرمۇشى ياخشى.

مەن 1983 - يىلى 8 - ئايلاردا ئايالىم بىلەن نۇرپاينىڭ ئەڭ كىچىك قىزى خەدىچەنى ساۋەندىن تاپتىم. ئۇ ھازىر تۇل بولۇپ بالىلىرىنىڭ ياردىمىدە تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. ئەلۋەتتە مەن سوۋغا - سالاملار بىلەن بارغانىدىم، بۇلار مېنىڭ يۈرىكىمدىكى ھەسرەتنى باسالمايدۇ. بىر ئائىلىدىن 13 ئادەم قۇربان بولۇش — بۇ چوڭ بەدەل. مەن خەدىچە بىلەن كۆرۈشكەندە مېنىڭ ھالىمنىڭ قانداق بولغانلىقىنى ئوقۇرمەنلىرىم يازمىساممۇ چۈشىنىدۇ دەپ ئويلايمەن.

1948 - يىلى 6 - ئايلار ئىدى. بىركۈنى ئەخمەت ئەپەندىم ھەربىي شتابقا تېلېفون بېرىپ مېنى چاقىرتىپتۇ. دەرھال ئىشخانىغا كىرسەم، ئىشخانىدا گېنېرال ئىسھاقبېك ۋە شىخودىن كەلگەن لامالار بار ئىكەن، گېنېرال ئىسھاقبېك:

— بۇ كىشىلەرنى تونۇمسىز؟ — دەپ لامالارنى كۆرسەتتى.

— تونۇيمەن. بىز مايتاغدىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ چىققاندا بۇ كىشىلەر بىزگە 40 ئات، ئېگەر - توقۇم بېرىپلا قالماي، تەمىناتىمىزنىمۇ تولۇق يەتكۈزۈپ بەرگەن. بۇلار بىر كۈن بۇرۇن مەن بىلەن كۆرۈشۈپ كەتكەنىدى.

— بۇلار ئۈستىڭىزدىن ئاتلىرىمىزنى بۇلاپ كەتكەن دەپ ئەرز قىلىپ كەپتۇ، — دېدى ئەخمەت ئەپەندىم چاقچاق قىلىپ، — ئەمدى تولۇق تۆلەپ بەرسۇن دەيدۇ، قانداق قىلىمىز؟

— تۆلەپ بېرەيلى، — دېدىم ئەخمەت ئەپەندىمگە، — بۇ كىشىلەرنىڭ ئات ۋە ئېگەر - توقۇملىرى بىزگە بەكمۇ ئەسقاتقان. بۇ ئەزىز مېھمانلار بىزگە كۆپ ياردەملەرنى قىلىپ، بىزنى ئاتلاندۇرۇپ يولغا سالغانىدى. بورتالاغا كەلگەندىن كېيىن ئاتلار-



نى ھاكىم ئىدارىسىدىكى ھاكىم ئىبراھىم باي ۋە ساقچى ئىدارىسى باشلىقى ھاشىم بايلارغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. ئۇلار بىر قىسمىنى بورتالادىكى موڭغۇل قېرىنداشلارنىڭ بۇتخانىسىغا ئۆتكۈزۈپ بەرمەكچى بولغان.

ئۇلار كۈلۈشۈپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەخمەت ئەپەندىم مېنى ئولتۇرۇشقا رۇخسەت قىلدى. لامالار بىلەن كۆرۈشۈپ ئۆتمۈشتىكى ئەھۋاللارنى ئەسلەشتۇق. ئاندىن لامالار ئۆزلىرىنىڭ قائىدىلىرى بويىچە ئەخمەت ئەپەندىمگە، گېنېرال ئىسھاقبېككە ھەم ماڭا ئاق يىپەك رەختلىك خادا تەقدىم قىلدى. ھەممىمىز رەھمەت ئېيتىپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتۇق. ئەخمەت ئەپەندىم مەزكۇر ئاتلارنى شىخودىن كەلگەن لامالارنىڭ ئۆز قولىغا قايتۇرۇپ بېرىش، ئۆلگەنلىرى بولسا تۆلەپ بېرىش، ئېگەر - توقۇملىرى يوقىلىپ كەتكەن بولسا، تەننەرخى بويىچە پۇل قايتۇرۇش ھەققىدە ئالاھىدە يېزىپ بەردى، ئاندىن تەييارلاپ قويۇلغان سوۋغا - سالاملارنى مېھمانلارغا تەقدىم قىلدى. گېنېرال ئىسھاقبېك ئۇلارنىڭ مەيدىسىگە بىر تالدىن مېدال تاقاپ قويدى. بۇ كىشىلەر رەھبەرلەرنىڭ سوۋغا - سالام بېرىشىنى ئويلىمىغانىكەن. خۇشاللىقىدىن كۆز يېشى قىلىشىپ كەتتى. بۇ كىشىلەرنىڭ سۆزلىرىنى يۇلتۇز ناھىيىسىگە ساقچى ئىدارىسى باشلىقى بولغان زوردۇن ئاكا ئۇيغۇرچە تەرجىمە قىلىپ تۇردى.

سۆھبەتنىڭ ئاخىرىدا ئەخمەت ئەپەندىم بۇ مېھمانلار شەرىپىگە زىياپەت بەردى. زىياپەتكە گېنېرال ئىسھاقبېك، مەن، زوردۇن ئاكا، مېھمانلار ۋە ماھىنۇر قاسىممۇ قاتناشتى. ئەخمەت ئەپەندىم بۇ موڭغۇل قېرىنداشلارنىڭ مىللىي ئىنقىلابقا بەرگەن ماددىي، مەنىۋى ياردەملىرىگە، شىخو ناھىيىسىنى ئازاد قىلىشقا قوشقان ھەسسىلىرىگە ئاپىرىن ئوقۇدى. زىياپەتتىن كېيىن ئەخمەت ئەپەندىم ئۇلارنىڭ رەسىمىنى تارتتى. ئاندىن زوردۇن ئاكىغا يەنە بىر كادىرنى قوشۇپ غۇلجىنى ئېكسكۇرسىيە قى-

لىشقا ئورۇنلاشتۇردى. مېھمانلار بىر ھەپتە تۇرغاندىن كېيىن مەخسۇس ماشىنا بىلەن بورتالاغا يەتكۈزۈپ قويۇلدى.

## بىزنىڭ تاكتىكىمىز

بىز ئەتىسى سەھەردىلا غەرب تەرەپكە ماڭدۇق. نۇرباي ئۆزىنىڭ بىر قېرىن ئىنىسى مەھەممەتنى بىزگە يول باشلىغۇچى قىلىپ قوشۇپ قويدى.

بىز نۇرپاينىڭ قىشلىقىدا تۇرغان مەزگىلدە نۇرباي ۋە يۇرت ئاقساقاللىرى ھەم پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ كوماندىرلىرى ئىككىنچى قېتىم باش قوشقاندۇق. سۆھبىتىمىزگە ھېسامىدىن لېيەنجاڭ قاتناشمىدى. ھېلىمئاخۇن قۇتلۇق يولدا كېتىۋېتىپ ماڭا، بىزنىڭ سۆھبەتتە بولۇپ قالغانلىقىمىزدىن پايدىلىنىپ ھېسامىدىننىڭ 8 ـ لېيەندىكى بىرقىسىم يولداشلارغا قىلغان سۆزىنى يەتكۈزدى.

— ئويلاشماي چىقىپ قاپتۇق، — دەپتۇ ئۇ، — ئەجەب ياخشى، مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرايلى. 9 ـ لېيەندىكى يولداشلار سوپى لېيەنجاڭنىڭ رەھبەرلىكىدە ئالدىغا بېرىپ باقسۇن. يوللاردا توسقۇنلۇق ناھايىتى كۆپ، گومىنداڭ ئارمىيىسى يوللارنى توسۇپ قويسا ئىلىغا بارالامدۇ ـ بارالمامدۇ كۆرۈپ باقايلى. ئۆتۈپ كېتىپ ئىلى ئەھۋالى ياخشى بولسا، ئاندىن بارايلى، بۇنداق قارامىلىق قىلىش ياخشى ئەمەس.

لېكىن ھېسامىدىننىڭ سۆزىگە ھېچكىم قوشۇلماپتۇ. 8 ـ لېيەندىكى قەيسەر يولداشلار: «بىز 9 ـ لېيەندىكى يولداشلار بىلەن ئۇزاقتىن بېرى بىرگە بولۇۋاتىمىز. ئۇلار نېمە بولسا بىزمۇ شۇنداق بولىمىز، قايتمايمىز. سوپى لېيەنجاڭ بىلەن بىرگە كۆرەش قىلىمىز، يولدا بوشاشمايمىز. نېمە ئىش بولسا تەڭ كۆرىمىز. بىز گومىنداڭغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئازادلىق ئىز-



دەپ چىقتۇق. ئۆلۈكىمىز چۆل ـ باياۋان، تاغدا قالسىمۇ، ئىلى ئىنقىلابىي سېپىگە قوشۇلۇش مەقسىتىمىزدىن يانمايمىز» دەپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ھېسامىدىننىڭ تاۋۇزى قولتۇقىدىن چۈشۈپتۇ. بۇ گەپلەرنى ئابلەت داۋۇت، قاسىم مەڭلىكوف، ھوشۇر موللا، ئايالىم تۇخان، ھاجى ئىسلام قاتارلىق ئىلغار جەڭچىلەر ئاڭلىدى. مەن يولدا بىر قازاق يولداشنىڭ ئۆيىگە چۈشۈپ تاماق يەۋاتقان ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، ھېسامىدىننى قانداق قىلىش كېرەك دېگەن سوئالنى قويۇپ، يولداشلارنى مۇزاكىرىگە سېلىپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ ئۇزۇقلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرگىلى چىقىپ كەتتىم. ئۇلار مۇزاكىرە قىلىپ، ھېسامىدىننىڭ بۇ جىنايىتى ئۈچۈن ئۇنى ئېتىۋېتىشىمىز كېرەك، دېگەن خۇلاسىگە كەپتۇ. مەن يولداشلارغا ھېچ ئىشنىڭ قارىسىنى كۆرمەي ھېسامىدىننى ئېتىۋەتسەك ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ. بىزنىڭ ئىچىمىزدىكى ھەممە يولداشنى ئاڭلىق ئاساستا ئىنقىلابقا ئاتلاندى دېگىلىمۇ بولمايدۇ. بەزىلەر توپتىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالىماي بىللە چىققانلار بولۇشى مۇمكىن. بەزىلەر چىقىپ قويۇپ كۆزى يەتمەي پۇشايمان قىلىۋاتقان بولۇشىمۇ مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن ھوشيارلىقىمىزنى ئۆستۈرۈپ رازۋېدكىچىلارنى كۆپەيتەيلى، «ئېقىن سۇ توختايدۇ، دۈشمەننىڭ قەست قىلىشى توختىمايدۇ» دېگەن گەپ بار. يەنە نېمىلەرنى قىلىدۇ، كۆزىتەيلى، دېگەندىن كېيىن يولداشلار يۈز ـ خاتىر قىلىپ، ئاتماي نازارەت قىلىشقا كېلىشتى. مايتاغدىن چىققان ئىلغارلارغا ئەھۋالنى مەخپىي يەتكۈزۈپ قويۇشنى تاپىلىدىم.

بىز چۈشلۈك تاماقلىرىمىزنى ئانچە ـ مۇنچە يەپلا يۈرۈشىمىزنى داۋاملاشتۇردۇق. بۇ قېتىم ئالدىدا ماڭىدىغان گۇرۇپپىغا ئىلغارلارنى تاللاپ يولغا سالدۇق. نىشانىمىز باينىڭگۇ يايلىقىغا يېتىش ئىدى. تاغ ئارىلاپ ماڭغانلىقتىن، يول تار، ئەگرى ـ توقاي، بىر تەرىپى ئېگىز تاغ، يەنە بىر تەرىپى چوڭقۇر ھاڭ بو-

لۇپ، جىلغا، سايلارغا چۈشكەندە، سۇلاردىن بىرقانچە قېتىم ئۇياق - بۇ ياققا ئۆتۈپ بىر ئېدىردىن يەنە بىر ئېدىرغا ئېشىپ ماڭدۇق. تاغلىق يول بولغانلىقتىن بىردىن يۈرۈشكە توغرا كېلىپ، ئالدى - كەينىمىز ئۈزىراپ كەتتى. ئالدىمىزدىكى رازۋېدكىچىلار بىرەر كىلومېتىر ئالدىدا ماڭدى. يېرىم كېچە بولۇپ قالدى. قانداق بولدى، ھېسامىدىن تۇيۇقسىزلا ئالدىنقى رازۋېدكىچىلارغا يېتىشىۋاپتۇ. رازۋېدكىچىلار: «سىزنىڭ بىز بىلەن بىللە مېڭىشىڭىزغا بولمايدۇ. ئارقىمىزدىكى قوشۇن بىلەن مېڭىڭ» دەپ چەكلەپتۇ. ئۇ ئىلاج يوق تاغنىڭ قاپتىلىدا قېلىپ بەشئاتار مىلتىقنى تۇتۇپ تۇرۇپتۇ. ئادەتتە كوماندىرلار مىلتىق ئالمايتتى، تاپانچا تۇتاتتى. مېنىڭ مەرگەنلەر ئاتىدىغان بىر مىلتىقىم بار ئىدى. تۇيۇقسىز بىر ئىش بولۇپ قالسا، كېرەك بولار دەپ ئۆزۈم ئېلىپ يۈرەتتىم. ھېسامىدىننىڭ مىلتىق كۆتۈرۈپ يۈرۈشى ياخشى ئەھۋالدىن دېرەك بەرمەيتتى. ھېسامىدىن مەن يېتىپ كېلىشىم بىلەنلا:

— سوپى لېيەنجاڭ، يېنىڭدا كىم بار؟ — دەپ سوراپ قالدى. مەن بۇرۇن ھېسامىدىن رەھبەرلىكىدىكى لېيەندە پەيجاڭ بولغاچقا ئۇ مېنى سەنلەيتتى. مەن جاۋاب بەرگۈچە قۇربان روزى نەدىن پەيدا بولدى: «بىز بار» دەپ جاۋاب بەردى. قاسىم مەڭلىكوف، توختى تۇراق، ئوسمانلار مېنى مۇھاپىزەت قىلىشقا مەسئۇل بولغانىكەن. ئۇلارمۇ يېتىپ كەلدى. ھېسامىدىن:

— مەن بىرىنى ئىزدەپ كېلىۋېدىم، — دەپ دۇدۇقلاپ قالدى.

ئالدىمىزدىن خەۋەرچى كەلدى. يۇنۇس باينىڭ قىشلىقىغا كېلىپ قاپتۇق. يۇنۇس باي نەسرىدىن باينىڭ[1] نىڭ ئىنىسى بولۇپ، بىز يۇنۇس باينىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇق ئۆيلىرى كەڭتاشا ئىكەن. مەن مۇھاپىزەتچىمنى ئېلىپ پوستلارنى ئورۇنلاشتۇر-

① نەسرىدىن باي — ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى شىخۇنى ئازاد قىلغاندىن تارتىپ 1952 - يىلغىچە شىخۇ ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى بولغان.



دۇم. ئابلەت داۋۇت بىلەن قاسىم مەڭلىكوفنى شۇ كۈندىكى دىجورنىلىككە بەلگىلىدىم. ھېسامىدىنغا ھوشيار بولۇشنى تاپشۇرۇپ قويۇپ، قايتا ئۆيگە كىرسەم ھېسامىدىن يەنىلا مىلتىقىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپتۇ. باشقا كوماندىرلارمۇ بار ئىدى. شۇ يەردە يانپاشلاپ ياتاي دېسەم، تۇخان: «ئاۋۇ ئۆيگە ئورۇن جايلاپ قويدۇم، شۇ يەردە يېتىڭ» دېدى. كۆرسەتكەن ئۆيگە كىرسەم، بىر شىرداق كىگىز سېلىپ قويۇپتۇ. بۇ ئۆينىڭ ئىشىك - دېرىزىلىرى يوق. بۇرۇنقى مەن ياتىمەن دېگەن ئۆينىڭ دېرىزىلىرى بار ئىدى. ھېسامىدىن ئارقامدىن كىرىپ قۇربان روزىغا:

— سىلەر سىرتقى ئۆيدە يېتىڭلار، تۇخان سىز يۇنۇس باينىڭ ئاياللىرى بار ئۆيدە يېتىڭ. بىز سوپى لېيەنجاڭ بىلەن بىللە ياتىمىز، — دېدى. تۇخان ئۇنىڭغا ئۇنىماي:

— بولمايدۇ. سوپىئاخۇننىڭ يېنىدا يېتىپ ئۆگىنىپ قاپتىمەن، — دېدى.

— يولداشلار مەن بىلەن ئوبۇلقاسىم توختىنى لېيەنجاڭنى ساقلاشقا بۇيرۇغان. ۋەزىپىنى ئادا قىلمىساق، يولداشلار خاپا بولىدۇ، — دېدى قۇربان روزى تۇخاننىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا.

ئۇلار دېرىزىلىك ئۆيدە ياتسا خائىن بومبا تاشلاپ قەست قىلىدۇ، دەپ قارىغان. ھېسامىدىن قۇربان روزىغا ئالىيىپ قويۇپ، ئىلاجسىز چىقىپ كەتتى.

— ئالايغانغا نېمە پەرۋايىم، — دېدى قۇربان روزى كۈلۈپ تۇرۇپ، — بىزگە بۇيرۇق ئىشلىتىدىغان ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. يامانىنىڭ جازاسى بىر پاي ئوق.

ھېسامىدىننىڭ مۇنداق جىددىيلىشىپ كېتىشىدە بىر سەۋەب بار ئىدى. بۆرتۇڭگىدىن قايتىپ مايتاغدىكى 8 - ، 9 - لېيەنلەر تۇرغان جايغا يېقىنلاپ قالغاندۇق. ئۇلارمۇ پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ سۈيىقەستىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغان. ھېسامىدىننىڭ بۇ ھەرىكەتلىرىگە بىزنىڭ ھوشيار جەڭچىمىز يول قويمىدى.

تۇخان ھېسامىدىننىڭ قېشىمدا يېتىشىنى چەكلەپ سىرتقى ئۆيگە چىقىرىۋېتىپ، مەن ياتقان ئۆينىڭ ئىچكىرىكى تەرىپىدە ياتتى. ئىشىك تۈۋىدە قۇربان روزى، ئوبۇلقاسىم ۋە باشقىلار يېتىپتۇ. ھېسامىدىن ئۇ ياققا ئۆرۈلۈپ، بۇ ياققا ئۆرۈلۈپ ياتالماپتۇ. بەزىدە بېشىنى كۆتۈرۈپ مەن ياتقان ئۆيگە قاراپ تىڭشاپ باقىدىكەن. سىرتقا چىقاي دېسە، سىرتتا پوستلار جىق. مۇھاپىزەتچىلىرىم مېنىڭمۇ كېچىدە تالاغا چىقىشىمنى قاتتىق چەكلىدى. ھەتتا پوستلارنى تەكشۈرۈپ كېلىمەن، دېسەممۇ ئۇنىمىدى. سەھەر تۇرۇپ تالاغا چىقماقچى بولدۇم. ھېسامىدىن ياتقان ئۆي بىلەن چىقىدىغان بولغاچقا قۇربان روزى ئالدى بىلەن ھېسامىدىننىڭ بار ـ يوقلۇقىنى بىلىپ ئاندىن مېنى ئاچىقتى. كېچە دېجورنىلىق قىلغان ئابلەت داۋۇت، قاسىم مەڭلىكوفلار، چوڭ ئۆزگىرىش يوق دەپ دوكلات قىلدى. مەن ھېسامىدىننىڭ مۇنداق جىددىي بولۇپ كېتىشىنىڭ سەۋەبىنى چوڭقۇرراق تەكشۈرۈپ بېقىشنى ئويلاپ، قاسىم مەڭلىكوف، ئابلەت داۋۇت، قۇربان روزىلارغا ھېسامىدىننىڭ مۇھاپىزەتچىسى ئارقىلىق مايتاغدىن چىققۇچە كىم بىلەن كۆرۈشكەنلىكى، نېمە ئۈچۈن ئۈچ كۈن كېچىكىپ چىققانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى سوراپ ئېنىقلاڭلار. سىر ساقلاشقا ئۇنىڭغا قەسەم قىلىپ بېرىڭلار، دېدىم. ئابلەت داۋۇت، قۇربان روزى جەڭچىلەر تاماق يەۋاتقان ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ ئېزىز قاسىم بىلەن كۆرۈشۈپ ئەھۋالنى ئېنىقلاپتۇ. شا يىڭجاڭ، ھاكى قۇربانلار ھېسامىدىننى ئىشخانىغا ئەكىرىپ، ئېزىز قاسىمنى تاشقىرى ئۆيدە توختىتىپ قويۇپتۇ. ئۇلارنىڭ تاپشۇرۇقى مۇنداق ئىكەن: «سەن بېرىپ ئۆزۈڭنىڭ 8 ـ لىيەندىكى جەڭچىلىرىڭنى تەشۋىق قىلىپ قايتۇرۇپ كەلسەڭ، سوپى لىيەنجاڭلار يالغۇز ھەم ئاز ئەسكەر بىلەن ھېچ ئىش قىلالمايدۇ. ئەگەر 8 ـ لىيەننى بۆلۈپ قايتۇرۇپ كېلىشكە بولمىسا، سوپى لىيەنجاڭنى قەيەردە ئىمكانىيەت تۇغۇلسا، شۇ يەردە ئېتىۋەتسەڭ،



پۈتۈن ئىككى لىيەن ھېچ يەرگە بارالماي توزۇپ كېتىدۇ. بۇ ۋەزىپىنى سىر ساقلا. بىز بۇ ۋەزىپىنى بىر خۇداغا، بىر ساڭا ئىشىنىپ ساڭا تاپشۇردۇق. تاپشۇرۇقنى ئورۇنداپ كەلسەڭ، ساڭا قوماندانلىق شتابىدىن چوڭ ئۇنۋان، چوڭ خىزمەت بېرىلىدۇ. سوپى لىيەنجاڭ ئەسكەرلەرنى قەيەرگە باشلاپ بارىدۇ ۋە نېمە ھەرىكەت قىلماقچى بولغانلىقىنى خەلق ئارقىلىق خەۋەر بېرىپ تۇر» دەپ تاپشۇرۇپ ئۈچ ئات تەييارلاپ يولغا سېلىپتۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئۈچ ئاتقا مىنىپ ئارقىمىزدىن ئۈچ كۈندىن كېيىن يېتىپ بارغانىدى. يۇقىرىقى ئىشلارنى يولداشلار ئاڭلىغاندىن كېيىن ماڭا كېلىپ دوكلات قىلدى. لېكىن، «سوپى لىيەنجاڭنى ئېتىۋەت» دېگەن گەپنى ھېسامىدىن قېچىپ كەتكەندىن كېيىن ماڭا كېلىپ ئايرىم ئۇقتۇردى. چۈنكى بۇ گەپنى سوپى لىيەنجاڭ ئاڭلىسا، ھېسامىدىننى ئېتىۋېتىدۇ ياكى خاتىرجەم بولمىسا قالايمىقانچىلىق چىقىدۇ، دەپ قارىغان.

بىز سەھەردە تاماقلىرىمىزنى يەپ بولغاندىن كېيىن جەڭچىلەرگە ياخشى دەم ئېلىپ يول تەييارلىقىنى كۆرۈشنى تاپشۇردۇق. شۇ كۈنى بۇتخانىدىن ئاتلىنىپ مۇشۇ جايغا يېتىپ كېلىدىشىمىزگىچە ياردەم قىلغان لاما موكا ئۆچكىتاغ[1] ئارىسىغا يېتىپ كەلگەندە بىزدىن ئايرىلىپ بۇتخانىغا قايتىشقا ئىجازەت بېرىشنى ئۆتۈندى ۋە قولىنى كۆكسىگە قويۇپ تەزىم قىلىپ تۇرۇۋالدى. تۇخان لامانى بىز بىلەن ئىلى تەرەپكە كېتىشنى تەكلىپ قىلدى. لاما: «سىلەر مېنى ئەكېتىشنى بۇرۇنراق ئېيتقان بولساڭلار، بۇتخانىدىكى ئىشلارنى باشقا كىشىلەرگە تاپشۇرۇپ قوياتتىم، ئەمدى ئىلاجى يوق، رەھمەت» دېدى. قوراللىق سەپداشلار يولنىڭ ئىككى ياقىسىغا تىزىلىپ تۇرۇپ كۆرەدىكى يولداشلارغا بىزدىن سالام، رەھمەت ئېيتىڭ، دەپ قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ ئۇزىتىپ قويدى. مەن ئۇنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ: «بىز

① ئۆچكىتاغ ــ مايتاغنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى تاغ تىزمىلىرى.

يەنە كېلىمىز» دېدىم.
بىز جەڭچىلەرگە قارلىق تاغ ئىچىدىكى يول بىلەن مېڭىپ،
كۆنەسكە چۈشىدىغانلىقىمىزنى، لاما بۇتخانىسىغا بېرىپ بىزگە
يول باشلايدىغان كىشىلەرنى تاپىدىغانلىقىمىزنى ۋە تاغ ئارىسىدا
يەيدىغان ئوزۇقلىرىمىزنى تەييارلايدىغانلىقىمىزنى دېدۇق. ئەمما،
بەنجاڭ ۋە پەيجاڭلارغا بىزنىڭ ھازىر مايتاغنىڭ قېشىدا تۇرۇۋاتـ
قانلىقىمىزنى، بۇگۈن كېچە مايتاغنىڭ شەرق تەرىپىدىن ئۇرۇمـ
چى ـ شىخو تاشيولىنى كېسىپ، كۈيتۇڭنى يانداپ ئۆتۈپ جۇڭـ
غارىيە ئويمانلىقىغا قاراپ ماڭىدىغانلىقىمىزنى، دۈشمەنلەر بىزـ
نىڭ قەيەردە تۇرۇۋاتقانلىقىمىزنى بىلمەسلىكى كېرەك ئىكەنلىـ
كىنى، قاتتىق سىر ساقلاش زۆرۈرلۈكىنى ئېيتتۇق. بىز مايـ
تاغدىن قوزغىلىپ چىققاندىمۇ ئۆز ئالدىمىزغا پىلانىمىز بار
ئىدى. بىز شۇ ۋاقىتتا مايتاغنىڭ شىمالىدىكى كونا كۈيتۇڭ[1]
ئارقىلىق جۇڭغار ئويمانلىقىغا ماڭماي، مايتاغنىڭ جەنۇبىدا قەد
كۆتۈرۈپ تۇرغان مۇقەددەس تەڭرىتېغىنىڭ ئېدىرلىق ـ جىلغىـ
لىرىغا قاراپ ماڭدۇق. ئەگەر بىز مايتاغدىن چىقىپ شىمالىي
تەرەپ بىلەن كۈيتۇڭ، شىخو ئەتراپلىرى، بەشخۇرجادەك مول
ھوسۇللۇق دېھقانچىلىق يېزىلىرى ئارقىلىق جۇڭغار ئويمانلىـ
قىغا قاراپ ماڭغان بولساق، خۇددى تۈز يەردە دۆڭگە مۆكۈنگەنـ
دەك ئىش بولاتتى. شىخو، ماناس، ساۋەن ناھىيەلىرى جۇڭغار
ئويمانلىقى چېتىگە جايلاشقان بولۇپ، ئاشلىق ئەڭ كۆپ چىقىـ
دىغان جايلار ئىدى. گومىنداڭ قوشۇنلىرى بىزنىڭ تۈز يەردە
مېڭىۋاتقانلىقىمىزنى بىلىپ قالسا، تۆت ئەتراپىمىزنى قورشىۋېـ
لىپ ئامبۇردەك قىسىپ، قورۇقلۇق ھەم ھاۋادىن ئوت ياغدۇـ
رۇپ، كۆلىمىزنى كۆككە سورۇۋېتەتتى. بىز بۇ خەۋپلىك ۋەزىـ
يەتنى ئىستراتېگىيە جەھەتتىن ئالدىن مۆلچەرلەپ قويغانىدۇق.

① كونا كۈيتۇڭ ــ ھازىرقى كۈيتۇڭ شەھىرى ئەتراپى.



شۇنىڭ ئۈچۈن بىز دەسلەپتىلا مايتاغنىڭ شىمالىي تۈزلەڭلىـ
كىگە ماڭماي نىشاننى مايتاغنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىن تەڭرىتاغ
تىزمىلىرىغا، يەنى كۈنچىقىش تەرەپكە بۇرىدۇق. ئەگەر دۈشمەنـ
لەر قوغلاپ كەلسە، بىرىنچىدىن، بىزنىڭ جەڭچىلىرىمىز قەۋەت ـ
قەۋەت تاغ تىزمىلىرى ۋە ئېدىرلاردىن ئىبارەت قۇلايلىق شارائـ
ئىتتىن پايدىلىنىپ، گومىنداڭ قوشۇنلىرى بىلەن ئېلىشالايتـ
تى. ئىككىنچىدىن، مايتاغنىڭ جەنۇبى، ھەيۋەتلىك تەڭرىتاغ
باغرىدىكى كەڭ يايلاق ـ قىشلاقلاردا تارىختىن بۇيان ياشاپ كېـ
لىۋاتقان ھەر مىللەت چارۋىچىلىرى بار ئىدى. ئەل ـ يۇرت بار
ئىكەن، بىز يېمەك ـ ئىچمەكتىن قىينىلىپ كەتمەيتتۇق. ئۈـ
چىنچىدىن، بىز پىيادە بولغاچقا ھەر مىللەت دېھقان ـ چارۋىچى
خەلقلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئات، ئېگەر ـ توقۇملۇق بولۇپ
قېلىشنى كۆزدە تۇتقانىدۇق. دېگەندەك ھەر مىللەت دېھقان ـ
چارۋىچىلىرى ياردەم بېرىپ ئاتلاندۇرۇپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن
رەسمىي ئاتلىق قىسىمغا ئايلاندۇق. تۆتىنچىدىن، ئىلى ئىنـ
قىلابچىلىرىغا قوشۇلۇش سەپىرىمىزدە يولىمىزنى قىسقارتىپ
تەڭرىتاغلىرىدىن ئېشىپ كۆنەسكە ئۆتۈش ئۈچۈن بايىنگۇ يايلىـ
قى، يەنىسخەي دەرياسى، ئۈلۈجاي، بۆرتۇڭگى، ئارشاڭ ئېغىزـ
لىرىدىن يول ئىزدەپ ماڭغانىدۇق. بىراق بۇنىڭغا ئىمكانىيەت
بولمىدى. شۇڭا تاغ ئىچىدىن ماڭماسلىقىمىزمۇ گومىنداڭ قوـ
شۇنلىرىنىڭ ئىز ـ دېرىكىمىزنى ئالالماي قايمۇقۇشىغا پايدىسى
بولدى. گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا، ماناس دەرياسىدىن ئۆتۈپ ئۈـ
رۈمچى نەنسەنگە مېڭىشى مۇمكىن، دېگەن شەپىنى بېرىپ قويۇپ
تېزدىن غەربكە، يەنى ئارقىمىزغا يېنىپ تۇيۇقسىزلا جۇڭغارىيە
ئويمانلىقىغا يۈرۈش قىلدۇق. تاكتىكا بويىچە يولنىڭ نىشانىنى
ئېچكى ـ تاشقى دۈشمەنلەرگە سەزدۇرمەسلىك ئۈچۈن قىسقا ـ
قىسقا قىلىپ بەلگىلەپ تۇردۇق. چۈنكى بەزى ئىشەنچسىز كىـ
شىلەر بار بولۇپ قالدى. يول نىشانىنى يىراق بەلگىلەپ قويـ

ساق، دۈشمەننىڭ قوراللىق كۈچلىرى ئالدىمىزنى توسۇۋېلىش
خەۋپى بار ئىدى. دۈشمەن بىزنى xxx قىشلاقتا دەپ بىلىپ
بولغۇچە بىز باشقا ئورۇنلارغا يۆتكىلىپ يۈرۈپ بىزنىڭ نەدە تۇ-
رۇۋاتقانلىقىمىزنى بىلدۈرمىدۇق. دۈشمەن: «بۇلار جېنىدىن تو-
يۇپ چىقىپ كەتتى. بىزگە ھۇجۇم قىلىپ كېلىدۇ» دەپ قاراپ،
مۇداپىئە ھازىرلىقى بىلەن بولۇپ كەتتى. بىزنى ئىز بېسىپ
قوغلاشقا جۈرئەت قىلالمىدى. بىزمۇ ئۇلارنىڭ قوغلىشىغا ئورۇن
قالدۇرمىدۇق. بىزنىڭ ئىچىمىزگە كىرگۈزۈپ قويغان ھېسامىد-
دىن ليەنجاڭ قاتارلىق كىشىلەرمۇ بىزنىڭ قەيەرلەر بىلەن ما-
ڭىدىغانلىقىمىز توغرۇلۇق سىر ئالالمىدى. بەزى خەۋەرلەرنى
يەتكۈزگەن بولسىمۇ، بىز تېز يۆتكىلىپ كېتىپ ئۇنىڭ ئېرىش-
كەن خەۋىرى يالغان بولۇپ چىققاچقا، ئۇلارمۇ ھېسامىددىننىڭ
خەۋىرىگە ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قالدى. ھېسامىددىنمۇ ھەقىقىي
پىلاننى بىلەلمەي بوشىشىپ كەتتى.

كەچقۇرۇن جەڭچىلەرنى تاماقلاندۇرۇپ، نۇرپاينىڭ ئىنىسى-
نىڭ يولباشچىلىقىدا يەنسخەي كۆۋرۈكىنىڭ شىخو تەرەپتىكى
ساي بىلەن جەنۇبقا قاراپ مېڭىپ ئۈرۈمچى - شىخو تاشيولىغا
كەلدۇق. يول باشلىغۇچى مۇھەممەت:

— تاڭ يورۇۋاتىدۇ. ماڭا رۇخسەت قىلىڭلار، مەن ئەمدى قاي-
تاي. يامان ئادەملەر كۆرۈپ قالسا، مېنى ساقچىغا تۇتۇپ بېرى-
دۇ. تاشيولدىن ئۆتسەڭلار پۈتۈن قارىياغاچلىق ئورمانلىققا كى-
رىپ كېتىسىلەر. سىلەرنى ھېچكىم تاپالمايدۇ، — دەپ بىز بى-
لەن خوشلاشتى.

ئالتە نەپەر جەڭچىگە تېلېفون سىملىرىنى ئۈزۈۋېتىشكە
بۇيرۇق بېرىلدى. بۇلار ۋەزىپىنى تېزلىكتە ئىجرا قىلدى. ئەت-
رەتمۇ تاشيولدىن ئۆتۈپ بولدى. ھېسامىددىن تاشيولدىن ئۆتكەن-
دىن كېيىن:

— بىز نەگە بارىمىز؟ — دەپ سوراپ قالدى.



— يەنسخەي كۆۋرۈكىگە بارىمىز، — دەپ جاۋاب بەردىم.

— بىز قارلىق تاغدىن ئېشىپ يۇلتۇزغا ئۆتمەكچى ئىدۇققۇ؟

— ئالدى بىلەن يەنسخەيگە بېرىپ كۆۋرۈكنى ساقلاۋاتقان 8 -
ليەندىكى قوراللىق سەپداشلىرىمىزنى قوشۇۋالايلى، — دېدىم مەن.

ھېسامىددىن بىزنى مايتاغدىن چىقىپ قارلىق تەڭرىتاغلىرى
بىلەن يۇلتۇزغا ئۆتىدىغان بولدى دەپ، گومىنداڭغا بەرگەن خە-
ۋەرلىرىنىڭ يالغان چىقىپ قالماسلىقىدىن ئەنسىرەپ يۈرگەن-
دى، دەل شۇنداق بولدى. بىز تاشيولدىن ئۆتۈپ بولۇشىمىزغا
تاڭ يورۇشقا باشلىدى. يولنى داۋاملاشتۇرۇپ، يەنسخەي بازىرى-
نىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىكى قېلىن قارىياغاچلىقتا تۇرىدىغان
يوغان باش بىر خەنزۇ دېھقاننىڭ جاڭزىسىغا چىقىپ قالدۇق.

## خەنزۇ دېھقانلارنىڭ ياردەم بېرىشى

مەن ئاتتىن چۈشۈپ، دېھقاننىڭ ھويلىسىغا مۇھاپىزەتچىم
بىلەن كىرسەم، يوغان ئىككى ئىت تۇرىدۇ. بىرى باغلاقلىق،
بىرى بوش ئىكەن. بىرى قاۋاپ ئالدىمىزغا يۈگۈرۈپ كەلدى.
مەن: «جاڭگۈيدى» دەپ ۋارقىرىدىم. كىچىك ئۆيدىن يوغان كال-
تەكنى كۆتۈرۈپ بىر خەنزۇ چىقتى. قارىغاندا بۇ چاكىرى بولسا
كېرەك، مەن: «جاڭگۈيدەڭنى چاقىر» دېسەم، ماقۇل دەپ كىرىپ
كەتتى. ھايال ئۆتمەي، بىر تال قىلىپ ئۆرۈۋالغان چېچىنى بې-
شىغا سەللىدەك تۈرۈۋالغان، چاچ ئەتراپى پاكىز چۈشۈرۈلگەن،
50 — 60 ياشلار چامىسىدىكى بىر كىشى كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ
چىقتى. قولىدا ئۇزۇن غاڭزىسى بار ئىدى. بىز گومىنداڭ ئى-
چىدىن بۆلۈنۈپ چىققان بىلەن شەپكىمىزدىكى كاكار ۋە بىلى-
كىمىزدىكى بەلگىلەرنى لازىم بولۇپ قالار دەپ ئالمىغانىدۇق.
بۇ خەنزۇ دېھقان بىزنى كۆرۈپ ھودۇقتى. مەن ئالدىغا بېرىپ
قول ئېلىشىپ كۆرۈشتۈم. مەن تۇيۇقسىزلا:

— ئات بارمۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— بار، — دېدى ئۇ.

ئۇ بىزنى ئۇستى يېپىلغان چوڭ ئېغىلغا باشلاپ كىردى. قارىسام ئوتتۇرا قولدەك سېمىز بەش تۇياق ئات باغلاقلىق تۇرۇپتۇ.

— ئاتلاردىن ئۈچ تۇياق بېرىڭ. ئورنىغا ئات بېرىمىز، — دېدىم.

— ماقۇل، — دېدى ئۇ. مەن ئېتى ھېرىپ قالغان جەڭچىلەرنىڭ كوماندىرلىرىنى چاقىرىپ ئۈچ ئاتنى ئېلىشقا، ھېرىپ قالغان ئاتلارنى ئەكىرىپ، ئالغان ئاتلارنىڭ ئورنىغا باغلاپ قويۇشقا، باشقا ئاتلارغا چېقىلماسلىققا بۇيرۇق بەردىم. «ئوغرى بولساڭ ئىنساپ بىلەن بول» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟ مەن ئۇنىڭدىن يەنە نان سورىدىم. دېھقان، ئاشخانىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ ئىككى - ئۈچ يۈزدەك پىشۇرۇلغان تەييار ناننى كۆرسەتتى. ھەربىرى تۆت - بەش يۈز گرامدىن كەم ئەمەس ئىدى. نانلارنىڭ بەزىلىرى بۇرۇن، بەزىلىرى يېڭىدىن پىشۇرۇلغانىكەن، ئەھۋالدىن قارىغاندا، چوڭ دېھقان ئوخشايدۇ. دېھقانچىلىق پەسلى بولغانلىقتىن دېھقانچىلىققا تەييارلىغان نانلىرى بولسا كېرەك. بولمىسا بۇ كىشىدە شۇنچە جىق نان بولۇشى ناتايىن. ھويلىدىكى تاراق - تۇرۇقتىن دېھقاننىڭ خوتۇن، بالا - چاقىلىرى ئويغىنىپ ھويلىغا چىقىپ قارىشىپ تۇردى. تۆت - بەش چاكىرىمۇ ھويلىغا چىقتى. دېھقان ئاشپىزىگە نانلارنى داس، چېلەك ۋە سېۋەتلەر بىلەن ھويلىغا ئاچىققۇزدى. ئىككى لېيەننىڭ زاپخوزلىرى جەڭچىلىرىگە بىردىن نان تەقسىم قىلدى. جەڭچىلەر سىرتتا تۇرغۇزۇلغانىدى. بۇنداق ئورۇنلارغا جەڭچىلەر ياكى كوماندىرلارنىڭ قالايمىقان كىرىشىگە رۇخسەت قىلمايتتىم. چۈنكى يامان ئاقىۋەتنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ئېھتىيات قىلاتتىم. مەن ئۇنىڭدىن ئاتلارغا يەم سورىۋالدىم ۋە ھەربىر ئاتقا بىر شېڭدىن



ئارتۇق بەرمەسلىككە بۇيرۇق بەردىم. ئارتۇق بېرىپ قويۇلسا بۇرۇن يايلاقتا يۈرۈپ بوغۇز بېرىلمىگەن ئاتلار ئاغرىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. دېھقاندىن ئالغان نەرسە - كېرەكلەرنى زاپخوزلار تەقسىم قىلىپ بولدى. ئاتلار بوغۇز يەۋاتىدۇ. بىز نان بىلەن قۇرۇق ناشتا قىلىۋاتىمىز. مەن 9 - لېيەننىڭ زاپخوزى سېلىم ئىسكەندەرنى چاقىرىپ، ئالغان نەرسىلەرنىڭ پۇلىنى تۆلەشنى تاپشۇردۇم. مەن سىرتقا چىقىپ كەتتىم. سېلىم ئىسكەندەر ئارقامدىن چىقىپ پۇلنى ئالغىلى ئۇنىمىدى، دەپ دوكلات قىلدى.

كۈنمۇ چىقتى. مەن نېرىراق جايدا يوغان ھويلىنىڭ ئۈستىگە موما ياغاچقا قادالغان گومىنداڭنىڭ بايرىقىنى كۆرۈپ قالدىم ۋە دېھقاننى چاقىرىپ بايراق كۆرۈنگەن جاينى كۆرسىتىپ:

— بۇ يەردە گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بارمۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— بايراق مەكتەپنىڭ ئۈستىدىكى موما ياغاچقا ئېسىلغان بايراق، ئۇ يەردە گومىنداڭنىڭ بىر پەي قوراللىق ئەسكىرى تۇرىدۇ، — دېدى ئۇ جاۋابەن.

— بىز كەتكەندىن كېيىن گومىنداڭ ئەسكەرلىرى باشلىقىغا بېرىپ، مايتاغدىن قاچقان ئوغرىلار مېنىڭ ئۆيۈمدىن ئات، نان، بوغۇزلارنى بۇلاپ كەتتى، دەپ مەلۇم قىلىڭ. بولمىسا گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى ئوغرىلارغا ياردەم قىلىپسەن دەپ سىزگە ئازار بېرىدۇ دېدىم، — دېھقانغا.

مايتاغدىن قاچقان ئوغرىلار، دېگەن سۆزۈمنى ئاڭلاپ بوۋاينىڭ چىرايى ئۆڭۈپ، ھودۇقۇپ قالدى.

— قورقماڭ، — دېدىم.

— مەن قورقمىدىم. سىلەر ئۆزۈڭلارنى ئوغرى دەيسىلەر، مېنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىمنى سوراپ ئېلىۋاتىسىلەر ھەم پۇل تەڭلەۋاتىسىلەر، قايسىسى راست؟ سىلەر سوۋېت ئەسكەرلىرىمۇ؟

— ياق، ئۇنداق ئەمەس، سىز بېرىپ گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىغا خەۋەر قىلىڭ.

— بۇ گېپىڭىز ياخشى بولدى. بۇ ياخشى چارە، مەن باراي.
بۇ گېپىم ئۈنىڭغا يېقىپ قالدى بولغاي، ماڭا ئىككى بارمى-
قىنى جۈپلەپ ئېگىشىپ تۇرۇپ تەزىم قىلدى. مەن، بۇنداق
قىلماڭ، بىز سىزگە رەھمەت ئېيتىمىز. بۇنداق قىلىش ھاجەت-
سىز، دەپ قول ئېلىشىپ خوشلىشىپ بەشخۇرجا مەھەللىسىگە
قاراپ ماڭدۇق. بەشخۇرجا كۇيتۇڭنىڭ بىر يېزىسى بولۇپ، بۇ-
رۇن بەش ئائىلە جايلاشقانىكەن. سائەت 12لەردە بەشخۇرجىغا
يېتىپ باردۇق. ئالدىمىزدا ماڭغان ئاتلىق رازۋېدكىچىلار مەھەل-
لىگە كىرىش بىلەن بەش - ئالتە پاي ئوق ئېتىلدى. مەن پار-
تىزانلار ئەترىتىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېتىپ باراتتىم. ئوق ئاۋازى-
نى ئاڭلاش بىلەن ئەھۋالنى بىلىپ قوماندانلىقنى كۈچەيتىش
ئۈچۈن مۇھاپىزەتچىم بىلەن ئالاقىچىلەرنى ئېلىپ ئات چاپتۇ-
رۇپ بارغۇچە ئوق ئاۋازى خېلى كۆپەيدى. يېتىپ بارسام، ئۆز-
لىرىنى ئۆزى قوغداش ئۈچۈن ئىككى - ئۈچ تالدىن ئوقى بار
كونا توققۇزئاتار بىلەن قوراللانغان دېھقانلار ئىكەن. رازۋېدكى-
چىلار ئۇ ياقتىن، بۇ ياقتىن ئات سېلىپ قوغلاپ يۈرۈپ قول-
دىكى مىلتىقلىرىنى بىر يەرگە يىغىپ قويۇپتۇ. خەنزۇ پار-
تىزانلاردىن بىرى ئوق تېگىپ، يېنىك يارىلىنىپتۇ. مەن بارغان-
دىن كېيىن:
— سىلەرنىڭ ئەترەت باشلىقىڭلار كىم؟ — دەپ سورىدىم.
— مەن! — دېدى، كەڭ بىسلىق، قىزىل لىنتىلىق قىلىچ
ئاسقان 40 ياشلاردىكى خەنزۇ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ.
— كىم؟
— مەن، — دەپ جاۋاب بەردى ھېلىقى كىشى.
مەھەللىنىڭ ئەتراپلىرىغا پوست قويدۇق. ئەسكەرلەرنىڭ
ئارقىسى يېتىپ كەلگۈچە چۈش ۋاقتى بولۇپ قالدى. بەزى
ئەھۋاللارنى سوراپ بولۇپ، بىزگە مەھەللىدىن نان يېقىپ بې-
رىشنى تاپىلىدىم. كەنتنىڭ باشلىقى بىز يىغىپ قويغان ئادەم-



لىرىدىن بىر - ئىككىسىنى سورىۋېلىپ مەھەللىگە كىرىپ
كەتتى. يېرىم سائەتتىن ئارتۇقراق ۋاقىت ئىچىدە كونا، يېڭى
پىشۇرۇلغان، قورۇتۇلغان جىگمومىلارنى سېۋەتلەردە كەلدى.
جىگمومىلار تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. مەن كەنت باشلىقىدىن:
— سىلەرگە گومىنداڭ قوماندانلىق شتابى قانداق يوليورۇق
بەردى؟ — دەپ سورىدىم.
— بۈگۈن ئىككى كۈن بولدى، شىخو ساقچى ئىدارىسىدىن
ئۈچ كىشى چىقىپ، مايتاغدىن بىر تۈەن ئەتراپىدا چەنتۇ[①] ئەس-
كەرلەر يۈز ئۆرۈپ قېچىپ چىقىپ، تېنەپ نەگە بېرىشنى بىلمەي
يۈرىدۇ. بىزنىڭ 2 - تۈەن ئاتلىق ئەسكەرلىرىمىز ئۇلارنى قور-
شاپ، ئوتتۇرىغا ئېلىۋالدى. پات ئارىدا يوقىتىدۇ. ئۇلاردىن قۇ-
تۇلۇپ قالغانلار بولسا تۇتۇڭلار، دەپ بۇيرۇق بېرىپ قويۇپ كەت-
تى. شۇڭا سىلەرنى شۇلارمىكىن دەپ قارشىلىق قىلغاندۇق، —
دېدى. مەن:
— بىز شۇلارنى قوغلاپ كېتىپ بارىمىز، — دېدىم ئۇلارغا.
بىز تۇتقان ئادەملەرنى مىلتىقلىرى بىلەن قويۇپ بەردۇق.
ھېرىپ چارچىغان جەڭچىلەرمۇ يېتىپ كېلىشتى. ئارقىمىزدا
كېلىۋاتقان رازۋېدكا بەندىن ھېساملىدىن ليەنجاڭ قېچىپ كەت-
تى، دېگەن خەۋەر كەلدى. بۇ خەۋەرنى ئەكەلگەن رازۋېدكىچىلار-
دىن شۇنداق خاپا بولدۇم. ئەمدى تۇتۇشنىڭ ئىلاجى يوق ئىدى.
سۈرۈشتە قىلسام ھېساملىدىن بەشخۇرجا مەھەللىسىدە ئېتىشىش
باشلىنىش بىلەن بىزنىڭ ئالدىنقى سەپنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىش
ئۈچۈن كەتكەنلىكىمىزدىن پايدىلىنىپ، «مەن چوڭ تەرەت قىلى-
مەن، سىلەر مېڭىپ تۇرۇڭلار» دەپ ئارقىدا قېلىپتۇ. تۇردى
«ئاشىق» ئىسىملىك روھىي كېسەل جەڭچىمىز ئەڭ ئارقىدا كې-
تىۋاتقانىكەن. بۇ جەڭچىنى، سەن ھېرىپ قاپسەن، مەن كۆتۈ-

① چەنتۇ — گومىنداڭ ۋاقتىدا بەزىلەر ئۇيغۇرلارنى شۇنداق دەپ ئاتايتتى.

رۇۋالاي، دەپ مىلتىق ۋە ئوقنى ئالداپ ئېلىۋاپتۇ. مەۋقەسىز يولۋاس[1] بەنجاڭنى ئەگەشتۈرۈپ گومىنداڭ تەرەپكە قاراپ قېچىپتۇ. ئۆزۈم بېرىپ قارىسىنى كۆرسەملا ئېتىپ تاشلاي دەپ ئارقامغا ياندىم. لېكىن، قېچىپ كەتكىلى بىر سائەتتىن ئاشقازلىقتىن ئامال بولمىدى. تۇردىئاخۇن جەڭچىمىز مىلتىقسىز قايتىپ كەلدى.

مەن ئەسلىمەمنىڭ مۇشۇ جايىغا كەلگەندە يوغان باش خەنزۇ دېھقان بىلەن كېيىن قانداق قىلىپ ئۇچرىشىپ قالغانلىقىم ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتەي:

1950 - يىلى 1 - ئايلاردا كەڭساي ئاتلىق 2 - پولك كوماندىرلىقىغا تەيىنلىنىپ، ئالاۋۇسۇنغا، كېيىن يەنىسخەي بازىرىدىكى بۇرۇنقى مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى جايلاشقان مەيدانغا يۆتكىلىپ كەلدىم. بازاردىكى مەھەللە جامائىتى هال سوراپ كۆرۈشكىلى پولك شتابىغا كەلدى. مەن جامائەتتىن: «يوغان باش خەنزۇ دېھقان بارمۇ، هازىر نېمە قىلىۋاتىدۇ؟» دەپ سورىسام، ئۇلار «بار» دېيىشتى. سوپى لىيەنجاڭ كېلىپ سېنى سورىدى، دەپ ئېيتىپ قويغانغا ئوخشايدۇ. يوغان باش خەنزۇ دېھقان ئايالىنى ئېلىپ، بەشخۇرجىدىكى خەنزۇ دېھقانلاردىن تۆت - بەشى بىلەن 40 — 50 دانە تۇخۇم، ئىككى - ئۈچتەك توخۇ ئېلىپ كۆرۈشكىلى كەپتۇ. بۇ مېھمانلار بىلەن پولك شتابىدا قىزغىن پاراڭ سېلىشىپ مۇڭداشتۇق. يوغان باش خەنزۇ ئۆزۈن چاچلىرىنى ئالدۇرۇۋېتىپتۇ.

— چېچىڭىز قېنى؟ — دېدىم، گەپ ئارىسىدا چاقچاق قىلىپ.

— هازىر يېڭى زامان ئەمەسمۇ، شۇنىڭغا لايىق بولدۇم - دە، — دېدى ئۇ كۈلۈپ.

① يولۋاس ئازادلىقتىن كېيىن تۈرمە جازاسىغا ئۇچرىدى. ھېسامىدىن كېيىن قاتتىق پۇشايمان قىلىپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ.



— بىز سىلەرنىڭ جاڭزىغا چۈشۈپ تاماقلىنىپ كەتكەندىن كېيىن گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى سىلەرگە، ئۇيغۇرلارغا ياردەم قىلىپسەن دەپ ئازار بەردىمۇ؟

— سىزنىڭ مەسلىھەتىڭىز بويىچە گومىنداڭنىڭ پەيجاڭىغا بېرىپ ئېيتتىم. ئۇ، ئۇيغۇرلار بارمۇ، يوق؟ دەپ سورىدى. قېچىپ كەتتى دېسەم، قېچىپ كەتكىنى ياخشى بوپتۇ. ئەمدى ماڭا باشقا گەپ - سۆز قىلماي، ئۆيۈڭگە ياخشى قارا دېدى.

— سىلەرنى دەسلەپتە ئۆز ئەسكەرلىرىمىز ئىكەن دەپ ئويلاپتۇق، — دېدى بەشخۇرجىدىكى ھېلىقى كەنت باشلىقى، — چۈنكى، سىلەردە گومىنداڭنىڭ كىيىم فورمىسى، كاكار ۋە بەلەكتىكى بەلگىلەر بار ئىكەن. ئەگەر مايتاغدىن قاچقان ئۇيغۇرلار بولسا بىزنى بۇلاپ - تالاپ ئۆزلىرىمىزنى ۋە بالا - چاقىلىرىمىزنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايتتى. ئۆيلىرىمىزگە ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتەتتى. بىز ئۇلارغا ئوق ئېتىپ قويغانلىقىمىز ئۈچۈنلا قورااللارنى تارتىۋالدى. لېكىن، كېيىن يەنە قايتۇرۇپ بەردى. بۇلار مايتاغدىن قاچقان بولسا، بۇنداق قىلمايتتى، دەپ تەھلىل قىلىپ كۆردۇق. سىلەر بەشخۇرجا يېزىسىدىن كېتىپ تۆت كۈندىن كېيىن گومىنداڭنىڭ بىر لىيەن ئەسكىرى كېلىپ، مايتاغدىن قاچقان ئۇيغۇرلار كەلدىمۇ دەپ سورىدى. بىز، بۇنىڭدىن تۆت كۈن بۇرۇن ئۇيغۇر ئەسكەرلەر كېلىپ، ئۇلارنى قوغلاپ كەتتى دېسەك، گومىنداڭ ئەسكەرلىرى، قاپاق باشلار، ئۇلار شۇ ئۇيغۇرلار ئەمەسمۇ، دەپ تىللاپ ئۇرغىلى تاس قالدى. بىز شۇنىڭدىن كېيىن سىلەرنى بىلدۇق.

بىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق. بىزدىن هال سوراپ كەلگەن يوغان باش خەنزۇ دېھقان ۋە بەشخۇرجادىن كەلگەن خەنزۇ دېھقانلارغا ئاددىي بولسىمۇ زىياپەت بېرىپ ئۇلارنىڭ ئۆز ۋاقتىدا بىزنىڭ سەپىرىمىزگە بەرگەن ياردەملىرىگە رەھمەت ئېيتتۇق. يوغان باش خەنزۇ دېھقان:

— باشتىراق بۇنداق ئەھۋاللارنى بىلگەن بولساق، جىقراق
ياردەم قىلغان بولاتتۇق، — دەپ چاقچاق قىلدى.
شۇنىڭدىن كېيىن ئۆزئارا يوقلىشىپ، مۇڭدىشىپ تۇردۇق.
شۇنداق قىلىپ، يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالدۇق. ئىتتىپاقلىد-
قىمىز كۈچەيدى. بۇ دوستلۇق، ئىتتىپاقلىقىمىز ئىنقىلابىي
ھەرىكەت جەريانىدا سىنالغان دوستلۇق ئىدى.
بەشخۇرجا قىلىن قارىياغاچلىق قىشلاق ئىدى. ئەتراپلىرى
ئېگىز ئۆسكەن قومۇشلۇق بولغانلىقتىن، گومىنداڭچىلار قوغلاپ
كەلسە ياكى ئالدىمىزنى توسۇسىمۇ ئىستراتېگىيىلىك ئورنى
ياخشى جاي بولغاچقا بىر كېچە قونۇپ ئاۋارە ئاتلىرىمىزنى دەم
ئالدۇرماقچى بولغاندۇق. ئەمدى پىلاننى ئۆزگەرتمەي بولمىدى.
چۈنكى، خائىن ھېسامىدىن ليەنجاڭ قېچىپ كەتتى. كېيىن كۆ-
تۈلمىگەن خەتەرلىك ئەھۋاللاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن چېپەيزىگە
مېڭىشقا بۇيرۇق بەردۇق. بەشخۇرجادىكىلەرگە دەپ ئىككى ئاتنى
يەڭگۈشلىۋالدۇق.

## ئۆلانبۇلاقتا نۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ئۇرۇش

بەشخۇرجادىن كەچقۇرۇن سائەت تۆتتە قوزغىلىپ، قېلىن
سۆكسۆكلۈك ۋە قۇم بارخانلىرىنى كېزىپ سائەت ئونلاردا چې-
پەيزىگە يېتىپ كەلدۇق. چارچاپ كەتكەن جەڭچىلەرنى دۆڭ ۋە
قومۇشلۇقلار ئارىسىدا دەم ئېلىشقا توختىتىپ قويۇپ،
ئەتراپلارغا پوست قويدۇم. مەن نۇرباي بەرگەن مەخمەل تاشلىق
قارا قازاق قۇلاقچىسىنى ھەم يۇنۇس ئاكا بەرگەن چىبەرقۇت
تاشلىق قازاقچە جۇۋىنى كىيىپ خۇددى بىر قازاق بايلىرىدەك
ياساندىم. جۇۋىنىڭ ئىچىگە ماۋزۇرنى تىقىپ، يانچۇقۇمغا كىچىك
يان قورالىمنى سېلىپ ئۆزۈم يالغۇز رازۋېدكا قىلىش ئۈچۈن
چېپەيزى مەھەللىسىگە كىردىم، مەھەللىنىڭ چېتىدە بىر گو-



مىنداڭ ئەسكىرى پوستتا تۇرغانىكەن. قاراۋۇل يۈگۈرۈپ كېلىپ
پروپىسكا (مەخپىي بەلگە) سورىدى. مەن جاۋاب قايتۇردۇم.
چۈنكى، پروپىسكىنى بىر ئايدا بىر قېتىم تارقىتاتتى. بۇ ئەخ-
مەقلەر پروپىسكىنى ئۆزگەرتمىگەنلىكتىن مەن تېخىمۇ يۈرەك-
لىك ھالدا ئىچكىرىلەشكە تىرىشتىم (جاسۇسلارغا پروپىسكىلار-
نى بېرەتتى). مەھەللە ئوتتۇرىسىدىكى سارايلاردا گومىنداڭنىڭ
ئەسكەرلىرى ئورۇنلاشقانىكەن. بۇ تۆەن شېڭ شىسەينىڭ ئاتاق-
لىق ئاتلىق تۆەنى ئىدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئەسكەرلەر بىر
يەرگە بېرىشقا ناھايىتى قىزغىن تەييارلىق قىلىۋاتقاندەك تۇرات-
تى. ھېچكىمنىڭ مېنىڭ بىلەن كارى بولمىدى. بىراق مەھەل-
لىدە مېنىڭدىن باشقا پۇقرا يوق بولغاچقا، چېنىپ قالمىسۇن
دەپ قەدىمىمنى تېزلىتىپ، بىر دوقمۇشتىن ئايلىنىپ مەھەل-
لىنىڭ چېتىگە چىقىپ قالدىم. بىردەم مېڭىپ يالغۇز بىر قو-
رۇنىڭ ئالدىغا باردىم. قارىسام بىر قازاق بوۋاي يۈك ئارتىلغان
كالىنى تۇتۇپ قورۇنىڭ ئالدىدا ئولتۇرىدۇ. بىر ياش چوكان بى-
لەن بىر قازاق يىگىت ئۆيدىن يۈك - تاق ۋە باشقا نەرسىلەرنى
ئاچىقىپ كالىغا ئارتىۋېتىپتۇ. مەن سالام بېرىپ نەگە بارىد-
غانلىقىنى سورىدىم. ئۇلار:
— بۈگۈن بەشخۇرجىغا 400 ئاتلىق رۇسلار چۈشۈپتۇ، بۈ-
گۈن كەچتە بۇ يەرگە كېلىدىكەن. رۇسلار كېلىپ ئۇرۇش بولۇپ
قالسا، ئوقنىڭ ئارىسىدا قالمايلى دەپ كۆچۈپ كەتمەكچى بو-
لۇۋاتىمىز، — دېدى. مەن كۆرگەن گومىنداڭ ئاتلىق ئەسكەرلى-
رىنىڭ سىرى ئېچىلدى. مەن بۇ ئاقساقالغا كېچە بەشخۇرجىغا
كەلگەن رۇس ئەسكەرلىرى بىز بولىمىز، دېيىشىمگىلا:
— ۋاي خۇدايىم قانداق قىلىمىز ئەمدى؟ — دەپ ۋارقىرى-
دى. مەن:
— قورقماڭ، سىلەر بىلەن مەسلىھەت قىلىدىغان ئىشىمىز
بار، — دەپ ئاقساقالنى خاتىرجەم قىلدىم.

ئۇنىڭ ئوغلىنىمۇ چاقىرىپ بار ئەھۋالنى ئېيتتىم:

— بىزگە ياردەم بەرسەڭلار، — دېدىم مەن ئۇلارغا، — بىزنى تاللىق ياكى چىگىشۇ ئارقىلىق غۇلجا يولى تەرەپكە ئاپىرىپ قويساڭلار.

ئۇلار پىكرىمىزگە قوشۇلۇپ رازى بولدى.

— بۈگۈن ئۈچ كۈن بولدى، — دېدى يىگىت، — تاللىققا 200دەك قوراللىق ئاتلىق ئەسكەرلەرنى ئاپىرىپ قويۇپ كەلدىم. تاللىق بىلەن ماڭغىلى بولمايدۇ.

— ئۇنداق بولسا قايسى تەرەپ بىلەن ماڭىمىز؟

— سىلەرنى ئۇلانبۇلاق① بىلەن باشلاپ ئۆتۈپ، بورتالاغا يەتكۈزۈپ قوياي.

مەن ئىنتايىن خۇش بولۇپ، كۆپ رەھمەت ئېيتتىم. ئوغلىنىڭ بۇ ئىشقا بوۋايمۇ، كېلىنىمۇ رازى بولدى. شۇنىڭ بىلەن يىگىتنى باشلاپ جەڭچى سەپداشلىرىمنى قۇم دۆۋىلىرى ئارىسىدىن تەستە تاپتىم. ئەگەر ئات كىشنىمىگەن بولسا تېپىش قىيىن ئىدى. بارساق يولداشلار ئۇخلاپ كېتىپتۇ. ئالاقىچىلار ئارقىلىق بوۋاينىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە بەش تاختا چاي، بىر كىيىملىك چىبەرقۇت ۋە باشقا ئۇششاق - چۈششەك نەرسىلەرنى ئېلىپ بېرىپ ئۇلار بىلەن خوشلاشتۇق. يول باشلىغۇچىغا زاپاس ئاتتىن بىرنى بېرىپ دەرھال يولغا چىقتۇق. بۈگۈن تۈندە چېپەيزى مەھەللىسىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ كەتمىسەك بولمايتتى. چۈنكى، چېپەيزىدىكى گومىنداڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ ئۇ ياق - بۇ ياقلارغا ئالدىراشلىق بىلەن ئات چاپتۇرۇپ يۈرۈشلىرىگە قارىغاندا، ئۇلار بىزنىڭ چېپەيزى ئەتراپلىرىغا كېلىپ قالغانلىقىمىزدىن خەۋەر تاپقاندەك تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىزنىڭ 8 - لىيەندىكى تۆمۈرئاخۇن دېگەن جەڭچىمىز قانداقسىگە بولۇپ چې-

① ئۇلانبۇلاق — جۇڭغار ئويمانلىقىدىكى بىر بۇلاقنىڭ ئىسمى.



پەيزى ئەتراپلىرىغا كېلىپلا بىزدىن ئايرىلىپ قېلىپ يوقىلىپ كەتتى. كېيىن ئۇقۇشمىزچە مەھەللىدىكى بىر چوڭ ھويلىدا تۇرغان گومىنداڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ قېشىغا بېرىپ چاندۇرۇپ قويۇپ، گومىنداڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىگە تىرىك تۇتۇلۇپ قاپتۇ. يۇقىرىقى ئەھۋاللارنى كۆزدە تۇتۇپ ھوشيارلىقىمىزنى ئاشۇردۇق. ئەسكەرلىرىمىز يول يۈرۈشتە مۈگدەپ سەپتىن ئايرىلىپ قېلىش ئەھۋاللىرى يۈز بەرگەچكە، ھوشۇر موللىنى لىيەننىڭ ئارقىسىدىن مېڭىشقا ئورۇنلاشتۇردۇق.

تاڭمۇ ئاتتى، چېپەيزى قىشلىقىدىن خېلى يىراقلىشىپ، قۇمتاغقا بېرىۋالدۇق. قۇمتاغنىڭ ئىچىدە ئازراق سۇ بولغانلىقى ئۈچۈن قوي باقىدىغان ئۈچ - تۆت ئۆيلۈك چارۋىچى بار ئىكەن. بىز بۇلاردىن يەتتە - سەككىز قوي سېتىۋالدۇق. قازاق چارۋىچىلارنىڭ ياردىمى بىلەن جەڭچىلەر تۆت ئائىلىگە بۆلۈپ گۆشنى پىشۇرۇپ يېيىشتى. مېڭىشقا تەييارلىق قىلىۋاتساق چېپەيزى تەرەپتە قويۇلغان پوستتىن بىر قىسىم ئەسكەرلەر كېلىۋاتىدۇ دېگەن خەۋەر كەلدى. جەڭچىلەرنى ئاتلاندۇرۇپ، ئۇلارنى ئامبۇر شەكلىدە ئوتتۇرىغا ئېلىپ جايلىماقچى بولدۇق. بىراق دۈشمەنمۇ ياكى بىزدىن كېچىدە ئايرىلىپ قالغانلار كېلىۋاتامدۇ، ئارىلىق يىراق بولغاچقا، بىرنېمە دېگىلى بولمىدى. ھەرھالدا ئېھتىيات ئۈچۈن تەييارلىق قىلدۇق. مۇھەممەت «مازا» (چوقۇر) دېگەن كىچىك جەڭچىمىز بار ئىدى. تەكشۈرۈپ كېلەي دەپ ئات چاپتۇرۇپ كېتىپ ئۇلارغا قوشۇلۇپ كەتتى. بىزدىن ئايرىلىپ قالغان ئۆمەرجان كېرىموفنىڭ رەھبەرلىكىدىكى جەڭچىلىرىمىز يېتىپ كەلدى.

ئۆمەرجان كېرىموف رەھبەرلىكىدىكى بىر پەي بەشخۇرجىدىن چىقىپ جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جاڭگىلى ئىچىگە كىرگەندە، گۈگۈم ۋاقتى بىلەن دەم ئالىمىز دەپ توختاپ ئېزىپ كېتىپتۇ. بىز مېڭىۋېرىپتۇق. كېچە چېپەيزىگە كېلىپ قوشۇننى سەپكە

تۇرغۇزغاندا ئۆمەرجاننىڭ پەيى يوقلۇقىنى ھەم تۇخان باشلىق مايتاغ ئەزالىرىدىن بىرقانچىسى ئايرىلىپ قالغانلىقىنى بىلدۇق. ئۆمەرجاننىڭ يولدا ئىككىلىنىپ بىزدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنى ئۇلار قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇقتۇق. ئۆمەرجان يېرىم كېچىدە بىرنەچچە جەڭچىگە:

— سوپى لىيەنجاڭلاردىن ئايرىلىپ قالدۇق. كېچىدە نەگىمۇ بارارمىز، — دەپ يولداشلارنى چېكىپ باققان. قۇربان روزى گېپى ئاشكارا يولداش بولغاچقا:

— ئۆمەرجان ئاكا، سىز، بىز قوشۇندىن ئايرىلىپ قالدۇق دەپ ئىككىلىنىپ قالدىڭىز. سىز ماڭغان يولىڭىزدىن چېكىنسىڭىز قالغانلار نېمە قىلماقچى، بۇ يولدا مېڭىشقا قەسەم بەردۇق. سىز ماڭمىسىڭىز، بىز ماڭىمىز. يۇرتداشلار، سوپى لىيەنجاڭنى تاپىمىزمۇ؟ قېنى غەيرەت قىلايلى! — دەپ يولداشلارغا مەدەت بېرىپتۇ.

ئۆمەرجان ئىلاج يوق كەينىمىزدىن كېلىپتۇ.

تۇخانلار سەپتىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن، كۆن چىقىش ئالدىدا بىر قازاق ئۆيىنى تېپىپتۇ.

تۇخان قازاق يولداشقا:

— ئادىشىپ قالدۇق. بىز بىر تۆەن ئادەم ئىدۇق. بىزنى ئىز قوغلاپ شۇ قىسىمغا يەتكۈزۈپ قويسىڭىز، سىزنى ئوبدان رازى قىلساق، — دەپ ئىلتىماس قىلىپتۇ.

بۇ، مۇھەممەت دېگەن موللا كىشى ئىكەن، مەن يەتكۈزۈپ قوياي دەپ ۋەدە بېرىپتۇ. تۇخان شۇ ھامان قولىدىكى ئىككى مىسقال ئالتۇن ئۈزۈكنى چىقىرىپ يول باشلىغۇچى كىشىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپتۇ. مۇھەممەت ئۇلارنى باشلاپ، ئىز قوغلاپ كەچقۇرۇن يەتكۈزۈپ كەلدى. بىز خۇشال بولۇپ بۇ كىشىنى 200 سوم پۇل بىلەن مۇكاپاتلىدۇق. زاپاس پىشۇرۇۋالغان بىر قويىنىڭ گۆشىنى ئۆمەرجاننىڭ پېيىگە بېرىپ، ئۇلارنىڭ



قورسىقىنى تويغۇزدۇق. شۇنىڭدىن كېيىن جەڭچىلەرگە غەيرەت قىلىپ ۋە ھوشيار بولۇپ قوشۇندىن ئايرىلىپ قالماسلىق ھەققىدە تەربىيە بەردۇق.

شۇ كۈنى كەچقۇرۇن جۇڭغار ئويمانلىقىدىكى قىلىن سۆكسۆك جاڭگىلىغا بېرىپ قالدۇق. سۆكسۆكنىڭ ئېگىزلىكى ئادەم بويىدىن ئېگىز، يوغانلىقى ئادەم بېلىدەك ھەم تىك ئۆسكەن بولۇپ، ئاجايىپ چىرايلىق كۆرۈنەتتى. 5 - ئاي بولغانلىقتىن بىخ ئۇرۇپتۇ. بەزىلىرى قۇرۇپ قاقشال بولۇپ يىقىلىپ چۈشۈپ چىرىپ كېتىپتۇ. ئايدىڭدا سۆكسۆك جاڭگىلىغا كىرىپ قالغانلىقىمىزدىن ئاتلىق كېتىۋاتقان جەڭچىلىرىمىزنىڭ ئۇيقۇلىرى ئېچىلىپ كەتتى. بۇنداق يوغان سۆكسۆك ئوتۇننى ئۆمرىمىزدە كۆرۈپ باقمىغانلىقىمىز ئۈچۈن ھەيران قېلىشتۇق. بەزىلىرى، سۆكسۆك دېگەن گەپنىمۇ ئاڭلاپ باقمىغانىكەنمىز دېيىشتى. جۇڭغار ئويمانلىقىدىكى بۇ پايانسىز جاڭگاللىقنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ بايلىقى ئىكەنلىكىگە خۇش بولدۇق. بەزى يولداشلىرىمىز، بۇ جاڭگال شەھەر - يېزىلارغا يېقىن بولغان بولسا سۆكسۆك ئوتۇنلارنىڭ ئۆزى تۇرماق يىلتىزلىرىمۇ قالمىغان بولاتتى، دېيىشتى. بىز بىر - بىرىمىز بىلەن جۇڭغار ئويمانلىقى قانچە ئەسىرلەردىن بېرى شۇنچىلىك چوڭ جاينى ئۆز باغرىغا بېسىپ ياتقاندۇر. نېمىدېگەن گۈزەل - ھە! دېيىشتۇق.

يول باشلىغۇچى قازاق يىگىتىمىز ئالدىمىزدا جەنۇبقا قاراپ مېڭىۋاتىدۇ. بىز ئارقىسىدىن ھەربىي سەپ بويىچە كېتىپ بارىمىز. يېرىم كېچە بولۇپ قالدى. جەڭچىلەرگە سىنچىلاپ قارىسام ئات ئۈستىدە مۈگدەپ، بوينى تۇتمىغان بالىدەك كېتىپ بارىدۇ. بۇنىڭ ئالدىنى ئالمىساق قىيىن بولىدىغاندەك تۇرىدۇ. ئۆزۈممۇ چارچاپ كەتتىم، ئىلاجىم يوق، يول باشلىغۇچىنىڭ ئېتىنى توختاتتىم. قازاق يىگىت ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ قايسى تەرەپكە قاراپ ماڭغان بولساق شۇ تەرەپكە قاراپ تۇردى.

سەپ سوزۇلۇپ كەتكەن بولسىمۇ جەڭچىلىرىمىز ئارقا ـ ئارقىدىن يېتىشىپ كەلدى. مەن قازاق يىگىتكە: «بىرئاز دەم ئالايلى» دېدىم. جەڭچىلەر ئاتتىن چۈشۈپ يىراققا كەتمىسۇن، مۇشۇ يەردىلا دەم ئالسۇن، ھەربىر پەي ئۆز ئالدىغا پوست قويسۇن، دەپ ئالاقىچىلار ئارقىلىق كوماندىرلارغا بۇيرۇق بەردۇق. قازاق يىگىت ئاتتىن چۈشۈپلا قولىدىكى قامچىسىنى بىر مېتىردەك ئالدىغا تاشلاپ قويۇپ، «مېنىڭ ئالدىمغا كىشى ئۆتمىسۇن» دېدى. بېشىنى قامچا تەرەپكە توغرىلاپ دۈم ياتتى. مەن بۇ يىگىتنىڭ يول باشلىشىغا قايىل بولدۇم. كونىلارنىڭ «يولنى كارۋاندىن سوراڭ» دېگەن سۆزلىرى ئېسىمگە كەلدى. مەن نەچچە سوتكا ئۇخلىماي قىينالغاندىم. كۆزۈمنىڭ ئاچچىقىنى چىقىراي دەپ بىر يوغان سۆكسۆك كۆتەككە بېشىمنى قويۇپ قاتتىق ئۇخلاپ كېتىپتىمەن. بىرى كۆزۈمنى ئاچ دېگەندەك قىلدى، دەرھال كۆزۈمنى ئېچىپ قارىسام، تاڭ سۈزۈلەي دەپتۇ. جاڭگالدىكى تورغايلار چىرايلىق ناۋاسى بىلەن سايراپ كېتىپتۇ. بۇ ئاۋازلار قۇلاقلىرىمىزغا خۇددى ساز چالغاندەك يېقىملىق ئاڭلاندى. ئەتراپ جىمجىت. ئورنۇمدىن تۇرۇپ جەڭچىلەرگە قارىسام، پوستقا چىققانلارمۇ مىلتىقلىرىنى قۇچاقلاپ قاتتىق ئۇخلاپ كېتىپتۇ. قىسىمدىكى ئالاقىچىلەرنى ئويغىتىپ كوماندىرلار جەڭچىلەرنى ئويغىتىپ ئاتلاندۇرسۇن! دەپ بۇيرۇق بەردىم. يول باشلىغۇچى يىگىت قېشىغا بارسام، ئاخشام ئورنىدا قانداق ياتقان بولسا شۇنداق يېتىپتۇ. ئۇنى ئويغاتتىم. ئۇ قامچىسىنى قولىغا ئېلىپ، جەنۇب تەرەپكە قارىغان بويىچە: «ئاتنى ئەكېلىپ بەرسۇن» دېدى. ئەكېلىپ بېرىۋىدى، ئاتقا مىنىپ «ماڭىمىزمۇ؟» دەپ سورىدى. مەن «ماڭىمىز» دېدىم.

تاڭ يورۇۋاتىدۇ. بىز ئاتلىق كېتىۋاتىمىز. ئۆزىمىزمۇ خېلى يەڭگىللەپ قالغاندەك ھېس قىلدۇق. مەزكۇر قېلىن سۆكسۆكلۈكتە شىمال قايسى تەرەپتە، جەنۇب قايسى تەرەپتە، ھېچ بىر



بىلەلمىدۇق. قۇياشمۇ قىزىرىپ چىقتى. بۇ يول باشلىغۇچى يىگىتنى ئېلىۋالمىغان بولساق، تاڭ ئاتقۇچە سۆكسۆك ئىچىدە يول تاپالماي چېپەيزىگە نېرىپ قېلىپ، دۈشمەنگە ئۇچرىشىپ قېلىش ئېھتىمالى بار ئىدى. يول باشلىغۇچى يىگىتىمىزنىڭ ياردىمى ۋە توغرا يول باشلىشى بىلەن ئاخشام ماڭغان جەنۇب تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتىمىز. كۈنمۇ ئېگىز ئۆرلەپ قىزىشقا باشلىدى. بىر كىچىك دۆڭگە كېلىپ توختاپ دەم ئالايلى دەپ بۇيرۇق قىلدىم. جەڭچى ـ كوماندىرلار ۋە ئاتلىرىمىزمۇ بىرنەرسە يېمىگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە جۇڭغار ئويمانلىقىدىكى سۆكسۆكلۈك جاي پۈتۈنلەي يۇمشاق توپىلىق ئىكەن. ئاتلارنىڭ پۇتلىرى يۇمشاق توپىغا پېتىپ ئاران مېڭىۋاتىدۇ. سەپ ئىككى كىلومېتىردەك ئۇزىراپ كەتتى. ئۆزىمىز بەكمۇ چارچاپ كەتتۇق. ئەگەر دۈشمەن تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ قالسا قارشىلىق كۆرسىتەلمەي مەغلۇپ بولۇشقا كۆزۈم يەتتى. ئۇزۇلۇپ كەتكەن سېپىمىز بىر سائەتتەك ۋاقىتتا يېتىشىپ كەلدى. ئەتراپقا پوست قويۇلدى. بارلىق قوشۇندىكىلەر بەكمۇ ئۇسساپ كەتكەنلىكىمىزدىن گەپ قىلساق كالپۇكىمىز يېپىشىپ قالاتتى. چۈنكى كەچتە گۆشنى يەپلا ماڭغاندۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كۈن ئىسسىق بولدى. مەن قازاق يىگىتىمىزدىن:

— بۇ ئەتراپلاردا سۇ يوقمۇ؟ — دەپ سورىدىم. قازاق يىگىت بىزنىڭ ماڭغان يولىمىزنىڭ سول تەرىپىنى كۆرسىتىپ:

— بىر قارا چوققا كۆرۈنگەن يەردە سۇ بار ھەم ئوڭ تەرىپىمىزدىمۇ سۇ بار، — دېدى.

— سۇغا قايسى تەرەپ يېقىنراق؟

— سول تەرىپىمىزدىكى قارا دۆڭ يېقىنراق.

ئۇلانبۇلاق دېگەن شۇ يەردە ئىكەن. بۇ يەردىن 500 مېتىردەك كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ. مەن ھەربىر بەندىن ئىپتى ياخشى جەڭچىلەر بېرىپ سۇ ئەكەلسۇن، دېدىم. يولداشلار سۇ قاچىلى-

رىنى ئېلىپ قازاق يىگىت بىلەن بىللە كەتتى.

مېنىڭ بېشىم قاتتىق ئاغرىپ پۈتۈن بەدىنىم قىزىپ ئولتۇرۇشقىمۇ ماجالىم قالمىدى. بىر يۇلغۇن دۆۋىسىگە بېشىمنى قويۇپ، كۆزۈمنى ئېچىشقىمۇ مادارىم قالماي، يېتىپ قالدىم. چىرايىم بەك سارغىيىپ كەتسە كېرەك. جەڭچىلەر چۆرىدەپ مېنىڭ قېشىمدا ئولتۇرۇپ: ليەنجاڭ، نېمە بولدى دەپ سوراۋاتىدۇ. بەزىلەر ئاغرىپ قېلىپتۇ، دەپ جاۋاب بېرىۋاتىدۇ. بەزىلەر ليەنجاڭ نەچچە سوتكا ئۇخلىماي پوستلارنى تەكشۈرۈپ چارچاپ ئاغرىپ قاپتۇ، دەيتتى. تۇخان، تۇنۇگۈن يېگەن گۆشنىڭ ھەممىسىنى قۇسۇۋەتتى، دەپ بېشىمنى يۆلەپ ئولتۇردى. ھېرىپ كەتكىنىمدىن كۆزۈمنى ئاچالمىدىم. كۆڭلۈم ئېلىشىۋاتىدۇ. شۇ ئەھۋالدا ياتسام، «تاڭ ـ تۇڭ» قىلغان مىلتىقنىڭ ئاۋازى چىقتى. ئارقىدىنلا كەكلىك سايرىغاندەك پىلىموتنىڭ ئاۋازى قوشۇلدى. كۈتۈلمىگەن يەردىن قوماچ قورۇغاندەك ئېتىلغان ئوق ئاۋازى ھەم قول بومبىسىنىڭ پارتلىغان ئاۋازى تىنچ مۇھىتنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. ئوق ئاۋازى بىلەن جەڭچىلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. مەنمۇ ئورنۇمدىن تۇردۇم. جەڭچىلەر سۇ ئالغىلى كەتكەن تەرەپكە دۈربۈن بىلەن قارىدىم. قارا دۆڭ ئارقىسىدىن چىقىۋاتقان ئوق ئاۋازى ئازلاپ قالدى. ئۇ يەردە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيدۇ. بىرئازدىن كېيىن ئىس ـ تۈتەك كۆتۈرۈلدى. بىر گراناتامىيوتنىڭ ئوقى ئاسماندا پارتلاپ كەتتى. دۈشمەننىڭ گراناتامىيوت ئېتىش تېخنىكىسىنىڭ ناچارلىقىدىن، دېگەن جايغا تەگكۈزەلمەي ھاۋادا پارتلىتىۋەتتى.

«ئاتلان!» دەپ كوماندا بەردىم. سەپ بولۇپ ماڭدۇق. ئابلەت داۋۇت سۇ ئالغىلى كەتكەنلەرنىڭ كەينىدىن كەتكەنىدى. ئالدىدىن ئوق چىقىش بىلەن يېرىم يولدىن قايتىپ كەپتۇ. بۇنىڭدىن نېمە بولغانلىقىنى سورىسام، ئۇمۇ ئەھۋالنى ئۇقالماپتۇ. كۆرۈنگەن قارا دۆڭنىڭ جەنۇبىدىن شىمالغا سوزۇلغان ساي ئىچىگە دۈربۈن



بىلەن قارىسام ئالدىمىزغا توسۇپ چىققان گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئۇ ياق ـ بۇ ياق ماڭغانلىقى بىلىندى. بىر بايراق لەپىلدەپ كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. يەر شارائىتىغا قارىسام ئۇلار تۇرغان يەر ئېگىز، بىز ھۇجۇم قىلىدىغان جاي تۈزلەڭ بولۇپ، ئۇلار ئۈچۈن پايدىلىق ئىكەن. قانداق قىلىش كېرەك؟ سول، ئوڭ تەرىپىمىزدە ئىككى دۆڭ تۇرىدۇ. بىر پەيىنى ئارقىمىزدىكى بىر قارا دۆڭگە مۇداپىئە قىلىشقا يەنە ئىككى ياندىن كېلىدىغان خەۋپتىن ساقلىنىشقا، ئوڭدىن كېلىدىغان دۈشمەندىن ئېھتىيات قىلىشقا قالدۇرۇپ، ئۆزۈم سول تەرەپتىكى دۆڭگە ئىككى پەيىنى ئېلىپ ماڭدىم. بۇ دۆڭ دۈشمەنگە يېقىنراق ئىدى. بىراق دۈشمەننىڭ قانچىلىك كۈچى بارلىقىنى بىلمىدۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇداپىئەنى چوڭراق ئورۇنلاشتۇردۇق. بۇنىڭ پايدىسى بار، زىيىنى يوق ئىدى. مەن باشلاپ ماڭغان يەرگە بارساق، دۈشمەن ئاتلىرىنى بىر ئويمانلىققا يىغىپ قويغانىكەن. مەن بېرىپ ئالدى بىلەن مەھەممەت «مازا» دېگەن جەڭچىمىزنىڭ پىلىموتىنىڭ شىرىقىنى مۇرىسىگە قويۇپ، بىر دىسكا (50 تال) ئوق بىلەن ئاتلارنى ئوققا تۇتتۇم. ئاتلار غۇژمەك تۇرغانلىقتىن كۆپرەكى يىقىلدى. يېنىمدىكى كۆزەتچى دۈربۈن بىلەن ئەھۋالنى دوكلات قىلىپ تۇردى. بۇنىڭ بىلەن بىز خاتىرجەم بولدۇق. چۈنكى دۈشمەن بىزنىڭ تۇرغان يەرلىرىمىزنىڭ قولايسىزلىقىدىن پايدىلىنىپ، بىزگە ھۇجۇم قىلىشقا ياكى قوغلاشقا توغرا كەلسىمۇ ئاتلىرىنىڭ كۆپ قىسمىدىن ئايرىلغاچقا، قوغلاپ كېلەلمەيدۇ.

دۈشمەن بىر ليەندىن ئارتۇقراق ئىكەن. بۇلارنىڭ ئالدىمىزنى توسۇغىنىدىن قارىغاندا چېپىيېزىدە تەييارلىق قىلىپ يۈرگەنلەر بولسا كېرەك. بۇلاق بېشىدىكى ئۇرۇشتا يول باشلىغۇچى قازاق يىگىت ھەم غېنى بەنجاڭ قۇربان بولدى. غېنى بەنجاڭ خېلى غەيرەتلىك، باتۇر بەنجاڭلارنىڭ بىرى ئىدى. سۇ ئالىدىغان ئۇلانبۇلاق سايىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئاش ئىچىدىغان چۆچەككە

ئوخشايدىغان جاي بولۇپ، دۈشمەنلەر ئەترىتى دۆڭنى ئىگىلىگەنىكەن. سۇ ئالغىلى بارغان قازاق يىگىت، غېنى بەنجاڭ بۇلاقتىن سۇ ئالاي دەپ ئاتتىن چۈشۈشىگە پىلىموت، مىلتىقلاردىن بىراقلا چىققان ئوقتا بۇ ئىككىسى شۇئانلا قۇربان بولغان. ھەسەن قادىر بۇلاققا يېقىن بارمىغانلىقى، ئۆزى كىچىك، بەدەن قۇرۇلۇشى جىۋەك بولغانلىقى ئۈچۈن قويىدەك بىر تاشنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇۋالغانىكەن. دۈشمەننىڭ بۇنىڭغا ئاتقان ئوقلىرى تاشلارغا تەگكەن. دۈشمەنلەر بۇلاق بېشىغا بارغانلارنى تىرىك قولغا چۈشۈرۈپتۇ. بۇ قوشۇن بىزدىن يۈز ئۆرۈپ مايتاغدا قالغان ھاكى قۇربان، ھېسامىدىن لىيەنجاڭلارنىڭ ئىختىيارىغا بېرىلگەنىكەن①.

ئۇلانبۇلاقتىكى ئۇرۇشتا ئىككى ئادىمىمىز شېھىت بولۇپ كەتكەندىن كېيىن خەلق بۇ بۇلاقنى «شېھىتبۇلاق» دەپ ئاتاپتۇ.

چېپپەيزىدە ئوسبا دېگەن قازاق، گومىنداڭ ۋاقتىدا قورچاق ساقچىخانىنىڭ باشلىقى بولغانىكەن. ئۇ ئالدىمىزنى توسۇش ئۈچۈن چىققان دۈشمەنلەرگە يول باشلاپ كەلگەنىكەن. ئۇ قۇربان بولغان جەڭچىمىزنىڭ بېشىنى ئاختۇرغاندا ئۆلگۈچى مىدىرلاپ كەتسە كېرەك، ئوسبا قورقۇپ كېتىپ يۈرەك كېسىلى بولغاچقا شۇ يەردىلا ئۆلۈپتۇ. ئۆلۈكىنى دۈشمەنلەر ئاتقا ئارتىپ چېپپەيزىگە ئەكېتىپتۇ. بۇ ئۇرۇش شۇ كۈنى نامازدىگەرگىچە بەش سائەت داۋاملاشتى. دۈشمەنلەر ئوندەك ئادەم ۋە نۇرغۇن ئات ـ قېچىرلىرىدىن ئايرىلدى.

## ئەمدىكى نىشان بورتالا

قوزغىلاڭچى قوشۇن رەھبەرلىكى تۆۋەندىكىچە قارارغا كەلدۇق: بىز يول باشلىغۇچىمىزدىن ئايرىلىپ قالدۇق. دۈشمەنلەر

① 1955 ـ يىلى خىزمەت بىلەن قەشقەرگە بارغاندا، ھەسەن قادىر بىلەن كۆرۈشۈپ ئەھۋالنى تولۇق ئۇقتۇم.



بىلەن قۇرۇق سايىنى تالىشىشنىڭ بىزگە پايدىسى يوق. بۇ ئۇرۇش تاسادىپىي يۈز بەردى. بىزنىڭ مەقسىتىمىز بۇلاقنى تالىشىش ئەمەس يەنە ئالغا قاراپ مېڭىشنى داۋاملاشتۇرۇش.

بىز تۇرغان دۆڭدىن جەڭچىلىرىمىزنى ئېلىپ ئوڭ تەرەپتىكىلەر بىلەن قوشۇلدۇق. ئارقىمىزنى ساقلاۋاتقان جەڭچىلىرىمىزنىمۇ چاقىرىپ كەلدۇق. ئارقىمىزغا بىر پەي جەڭچىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارغا ئارقا تەرەپنى قاتتىق قوغدىغاچ، ئەگىشىپ مېڭىشنى تاپىلاپ، جەنۇبىي تاغقا قاراپ يولغا چىقتۇق. خېلى ماڭغاندىن كېيىن بىر ئېدىرلىققا يەتتۇق. پەسكە چۈشۈپ قارىساق يالغۇز بىر كونا قازاق كىگىز ئۆيى بار ئىكەن. ئۆيدە يالغۇز بىر بوۋاي ئولتۇرىدۇ. سالام قىلىپ ئۆيگە كىردىم.

— ئۆيدىكىلەر نەگە كەتتى؟ — دەپ سورىدىم بوۋايدىن، — بۇ يەردە سۇ بارمۇ؟

ئۇ بىر چوڭ قورام تاغنىڭ تۆۋىدە يامغۇرنىڭ يىغىلىپ قالغان سۈيىنى كۆرسىتىپ قويدى. ئالدىدا بارغانلىرىمىز ئوندەك كىشى بولۇپ، نۆۋەت بىلەن ئىچىپ سۇنى تۈگەتتۇق. مەن بوۋايدىن:

— نېمە ئىش قىلىسىز؟ — دەپ سورىدىم.

بوۋاي:

— ھېچ نەرسەم يوق. تۇغقانلار بىر ـ ئىككىدىن مال بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىمەن. قىشتا بۇ يەردە قىشلايمەن، — دېدى بوۋاي جاۋاب بېرىپ. مەن ئۇنىڭغا بىرئاز پۇل تەڭلىدىم.

— بۇ پۇلنى نېمە قىلىمەن؟ قەيەرگە ئاپىرىپ خەجلەيمەن؟ ئالىدىغان نەرسىلەر بۇ يەردە بولمىسا، — دېدى بوۋاي پۇلنى ئالغىلى ئۇنىماي.

— ئېلىڭ، تۇغقانلىرىڭىز كېلىپ قالسا شۇلار ئارقىلىق نەرسىلەرنى ئالدۇرارسىز، — دېدىم. بوۋاي پۇلنى تەستە ئالدى.

كەچ سائەت تۆت ـ بەشلەر بولۇپ قالدى. بوۋاي تاغ تەرەپتە سۇ، ئەلمۇ بارلىقىنى ئېيتىپ بەردى.

يۈرۈشىمىزنى داۋاملاشتۇردۇق. تاغ ئارىسى بولغانلىقتىن ھاۋا سالقىن بولۇپ قالدى. نامازشام سائەت يەتتىلەردە ئالدىمىزدىكى رازۋېدكىچىلاردىن بىرى ئات چاپتۇرۇپ يېتىپ كېلىپ، ئالدىمىزدا يېقىن يەردە سۇ بارلىقىنى دوكلات قىلدى. ئالاقىچى ئارقىلىق ئارقىدىكىلەرنىڭ قەدىمىنى تېزلەتتۇق. سۇ بويىغا بارساق ئازراق سۇپسۈزۈك سۇ شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقانىكەن. سۇنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئادەم يەۋالغۇدەك ياپيېشىل ئوت ـ چۆپ ئۆسكەن بولۇپ، سۇ بويىنى گۈزەل تۈسكە كىرگۈزۈپتۇ. بىزمۇ ئۇسسۇزلۇقىمىزنى قاندۇرۇپ ھۇزۇرلاندۇق. چۈنكى، بىز ۋە ئاتلىرىمىز بىر ـ ئىككى سوتكا ھېچ نەرسە يېمىگەن؛ قانغۇدەك سۇ ئىچمىگەنىدى. ئاياغدىكىلەر: «سۇ توختاپ قالدى. باشتىكىلەر توختاپ تۇرۇڭلار» دەپ ۋارقىراپ كەتتى. ئەگەر ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرمىگەن بولسام مەن ئىشەنمىگەن بولاتتىم. راست شۇنداق، ئادەم ۋە ئاتلار بىرلىكتە سۇ ئىچىپ ئېقىن سۇنى توختىتىپ قويغانىكەن.

تۇخان: «يېقىن يەردە ئىتلار قاۋىشىۋاتىدۇ» دېدى. نامازشامدىن كېيىن يولداشلارنى مېڭىشقا بۇيرۇق قىلدىم. ئالدىنقى رازۋېدكىچىلار بەندىن، ئالدىمىزدىكى تاغ ئارىسىدا ئوندەك قازاق ئۆيى بار ئىكەن. تۇرۇپ تۇرىمىزمۇ ياكى ماڭىمىزمۇ، دەپ خەۋەر قىلدى. بىزمۇ يېتىپ كەلدۇق. قۇلايلىق جايلارغا پوست قويدۇق. بىز ئائىلە باشلىقىنى چاقىرتىپ، بىزگە سويۇپ يېيىش ئۈچۈن قوي سېتىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلدۇق. ئۇلار قوينىڭ پۇلىنى تۆلەيدىغانلىقىمىزنى ئاڭلاپ دەرھال 12 تۇياق قوي بەردى. گۆش پىشقۇچە جەڭچىلەر دەم ئالدى. چوڭ بوۋايلارمۇ يېنىمىزغا كەلدى. بۇ ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ قازاق يولداشلارغا كېلىشتىكى مەقسىتىمىزنى چۈشەندۈردۇق. قويلارنىڭ پۇلىنى



نەرخى بويىچە تۆلىدۇق. ئۇلارمۇ قولىدىن كېلىشىچە ياردەملىشىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، باشقا يېمەكلىكلەرنى بەردى. مەن قازاق يولداشلاردىن ماڭىدىغان يولنى كۆرسىتىپ قويۇشنى ئۆتۈندۈم. شۇ ئەسنادا، ئۇلار كۈنپېتىشتىن كۈنچىقىشقا قاراپ سوزۇلغان تاغ بېغىرلاپ ماڭىدىغان بىر چىغىر يولنىڭ بارلىقىنى، شۇ يول بىلەن مېڭىپ «ئوتى» دېگەن قىشلاققا بارغاندا ئاچال بارلىقىنى، ئۇ يەردىن ئۆتكەندە بىر ئۆتەڭ مەھەللىسىگە بارىدىغانلىقىمىزنى ئېيتىپ بەردى. بىز كېچە سائەت ئۈچلەردە يولغا چىقتۇق. كېتىۋېتىپ جەڭچىلەرگە قاراپ باقسام ئۇگدىمەي خېلى تېتىكلىشىپ قاپتۇ. تاڭ ئېتىپ كۈن چىقاي دېگەندە تاغ ئارىسىدىكى سۇ بويىغا تىكىلگەن ئون ئۆيلۈك قازاق ئاۋۇلىغا بېرىپ قالدۇق. بۇ ئاھالىلەر بىزنى كۆرۈپ ئالاقزادە بولۇپ كەتتى. ئۇلار سەھەردە كىگىز ئۆيلىرىنى چۈۋۈپ ئات ـ ئۇلاغلىرىغا ۋە تۆگىلىرىگە ئارتىۋاتقانىكەن. بەزىلىرى ئۆيلىرىنى ئەمدى چۈۋۈۋېتىپتۇ. مەن جەڭچىلەرگە ئالدىمىزدىكى ئېگىز تاغ باغرىدا دەم ئېلىپ تۇرۇشنى تاپىلاپ قويۇپ، ئىككى مۇھاپىزەتچىم بىلەن كۆچۈشكە تەييارلىنىۋاتقان قازاق قېرىنداشلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ، نېمە ئۈچۈن كۆچۈۋاتقانلىقىنى سورىدىم. ئۇلارنىڭ ئالدىراپ ـ تېنەپ كۆچۈشىنىڭ سەۋەبلىرى مۇنداق ئىكەن: بىز مايتاغدىن قوزغىلىپ، تەڭرىتاغ بويلىرىدىن بەشخۇرجىغا قاراپ ماڭغاندا ھېسامىدىن بىزدىن قېچىپ بېرىپ گومىنداڭ شتابىغا بىزنى، بەشخۇرجىدىن قۇمتاغقا كىرىۋېلىش خەۋپى بار دەپ، دوكلات قىلىپتۇ. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى قازاق چارۋىچىلارغا:

— مايتاغدىن بىر تۈركۈم ئوغرىلار قاچتى. سىلەر تېزدىن چېپەيزى ياكى ئۇلانبۇلاق ئەتراپىغا كۆچۈپ كېتىڭلار. بولمىسا ئوغرىلار سىلەرنى بۇلاپ ـ تالاپ قىرىپ تاشلايدۇ. خوتۇن ـ قىزلىرىڭلارنى بۇلاپ كېتىدۇ، — دەپ تەشۋىق قىلىپ، بىزگە بېرىدىغان ياردەمنى توسۇماقچى بولۇپتۇ. بىز بۇ كۆچمەنلەرگە

خىزمەت ئىشلىدۇق:

— كۆچمىز دەپ ئاۋارە بولماڭلار. مايتاغدىن گومىنداڭغا قارشى قوزغىلىپ چىققان ئەسكەرلەر بىز بولىمىز. ئەگەردە سىلەرنى بۇلاپ - تالايدىغان ئىشىمىز بولسا، سىلەرنىڭ ماللىرىڭلارنى بۇلىغان بولاتتۇق. بىزدە ئۇنداق مەقسەت يوق، پەقەت گومىنداڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى تۇرۇپ، سىلەرگە ئوخشاش ئېزىلگەن خەلقنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن قوزغىلىپ چىقتۇق. ئىلى تەرەپتىكى ئىنقىلابچىلارغا قوشۇلۇش ئۈچۈن كېتىپ بارىمىز. سىلەرمۇ ئەمەلىي ئەھۋالنى كۆرۈۋاتىسىلەر ھەم كۆردۈڭلار. بىز سىلەرنىڭ قىلچىلىك نەرسەڭلەرگە تەگمىدۇق ھەم ئالمايمىز. ئاخشام قونغان جايدىكى قازاق قېرىنداشلارنىڭ بىزنىڭ يېيىشىمىز ئۈچۈن بەرگەن قويلىرىنىڭ پۇلىنى تۆلىدۇق. يالغان بولسا سىلەر ئۇلاردىن سوراپ كۆرۈڭلار. سىلەر بىزدىن خاتىرجەم بولۇڭلار، — دەپ يولىمىزنى داۋاملاشتۇردۇق.

بىز كېتىۋاتقاندا يول بويى خۇددى ئۇۋىسى چۇۋۇلغان چۈمۈلىدەك تاغ ئارىلىرىدا كۆچۈۋاتقان چارۋىچىلارنى ئۇچراتتۇق. ئۇلارغىمۇ ئەھۋالنى ئېيتىپ، خاتىرجەم قىلدۇق. شۇ كۈنى چۆچەككە بارىدىغان تاشيولنى كېسىپ ئۆتۈپ، بىر سوتكا ماڭغاندىن كېيىن، بورتالا ناھىيىسىگە قاراشلىق تاغقا ياماشتۇق. تاغنىڭ ئۈستى تۈپتۈز يايلاق ئىكەن. كېتىۋاتساق، 50 ياش چامىسىدىكى بىر قازاق چارۋىچى ئۇچراپ قالدى. ئۇ، ئېتىنى ئوتقا قويۇۋېتىپ كىيىملىرىنى سېلىپ ئولتۇرغانىكەن. مەن بېرىپ سالام بەردىم، ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن:

— گومىنداڭچىلار بۇ يەردە بارمۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— ئۇلار بۇ يەردە نېمە قىلسۇن، — دېدى ئۇ.

— گومىنداڭنىڭ ساقچىلىرىچۇ؟ بارمۇ؟

— بۇ يەردە ئۇلار نېمە ئىش قىلسۇن، ئۇلار بۇ يەرگە كەلمەيدۇ.

بۇ كىشىنىڭ ئىسمى نۆكېجان ئىكەن. ئۇنىڭغا ئۆزىمىزنى



تونۇشتۇردۇق. بىز ئۇنىڭغا مۇمكىن بولسا يول باشلاپ بىزنى ئىلى تەۋەسىگە ئاپىرىپ قويىسىڭىز دەپ ئىلتىماس قىلدۇق. نۆكېجان دەرھال ماقۇل بولدى.

— مۇشۇ يول قىزىلتۇزغا، چۆچەككە بارىدىغان يول. يول ئۈستىدە بىر ئۆتەڭ بار. ئىسمى تۇزكانى، سوۋېت چېگرىسىغا يېقىن. قىزىلتۇزغا يېقىندىن ئۈچ ۋىلايەت ئەسكەرلىرى كەلدى دەپ ئاڭلىدۇق. مەن سىلەرنى شۇ يەرگە يەتكۈزۈپ قوياي.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ بارلىق جەڭچىلەر جانلىنىپ، چاۋاك چېلىپ كەتتى ۋە ھۇررا دەپ توۋلاشتى. بەزى ئۇخلاپ قالغان جەڭچىلەرمۇ چۆچۈپ قوپۇشۇپ كەتتى. نېمىدېگەن خۇشاللىق - ھە! جەڭچىلىرىمىز خۇشاللىقىدىن بەزى كونا كىيىم - كېچەك ۋە يېڭى ئېلىپ قويغان رەختلىرىنى بېرىۋەتتى. مەن تەمىنات بۆلۈمىدىن ئۈچ تاختا چاي بېرىشنى بۇيرۇدۇم ۋە يېڭى بىر چىبەرقۇت شىمنى بەردىم. بۇ كىشىنىڭ ئالدىغا خېلى جىق نەرسىلەر دۆۋىلىنىپ كەتتى. بىزنىڭ زاپاس ئېتىمىز بار ئىدى. بۇ ئاتنىمۇ مۇكاپات ئورنىدا بېرىۋەتتۇق.

— سىلەر مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرساڭلار، — دېدى نۆكېجان، — مەن بۇ نەرسىلەرنى ئۆيۈمگە ئاپىرىپ ئائىلەمگە ئېيتىپ قويۇپ كەلسەم، ئاندىن سىلەرنى باشلاپ ماڭسام.

— بولىدۇ، مۇمكىن بولسا تېزرەك يېتىپ كېلىڭ، — دېدىم.

ئۇ بىز بەرگەن نەرسىلەرنى ئېتىغا ئارتىپ، بىز بەرگەن ئاتنى شۇ يەردە قالدۇرۇپ كەتتى. بىز ئەتراپقا پوست قويۇپ ئەسكەرلەرنى دەم ئالدۇرۇپ، يېڭى يول باشلىغۇچى قازاق يولداشنى كۈتتۇق. ئۇ ئەتىگەن سائەت ئونلاردا كۈنچىقىش تەرەپتىكى بىر قىرنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ئىككى - ئۈچ سائەت كۈتتۇق. تېخىچە قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى. تۆت سائەتمۇ بولدى، كەلمىدى. بىزنى ئالداپ قويغان ئوخشايدۇ دەپ گۇمان قىلدۇق. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇ تۈزلەڭ يايلاقتا قايسى تەرەپكە

مېڭىشنى بىلمەي، ئاخىر ئاتلىنايلى دەپ تۇرساق، كونېپىتىشتا دۆڭدە تۇرغان پوست «بىرى كەلدى» دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزدى. ئۇ ئۆزى بىلەن ھېلىقى قازاق يولداشنى باشلاپ كېلىپتۇ. بىزنىڭ مېڭىشقا تەييارلىنىپ بولغانلىقىمىزنى كۆرۈپ، قېنى يۈرەيلى دەپ ئېتىنى قوزغىدى. ئالدىمىزدا رازۋېدكىچىلار ماڭدى، يول باشلىغۇچى بىلەن ئارقىدىن سەپ تارتىپ بىز ماڭدۇق. بىر سايغا چۈشۈپ قېلىن قارىغايلىق ئىچىدىكى چىغىر يول بىلەن يۇقىرى ئۆرلەپ قىر ئاتلاپ يەنە بىر سايغا چۈشسەك، قازاق ئۆيلىرى بار ئىكەن. بۇلاردىن ئوندەك قوي سېتىۋېلىپ جەڭچىلەرنى تاماقلاندۇرغاچ ئاتلىرىمىزنىمۇ ئوتلاندۇردۇق. ئاندىن ئىككى سائەتتەك يول يۈرۈپ، نامازشام بىلەن يەنە ئېگىز - پەس ئېدىرلارنىڭ ئارىلىقىدا كونا قوتان ۋە تام ئۆيلەر بار يەرگە بېرىپ قالدۇق. بۇ جايدا 12 ئۆيلۈكتەك قازاق چارۋىچى بار ئىكەن. بىز شۇ جايدا قوندۇق. بۇ يەرگە گومىنداڭنىڭ تەتۈر تەشۋىقاتلىرى بارمىغانىكەن. چارۋىچىلار بىزنى ناھايىتى قىزغىن كۈتۈۋالدى، سويۇپ بېيىشكە قوي بەردى، پۇلنى تەستە ئالدى. نۆكېجان ئاخشىمى قازاق يولداشلارغا بىزنىڭ نەدىن، نېمە ئىش بىلەن كېلىۋاتقانلىقىمىزنى چۈشەندۈرۈپ قويغان ئوخشايدۇ. ئەتىسى سەھەر تۇرۇپ مېڭىشقا تەييارلىنىۋاتقاندا قازاق قېرىنداشلار كېلىپ، بىر - ئىككى كۈن تۇرۇپ دەم ئېلىپ ماڭساڭلار دەپ تەكلىپ قىلدى. ئۆي - ئۆيلەردە سۈتلۈك چاي، قايماق، پىشۇرۇلغان ئىسسىق بوغۇرساق بىلەن مېھمان قىلدى. شۇ مەھەللىدە بىر سىنىپ باشلانغۇچ مەكتەپ بار ئىكەن. ئوقۇتقۇچىسى بىز ئېلىپ يۈرگەن بايراقنىڭ خېتىنى ئوقۇپ كۆرۈپ، سىلەر مىللىي ئارمىيە پارتىزانلىرى ئىكەنسىلەر. ئېلىپ يۈرگەن قورالлىرىڭلار بەكمۇ خىل ئىكەن، دېدى. مەكتەپكە سېلىم ئىسكەندەر ئارقىلىق 300 سوم ئىئانە قىلدۇق. بۇلار خۇشاللىقىنى باسالماي كەتتى. بىز مېڭىشىمىزنى داۋاملاشتۇردۇق.



ئالدىمىزدا ناھايىتى ھەيۋەتلىك قاراتاغ بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىن ئۈچ - تۆت سائەتتە چىقىپ بولدۇق. ئالدىمىزدا يەنە بىر پاكار تاغ بار ئىكەن. بۇنىڭ ئۈستىگە چىقىپ دۇربۇن بىلەن قارىساق، قىزىلتۇزنىڭ تۈزلىڭى كۆرۈندى. ساينىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاپئاق ئاقارتىلغان ئۆيلەر تۇرىدۇ. بۇنداق ئاق ئۆيلەرنىڭ كۆرۈنۈپ تۇرۇشى بىزنى قاتتىق ئەندىشىگە سېلىپ قويىدى. چۈنكى بىز سوۋېت چېگرىسىدىن ئۆتۈپ كەتكەن ئوخشايمىز دەپ ئويلىدۇق.

ئالدىمىزدا ماڭغان رازۋېدكىچىلار بىلەن نۆكېجاننى چاقىرتتىم.

— بۇ ئاقارتىلغان ئۆيلەر قەيەر؟ — دېدىم ئۇلارغا.

— سوۋېت چېگرىسىمۇ؟

نۆكېجان قولىنى پېشانىسىگە دالدا قىلىپ ئوبدان قاراپ:

— بۇ سوۋېت چېگرىسى ئەمەس. قىزىلتۇز ساقچىلىرى تۇرىدىغان ئۆيلەر، بۇرۇن بۇنداق ئاق ئەمەس ئىدى. بۇنى چوقۇم مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى كەلگەندىن كېيىن ئاقارتقان بولۇشى مۇمكىن، — دېدى.

مەن بارلىق كوماندىرلارنى يىغىپ مەجلىس ئېچىپ:

— بىز ھازىر مىللىي ئارمىيىنىڭ ئالدىنقى قاراۋۇلغا كېلىپ قالغان ئوخشايمىز، — دېدىم ئۇلارغا، — ئۇقۇشماسلىق چىقىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ۋەكىل ئەۋەتەيلى. بىزنىڭ ۋەكىلىمىز بولۇپ قاسىم مەڭلىك، رازۋېدكىچىلار كوماندىرى سىدىق ھاجى، يول باشلىغۇچى نۆكېجانلار بارسۇن. سىلەر پارتىزانلارنىڭ ۋەكىلى بولۇپ بارغاندا، ئۇلارغا مەقسىتىمىزنى، قانداق كەلگەنلىكىمىزنى چۈشەندۈرۈڭلار. ئۇلار بىزنى قوبۇل قىلامدۇ؟ قوبۇل قىلىش شەرتلىرى قانداق؟ ئۇلار بىلەن رەسمىي سۆزلىشىپ جاۋابىنى ئېلىپ كېلىڭلار، — دەپ يولغا سالدۇق. ئۇلار مېڭىپ كەتكەندىن كېيىن، قالغان كوماندىر - جەڭچىلەرگە بىر - ئىككى ئېغىز سۆز قىلدىم:

— بىز مايتاغدىن چىقىپ، — دېدىم ئۇلارغا، — تاكى ھا-

زىرغا قەدەر نۇرغۇن جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى تارتىپ، ئاچ ـ توق قالساقمۇ چۆل ـ جەزىرىلەرنى بېسىپ ئۆتتۇق. ئۆلۈمگىمۇ پىسەنت قىلماستىن، مانا بۈگۈن مىللىي ئارمىيىنىڭ بىرىنچى سېپىدىكى قىسىملىرى بىلەن ئۇچرىشىش ئالدىدا تۇرىمىز. بۇ ئىشلارنىڭ غەلىبىسى بارلىق يولداشلارنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن قولغا كەلدى. بۇ غەلىبە سىلەرگە مەنسۇپ، — دېدىم. يولداشلار ئۇزاققىچە چاۋاك چېلىشىپ ئالقىشلىدى. كىمدۇر بىرى: «سىزدەك كوماندىرىمىز بولغانلىقىدىن غەلىبە قىلدۇق» دېدى. يەنە ئالقىش ساداسى ياڭرىدى.

— يولداشلار، — دېدىم مەن، سۆزۈمنى داۋاملاشتۇرۇپ، — جاھالەت دۇنياسىدىن قۇتۇلۇپ، سائادەت دۇنياسىغا قاراپ كېتىۋاتىمىز. كىشىلەر بىزدىن ھەرقانداق گەپنى سورىسا، ئۇنىڭ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر سىلىق ۋە يۇمشاق مۇئامىلىدە بولۇپ، ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن جاۋاب بېرىڭلار. بىزگە سىڭىپ كەتكەن يامان ئادەتلەرنىڭ پۇراقلىرى بولماسلىقى كېرەك. ياخشى تەسىر قالدۇرۇشىمىز لازىم.

مەن دۆڭگە چىقىپ دۇربۇن بىلەن ۋەكىلىمىزنىڭ ئاق ئۆيلەرگە بارغانلىقىنى كۆزىتىپ تۇردۇم. بۇلار كەتكىلى بىر سائەت بولدى. قايتىپ كېلىشىدىن خەۋەر يوق. بىزنىڭ دەم ئېلىپ تۇرۇۋاتقان بەزى كوماندىرلىرىمىز، ئاستا ماڭغاچ تۇرساق، بەلكىم ئۇلار يولدا ئۇچرىشىپ قالار دېگەن پىكىرنى بەردى. ھەقىقەتەنمۇ يولداشلىرىمىز بىر سوتكا بىرنەرسە يېمىگەنىدى. يېسىمۇ بىرەر پارچە گۆشتىن باشقا ھېچ نەرسە يېمىگەنلىكى راست. مەن بۇ پىكىرلەرنى توغرا كۆرۈپ ئالاقىچىلەر ئارقىلىق، يولداشلار ئاتلانسۇن دەپ بۇيرۇق بەردىم. ئالدىمىزدا بايراق، ئۇچتىن قاتار سەپ بولۇپ كېتىۋاتىمىز. مىللىي ئارمىيىنىڭ ئالدىنقى قاراۋۇلىغا يېقىن قالغاندا بىزنىڭ ۋەكىللىرىمىز ئاتلىرىنى تېز چاپتۇرۇپ بىز تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ماش



رەڭ كىيىملىك قوراللىق بىر پەي جەڭچى ئاتلىق كېلىۋاتىدۇ. ئۇلار كۆزىمىزگە چىرايلىق گۈلدەك كۆرۈنۈۋاتىدۇ، بىز توختىدۇق. بىزنىڭ ۋەكىلىمىز ئالدىدا كېلىپ ماڭا مىللىي ئارمىيە بىلەن كۆرۈشكەنلىكى، ئۇلارنىڭ پوزىتسىيىسى سىلىق ئىكەنلىكى، بىزنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى دوكلات قىلدى. ئۇلار بىزنى قاچان كېلىدۇ دېگەندە، بىزنىڭ ۋەكىللىرىمىز، سىلەر كەلسۇن دېگەندە كېلىدۇ، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. قارىسا ۋەكىللىرىمىزدىن جاۋاب بولمايلا بىزنىڭ يولدا كېلىۋاتقانلىقىمىزنى كۆرۈپ، خېلى ئالدىراپ قاپتۇ. ئۇلار بىزنىڭ بارلىق قورال ـ ياراغلارنى بىر يەرگە يىغىپ قويۇپ كېلىشىمىزنى تەكلىپ قىلىپتۇ. ئەترەتتىكى جەڭچى ـ كوماندىرلارغا ئاتتىن چۈشۈڭلار دەپ كوماندا بەردىم. بىز بۇرۇن دەم ئالغاندا بەن بويىچە قوراللارنى جۈپلەپ چېدىر شەكلىدە تىزىپ، ئوقلىرىنى مىلتىق نەيزىسىگە ئىلىپ، قول بومبىلىرىنى ئۆز مىلتىقىنىڭ يېنىغا قوياتتۇق. بۇ قېتىممۇ شۇنداق قىلدۇق. مىللىي ئارمىيىنىڭ بىزنىڭ ئالدىمىزغا كېلىۋاتقان ئالدىنقى قاراۋۇلىدىكى قوراللىق جەڭچىلەر بىزگە 100 مېتىر قالغاندا ئۇلار ئاتتىن چۈشۈپ مىلتىق ئۇچىنى بىزگە قارىتىپ مۇداپىئەلىنىپ ياتتى. بۇ ئۇلارنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك پائالىيەتلىرى ئىدى. بەش ـ ئون مىنۇت ئىچىدىلا بىز قورالسىزلىنىپ بولدۇق. مېنىڭ يېنىمدا قىلىچ، تاپانچا ۋە دۇربۇن بار ئىدى. ئۇلارغا كۆرسىتىپ بىزنىڭ پارتىزان بايرىقىمىزنىڭ تېگىدە قويدۇم. ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيە جەڭچى ـ كوماندىرلىرىغا زەررىچە گۇمان قالدۇرماسلىق ئۈچۈن تىرىشتۇق. ئالدىنقى قاراۋۇلدىن موڭغۇل پەيجاڭ يېتىپ كەلدى. ۋەكىلىمىز پەيجاڭغا مېنى تونۇشتۇردى. مەن ئالدى بىلەن پەيجاڭغا ھەربىيچە سالام بېرىپ، ئىككى ليەن قوراللىق ئەسكەر بىلەن كەلدۇق، دەپ دوكلات قىلدىم ھەم قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتۇم. يېڭى ئارمىيە ئىزۋوت كوماندىرى يېڭى ھەربىي

بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ ياكى قوراللىرى خىل قوشۇننى قوبۇل قىلىپ قويغانلىقى ئۈچۈنمۇ بىز بىلەن تارتىنىپراق كۆرۈشتى. كوماندىر بىزنى گازارمىغا باشلاپ ماڭدى. مەن «ئاتلان» دەپ كوماندا بېرىپ ئەسكەرلەرنى ئېلىپ ماڭدىم. مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى مۇداپىئە قىلغان ئورۇندا قالدى. گازارما ھويلىسى تار بولغانلىقتىن، بىز ئاتتىن چۈشۈپ ھويلىغا كىرىپ تىزىلىپ ۋەكىلىمىزنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتۈپ تۇردۇق.

شۇنداق قىلىپ، بىز مايتاغدىن گومىنداڭغا قارشى قوراللىق قوزغىلىپ چىققان پارتىزانلار ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ جەڭچى ـ كوماندىرلىرى بىلەن قىزىلتۇزدا غەلىبە بىلەن ئۇچراشتۇق. يولدا مۇداپىئەدە قالغان مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى بىزنىڭ قورال ـ ياراغلىرىمىزنى ئاتلارغا ئارتىپ گازارمىنىڭ بىر ئۆيىگە سولىدى. بىر ۋاقىتتا ۋەكىلىمىز، ئارمىيە زاپچوزى موڭغۇل سوۋەكنى يېنىمىزغا باشلاپ كېلىپ تونۇشتۇردى.

— ئاخشام بىر ماشىنىدا نان كەلدى، — دېدى زاپچوز، — نورمىمىزنى ئاش ئېتىپ يەپ بولۇپتۇق. ئەتىگەن نان بىلەن چاي ئىچتۇق. ھازىر ناندىن باشقا يەيدىغان نەرسىمىز يوق، ھازىرچە نان يەپ تۇرساڭلار، — دەپ نان بار ساندۇقنى كۆرسەتتى.

ئېگىزلىكى ئىككى مېتىر، ئۇزۇنلۇقى ئىككى يېرىم مېتىر كېلىدىغان ياغاچ ساندۇقتا يېڭى يېقىلغان گىردە نانلار بار ئىكەن. پەيجاڭلارغا ناننى بۆلۈپ بېرىشنى تاپشۇردۇم. ئاتلىرىمىزنىڭ ئېگەر ـ توقۇملىرىنى ئېلىپ ئىككى نەپەر جەڭچى يايلاققا ئەكەتتى. مېنى ھەم پەي ۋەكىلىمىزنى ئالدىنقى قاراۋۇل ئىشخانىسىغا باشلاپ كىردى. ئوبدان سۆھبەتلەشتۇق.

— بۈگۈن سىلەرگە تاماق ئېتىپ بەرگۈدەك نەرسە يوق، — دېدى كوماندىر خىجالەت بولۇپ، — بىزنىڭ بۇ يەرگە كەلگىنىمىزگە بىر ھەپتە بولمىدى. ئەكەلگەن ئوزۇقلىرىمىزنى يەپ بولدۇق. ئەتە خوجىلىق باشلىقى نورما ئەكېلىدۇ. شۇنىڭغىچە



سىلەر نان يەپ تۇرساڭلار. بورتالاغا قاچان بارىسىلەر؟

— ئەتە بىر كۈن دەم ئېلىپ ئۆگۈنلۈككە ماڭايلى.

— بولىدۇ. مەن بورتالا قوماندانلىق شتابىغا خەۋەر قىلاي.

بۇلاردا تېلېفون ياكى تېلېگرامما قاتارلىق ئالاقىلىشىش سايمانلىرى يوق ئىكەن. يېڭىدىن قۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن ھەممە ئىشنى ئاتلىق ئالاقە قىلىشىدىكەن. زاپچوز يولداش بىزگە سويۇپ يېيىش ئۈچۈن قوي ئالغىلى شۇئانلا تاغقا ئادەم ماڭدۇردى.

مەزكۇر مىللىي ئارمىيە ئالدىنقى قاراۋۇلىدىكىلەر بورتالا ئازاد بولغاندىن كېيىن موڭغۇل قېرىنداشلاردىن تەشكىل قىلىنغان بولۇپ، ئاتلىق دىۋىزىئون (ئاتلىق چوڭ ئەترەت) تەركىبىي قىسمىدىن ئىكەن. ئاتلىق دىۋىزىئوننىڭ كوماندىرى ئىبردە ئىكەن. مىللىي ئارمىيە ئالدىنقى قاراۋۇل كوماندىرى بىلەن سۆھبەتلىشىپ بولغاندىن كېيىن، تالاغا چىقىپ پارتىزان ئەترىتىدىكى جەڭچىلەرنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ كۆردۈم. بىچارىلەرنىڭ يۈز ـ كۆزى توپا ـ چاڭ پېتى، تېگىدە سېلىنچا ياكى بېشىغا قويغۇدەك بىرنەرسىسى يوق، نانلىرىنى يەپ بولۇپ، داق يەردىلا خېمىردەك ئېزىلىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. بىزنىڭ يول باشلىغۇچىمىز نۆكېجان ئالدىنقى قاراۋۇل كوماندىرىنىڭ، بىزنىڭ مېڭىش ـ تۇرۇش ھەرىكەتلىرىمىزگە، قوراللىرىمىز خىل بولۇشىمۇ، بىرەر ـ يېرىم تال ئېلىپ قالمىغانلىقىمىزغا قاراپ گۇمانىنىڭ يوقالغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى، ئۆزىمۇ كۈلۈپ كەتتى.

شۇ كۈنى يولداشلىرىمىز باش كۆتۈرمەي ئۇخلىدى. كەچقۇرۇن، چايدىن كېيىن مىللىي ئارمىيە جەڭچى ـ كوماندىرلىرى بىلەن بىزنىڭ پارتىزان ئەترىتىمىزدىكى جەڭچى ـ كوماندىرلار قەدىناس دوستلاردەك ئۈچ ـ تۆتتىن بىر يەرگە جەم بولۇپ، ئۆتكەن ـ كەتكەن ئەھۋالنى دەپ مۇڭداشقىلى تۇردى. تاغقا قويغا كەتكەنلەر تېخى قايتىپ كەلمىدى.

مەزكۇر قىزىلتۇزدىكى ئالدىنقى قاراۋۇلنىڭ ئاساسىي ۋەزى-

پىسى ئالتاي، چۆچەك تەرەپلەردىن كېلىدىغان گومىنداڭ قوشۇنلىرىدىن ساقلىنىش ۋە ئۇلارنى توسۇش ئىكەن. ئاتلىق ئىسكادرون (ئاتلىق پەي) 30 نەچچە جەڭچىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بىر كوماندىر، بىر زاپخوزى بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ قوللىرىدىكى گومىنداڭدىن غەنىيمەت ئېلىنغان يېڭى قوراللار ئىكەن، جەڭچىلەر يېشىل رەختتىن تىكىلگەن سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى پاسونىدىكى گىمناستۇركا كىيىپتۇ. ئاتلىق قىسىم بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ كىيگىنى گەلەپى شىم، ھەربىي ئۆتۈك ئىكەن. ئاتلارنىڭ ئېگەر ـ يۈگەنلىرىمۇ ھەربىيچە بولۇپ، بۇلارنى مىللىي ئارمىيە ئارقا سەپ تەمىنات باشقارمىسى تەمىنلىگەنىكەن. باش كىيىمگە ئاي يۇلتۇزلۇق كاكار تاقاپتۇ. بۇ كىيىملەر مىللىي ئارمىيە جەڭچى ـ كوماندىرلىرىغا شۇنداق ياراشقانكى، بىزنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىمىزگە سېلىشتۇرغاندا، يەر بىلەن ئاسمانچە پەرقى بار ئىدى. ئەمما، بىزنىڭ يولداشلىرىمىزنىڭ ئىنقىلابىي روھى يەنىلا جۇشقۇن ۋە ئۈستۈن ئىدى.

## بورتالادىكى ئۇچرىشىش

جەڭچىلەر بىز مايتاغدىن مىنىپ بارغان ئاتلىرىمىزنى كېچىچە يايلاقتا بېقىپ كەلدى. تۈنۈگۈن قويغا كەتكەنلەر تېخى كەلمىدى. بىز ئەتىگەن يەنىلا قۇرۇق نان بىلەن چاي ئىچتۇق. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ چۈش ۋاقتىدا نېمە يەيمىز؟ مەن بۇ مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، ۋەكىللىرىمىز ھەم ئالدىنقى قاراۋۇل كوماندىرىنى تەكلىپ قىلىپ مەسلىھەتلەشتىم. ئۇلارغا:

— سىلەرگە تەييارلىغان تاماقنى بىز يەپ بولدۇق. بۈگۈنمۇ 30 نەچچە كىشىلىك تاماقنى 100 دىن ئارتۇق ئادەم بىر قېتىمدا يەپ قويۇشىمىز چوقۇم، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز پىلانىمىزنى ئۆزگەرتىپ، بۈگۈنلا مېڭىپ، بورتالاغا يېتىۋالساق قانداق؟ —



دېدىم. مېنىڭ گېپىمگە ھەممىسى قوشۇلدى.

پارتىزان يولداشلار ئاتلىنىشقا تەييارلىق قىلسۇن دەپ كوماندىرلارغا بۇيرۇق بەردىم. ئۇلار بىزگە يول باشلاپ مېڭىش ئۈچۈن ئىسكادروننىڭ زاپخوزى، يەنە بىر ئالاقچىنى قوشۇپ، ئۆزلىرىنىڭ مىلتىقىدىن بەشنى ئوقى بىلەن بەردى. بۇنى قىسىمنىڭ ئالدىدا ماڭىدىغان رازۋېدكىچىلارغا بەردۇق. بىزنى لاما دېگەن تاغدىن يول باشلاپ كەلگەن نۆكېجان: «مېنىڭ ئائىلەمدە ئىشىم بار ئىدى، مەن قايتاي» دەپ تۇرۇۋالدى. بىز بۇ يولداشنى ئەترەت نامىدىن رەھمەت ئېيتىپ ئۇزىتىپ قويدۇق. يەنە بىر ھەمراھى بىز بىلەن بىللە ماڭدى. بىز ئاتلىنىپ يولغا چىقتۇق. تۈنۈگۈن بىزنى گۇمان بىلەن قارشى ئالغان ئالدىنقى قاراۋۇلدىكى قوراللىق يولداشلار بىز ماڭىدىغان يولنىڭ بويىغا چىقىپ قوراللىق سەپتە تۇرۇپ قېرىنداشلارچە ئۇزىتىپ قويدى. ئۇلارغا مەن پارتىزان ئەترەت نامىدىن رەھمەت ئېيتتىم. بىز بورتالاغا قاراپ 20 كىلومېتىردەك ماڭغاندا، ئاخشام تاغقا قويغا كەتكەن ئىككى نەپەر جەڭچى 15تەك قوينى ھەيدەپ كېلىۋاتقان يېرىدە ئۇچرىشىپ قالدۇق. زاپخوز: «قوينى قانداق قىلىمىز، ئۆزىڭىز بىرنەرسە دەڭ» دەپ تۇرۇۋالدى. بىز ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىپ مېڭىۋەردۇق. بورتالاغا 15 كىلومېتىردەك قالغاندا دىۋىزىيوننىڭ شتاب باشلىقى ئاباگوچىكوف[1] ئالدىمىزغا چىقىپتۇ. ئۇ، ماڭا ھەربىيچە سالام بېرىپ، ئۆزىنى تونۇشتۇردى. مەنمۇ ھەربىيچە سالام بېرىپ، ئۆزۈمنى تونۇشتۇردۇم.

— بورتالادىكى ھەربىي قوماندان نامىدىن سىلەرنى قارشى ئالغىلى كەلدىم، — دېدى شتاب باشلىقى.

مەن ھەربىيچە سالام بېرىپ، رەھمەت ئېيتتىم.

— بۈگۈن بورتالادىكى ھەر مىللەت خەلقى، ھەربىي ـ ساقچى قىسىملار سىزلەرنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن، ئەتىگەندىن تارتىپ،

① ئاباگوچىكوف كېيىن تۆمۈريول ئىدارىسىدە ئىشلىگەن.

يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە تىزىلىپ كۈتۈۋاتىدۇ. ئۇقۇتقۇچى -
ئوقۇغۇچىلار ناغرا - سۇناي، دۇمباقلارنى چېلىپ كۈتۈۋاتىدۇ.
شتاب باشلىقى خەلقنىڭ بىزنى كۈتۈۋېلىش قىزغىنلىقىنىڭ
نەقەدەر ئۇستۇن ئىكەنلىكىنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ
كەتتى. مەن شتاب باشلىقى ئېيتقان بۇ خۇش خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ
ئۆز ھاياجىنىمنى باسالماي قالدىم. ئالاقىچىلار ئارقىلىق ئارقى-
مىزدىن كېلىۋاتقان جەڭچى - كوماندىرلارغا يەتكۈزۈپ تۇردۇم.
— قوماندانلىق شتابى ئالدىنقى قىسىمنىڭ سىزنىڭ يان
قورالىڭىزنى ئېلىۋالغانلىقىغا قاتتىق خاپا بولدى. مەن قو-
ماندانلىق شتابىغا ۋاكالىتەن سىزدىن ئەپۇ سورايمەن. قورالى-
ڭىزنى سىزگە ئالغاچ كەلدىم، — ئۇ، ئىككى قولى بىلەن تاپاڭ-
چامنى تاپشۇرۇپ بەردى. مەن رەھمەت، دەپ يان قورالىمنى ئالدىم.
يولدا كېتىۋېتىپ بىر تەرەپتىن تونۇشۇپ، بىر تەرەپتىن
مۇڭدىشىپ ماڭدۇق. بىز قىزىلتۇزدىن ۋاقچە ماڭغانلىقىمىز
ئۈچۈن بورتالاغا كۈن پېتىۋاتقان ۋاقىتتا يېتىپ باردۇق. بىزنى
قارشى ئېلىۋاتقان خەلق «ھۇررا!» دەپ چاۋاك چېلىپ، قىزغىن
قارشى ئالدى. جامائەتتىن بىرى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، «ئا-
مىن!» دەپ توۋلىدى. خەلقمۇ قوشۇلۇپ، «ئامىن!» دەپ دۇئا
قىلدى. بۇ دۇئانىڭ ئاخىرى يىغا - زار بىلەن تاماملاندى. بىز
بارغانسېرى خەلق ئىچىگە كىرىپ كېتىۋاتىمىز. بىزنىڭ كىيىم -
كېچەكلىرىمىز ھېچقانداق كىشىلەرنىڭ ياكى ھەربىيلەرنىڭ
كىيىم - كېچەكلىرىگە ئوخشىمايتتى. بىزنىڭ كىيىملىرىمىز
ماتا، پاختەك تۈكى رەڭگىدە بويالغان بولۇپ، باش - كۆز، بويۇن-
لىرىمىز قارىداپ كەتكەن، كىيىملىرىمىز سەت ئىدى. لېكىن،
بىزنىڭ قەلبىمىز ئوخشاش ئىدى.
بورتالا ناھىيىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۆت كوچىغا بارساق،
ھەربىي، مەمۇرىي باشلىقلارنىڭ ھەممىسى يىغىلىپ ساقلاپ تۇ-
رۇپتۇ. مەن ئۇلارنى كۆرۈپ ئاتتىن چۈشتۈم، ئارقىمىزدىكى



جەڭچىلەرمۇ ئاتتىن چۈشتى. بىزنى قارشى ئېلىشقا چىققان
ھەربىي باشلىقلاردىن پولك كوماندىرى لېسكىن (يەرلىك رۇس)،
ھەربىي مەسلىھەتچى ئارىپ ئەۋزى (تاتار)، ئاتلىق دىۋىزىئون
كوماندىرى ئېردە (بورتالالىق موڭغۇل)، مۇئاۋىن دىۋىزىئون كو-
ماندىرلىرى، بورتالا ناھىيە ھاكىمى ئىبراھىم باي ۋە باشقا مۇ-
ئاۋىن ھاكىملىرى، ساقچى ئىدارىسى باشلىقى ھاشىمجان باي ۋە
باشقا ئىشچى - خىزمەتچىلەر بولۇپ خېلى كۆپ كىشى ئىكەن.
بىز رەھبەرلەر بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ، يىغلاپ كەتتۇق.
يىغلىمىغان كىشى قالمىدى. بۇنداق قايىنام - تاشقىنلىق ۋە
خۇشاللىقنى كۆرگەن ھەرقانداق كىشى يىغلايدۇ - دە، يولنىڭ
ئىككى تەرىپىدىكى خەلق بىزنىڭ پارتىزان جەڭچىلىرىمىزنىڭ
پۇت - قوللىرىغا ئېسىلىپ، كىيىملىرىنى كۆزىگە سۈرتۈۋاتىدۇ.
مەنمۇ شۇ قاتاردا يىغلاپ كەتتىم. بىزنىڭ جەڭچى - كوماندىرلى-
رىمىزنى قەشقەردىن تۇرپانغا ماڭغۇچە قەشقەر خەلقى يىغا - زار
بىلەن ئۇزىتىپ قويغانىدى. ئۇ ۋاقىتتىكى يىغا يۈرەكنى ئېزى-
دىغان جۇدالىق يىغىسى ئىدى. مانا ئەمدى بۈگۈن يىغا - زار
بىلەن قارشى ئېلىنىۋاتىمىز. بۇ قېتىمقى يىغا خۇشاللىق يى-
غىسى ئىدى. مېنى مۇھاپىزەتچىم ۋە تۇخان بىلەن بىللە ھاكىم
ئىدارىسىنىڭ مەجلىس زالىدىكى ھەربىيلەر تاماقخانىسىغا ئە-
كىرىپ تاماقلاندۇردى. ياتاقنىمۇ شۇ يەردىكى كادىر ھاشىمجاڭ-
نىڭ ئۆيىگە، قالغان جەڭچى - كوماندىرلارنى بورتالا چوڭ كۆلۈ-
بىغا ئورۇنلاشتۇردى. مۇشۇ كۈندىكى خۇشاللىقنى تولۇق يېزىش-
قا قەلەم قۇۋۋىتىم يەتمىدى. شۇڭا، ئۇ تەسىراتلارنى ياخشى
يازالمىدىم. بۇ خۇشاللىق كۈنلەر بىلەن ئۆتمۈشتە تارتقان جاپا -
مۇشەققەت ۋە دەرد - ئەلەملىرىمىز كۆز ئالدىمىزدا روشەن سې-
لىشتۇرما بولۇپ كۆرۈنۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. بىز دەھشەتلىك كۈنلەر-
دىن پاراغەتلىك كۈنلەرگە ئېرىشتۇق. مانا بۈگۈن مۇشۇ كۈنلەر-
نى ئويلاپ تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىيالمىدىم. سەھەر تۇرۇپ يولداشلار-

نىڭ ياتقان كۇلۇبىغا باردىم. يولداشلىرىمىزنىڭ بەزىلىرى تۇرۇپ يۈز – كۆزلىرىنى يۇيۇۋېتىپتۇ، بەزىلىرى ئۇخلاۋېتىپتۇ، بەزىلىرى شەخسىي تازىلىق قىلىۋېتىپتۇ. مەن دىجورنىغا قاراپ دوكلات قىلماسلىقنى قول ئىشارەت قىلىپ ئۇقتۇردۇم. چۈنكى يولداشلارنىڭ ئۇخلىۋېلىشىنى نەزەردە تۇتتۇم. مەن ياتاققا كىرىشىم بىلەن يولداشلار مەندىن هاردۇق سوراشتى. مەنمۇ تىنچلىق سورىدىم. بىز دەم ئېلىپ تۇرغان مەزگىلدە، كۇلۇبقا يوغان داستىخانلار سېلىنىپ پولۇ، پىشۇرۇلغان قوي گۆشلىرى، هورى چىقىپ تۇرغان مانتىلارنى زەمبىللەردە ئەكېلىپ تۇردى. بورتالا خەلقلىرىمۇ قاتلىما، گۆشنان، كورىلاردا قايماقلىق ئەتكەنچاي، سېرىقماي، ياغلىق توقاچ، سامسا، گۆشگىردە هەتتا ئۆپكە – هېسىپلارنىمۇ ئەكەلدى. ئىككى كۈن ئۆتمەيلا يەيدىغانغا ئېغىزمۇ يوق بولدى. هەتتا قوي، كالا ئەكەلگەنلەرمۇ بولدى. بۇ ئىشلارنى هاكىم ئىدارىسىدىن مەخسۇس كىشى باشقۇرۇپ تۇردى. تىرىك قويلارنى سويۇشقا نۆۋەت تەگمەي، هاكىم ئىدارىسىگە تاپشۇرۇپ بەردى. ئورۇنلاشتۇرغان ئاشپەز، ناۋايلار كەلگەن تەييار تاماقلارنى تەقسىم قىلىشقا ئارانلا يېتىشەلەيتتى. بۇنىڭدىن خەلق ئىنقىلابقا ئاتلانغان ئۆز پەرزەنتلىرىنى قانچىلىك قارشى ئالىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. پارتىزانلار ئەترىتىدىكى جەڭچى – كوماندىرلار ئۈچ – تۆتتىن بۆلۈنۈپ كوچىلارغا چىقىپ ئايلىنىپ يۈرگەندە، خەلقىمىز ئالدىغا كېلىپ سالام بېرىپ، قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ تۇردى. بەزىلىرى ساتىراشخانا، بەزىلىرى كىيىم، ئاياغلىرىنى يامىتىش ئۈچۈن موزدۇز، ماشىنىچىخانىلارغا كىرىپ قىلدۇرغان ئىشى ئۈچۈن پۇل تۆلىسە خەلق زادى ئالغىلى ئۇنىمىدى. ئالمىساڭلار بولمايدۇ دېسە، سىلەر مېهمان، بۇنچىلىك ئىش هېچ نەرسە ئەمەس دەپ تۇرۇۋالدى. مېنىڭ ئۆتۈكۈمنىڭ ئارقا تىكىشى سۆكۈلۈپ كەتكەچكە مۇهاپىزەتچىم ئوبۇلقاسىمغا ئون سوم پۇل بېرىپ موزدۇزغا يامىتىپ



ئەكەلگىن دېسەم، بىر سائەتكە قالماي بىر يېڭى ئۆتۈكنى كۆتۈرۈپ كىرىپتۇ. مەن هەيران قېلىپ: «بۇ ئۆتۈكنى قانچە پۇلغا ئالدىڭ؟» دەپ سورىدىم. ئوبۇلقاسىم: «سىلىنىڭ ئۆتۈكلىرى» دەپ كۈلۈمسىرەپ ئۆتۈكنى ماڭا تەڭلىدى. قولۇمغا ئېلىپ قارىسام راست مېنىڭ ئۆتۈكۈم ئىكەن. تىكىشىنى تىكىپ، پەرداز قىلىپ، مايلاپ بېرىپتۇ. پۇلنى ئالماپتۇ. نېمىشقا بەرمىدىڭ دېسەم، پۇلنى ئۇستام زادى ئالغىلى ئۇنىمىدى، پۇلنى ئالمىسىلا كوماندىرىمىز كايىپ خاپا بولۇپ كېتىدۇ، دېسەم، ئۇستام، سىلەر بىزنى دەپ كەلگەن مېهمان تۇرساڭلار، بۇنچىلىك خىزمەت قىلمىساق قانداق بولىدۇ؟ دەپ پۇلنى ئالماي ئۆتۈكنى يېڭىلاپ بەردى، دېدى. مەن هەيران قېلىپ بۇ ئىشلارنى سۈرۈشتۈردۈم، هەقىقەتەن شۇنداق ئىكەن. نېمىدېگەن ئالىيجاناب روھ دەپ غايىبانە تەشەككۈر ئېيتتىم.

بورتالا هەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ بۇ قىلغان ئالىيجاناب غەمخورلۇقى، ياردەملىرىنى كونا سەپداشلار بىر يەردە پاراڭ سېلىشساق ئەسلەپ تۇرىمىز. لېكىن، بورتالا خەلقى ئۈچۈن دېگەندەك خىزمەت قىلىپ بېرەلمىدۇق دەپ خىجالەتچىلىك هېس قىلىمىز.

بورتالادا تۇرغان ئۈچىنچى كۈنى قورال – ياراغلىرىمىزنى، ئىككى تال مىلتىقتىن باشقا هەممىسىنى ئۆزىمىزگە قايتۇرۇپ بەردى. 5 – ئاينىڭ 19 – كۈنى، پۈتۈن بورتالا هەر مىللەت خەلقى ۋە ئارمىيىلەر بىرلىكتە سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىكى غەلىبىسىنى تەبرىكلەش يىغىنى ئاچتى. يىغىنغا بىزمۇ قاتناشتۇق. يىغىندىن كېيىن، هەربىيلەرنىڭ تەلىپى بويىچە خەلققە قىسقىچە هەربىي مەشىق، هەربىي پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ بەردۇق. كىيىملىرىمىز ئەسكى – تۈسكى بولسىمۇ، هەربىي پائالىيەتلەر رەتلىك، كۈچلۈك، روهلۇق ئۆتكۈزۈلدى. پۈتۈن مەيداندىكى خەلق ۋە ئارمىيىلەر ئارقا – ئارقىدىن چاۋاكلار چېلىپ قىزغىن قارشى ئالدى. بورتالادا دەم

ئېلىپ تۇرغان كۆنلىرىمىزدە مىللىي ئارمىيىنىڭ كوماندىرلارغا
سالام بېرىش، رەھبەرلەرگە كوللېكتىپ سالام بېرىشتەك، ھەر-
بىي شتاب قائىدىلىرىنى ئۆگەندۇق. ئۇنىڭدىن باشقا ھەربىي
تاكتىكا، قورال ئېتىش مەشىقلىرىنى ئېلىپ باردۇق. بىزگە يې-
ڭىلىق تۇيۇلغىنى ھەربىي سەپتە ئىشلىتىلىدىغان ئاتالغۇلار
بولدى. بىز بۇرۇن ئاساسەن، ئۇ ئاتالغۇلارنىڭ خەنزۇچىسىنى
ئىشلىتىپ كەلگەندۇق. بۇ جايدا ئاساسەن رۇسچە، خەلقئاراچە
ئاتالغۇلار ئىشلىتىدىكەن. مەن ئەسلىمەمنىڭ كېيىنكى قىسمىدا
شۇ ۋاقىتتا ئىشلىتىلگەن ھەربىي ئاتالغۇنى ئىشلىتىمەن. شۇنداق
قىلغاندا تارىخىي رېئاللىققا ئۇيغۇن بولىدۇ، دەپ ئويلايمەن.

بىزنىڭ ھەق يولدا تارتقان جاپالىرىمىز ھازىر ئۆتمۈش بولۇپ
قالدى. بىزنىڭ گومىنداڭ ئارمىيىسى ئىچىدە ئېغىر بېسىم
ئاستىدا تۇرۇپ، قانداق قىلىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە غەيرەت
قىلغانلىقىمىزنى، قانداق قىلىپ، گومىنداڭنىڭ 20 مىڭ كى-
شىلىك قوشۇنىنىڭ ئىچىدىن چىقىشقا جۈرئەت قىلغانلىقىمىز-
نى، قانداق قىلىپ، بۇگۈنكى شاد - خۇرام كۈنلەرگە ئېرىشكەن-
لىكىمىزنى تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

بىرىنچى، بىزنىڭ قوشۇنىمىزدىكى يولداشلارنىڭ بىر قىسمى
1931 - يىللىرى قومۇل، تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ رەھبەر-
لىرى خوجىنىياز ھاجىم ۋە مەھمۇت شىجاڭلار دەۋرىدىن تارتىپ
ھەربىي سەپكە كىرگەن، كېيىنكى دەۋرلەردە قەشقەردە مەھمۇت
شىجاڭ رەھبەرلىكىدە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمى-
يىسى كوماندىرلىرىنىڭ ھەر تەرەپلىمە ھەربىي تەلىم - تەربى-
يىسىنى ئالغان. سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ئىل-
غار تەسىرى چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەنىدى.

ئىككىنچى، گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنىڭ بولۇپمۇ ھەربىي ئە-
مەلدارلىرىنىڭ تۇرلۇك ناچار ئىستىل، ناچار ئادەتلىرى بىزنى
بىزار قىلغان. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ تۇرلۇك ناچار تۇرمۇش ئىس-



تىللىرى، مىللىي زۇلۇم، كەمسىتىشلىرى، چەتكە قېقىشلىرى،
ھە دېگەندە ئوچۇقتىن - ئوچۇق ئالدىغا سېلىپ، ئوق يېمى قى-
لىشقا ئۇرۇنۇشلىرى، ئېزىشلىرى سۆڭەككە يەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ
كۆرەڭلىك بىلەن قىلغان قاتتىق بېسىمى بىزنىڭ قوزغىلىشى-
مىزغا تۇرتكە بولدى.

ئۈچىنچى، بىزنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكىتىمىز گومىنداڭغا
قارشى تۇرىدىغان ئىلغار ئىدىيىدىكى يولداشلارنى ئىدىيىدە
بىرلىككە كەلتۈردى. گومىنداڭغا قارشى تەشۋىقاتنىڭ كۈچلۈك
بولۇشى، ئەمەلىي ھەرىكىتىمىزنىڭ جانلىق بولۇشى، يېتەكچى
ئىدىيىنىڭ توغرا تەرەققىي قىلىشى بىلەن باشلاندى.

ھەربىر ئىشتا ئالدىراڭغۇلۇق قىلمىدۇق، قاراملىق قىلمى-
دۇق، كۆرۈلگەن ئاجىزلىقلارنى ۋاقتىدا يەكۈنلەپ، جانلىق تەش-
ۋىق ئېلىپ باردۇق.

تۆتىنچى، ئىلى ئىنقىلابىنىڭ پارتلىشى بىزنىڭ ھەرىكەتلى-
رىمىزگە چىراغ يېقىپ بەردى. بىزنىڭ گۇچۇڭ، مورى، شىخولار-
دىن مايتاغقا يۆتكىلىپ كېلىشىمىز بىزنىڭ ئۈچ ۋىلايەت مىللىي
ئىنقىلابىي سېپىگە ئۆتۈۋېلىشىمىزگە ئوڭايلىق يارىتىپ بەردى.

بەشىنچى، يولداشلار بىر - بىرىگە قاتتىق مەدەت بېرىپ،
ئىچكى بىرلىكنى چىڭىتىپ، سىر ساقلىدى. بىزگە سىرتتىن
كېلىدىغان قارشىلىق كۈچىگە ۋە خائىنغا بىرلىكتە قارشى تۇر-
دى. ئىنقىلابىي نىشان ۋە مەقسەت ئۈچۈن جاپادىنمۇ، ئۆلۈمدىن-
مۇ قورقمايدىغان قەتئىي ۋە كۈچلۈك ئىرادىگە كەلدى.

ئالتىنچى، بىز مايتاغدىن قوراللىق قوزغىلىپ چىققاندا يول
بويى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بولدۇق. بىزنىڭ
ئىنقىلابىي ئىشلىرىمىزنى خەلقىمىز جان - دىلى بىلەن قوللى-
دى. ھەر تەرەپلىمە ماددىي - مەنىۋى ياردەملەرنى بەردى. تەمتى-
رەپ قالغىنىمىزدا يول باشلىدى. ھەتتا جاپا - مۇشەققەتلەردە
بىللە بولدى. ئۆز ھاياتىنى قۇربان قىلدى.

# ئون بىرىنچى باب

## غۇلجا شەھىرىگە سەپەر

بىز بورتالا ھەر مىللەت خەلقى، مىللىي ئارمىيە ۋە ساقچى قىسىملىرىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشى ۋە ياخشى كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولۇپ بىر ھەپتىدەك تۇردۇق. ھاردۇقىمىز چىقىپ قالدى. ياخشى دەم ئېلىپ تۇرغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ۋە مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابىدىن كاپىتان ئۇنىۋانلىق ۋالىنوف (رۇس) رەھبەرلىكىدە بىرقانچە مۇھاپىزەتچى بەش ماشىنا بىلەن بىزنى ئالغىلى كەلدى. ئەتىسى چۈشلۈك زىياپەتنى يەپلا ماشىنىلارغا قوراللىرىمىز بىلەن رەتلىك تىزىلىپ ئولتۇردۇق. كۆك ماتادىن تىكىلگەن قىشلىق كىيىملەر بىزنى باشقىلارغا سەت كۆرسىتەتتى. ئەمما بورتالادىكى ھەر مىللەت خەلقى چىرايلىق دوپپىلار بىلەن بىزنىڭ باش كىيىمىمىزنى ئالماشتۇرۇپ قويغانىدى. تۇتقان قوراللىرىمىز خىل بولغاچقا، كۈن نۇرىدا نەيزىلىرى ۋال - ۋۇل قىلىپ پارقىراپ جەڭگىۋارلىقىمىزنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. روھىمىز ئۈستۈن ھەم ئىنتىزامچانلىقىمىز كۈچلۈك ئىدى. بىز بورتالادىن غۇلجىغا قاراپ ماڭغاندا، بورتالا ھەر مىللەت خەلقى، مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى، ساقچى ۋە ئوقۇغۇچى - ئوقۇتقۇچىلار يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇپ بىز كەلگەندە قانداق قارشى ئالغان بولسا، بۈگۈنمۇ شۇنداق جۇشقۇن ھۇررا ساداسى ئىچىدە غۇلجىغا



ئۇزىتىپ قويدى. بىزمۇ كۆزىمىز قىيمىغان ھالدا خوشلاشتۇق. بەزىلىرىمىزنىڭ كۆز ياشلىرىمىز مەڭزىمىزگە ئېقىپ چۈشمەكتە ئىدى. كېتىۋېتىپ، بىزنى ئەتىگەندە يولغا سالماي نېمە ئۈچۈن كەچقۇرۇن يولغا سالىدۇ؟ ئەتراپنى كۆرۈپ ماڭساق بولماسمىدى، دەپ ئويلىدۇق. جىڭ ناھىيىسى تېخى ئازاد بولمىغاچقا، بۇ ناھىيىدە گومىنداڭنىڭ پىيادە 45 - دىۋىزىيىسى بار ئىدى. باجاخۇ، داخېيەنزىدەك جىڭ ناھىيىسىنىڭ يېزىلىرىدا مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىدىن ئاتلىق دىۋىزىيون، مەنسۇر لومىيوفنىڭ ئاتلىق قىسىملىرى ۋە شىبە ئىسكادرونى جىڭغا قاراپ ئالدىنقى سەپتە مۇداپىئەدە تۇرغان ئىكەن. گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ شىخۇدىكى ھەربىي ئايروپىلانلىرى ھەر كۈنى جىڭ، داخېيەنزى، ۋۇتەي، سەنتەيلەر ئەتراپلىرىغا كېلىپ چارلاش ئېلىپ بارىدىكەن. قوماندانىنىڭ پىلانى بىزنى گومىنداڭنىڭ چارلىغۇچى ئايروپىلانلىرىنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشىدىن ساقلاش ئۈچۈن، چۈشتىن كېيىن يولغا سېلىپ ۋۇتەي، سەنتەيلەردىن كېچىسى بىخەتەر ئۆتكۈزۈپ كېتىش ئىكەن.

بورتالادىن ئۈرۈمچى - غۇلجا تاشيولىغىچە 30 — 40 كىلومېتىردەك كېلەتتى. بورتالادىن چىقىپ مەزكۇر دۆلەت تاشيولىغا يېتىپ بارغۇچىلىك يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە قوي پادىلىرىدەك يۈرگەن كېيىكلەر، جەرەنلەرنى كۆردۇق. ئۇلار يولغا يېقىن يەرلەردىلا يۈرۈپتۇ. بىزنى كۆرسىمۇ قېچىپ كەتمىدى، قۇيرۇقلىرىنى، قۇلاقلىرىنى مىدىرلىتىپلا قويۇپ، بەخىرامان ئوتلاپ يۈردى. بىز بۇنداق كۆپ ياۋايى ھايۋاننىڭ بىزدىن ئۈركۈپ قېچىپ كەتمەستىن يۈرگەنلىكىنى باشقا يۇرتلاردا كۆرۈپ باقمىغانلىقىمىز ئۈچۈن ھەيران قالدۇق. بۇ ھال بىزنى بىرەرنى ئېتىپ بېقىشقا قىزىقتۇردى. بىز چۈشكەن ماشىنىنىڭ شوپۇرى ھەسەنجانغا ماشىنىنى توختىتىش تەكلىپىنى بەردىم. ئارقىدىكى ماشىنىلارمۇ يېتىپ كېلىپ توختىدى. مەن ماشىنىدىن چۈشۈپلا

بىر يولداشنىڭ مىلتىقىنى ئېلىپ 100 مېتىر ئارىلىقتا تۇرغان
يوغان بىر كېپىكنى ئاتماقچى بولدۇم. ماشىنىدىكى يولداشلار:
«لىيەنجاڭ، بېشىغا ئاتسىلا، گۆشى زايە بولمىسۇن» دېيىشتى.
ئۆرە تۇرۇپلا بىزگە قاراپ تۇرغان كېپىكنىڭ بېشىغا توغرىلاپ
ئاتتىم. كېيىك يىقىلدى. ئىككى جەڭچىمىز بوغۇزلاپ كۆتۈرۈپ
كەلدى. قارىسام ئوق ئېڭىكىگە تېگىپ مۈڭگۈز ئارىلىقىدىن
چىقىپ كېتىپتۇ، ئەمما بەدىنى زايە بولماپتۇ. قالغان كېيىكلەر
50 مېتىردەك يەرگە بېرىپ يەنە بىزگە قارىشىپ تۇرىدۇ. ئۇ-
نىڭغىچە يول باشلىغۇچى ۋالىنوف كېلىپ: «ئېلىپ مېڭىڭلار،
كەڭساي ئاشخانىسىغا بەرسەڭ پىشۇرۇپ بېرىدۇ» دېدى. شۇنداق
قىلىپ، كېچىچە مېڭىپ سائەت 12لەردە كەڭساي ھەربىي بازى-
سىغا يېتىپ كېلىپ بەلگىلەنگەن گازارما، ياتاقلارغا ئورۇنلاش-
تۇق. ئاشپەز ئۇستاملار تاماقلارنى تەييارلاپ، ئاپئاق خالاتلارنى
كىيىپ بىزنى كۈتۈپ تۇرغانىكەن. بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدا چوڭ
ئۆزگىرىش بولۇۋاتاتتى. گومىنداڭ تامىقىمىزنى ئۆلچەپ بېرەت-
تى. تويساق تويمىساق شۇلا ئىدى. گومىنداڭنىڭ قارا جىڭمومى-
لىرى قورسىقىمىزنى ئاغرىتىپ ماغدۇرىمىزدىن كەتكۈزۈپ، يې-
رىم جان قىلىپ قويغانىدى. مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىغا كەل-
گەندىن كېيىن قورسىقىمىزمۇ، كۆزىمىزمۇ تويدى، ھەتتا بۇ
يەردە تاماق ئالدىمىزدىن ئېشىپ قالىدىغان بولدى.
ئەتىسى سەھەر تۇرۇپ كەڭسايدىكى مىللىي ئارمىيىنىڭ پائا-
لىيەتلىرىنى كۆردۇق. ئۇلار تەنتەربىيە ھەرىكەتلىرى ۋە ھەربىي
مەشقلىرىنى ھەربىي قىسىم دىجورنىلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە
ئېلىپ بارىدىكەن. كوماندا رۇسچە بېرىلىشتىن باشقىسى بىزگە
ئوخشاش ئىكەن.
كەڭسايدىكى مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى ئىچىدە ھەر مىل-
لەت ياشلىرىدىن باشقا كۆپرەك قىسمى بولۇپمۇ باشلىقلار
رۇسلار ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن كوماندا رۇسچە ئىكەن. بۇلارنىڭ



قوراللىرى ئېغىر تېپتىكى قورال ئىدى. بىز گۇچۇڭ ـ مو-
رىلاردا ئۇرۇشۇۋاتقان ۋاقتىمىزدا زەمبىرەكچىلەر تۈەننى ئىلى
تەرەپكە يۆتكەپ كەتكەنىدى. بىز كەڭسايغا كەلسەك، بۇ قوراللار
كەڭسايدىكى مىللىي ئارمىيىنىڭ قولىدا تۇرىدۇ. ھەتتا بىرقانچە
تانكىمۇ بار ئىكەن. بۇلارنى جەڭچىلەر كوماندىرلارنىڭ يېتەكچى-
لىكىدە تازىلاۋاتىدۇ. بەزىلىرىنى ئوت ئالدۇرۇپ ماڭدۇرۇشقا تەي-
يارلاۋاتىدۇ. بىزدىن بەزىلەر: «گومىنداڭ بۇ قوراللارنى گۇچۇڭ،
ئالتاي فرونتلىرىدا ئىشلىتەلمەي بىزگە قارشى ئېتىڭلار دەپ
ئىلى مىللىي ئارمىيە سېپىگە ئەكېلىپ بېرىپتۇ ـ دە» دەپ
چاقچاق قىلدى.
ئەتىگەن تاماقلىرىمىزنى يەپلا مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق
شتابى ۋەكىلىنىڭ يولباشچىلىقىدا ماشىنىلارغا ئولتۇرۇپ،
غۇلجىغا ماڭدۇق. مەن يولداش كاپىتان ۋالىنوفتىن:
— دۈشمەن ئايروپىلانلىرى غۇلجا تەرەپكە ئۇچۇپ كېلەمدۇ؟ —
دەپ سورىدىم.
— ياق، كەلمەيدۇ، — دېدى ۋالىنوف، — چۈنكى تەلكى داۋى-
نىدا ۋە ئاچالدا زېنىت پىلىموت ئەترەتلىرى بار.
تەلكى داۋىنىدىن كېچىدە ئۆتكەنلىكىمىز ئۈچۈن ئۇلارنى
كۆرەلمەي قېلىپتۇق.
ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە لوسگۇڭ يېزىسىغا بېرىپ قالدۇق.
ئەتراپىمىزغا قارىساق بىرە ـ بىرە دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىنى ھې-
سابقا ئالمىغاندا ياپيېشىل ئورمانلىق يايلاقتا كېلىپ قالغاندەك
ھېس قىلدۇق. ئەتراپىمىزغا قاراپ تويماي كېتىۋاتىمىز. دېھ-
قانلارنىڭ باغلىرىدا ئالما، ئۆرۈكلەر بۇككىدە چېچەكلەپتۇ. ئې-
چىلىپ كەتكەن تۈرلۈك گۈللەرنىڭ پۇراقلىرى دىماغلىرىمىزغا
ئۇرۇلۇپ تۇرىدۇ. ئۇششاق باللار ۋارقىرىشىپ ئويناپ يۈرىدۇ.
بىز خۇددى جەننەتكە كېلىپ قالغاندەك ھېس قىلدۇق. مۇھىمى
ئوتتۇرىدىكى خامان، قورۇقلاردا، يېڭىدىن ئارمىيە سېپىگە قو-

بۇل قىلىنغان ھەر مىللەت ياشلىرى كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن بىر ئودېلېنىيە (بەن) بولۇپ، كوماندىرلارنىڭ رەھبەرلىكىدە باشلانغۇچ ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە ئېلىۋېتىپتۇ. بۇ يېڭى جەڭچىلەر قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تەربىيىلىنىپ يېڭىدىن قۇرۇلغان ئارمىيە سەپلىرىنى تولدۇرىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى.

1945 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ بۇغدايلار باشاق چىقىرىۋاتقان كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، بىز بورتالادىن گۈزەل غۇلجا شەھىرىگە كىرىش ئېغىزى بايانداي يېزىسىغا يېتىپ بارغىنىمىزدا، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى زۇنۇن تېيىپوف بىزنىڭ ئالدىمىزغا قارشى ئالغىلى چىقىپتۇ. بىز ماشىنىمىزدىن چۈشۈپ قوراللىق سەپ بولۇپ تۇردۇق. ئۇ بىزنى مىللىي ئارمىيە باش قوماندانى نامىدىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ مىللىي ئارمىيە باش مۇئاۋىن قوماندانى ئىكەنلىكىنى تونۇشتۇرۇپ بىرنەچچە ئېغىز سۆزلىدى ۋە بىزنى مىللىي ئارمىيە شتابىغا باشلاپ باردى. ئىككى ـ ئۈچ سائەتتەك دەم ئالغاندىن كېيىن ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق ئىدارىنىڭ (ھازىرقى ئىلى شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ ئورنىدا) ھويلىسىدا سەپ بولۇپ تۇردۇق. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان كوماندانت ئىسكادرون (بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۆزبېك پەرزەنتلىرىدىن تەشكىللەنگەن)نىڭ كوماندىرى مىرزا ناسىروف (ئۇيغۇر، سوۋېتتىن كەلگەن) ئۆز ئىسكادرونىنى سەپ قىلىپ بىزنىڭ ئۇدۇلىمىزغا قارىمۇقارشى تۇرغۇزۇپ قويىدى. كوماندا يەنىلا رۇسچە ئىدى[1]. مەزكۇر ئىسكادروننىڭ ئىچىدە بىزنىڭ شىخۇ ئايرودرومىدىن قېچىپ كەتكەن ئابدۇرېھىم مەمەتوف بىرنەچچە جەڭچىسى بىلەن تۇرۇپتۇ. بىز بارغاندىن كېيىن كوماندىر مىرزا ناسىروف مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ ھەربىيچە

① 1946 ـ يىلىغا كەلگەندە مىللىي ئەسكەرلەرگە كوماندا بېرىش پۈتۈن ئارمىيە بويىچە ئۇيغۇرچىغا ئۆزگەرتىلدى.



سالام بېرىپ كۆرۈشتى. شۇ چاغدا بىرنەچچە مۆتىۋەر رەھبەر ئىشخانىدىن چىقتى. مەن ئۆز قىسمىمغا «دىققەت!» دەپ كوماندا بېرىپ تۇرۇپ: «ھۆرمەتلىك رەھبەرلەر! بىز گومىنداڭ ئىچىدىن قوراللىق ئىسيان كۆتۈرۈپ قوراللىرىمىز بىلەن ھەقىقەتكە قايتىپ كەلدۇق!» دەپ دوكلات قىلدىم. ئۇلار بىزنىڭ جەڭچىلىرىمىزنىڭ ئالدىغا يېقىن كېلىپ «قەھرىمان جەڭچىلەرگە سالام!» دېدى. بىزنىڭ قىسىمدىكى بارلىق جەڭچىلەر بىر ئاۋازدىن «سالام!» دەپ جاۋاب بەردۇق. قوبۇل قىلىشتىن كېيىن:

— سىلەر مېڭىڭلار، — دېدى.

مەن:

— ياق، رەھبەرلەر قايتقاندىن كېيىن ماڭايلى، — دېدىم.

— ياق، — دېدى ئۇلار، — ئاۋۋال سىلەرنى ئۇزىتايلى.

مەن ئۆز قىسمىمىزغا: «دىققەت، مىلتىقنى مۈرىگە ئال! ئوڭغا بۇرۇل!» دەپ ئۇيغۇرچە كوماندا بەردىم. ھەممىسى ھەيران قالدى. قىسمىمىزنىڭ كىيىملىرى كونا بولسىمۇ، ھەرىكەتلىرى چاققان ئىدى. «قەدەملەپ مارش» دەپ كوماندا بېرىشىم بىلەن جەڭچىلىرىمىز «قورال ئالىمىز قولغا، بارىمىز ئالغا، دۈشمەننى كۆمۈپ قاشقا» دېگەن شېئىرنى ئوقۇپ ھۆكۈمەت ئىدارىسىنى چاڭ كەلتۈرۈپ چىقىپ كەتتى. بىزگە يول باشلىغۇچى كىشى غۇلجا كوچىلىرىنىڭ توغرىكۆۋرۈك قاتارلىق چوڭ ۋە ئاۋات كوچىلىرىدىن باشلاپ ماڭدى. بىزنى كۆرگەن بەزى خەلق بىزنىڭ پاختىلىق چاپانلىرىمىزنى كۆرۈپ «ۋاي بۇ ئەسىرلەرنى قوراللىرىنى ئۆزلىرىگە كۆتۈرتۈپ ئەكەپتىغۇ» دېسە، بىزنىڭ قوراللىق قوزغىلىپ مايتاغدىن چىققانلىقىمىزنى ئاڭلىغانلار شۇئانلا قوللىرىنى كۆتۈرۈپ ھۆرمەت بىلدۈردى ۋە چاۋاك چېلىشتى.

بىزنى تېرە ئىسكىلاتىغا ئورۇنلاشتۇردى ۋە مۇنچىدا يۇيۇندۇرۇپ، روتا بويىچە مىللىي ئارمىيىنىڭ كىيىملىرىنى بەردى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن بىزنىڭ مايتاغدىن قېچىپ كەلگەنلە-

كىمىز پۈتۈن شەھەرگە پۇر كەتتى. يۇرت مۆتىۋەرلىرى ۋە تونۇش - بىلىشلەر كېلىپ بىزدىن ھال سوراپ كېتىشتى. بەزدىلىرى يەل - يېمىش، نان، ناۋاتلارنى كۆتۈرۈپ كېلىپتۇ. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن بىزنى پىيادە 4 - پولك 2 - ئاتلىق ئىسكادرونى قىلىپ تەشكىللەپ، مېنى كوماندىر قىلىپ بېكىتتى. پولك كوماندىرى غۇلجىدىكى ھاكىمبەگ غوجىنىڭ ئوغلى قېيۇمبەگ ئىكەن. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ھۆكۈمەت ئەربابلىرى، گېزىتخانا تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مەسئۇللىرى ھۆكۈمەت مەجلىسخانىسىغا مايىتاغدىن بارغان مەن باشلىق كوماندىرلارنى چاقىرتىپ سۆھبەت ئۆتكۈزدى. سۆھبەتتە بىزنىڭ قىسىمنىڭ بۇرۇن تۇرغان ئورنى، گومىنداڭ قوراللىق قوشۇنلىرىنىڭ جايلىشىش ئەھۋالى ھەم ئۇلارنىڭ ئىچىدە مىللىي قوراللىق قىسىملارنىڭ بار - يوقلۇقى، بىزنىڭ قانداق، قەيەرلەر بىلەن ئايلىنىپ كەلگەنلىكىمىز توغرىسىدا سۆھبەتلەشتى. سۆز ئارىلىقىدا سوئاللار بېرىلىپ تۇردى. ئاخىردا بىز ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنى قوللاپ، گومىنداڭنىڭ قوراللىق قىسىملىرىغا قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ سوقۇشۇپ، ئىنقىلابقا مەدەت بېرىش ۋە مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىغا ئۆز ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز بىلەن ياردەم قىلىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىمىزنى ئىزھار قىلدۇق. ئۈچ ۋىلايەت گېزىتلىرىدە بىز توغرۇلۇق خەۋەرلەر بېسىلىپ چىقتى. شۇنىڭدىن كېيىن مەھەللە جامائەتلىرى، زىيالىيلار، ۋەتەنپەرۋەر كىشىلەر كېلىپ بىزدىن ئەھۋال سوراپ تۇردى.

## بىزنى مىللىي ئارمىيىنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىغا تارقىتىۋېتىشى

بىز بىر ھەپتە دەم ئالغاندىن كېيىن مىللىي ئارمىيىنىڭ



باش قوماندانى گېنېرال پالىنوف (رۇس) بىز تۇرغان تېرە ئىسكىلاتىغا كېلىپ بارلىق مايىتاغچىلارنى قوراللىق يىغىپ ۋە تەكشۈرۈپ كۆرۈپ قولىمىزدىكى قوراللىرىمىزنىڭ خىللىقىدىن ھەيران قالدى. ئەمەلىيەتتە، مىللىي ئارمىيىدە بۇ خىل قوراللار يوق ئىدى.

— قانداق، ياخشى دەم ئالدىڭلارمۇ؟ ھاردۇقۇڭلار چىقىپ قالغاندۇر؟ — دېدى پالىنوف، — بىزنىڭ ئالدىنقى سەپتە قورال يېتىشمەيۋاتىدۇ. سىلەرنىڭ قوراللىڭلارنى شۇ يەرگە ئەۋەتىمىز.

بۇ سۆز بەزى ئاز ساندىكى يولداشلارنىڭ ئىدىيىسىدىن ئۆتمىدى. ئۇلار ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن:

— بىز ياردەمگە كەلدۇق، بىزنى قورالىمىز بىلەن سوقۇشقا ئېلىپ بارسا، بىزمۇ كۈچىمىزنى كۆرسەتسەك بولمامدۇ؟ — دېيىشتى.

خېلى تالاش - تارتىشلاردىن كېيىن بىزگە پىلىموت، قول بومبىسى، گراناتامىيوتنى قالدۇرۇپ قالغان قوراللىرىمىزنى ئوقى بىلەن يىغىۋالدى، بىزنى ھەقىقەتەنمۇ قوراللىسىزلاندۇرۇپ قويدى. بىز كۈندە دېگۈدەك ھەرەمباغ، روشەنباققا بېرىپ قورالسىز مەشىق قىلدۇق. ئون كۈن ئۆتكەندىن كېيىن بىزنىڭ جەڭچىلىرىمىزنى ئۈچ - تۆتتىن باشقا ئورۇنلارغا تارقاتتى. ئاز قىسمىمىزنى ئىككىگە بۆلۈپ پىيادە 4 - پولكنىڭ 2 - باتالىئونىغا قوشۇۋەتتى. ئاز بىر قىسمىنى مېنىڭ قېشىمدا قالدۇردى. 20 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، بىزنى بۆلۈۋېتىشكە قاتناشقان غېنى «تاران» دېگەن كادىر: «سىلەردە يامان غەرەز يوق ئىكەن. سىناقتىن ئۆتتۈڭلار» دەپ بۇ قېتىمقى ھەرىكەتنىڭ بىر قېتىملىق سىناق ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. كېيىن ھەممىمىزنى يىغىپ ھەربىي تەلىم - تەربىيە ۋە ھەربىي تاكتىكا ئۆگىنىشنى كۈچەيتتى. بىر كۈنى مېنى مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابىغا بىرىنچى قېتىم چاقىرتىپ جەڭچى - كوماندىرلارنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. بۇ يەردە مەن بىلەن سۆھبەتلىشىۋاتقانلار-

نىڭ ھەممىسى سوۋېتلىكلەر بولۇپ بىرەرمۇ يەرلىك ھەربىي كۆرۈنمەيتتى. ھەتتا ماشىنىدا خەت باسىدىغانلارمۇ رۇس ئاياللىرى ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىرلا باقىيوف سوۋېتلىك ئۇيغۇر بولۇپ تەرجىمانلىق قىلىۋاتاتتى. بۇ ۋاقىتتا پولكوۋنىك ئۇنىۋانلىق يوغان گەۋدىلىك بىرى كىرىپ:

— سىلەر نېمىشقا قوراللىق كەلدىڭلار؟ — دەپ مېنىڭدىن سوئال سورىدى.

مەن بۇ خىل ئابستراكت سوئالنىڭ چىقىشىنى ئويلىمىغانىدىم. بۇنداق سوئالنىڭ قويۇلۇشى مېنى خېلى تەمتىرىتىپ قويدى. مەن ئېسىمنى يىغىپ:

— سىلەر كېلىپ ياردەم قىلىۋاتقان يەردە بىز نېمىشقا كەلمەيدىكەنمىز، — دەپ جاۋاب بەرگۈچە، سوئالدىن ئۆزى خىجالەت بولدىمۇ، تۇيۇقسىزلا سىرتقا چىقىپ كېتىپ قايتىپ كىرمىدى، مېنىڭ جاۋابىمنىمۇ ئاڭلىمىدى.

سۆھبەتلىشىۋاتقانلار:

— مايتاغدىن كەلگەنلەرنى جەنۇبىي شىنجاڭغا يولغا سېلىشنى ئويلىشىۋاتىمىز. سىزلەرمۇ ئويلىشىپ كۆرىڭىزلەر، — دېدى. مەن قەتئىي قىلىپ:

— بىز ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنى جان - دىلىمىز بىلەن قوللىغانلىقىمىز ئۈچۈن گومىنداڭ ئارمىيىسى ئىچىدە قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ئىلىغا كەلدۇق. ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ۋە مىللىي ئارمىيە شتابىدىن قانداق فرونت، ھەرقانداق قىيىن يەرلەرگە ئەۋەتسە ۋەزىپە ئىجرا قىلىشقا بىز تەييار، — دەپ يولداشلار نامىدىن پوزىتسىيە بىلدۈردۈم.

باش قوماندانلىق شتابتا بولغان گەپلەرنى يولداشلارغا دېمىدىم. چۈنكى ھەربىي مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاشقا بولمايتتى. ئەتىسى مېنى 67مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابىغا چاقىردى. شتابتىكىلەر:



— سىز تېكەسكە بارىسىز. ئۇ يەردە بىزنىڭ قىسمىنىڭ كوماندىرلىرىدىن نوغايبايوف بار. ئۇ كىشى ئاتلىق پولكنىڭ پولكوۋنىكى. شۇ يەردە جەنۇبىي شىنجاڭغا بارىدىغان يوللارنى مۇزاكىرە قىلىپ كېلىمىز. سىز بىلەن يەنە بىر پولكوۋنىك بىللە بارىدۇ، — دەپ تاپشۇردى.

ئەتىسى ئىسكەندەر ئەپەندىم (سوۋېتلىك كىشى) رەھبەرلىكىدە تېكەس دەرياسى بويىدىكى قۇربانجان ئاكىنىڭ كۆۋرۈكىنىڭ يېنىغا جايلاشتۇق. ئاق چېدىردا ئابدۇرەھمجان ھەسەنوف[①] پولكوۋنىك، نوغايبايوف، زاكىر تۆرە (سوۋېتلىك)لەر بار ئىكەن. بىز ئاقسۇغا قانداق ئۆتۈش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدۇق. مۇزاكىرىدە جەنۇبىي شىنجاڭغا ئۆتۈشتە مۇزداۋان (مۇزارت) بىلەن بېرىشقا بولمايدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردۇق. چۈنكى مۇزداۋاندا گومىنداڭ ئاقسۇ 5 - پولكىنىڭ تولۇق قوراللانغان بىر قىسمى بار ئىدى. مۇزداۋان قورغىنىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈش ئۈچۈن ئەڭ يېقىن ھەم بىرقەدەر ياخشى يول، قۇشتاي داۋىنى بىلەن ئاقياز داۋىنىدىن ئۆتىدىغان يول، دەپ ھېسابلىدۇق. ئاخىرىدا مەن: يەرلىك، يولنى بىلىدىغان كىشىلەرنى ئۇقۇشۇپ كۆرسەك، بەلكىم قازاق قېرىنداشلاردىن جەنۇبىي شىنجاڭغا تاغ ئارىلاپ ئۆتكەنلەر بولۇشى مۇمكىن، دېگەن پىكىرنى بەردىم. ئۇلار بۇ پىكىرگە قوشۇلۇپ، بىزگە يول بىلىدىغان بىرنەچچە پارتىزاننى ۋە ياخشى مەرگەنلەرنى تاللاپ قوشۇپ قويىدىغان بولدى.

ئەتىسى ئىسكەندەر ئەپەندىم بىلەن غۇلجىدىكى مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابىغا باردۇق، ئۇلار جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىشقا بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىنى سورىدى. مەن ئىمكانىيەتنىڭ بارلىقىنى، بىزنىڭ جەڭچىلىرىمىزنىڭ ھەممىسى جەنۇ-

① ئابدۇرېھمجان ھەسەنوف — كېيىنكى ۋاقىتلاردا مىللىي ئارمىيىنىڭ سىياسىي كومىسسارى بولغان.

بىي شىنجاڭلىق بولۇپ، ئەل - يۇرت تونۇش بولغاچقا، بارساق
خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ۋە ياردىمىگە ئىگە بولىدىغانلىقىمىزنى
ئېيتتىم. رەھبىرىي كىشىلەرمۇ پىكرىمنى مۇۋاپىق كۆرۈپ،
«توغرا، بولدى شۇنداق قىلايلى» دېگەن خۇلاسىگە كەلدى ۋە ئۈچ
ۋىلايەت مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى جەنۇبىي شىن-
جاڭغا ھەربىي يۈرۈش قىلىش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى. بۇ بۇيرۇق
«شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرى-
سى» دېگەن كىتابنىڭ 104 - بېتىدە مۇنداق دەپ يېزىلغان:
«6 - ئاينىڭ باشلىرى (1945 - يىلى) مىللىي ئارمىيە باش
قوماندانلىق شتابى سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي ئىشلار مەسلى-
ھەتچىلىرىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا جەنۇب، شىمال ۋە ئوتتۇرا
بولۇپ ئۈچ سەپ بويىچە ئۇرۇش قىلىش پىلانىنى تۈزۈپ چىق-
تى. شىمالىي سەپتە جەڭ قىلىدىغان كەڭساي 3 - ئاتلىق ئەس-
كەرلەر پولكىنىڭ ۋەزىپىسى شىخۇ ئارقىلىق تارباغاتاي ۋە ئالتاي
ئوتتۇرىسىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، بۇ ئىككى ۋىلايەتنىڭ شىخۇ
بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، تارباغاتاي، ئالتاي
ۋىلايەتلىرىنى ئازاد قىلىش؛ ئوتتۇرا سەپتە جەڭ قىلىش ۋەزى-
پىسىنى ئىلى پىيادە ئەسكەرلەر 2 - پولكى، تېكەس 1 - ئاتلىق
ئەسكەرلەر پولكى، ئىلى زاپاس 4 - پولكى، ئاتلىق ئەسكەرلەر
ئىسكادرونى ئۈستىگە ئېلىش. جىڭنى ئاساسلىق ھۇجۇم قىلىش
نىشانى قىلىش، بۇنىڭدىن باشقا يەنە سۇيدۇڭ پىيادە ئەسكەرلەر
1 - پولكى، توپچى ئەسكەرلەر روتىسى شىخۇغا ھۇجۇم قىلىپ،
ئاندىن يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئۈرۈمچىگە قاراپ يۈرۈش قىلىش؛
جەنۇبىي سەپتە جەڭ قىلىشقا سوپاخۇن سوۋۇروف مەسئۇل بو-
لۇپ ئاتلىق پارتىزانلارنى باشلاپ جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش قى-
لىپ، پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى قانات يايدۇرۇش؛ بۇنىڭدىن باشقا
يەنە بىر ئىزۋوت ئەسكەرنى تاشقورغانغا ئەۋەتىپ شۇ جايدىكى
پارتىزانلارغا ياردەم بېرىش، گومىنداڭنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى



قوشۇنلىرىنى ئىسكەنجىگە ئېلىش بەلگىلەندى».
مەزكۇر بۇيرۇققا ئاساسلانغاندا، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆ-
كۈمىتى ۋە مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى قوراللىق
ئىنقىلابنى پۈتۈن شىنجاڭ مىقياسىدا قانات يايدۇرۇشنىڭ ئومۇ-
مىي ئىستراتېگىيىلىك پىلانىنى تۈزۈپ چىققان. بىزنىڭ جەنۇب-
قا بېرىپ پارتىزانلىق ئۇرۇشىنى ئېلىپ بېرىپ، گومىنداڭنىڭ
ئەسكىرىي كۈچىنى ئىسكەنجىگە ئېلىشىمىز ئەنە شۇ پىلاننىڭ
مۇھىم تەركىبىي قىسمى ئىدى.
1945 - يىلى 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، مېنى ۋە مېنىڭ مۇ-
ئاۋىنىم يولداش سىدىق ھاجى① نى ئالغىلى ماشىنا كەلدى. ما-
شىنىنى ئىسكەندەر ئەپەندىم ئۆزى ھەيدەپتۇ. بىز باش قوماندا-
نلىق شتابقا باردۇق. ئۇ ۋاقىتلاردا باش قوماندان شتاب غۇلجا
نوۋگورت 2 - كوچىدا ئىدى. مەجلىس زالىغا كىرسەك ئېلىخان
تۆرە، مىللىي ئارمىيە باش قوماندانى گېنېرال مايور پالىنوف،
گېنېرال ئىسھاقبېك ۋە باشقا كومىسسارلار، ئېلىخان تۆرىنىڭ
مەسلىھەتچىسى سوۋېتلىك مۇھسىن ئەپەندى بار ئىكەن. بىزنىڭ
كىيىملىرىمىز ئاددىي - ساددا ئىدى. مېنىڭ كاپىتان، سىدىق
ھاجىنىڭ پاروچىك ئۇنۋانى بار ئىدى. ھەربىيچە سالام بەردۇق.
گېنېرال مايور پالىنوف ۋە گېنېرال ئىسھاقبېكلەر سالىمىمىز-
نى ئىلىك ئېلىپ بىز بىلەن كۆرۈشتى. رەھبەرلەردىن بىرى
ئورنىدىن تۇرۇپ كۆرۈشۈپ، جاي كۆرسەتتى ۋە تۇرمۇش ئەھۋال-
لىرىمىزنى سورىدى، ئاندىن:
— سىلەر بىزنىڭ ھۆكۈمىتىمىزگە ۋە مىللىي ئارمىيىمىز-
گە قورال، ئادەم كۈچى بىلەن كۆپلەپ ياردەم بەرگەن ئەسكەر-
لەر، ئەمدى سىلەرگە يېڭى ۋەزىپە تاپشۇرىمىز. ئىلىدىكى قو-
شۇنلارنىڭ بارلىقىنى شىمالىي تەرەپتىكى جىڭ، شىخۇ، ئالتاي،

① سىدىق ھاجى — قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان.

چۆچەكلەرگە يولغا سالىمىز. ئۇلار باركۆلگىچە بارىدۇ. سىلەر بىلەن بىللە ئابدۇرەئۇپ مەخسۇم[2]، ئابدۇكېرىم ئاببباسوف، قاسىمجان قەمبىرىلەر ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى بولۇپ بارىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا سودا ۋەكىللىرىمۇ بارىدۇ. قالغان ھەربىي بۇيرۇقنى گېنېرال پالىنوفتىن ئاڭلايسىلەر، — دېدى.

— ئىلى رايونىدىكى ئاتلىق پىيادە 2-، 4-پولكلار، بەزى بىرىگادىلار، شەھەرنىڭ ساقچى ئەترەتلىرى جىڭ، شىخۇ، ئالتاي، تارباغاتايلارنى ئازاد قىلىشقا يۈرۈش قىلىدۇ، — دېدى پالىنوف، — سىلەرنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپەڭلار — جەنۇبىي شىنجاڭدا پارتىزانلىق ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 40 — 50 مىڭ كىشىلىك گومىنداڭ قوراللىق ئارمىيىسىنى ئىلى تەرەپلەرگە ھۇجۇم قىلىشتىن توسۇش، رازۋېدكا خىزمىتىنى ياخشى ئۆتەپ بىزنى خاتىرجەم قىلىش. ئەگەر دۈشمەن تەڭرىتاغلىرىدىن بىز تەرەپكە ھۇجۇم قىلسا ئىلىدا قوراللىق كۈچ قالمىغاچقا، قىيىن ئەھۋال يۈز بېرىدۇ. مۇشۇنداق مۇھىم ۋەزىپىنى مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى سىلەرگە ئىشەنچ قىلىپ تاپشۇردى. سىلەرنىڭ بۇرۇنقى قوراللىرىڭلارنى ئالدىنقى فرونتقا ئەۋەتكەن. بۇ ئىشقا رەھبەرلەر قاتتىق خاپا بولدى. رەھبەرلەر، بۇلار گومىنداڭنىڭ ئىچىدىن ياخشى قوراللارنى ئەكېلىپ بىزگە ياردەم بەرسە، قورالنى ئېلىۋالساڭلار خەقلەر نېمە دەيدۇ. ياخشى بولماپتۇ، بۇ قېتىم قوراللارنىڭ ياخشىسىنى بېرىڭلار، دەپ تاپشۇردى. ئىسكىلاتتىن يېڭى قوراللار بېرىلىدۇ. سىلەرنىڭ مىنىدىغان ئاتلىرىڭلارنى يايلاقتىن ئەكېلىدۇ، — ئۇ يەنە تەكىتلەپ، — ھەممىدىن مۇھىمى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ بىز تەرەپكە ئۆتۈشىنى قاتتىق توسۇش. بىز جەنۇبىي فرونتنى ئاچىمىز. سىز جەنۇبىي يۆنىلىش پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ

② ئابدۇرەئۇپ مەخسۇم — شۇ ۋاقىتتا ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى ئىدى. كېيىن ئۇ كىشى بىز بىلەن بىللە بارمىدى.



باشلىقى ۋە ھەربىي قوماندانى بولىسىز. پىكرىڭلار بارمۇ؟

— پىكرىم يوق، — دېدىم مەن، — باش شتابنىڭ بىزگە ئىشەنچ قىلىپ تاپشۇرغان بۇيرۇقىنى قەتئىي ھەم جان-دىل بىلەن ئورۇندايمىز.

## جەنۇبقا يۈرۈش قىلىش قىسمىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشى

«چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»نىڭ 111-بېتىدە مۇنداق دەپ يېزىلغان:

«شۇ كۈنى (1945-يىلى 7-ئاينىڭ 5-كۈنى) ‹ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت› ھەيئىتى بىلەن مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى گومىنداڭنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئەسكىرىي كۈچىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، ئوتتۇرا سەپتىكى ئۇرۇشنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، مۇنداق قارار چىقاردى: (1) سوپاخۇن سوۋۇروف ئەترەت باشلىقى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف سىياسىي كومىسسار، رازىيوف داموللا[1] دىنىي ئىشلار مەسئۇلى بولغان ئاتلىق پارتىزانلىق ئەترىتى قۇرۇلدۇ، ئۇلار ئاقسۇغا بېرىپ، پارتىزانلار ئۇرۇشى ئېلىپ بارىدۇ. (2) سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي ئىشلار خادىمى ئىسكەندەر (ئەسلىي ئىسمى ئىۋان ئىۋانوۋىچ ئىۋانوف) بىلەن زاكىر تۆرە (ئەسلىي ئىسمى شوخپۇل) ئاتلىق پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ ھەربىي ئىشلار مەسلىھەتچىسى بولىدۇ. (3) قۇربانجان ئاتلىق پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ ئارقا سەپ تەمىناتىغا مەسئۇل بولىدۇ. (4) قاسىمجان قەمبىرى ھۆكۈمەت خىزمەت ئۆمىكىنى باشلاپ بىرگە بارىدۇ».

① رازىيوف داموللا — تەڭرىتاغدىن ئۆتكەندە ئاغرىپ قېلىپ قايتىپ كەتتى. تۇردى قارىي مۇئاۋىن دىنىي ئىشلار ۋەكىلى بولۇپ بىز بىلەن بىللە ماڭدى.

7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى ھۆكۈمەتنىڭ يۇقىرىدىكى قارارىنى ئېلان قىلىپ بىزگە كۆرسەتمە بەردى.

ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا يەنە:

— ھەل قىلىدىغان ئىشلار بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

مەن ئاددىيلا قىلىپ:

— مۇزداۋاندىن ئاشىمىز، سوغۇقتا لازىم بولار، يەڭگىلرەك چەكمەن چاپاندىن بېرىلسە، — دېدىم.

ئېلىخان تۆرە دەرھال ھەل قىلىپ بېرىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

چەكمەن چاپاننىڭ رولى چوڭ. گەرچە ھازىر ياز بولسىمۇ قارلىق داۋانلاردىن ئاشىمىز. ئۇنىڭ ئۇستىگە، جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقى چەكمەن چاپان كىيىشكە ئادەتلەنگەن. شۇڭا چەكمەن چاپان بىزنىڭ خەلق ئىچىگە سىڭىپ كىرىپ كېتىشىمىزگە ياخشى شارائىت يارىتىدۇ. قورال ئىسكىلاتىدىن ھەربىر جەڭچىگە بىردىن ئىشتىكلىك بەشئاتار مىلتىق؛ بىر بوي ئوق (75 تال)، ئىككى دانە قول بومبىسى، پۈتۈن قىسىمغا زاپاس 200 تال ئوق، مىناميوت، توققۇز دانە دىكتار پىلىموت، ئۈچ دانە گراناتاميوت تارقىتىپ بەردى. بىز قوراللارنى ئىسكىلاتنىڭ مەسئۇلى غۇلجىلىق ساۋۇت دېگەن كىشىدىن تاپشۇرۇۋالدۇق. قورال ـ ياراغلار بىلەن قوراللىنىپ بولۇشىمىزغا، بېرىلىدىغان ئاتلارمۇ يايلاقتىن كەلدى.

## جەنۇبقا سەپەر

«چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»نىڭ 114 ـ بېتىدە مۇنداق دەپ يېزىلغان:

«7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىن 23 ـ كۈنىگىچە. 18 ـ كۈنى، سوپاخۇن سۇۋۇروف ئاتلىق پارتىزانلار ئەترىتىنى باشلاپ غۇل-



جىدىن چىقىپ 19 ـ كۈنى تېكەس ناھىيە بازىرىغا كىرىپ ئورۇنلاشتى. 23 ـ كۈنى تېكەس ناھىيە بازىرىدىن يولغا چىقىپ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئاقسۇغا يۈرۈش قىلىش سەپىرىگە ئاتلاندى».

بىز تېرە ئىسكىلاتى (مويكا)دىن يۆتكىلىپ غۇلجا شەھىرى سۇدەرۋازىسىدىكى مەكتەپكە ئورۇنلاشتۇق. ئوقۇغۇچىلار تەتىل قىلغاچقا، سىنىپلار ۋە مەكتەپ ھويلىسى بىكار ئىكەن. ئىككى كۈن ئاتلىق مەشىق قىلدۇق. ئەتىسى ئاتلىنىپ ماڭىمىز دېگەن كۈنى كەچقۇرۇن ئەخمەت ئەپەندىم[①] بىز تۇرغان مەكتەپكە كەلدى. مەن بىلەن كۆرۈشۈپ، جەڭچىلەرنىڭ ئەھۋالى ۋە سەپەر تەييارلىقىمىزنى سورىدى. ئاندىن «جەڭچىلەر يىغىلسۇن» دەپ بۇيرۇق قىلدى. مەن پۈتۈن جەڭچى ـ كوماندىرلارنى قوراللىق جەڭگىۋار سەپكە تىزىپ قويۇپ دوكلات قىلدىم. ئەخمەت ئەپەندىم جەڭچىلەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ «جەڭچىلەرگە سالام» دېدى، جەڭچى يولداشلارمۇ: «سالام» دەپ جاۋاب قايتۇردى، جەڭچى ـ كوماندىرلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى، سەپ ئالدىغا كېلىپ سۆز قىلىپ، ئالدى بىلەن ھەربىي بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلىدى. بىزگە ئاقيول ۋە سەپىرىمىزنىڭ خەتەرسىز بولۇشىنى تىلىدى.

— سىلەر، — دېدى ئەخمەت ئەپەندىم سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — مايتاغدىن گومىنداڭغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ئۇرۇشۇپ غەلىبە بىلەن كەلگەن جەڭچىلەر، بۇ قېتىمقى سەپىرىڭلاردا غەلىبە بىلەن قايتىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

جەڭچىلىرىمىز «ھۇررا» ساداسىنى كۆككە ياڭراتتى. ئەتراپقا يىغىلغان خەلقمۇ بىزگە قوشۇلۇپ چاۋاك چالدى.

— قېنى، — دېدى ئەخمەت ئەپەندىم، — سوپاخۇن كوماندىرنىڭ سۆزىنى ئاڭلايلى.

① ئۇ ۋاقىتتا ئەخمەت ئەپەندىم ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ھەربىي ئىشلار بۆلۈمىگە مەسئۇل ئىدى.

مەن ئەخمەت ئەپەندىمگە ھەربىيچە سالام بېرىپ:
— ھەربىي بۇيرۇق تاغدىن ئېغىر، دېڭىزدىن چوڭقۇر، بىز
ھەربىي بۇيرۇقنى جەزمەن ۋە قەتئىي ئورۇندايمىز. شۇنىڭدەك
ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ بىزگە تاپشۇرغان جەڭگىۋار ۋەزىپىلىرىنى
ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز بىلەن ئورۇنداپ جاۋاب قايتۇرىمىز، —
دېدىم.
ئەپەندىم مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ، مېنىڭ قولۇمنى قىسىپ
تۇرۇپ:
— سوپاخۇندەك ھەربىي ئىشقا پىشقان ۋە ھەربىي تەلىم-
تەربىيە كۆرگەن كوماندىرلارغا موھتاجمىز. سوپاخۇن كوماندىر
ھەربىي بۇيرۇقنى ئەلا بىلىپ ئۇنى تاغدىن ئېغىر دېڭىزدىنمۇ
چوڭقۇر، دېدى. شۇنداق تونۇغاندىلا ئاندىن غەلىبە قىلىش ئى-
شەنچىسى بولىدۇ. ھەربىينىڭ جەڭگىۋارلىقىنى بىلگەن، ھەربىي
ئىنتىزامنى چىڭ تۇتقان كوماندىر ئاخىر غەلىبىنى قولغا كەل-
تۈرەلەيدۇ. سوپاخۇن سىلەرنىڭ ھەربىي كوماندىرىڭلار، ۋەزىپە
سوپاخۇنغا تاپشۇرۇلدى، — دەپ سۆزىنى تۈگەتتى. بىزنىڭ
قوراللىق جەڭچىلىرىمىز ئۇزۇنغا سوزۇلغان «ھۇررا!» توۋلىدى
ۋە چاۋاك چالدى.
ئەخمەت ئەپەندىم مېنىڭ قولۇمنى يەنە بىر قېتىم چىڭ
قىستى ۋە باشقا كوماندىر، جەڭچىلىرىمىز بىلەن قول ئېلىشىپ
كۆرۈشتى. قايتىش ئالدىدا مەن ھەربىيچە «دىققەت!» دەپ كو-
ماندا بېرىپ، ھەربىيچە سالام بەردىم. بىز ئەخمەت ئەپەندىمگە
مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىقىپ كەتكۈچە قاراپ تۇرۇشتۇق. ئەخ-
مەت ئەپەندىم دەرۋازىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ، يەنە بىر قېتىم
قول ئىشارىتى بىلەن بىزگە ھۆرمەت بىلدۈرگىنى، بىزگە ئاق-
يول ۋە غەلىبە تىلىگەنلىرى ھازىرمۇ ئېسىمدىن چىقمايدۇ.
1945-يىلى 7-ئاينىڭ 18-كۈنى ئەتىگەن يولغا چى-
قىپ، ئىلى دەرياسىدىن كېمە بىلەن ئۆتۈپ، قوغۇنچى دېگەن



جايدا چۈشلۈك دەم ئالدۇق. كەچقۇرۇن خاڭ يېزىسىغا بېرىپ
تەييارلىغان قونالغۇدا قوندۇق. بەلگىلەنگەن كىشىلىرىمىز بىز-
دىن بۇرۇن بېرىپ قونالغۇ ۋە تاماقلارنى تەييارلىغانىكەن. ئات-
لىرىمىزنى تاغ باغرى يايلىقىغا قويۇپ بەردۇق. تاماقلىنىپ تۇ-
رۇشىمىزغا ئەتراپتىكى دېھقانلار - چارۋىچىلار يىغىلىپ كېلىپ
بىز بىلەن كۆرۈشتى. شۇ ئەسنادا ئىككى ھەربىي كىيىم كىي-
گەن جەڭچى پەيدا بولدى. ماڭا كېلىپ ھەربىيچە سالام بېرىپ
ئۆزلىرىنىڭ ئارقىمىزدىن ياياق يېتىپ كەلگەنلىكى، بىزگە قو-
شۇلۇپ جەنۇبىي شىنجاڭغا بارىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ ئىككى
ھەربىي يولداشنىڭ بىرى پىيادە 4-پولك 1-ئىسكادروندا مەن
بىلەن بىللە تۇرغان ئىلاخۇن خۇدابەردى (ھازىر جېلىلىيۈزى نا-
ھىيە[1]سى، دەم ئېلىشقا چىقتى)، يەنە بىرى جەڭچى ھېلىمئاخۇن
(ھازىر شىخۇ ناھىيىسىدە)، بۇ ئىككى نەپەر جەڭچىمىزنىڭ
شۇنداق يىراق يەردىن پىيادە مېڭىپ خەلقىمىزنىڭ ئازادلىق
ئىشى ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنى تەقدىم قىلىشقا كەلگەنلىكى ماڭىلا
ئەمەس پۈتۈن قىسىمدىكى جەڭچى - كوماندىرلارغىمۇ چوڭقۇر
تەسىر قىلدى. ھەتتا سىرتتىن كەلگەن خەلقمۇ بۇلارنىڭ غەيرەت -
جاسارىتىگە ئاپىرىن ئېيتتى. بىزنىڭ ھەربىي تۈزۈمىمىزدە بىر
قىسىمدىن يەنە بىر قىسىمغا كەلگەن ھەرقانداق ھەربىينى ئىخ-
تىيارىي قوبۇل قىلىشقا بولمايتتى. لېكىن، بۇ پەۋقۇلئاددە
ئەھۋال ئىدى. بىز دەرھال تېگىشلىك قىسىمغا تەقسىم قىلىپ،
زاپاس ئاتلىرىمىزنى بەردۇق. ئەتىسى 19-چېسلا قىزىلكۆرە[2]
گە قاراپ ماڭدۇق. قىزىلكۆرەدە خەلق توپ-توپ بولۇپ ئالدى-
مىزغا چىقىپ بىزنى قىزغىن قارشى ئالدى. 20-چېسلا زاكىر
تۆرە، ئابدۇكېرىم ئابباسوف ۋە قاسىمجان قەمبىرى، دىنىي نازا-
رەتتىن رازىيوف داموللا يېتىپ كەلدى. سودا ۋەكىللىرىمىزمۇ

① جېلىلىيۈزى ناھىيىسى — ھازىرقى غۇلجا ناھىيىسى.
② قىزىلكۆرە — ھازىرقى تېكەس ناھىيىسى.

كەلگەندى. كەچقۇرۇن ناھىيە ئاشخانىسىدا سۆھبەت ئۆتكۈزۈل-
دى. تەڭرىتاغدىن ئۆتۈپ كەتكۈچە ناھىيە ئورۇنلاشتۇرۇشقا
مەسئۇل بولىدىغان بولدى.

21 - چېسلا رەھبەرلەر ناھىيىگە بېرىپ، جەنۇبىي شىنجاڭغا
يۈرۈش قىلىش ھەققىدە مۇزاكىرىلەشتۇق. يىغىندا قوماندانلىق
باش شتابىنىڭ بۇيرۇقى تەكرار ئۇقتۇرۇلدى. سىدىق ھاجى ئەت-
رەتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ بەلگىلەندى. پارتىزانلار ئەترد-
تىنىڭ شتاب باشلىقلىقىغا ھۇسىيىن غازىيوف (ھازىر فرونزىدا
بار) بەلگىلەندى. موڭغۇلكۈرەدىن سولچى (قىرغىز) ۋە ئىمىن-
جانلار ترانسپورت ئەترىتىنىڭ باشلىقى قىلىپ تەيىنلەندى. تې-
كەسكە بارغاندىن كېيىن شۇ ئەتراپتا پارتىزانلىق قىلغان تېزەك
تۆرە 18 ئادەمى بىلەن بىزگە كېلىپ قوشۇلدى. 22 - چېسلا
جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىنىدىغان ئەترەت مەيداندا سەپكە
تىزىلىپ تۇردۇق. ئەترەتنىڭ باش تەرىپىدە ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى
ۋە باشقا ۋەكىللەر؛ ئەترەتنىڭ ئاياغ تەرىپىدە توغرا سەپ بولۇپ
سودا، ترانسپورت ۋەكىللىرى؛ ئۇدۇلىمىزدا قىزىلكۈرە ناھىيە-
سىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرى، خەلق تىزىلىپ تۇردى.

ھەربىي باشلىقلار، ناھىيىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە يۇرت مۆتىد-
ۋەرلىرى بىللە كەلدى. مەن ھەربىي قائىدە بويىچە «دىققەت» دەپ
كوماندا بېرىپ، باشلىقلارغا دوكلات قىلدىم. بۇ ۋاقىتتا پۈتۈن
مەيداندىكىلەر جىمجىتلىققا چۆمدى. «دىققەت» دەپ كوماندا بې-
رىپ سالام بەردىم ۋە قوراللىق قوشۇننى ئاتلاندۇرۇپ، يولداش
مۇتەللىپنىڭ باشلامچىلىقىدا «جەڭگە بارىمىز» دېگەن ناخشىنى
ئېيتىپ، مەيداندىن چىقىپ كەتتۇق. ئارقىمىزدىن جەنۇبىي
شىنجاڭغا بارىدىغانلارمۇ سەپ تۈزۈپ ماڭدى. بىزنىڭ قوشۇن
مەھەللە ئىچىگە كىرگەندە بىزگە ئەگىشىپ ماڭغان خەلق بىلەن
چوڭ بىر نامايىش قوشۇنىغا ئايلاندۇق.

1945 - يىلى 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، بىز تېكەس دەريا-



سىدىن ئۆتىدىغان كېمىنىڭ قېشىغا بارساق رەھبەرلەر كېمە
بويىدا بىزنى يەنە ساقلاپ تۇرۇپتۇ. تېكەس دەرياسىنىڭ سۈيى
سوۋېت ئىتتىپاقىدىن چىقىپ موخۇرجىرغىلاڭنى ئايلىنىپ ئۆ-
تۈپ، قارابورا تاغلىرىدىن ھالقىپ، كۈنەس دەرياسىغا قوشۇلىدۇ.
كۈنەس دەرياسى قاش دەرياسىغا قوشۇلۇپ ئىلى دەرياسىنى ھا-
سىل قىلىپ چاپچال ۋە سۈيدۇڭ — ئىككى ناھىيىدىن ئۆتۈپ،
ئۈچ ھەسسە كۆپىيىپ، يەنە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېقىپ
كېتىدۇ. بىز دەريادىن سىم ئارغامچا ئارقىلىق كېمە بىلەن ئۆ-
تۈپ جەنۇبقا ماڭدۇق. ئالدىمىزدا كۆك بايراق لەپىلدەپ تۇراتتى.
سەپنىڭ ئالدىدا ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى ماڭدى. ئاندىن قوراللىق
قىسىم، ترانسپورت ئەترىتى ۋە سودا ۋەكىللىرى ماڭدى. سودد-
گەرلەرگە ھەسەن قارىي دېگەن كىشى باشلىق بولۇپ ماڭماقچى
ئىدى. لېكىن، جەنۇبقا بارماي قېلىپ قالدى. قىزىلكۈرەدىن
چىقىپ چوڭ قۇشتايغا بېرىپ قونۇپ مېڭىش تەرتىپىنى ئۆز-
گەرتتۇق. ھەرقانداق ئېھتىمالغا قارشى رازۋېدكىچىلار ئالدىدا،
ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى، سودىگەرلەر ئەترىتى ئارقىدا ماڭىدىغان
قىلىپ رەتلىدۇق. ئۇ يەردىن چىقىپ كۆكتېرەك، چولاقتېرەك
يايلاقلىرىغا بېرىپ قوندۇق. ئەتىسى سارتور دېگەن چوڭ يايلاققا
باردۇق. بۇ يەردە قازاق چارۋىچىلار ئاپئاق كىگىز ئۆيلىرىنى
تىكىپ يازلىق بەختلىك تۇرمۇشنى ئۆتكۈزىدىكەن. ئاپئاق قال-
پاقنىڭ چۆرىسىگە قارا مەخمەلدىن پەۋاز تۇتقان، تۆپىسىگە ئۇن-
چە - مەرۋايىتلارنى ئۆتكۈزۈپ قىسقا، قىزىل يىپەكلىك تىزىق
بېكىتكەن قازاق يىگىتلىرى چىرايلىق كىيىنىپ، بېشىغا ئۇكە
تاقىغان، گۈللۈك تەقىيە كىيگەن، مەيدىسىگە ئىككى قاتار
چىرايلىق قىلىپ ئاپئاق ھەر خىل چوڭ - كىچىك تەڭگىلەرنى
تاقىغان قازاق خوتۇن - قىزلىرى كۈمۈش ئېگەرلىك ئاتلارغا
مىنىپ ئۇياقتىن - بۇياققا چېپىپ يۈرەتتى. ھەتتا يەتتە -
سەككىز ياشلىق باللارمۇ تورپاقلارنى مىنىۋېلىپ بىزگە يىراق-

تىن «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دەپ ۋارقىراپ سالام بېرىپ تۇردى. ئالدىمىزغا كەلگەنلەر «بىزنىڭ ئۆيىمىزگە كېلىپ چۈشۈپ قوناق (مېھمان) بولۇڭلار» دەپ باشلايتتى. قازاق قېرىنداشلارنىڭ مېھماندوستلۇقى ۋە كەڭ قورساقلىقى، كەلگەن مېھماننى كەمبەغەل بولسىمۇ، بىرەر مالنى سويۇپ داستىخان سالماي قايتۇرمايدىغانلىقى بىزگە بەك تەسىر قىلدى. ئالتاي تەرەپتىكى قازاق يولداشلارغا نىسبەتەن تېكەس يايلىقىدىكى قازاق يولداشلارنىڭ تۇرمۇشلىرىنىڭ باياشاتلىقىدىن ھەممىمىز ھەيران قالدۇق ھەم چوڭ پەرقنى كۆردۇق. چۈنكى ئالتايدىكى قازاق قېرىنداشلار ئۇزاق يىللار ئۇرۇش ئازابلىرىنى تارتقانلىقتىن ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغانىدى. تېكەس يايلىقىدىكى قازاق قېرىنداشلارنىڭ ئۆيلىرىگە كىرسەك يەرگە سېلىنغان گىلەم، چىرايلىق شىرداق، كىگىزلەر ۋە چىرايلىق ئىشلەنگەن ساندۇق ۋە قاچا ـ قومۇچلار كۆزنى قاماشتۇرىدۇ. ئەتراپىمىزدا بىزنىڭ ئەترەتكە تەييارلانغان داش قازانلار ئېسىلىپ قوي گۆشى قازاندا پىشۇرۇلۇۋاتىدۇ. ئاياللار ساماۋارلاردا چايلارنى قاينىتىپ داستىخان راسلاۋاتىدۇ. يايلاق بىز ۋە ئەل ـ جامائەت بىلەن بىر مەيدان قايناق بايرام تۇسىگە كىردى. ھەممىسى ئاكا ـ ئۇكىدەك بىزنى سەممىمي كۇتۇۋالدى، بىز بىلەن قىزغىن مۇڭداشتى.

يايلاقتىكى ئوت ـ چۆپلەرنى ئادەمنىڭ يەۋالغۇسى كېلىدۇ. يېشىل كىمخابقا ئوخشاش ئوتلاقلاردا ھەر خىل رەڭدە ئېچىلغان چىرايلىق گۇللەر، ھەيۋەتلىك ئېگىز تاشتىن شارقىراپ چۈشۈۋاتقان كۈمۈشتەك سۇلار، خۇددى ئەسكەرلەردەك قاتار ـ قاتار تىزىلىپ ئۆسكەن قارىغايلارنىڭ ئارىسىدا مۆكۈنۈپ ئۆسكەن ئارچىلار ئاجايىپ بىر گۈزەل مەنزىرىنى ھاسىل قىلغانىدى. ئۇلار كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايتتى. يايلاقتىكى قويلارمۇ بەس ـ بەس بىلەن مەرىشەتتى. سېمىز موزايلار بەسلەشكەندەك قۇيرۇقىنى دىڭگايتىپ قىيغىتىشاتتى. ئاتلارنىڭ قۇلۇن ـ تايلىرى



ئويناقلايتتى، دەل ـ دەرەخلەردىكى قۇشلار ھەر خىل ئاۋازدا چۇرۇلدەپ نەغمە ـ ناۋا قىلىشاتتى. بۇنىڭغا قوشۇلۇپ خۇشخۇي جەڭچىلىرىمىز بىر ـ بىرىگە جور بولۇپ ئىسكىرىپكا، داپ، راۋابلارنى چېلىشىپ تاغلارنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. بىز يەنە قوزغىلىپ مېڭىپ قارىغايتاشقا بېرىپ قوندۇق. تاغ چوققىلىرى قارىغايغا ئوخشاش يالغۇز ـ يالغۇز ئېگىز قەد كۆتۈرۈپ تۇرغانلىقتىن قارىغايتاش دەپ ئاتىلىدىكەن. بىز گۈزەل ھەيۋەتلىك تاغ ئىچىدىن ئۆتكەندە ئالدىمىزدىكى ئىشىكنى ئاچساق ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن يېپىلىپ قالغاندەك ھېس قىلىمىز. ھەربىر تاغنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى بولۇپ كۆزىمىز تويماي قاراپ كېتىۋاتىمىز.

مۇز داۋاس[1] داۋىنىغا بارغاندا يولدىن ئېزىپ قالغانلىقىمىز بىلىنىپ قالدى. بىزگە يول باشلىغان ئىككى قازاق يولداشنىڭ بىرى ئالۋان مەمەت، يەنە بىرى قادىر ئىدى. بۇلارنى يولنى ئوبدان بىلىدۇ دەپ تېكەس يەرلىك ھۆكۈمەتتىن تونۇشتۇرغانىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق بولۇپ چىقمىدى. مەن ئۇلارنى چاقىرىپ سوراققا تارتىپ:

— سىلەر بۇ يول بىلەن قاچان، قايسى ۋاقىتتا جەنۇبىي شىنجاڭغا ئۆتكەنىدىڭلار؟ — دەپ سورىدىم. بىرى:

— مەن ئۈچ يىل بۇرۇن ئۆتكەن، — دېدى. يەنە بىرى:

— مەن بۇ يولدا يۈرۈپ باقمىغان، — دەپ تىلىنى چايناپ تۇردى.

— راستىنى ئېيتىش، بىز جەڭگىۋار ۋەزىپە بىلەن كېتىپ بارغان قوشۇن، بولمىسا مانا ھازىر ئېتىپ تاشلايمەن.

— بىز بىلمەپتۇق، جەنۇبقا بارساق، ئۇرۇشتا ئانچە ـ مۇنچە پايدا تېگىپ قالارمىكىن دېگەنىدۇق. بىزنى كەچۈرۈڭلار، — دەپ يەرگە قاراپ تۇردى ئۇلار.

① داۋاس — موڭغۇلچە سۆز بولۇپ، «تاغنىڭ چوققىسى» دېگەن مەنىدە.

مەن ئۇلارنى شۇ يەردىلا قورال ئاستىغا ئېلىپ ھۆكۈمەت
ۋەكىللىرى ئابدۇكېرىم ئاباسوف، قاسىمجان قەمبىرى، قۇرباز-
جان ئاكا ۋە ھەربىي مەسلىھەتچىلەر چۈشكەن ئورۇنغا ئېلىپ
باردىم. ئۇلار قايتىدىن سوراق قىلىپ جىنايەتچىلەرنىڭ ئىقرارى
بويىچە ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىگە ماتېرىيال يېزىپ
ئەۋەتتۇق. رازۋېدكىچى سۇلپى (قىرغىز، ھازىر موڭغۇلكۈرەدە
بار)نىڭ باشچىلىقىدا ئىككى نەپەر قوراللىق ئەسكەر بۇ ئىككى-
سىنى باغلاپ، موڭغۇلكۈرە ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇپ
بەردى. كېيىن ئۇقۇشىمىزچە بىرىگە ئۆلۈم جازاسى، يەنە بىرى-
گە قاماق جازاسى بېرىلىپتۇ. بىز يەنە ئەترەت ئىچىدىكى قازاق
يولداشلارنىڭ يول بىلىدىغانلىرىنى تاللاپ، مۇزداۋاس داۋىنىدىن
چوڭ قۇشتايغا قايتىپ كەلدۇق. ئۇ يەردە قونۇپ ئاقداۋانغا بار-
ساق قار قېلىن ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شىۋىرغان ھەم تۇتەك
بولۇپ كېتىپتۇ. ئالدىمىزدىكى ئاتنىڭ قۇيرۇقىغا ئېسىلىپ
ماڭساقمۇ بىر مېتىر ئارىلىقتىكى كىشىنى كۆرگىلى بولمىدى.
يازلىق كىيىم بىلەن بولغانلىقىمىز ئۈچۈن ئۇلاغ ترانسپورت
كارۋانلىرىمىزدىكى بىر كىشى ئۆلدى. مىنامىيوت ئوقى ئارتقان
ئېتىمىز ھاڭغا چۈشۈپ كەتتى. بىزنىڭ «مايتاغچى» جەڭچىلى-
رىمىزنىڭ ھەممىسى جەنۇبىي شىنجاڭلىق ھەم تاغدا يۈرۈش
تەجرىبىلىرى ئاز بولغانلىقتىن بەزىلىرى قولاق ـ بۇرۇنلىرىنى
ئۈششۈتۈۋالدى. بىزدە شۇنداق كېسەللەرگە ئىشلىتكۈدەك دورا
نېمە قىلسۇن. تانىيە دېگەن سېستىرا قىز ھۆكۈمەت رەھبەرلى-
رىمىزنىڭ يېنىدا قالغانىدى. ئىلاجسىز «زەھەرنى زەھەر ئالىدۇ،
سوغۇقنى سوغۇق» دېگەن خەلق ماقالىغا ئاساسەن ئۈششۈگەن
جايغا قار ـ مۇزلارنى تېڭىپ ئانچە ـ مۇنچە ئەسلىگە كەلتۈر-
دۇق. بەزىلىرىنىڭ ئاقسۇ، باي تەرەپلەرگە ئۆتكەندىن كېيىن
تېرىسى سويۇلۇپ ئۈششۈكى ساقايدى. بۇ تارتۇقلار دېگىز يۈزى-
دىن نەچچە مىڭ مېتىر ئېگىز تەڭرىتاغلىرىدىن ئۆتكەننىڭ



بەلگىسى ئىدى. بىز كۆكسۇ كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ، 7 ـ ئاينىڭ
31 ـ كۈنى قاراداۋان تۈۋىگە بېرىپ قوندۇق. سەھەردە قاراداۋانغا
ياماشتۇق. بۇ داۋاندا قارا تۇتەك يىل بويى كەتمەيدىكەن. شۇڭا
قاراداۋان دەپ ئاتىلىدىكەن. تاغقا چىقىشقا ئاسان بولغان بىلەن
چۈشۈش تەس ئىكەن. قارا تۇتەك بولغانلىقتىن ئالدىمىزدىكى
ئادەمنى يىتتۈرۈپ قويساقلا، يولدىن ئېزىپ جاندىن ئايرىلىمىز.
ئاتلارمۇ تۇزۇك ماڭالمىدى. ئالدىمىزدا ماڭغان رازۋېدكىچىلار
داۋاننىڭ تۈۋىگە گۈلخان يېقىپ بەلگە بەردى. تاغ تۆپىسىدە تۇ-
رۇپ ئوتقا قارىساق بىز ئاسماندا، يۇلتۇزلار يەرنىڭ قەھرىدە
كۆرۈنگەندەك بىلىنىدى. سۇبھانالللانى يۈزمىڭ قېتىم ئوقۇپ، يې-
رىم كۈندە داۋاننىڭ تۈۋىگە چۈشتۇق. قورساقنىڭ ئاچلىقى
قورقۇنچ ئىچىدە ئۇنتۇلۇپ قالىدىكەن. بۇ بىر مۇشكۇل ئۆتكەل
ئىدى. تارىختا ھېچبىر قوماندان دۇنياغا مەشھۇر ھەيۋەتلىك
تەڭرىتاغلىرىدىن مۇشۇ يول بىلەن ئەسكەر باشلاپ شىمالدىن
جەنۇبقا ياكى جەنۇبتىن شىمالغا ئۆتۈپ باققان ئەمەس.
1776 ـ يىلى ئاقسۇ قۇمباشتىكى جاھانگىرغوجىلار بىلەن
ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن بىر مانجۇ قوماندان تەڭرىتاغلىرىدىن
قوشۇن باشلاپ ئۆتۈشكە ئىشەنچ قىلالماي، ئىلىدىن ئۆز قوشۇ-
نىنى باشلاپ كۇنەس ۋە يۇلتۇز ئارقىلىق قاراشەھەرگە ئۆتۈپ
ئاقسۇ ئۇرۇشىغا بارغانىكەن. 1937 ـ يىلى ياز ئايلىرى شىنى-
جاڭغا ياردەمگە كەلگەن سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى ما خۇسەن
قوزغىلاڭچىلىرىنى باستۇرۇش ئۈچۈن مۇزداۋان بىلەن جەنۇبقا
بارغان. بىز مۇزداۋان بىلەن ئۆتمىدۇق. چۈنكى مۇزداۋان ئۈس-
تىدە ۋە قورغاندا گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ قوراللىق ئەسكىرىي
كۈچى بار ئىدى. تانكا، زەمبىرەك قاتارلىق ئېغىر قوراللاردىن
سۆز ئېچىشنىڭ ھېچ ھاجىتى يوق. بىر ـ ئىككى مەرگەن
مۇزداۋان چوققىلىرىدا تۇرۇۋالسا بىرنەچچە مىڭ ئەسكەرگە تاقا-
بىل تۇرالايتتى. بىز ھەر خىل قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلسەكمۇ

ھېچقانداق ئىككىلەنمەي ئاقيازداۋىنى، ئاقداۋان، قاراداۋانلار ئارقىلىق دۈشمەننىڭ ئارقا سېپىگە ئۆتۈشنى نىشانلاپ ماڭدۇق. كۈچىمىزنىڭ ئاجىزلىقىغا قارىماي بىزدىن نەچچە ھەسسە جىق ھەم تولۇق قوراللانغان 40 — 50 مىڭ كىشىلىك گومىنداڭ ئەسكىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن كېتىۋاتىمىز. داۋانلار بىزنى توسۇپ قالالمىدى. قانچە قىيىن بولسا بىزنىڭ غەيرىتىمىز شۇنچە ئۈستۈن بولدى. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى بىزدە ئالىي غايە، يېڭىلمەس ئىرادە بار ئىدى. ئۇ بولسىمۇ ئېزىلگەن ھەر مىللەت خەلقىنى زۇلۇم ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرۇش.

تاڭ ئاتقاندا قارىساق، ھەممىمىزنىڭ ئۈستۈۋېشىنى ئاپئاق قىرو باغلاپ، خۇددى تۈگمەنچىگە ئوخشاپ قاپتۇق. يولداشلار بىر - بىرىگە «سەن قانچىلىك ئۇن تارتتىڭ» دەپ چاقچاق قىلىشتى. شۇنداق قىلىپ قاراداۋان، ئاقداۋاندىن ئۆتۈپ، كۆل[1] دېگەن يەردە قوندۇق. ئۇ يەردىن ئۆتۈپ بوزكېرىگى داۋىنىدا قوندۇق.

## جەنۇبىي شىنجاڭغا بارغاندىن كېيىنكى تۇنجى جەڭ

«... چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»نىڭ 120 - بېتىدە مۇنداق دەپ يېزىلغان:

«8 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 3 - كۈنىگىچە. سوپاخۇن سۇۋۇروف ئەترەت باشلىقى، ئابدۇكېرىم ئابباسوف سىياسىي كومىسسارى بولغان ئاتلىق پارتىزانلار ئەترىتى تېكەستىن جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ، ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ، تەڭرىتاغنى كېسىپ ئۆتۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى باي ناھىيىسىنىڭ قېيىر دېگەن جايلىرىنى بىرىولىلا ئىشغال قىلدى.»

[1] تاغ ئۈستىدە سۈپسۈزۈك سۇلۇق كۆل بار ئىكەن.



بوزكېرىگى داۋىنى تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ئېشىكى بولۇپ، باي ناھىيىسىگە تەۋە تاغ ئېغىزى ئىدى. گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئىلى تەرەپكە مۇداپىئە قىلغان ئالدىنقى قاراۋۇللىرى مۇشۇ جايغا جايلاشقانىدى. بۇ يەردە گومىنداڭ بىر يېرىم ئىسكادرون قوشۇننى ئۈچ ئېغىزغا بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇرغانىكەن. بىز غەربىي ئېغىزدا، يەنى دەريانىڭ باش تەرىپىدە ئىدۇق. بۇ يەردە ئىككى سائەتتەك دەم ئالغاندىن كېيىن ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى ۋە سوۋېتلىك مەسلىھەتچىلەر بىلەن بىرلىكتە بۇ ئېغىزدىن قانداق بۆسۈپ ئۆتۈش، قانداق ئىشلارنى ئالدىدا ئېلىپ بېرىش توغرۇلۇق مۇزاكىرە ئېلىپ باردۇق. پىلانىغا ئاساسەن، 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى مەن ئالدى بىلەن سەھەردىن بۇرۇن دۈشمەن لىنىيىسىنى بۆسۈپ ئۆتۈشنى ئۈستۈمگە ئالدىم. قاش قارايغاندا ئەترەتنىڭ قوماندانلىق ئىشلىرىنى سىدىق ھاجى ۋە شتاب باشلىقى ھۈسەيىن غازىيوفلارغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئۆمەرجاننىڭ ئەترىتىنى، ئۇنىڭغا قوشۇپ باشقا ئەترەتتىكى يولداشلاردىن ئادەم تاللىدىم. ئېغىر نەرسىلەرنى قالدۇردۇق. كونا جەڭچى مۇتەللىپ ئابدۇلنىڭ ئۆز ئودېلېنىيىسى ۋە ئەمەت ئۆمەر، تۇراق ئوسمان، ئوبۇلقاسىم، توختى قاتارلىق 15 نەپەر جەڭچى، دوختۇر تانىيە بىلەن بىرگە ماڭدۇق. ئۇ كۈنى بەختىمىزگە قارشى ھاۋا تۇتۇلۇپ چاقماق چېقىپ يامغۇر خۇددى چېلەكتە قۇيغاندەك ياغقىلى تۇردى. بۇ يامغۇر دۈشمەنگە تۇيۇقسىز زەربە بېرىشنىڭ ئوبدان شارائىتىنى تۇغدۇرۇپ بەرگەن بولسىمۇ، بىز كېچىپ ئۆتىدىغان سۇ ئۇلۇغ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، يامغۇر قاتتىق يېغىپ جىرالاردىكى يامغۇر سۈيى سايدىكى سۇغا قوشۇلۇپ، تېخىمۇ كۆپىيىپ كەتتى. دەسلەپتە ئۆتكەن ئودېلېنىيە كوماندىرى مۇتەللىپنى ئېتى بىلەن ئېقىتىپ كېتىپ خېلى بىر يەرگە بارغاندا ئات بىلەن سۇزۇلۇپ چىقتى. سۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى كۆزدە تۇتۇپ ئىككى ئاتلىق ئەسكەرنى جۈپلەپ ياندىشتۇرۇپ ئۆتكۈز-

دۇق. لېكىن، سۇنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىشى بىزنى بۇ ئۇسۇلدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر قىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تاڭ ئېتىشقا ئاز قالغانىدى. جاھان يورۇپ، گومىنداڭ پوستلىرى كۆرۈپ قالسا، نىشانغا يېقىنلاپ بېرىشىمىز تەس بولاتتى.

ئەمدى كۆكەنساي دېگەن يولچىمىزنىڭ غانجۇغىسىدا سالما ئارغامچا بار ئىكەن. ئۇنى ئېلىپ خۇددى گۆھەر تېپىۋالغاندەك خۇش بولۇپ كەتتۇق. ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى ئالدىدا ئۆتكەنلەرگە تۇتقۇزۇپ، بىر ئۇچىنى بىز تۇتۇپ تۇردۇق. ئاجىزراق ۋە سۇ ئۈزەلمەيدىغانلارغا ئارغامچىنى تۇتقۇزۇپ ئۆتكۈزدۇق. بۇ كېچىدىكى جاپالىق ئىشلار ھازىرمۇ ئېسىمدىن چىقمايدۇ. سەپەرداشلىرىمىز بېسىپ ئۆتكەن جاپالىق يوللارنى ئەسلەپ ئۆتىمىز، قاتتىق ئويغا چۆكۈپ كېتىمىز. ئاسمانغا تاقاشقان قارلىق داۋان، مۇز چوققىلاردىن ساق ـ سالامەت ئۆتۈپ ھايات قالغانلىقىمىزنى ئويلىساق ئۆزىمىزنى بەختلىك ھېس قىلىمىز.

تاڭ سۈزۈلدى. بۇلۇتلار تارقىلىپ يامغۇرمۇ توختىدى. دۈشمەنلەر ئالدىمىزدىكى ئېگىز تاغ بېشىدا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئېدىردىن ئۆتۈۋاتساق تاغ ئۈستىدىن بىر تاش يۇمىلاپ كېلىپ ئەمەت ئۆمەر دېگەن سەپدىشىمىزغا تېگىپ سول قوۋۇرغىسىدىن ئىككىنى سۇندۇرۇۋەتتى. ئەمەت ئۆمەرنىڭ ئاغرىق ئازابىدىن توۋلىغان ئاۋازى تاغ ئىچىنى بىر ئالدى. توختاشقا بولمايتتى. تانىيە دېگەن دوختۇرىمىز بىلەن بىر يولداشنى، داۋالاپ ئارقىمىزدىن بېرىڭلار دەپ قالدۇرۇپ قويۇپ ماڭدۇق. 8 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى مەن ئودېلېنىيە كوماندىرى مۇتەللىپنى ئۆزىنىڭ جەڭچىلىرى بىلەن ئالدى تەرەپنى چارلاپ مېڭىشقا ئەۋەتتىم. ئۇلار كېتىپ يېرىم سائەتتىن كېيىن بىز تۇرغان تاغنىڭ بېشىدا بىر قوراللىق دۈشمەن ئەسكىرىنىڭ پوستتا تۇرغانلىقىنى كۆردۇق. ئۇلارنىڭ ھەرىكەت ئەھۋالىدىن قارىغاندا، بىزنىڭ ئالدىمىزدا كەتكەن رازۋېدكىچىلارنى ئۇلار كۆرمىگەندەك تۇرىدۇ. بىر



سائەتتىن كېيىن مۇتەللىپ ئالدىنقى سەپتىن ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ، دۈشمەننىڭ بىز ماڭىدىغان ئېگىزدىكى پوتىيىنى ئېلىپ بولغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. ئۇلار ئەمدىلا پوتەيگە كىرەي دەپ تۇرۇشىغا پوتەيگە پوستقا چىقىدىغان ئىككى نەپەر قوراللىق گومىنداڭ ئەسكىرى (بىرى خەنزۇ، يەنە بىرى ئۇيغۇر) كېلىپتۇ. ئۇلار دۈشمەن ئەسكىرى كەلسە «تىرىك تۇتىمىز» دەپ تۇرۇشىغا «سىلەر كىم؟» دەپ سوراپتۇ. مۇتەللىپ: «بىز بايىدىن چىقتۇق» دېيىشىگىلا ئۇلار ئارقىغا يېنىپ، تاغنىڭ دوقمۇشىغا بېرىپ بوپتۇ. مۇتەللىپ ئىشغال قىلغان پوتەي باي يولىدىكى پوتەي ئەمەس ئىكەن. بۇلارنىڭ دۈشمەنگە، بىز بايىدىن چىقتۇق دېيىشى، ئۇلارنىڭ قېچىشىغا سەۋەب بولۇپتۇ. بىز ئەھۋالنى مۆلچەرلەپ مەن مۇتەللىپنىڭ باشلىشى بىلەن دۈشمەننىڭ تۇرغان ئېگىزىدىن يانداپ دۈشمەننىڭ ئارقىسىغا، يەنى قېيىر تەرەپكە ئۆتۈۋالدۇق. بىز بوزكېرىگى داۋىنىدىن يولغا چىقىشىمىزدا ئارقىمىزدىن ياردەمگە كېلىدىغان بىر گۇرۇپپىنى ئۇيۇشتۇرغانىدۇق. بۇ گۇرۇپپىغا مايتاغدىكى 8 ـ لىيەننى قوزغاپ ئاچىقىشتىكى غوللۇق ئادەم، ئۈچ ۋىلايەتكە بارغاندىن كېيىن باتۇرلۇق ئوردېنى بىلەن مۇكاپاتلانغان ھەم مىللىي ئارمىيە ئىچىدە ئىزۋوت، روتا كوماندىرى ۋەزىپىلىرى ئۆتىگەن ئابلەت داۋۇت باشچىلىق قىلاتتى. ئۇ ئۆمەرجان، قۇربان «ئاشىق»، سۇلتان مامۇت قاتارلىق كونا جەڭچىلەرنى باشلاپ، بىزدىن ئىككى سائەت كېيىن يولغا چىقماقچىدى. بىراق سۇنىڭ كۆپلۈكىدىن ئۆتەلمەي تاڭ سەھەردە مېڭىپتۇ. بىزنىڭ ئېدىرلارغا قويۇپ قويغان بەلگىمىزنى بىلەلمەي دۈشمەننىڭ ئىككى نەپەر چارلىغۇچىسىغا ئۇچراپ قاپتۇ. ئابلەت داۋۇت چاققانلىق بىلەن ئاپتوماتتىن ئوق ئۈزۈپ بىر دۈشمەننى جايلاپتۇ. يەنە بىرى قېچىپ كېتىپتۇ. ئابلەت ئىككى ئات، بىر مىلتىقنى ئولجا ئېلىپ، بىز ماڭغان سايىنى تېپىپ ئۈچ سائەتتىن كېيىن يېتىپ

كەلدى. ئەترەتنىڭ قالغان قىسمى ۋە ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى تۆت ـ
بەش سائەتتىن كېيىن بىز تۇرغان يەرگە كەلدى. بىز دۈشمەن-
نىڭ ئويلىمىغان يېرىدىن چىقىپ قالغانلىقىمىز ئۈچۈن بۇلار
نېمە قىلىشنى بىلمەي پوتەي، گازارما ۋە تاغ باغرىدا مۇداپىئە-
لەندى. دۈشمەن بىلەن بىزنىڭ ئارىلىقىمىز يىراق بولسىمۇ،
ئۇرۇش باشلاندى. ئىككى تەرەپ قاتتىق ئېلىشتۇق. ئۇلار بىزنى
كۆرەلمەيدۇ. بىز دۈشمەننى كۆرەلەيمىز. دۈشمەن بىلەن بىزنىڭ
ئارىلىقىمىزدا تۈپتۈز ساي بولۇپ، دۈشمەن ئىلى تەرەپتە قالدى.
بىز باي تەرەپكە ئۆتۈۋالدۇق. تۇزلەڭ سايدا بىرنەرسە كۆرۈندى.
ئوق ئاتساق، جىم تۇرىدۇ. ئوقنى توختاتساق، مىدىرلاپ ماڭىدۇ.
دۇربۇن بىلەن قارىساق ئادەم ئىكەنلىكى ئېنىق كۆرۈندى. ئارى-
لىق يىراق بولغانلىقتىن مىلتىقنىڭ پىرتىسلىنى 500 مېتىر-
غا سۇرۇپ ئاتسامۇ تەگمىدى. ئادەتتە 500 مېتىر ئارىلىقتا
كېلىۋاتقان ئاتلىق دۈشمەنلەرنى خېلى تەمتىرىتىپ قوياتتىم.
بالىلار كېچىدە ئۇنى تۇتۇپ ھەيدەپ كەلدى. بۇ گومىنداڭ ئەس-
كىرى بولۇپ، ئىسمى يارمۇھەممەت (ھازىرمۇ قەشقەردە بار) ئى-
كەن، تەربىيە بېرىپ ئۆز سېپىمىزگە قوشۇۋالدۇق. 8 ـ ئاينىڭ
4 ـ كۈنى شۇ يەردە قونۇپ قالدۇق. ئۈچ ئېغىزدىكى دۈشمەنلەر
شۇ كېچىسى بىر يەرگە توپلانماقچى بولغاندا تۈن بەك قاراڭغۇ
بولغانلىقتىن بىر ـ بىرىنى دۈشمەن دەپ بىلىپ ئۆزئارا ئۇرۇ-
شۇپ قالدى. بۇ ئۇرۇش تاڭ ئاتقۇچە داۋام قىلدى. بۇلار گو-
مىنداڭنىڭ كۈچادىكى 4 ـ پولكىنىڭ 2 ـ ئىسكادرونى ئىكەن.
مەسئۇلى خۇڭ ياۋدۇڭ بولۇپ، بۇ ئىسكادروننى تەلەمەت تېغى-
نىڭ ئىلى تەرەپتىن كۈچاغا چۈشىدىغان قىيىر ئېغىزىدىكى ئى-
لى يولىنى توسۇش ئۈچۈن يۆتكەپ كەلگەنىكەن. ئەتىسى سەھەر-
دە ئاخشام گومىنداڭ قوشۇنى بىر ـ بىرى بىلەن ئۇرۇشقان يەر-
دە نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى تەكشۈرۈپ كېلىشكە رازۋېدكىچىلارنى
ئەۋەتتۇق. رازۋېدكىچىلارنىڭ گېپىگە قارىغاندا، بىرى دۆڭنىڭ



بېشىدا، يەنە بىرى پەستە ئېتىلغان ئوقلارنىڭ مىشەكلىرى قې-
لىپ قالغان بولۇپ، بىرنەچچە يەردە قاننىڭ داغلىرى ۋە ئادەم-
نىڭ سۆرەلگەن ئىزلىرى بار ئىكەن. ئۇلار بىرنەچچە ئەسكەرنىڭ
شەپكىسىنى ئەكەلدى. نۇرغۇن يەردە لاتا خەيلەر چۈشۈپ قاپتۇ.
ئۈچ ئاتنىڭ ئۆلۈكى تۇرۇپتۇ. ئۇلار ئېگەر ـ توقۇملىرىنى ئە-
كەلدى. شۇ كۈنى بىز رازۋېدكىچىلارنىڭ مەلۇماتىنى ئالغاندىن
كېيىن، قاچقان دۈشمەننى دەم ئالدۇرماي قوغلاپ ئالتۇنقۇش،
بوزكېرىگى، قۇزغۇن ۋە مىسبۇلاقچە باردۇق. دۈشمەن ئۇ يەر-
دىنمۇ چىقىپ كېتىپتۇ. مىسبۇلاقتا قوندۇق. بۇ يەردىكى خەلق
يىغا ـ زار ئىچىدە بىزنى قىزغىنلىق بىلەن قارشى ئالدى ۋە
ياخشى كۈتتى. چۈشتە، تەلەمەت داۋىنى تەرەپتىن ئىككى نەپەر
ئاتلىق كېلىۋاتىدۇ، دېگەن خەۋەر كەلدى. كېلىۋاتقانلارنىڭ يې-
قىن كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرساق، بىزنىڭ بېشىمىزدىكى قال-
پاقلارنى كۆرۈپ قېلىپ قاچتى. تېزەكتۆرە (قىرغىز) قوغلاپ
كەتتى. نامازدىگەر ۋاقتى بىلەن ئىككىسىنى تىرىك تۇتۇپ كەل-
دى. بۇلارنىڭ بىرى پىرىبۇوتكا (ئىككى مىللەتتىن بولغان) ئى-
كەن. قاسىمجان قەمبىرى بىلەن ئابدۇكېرىم ئاببىاسوف خەنزۇ-
چە: «باشلىقىڭ كىم؟» دەپ سورىسا، شىڭ دۇبەن دەپلا تۇردى.
ئارىدا بىر دېھقان ئاتلىق يېتىپ كېلىپ پىرىبۇوتكىنىڭ ياقى-
سىدىن ئالدى ۋە:

— مەن ئوتۇن ـ سامان ئېلىپ چازىغا بارغاندا مېنى ھەم با-
لىلىرىمنى ئۇرۇپ، موزىيىمنى ئېتىۋەتتىڭغۇ، — دەپ يىغلى-
نىچە بىرنەچچە مۇشت قويدى. مەھەللىدىكى دېھقانلار:

— بۇلار قاراقچىلار، بۇ يەرگە كېلىپ سۈت ـ قېتىقلىرى-
مىزنى ئىچىپ، نانلىرىمىزنى يەپ پۇل بەرمەيدۇ. بىرنەرسە دې-
سەك ئۇرىدۇ. ھەتتا ئۇلاغلىرىمىزنى مىلتىق بىلەن ئېتىپ ئە-
كېتىدۇ، — دەپ دەرد تۆكۈشكە باشلىدى. يىغىلغان خەلق توپى
ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە ئۇلارنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. بىز ئارىغا

كىرىپ تەڭ كېلەلمىدۇق.

قېيىر ئېغىزىدىكى بىرىنچى قېتىملىق ئۇرۇشتا گومىنداڭ قوشۇنىنى تۈيۈقسىز تارمار قىلىشىمىز، كۇچادىكى ئاتلىق 4 ـ پولك، ئاقسۇدىكى ئاتلىق 5 ـ پولكنىڭ ئەمەلدارلىرىنى ئالاقزادە قىلىۋەتتى. ئۇلار پۈتى كۆيگەن توخۇدەك بولۇپ قالدى. جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭ يوللىرىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ساراسىمە ئىچىدە قالدى.

## باي ناھىيىسىنىڭ ئازاد قىلىنىشى ۋە بايدىكى ئەھۋاللار

«... چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»نىڭ 125 ـ بېتىدە مۇنداق دەپ يېزىلغان:

«8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى سوپاخۇن سۇۋۇروف، ئابدۇكېرىم ئابباسوفلار ئاتلىق پارتىزانلار ئەترىتىنى باشلاپ ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ باي ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلدى. تۆت سائەت كەسكىن جەڭ قىلىش ئارقىلىق، ناھىيە بازىرىنى ئالدى. باي ناھىيىلىك ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتنى قۇرۇپ، ئوسمان سايىتنى ھاكىملىققا تەيىنلىدى».

مىسبۇلاقتىن ئەتىسى غولتېغى قاسساپتوقاي يېزىلىرى بىلەن بايغا قاراپ ماڭدۇق. كېچىدە بايغا بىر ـ ئىككى كىلومېتىر قالغاندا، قاسىم مەڭلىكوف ئىزۋوتى كۇچا يولىنى توسۇپ تۇرۇپ، سەھەردە بايغا ھۇجۇم قىلىپ كىرىش؛ ئابلەت داۋۇت ئىزۋوتى باينىڭ غەرب تەرىپىدىكى ياقا ئېرىقتا ماڭىدىغان يول بىلەن ھۇجۇم قىلىپ كىرىش؛ ئۆمەرجاننىڭ ئىزۋوتى ۋە مەن باينىڭ شىمالىي تەرىپىدىن بۆسۈپ ھۇجۇم قىلىش بەلگىلەندى.

1945 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى سەھەر سائەت ئالتە يېرىمدا بايدىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ تاماق يېيىشىگە كا-



ناي چېلىندى. بۇ بىزنىڭ ھۇجۇم قىلىش پۇرسىتىمىز ئىدى. ئالدىن بەلگىلەنگەن بىر پاي ئوق ئېتىلىش بىلەن ئۈچ تەرەپتىن تەڭلا «ھۇررا» دەپ باي ئىچىگە ئات چاپتۇرۇپ باستۇرۇپ كىردۇق. گومىنداڭدىن باي ناھىيىسىنى تارتىۋالدۇق. باي ناھىيىسىدە ئىسكەنجىدە قالغان قورچاق ساقچى ئەمەلدارلىرى ۋە ئەسكەرلەر بولۇپ جەمئى 30دەك ئادەم بار ئىكەن.

غۇلجا ئۇرۇشى پارتلاپ چىققاندا، باي ناھىيىسىنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن گومىنداڭ بىر باتالىيون ئەسكىرىي كۈچىنى يۆتكەپ كېلىپ باي ناھىيىسىدىكى خەلقنىڭ يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىپتۇ. باي ناھىيىلىك گومىنداڭ قورچاق پىرقىسى گومىنداڭ ئەزالىرى ۋە خەلقنى يىغىپ ھەپتىدە بىر چوڭ يىغىن ئېچىپ، كوممۇنىستىك پارتىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى ھەم ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارشى تەشۋىقات ئېلىپ بارغان. قورچاق ساقچى ئورگانلىرى جاسۇسلارنى كۆپەيتىپ خەلقنىڭ ئۈستىدىن، خۇسۇسەن، زىيالىيلار ۋە مائارىپچىلار ئۈستىدىن نازارەتنى كۈچەيتىپ، دىكتاتۇرا يۈرگۈزگەن. مەسىلەن، 1945 ـ يىلى 3 ـ ئايلاردا مائارىپچىلاردىن ئابلا داۋۇت (تاشكەنتتە ئوقۇغان)، ئەمەت يۈسۈپ (ئۈرۈمچى دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغان) ۋە ئوسمان قاسىملارنى ئاقسۇغا يۆتكەپ نەزەربەند قىلغان. كېيىن، ئۇلارنى ل. مۇتەللىپلەر بىلەن بىللە ئۆلتۈرۈۋەتكەن. مىللىي ئارمىيە ئۈچ ۋىلايەتتىكى گومىنداڭ ئارمىيىسىنى يوقاتقاندىن كېيىن، باي ناھىيىسىدىكى ھەر دەرىجىلىك گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى ناھىيىنى قاتتىق مۇداپىئە قىلىش باھانىسى بىلەن خەلق ئۈستىدىكى ئالۋان ـ ياساقنى كۆپەيتىپ، خەلقنىڭ مال ـ مۈلكىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ توپلىغان دۇنيالىرىنى ئېلىپ چوڭ شەھەرلەرگە قاچماقچى بولغان. ۋىلايەتتىكىلەر بۇ پارىخور ئەمەلدارلارنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن 4 ـ ئايلاردا خىللانغان ئىككى ئىسكادروننى ئاقسۇدىن يۆتكەپ مۇزداۋان، تەلەمەت داۋۇ-

نى ئېغىزلىرىغا ئورۇنلاشتۇرغان. شۇنىڭ بىلەن باي ناھىيىسىد-
نى مۇداپىئە قىلغۇچى گومىنداڭ ئەسكىرىي كۈچى بىر پولكقا
يەتكەن. بۇ قوشۇننىڭ يېمەك - ئىچمەك، ئاتلىرىنىڭ يەيدىغان
بوغۇز، ئوت - چۆپ، سامانلىرى ھەم ياسىلىدىغان پوتەي، ئا-
كوپ، سېپىللارنىڭ ھەممىسى باي ناھىيىسىدىكى خەلقنىڭ
ئۈستىگە يۈكلەنگەن. بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالماستىن، پىيادە
ئەسكەرلەرنى ئاتلىق قىلىش باھانىسى بىلەن خەلقتىن پۇل يىغ-
قان. يەرلىك ئەمەلدارلاردىن بوجاڭ، شياڭجاڭ، شاڭيولارمۇ
خەلقنى قاقتى - سوقتى قىلىشتىن قۇرۇق قالمىغان. باي ناھى-
يىسىدە گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ خەلققە سالغان زۇلۇم -
ئالۋانلىرىنىڭ تۈرلىرى كۆپىيىپ، ئوغرى، لۈكچەك، قىد-
مارۋازلار ھەددىدىن ئاشقان. خەلقنىڭ مال - مۈلكى ۋە ھاياتى
خەتەرلىك ھالغا چۈشۈپ قالغان، خەلقنىڭ گومىنداڭ ھۆ-
كۈمرانلىرىغا قارشىلىقى ئېشىپ، پەيمانى توشۈپ تۇرغان شارا-
ئىتتا بىزنىڭ باستۇرۇپ كىرىشىمىز خەلقنى ئىنتايىن خۇشال
قىلدى. ئۇلار خۇشاللىق ياشلىرىنى تۆكۈپ بىزنى چوڭقۇر مۇ-
ھەببەت بىلەن قارشى ئالدى.

بىزنىڭ تەڭرىتاغلىرىدىن ئۆتۈپ تەلەمەت داۋىنىنىڭ قېيىر
ئېغىزىنى مۇداپىئە قىلىۋاتقان گومىنداڭ قوشۇنىنى تارمار
قىلغانلىقىمىز ھەققىدىكى خەۋەر باي ناھىيىسىگە يېتىپ كې-
لىشى بىلەن گومىنداڭ قورالىلىق قىسمى ئاقسۇغا يۆتكىلىپ
كېتىپتۇ. مەمۇرىي ئەمەلدارلار ۋە ناھىيىلىك پىرقىنىڭ ئارخىپ
ئەمەلدارلىرى ئارخىپ ماتېرىياللارنى مەخپىي يەرگە كۆمۈپ
تاشلاپ، خەلقتىن بۇلىۋالغان مال - مۈلۈكلىرىنى ئاتلىرىغا ئار-
تىپ بىز بايغا كىرىشتىن بىر كۈن بۇرۇن قېچىپ كېتىپتۇ.
بىز بايغا كىرگەندىن كېيىن خەلق ئارقىمۇئارقا كېلىپ، دەرد
تۆكۈپ، شىكايەت قىلدى. يەرگە كۆمۈلگەن ئارخىپ ماتېرىيال-
لىرىنى باي ناھىيىلىك گومىنداڭ پىرقىسىدە ئىككى يىلدەك



ئىشلىگەن مۇسا رىھىم (ئۇچتۇرپانلىق) يەرگە كۆمۈپ قويغان
يېرىدىن ئېلىپ بىزگە تاپشۇرۇپ بەردى. ئۆزىمۇ بىزگە قوشۇ-
لۇپ، شىنجاڭ ئازاد بولغۇچە مىللىي ئارمىيىدە ئوفىتسېر بولۇپ
ئىشلەپ كەلدى. مەزكۇر ماتېرىياللارنى ئابدۇكېرىم ئابباسوف
تاپشۇرۇۋېلىپ، ناھايىتى خۇرسەن بولدى. بىز باي ناھىيىسىنى
ئازاد قىلغانلىقىمىزنى ئالاقىچى ئارقىلىق ھۆكۈمەت ۋەكىللى-
رىگە يەتكۈزگەندىن كېيىن ئابدۇكېرىم ئابباسوف، قاسىمجان
قەمبىرى ۋە باشقىلار يېتىپ كەلدى. بىز قاتار تىزىلىپ ناھى-
يىگە كىردۇق. خەلق ۋە زىيالىيلار يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە
قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ يىغا - زار ئىچىدە قارشى ئالدى. ھۆكۈ-
مەت ۋەكىللىرى باي ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىگە ئورۇنلاش-
تۇرۇلدى. شەھەر ئىچىدە 30دەك قورالىق ئەسكەر قالغانىكەن.
بىزنىڭ ئاۋازىمىزنى ئاڭلاش بىلەن تاماقلىرىنىمۇ يېمەي قېچىپ
ئاشلىق ئامبىرىغا يوشۇرۇنۇۋاپتۇ. مەزكۇر ئاشلىق ساڭى باي
ناھىيىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان كىچىك قورغان بولۇپ،
چوڭ بولمىسىمۇ پوتەي، مىلتىق ئاتىدىغان تۆشۈكلىرى بار ئى-
كەن. بىز بىلەن سوقۇشقاندا ئابباس قارىي دېگەن بىر كىشى يا-
رىلاندى. ئابدۇراخمان دېگەن يېڭى كەلگەن قازاق جەڭچىمىز ئوق
تېگىپ شېھىت بولدى. ئامبارغا گومىنداڭدىن ئەسىرگە چۈشكەن
يەكەنلىك ئۇيغۇر بالىنى كىرگۈزۈپ قورال تاپشۇرۇپ تەسلىم
بولۇشقا بۇيرۇدۇق. بۇ ئارقا سەپتىكى ئىزۋوت بولۇپ، شېڭ
شىسەيدىن قالغان ئەسكەرلەر ئىكەن. ئۈچ نەپىرى خەنزۇ، قال-
غانلىرى خۇيزۇ، قازاق، ئۇيغۇر، موڭغۇل جەڭچىلەر ئىكەن. گو-
مىنداڭ ئەسكەرلىرى ئاخىر بېسىم ئارقىلىق قورالىنى تاپشۇرۇپ
تەسلىم بولدى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى تەربىيە بېرىپ، ئۆز
قىسمىمىزغا قوشۇۋالدۇق. بىر قىسىم جىنايىتى ھەددىدىن
ئاشقان، جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەنلىرىنى خەلق
ئالدىدا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدۇق. قۇربان بولغان جەڭچىمىز ئۇ-

چۇن چوڭ نەزىر ئۆتكۈزدۇق. خەلق ئۆزلۈكىدىن قاتناشتى. قاچقان گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى ئىچىدە ئەمەت ئاخۇنوف دېگەن بار ئىكەن. ئۇ باي ناھىيىلىك ھاكىم ئىدارىسىنىڭ تەرجىمانى ئىكەن. بۇرۇن قەشقەردىكى بىز تۇرغان 31 ـ تۇەنىنىڭ پىيادە 6 ـ يىڭدا خىزمەت قىلغانىدى. ئۇنى قايتۇرۇپ كېلىپ سىپىمىزگە قوشۇۋالدۇق. بەزى گومىنداڭ ئەسكەرلىرى مىلتىق ۋە كىيىم ـ كېچەكلىرىنى تاشلاپ باي ئەتراپىدىكى توقايلىق ۋە قوناقلىقلارغا يوشۇرۇنۇۋالغانىكەن. دېھقانلار ئۇلارنى تۇتۇپ بىزگە تاپشۇرۇپ بەردى.

بايدىكى سوقۇشتا 50 تىن ئارتۇق ھەر تۈرلۈك مىلتىق، تاپانچا، پىلىموت، نۇرغۇن ئوق ـ دورا ھەم 20 تۇياق ھەربىي ئات غەنىيمەت ئالدۇق. گومىنداڭ ئاقسۇ، كۇچالاردىن بايغا ئەكەلگەن نۇرغۇن ئاشلىق قولغا چۈشتى. ئۇنىڭدىن باشقا جەنۇبتىن ئۇرۇمچىگە يۆتكەپ ماڭغان ھۆكۈمەت ھېسابىدىكى 800 تايدەك گەزمال، ئوزۇقلۇقلار غەنىيمەت ئېلىندى. يەرلىك مىلىچماللار شىركىتىنىڭ ماللىرىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. بىز بۇلارنى يىغىپ 1500 ئېشەك كارۋىنى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىگە يەتكۈزۈپ بەردۇق. كېيىن ئۇلاردىن «كۆپ رەھمەت» دېگەن خەۋەر كەلدى. ئېشىپ قالغان ئاشلىقلار شەھەر خەلقىگە تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. پۈتۈن خەلق بۇ ئىشتىن ئىنتايىن رازى بولدى. باينى ئازاد قىلىپ مائارىپچىلار، زىيالىيلار، يەرلىك كادىرلار ۋە دېھقانلاردىن 100گە يېقىن پىدائىي ئەسكەر قوبۇل قىلدۇق. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەمەت غازى (كېيىن قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى بولدى)، مامۇت نىياز (خوتەننىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى بولدى)، ھامۇت يولداشوف (كېيىن سودا نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى بولدى) قاتارلىقلار بار ئىدى. باشقىلار ھەر ساھەدە ھازىرغىچە يازغۇچى، شائىر، كادىر، ئىنژېنېر بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. باينى ئىشغال قىلىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن باينىڭ چوڭ مەيدانىدا غەلىبە تويى ئۆتكۈزۈلدى. ئارقىدىن چوڭ سايلام قىلىنىپ، ناھىيە ھاكىملىقىغا ئوسمان داموللام، مۇئاۋىن ھاكىملىقىغا ئىسمائىل قازى، يەنە بىر قىرغىز يولداش سايلاندى. ئىمشېھىت (ئارمىيە داموللا) ھەربىي ئىشلار ھەيئىتى بولۇپ، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى. ناھىيىلىك تىنچلىق ساقلاش ئىدارىسىگە ياسىنئاخۇن باشلىق بولدى. ئېلى ئېزىز (ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق سەنئەت ئۆمىكىدە) باي ناھىيەلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باش كاتىپلىقىغا، ھەسەن تۇردى (ھازىر قەشقەر تۈرلۈك ماللار شىركىتىنىڭ دىرېكتورى) مالىيە بۆلۈم باشلىقلىقىغا، كەنجى ئىبراھىم سايرام شۆبە ساقچىخانىنىڭ باشلىقلىقىغا، يۈسۈپ ئايۇپ باي ياقائېرىق شۆبە ساقچىخانىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. باي ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىگە 30دەك قوراللىق ساقچى، شۆبە ئىدارىلەرنىڭ ھەربىرىگە ئوندىن قوراللىق ساقچى ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى ۋە ناھىيىنىڭ باشقا مەمۇرىي ئىدارىلىرىگە زىيالىيلاردىن باشلىق بەلگىلەپ چىقىلدى. بۇنىڭ بىلەن باي ناھىيىسى جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە تۇنجى ئازاد بولغان ۋە يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇلغان ناھىيە بولۇپ قالدى.

ھۆكۈمەت ۋەكىللىرىمىز يەرلىك ۋەتەنپەرۋەر زاتلار، ئاخۇن ـ ئۆلىمالار، سودا ۋەكىللىرىدىن بولۇپ بەش ـ ئالتىدەك كىشىنى ئىلىغا بېرىپ كۆرۈپ كېلىشكە ئەۋەتتى. گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ بۇلاڭچىلىقى بىچارە خەلقىمىزنىڭ يۈرەكلىرىدە قاتتىق داغ قالدۇرغانىدى. پارتىزانلىرىمىز بارغانلا جايدا خەلقنىڭ بىر تال نەرسىسىگىمۇ چېقىلمىدى، ئارىيەتمۇ ئالمىدى. بۇ خەلققە بەك تەسىر قىلدى. شۇڭا ئۇلار: «ھەقىقىي بىزنىڭ بالىلىرىمىز ئىكەن، ھەقىقىي مىللىي ئارمىيە پارتىزانلىرى ئىكەن» دېيىشتى. بىز نەگىلا بارمايلى، خەلق بىزگە ياردەم قىلدى ۋە بىزنى قارشى ئالدى.

بىز بايدىن ئايرىلىپ ئاقسۇغا قاراپ يول ئالدۇق. يول ئۇس-

تىدە دېھقانلار بىزنى ياخشى كۈتۈۋالدى. ئېسىل ئات ۋە بالىلىرىنى بىزگە سوۋغا ئورنىدا قوشۇپ قويىدى ھەم ئوت - سامان، يەم - خەشەكلەرنى بەردى. بىز ياقائېرىققا يېتىپ بارغاندا دۈشمەنلەر ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ ماڭغان چەكمەن، سەرگەز ۋە ئاشلىقلارنى تاشلاپ قاچقانىكەن. ئۇلارنىمۇ ئېشەك كارۋانلىرى بىلەن ئىلىغا يولغا سالدۇق. ئۈرۈمچىدىن جەنۇبىي شىنجاڭغا ئېلىپ ماڭغان بىر ماشىنا تاماكا ۋە بىر ماشىنا قەنتنى غەنىيمەت ئالدۇق. ياقائېرىقتا 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى بىر كۈن دەم ئالدۇق. بىزنىڭ غەلىبىمىزدىن ئۈركۈپ كەتكەن باي ناھىيىسىدىكى دۈشمەنلەر بىزنى «400دىن ئارتۇق ئوغرى ئىكەن» دەپ مۆلچەرلەپ، بايدىن قېچىپ كەتكەنىكەن. باينىڭ قولدىن كېتىپ، جەنۇبىي - شىمالىي شىنجاڭ يولىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى ئۈرۈمچىدىكى گومىنداڭ قوماندانىنى قاتتىق ئەنسىزچىلىككە سالغان. ئۇلار بىرمۇ دۈشمەننى شەھەرگە كىرگۈزمەسلىك ئۈچۈن ئاقسۇ ۋە كۇچاغا بۇيرۇق بەرگەن. لېكىن، ئاقسۇ ۋە كۇچا ئىككى شەھەردىكى ئاتلىق دۈشمەنلەر «بايغا چۈشكەن ئوغرىلار ئارمىيىسى قايسى تەرەپكە يۈرۈش قىلىدۇ» دەپ تۇرغاندا بىز ئاقسۇ تەرەپكە يۈرۈش قىلدۇق.

## مۇزات داۋىنىدىكى مۇھىم قورغاننى ھۇجۇم بىلەن ئېلىش

«... چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»نىڭ 128 - بېتىدە مۇنداق دەپ يېزىلغان:

«8 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە. باي ناھىيە بازىرىنى ئىگىلىگەن ئاتلىق پارتىزانلار ئەترىتى ئاقسۇ ۋە كۇچاغا ھۇجۇم قىلىشنى ۋاقتىنچە توختىتىپ، ئىلىغا بارىدىغان مۇھىم ئۆتەڭ مۇزات داۋىنىغا (قورغانغا) ھۇجۇم قىلىشنى قارار قىلدى.



15 - كۈنى ئاتلىق پارتىزانلار ئەترىتى بايدىن يولغا چىقىپ مۇزات داۋىنىغا ھۇجۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ياسىنغا بىر قىسىم قوراللىق كۈچكە يېتەكچىلىك قىلىپ باي ناھىيە بازىرىنى ساقلاش بۇيرۇق قىلدى. گومىنداڭنىڭ ئاقسۇدا تۇرۇشلۇق قىسمىنىڭ مۇزات داۋىنىغا كېلىپ، بۇ يەرنى ساقلاۋاتقان قوشۇنغا ياردەم بېرىشىنى توسۇش ئۈچۈن، بىر قىسىم قوراللىق كۈچنى تۈزئاۋاتقا ئەۋەتتى. ئاتلىق پارتىزانلار ئەترىتى بىرنەچچە كۈن جەڭ قىلىپمۇ مۇزات داۋىنىنى ئىشغال قىلالمىدى. بۇ چاغدا، ئاتلىق پارتىزانلار ئەترىتى گومىنداڭنىڭ كۇچادىن چىققان ياردەمچى قوشۇنىنىڭ باي ناھىيە بازىرىنى ئىگىلىۋالغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، مۇزات داۋىنىنى ئىمكانقەدەر تېزلىكتە ئېلىپ، ئىلىنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈشنى قارار قىلدى. 19 - كۈنى ئاتلىق پارتىزانلار ئەترىتى مۇزات داۋىنىنى ئىگىلەپ 100دىن ئارتۇق دۈشمەننى ئەسىرگە ئالدى، 170 تال مىلتىق، 18 دانە يېنىك ۋە ئېغىر تىپتىكى پىلىموت، 5 كىچىك تىپتىكى توپ، 210 ئات غەنىيمەت ئالدى. بۇنىڭ بىلەن ئىلىدىن ئاقسۇغىچە بولغان يول ئېچىلدى».

بىز بايدىن چىقىپ ياقائېرىققا يېتىپ بارغاندا، ئاقسۇغا ھازىرچە ھۇجۇم قىلماستىن، تاكتىكا ۋە ئىستراتېگىيە پىلانىمىزنى ئۆزگەرتىپ، ئالدى بىلەن مۇزات داۋىنىدىكى مۇھىم قورغاننى ھۇجۇم قىلىپ ئېلىپ، ئىلىدىكى مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق باش شتابى بىلەن بولغان ئالاقىنى ئورنىتىش كېرەك دەپ ئويلىدىم. چۈنكى ئارقىمىزدىكى كۇچادىن چىققان ئاتلىق پولك باينى قايتىدىن ئىگىلىۋالسا، ئىلى رايونى بىلەن بولغان ئالاقىمىز ئۈزۈلىدۇ. ئالدىمىزدا ئاقسۇدىن چىققان ئاتلىق پولك بار. ياقائېرىق تۈزلەڭ يەر بولغانلىقتىن، بىز ئوتتۇرىدا قېلىپ ھېچقانداق يەرگە مىدىرلىيالماي قالىمىز. بۇ چاغدا خەتەرلىك بولىدۇ. شۇڭا، ئۈرۈشنى قورغانغا قارىتىش ھەققىدە ھۆكۈمەت

ۋەكىللىرىگە مەسلىھەت بەردىم. بۇلار:

— قاياق بىلەن ماڭىمىز؟ — دەپ سوئال قويدى. مەن:

— قىزىلبۇلاققا بارايلى. چۈنكى قىزىلبۇلاققا بارساق قورغانمۇ يېقىن، تاغ باغرى بولغاچقا ئۇرۇش قىلىشقىمۇ ئەپلىك، — دېدىم. ھەممىسى بۇ پىكىرگە قوشۇلۇپ ئاقسۇغا مېڭىش پىلانىمىزنى ئۆزگەرتىپ، تاغ باغرى بىلەن مۇزداۋانغا قاراپ ماڭدۇق. بۇ پىلانىمىزنى پەقەت كوماندىرلارغىلا ئۇقتۇردۇق. باي ناھىيىسىنىڭ كىچىك يېزىسى قىزىلبۇلاققا بېرىپ قانداق قىلىش توغرۇلۇق يەنە يىغىن ئاچتۇق. يىغىنغا ھۆكۈمەت ۋەكىللىرىدىن ئابدۇكېرىم ئابباسوف، قاسىمجان قەمبىرى، قۇربانجان ئاكا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن ئىسكەندەر ئەپەندىم ۋە زاكىر تۆرە قاتارلىقلار قاتناشتى. مۇزاكىرە جەريانىدا ئابدۇكېرىم ئابباسوف:

— بىز ئىلاج قىلالمىساق، ئۈچتۇرپانغا ئۆتۈپ كېتەيلى، — دېدى. مەن:

— ئۈچتۇرپانغا بارساق، گومىنداڭ قىسمى ئالدىمىزنى توسىدۇ. ئەگەر بىز ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىساق سوۋېت چېگرىسىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. سوۋېت چېگرىسى بىزدەك نۇرغۇن قوراللىق كىشىنى قوبۇل قىلارمۇ؟ — دېدىم.

ھەممىمىز سوۋېتتىن كەلگەن مەسلىھەتچىلەرگە قاراپ تۇردۇق. ئۇلار كونكرېت پىكىر بەرمىدى. مەن مۇشۇ جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، خەرىتىنى ئېلىپ دۈشمەنلەر ئورۇنلاشقان ۋە بىز تۇرغان جايلارنى، كۇچا، ئاقسۇلاردىن كېلىۋاتقان دۈشمەن يوللىرىنى خەرىتىدىن كۆرسەتتىم.

— قورغاننى ئالدى بىلەن ئالمىساق بولمايدۇ، — دېدىم ئۇلارغا، — چۈنكى قورغاننى ئېلىش بىزگە يېقىن ھەم مۇزات داۋىنى يولى ئېچىلسا، ئىلى تەرەپ بىلەن ئالاقە باغلاشقا بولىدۇ.

مەن پىكرىمدە چىڭ تۇردۇم. چۈنكى ھەربىي قوماندانلىق مېنىڭ ئىختىيارلىقىمدىكى ئىش ھەم سوقۇشتا مېنىڭ مەسئۇ-



لىيىتىم ئېغىر ئىدى. سەل قاراشقا بولمايتتى. بۇلار خەرىتىنى كۆرۈپ مېنىڭ پىكرىمگە قوشۇلدى. مەجلىس تۈگىگەندىن كېيىن تەييارلىق قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈلدى. لېكىن، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن چوڭ رەھبەرلەر «بىز ھەممىمىز قورشاۋدا قېلىپ، گومىنداڭنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالساق، سىرىمىز پاش بولۇپ قالىدۇ» دەپ ئەندىشە قىلدى. گومىنداڭ ھاكىمىيىتى تەرەپ سوۋېت ھۆكۈمىتى ئۈچ ۋىلايەت قوزغىلاڭچىلىرىغا ياردەم بېرىۋاتىدۇ دەپ قارايتتى ھەم تەشۋىق قىلاتتى. سوۋېت ھۆكۈمىتى ئەمەلىيەتتىمۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ياردەم بېرىۋاتاتتى. سوۋېتلىكلەرنىڭ ئەندىشە قىلىشى دەل مۇشۇ يەردە ئىدى.

بىز قىزىلبۇلاقتا تاماق يەپ تۇرساق ئاقسۇ يولىدىكى بىزنىڭ قاراۋۇلدىن، ئىككى ئاتلىق كېلىۋاتىدۇ، دەپ خەۋەر كەلدى. دۇربۇن بىلەن قارىسام قوراللىق گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئىكەن. بىز تۆت ئاتلىق جەڭچىنى قوغلاپ تۇتۇشقا تەييارلاپ قويدۇق. مەن ئۇلارغا:

— ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تىرىك تۇتۇڭلار، — دېدىم.

ئۇلار ئاڭغىچە يېقىنلاپ كەلدى. بىزنىڭ توپلىشىپ قاراپ تۇرغانلىقىمىزنى ھەم كېيىم - كېچەكلىرىمىزنى كۆرۈپلا ئارقىسىغا قاراپ قاچتى. بىزنىڭ تەييار تۇرغان تۆت ئاتلىق جەڭچىمىز 300 - 400 مېتىر يەرگە بارغۇچە قوغلاپ ئوغلاق تارتقاندەك ئاتتىن تارتىپ چۈشۈرۈۋالدى. بۇلارنىڭ ئىككىسى ئۇيغۇر جەڭچى ئىكەن. بىرىنىڭ ئىسمى قادىر (ھازىر خوتەندە)، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى ئابدۇرېھىم ئىكەن. ئابدۇرېھىم ئاتۇشلۇق بولۇپ ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ ئۆز تۇغقىنى ئىكەن. ئۇنى ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئۆزىنىڭ مۇھاپىزەتچىسى قىلىۋالدى. ھەر ئىككىسىنى سېپىمىزگە قوشۇۋالدۇق. بۇ ئىككىسى ئاقسۇ ئاتلىق 5 - پولكتا تۇرغان بولۇپ، ئىسكادرون كوماندىرى ۋاڭغا ئالاقە ئەكەلگەنىكەن. ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئالاقىنى ئوقۇدى.

ئۇنىڭدا: «دۈشمەنلەر باينى ئالدى. ئاقسۇغا ياكى كۇچاغا ھۇجۇم
قىلىش خەۋپى بار. ئۇلار ئالدى بىلەن سىلەرگە ھۇجۇم قىلىشى
مۇمكىن. شۇڭا، سىلەرگە ھۇجۇم قىلىپ قالسا ئىستىھكامدا
قاتتىق تۇرۇڭلار، سىلەرنىڭ قېشىڭلارغا خۇ تۈەنجاڭ رەھبەرلى-
كىدە ئىككى ليەن ياردەمگە بارىدۇ. ئوغرىلار سىلەرگە ھۇجۇم
قىلسا ئارقىدىن ياردەمگە بارغانلار بىلەن بىرلىشىپ ئىككى تە-
رەپتىن قىسىپ قىزىلبۇلاق، بوزدۆڭ ئەتراپلىرىدا يوقىتىمىز».

ئىسكەندەر ئەپەندىم، زاكىر تۆرە ئىككىسى مەجلىستە بەرگەن
پىكرىمنىڭ توغرا چىقىپ قالغانلىقى ئۈچۈن مېنى قۇچاقلاپ
سۆيۈپ كەتتى.

ئالاقىنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، كۇچادىن گومىنداڭنىڭ
بىر پولك ئاتلىق قوشۇنى، ئالدىمىزدىن ئاقسۇ ئاتلىق 5 ـ پول-
كىنىڭ ئەسكەرلىرى كېلىۋاتقانلىقى ئېنىق. قورغان تېخى ئې-
لىنمىدى. گومىنداڭ قىسمى بىزنى ئىككى تەرەپتىن ئىسكەن-
جىگە ئېلىپ يوقىتىش خەۋپى بار. بىز دەرھال مۇزاكىرە قىلىپ
پىلان تۈزدۇق. بىرىنچى پىلان بويىچە ئالدى بىلەن بار كۈچى-
مىز بىلەن مۇزداۋان قورغىنىنى ئېلىشقا ئاتلاندۇق. بىراق كې-
چىدە دۈشمەن قورغاننى قاتتىق مۇداپىئە قىلغاچقا، ئۇنىڭ
ئۈستىگە ئوت ئېچىش نۇقتىلىرى بىر ـ بىرى بىلەن گىرەلى-
شىپ كەتكەنلىكتىن زادى ئىلگىرى باسالمىدۇق. شۇنداق بول-
سىمۇ پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ھۇجۇم قىلىپ دۈشمەنلەرنى قور-
غاننىڭ ئالدىغا ياسالغان پوتەي ۋە ئاكوپلاردىن قورغان ئىچىگە
كىرگۈزۈۋەتتۇق. لېكىن، قورغانغا يېقىن بارالمىدۇق. ئېتىشىپ
تۇرۇپ ئاستا ـ ئاستا ئارقىمىزغا چېكىنىپ ئىككىنچى پىلان
بويىچە ئاقسۇدىن كېلىۋاتقان گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى توسۇپ
يوقىتىش ئۈچۈن تۈزئاۋاتقا ماڭدۇق. نامازدىگەر ۋاقتى بىلەن
تۈزئاۋاتقا يېتىپ بېرىپ ئاقسۇدىن كېلىدىغان دۈشمەننى يوقى-
تىش لىنىيىسىنى ئورۇنلاشتۇردۇق. يېرىم كېچىدە ئاقسۇدىن



ماشىنا بىلەن قوشۇن كەلدى. ئۇلار بىزنىڭ تۈزئاۋاتنىڭ ئالدى-
دىن بېرىپ مۇداپىئەلىنىپ ياتقانلىقىمىزنى ئويلىمىغانىكەن.
يېقىن كەلگەندە تازا ئەدىپىنى بەردۇق. تاڭغا يېقىن ئۆلۈكلىرى-
نى تاشلاپ قاچتى. بۇلار «قورغاننى ئېلىپ بولغان بولسا كې-
رەك» دەپ ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن، تاشلاپ كەتكەن قورالل-
رىنى ئېلىپ قورغانغا شۇ كۈنى قايتىپ كەلدۇق. قورغاندىكى
دۈشمەن بىزنى يەنە ھۇجۇم قىلىدۇ دەپ مىدىرلىماپتۇ. ئەمەلى-
يەتتە بۇلارنىڭ پىلانلىرى تارمار بولۇپ، تاكتىكا جەھەتتىن بىز
غەلىبە قىلدۇق. بۇ ئەھۋاللارنى كۆرگەن بىزنىڭ رەھبەرلىرى-
مىز خۇشۇسەن سوۋېتلىك رەھبەرلەرنىڭ تۇرۇلگەن قاپاقلىرى
ئېچىلىپ ماڭا قاراپ كۈلۈشۈپ، «باركاللا» ئېيتىشتى.

شۇ كۈنى تۈزئاۋاتتىن كېلىپ تېزەكتۆرەنى ئون نەپەر
خىللانغان قوراللىق پارتىزان بىلەن قورغاننىڭ ئارقىسىدىن
بوزدۆڭ① گە ئۆتىدىغان يولنى توسۇشقا ئەۋەتتىم. مەڭلىك قا-
سىمنى ئۆز ئىززۋتى بىلەن قاراباغ② ئارقىلىق قورغاننىڭ كۈن-
چىقىش بىقىنىدىن ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇدۇم. بىز تېز يۈرۈش
قىلىش، تېز ئۇرۇش قىلىش تاكتىكىسىنى قوللانمىساق بول-
مايتتى. بىزئاز ئەسكىرىي كۈچ بىلەن ئۇدۇلدىن ھۇجۇم قىلىش-
قا ماڭدۇق. بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىز نەچچە كۈن توختىماي ئۇ-
رۇش قىلىش، يول مېڭىش، ئۇيقۇسىزلىقتىن بەك بوشىشىپ
كەتتى. شۇڭا، كېچىدە يولداشلارنى بىر بۇلۇڭغا يىغىپ ئابدۇ-
كېرىم ئابباسوف روھىي جەھەتتىن زور تەربىيە بەردى ھەم دى-
نىي ۋەكىللەر قۇرئاندىن بىرنەچچە ئايەتنىڭ تەپسىرىنى سۆزلى-
دى. ئەڭ ئاخىرىدا مەن ئەتىگەندە كۇچا ياكى ئاقسۇدىكى گو-
مىنداڭ قوشۇنلىرى ھۇجۇمغا كېلىپ قالسا چېكىنىپ چىقىپ
كېتەلمەيدىغانلىقىمىزنى، شۇڭا، بۈگۈن قورغاننى چوقۇم ئېلى-

① بوزدۆڭ ــ بۇ يېزىدا ئاساسەن قىرغىزلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان.
② قاراباغ ــ بايغا قاراشلىق تاغدىكى يېزىنىڭ نامى.

شىمىز لازىملىقىنى ئېيتتىم. 8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى كېچىدە
بىر قىسىم جەڭچىنى ئۇدۇلدىن ھۇجۇمغا سېلىپ قويۇپ، قور-
غاننىڭ سول تەرىپىدىكى تاغقا بىر ئودېلېنىيە ئادەم بىلەن يا-
مىشىپ چىقىۋالدىم. 19 ـ كۈنى تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەن ھۇجۇم-
نى باشلىدۇق. قورغان ئىچىدىكى گومىنداڭ ئەسكەرلىرى جىد-
دىي ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. پەستىكى جەڭچىلىرىمىزمۇ قورغان
سېپىلىغا شىددەت بىلەن ئوت ئاچتى. مەن تاغنىڭ تۆپىسىدە
تۇرۇپ، قورغان ئىچىدىكى ئۇچرىغانلا گومىنداڭ ئەسكىرىنى
ئېتىپ تۇردۇم. مەن بىر مەرگەن بولغانلىقىم ئۈچۈن ئاتقان ئو-
قۇم زايە كەتمىدى. بىر جەڭچى مېنىڭ مىلتىقىمغا ئوق سېلىپ
تۇردى. لېكىن، قورغان دەرۋازىسى ئۈستىدىكى ئېگىز پوتەيدىن
دۈشمەن چاقلىق پىلىموتى بىلەن جىددىي ئېتىپ تۇرغاچقا،
بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىز ھەرقانچە قىلىپمۇ ئىلگىرى باسالمى-
دى. ئەمما سېپىل ئىچىدىكى دۈشمەن قورغاننىڭ ئارقىسىغا
قېچىشقا باشلىدى. بىزنىڭ پەستىكى قىسمىمىز پىلىموت ئو-
قىنىڭ توسقۇنلۇقىدا ئۇلارنىڭ قېچىشىۋاتقانلىقىنى كۆرەلمىدى.
بىز «دۈشمەن قېچىۋاتىدۇ!» دەپ ۋارقىراپ پەستىكىلەرگە ئاڭ-
لىتالمىدۇق. مەن دۈشمەن پوتېيىدىكى تۆشۈككە ئارقىمۇئارقا
ئىككى پاي ئوق ئاتسام، پىلىموت تىمتاس توختىدى. ئەمدى
ھۇجۇم قىلىشقا بولاتتى. ھۇجۇم قىلىشنى پەستىكى يولداشلارغا
يەتكۈزۈش قىيىن بولۇپ تۇرغاندا رازىيوف داموللا پەسكە ئۆزى
چۈشۈپ بۇ خەۋەرنى يەتكۈزدى. شۇنىڭ بىلەن يولداشلار
«ھۇررا!» دەپ قورغان ئىچىگە كىرىپ، دۈشمەنلەرنى قورشىۋال-
دى. بىر جەڭچىمىز پىلىموتچىنى تىرىك تۇتۇپ ھەيدەپ كەلدى.
بۇ قورچاق گومىنداڭ ھەربىي مەكتىپىدە ئوقۇپ ئىنژۇوت كو-
ماندىرى بولغان تېكەسلىك قازاق سۇلتان بولۇپ، خەنزۇچە
ئىسمى سۇ جاڭفا ئىكەن. مەن ئاتقان ئوق پىلىموتنىڭ تۆمۈر
قالقىنىنى تېشىپ ئۆتۈپ سۇلتاننىڭ چىشلىرىنى چېقىۋېتىپ-



تۇ. ئۇ سۆزىنى ئاران ئۇقتۇرۇپ:
— مەن مۇسۇلمان، مېنى ئۆلتۈرمىسەڭلەر، — دەپ يالۋۇ-
رۇشقا باشلىدى.
قورغاندىن ئەسىرگە چۈشكەن مىللىي ئەسكەرلەر سۇلتاننىڭ
ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ:
— بىزگە قاتتىق زۇلۇم سالغان ھەم ئاخشام ئوق ئاتمايلى،
تەسلىم بولايلى دېسەك، بىزنى ئۇرغان. بىزگە بەرسەڭلار ئۇنى
بىز ئۆلتۈرسەك، — دەپ تەلەپ قىلدى.
قورغاننى ئالغاندىن كېيىن قورال، ئوق، ئەسىرلەرنى يىغ-
دۇق. ئىككى سائەتتىن كېيىنلا كۈچادىكى ئاتلىق گومىنداڭ
قوشۇنلىرى كېلىۋاتىدۇ دېگەن خەۋەر كەلدى. ئىككى سائەت
كېچىككەن بولساق، ھالاك بولاربىكەنمىز. ئۇزاق ئۆتمەي كۈچادىن
ما فامىلىلىك كوماندىر بىر پولك تولۇق قوراللانغان ئەسكەرلى-
رى بىلەن يېتىپ كەلدى. مەن 200 ئادەمنى خىللاپ، قالغانلار-
نى دەم ئېلىشقا بۇيرۇدۇم. ئەھۋال ئۆزگىرىپ قالغۇدەك بولسا،
ئارقىمىزدىن بېرىشنى تاپىلاپ، كەلگەن دۈشمەنلەرنىڭ ئالدى،
ئارقىدىن توسۇغىلى ماڭدىم. ھۆكۈمەت ۋەكىللىرىدىن ئابدۇكې-
رىم ئابباسوف، قاسىمجان قەمبىرى ۋە قۇربانجان ئاكىلار مېنىڭ
بېرىشىمغا ئانچە قوشۇلمىدى. ئۇلار:
— بەك چارچىدىڭىز، بىرئاز دەم ئېلىپ ئاندىن بارسىڭىز! —
دېدى. مەن:
— باراي، كەلگەن دۈشمەن ئاز ئەمەس، بىر پولك تۇرسا،
ئۆزۈم بېرىپ ئالدىنى توسۇغىنىم تۈزۈك. سىلەرنىڭ ماڭا كۆ-
يۈنگىنىڭلارغا رەھمەت! — دېدىم ـ دە، يۈرۈپ كەتتىم.
تېز يېتىپ بېرىپ، ئابرون ئالدۇق. مۇداپىئەدە تۇرغان ئور-
نىمىزنىڭ كەڭلىكى تۆت ـ بەش كىلومېتىر كېلەتتى. دۈشمەن-
لەر ئالدى بىلەن مىنامىيوت، گراناتامىيوت، پىلىموتلاردىن شىد-
دەت بىلەن ئوق ئېتىپ تېز كېلىۋاتاتتى. ئارىلىقىمىز يېقىنلا

قالدى. ئۇلار كۇچادىن كەلگەن 4 - پولك ۋە ئاقسۇدىكى 5 - پولك ئەسكەرلىرى ئىدى. ئۇلار شېڭ شىسەينىڭ زامانىدا سوۋېت گېنېراللىرىنىڭ تەربىيىسىنى كۆرگەن ھەم شىنجاڭدىكى سوقۇشلارغا قاتنىشىپ، تەجرىبە ھاسىل قىلغان، قوراللىرى خىل ئەسكەرلەردىن ئىدى. ئۇرۇشتا ئاسانلىقچە يانماي سالجىدەك يېپىشىپ تۇرۇشاتتى. بىز شۇ كۈنكى ئۇرۇشنىڭ جىددىيلىكىنى بايقاپ، ئۆز پارتىزانلىرىمىزدىن تەجرىبىلىك بىر ئودېلېنىيە جەڭچىنى تاللاپ، قىزىلبۇلاقنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىگە ئۆتۈپ، دۈشمەننىڭ بىقىنى تەرەپتىن ئوق ئېتىپ قايمۇقتۇرۇشقا ئەۋەتتۇق. ئۇرۇش كېچىچە بولدى. ئارىلىقىمىز يېقىن بولسىمۇ، كېچە قاراڭغۇ بولغانلىقتىن بىر - بىرىمىزنى كۆرەلمىدۇق. دۈشمەنلەرنىڭ ئوقلىرى قەيەردىن چىقسا بىزمۇ شۇ يەرگە قارىتىپ ئاتتۇق. كۇچادىن كەلگەن دۈشمەنلەر قىزىلبۇلاق ئەتراپىدىكى دېھقانلاردىن قورغاننىڭ ئېلىنىپ بولغانلىقىنى ھەم ئاقسۇدىن كەلگەنلەرنىڭ تۈزئاۋاتتا تارمار بولغانلىقىنى ئاڭلاپتۇ. ئۇلار قورغاندىكى سوقۇشتا روتا كوماندىرى لى شۈجۈن ئۆزىنى مۇزات دەرياسىغا تاشلاپ ئۆلگەنلىكىنى (دەريا سۈيى قورغاننىڭ ئىچى بىلەن ئېقىپ ئۆتەتتى)، مۇزات دەرياسىغا ئۆزىنى تاشلاپ ئامان قالغانلاردىن ئۇقۇپتۇ. ئەھۋالنىڭ ئۇلار ئۈچۈن پايدىسىز ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئۆلۈش - تىرىلىشكە قارىماي ئۇرۇش مەيدانىدىن تاڭ سەھەردىلا چېكىنىپ كەتتى. دېھقانلارنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئۇلارنىڭمۇ بەش - ئالتە ئادەمى مۇزات دەرياسىدىن ئۆتكۈچە ئېقىپ كېتىپتۇ. يوللاردا ئۇچرىغانلا كىشىلەرنى بۇلاپ، قارشىلىق قىلغانلارنى ئېتىپ تاشلاپتۇ. تاڭ ئاتقاندا دۈشمەن بىزگە ھۇجۇم قىلغان جايلارنى تەكشۈرسەك، بىرقانچە ئات، يەتتە - سەككىز نەپەر ئەسكەرنىڭ ئۆلۈكى ياتىدۇ. قوراللىرىنى ئەكېتىپتۇ. مەن مۇداپىئە قىلغان ئورۇندا سىدىق ھاجىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئاز بىر قىسىم پارتىزانلارنى قالدۇرۇپ،



قالغانلىرىنى ئېلىپ قورغانغا قايتىپ كەتتىم. ئابلەت داۋۇت تاپشۇرۇلغان قورغاننى ساقلاش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغانلىقى توغرۇلۇق دوكلات قىلدى. مەن پوستلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، مەن بىلەن بىللە قايتقان ۋە قورغان مۇداپىئەسىدە قالغان يولداشلارنى دەم ئېلىشقا بۇيرۇدۇم. ھۆكۈمەت ۋەكىللىرىنى سورىسام، ئۇلار ئاخشام ئېتىلغان ئوقلاردىن خاتىرجەم بولالماي قورغاندىن مۇزداۋانغا بارىدىغان يول ئۈستىدىكى يېڭى مەھەللىگە كېتىپتۇ. مەن جەڭ ئەھۋالىنى دوكلات قىلغىلى يېڭى مەھەللىگە باردىم. ئۇلار ئەتىگەنلىك تاماق يەۋاتقانىكەن. ئۇلار مېنى سالامەت كۆرۈپ قۇچاقلاپ سۆيۈپ كەتتى. ئۇلار: «غەلىبىڭىزنى تەبرىكلەيمىز» دېيىشتى. ئابدۇكېرىم ئابباسوف ۋە قاسىمجان قەمبىرى قاتارلىق يولداشلار ماڭا قاراپ:

— نېمە بولدىڭىز؟ يارىلاندىڭىزمۇ؟ — دەپ تەڭلا سورىدى.

مەن ئەينەككە قارىسام كۆزۈم ئىششىپ، قان ئۇيۇپ قالغاندەك قىزىرىپ كېتىپتۇ. نېمە بولغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. ئۇيقۇسىزلىق، مىلتىقنى كۈچەپ ئاتقاننىڭ دەردى بولسا كېرەك. تاماق ئەكەلدى. يېمەي تۇرۇپ بارلىق ئەھۋاللارنى دوكلات قىلدىم. بۇلار ئىنتايىن خۇشال بولدى. مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابىنىڭ ۋەكىلى ئىسكەندەر ئەپەندىم:

— سىزلەرنىڭ ئۇلار بىلەن كېچىچە جىددىي ئېتىشقان ئوق ئاۋازىڭىزلارنى ئاڭلاپ تۇردۇق. دۈشمەنلەرنىڭ ئاتقان زەمبىرەك ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇردى، — دېدى.

— ئۇلاردا زەمبىرەك يوق، پەقەت مىناميوتلا بار، — دېدىم ئۇلارغا، — ئۇنىڭدىن ئېتىلغان ئوقلار تاغ ئىچىدە زەمبىرەكتەك ئاڭلىنىدىكەن. ئۇلار شېڭ شىسەي زامانىدىكى ئەسكەرلەر بولغاچقا، ئۇرۇشقا يامان (ئۇستا)، قوراللىرىمۇ خىل ئىكەن.

ئىسكەندەر ئەپەندىم ماڭا كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ما بۇفاڭ قوشۇنلىرى شىنجاڭغا چىقماقچى، شۇلارمىكىن

دەپ بەك ئەندىشىدە بولدۇق، — دېدى.
— نېمىدىن قورقىسىلەر، بىز دۈشمەن بىلەن بىرىنچى سەپ-
تە ئۇرۇشۇۋاتىمىز. ئىككىنچى سەپتە مۇداپىئەدە تۇرغانلار بار.
سىلەر ئۈچىنچى سەپتە. سىلەرگە دۈشمەننى ھېچ ۋاقىتتا يېقىن
كەلتۈرمەيمىز. بىز قورقىدىغان ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. قورغاننى
ئېلىپ بولدۇق. ئىلى يولى ئېچىلدى. ئىلىدىن مىللىي ئارمىيە
كېلىشكە يول ئېچىلدى ئەمەسمۇ، — دەپ چاقچاق قىلدىم.
مەن ئىسكەندەر ئەپەندىمدىن ما بۇفاڭ ئەسكەرلىرى چىقىدى-
كەن دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ بەكمۇ ئەندىشىدە بولدۇم. چۈنكى
1931 - يىلى ما جۇڭيىڭ شىنجاڭغا قوشۇن باشلاپ چىقىپ شىن-
جاڭ خەلقىنى بۇلاپ - تالاپ، قىرىپ - چېپىپ، نۇرغۇن پاراكەن-
دىچىلىك سالدى. بۇنى شىنجاڭ خەلقى ئۇنتۇپ قالغىنى يوق.
مەن دوكلاتىمدا ئۆتكەنكى جەڭلەرنى خۇلاسىلەپ بۇنداق دېدىم:
— بىز ئاز پارتىزانلىرىمىز بىلەن بىزدىن كۆپ دۈشمەن
ئۈستىدىن غەلىبە قىلدۇق. دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىشتا بىزنىڭ
ئازلىقىمىزنى بىلدۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن تولىسى كېچە ۋە
تاڭ سەھەردىن پايدىلاندۇق. بىزگە ئېغىر خەۋپ قاياقتىن كەل-
سە، شۇ ياققا يۆتكەلدۇق. ئالدى بىلەن كېلىۋاتقان دۈشمەننى
توسۇپ تارمار قىلدۇق. بىز بىر - بىرىگە تۈيغۇزمىدۇق. بىز
ئۇرۇشتا ئۈچ نۇقتىغا قاتتىق دىققەت قىلدۇق: (1) دۈشمەننىڭ
ئاز - كۆپلۈكى ۋە كۈچىنى بىلىش. (2) ئۆزىمىزنىڭ كۈچىمىز-
نى دۈشمەن كۈچى بىلەن سېلىشتۇرۇپ مۇداپىئە قىلىش ياكى
ھۇجۇم قىلىشنى بەلگىلەش. (3) يەر شارائىتىنى ئوبدان ئىگى-
لەپ، يەر شارائىتى ۋە ۋاقىتتىن تولۇق پايدىلىنىش. كوماندىر-
لار ئۇرۇش مەيدانلىرىدا جەڭچىلەر بىلەن بىرگە بولۇش.
خۇلاسىمىزنى رەھبەرلەر ئاڭلاپ، ئاپىرىن دېيىشتى. مەن
ھۆكۈمەت ۋە مىللىي ئارمىيە ۋەكىللىرىگە دوكلات قىلىپ بول-
غاندىن كېيىن قورغانغا قايتىپ كەلدىم. قورغاندىن غەنىيمەت



ئېلىنغان قورallar ۋە ئاشلىق ھەم ئەسىرلەرنى بىر يەرگە يىغىپ
تىزىمغا ئالدۇق. قورغاندىكىلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئەسىر ئېلىن-
دى. بۇلارنىڭ 91 نەپىرى مىللىي بولۇپ، ئۇلار ئىچىدە ئىككى
نەپەر ئىزۋوت كوماندىرى بار ئىكەن. بۇلارغا ئاز ساندىكى خەن-
زۇ، موڭغۇل ئەسكەرلەرنى قوشساق ئومۇمىي سان 100دىن ئاش-
تى. قورغاندىكى روتا كوماندىرى ۋاڭ XX 20دەك ئەسكەرنى
باشلاپ پىيادە قورغاننىڭ ئارقا يولىدىن قېچىپ، ئاقبۇلاق[1] قا
كېلىپ بەخت (قىرغىز)نىڭ ئۆيىگە چۈشۈپتۇ. بىزنىڭ پار-
تىزانلار قوغلاپ بېرىشتىن يېرىم سائەت ئىلگىرى كېچىدە بەخت
ئات تېپىپ مىندۇرۇپ ئۆزىمۇ شۇلار بىلەن ئاقسۇغا كېتىپتۇ.
قورغاندىن ئەسىرگە چۈشكەن ئىككى نەپەر ئىزۋوت كوماندىرى-
نىڭ بىرىنىڭ ئىسمى ئوسمانجان (خەنزۇچە ئىسمى ۋۇجاڭگىپ)
بولۇپ، ئۇ 3 - روتا 2 - ئىزۋوتنىڭ كوماندىرى ئىكەن. يەنە
بىرىنىڭ ئىسمى خوجەخمەت (تۇرپانلىق، خەنزۇچە ئىسمى ۋاڭ
مىڭ) بولۇپ، ئۇ 1 - روتا 2 - ئىزۋوتنىڭ كوماندىرى ئىكەن.
ئابدۇكېرىم ئابباسوف ۋە دىنىي ۋەكىلىمىز رازىيوف داموللا قا-
تارلىق رەھبەرلەر ئەسىرگە چۈشكەن ئەسكەرلەرنى يىغىپ تەلىم -
تەربىيە بەردى. ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئۇلارنى بىز بىلەن بىللە
خىزمەت قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ
مەقسىتى ۋە ئۇنىڭ مەيدانغا كېلىشى، ئىنقىلابىنىڭ دۈشمىنى،
بىزنىڭ كىم بىلەن ئۇرۇشىدىغانلىقىمىز، نېمە ئۈچۈن ئۇرۇشىد-
دىغانلىقىمىز ئۈستىدە توختالدى. گومىنداڭ ئۇلارنى ئاتا - ئانا،
خوتۇن - بالىلىرىدىن ئايرىپ ئۇرۇش ئوتىغا ئىتتىرىدىغانلىقىنى
چۈشەندۈردى ۋە:
— سىلەر سوپى لىيەنجاڭ دېگەننى ئاڭلىغانمۇ؟ — دەپ سو-
رىدى. ئەسىرلەردىن بىرى:
— ئاڭلىغان، سوپى لىيەنجاڭ يۈزسىزلىك قىلىپ دۈشمەنگە

① ئاقبۇلاق — بوزدۆڭگە قاراشلىق كەنت.

تەسلىم بولدى، بىزگە خائىنلىق قىلدى، دەپ باشقىلار سۆزلەپ بەرگەن، — دېدى.

— ھە! سىلەر ئاڭلىغان سوپى لىيەنجاڭ ئىككى روتا قوراللىق ئادەملىرىنى باشلاپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىمىزغا قوشۇلدى. مانا بۈگۈن سىلەر بىلەن ئۇرۇشقانلار سوپى لىيەنجاڭ ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى. سىلەر ياۋاشلىق بىلەن تەسلىم بولۇڭلار، سىلەرنىڭ ئىزۋوت كوماندىرىڭلار سۇلتان خائىنلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۆز جازاسىنى تارتتى. سىلەرمۇ بۈگۈندىن باشلاپ سوپاخۇننىڭ جەڭچىلىرىدەك گومىنداڭغا قارشى تۇرۇشۇڭلار كېرەك.

ئەسىرلەر:

— گومىنداڭغا قارشى تۇرىمىز، — دەپ ۋارقىراشتى.

ئاخىردا ھۆكۈمەت ۋەكىلىدىن قاسىمجان قەمبىرى سۆزلەپ، ئىنقىلاب ئۈچۈن خىزمەت قىلغانلار تەقدىرلىنىدۇ، قارشىلىق قىلغانلار جازالىنىدۇ دەپ يانچۇقىدىن ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ ئازادلىق ئوردېنىنى چىقىرىپ ئەسىرلەرگە كۆرسەتتى. ئاندىن رازىيوف داموللا «قۇرئان» نەقىل كەلتۈرۈپ ئاخىردا ئەسىرلەرنى قەسەم قىلدۇرۇپ، ئۇلارغا قۇرئان تۇتقۇزدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار مىللىي ئارمىيە سېپىگە قوبۇل قىلىندى (بۇ ئەسىرلەر شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا مەسئۇل خىزمەتلەرنى ئىشلەۋاتىدۇ، ھازىرمۇ بار). قورغاندىكى ئۇرۇشتا قولغا چۈشكەن غەنىيمەتلەر تۆۋەندىكىچە:

170 تال ھەر تۈرلۈك مىلتىق، ئېغىر، يېنىك تېپتىكى 18 دانە پىلىموت، 20 دانە تاپانچا، بەش دانە گراناتاميوت، بىرقانچە يەشىك ئوق (11 مىڭ تالدىن ئاشىدۇ)، 300 دانە قول بومبىسى، 100 دانە قىلىچ، 210 تۇياق ئات (ئېگەر ـ توقۇملار بىلەن)، ھەربىي ئەشيا، يېمەك ـ ئىچمەك ۋە ئات بوغۇزلىرى قاتارلىقلار.

تۇزئاۋات، قورغان ۋە كوچىلاردىن كەلگەن پولكلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا بىزدىن بىرمۇ ئادەم چىقىم بولمىدى، ئەمما ئە-



مەتلەش ياردار بولدى. ئۇنىڭ يۇزىگە پارتلىغان قول بومبىسىنىڭ پارچىسى تېگىپ كەتتى. بىز دۈشمەندىن غەنىيمەت ئالغان قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورا، ئاتلار بىلەن قوراللاندۇق. بۇ ۋاقىتدا ياقائېرىقتىن ئىبراھىم ھاجى دېگەن خەلقپەرۋەر زات 30 نەپەر ئاتلىق پىدائىيلارنى بىزگە ئەكېلىپ قوشۇپ قويدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئوغلىمۇ بار ئىدى. بۇ يىگىت ئاقسۇ ئۇرۇشىدا پۇتىغا ئوق تېگىپ ئېغىر ياردار بولغان. ھازىر ياقائېرىقتا ھايات بار. يەنە بىرى ئابباس قارىي. بۇ كىشى مىللىي ئارمىيىدە كادىر بولۇپ، ئازادلىقتىن كېيىن ئاقسۇ ئاۋات ناھىيىسىگە مۇئاۋىن شۇجى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىدى.

شۇنداق قىلىپ، ئۇ ياقتىن، بۇ ياقتىن كەلگەن پىدائىيلار، ئەسىرگە چۈشكەن 91 نەپەر كوماندىر ـ جەڭچىلەر بىلەن بىر باتالىئونغا يېقىن قوراللىق كۈچكە ئىگە بولدۇق.

## پارتىزانلار ئەترىتىنى تەرتىپكە سېلىش

«... چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»نىڭ 130 ـ بېتىدە مۇنداق دەپ يېزىلغان:

«8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىدىن 25 ـ كۈنىگىچە. سوپاخۇن سۇۋوروف باشچىلىقىدىكى ئاتلىق پارتىزانلار ئەترىتى قورغاندا تەرتىپكە سېلىنىپ، ئۈچ ئاتلىق ئەسكەرلەر لىيەنى ۋە بىر پىلىموت لىيەنىنى باشقۇرىدىغان بولدى ھەمدە لىيەن، پەي، بەن باشلىقلىرىنى يېڭىۋاشتىن سەپلىدى».

بىز قورغاندا بىر ھەپتە دەم ئېلىپ، ئالدىمىزدىكى جەڭگە تەييارلىق قىلدۇق. ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى جەنۇبىي شىنجاڭ جەڭ ئەھۋالىدىن ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىگە دوكلات يازدى ھەم مەخسۇس ئالاقىچى ئارقىلىق غۇلجىغا ماڭدۇردى. بىز پار-

تىزانلار ئەترىتىنى قايتىدىن تەشكىللەپ مۇنتىزىملاشتۇردۇق. ئۈچ ئىزۋوتنى بىر ئىسكادرون قىلىپ تەشكىللىدۇق (بىر ئىزۋوتتا 26 نەپەر جەڭچى بار، ئىزۋوت كوماندىرى ۋە مۇئاۋىن ئىزۋوت كوماندىرلىرى بۇ ساننىڭ ئىچىدە). قورغاندا ئەسىرگە چۈشكەن ئوسمانجان، خوجەخمەتلەرنى يەنىلا ئىزۋوت كوماندىرلىرى قىلىپ، خىزمىتى ۋە ئۇنۋانلىرىنى ساقلاپ قالدۇق. بىزنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشىمىز مۇنداق بولدى:

1 ـ ئىسكادرون كوماندىرى ئابلەت داۋۇت، مۇئاۋىن كوماندىرى هاجى ئىسلام. 2 ـ ئىسكادرون كوماندىرى ئۆمەرجان، مۇئاۋىن كوماندىرى ئوسمان قارىي. 3 ـ ئىسكادرون كوماندىرى مەڭلىكوف قاسىم، مۇئاۋىن كوماندىرى ئەمەتلەش.

پىلىموت ئىسكادرونىنىڭ كوماندىرى تۇراق ئىسمائىل، مۇئاۋىن كوماندىرى سېلىم ئىسكەندەر.

رازۋېدكىچىلار ئىزۋوتىنىڭ كوماندىرى تېزەكتۆرە بولۇپ، 26 كىشىدىن تەركىب تاپتى.

ئالاقىچىلار ئىزۋوتىنىڭ كوماندىرى ئۆمەرجان سايىتوف[1]. بۇ ئىزۋوتتا 25 نەپەر جەڭچى، كوماندىر بار.

مىناميوتچى ئىزۋوت كوماندىرى خۇدابەردى ئېلاخۇنوف، مۇئاۋىن كوماندىر ئەمەت مەشۇق. بۇلار بىر مىناميوت (62 م م كالىبىرلىق)، بەش دانە گىراناتاميوت بىلەن قوراللاندۇرۇلدى. 30 نەپەر كوماندىر ـ جەڭچىدىن تەشكىل قىلىندى.

بۇنىڭدىن باشقا ئارقا سەپ تەمىنات ئىشلىرىغا هوشۇر موللا[2] مەسئۇل بولدى. هەربىر ئىزۋوت، ئىسكادرونلارغا بىردىن مۇلازىمەتچى قويۇلدى.

قوماندانلىق شتابىدا هەربىي ئىشلارغا يەنىلا مەن مەسئۇل

① ئۆمەرجان سايىتوف ــ كېيىن تراكتور زاۋۇتىنىڭ ئىشچىسى بولدى.
② هوشۇر موللا ــ كېيىن غۇلجا شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان.



بولدۇم. ئۈچ ۋىلايەت هۆكۈمەت ۋەكىللىرىدىن ئابدۇكېرىم ئاباسوف پۈتۈن ئەترەتنىڭ سىياسىي كومىسسارى ئىدى. مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى سىدىق هاجى قوشۇمچە هەربىي ئىنتىزامغا مەسئۇل بولدى.

شتاب باشلىقى هۈسەيىن غازىيوف ئىدى. ئۇ ئۇرۇش پىلانلىرىنى تۈزەتتى.

## ئاقسۇ كونىشەھەرنى ئىشغال قىلىش

«... چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»نىڭ 136 ـ بېتىدە مۇنداق دەپ يېزىلغان:

«9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى. ئاتلىق پارتىزانلار ئەترىتى ئاقسۇ كونىشەھەر بازىرىنى ئىگىلىدى. ئاممىۋى يىغىن ئۆتكۈزۈپ، ئاقسۇ كونىشەھەر ناهىيىلىك ئىنقىلابىي هۆكۈمەت قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى. شېرىپ قارىي هاجى هاكىملىققا تەيىنلەندى، شۇ جايدىكى خەلقنى پائال هەرىكەتكە كېلىپ، گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل هۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا چاقىردى. يىغىندىن كېيىن، هەر مىللەت خەلقى بەس ـ بەستە ئۆزىنى ئەسكەرلىككە تىزىمغا ئالدۇردى».

هۆكۈمەت ۋەكىللىرى بىلەن پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقلىرى چوڭ يىغىن ئېچىپ، ئاقسۇغا يۈرۈش قىلىش قارارىغا كەلدۇق. 1945 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئاقسۇغا قاراپ يولغا چىقتۇق. قورغاننىڭ كۈنپېتىش تەرىپىگە بۇرۇلۇپ مېڭىپ، شۇ كۈنى تىكەنقورۇقتا[1]، 29 ـ كۈنى تۈزئاۋاتنىڭ قىپچى دېگەن يېرىدە قوندۇق. 30 ـ كۈنى تاڭ سەھەردە مېڭىپ كۈن قىزىغاندا جامغا باردۇق.

جامدىكى خەلق بىزنىڭ كېلىدىغانلىقىمىزنى ئاڭلاپ كېچىچە

① تىكەنقورۇق ــ بوزدۆڭنىڭ بىر كەنتى.

يوللاردا كۈتۈپ تۇرغانىكەن. بىزنىڭ بېرىشىمىزغا ئۇلار يولنىڭ
ئىككى تەرىپىدە تىزىلىپ يىغا - زار بىلەن بىزنى قارشى ئالدى
ۋە بىز بىلەن كۆرۈشتى. بەزىلىرى جەڭچىلىرىمىزنىڭ پەشلى-
رىگە، ئاتلىرىغا ئېسىلىپ يۈز - كۆزلىرىگە سۈرتتى. تۇخۇم،
قېتىق، قوغۇن - تاۋۇز، نان - توقاچ قاتارلىق ھەر خىل نەر-
سىلەر بىلەن بىزنى كۈتتى. خەلقنىڭ كۆڭلىنى يەردە قويماسلىق
ئۈچۈن ئەكەلگەن نازۇ نېمەتلىرىگە ئېغىز تېگىپ، ئۇبدان ئو-
زۇقلىنىپ، يولىمىزنى يەنە داۋاملاشتۇردۇق. جامدىن چىقىپ
تازلەڭگىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئاقسۇ كونىشەھەرگە يېقىن يالغۇز
قارىياغاچقا بارغاندا، يەنى ئاقسۇغا ئۈچ - تۆت كىلومېتىر قال-
غاندا ئالدىنقى سەپنى چارلاشقا رازۋېدكىچىلارنى ئەۋەتتۇق. قال-
غان قىسىملار تارقىلىپ سەپ تارتىپ سوقۇش بۇيرۇقىنى كۈتۈپ
تۇردى. بىر سائەتتىن كېيىن، دۈشمەنلەر كونىشەھەر يارىبېشى
(ھازىرقى ئايرودروم ئەتراپى)نى مۇداپىئە قىلىپ تۇرۇپتۇ، دېگەن
خەۋەر كەلدى.

پىلان بويىچە كونىشەھەرنىڭ ئۈستىدىكى يارىبېشىغا باردۇق.
يارىبېشى ۋە ئايرودرومدىكى دۈشمەنلەر بىلەن بىر سائەتتەك قات-
تىق ئېتىشتۇق. بۇ يەردىكى دۈشمەنلەر كونىشەھەرگە چېكىندى.
9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ھەممىمىز ھەر تەرەپتىن «ھۇررا !...»
ساداسى بىلەن دۈشمەننى ئىز بېسىپ قوغلاپ، ئۈچ - تۆت سائەت
ئىچىدە ئاقسۇ كونىشەھەرنى دۈشمەنلەردىن تارتىۋالدۇق. گو-
مىنداڭنىڭ ئەسكەر ۋە قوراللىق ساقچىلىرى يېڭىشەھەرگە قاراپ
قاچتى. بۇ ئۇرۇش مەيداندا خەلق ۋە ئەسكەرلەر بولۇپ ئۈچ -
تۆت كىشى چىقىم بولدى. گومىنداڭ ئەسكەرلىرىدىن يەن فامى-
لىلىك مۇئاۋىن روتا كوماندىرى ھەم 20 دىن ئارتۇق كىشى
ئۆلدى. بىز مەھەللە بازىرىغا كىرگۈچە ئۆلگەن - قاچقانلارنىڭ
قورال - ياراغلىرىنى خەلق تارتىۋېلىپ، قوراللىنىپ بولۇپتۇ.
شۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم پارتىزانلار ئىككى شەھەر ئارىلىقىدى-



كى چوڭ يول بىلەن، يەنە بىر قىسىم پارتىزانلار دۆڭ ئۈستى-
دىكى يېڭىشەھەرگە كىرىدىغان ھازىرقى يولنىڭ يارىبېشى بىلەن
دۈشمەننى قوغلاپ، يېڭىشەھەرگىچە باردۇق. دۈشمەنلەر سېپىل
ئىچىگە كىرىۋالدى. تاڭ ئاتقۇچە ئېتىشتۇق. ئەگەر ئاقسۇ سې-
پىلى مۇستەھكەم، داڭقى بار سېپىل بولمىغان بولسا، دۈشمەن-
نى قوغلىغان كۈنىلا يېڭىشەھەرنى ئازاد قىلغان بولاتتۇق، سې-
پىل بىزگە چوڭ توسقۇن بولدى.

9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى سەھەردە كونىشەھەرگە قايتىپ كې-
لىپ، كونىشەھەر ئەتراپى ۋە يارىبېشى قەبرىستانلىقىدا مۇداپىئە-
دە تۇردۇق. 9 - ئاينىڭ 3 - ، 4 - ، 5 - كۈنلىرى روزا ھېيت
بولغاچقا، مۇسۇلمانلارنىڭ ھېيتىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈۋېلىشى
ئۈچۈن ۋاقىتىنچە ئۇرۇشنى توختاتتۇق. قالغان ئەترەتلەر قورال-
لىق ناماز ئوقۇدۇق. بۇ ئىشىمىز خەلققە چوڭ تەسىر قىلدى.
خەلق نامازدىن يېنىپ تارقاشماستىن نېمە خەۋەر باركىن دەپ
مەسچىت سەيناسىدا ھۆكۈمەت ۋەكىللىرىنىڭ سۆز قىلىشىنى
كۈتۈشۈپ تۇردى. ۋەكىللىرىمىزدىن ئابدۇكېرىم ئابباسوف سۆز
باشلىدى:

— زالىم شېڭ شىسەي ئۇزاق يىللار خەلقىمىز ئۈستىدىن
يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا فاشىستلىق - زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنى
يۈرگۈزدى. خەلقىمىز ئىچىدىكى ۋەتەنپەرۋەر زاتلار، ئۆلىمالار،
زىيالىيلارنى يۈزلەپ - مىڭلاپ تۈرمىلەرگە تاشلىدى. ئۇلارنى
ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈپ قانلىق جىنايەتلەرنى سادىر قىلدى. گو-
مىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى كەلگەندىن كېيىنمۇ يۈكلەنگەن ئالۋان -
ياساقلار قاتلاممۇقاتلام ئېغىرلاشتى. خەلقىمىز ئېغىر زۇلمەتتە
قالدى، مال - مۈلكىدىن ھەتتا ئەزىز جانلىرىدىن ئايرىلدى.

سۆز بۇ يەرگە كەلگەندە خەلق ئۈن سېلىپ يىغلاشتى. بىزمۇ
بىچارە خەلققە قاراپ يىغلاپ كەتتۇق.

— مانا بۈگۈن، — دېدى ئابدۇكېرىم ئابباسوف سۆزىنى

داۋاملاشتۇرۇپ، — ھەممىمىز خۇشال - خۇرام ھېيت ئۆتكۈ-
زۈۋاتىمىز. بۈگۈندىن باشلاپ ئاسىق[1] سىلەرنىڭ بولدى. قې-
رىنداشلار، ھېيتىڭلارغا مۇبارەك بولسۇن! ھېيتتىن كېيىن
ئاقسۇ يېڭىشەھىرىمۇ سىلەرنىڭ بولىدۇ. ساڭدىكى ئاشلىقلارمۇ
سىلەرنىڭ!
خەلق توپىنىڭ «ھۇررا !...» ساداسى ئۇزاققىچە داۋام قىلىپ،
مەيداننى ياڭراتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن قاسىمجان قەمبىرى، رازى-
يوف دامولللارمۇ سۆز قىلدى.
يېڭىشەھەردىكى گومىنداڭچىلار روزا ھېيت كۈنلىرىدىن پاي-
دىلىنىپ، كونىشەھەرگە ئوتتۇن سېتىش باھانىسى بىلەن يۇقىرا-
چە كىيىنگەن جاسۇسلارنى كىرگۈزدى. ئۇلار تۇتۇلۇپ بىر -
ئىككىسىگە شۇ جايدىلا ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى. بەزى جاسۇسلار
پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ جاسۇسلارغا ئۆلۈم جازاسى بەرگەنلىكىنى
ئاڭلاپ قېچىپ كەتتى. بۇلارنى مۇنداق تېز تۇتۇشىمىزغا قور-
غاندىن ئەسىرگە چۈشكەن يولداشلار كۆپ ياردەم قىلدى. چۈنكى
ئۇلار ئۇزاق ۋاقىت بۇ قىسىمدا ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن جاسۇس
بولۇپ كىرگەنلەرنى ئاسانلا تونۇپ قالدى. گومىنداڭنىڭ ئەرلەر-
نى جاسۇسلۇققا كىرگۈزۈش ئۇسۇلى ئاقمىغاندىن كېيىن، ئا-
ياللارنى ئىشپىيونلۇققا سالدى. بۇ ئايال ئىشپىيونلارنى بىر تە-
رەپ قىلىش سەل قىيىن بولدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇلارنى تۇ-
تۇپ، ھاكىم ئىدارىسىگە تاپشۇردۇق. كونىشەھەرگە شېرىپ قا-
رىي ھاجىم (ئاقسۇنىڭ ئاتاقلىق مۆتىۋەرى) ھاكىم بولۇپ
سايلانغاندىن كېيىن ناھىيىنىڭ ھەرقايسى ئىدارىلىرىنىڭ باش-
لىقلىرى سايلاپ چىقىلدى. 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ھاكىم ئىدا-
رىسىگە يىغىلىپ كونىشەھەرنىڭ ئەھۋالى، ھۆكۈمەت ساڭلىرى-
دىكى ئاشلىق، ماتا - چەكمەن قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىغا ماڭ-
دۇرۇش توغرۇلۇق مۇزاكىرە قىلىشىۋاتاتتۇق، كوچىدا نۇرغۇن ئا-

① ئاسىق — ئاقسۇ كونىشەھەرنىڭ خەلق ئىچىدىكى ئاتىلىشى.



دەملەرنىڭ «گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنى يوقىتايلى! ئازادلىق ئۈ-
چۈن كۈرەش قىلايلى!» دەپ توۋلىغان ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. مەج-
لىسنى توختىتىپ كوچىغا چىقساق 300 — 400دەك نامايىش-
چىلارنىڭ ئارا، توقماق، تاياق، گۈرجەكلەرنى تۇتۇپ كېلىۋاتقان-
لىقىنى كۆردۇق. رازىيوف داموللا ئاتلىق ئالدىدا ئىكەن. ئۇنىڭ-
غىچە نامايىشچىلار ھاكىم ئىدارىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختى-
دى. رازىيوف دامولللىنىڭ دېيىشىچە، بۇ نامايىشچى خەلق ئابدۇ-
كېرىم ئابباسوفنىڭ ھېيت نامىزىدىن پايدىلىنىپ قىلغان سۆ-
زىدىن تەسىرلىنىپ، يېڭىشەھەرگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ماڭ-
غانىكەن. كونىشەھەرنى مۇداپىئە قىلىۋاتقان پارتىزانلار ئەترىتى-
نىڭ پوستلىرى ئۇچراپ توسۇپ قويۇپتۇ. رازىيوف دامولللا بې-
رىپ تەشۋىق قىلىپ قايتۇرۇپ كېلىپتۇ. نامايىشچى خەلقنى شۇ
بويىچە يېڭىشەھەرگە قويۇپ بەرسەك، گومىنداڭ ئەسكەرلىرى
بىزدىن ئالالمىغان ئىنتىقامىنى قورالسىز نامايىشچى خەلقتىن
ئالاتتى. شۇڭا ئۇلارنى قايتۇرۇپ ھاكىم ئىدارىسىنىڭ ئالدىغا يى-
غىپ ئابدۇكېرىم ئابباسوف، قاسىمجان قەمبىرىلەر سۆز قىلدى.
— بۈگۈنكى غەيرىتىڭلارنى تەبرىكلەيمىز ھەم قارشى ئالى-
مىز، — دېدى ئۇلار، — ھەممىمىز سىلەردەك بىر يەڭدىن قول
چىقىرىپ، بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش
قىلساق، چوقۇم گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىيالاي-
مىز. بىرنەچچە كۈن سەۋر قىلىپ تۇرۇڭلار، بىزگە ئىلىدىن يار-
دەمگە ئارمىيە كېلىدۇ. شۇ ۋاقىتتا بىرلىكتە ھۇجۇم قىلىمىز.
پۈتۈن نامايىشچى خەلق قوللىرىدىكى كالتەكلىرىنى ئېگىز
كۆتۈرۈپ تۇرۇپ «ھۇررا !...» دەپ توۋلاپ كەتتى ۋە تارقاشقا
باشلىدى.
قاسىمجان قەمبىرى تۇيۇقسىزلا «سوپاخۇننىڭ ئامانىتىنى
بېرىمەن» دېدى. ھۆكۈمەتنىڭ باشقا ۋەكىللىرى ۋە مۇھاپىزەت-
چىلەر مېنى بىرنەچچە قېتىم كۆتۈرۈپ ئاسمانغا ئاتتى. نىمە

بولغانلىقىنى بىلمەيمەن، ھودۇقۇپ كەتتىم. مېنى قاسىمجان قەمبىرى ئىشخانىسىغا باشلاپ كىرىپ «مۇزداۋان قورغىنىنى ئىشغال قىلغان كاپىتان سوپاخۇنغا پودپولكوۋنىك ئۇنۋانى بېرىلسۇن!» دېگەن بۇيرۇقنى ئوقۇپ بەردى. قاسىمجان قەمبىرى ۋە ئابدۇكېرىم ئابباسوف مېنى يەنە قۇچاقلاپ تەبرىكلەشتى. بىرەر كوماندىرنىڭ خىزمىتى ياكى ئۇنۋانى ئۆستۈرۈلسە ئۇنى سەپداشلىرى «ھۇررا !...» دەپ ئېگىز كۆتۈرۈپ ئاسمانغا ئېتىپ تەبرىكلەيدىكەن. بۇرۇن بۇنداق ئىشلارنى ئارمىيە ئىچىدە كۆرمىگەچكە ھەيران قالدىم.

9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى سەھەردە ئاقسۇ يېڭىشەھەردىكى ئاتلىق 5 ـ پولك ئۈچتۇرپاندىن ياردەمگە كەلگەن 300دەك ئەسكەر بىلەن بىرلىشىپ بىزگە ھۇجۇم قىلدى. بىزنىڭ تۇرغان ئورنىمىز قولايلىق بولغاچقا، دۈشمەننىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇپ، بىرىنچى سەپتىكىلىرىنىڭ ئەدىپىنى بەردۇق. ئىككىنچى سەپ كەلگەندە، «ئاتماڭلار، قورال تاپشۇرىمىز» دەپ مىلتىقلىرىنى تەتۈر تۇتۇپ بىزگە يېقىنلاپ كەلدى. بىز يەنە ئېتىشنى باشلىغىنىمىزدا ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئۇرۇشتا تەجرىبىسىز بولغانلىقتىن، دۈشمەنلەرنىڭ قورال تاپشۇرىمىز، دېگەن سۆزىگە ئىشىنىپ كېتىپ بىزنىڭ جەڭچىلىرىمىزگە «ئاتماڭلار» دەپ ۋارقىرىدى. مەن «بۇ ئىشىڭىز بولمىدى، ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقان دۈشمەن ھېچقانداق ۋاقىتتا قورال تاپشۇرمايدۇ، بۇ ساختا سۆز، ئالداۋاتىدۇ» دېسەممۇ ئۇ ئۇنىمىدى. بەزى قورالسىز يولداشلار دۈشمەننىڭ ئالدىغا «قورالنى بەر» دەپ يۈگۈرۈپ بېرىشتى. ئۇلار يېقىن كېلىۋېتىپ بىزنى بىراقلا ئوققا تۇتۇپ مۇداپىئە ئورنىمىزدىن قوزغىۋەتتى. بەزى يەردە قۇچاقلاشما جەڭ باشلاندى. پىدائىي جەڭچىمىز تۇنياز دۈشمەن بىلەن نەيزىۋازلىق قىلىپ ئىككىسى بىر ـ بىرىگە نەيزە تىقىپ تەڭ ئۆلدى. بىز جىددىي پەيتنى قولدىن بېرىپ قويۇپ، ئىلاجسىز چېكىنىشكە



مەجبۇر بولدۇق.

بىز تازلەڭگەرگە بېرىپ پارتىزانلارنىڭ ئالدى ـ كەينىنى يىغىپ، ئاقسۇ كونىشەھەرگە قايتىپ كىرسەك گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىزگە ئاقسۇدىن پىدائىي بولۇپ قوشۇلغان بىگۇناھ خەلقتىن بولۇپ بەش ـ ئالتە كىشىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. ئۆمەرجان دېگەن جەڭچىمىز بىر دېھقاننىڭ ئۆيىگە كىرىپ، پۇقراچە كىيىم كىيىۋېلىپ قۇتۇلۇپ قاپتۇ. قۇربان بولغان يولداشلىرىمىزنى خەلق بىلەن بىللە دەپنە قىلدۇق. بۇ قېتىمقى چېكىنىشنىڭ جەڭچىلەر ۋە خەلق ئىچىدىكى تەسىرى ئىنتايىن يامان بولدى.

ئاقسۇدا يەنە ئىككى كۈن تۇرۇپ ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى بىلەن يىغىن ئاچتۇق. يىغىندا: «ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ ئاقسۇ يېڭىشەھەر سېپىلى ھەم ئېگىز ھەم مۇستەھكەم بولغاچقا، ئۇنى ئېلىش خېلى تەسكە چۈشىدىغاندەك تۇرىدۇ. بىزنىڭ كۈچىمىز ئاز، ياردەم تېخى يېتىپ كەلمىدى. ياردەمگە كەلمەسلىكىنىڭ سەۋەبى بەلكىم بىز ماڭغاندا، سىلەر جەنۇبىي شىنجاڭغا ئۆتۈپ، دۈشمەن قوشۇنلىرىنىڭ ئىلى تەرەپكە ئۆتۈشىنى قاتتىق توسۇيسىلەر، رازۋېدكا، پارتىزانلىق ئۇرۇشى قىلىپ، دۈشمەننى ساراسىمىگە سېلىپ تۇرىسىلەر، دېگەنىدى. بىرەر شەھەرنى ئالىسىلەر دەپ تاپشۇرمىغان. شۇڭا، ئۇلار بىزنى پارتىزانلىق ئۇرۇشى قىلىۋاتىدۇ دەپ قاراپ، ياردەمگە قىسىم ئەۋەتمىگەن بولۇشى مۇمكىن. بىز قورغاننى ئېلىپ ئىلى رايونىنىڭ يولىنى ئېچىپ قويۇپلا قورغانغا ئەسكەرمۇ قالدۇرماستىن تاشلاپ كەلدۇق. كۇچادىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرى قايتا قورغاننى ئېلىپ بىزنىڭ ئارقا سەپ يولىمىزنى توسۇپ قويسا، جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن شىمالىي شىنجاڭ يولى ئېتىلىدۇ دېگەن گەپ. ئۇ چاغدا بىز قانداق ئەھۋالغا قالىمىز؟ قانداق قىلىش كېرەك؟» دېگەن پىكىرلەر چۈشتى. ئاخىر مەسلىھەتلىشىپ قورغانغا چېكىندۇق.

قورغاندا ئۆزىمىزنىڭ قورال، شەخسىي تازىلىقىمىزنى قىلدۇق. بە-
زى ئاغرىق ۋە يارىدار بولغان جەڭچىلىرىمىزنى ئىلىغا قايتۇردۇق.
ئىسكەندەر ئەپەندىم، زاكىر تۆرە ۋە قۇربانجان ئاكىلار بىز
بىلەن بىللە جەنۇبىي شىنجاڭغا كېلىپ قېيىر ئېغىزى، باي،
ياقائېرىق، قورغان ئۇرۇشلىرىدا بىرگە بولغاچقا يول ۋە دۈش-
مەنلەر جايلاشقان رايونلارنى بىلەتتى. ئۇلار قورغان ئېلىنىپ
ئىلىغا قايتقاندىن كېيىن مىللىي ئارمىيە مۇنىرىدىن خوجىنىڭ
رەھبەرلىكىدىكى بىر ئىسكادرون قوراللىق ئەسكەرنى باي ناھى-
يىسىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى سايرام، قىزىل رايونلىرىغا يولغا
سالغانىكەن. شۇڭا، بىز ئاقسۇنى مۇھاسىرىگە ئالغاندا كۈچادىكى
دۈشمەن كۈچلىرى ئارقىمىزدىن قىستاپ كېلەلمەيتتى. بىز قور-
غاندا تۇرۇۋاتقاندا، يەنى 8 - ئاينىڭ 28 -، 29 - كۈنلىرى ئىلى
تەرەپتىن مۇزات يولى ئارقىلىق ئىككى ئىسكادرون ياردەمگە
كەلدى. 1 - ئىسكادروننىڭ كوماندىرى كارىلوف، ئىسكادروننىڭ
مۇئاۋىن كوماندىرى كوشنوف (ئۆزبېك، سوۋېتتىن كەلگەن).
ئىككىنچى كۈنى يەنە بىر ئىسكادرون كەلدى. بۇ ئىسكادروننىڭ
كوماندىرى شادىيېف (ئۆزبېك، سوۋېتتىن كەلگەن)، مۇئاۋىن
ئىسكادرون كوماندىرى دورجى (موڭغۇل، تېكەسلىك) ئىدى. بۇ
يېڭى موڭغۇل جەڭچىلەر قورال ئىشلىتىشكە ۋە ئات مىنىشكە
ئۇستا ھەم ئەپچىل بولسىمۇ، ئۇرۇش تاكتىكىلىرىغا تېخى پىش-
مىغانىدى. چۈنكى بىزنىڭ ئۇرۇشلىرىمىز پارتىزانلىق ئۇرۇشى
ئىدى. بىر كۈندىن كېيىن پودپولكوۋنىك دىنىسكوف (سوۋېتتىن
كەلگەن رۇس) دېگەن كىشىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئون نەچچە كو-
ماندىر ياردەمگە كەلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە رۇس، ئۆزبېك، ئۇيغۇر
ۋە قىرغىزلار بولۇپ، ئۇلار ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ
كىيىم فورمىلىرىنى كىيىپ، ھەربىي ئۇنۋانلىرىنى تاقىغانىدى.
بۇلارنىڭ بەزىلىرىنى پارتىزانلار ئەترىتى شتابىغا، بەزىلىرىنى
ئىسكادرون ۋە مۇئاۋىن ئىسكادرون كوماندىرى ياكى ئىسكاد-



رونلارغا مەسلىھەتچى قىلىپ بەلگىلىدۇق. بۇ يېڭى كەلگەن ئو-
فىتسېرلار ئىچىدە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغا قاتناشقان كوماند-
دىرلارمۇ بار ئىكەن.

## ئاقسۇغا ئىككىنچى قېتىم يۈرۈش قىلىش

«... چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»نىڭ 152 - بېتىدە مۇنداق دەپ
يېزىلغان:
9 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 23 - كۈنىگىچە. قورغان ئەترا-
پىغا چېكىنگەن ئاتلىق پارتىزانلار ئەترىتى مۇزات داۋىنىدىن
ئېشىپ ياردەمگە كەلگەن قوشۇن بىلەن بىرلىشىپ، ئاقسۇ كو-
نىشەھەر ناھىيىسىنى ئىككىنچى قېتىم ئىگىلىدى. 23 - كۈنى
ئاقسۇ شەھىرىگە يەنە بىر قېتىم قورشاپ ھۇجۇم قىلدى.»
ئىلىدىن ياردەمچى قوشۇن كەلگەندىن كېيىن بىز ئاقسۇغا
ئىككىنچى قېتىم يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن يىغىنغا چىقتۇق. 9 -
ئاينىڭ 10 - كۈنى جامغا كېلىپ ئىككى كۈن تۇرۇپ بۇرۇنقى
ساۋاقلىرىمىزنى قايتىدىن خۇلاسىلىدۇق. 9 - ئاينىڭ 11 - كۈ-
نى ئاقياز ۋە تەلەمەت داۋانلىرىدىن ئېشىپ باي ناھىيىسى ئار-
قىلىق كوماندىر مىرزا ناسىروف (ئۇيغۇر، سوۋېتتىن كەلگەن
بولۇپ، قازاقىستاننىڭ چېلەك دېگەن يېرىدىن) رەھبەرلىكىدە
ئاتلىق قىسمىنىڭ ئىككى ئىسكادرونى ئېلىخان تۆرىنىڭ ئىك-
كىنچى ئوغلى ئاسلىخان بىلەن بىللە جامغا يېتىپ كەلدى. 9 -
ئاينىڭ 12 - كۈنى يولغا چىقايلى دەپ تۇرساق، ئاقسۇدىن بىر-
نەچچە بەگ ۋە چوڭ ئاخۇنلار گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ۋەكىلى
بولۇپ سۆھبەتلەشكىلى يېتىپ كەلدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوف،
قاسىمجان قەمبىرى ۋە رازىيوف داموللا ھەم ئاقسۇ كونىشەھەر-
گە ھاكىم قىلىپ تەيىنلەنگەن شېرىپ قارىي ھاجىملار بىر دېھ-
قان قورۇسىدىلا سۆھبەتنى باشلىۋەتتى. مەن قاتناشمىدىم.

چۈنكى، گومىنداڭ بىزنى سۆھبەت بىلەن بىخۇدلاشتۇرۇپ قو-
يۇپ، ئارقىدىن قوشۇن ئەۋەتىپ قالسا ئالدىراپ قالىمىز دەپ
ئالدىنقى سەپكە بېرىشقا ۋەكىللەردىن رۇخسەت ئالدىم. سۆھبەت-
كە قاتناشمىغىنىم بىلەن سىرتتىن تاكتىكا ئىشلىتىپ گو-
مىنداڭ ۋەكىللىرىنى ساراسىمىگە سالدىم. بىر دەم بىر ئەسكەر
ۋەكىللەرنىڭ ئالدىغا كىرىپ پىلىموت باتالىيونى يېتىپ كەل-
دۇق، نەگە ئورۇنلىشىمىز دەپ يولىيورۇق سورىسا، بىردەمدىن
كېيىن يەنە بىر جەڭچى كىرىپ ئاتلىق دىۋىزىيون يېتىپ كەل-
دۇق، قەيەرگە بارىمىز دەپ سورىدى. يەنە بىر ئالاقىچى كىرىپ
2 ـ ئاتلىق پولك كەلدى. ئاقسۇغا قايسى يول بىلەن ماڭىمىز
دەپ يولىيورۇق سوراپ كىرىپ تۇردى. قىسىملارنىڭ ئارقىمۇ
ئارقا يېتىپ كەلگەنلىكى ھەققىدىكى دوكلاتنى ئاڭلاپ تۇرغان
گومىنداڭ ۋەكىللىرىنىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئاقسۇ-
دىكى گومىنداڭ ۋەكىللىرىنىڭ كېلىشتىكى مەقسىتى ئېنىق
ئىدى. (1) بىزنىڭ پارتىزان قىسىملىرىمىزنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى
ۋە كۈچىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى. (2) قورال تاپشۇ-
رۇپ تەسلىم بولۇشنى خالىمىسا قايتىپ كېتىشكە ئۈندىمەكچى.
ۋەكىللىرىمىز بۇلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان يولسىز پىكىر، تەلەپ-
لىرىنى قاتتىق رەت قىلدى، ئوچۇق ۋە كەسكىن ھالدا:

— بىزنى قورال ـ ياراغ تاشلاپ تەسلىم بولىدۇ دەپ ئويلى-
شىڭلار سىلەرنىڭ خام خىيالىڭلار، سىلەر زاۋالغا يۈز تۇت-
تۇڭلار، سىلەر ئەكسىچە تىنچلىق بىلەن تەسلىم بولساڭلار
ھەممىمىز قارشى ئالىمىز. ئىلى جىڭ ناھىيىسىدىكى گومىنداڭ
قوشۇنلىرى تەسلىم بولدى، قارشى ئېلىندى. بۇ شىنجاڭ خەل-
قىنىڭ ئارزۇسى، — دېدى ئابدۇكېرىم ئابباسوف، يەنە كەسكىن
قىلىپ، — ۋالىي جانابلىرى، بىز ئىككىمىز ياخشى تونۇشلار-
دىنغۇ؟ ئۆزىڭىز ئىلىدىن ئاقسۇغا يۆتكىلىپ كەتكەندە ئائىلە-
بالىلىرىڭىز ئىلىدا قالغان، ئۇلار تىنچ ـ ئامان تۇرمۇش كەچۈ-



رۈۋاتىدۇ، خاتىرجەم بولۇڭ. سىز قارىمىقىڭىزدىكى ئەمەلدار،
خىزمەتچىلەرگە تەشۋىق قىلىڭ، سىلەرنىڭ بىردىنبىر چىقىش
يولۇڭلار تەسلىم بولۇش.

گومىنداڭ ۋەكىللىرى بىزنىڭ ھۆكۈمەت ۋەكىللىرىنىڭ
قەتئىي مەيداننى بىلىپ ھەم پارتىزانلىرىمىزنىڭ يېڭىلمەس
ئىراده ـ كۈچىنى كۆرگەندىن كېيىن باش كۆتۈرەلمەي قايتىشقا
مەجبۇر بولدى. گومىنداڭ ۋەكىللىرىنى بىزنىڭ ھەر خىل
قوراللار بىلەن قوراللانغان پارتىزانلىرىمىز يالاپ كونىشەھەرنىڭ
ياربېشىغىچە ئاپىرىپ قويىدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوف، قاسىمجان
قەمبىرى يولداشلار سۆھبەت ئەھۋالىنى سۆزلەۋېتىپ، ئالاقى-
چىلار كىرگۈزگەنلىكىنى ئېيتىپ كۈلۈپ كەتتى ۋە:

— ياخشى قىلدىڭلار، — دېدى.

ئۇلارغا مەن:

— ئۇرۇشنىڭ بىرى جەڭ، توققۇزى رەڭ دېگەن گەپ بار، —
دەپ چاقچاق قىلدىم.

دۈشمەن ۋەكىللىرىنى قايتۇرۇپ، ئىز بېسىپلا ئاقسۇ كونى-
شەھەرگە ھۇجۇم قىلدۇق. ئاقسۇ كونىشەھەرگە ھۆكۈمەت ۋە-
كىللىرى ئاز قىسىم ئەسكەرلەر بىلەن كىرىپ كەتتى. بىز بار-
لىق كۈچىمىز بىلەن يېڭىشەھەرنىڭ قەشقەرگە بارىدىغان
دەرۋازا تەرىپىنى ئوچۇق قويۇپ سېپىلنىڭ ئۈچ تەرىپىنى مۇ-
ھاسىرىگە ئېلىپ قاتتىق ئۇرۇش قىلدۇق. يېڭىشەھەر سېپىلىغا
چىقىش ئۈچۈن 20 — 30 دانە شوتا ياساتتۇق ھەم سېپىلنى
پارتلىتىش ئۈچۈن تېگىنى كولاپ تۆشۈك تەشتۇق. لېكىن، ئى-
لىدىن پارتلىتىدىغان دورا يېتىپ كەلمىدى. سېپىلنىڭ ئەتراپى
ئوچۇقچىلىق ھەم خەندەكلەرگە سۇ قويۇلغان، كېچىسى سېپىلغا
مەشئەللەر يېقىلغان بولغاچقا، سېپىلنىڭ يېنىغا بېرىش خەتەر-
لىك ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ سېپىلدا كۆرۈنگەن دۈشمەننى ئې-
تىپ دومىلىتىپ تۇردۇق. ئۇلارنىڭ قورالىنى ئېلىشقىمۇ ئىم-

كانىيەت بولمىدى. 20 نەچچە كۈن سېپىلنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ تۇرغان كۈنلەردە شوتا قويۇپ سېپىلغا چىقىدىغان، سېپىل دەرۋازىلىرىغا ئوت قويىدىغان ئادەملەرنى بەلگىلىدۇق. مەن تەرەپتىكى شوتا كۆتۈرگەنلەردىن تېزەكتۆرە، ئىمىن ئېلى، دىلكەش (قىرغىز) ۋە سىۋەك (موڭغۇل)لار سېپىلنىڭ بىر بۆلۈكىدىكى مەشئەل ئۆچۈپ قالغان جايىنى تاللاپ شوتىنى شۇ يەرگە قويىدى. سېپىلغا چىقىپلا ئارقىدىن چىققانلارنى كۈتمەي «ھۇررا...!» دەپ ۋارقىراپ ئۆزىنى ئاشكارىلاپ قويىدى. سېپىل ئۈستىدىكى دۈشمەن بارلىق كۈچى بىلەن سېپىلغا چىققان يولداشلارغا ھۇجۇم قىلغاندا، قۇچاقلاشما جەڭ بولۇپ بۇ تۆت جەڭچى سېپىل ئۈستىدە شەرەپ بىلەن قۇربان بولدى. دۈشمەن تۆت نەپەر قەھرىماننىڭ بېشىنى كېسىپ سېپىلغا ئېسىپ قويدى. بۇلارنىڭ ئارقىدىن شوتا بىلەن چىقىۋاتقان ئۈچ نەپەر جەڭچىمىز قۇربان بولدى، ئۈچ نەپەر جەڭچى مەن بىلەن بىرگە يارىلاندى. ئۇلار بىز تۇرغان شوتا تەرەپكە كۈچىنى كۈچەيتكەنلىكتىن، بۇ ئامال ئۈنۈم بەرمىدى. سېپىلنىڭ دورا بىلەن پارتلىتىش تۆشۈكلىرىمۇ سېپىلنىڭ تېگىگە بېرىپ قالدى. لېكىن، ئىلىدىن سېپىلنى پارتلىتىدىغان دورا كېچىكىپ يېتىپ كەلمىدى.

شۇنداق قىلىپ، ئاقسۇنى بىر ئايغا يېقىن مۇھاسىرە قىلىپ ياتتۇق. ئۇرۇش جىددىيلىشىپ كەتتى. بۇ ۋاقىتلاردا سېپىل ئىچىدىن خەلقپەرۋەر زىيالىيلار قەشقەر دەرۋازىسى تەرەپتىن يوشۇرۇنچە چىقىپ بىزگە دۈشمەن ئەھۋالىدىن خەۋەر بېرىپ تۇردى. دۈشمەنلەر سېپىلنى پارتلىتىدىكەن دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بىر تەرەپتىن مۇداپىئەنى كۈچەيتسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئەمەلدارلار خوتۇن - بالىلىرى ۋە مال - مۈلكىنى ھارۋا ۋە ماشىنىلىق قەشقەرگە يولغا سېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپتۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، رازۋېدكىچىلار شەھەر ئەتراپىنى چارلاپ يۈرگەندە ئاقسۇ يېڭىشەھەر شەرق بازىرىدىن شەھەرلىك



ساقچى ئىدارىسىنىڭ مۇپەتتىشى ھېبزۇللانى ئىشپىيونلۇق قىلىۋاتقان يېرىدىن تۇتۇپ كەلدى. ئۇنى ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئۆزى سوراق قىلدى. ئۇنىڭدىن ئاقسۇ يېڭىشەھەر سېپىلىدىكى دۈشمەنلەر قانداق قىلىشنى بىلەلمەي بېشى قېتىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدۇق. بىز سېپىلنى قاتتىق مۇھاسىرىگە ئېلىپ، ئاقسۇ يېڭىشەھەردىن كونىشەھەرگە چىقىدىغان دەرۋازىغا ئوت قويدۇق. دۈشمەن دەرۋازىنى تېخىمۇ غالجىرلارچە مۇداپىئە قىلدى.

مۇھاسىرىگە ئېلىۋاتقان ۋاقىتلاردا يەنى 9 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى گومىنداڭنىڭ ئۈرۈمچىدىن كەلگەن قوش قاناتلىق بىر ئايروپىلانى يېڭىشەھەر سېپىلى ئۈستىدە بىر - ئىككى ئايلىنىپ ئىككى دانە پاراشۇت تاشلىدى. ئايروپىلانغا بىزنىڭ پارتىزانلىرىمىز مىلتىق، پىلىموتتىن ئوت ئاچتى. ئايروپىلاندىكىلەر شەھەر سېپىلىدا دۈشمەن بار ئوخشايدۇ دەپ پەرەز قىلغان بولۇشى مۇمكىن، كونىشەھەر تەرەپكە قاراپ ئۇچۇپ ئىككى شەھەر ئوتتۇرىسىغا پاراشۇت بىلەن تۆت نەرسە تاشلاپ، ئۈرۈمچىگە كەتتى. پاراشۇتلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ قولىمىزغا چۈشتى. ئىككى پاراشۇتتا ئىككى ساندۇق ئوق، قالغان پاراشۇتتا گومىنداڭنىڭ يېڭى بېسىلغان پۇلى، ئۈرۈمچى گومىنداڭ ئارمىيىسى قوماندانلىق شتابىدىن ئاقسۇ ئاتلىق 5 - پولك جاۋخەنچىڭغا يېزىلغان ئۇقتۇرۇش بار ئىكەن. ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئۇقتۇرۇشقا بىرقۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ «خۇش خەۋەر» دەپ ۋارقىراپ تاشلىدى، ئاندىن خەتنى ئۈنلۈك ئوقۇدى. خەتتە مۇنداق دېيىلگەنىدى: «ھازىر ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى بىلەن ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ھاسىل قىلىنىۋاتىدۇ. پولكنىڭ كوماندىرلىرى، شىمالىي شىنجاڭ (شىخو، ئالتاي، چۆچەك) تەرەپلەردە ئۇرۇش توختىتىلدى، سىلەرگە پۇل ئەۋەتتۇق. باشقا ياردەم كۈتمەڭلار، ئۆزۈڭلار چارە قىلىپ، ئۆزۈڭلارنى ئۆزۈڭلار قوغداڭلار، ئاقسۇ ئەتراپىدىكى ئوغرىلار (بىزنى دېمەكچى)مۇ چېكى-

نىپ قىلىشى مۇمكىن. چۈنكى بىتىمدا شۇنداق ھەل قىلىندى».
پاراشۇت ئارقىلىق تاشلىغان پۇللار ئاز ئەمەس ئىدى. بۇ پۇللار بىز بىلەن بىللە بارغان ھۆكۈمەت ئىقتىساد باشقۇرۇش گۇرۇپپىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. ساندۇقلاردىكى ئوقلار ئەترەتلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. بىز ئىقتىسادىي جەھەتتە قىسىلىپ قالغانىدۇق. مەن كۈندىلىك تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى ئۈچۈن قولغا چۈشكەن پۇلدىن بىزگە بىرئاز تەقسىم قىلىپ بېرىلسە دەپ ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى ئابدۇكېرىم ئابباسوف ۋە قاسىمجان قەمبىرى يولداشلارغا دوكلات قىلدىم. رەھبەرلەرمۇ دوكلاتىمنى مۇۋاپىق كۆرۈپ تەستىقلاپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىز ئىسكادرون كوماندىرلىرىغا 150 سومدىن، ئىزۋوت كوماندىرلىرىغا 100 سومدىن، جەڭچىلەرگە 50 سومدىن تارقىتىپ بەردۇق.

## قۇربان بېرىپ ئىجرا قىلغان بۇيرۇق

«... چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»نىڭ 160 ـ بېتىدە مۇنداق دەپ خاتىرىلەنگەن:
«10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈندىن 11 ـ كۈنىگىچە. ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى ئاقسۇغا قورشاپ ھۇجۇم قىلىۋاتقان ئاتلىق پارتىزانلار ئەترىتىگە ئىككى قېتىم تېلېگراممىا ئەۋەتىپ مۇنداق بۇيرۇق بەردى: «ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت» گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. ئاتلىق پارتىزانلار ئەترىتى دەرھال ئۇرۇشنى توختىتىپ، 10 كىلومېتىر كەينىگە چېكىنىپ بۇيرۇق كۈتسۇن. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي خادىملىرى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قورال ـ ياراغلىرى ئاۋۋال ئىلىغا چېكىندۈرۈلسۇن».
سېپىلنى پارتلىتىش ئۈچۈن تەقەززالىق بىلەن دورا كۈتۈۋاتقان ۋاقتىمىزدا يەنى 1945 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈ-



نىدە ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابىدىن «جەنۇبىي فرونت پارتىزانلار ئەترەت باشلىقى پودپولكوۋنىك سوپاخۇنغا» دېگەن تېلېگراممىا كەپتۇ. تېلېگراممىا ئۇرۇشنى توختىتىپ ئارقىغا 10 كىلومېتىر چېكىنىپ بۇيرۇق كۈتۈڭلار دېگەن مەزمۇندا ئىكەن. قاسىمجان قەمبىرى سوپاخۇن تېز كەلسۇن، دەپ ئالاقىچى ئەۋەتىپتۇ. كەلسەم بولارنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ كېتىپتۇ. بۇيرۇقنى ئوقۇپ بولۇپ قەغەزنى ماڭا بەردى. مەن داڭ قېتىپ گەپ قىلالماي قالدىم. مېنىڭ ئەھۋالىمنى سەزگەن ئابدۇكېرىم ئابباسوف بىلەن قاسىمجان قەمبىرى:
— بۇ بۇيرۇق ئاقسۇدىكى گومىنداڭ قىسىملىرىغا كەلگەن بۇيرۇققا ئاساسەن ئوخشايدىكەن. بىزنىمۇ چېكىنسۇن دەپتۇ. قانداق چېكىنىش ھەققىدە مۇزاكىرە قىلايلى، — دېدى.
ئەتىسى يەنە ئىككىنچى قېتىم تېلېگراممىا ئالدۇق. بۇ قېتىمقى تېلېگراممىغا ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى ئابدۇكېرىم ئابباسوف، قاسىمجان قەمبىرى ۋە سوپاخۇنلارغا دەپ يېزىلىپتۇ. مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:
«بىز گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئۇرۇشنى توختىتىش ھەققىدە بىتىم تۈزدۇق. چەت ئەلدىن كەلگەن ئادەم، قوراللارنى تەكشۈرۈشكە كومىسسارلار بارىدۇ. قورغانغا چېكىنىپ، مۇداپىئەلىنىپ بۇيرۇق كۈتۈڭلار. بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ».
تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋېلىپ شۇ يەردە مۇزاكىرە قىلىپ، بىتىمگە ئەمەل قىلايلى ۋە ھۆرمەت قىلايلى. بۇنى ئەمەلدە كۆرسىتەيلى دېگەن خۇلاسىگە كەلدۇق. ئالدى بىلەن جەڭچى ـ ئوفىتسېرلارغا چېكىنىشنىڭ سەۋەبلىرىنى چۈشەندۈرۈش زۆرۈر ئىدى. يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئىسكادرون كوماندىرلىرىنى يىغىپ، ئۈرۈمچى گومىنداڭ ھەربىي قوماندانلىق شتابىدىن كەلگەن خەت ۋە بىزنىڭ ئىلىدىكى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابىدىن كەلگەن بۇيرۇق تېلېگراممىلىرىنى

ئوقۇپ ئۆتتى. «چېكىنىش» دېگەن گەپ يولداشلىرىمىزنىڭ ئى-
دىيىسىدىن ئۆتمىدى. كۆپچىلىك غۇلغۇلا قىلىپ شەھەرنىڭ ئې-
لىنىشىغا بىر كۈندەكلا ۋاقىت قالغاندا نېمىشقا چېكىنىمىز،
دەپ سوئاللارنى ياغدۇرۇۋەتتى. ئابدۇكېرىم ئابباسوف غەربتە
گېتلىر گېرمانىيىسى، شەرقتە ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ تەسلىم
بولغانلىقى، بۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاياغلاش-
قانلىقىنى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيە
ئالدىدا پۇت دەسسەپ تۇرالمايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقى-
نى، شىنجاڭدىمۇ ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىگە تاقابىل
تۇرالماي ئۇرۇش توختىتىش بىتىمىگە قول قويۇشقا مەجبۇر
بولغانلىقىنى ئەتراپلىق چۈشەندۈردى. ئۇ جىڭ، شىخۇ، ئالتاي،
چۆچەكلەرنىڭ ئازاد بولغانلىق خەۋىرىنى يەتكۈزۈپ ئاخىردا ئۇ-
رۇمچى گومىنداڭ ھەربىي شتابىدىن كەلگەن ئالاقىنى كۆرسى-
تىپ تۇرۇپ:

— بىزمۇ جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن شىمالىي شىنجاڭ ھەم
ئۈرۈمچىنىڭ ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاپ بۇلارنى پەرىشان ھالغا
چۈشۈرۈپ قويىمىدۇقمۇ، — دەپ ئۆزىنىڭ خۇش ئاۋازلىقى بىلەن
يولداشلارغا چاقچاق قىلىپ كۈلدۈرۈۋەتتى.

ئاندىن مەن يولداشلارغا:

— ئابدۇكېرىم ئابباسوف بىزگە دۇنيا ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ
ئىچكى ۋەزىيىتى توغرۇلۇق كەڭ چۈشەنچە بەردى. مىللىي ئار-
مىيە كۈنسايىن ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىنى، گومىنداڭ ھاكىمىيىتى-
نىڭ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئاڭلىدۇق. بۇنى بۇ
يەردىمۇ كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمىز. بىز گەرچە پار-
تىزان بولساقمۇ بۇيرۇق بىلەن كەلدۇق. بىز يەنە بۇيرۇق بويىچە
چېكىنىمىز. راستىنى ئېيتسام «چېكىنىش» دېگەن بۇيرۇق مې-
نىڭمۇ ئىدىيەمدىن ئۆتمەيدۇ. ئامال قانچە، ھەربىي بۇيرۇق دېگەن
بۇيرۇق - دە، سەل قاراشقا بولمايدۇ. ئاقسۇدىكى گومىنداڭ قو-



شۇنلىرىنىڭ ئۆپكىسى تۆگەپ كانىيى قالدى، ئالدى قېچىۋاتى-
دۇ. ئوت قويىدىغانلار دەرۋازىغا يېقىن بېرىۋالدى. شۇنداق بول-
سىمۇ بىز يۇقىرى قوماندانلىقنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، كۆرسەتمى-
سى بويىچە ئىش قىلىشىمىز لازىم. بىتىمگە قەتئىي ئەمەل قى-
لىشىمىز ۋە ھۆرمەت قىلىشىمىز كېرەك. ھەرقانداق ئېھتىمالغا
قارشى قەدەممۇقەدەم چېكىنىمىز. يۇقىرىنىڭ بۇيرۇق، يوليورۇق-
لىرىنى، ئابباسوفنىڭ سۆزىنى كەڭ پارتىزانلارغا ئوبدان چۈشەن-
دۈرۈڭلار، باشباشتاقلىق ۋە خىلاپلىق قىلىشقا زادى بولمايدۇ.
قارشىلىق قىلغانلارغا قاتتىق ھەربىي جازا بېرىلىدۇ، — دېدىم.

كوماندىرلار نۇرغۇن چۈشەندۈرۈشلەر، قاتتىق ئاگاھلاندۇ-
رۇشلاردىن كېيىن ئىلاجىسىزلىقتىن ئاران - ئاران ماقۇلغا كې-
لىشتى. كوماندىرلار قايتىش ئالدىدا بىز ئۇلارغا «تارقىتىپ بې-
رىلگەن 25 دانە ئاپتومات (سوۋېتتىن كەلگەن) ھەم بەزى تان-
كىئاتار قوراللارنى ئەتىدىن قالدۇرماي ئوقلىرى بىلەن شتاب
باشلىقى غازىيوف ھۆسىيىنگە تاپشۇرىسىلەر» دەپ تاپىلىدۇق.
تاڭغا يېقىن بۇ ۋەزىپە مىرزا ناسىروف دېۋىزىئونىدىن باش-
قىلاردا ئادا قىلىندى.

ھۆكۈمەت ۋەكىللىرىدىن قاسىمجان قەمبىرىنىڭ مەسلىھەتى
ۋە يوليورۇقى بويىچە دۈشمەنلەرنىڭ بىزنى بىتىمگە ئەمەل قىپ-
تۇ دېيىشى ئۈچۈن پارتىزان ئەترەتلىرىدىن يىغىلغان 150 دانە
كاربىن مىلتىق، ئىككى دانە تانكىئاتار، 25 دانە ئاپتومات (ئوق-
لىرى بىلەن)نى ئۈستىنىمۇ ياپماي 10 — 15 ئېشەككە ئوتۇن ئارت-
قاندەك ئارتىپ شتابتىن ئىلىغا ماڭدۇردۇق. بۇ ناھايىتى خەتەر-
لىك ئىدى. ئەگەر دۈشمەن بۇرۇنراق بىلىپ قالسا، بىرنەچچە
ئەسكىرى بىلەنلا تارتىۋېلىشى مۇمكىن ئىدى. دۈشمەن بۇ ئىش-
نى كېيىن بىلىپ، بىزنىڭ كۈچىمىزنىڭ ئاجىزلاشقانلىقىدىن
پايدىلىنىپ نۇرغۇن ئاۋارىچىلىقلارنى پەيدا قىلدى. 10 - ئاينىڭ
12 - كۈنى سوۋېتتىن كەلگەن بىرنەچچە رۇس، ئۆزبېك، ئۇيغۇر

ۋە قىرغىز كوماندىرلىرىنى پودپولكوۋنىك دىنىسكوف رەھبەر-
لىكىدە ئىلىغا يولغا سالدۇق. كونىشەھەر دوختۇرخانىسىدىكى
ئېغىر - يېنىك يارىدارلار، كېسەلمەن خادىملار ۋە سېستىرالارنى
دوختۇر ھوشۇرئاخۇننىڭ رەھبەرلىكىدە ئۇزاتتۇق. بۇلار بىلەن
ئارقا سەپ تەمىنات باشقۇرۇش خادىملىرى، ھۆكۈمەت ۋەكىللى-
رى، كونىشەھەرنىڭ ھاكىمى شېرىپ قارىي ھاجى باشلىق مەمۇرىي -
ساقچى خادىملار، بىز بىلەن كەلگەن سودىگەرلەرنى ئارقىمۇ ئار-
قا يولغا سالدۇق. بۇلار بىلەن نىمشېھىت ئارمىيە داموللا، ئەر-
شىدىن تاتلىق، ئەيسا يۇسۇپ قاتارلىق خەلقپەرۋەر زىيالىيلارمۇ
بىللە كەتتى. بۇلارنى يولغا سېلىپ بولغۇچە سېپىل ئەتراپىدى-
كى مۇھاسىرىمىزدىن بىر قەدەممۇ چېكىنمىدۇق. ئارقا سەپنى
ئاساسەن يۆتكىۋالغاندىن كېيىن ئەترەتنى پۈتۈن فرونت بويلاپ
سېپىلنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ ياتقان مۇداپىئە ئورنىدىن چېكىن-
دۈرۈپ، يېڭىشەھەرنىڭ شىمالىدىكى ئىگەچى كەنتىگە، يەنى بىز
شتاب قىلغان يارنىڭ بويىغا يۆتكەپ كەلدۇق. بۇ ئەھۋالنى بىل-
گەن يېڭىشەھەر سېپىل ئىچىدىكى گومىنداڭ ھەربىي قوماندان-
لىق شتابى ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلار بىتىمگە ئەمەل قىلىش بۇ
ياقتا تۇرسۇن، باشقىدىن باش كۆتۈرۈپ، قۇتراشقا باشلىدى.
ھەتتا گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ۋە باشقىلار بىزنى تىللايدىغان ۋە
«زىۋازىلار (ئوغرى) تېزرەك كېتىشمەمسەن، كۇنۇڭلار ئاز قال-
دى» دەپ ھاقارەتلەيدىغان بولۇپ قالدى. بىزنىڭ پارتىزانلارنىڭ
«چېكىنىش بۇيرۇقى» ئىدىيىسىدىن ئۆتمىگەچكە، دۈشمەنلەر ئا-
ھانەت قىلسا، «ئەستاغپۇرۇللا» دەپ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ،
غەزىپىنى ئىچىگە يۇتىدىغان بولۇپ قالدى.
بىزنىڭ چېكىنىدىغانلىقىمىزنى ئاڭلىغان ئاقسۇدىكى بىچارە
دېھقانلار ۋە خەلق جېنىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ھەر تەرەپكە
قېچىشقا باشلىدى. بەزىلەر غۇلجىغا چىقىپ، تاكى 1949 - يىلى
شىنجاڭ ئازاد بولغانغا قەدەر ئىلىدا مۇساپىر بولۇپ تۇردى. كې-



يىن ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ئۇلارنى چىرايلىق كى-
يىندۈرۈپ ھەم يول راسخوتى بېرىپ، خىزمەت كۆرسەتكەنلەرنى
ئوردېن، مېدال بىلەن مۇكاپاتلاپ، ئۆز يۇرتىغا يولغا سالدى.
بىز پارتىزانلىق ئۇرۇشى قىلىمىز دەپ بېرىپ ئاقسۇ كونىشە-
ھەرنى ئازاد قىلىپ، دۈشمەنلەرنى خېلى تەمتىرىتىپ، شىمالىي -
جەنۇبىي شىنجاڭ يوللىرىنى ئۈزۈپ تاشلىغان، يېڭىشەھەرنىڭ
ئازاد قىلىنىشىغا بىرنەچچە كۈنلا قالغان، دۈشمەنلەر زاۋاللىققا
يۈز تۇتقان پەيتتە، بىزنى بۇيرۇق بويىچە ئاقسۇ رايونىدىن چې-
كىندۈرۈپ كېتىشتى. بۇ بىزگىلا ئەلەم قىلىپ قالماستىن،
ئاقسۇ خەلقىنى پاراكەندىچىلىككە، ۋەيرانچىلىققا سالدى.
1945 - يىل 10 - ئاينىڭ 14 - كۈنى قايتىشقا تەييارلىق
قىلىپ تۇرۇشىمىزغا گومىنداڭ ئەسكەرلىرى سېپىل ئىچىدىن
چىقىپ ھۇجۇم قىلدى. بىزگە ئۇرۇش توختىتىش بۇيرۇقى بې-
رىلگەنلىكى ئۈچۈن بىز بىر تەرەپتىن ئۆزىمىزنى مۇداپىئە قى-
لىپ، يەنە بىر تەرەپتىن چېكىنىپ ماڭدۇق. دۈشمەنلەر بىزنىڭ
ئۇرۇشنى توختاتقان ئاجىزلىقىمىزدىن پايدىلىنىپ قاتتىق شىد-
دەتلىك ھۇجۇم قىلىۋاتقان چاغدا مەن ئېلى پەخرىدىن دېگەن
كوماندىرغا كۈچاغا ماڭىدىغان دەرۋازا تەرەپكە ئۆتۈپ دۈشمەننىڭ
بىقىنىدىن ھۇجۇم قىلىپ، قاتتىق ئوققا تۇتۇڭلار، دۈشمەنلەر-
نىڭ ھۇجۇمى بوشاشقاندا جامغا قايتىڭلار دەپ بۇيرۇق بەردىم.
بىرەر سائەتتىن كېيىن دۈشمەن تۇيۇقسىزلا ئورمان، مەھەللە،
قوناقلىق ئارىسىدىن پەيدا بولدى. بۇ ۋاقىتتا چېكىنىش قىيىن
ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىز تۈزلەڭگە چىقىپ قالدۇق. ئۇرۇش
باشلىنىپ كەتتى. ھەتتا قۇچاقلاشما جەڭ بولدى. قاتتىق جەڭدە
بىزنىڭ ئاتاقلىق كوماندىرلىرىمىزدىن ئابلەت داۋۇت ئېغىر يا-
رىدار بولدى. مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى ئوسمان قارىي ۋە كونا
جەڭچىلەردىن ئودېلېنىيە كوماندىرلىرى ئېلى غېنى، قۇربان
باشلىق 50 — 60 دەك كوماندىر - جەڭچىلىرىمىزدىن ئايرىل-

دۇق. بىر تەرەپتىن ئۇرۇشۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن چېكىنىپ
كونىشەھەر يارىپىشىغا كەلدۇق. ئابلەت داۋۇتنىڭ قورسىقىغا ئوق
تېگىپ ئۇچىيى چىقىپ قاپتۇ. تۇخان ۋە يولداشلار پوتىسى بى-
لەن قورسىقىنى تېڭىپ قويۇپتۇ. مۇئاۋىن ئىزۋوت كوماندىرى
مۇتەللىپ بىلەن ئابلەتنىڭ مۇھاپىزەتچىسى ئابدۇكېرىم (ھازىر ئا-
تۇش پوچتىخانىسىدا بار)لەرگە جامىغا ئەكېتىشنى تاپىلاپ، مەن
بىر ئىزۋوت ئادەم بىلەن ئارقىمىزنى ساقلىدىم. يولداشلارنى جام-
غا بېرىشقا بۇيرۇق قىلدىم. بىر چاغدا سىدىق ھاجى، مىرزا ناسى-
روف بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. سىدىق ھاجى مىرزا ناسىروفنىڭ
ئەسكەرلىرىنى تاشلاپ كەلگەنلىكىگە خاپا بولۇپ تۇرغانىكەن.
مىرزا ناسىروفنىڭ دىۋىزىئونىنى قايتۇرۇپ جامىغا يېتىپ باردۇق.
كەچ بولۇپ كەتتى. تېخى ئاتتىن چۈشمىگەنىدىم. ئابدۇكې-
رىم. ئابلەت سىزنى چاقىرىۋاتىدۇ دەپ كەلدى. شۇ ئانلا ئابلەت-
نىڭ قېشىغا باردىم. ئۇنىڭ يۈزىدە قان دىدارى كۆرۈنمەيدۇ،
ساغرىپ كېتىپتۇ. مەن ئۆزۈمنى توختىتالماي يىغلاپ ئابلەتنىڭ
ئۈستىگە ئاتتىم.
— ئابلەت، مەن كەلدىم، كۆزىڭىزنى ئېچىڭ، — دېدىم. ئۇ كۆ-
زىنى زورىغا ئېچىپ قولىنى ماڭا سۇندى. مەن ئىككى قولۇم بىلەن
بوينىنى قۇچاقلاپ قولىنى تۇتسام قوللىرى مۇزلاپ كېتىپتۇ.
— مەن كەتتىم، — دېدى ئابلەت ئاران سۆزلەپ، — سىز
ئىنتىقام ئېلىڭ، سىز... سىز... — ئۇ بىردىنلا بوشىشىپ كې-
تىپ يۈرەك سىېلىشى توختىدى. شۇنداق قىلىپ ئابلەت داۋۇتتەك
شىر يۈرەك قەھرىمانىمىز ۋە ئېغىر كۈنلەردە ماڭا ھەمدەم بول-
غان، جانجىگەر ھەمراھىمدىن ئايرىلىپ قالدىم. مەن مۇتەللىپكە
جامائەتنى، ئاخۇنۇملارنى چاقىرىپ قەبرىستانلىقا دەپنە قى-
لىڭلار دەپ تاپشۇرۇپ قويۇپ، ئەسكەرلەر چۈشكەن سارايغا بار-
سام ئالاقچى چاقىرغىلى كەپتۇ. بارسام ئابدۇكېرىم ئابباسوف،
قاسىمجان قەمبىرىلار مېنى ساقلاپ تۇرغانىكەن. قاسىمجان



قەمبىرى كۇچا يولىدىكى قىزىلغا بىر كىشى ئەۋەتسەك، دېدى.
مەن قوشۇلدۇم، كىمنى ئەۋەتىش توغرىسىدا سورىغاندا مەن:
«تېكەستىن قوشۇۋالغان بىر ئوفىتسېر بار، خېلى ھوشىيار، ئاق -
قارىنى پەرق ئېتەلەيدۇ، ئىسمى ئۆمەرجان سايىتوف، بىزنىڭ
ئالاقە ئىزۋوتىمىزنىڭ كوماندىرى، شۇنى ئەۋەتەيلى، دېدىم. ئۇنى
چاقىرىپ كەلدىم. ئابدۇكېرىم ئابباسوف، قاسىمجان قەمبىرى
قاتارلىق رەھبەرلەر كۇچا يولىنى توسۇپ ياتقان قىزىلدىكى ئەت-
رەت باشلىقى مۇنىرىدىن خوجىغا قول ئاستىڭىزدىكى ئەسكەر-
لەرنىڭ بىرىنىمۇ قالدۇرماي تېزدىن سىلەر كەلگەن داۋانلار بى-
لەن قايتىڭلار، بىزمۇ ئاقسۇدىن بۇيرۇق بويىچە چېكىندۇق، دې-
گەن مەزمۇندا خەت يېزىپ بەردى. ئۆمەرجان ئالاقىنى ئېلىپ
ئۆتۈكىنىڭ پاشنىسىغا مىخلىتىپ، كىچىك ئارقا يوللار بىلەن
قىزىلغا قاراپ كەتتى. ئۇ يولدا دۈشمەنلەر، ھىيلىگەر ئىشپى-
يونلارغا ئۇچراپ خېلى ئاۋارە بولۇپتۇ. ئۆمەرجان ھوشىيار بول-
غاچقا، بۆلارغا بوي بەرمەي ئىلگىرىلەپ، ئىككى سوتكىدىن ئار-
تۇق ۋاقىت ئىچىدە قىزىلغا يېتىپ بارسا، كۇچادىكى گومىنداڭ-
نىڭ 4 ـ ئاتلىق پولكى قىزىلدىكى پارتىزانلار بىلەن ئۇرۇ-
شۇۋاتقانىكەن. بۇ 4 ـ پولك ئاقسۇدىكى 5 ـ پولك بىلەن ماس-
لىشىپ ئاقسۇدىن چېكىنگەن پارتىزانلىرىمىزنى قورغاندا ئالدى-
نى توسۇپ يوقاتماقچى بولۇپ بايىغا قاراپ ماڭغانىكەن. مۇنىر-
دىن خوجا ئۆمەرجان سايىتوف ئېلىپ بارغان ئالاقىنى ئېلىش
بىلەن كۈندۈزى دۈشمەنلەرنى قىزىلنىڭ مەھەللىسىگە كىرگۈز-
مەستىن قاتتىق قارشىلىق قىلىپ ئۇرۇشۇپ، كېچىسى چېكى-
نىپ تېكەسكە قايتىپتۇ. ئۆمەرجان ئالاقىنى مۇنىرىدىن خوجىغا
تاپشۇرۇپ بەرگەنلىكى ھەققىدىكى ھۆججەتنى ئېلىپ قورغانغا
سالامەت قايتىپ كەلدى.
ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى ۋە ئېغىر ـ يېنىك ياريدارلار قورغانغا
يېتىپ بارغۇچىلىك دۈشمەن يەنە ئارقىمىزدىن كېلىپ قالارمى-

كىن دەپ ئىككى كۈن مۇداپىئەدە تۇردۇق. ئاقسۇ يېڭىشەھەردىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرى كونىشەھەرگىچە كېلىپ قايتىپ كېتىپتۇ. چۈنكى بۇرۇن بىز بىرىنچى قېتىم ئاقسۇ ئۇرۇشىدىن چېكىنىپ جامغا كېلىپ، ئىككىنچى قېتىم ئاقسۇغا يەنە ھۇجۇم قىلغانىدۇق. شۇڭا، ئۇلار يەنە ھۇجۇم قىلىدۇ دېگەننى ئويلىغان بولۇشى كېرەك. سېپىلنىڭ ئىچىگە كىرىپ مۇداپىئەنى كۈچەيتىپتۇ. جامدا بىر كېچە قونۇپ، تىكەنقورۇق، تۇزئاۋات، بوزدۆڭ ئەتراپلىرىدا رازۋېدكىچىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، قورغانغا قايتتۇق. قورغاندا ئون كۈندەك دۈشمەنلەرنىڭ كېلىشىنى كۈتتۇق، دۈشمەن كەلمىدى. شتابتىنمۇ ھېچقانداق بۇيرۇق يوق. ھۆكۈمەت ۋەكىللىرىمۇ قانداق قىلىش توغرۇلۇق مەسلىھەت ۋە ياكى يوليورۇق بەرمىدى. قورغاندا بولسا بىزگە قاراشلىق راتسىيە پونكىتىنىڭ باشلىقى كارىلوف زاكىر تۆرە بىلەن بىللە تۇراتتى. ئۇ كىشىلەر مىللىي ئارمىيە ۋەكىلى تۇرۇپ بىرنەرسە دېيەلمىدى. ھۆكۈمەت ۋەكىللىرىدىن ئابدۇكېرىم ئابباسوف ۋە قاسىمجان قەمبىرى، دىنىي رەھبەرلەردىن رازىيوف داموللا ۋە باشقىلار مۇزداۋان ئارقىلىق ئىلىغا قايتىپ كەتتى. ئۆمەرجاننى قاسىمجان قەمبىرى ئۆزىگە مۇھاپىزەتچى قىلىپ بېكىتىپ بىللە ئېلىپ ماڭدى. مەن مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابىغا «بۇيرۇق بويىچە ئاقسۇ فرونتىدىن قورغانغا قايتىپ كەلدۇق. بۇيرۇق كۈتىمىز» دەپ تېلېگرامما بەردىم. ئىككى كۈندىن كېيىن كارىلوف مېنى چاقىرتتى. بارسام، بىر تېلېگراممىنى (رۇسچە ئىكەن) ئوقۇپ بەردى. تېلېگراممىدا يەنىلا «ساقلاپ تۇرۇڭلار» دېگەن بىر ئېغىزلا گەپ بار ئىدى.

1945 - يىلى 10 - ئاينىڭ ئاخىرىدىمۇ قورغاندا ئىدۇق. دەم ئېلىپ ئولتۇرسام، مەن ياتقان ئۆينىڭ ئىشىكى بوش چېكىلدى. گۇمان بىلەن قولۇمغا يان قورالىمنى ئېلىپ ئىشىكنى ئاچسام پودپولكوۋنىك زاكىر تۆرە تۇرىدۇ.



— كىرىشكە رۇخسەتمۇ؟ — دېدى ئۇ.

مەن دەرھاللا:

— كىرىڭ، — دەپ ھەربىيچە سالام بېرىپ قارشى ئالدىم.

ياتاقتا ئۇ ياقتىن - بۇ ياقلاردىن، خۇسۇسەن، جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇرۇش ئەھۋاللىرىدىن پاراڭ سېلىشىپ بىر سائەتتەك ئولتۇردۇق. مەن زاكىر تۆرىدىن:

— نېمە ئۈچۈن ئاقسۇنى ئازاد قىلىش ئالدىدا چېكىنىپ چىقتۇق؟ — دەپ سوئال سورىدىم.

— مەنمۇ بىلمەيمەن، — دەپ ئۇ ئىككى مۈرىسىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ، گەپنى باشقا ياققا بۇرىۋەتتى.

بىز ئىلىغا قايتىپ چىقىپ تېكەسكە ئورۇنلاشقاندىن كېيىن غۇلجىغا كىرىپ جەنۇبىي فرونت ئەھۋالىدىن دوكلات قىلغىلى كىرگىنىمدە، زاكىر تۆرە 1945 - يىلى 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى مېنى ئىزدەپ بىز چۈشكەن ھەربىي بازىغا بېرىپتۇ، قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ، مۇڭداشقاندىن كېيىن:

— سىزنى ئەتە 31 - كۈنى يېڭى يىل بايرىمىنى بىرگە ئۆتكۈزەيلى دەپ تەكلىپ قىلىپ كەلدىم. يېقىن سەپداشلىرىڭىزنى بىللە ئېلىپ بېرىڭ، — دەپ تەكلىپ قىلىپ قويۇپ كەتتى.

ئىلىغا بارغىنىمىزدا ئاقسۇدىن چېكىنىپ چىقىشىمىزنىڭ سەۋەبىنى باش قوماندانلىق شتابتىنمۇ سورىمىدىم. بۇ ئىش مېنىڭ كاللامدىن زادىلا نېرى كەتمىدى. مەن بەزىدە خوجىنىياز ھاجىلارنىڭ ئۇرۇشلىرىنى ئويلاپ بۇ ئۇرۇشىمىز شۇنداق ئاخىرى چىقمايدىغان ئۇرۇش بولۇپ، خەلققە ئۇۋال بولامدۇ، نېمە؟ دەپ شۈك ئولتۇرۇپ قالاتتىم. ئاقسۇ ئۇرۇشىنى بۇيرۇق بويىچە تاشلاپ چېكىنىپ چىقىشىمىزنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ھەققىدە ئاڭلىغان جاۋابنى ئەسلىمەمنىڭ مۇشۇ جايىغىلا قىستۇرۇپ كېتىشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.

1945 - يىلى 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ئاخشىمى مەن، سى-

دىق ھاجى ۋە قاسىمجان قەمبىرى ئۈچىمىز كەچ سائەت توققۇزلاردا پودپولكوۋنىك زاكىر تۆرىنىڭ نوۋگورتتىكى ئۆيىگە باردۇق. بۇ ئۆيگە كەلگەن مېھمانلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى سوۋېتلىك ئوفىتسېرلار ئىكەن. مىللىي ئارمىيە شتاب باشلىقى گېنېرال مايور مازاروف باشلىق ئوندەك رەھبىرىي كادىر ئاياللىرى بىلەن ئايرىم چوڭ ئۆيدە تانسا ئويناۋاتقانىكەن. بىز كىرىشىمىز بىلەن پودپولكوۋنىك زاكىر تۆرە بىزنى ئايرىم ئۆيگە باشلاپ كىرىپ ئاق خالاتلىق رۇس قىزىغا چاي قۇيۇپ تۇرۇشنى تاپشۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى ئالدىراش چىقىپ كەتتى. سائەت ئونلاردا ئۆزى كىرىپ بىز ئۈچىمىزنى زىياپەت زالىغا باشلاپ كىردى. بىز تونۇيدىغان ئىسكەندەر ئەپەندىم بار ئىكەن.

ئۇ بىز بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. بىز قالغانلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ بەلگىلەنگەن ئورۇندا ئولتۇردۇق. پودپولكوۋنىك زاكىر ئەپەندىم شۇ كۈنى ساھىبخانا بولغانلىقتىن ئۈستەلنىڭ بىر بېشىدا بىزگە قاراپ ئولتۇردى. زىياپەت ئۈستىلىگە قويۇلغان ھەر تۈرلۈك يېمەكلىكلەر ۋە ھەر تۈرلۈك ئىچىملىك، ھاراقلارنىڭ كۆپلۈكىدىن چاي چىنىسىنى سىغدۇرغۇدەك ئورۇن يوق ئىدى. زاكىر تۆرە ئورنىدىن تۇرۇپ مېھمانلارنى يېڭى يىلنى تەبرىكلەپ قەدەھ كۆتۈرۈشكە تەكلىپ قىلدى. ئاق خالاتلىق رۇس قىزلىرى چاي، ھاراق قۇيۇش، تاماق توشۇش بىلەن ئالدىراش ئىدى. ئىككى ـ ئۈچ سائەتتەك داۋاملاشقان بۇ كاتتا زىياپەتتە ھەممىسى تەڭشەلدى بولغاي بىر ـ بىرى بىلەن ئۆزئارا پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. زاكىر تۆرە ماڭا ئىشارەت قىلىپ، ئايرىم ئۆيگە باشلاپ كىرىپ، ئىشىكنى ئىچىدىن تاقاپ قويدى ۋە مېنىڭ قېشىمدا ئولتۇرۇپ ئەھۋالىمنى ۋە سالامەتلىكىمنى سورىدى.

— بىز ئاقسۇدىن چېكىنىپ چىقىپ قورغانغا كەلگەندە، — دەپ سۆزىنى باشلىدى زاكىر تۆرە، — بىز ئاقسۇدىن نېمىشقا



چېكىنىپ چىقتۇق؟ دەپ سوئال سورىدىڭىز. سىز ياخشى كوماندىر ئىكەنسىز، مەن سىزگىلا ئېيتاي، باشقىلارغا ئېيتماڭ، ئاغزىڭىزدىن چىقىپ كېتىپ، ئاشكارىلىنىپ قالسا، ئىككىمىزنىڭمۇ كاللىسى كېتىدۇ. بىز ئاقسۇ رايونىدا گومىنداڭ بىلەن ئۇرۇشۇپ تۇرغاندا موسكۋا تەرەپ شىنجاڭدىكى ئۇرۇشنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئاقسۇدىكى ئۇرۇش چېكىندۇرۇلۇپ، شىخۇدىكى ئۇرۇش توختىتىلسۇن... دەپ بۇيرۇق قىلغانىكەن. ئۇلار غۇلجا شەھىرى ھەربىي شتابىغا كەچ سائەت ئوندا تېلېگراما بېرىپتۇ. غۇلجا شەھىرى ھەربىي شتابى بۇيرۇقنى ئېلىپ بىزنىڭ قورغانغا تېلېگراما بەردى. تېلېگراما ئاقسۇغا ئاتلىق يەتكۈزۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىز ئاقسۇدىن چېكىنىپ چىقتۇق. سىلەر خاتىرجەم ئىشلەۋېرىڭلار. بىز يىراقتا ئەمەس، گومىنداڭ ئەمدى سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلالمايدۇ. ستالىن جياڭ جېيشى بىلەن سۆھبەتلەشتى. بۇنى ئۆزىڭىز بىلسىڭىزلا بولدى، باشقىلارغا زادى ئېيتماڭ.

مەن ئاخىر چېكىنىپ چىققانلىقىمىزنىڭ سەۋەبىنى ئەمدى بىلدىم. مەن زاكىر تۆرىگە:

— بېتىم روھى بويىچە ئىشلەيمىز، — دېدىم.

سائەت بىردە سەپداشلىرىم بىلەن بىز چۈشكەن بازىغا قايتىپ كەلدىم. ئىسكەندەر ئەپەندىم، زاكىر تۆرىلەرنى ئىككىنچى قېتىم كۆرمىدىم.

ئەسلىمەمگە قايتىپ كېلەيلى، مەن قورغاندا ئىش بىلەن بولۇپ كېتىپ كەچلىك تاماقنى تېخى يېمىگەنىدىم. مۇھاپىزەتچىم پىشۇرۇلغان ئات گۆشىنى ئەكىردى. زاكىر تۆرىنىڭ ئالدىغا قويۇپ بىرلىكتە يەيلى، دەپ تەكلىپ قىلدىم. تاماق يەپ ئولتۇرغاندا زاكىر تۆرە:

— يولداش پودپولكوۋنىك سوپاخۇن، سىزدىن بىر خەۋەرنى ئۇقماقچىمەن؟ ئۇقمىسىڭىز ئېنىقلاشقا ياردەم بەرسىڭىز، — دەپ

سوراپ قالدى.

— قولۇمدىن كېلىدىغانلا بولسا ياردەم بېرەي، — دېدىم ئۇنىڭغا.

— هازىر شىنجاڭغا ما بۇفاڭنىڭ قوشۇنلىرى كىردى، — دېدى زاكىر تۆرە سىرلىق قىلىپ، — بۇ تۇڭگان قوشۇنى كۇچاغا يېتىپ كەلدىمۇ، قانداق؟ شۇنى ئېنىقلاپ كۆرسەك. بۇ بىلىشكە ۋە ئېنىقلاشقا تېگىشلىك مۇهىم ئىش. چۈنكى تاشقورغان، قاغىلىق، يەكەن ئەتراپلىرىدىكى پارتىزانلارمۇ چېكىنىپتۇ. ئەگەر كەلگەن بولسا، قانچىلىك ئەسكىرىي كۈچى بار. رازۋېدكىچى ئەۋەتىپ ئېنىقلاپ كۆرسەك، — دېدى.

مەن قوشۇلدۇم. بىزنىڭ ئىبراهىم دېگەن كونا جەڭچىمىز بار ئىدى، ئۇ ناۋايلىق قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۇكىسى بىزدە هەربىي سەپتە بولغانلىقتىن ئىبراهىم ناۋاي هەربىي سەپتىن بوشاپ، بىز قەيەرگە بارساق، شۇ يەرگە بېرىپ، سودىگەرچىلىك قىلاتتى. هازىر قاراباغدا ئىدى. بۇ ئادەم ئىشەنچلىك بولغاچقا، شۇنى ئەۋەتىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. زاكىر تۆرە بەكمۇ خۇش بولۇپ، قانچە تېز بولسا، شۇنچە ياخشى دەپ چىقىپ كەتتى. ئەتىسى چاي ئىچىۋاتساق ئىبراهىم ناۋايمۇ يېتىپ كەلدى. ئۇ كېلىپلا كۇچادىن چىققان ئاتلىق پولكىنىڭ باي ناهىيىسىگە يېتىپ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. مەن ئىبراهىم ناۋايغا:

— سىزگە بىر مۇهىم خىزمەت بار، شۇنى بېجىرىپ كەلسىڭىز. بۇ يۇقىرىنىڭ تەلىپى هەم مۇهىم خىزمەت. سىزگە ئىشەنچ قىلىپ ساقلاپ تۇرغانىدىم، — دېدىم.

ئىبراهىم ناۋاي دەرهاللا ئۆزىنىڭ تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

بۇ كىشى كېتىپ ئۈچىنچى كۈنى كەچقۇرۇن قىزىلبۇلاقتا تۇرغانلار بىر كىشىنى ئەكىردى. قارىسام ئىبراهىم ناۋاي، ئۇ بەزى ئىشلارنى ئېنىقلاپ، قايتىپ قىزىلبۇلاققا كەلگەندە: مەن بايدىن كەلدىم. سوپى ليەنجاڭ بىلەن كۆرۈشمەن، دېسە ئىشەن-



مەي، ئىبراهىم ناۋاينىڭ قولىنى باغلاپ، كۆزىنى تېڭىپ ئەكەپتۇ.

ئىبراهىم ناۋاي باي ناهىيىسىگە قاراپ مېڭىپ داۋانچى يېزىسى (بايغا 40 كىلومېتىر جاي)غا بارغاندا كۇچا ئاتلىق پولكىنىڭ چارلاش قىسمىغا ئۇچراپ قاپتۇ. ئۇنىڭ كوماندىرى ئابدۇراخمان ئىبراهىم ناۋاي بىلەن كونا تونۇش بولغانلىقتىن ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشىپتۇ. مۆرىتى كەلگەندە، ئىبراهىم ناۋاي «ما بۇفاڭ ئەسكەرلىرى كۇچاغا كەلدىمۇ؟» دەپ ئۇنىڭدىن پىچىرلاپ سوراپتۇ. ئابدۇراخمان: «ئالدىنقى كۈنى كۇچاغا بېرىپ مەجلىسكە قاتنىشىپ كەلدىم، مەجلىستە ما بۇفاڭ قوشۇنلىرى كۇچاغا كېلىدۇ دېگەن گەپ بولمىدى. ئاتلىق 5 ـ كورپۇس (جۈن) كېلىدۇ، دېگەن گەپ بولدى. بۇلار ئاتلىق هەم قېچىرلىق ئىكەن، قانچە دىۋىزىيە ئىكەنلىكى ئېنىق ئەمەس. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن ئىلى تەرەپكە ئۆتۈپ هۇجۇم قىلىدىكەن. ئاز قىسمى قومۇل، پىچان، تۇرپان، گۇچۇڭ شەهەرلىرىدە بولىدىكەن» دەپتۇ.

بۇ ئاتلىق 5 ـ كورپۇس، ما بۇفاڭ سالا، خۇيزۇلاردىن قۇراشتۇرغان قوشۇن ئىدى. ئۇلار كەلگەندىن كېيىن شىنجاڭدا ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى بىلەن كۆپ ئۇرۇش قىلمىدى. لېكىن، ئازادلىق هارپىسىدا سانجى، قۇتۇبى ئەتراپىدا خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە قارشىلىق كۆرسىتىپ باقتى. ئىش ئەپلەشمىگەنلىكتىن هەقىقەتكە قايتتى. ئەتىسى پودپولكوۋنىك زاكىر تۆرىنى مەن بار يەرگە باشلاپ كېلىپ ئىبراهىم ناۋاي بىلەن ئۇچراشتۇردۇم. زاكىر تۆرە غۇلجىغا هۇجۇم قىلىدۇ، دېگەن سۆزنى قايتا ـ قايتا سوراپ ئېنىقلىدى ۋە ئابدۇراخمان كۇچادا ئېچىلغان يىغىنغا قاتناشقان، يىغىندىكى سۆز توغرا بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىدى. ئۇ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ خەۋەر ئەكەلگۈچى ئىبراهىم ناۋايىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ قايتا ـ قايتا رەهمەت ئېيتتى. ماڭا، ئىبراهىم ناۋاي ئىلىغا چىقىپ قالسا

ئۇنىڭ قېشىغا باشلاپ بېرىشىمنى تاپىلىدى.

## مۇزداۋاندىن ئېشىپ ئىلىغا قايتىشىمىز

«... چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»نىڭ 171 ـ بېتىدە مۇنداق دەپ خاتىرىلەنگەن:

«11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى. سوپاخۇن سۇۋۇروف ئاتلىق پارتىزانلار ئەترىتىنى باشلاپ، قورغان ئارقىلىق مۇزات داۋىنىدىن ئۆتۈپ موڭغۇلكۈرەگە قايتىپ كەلدى. ئاتلىق پارتىزانلار ئەترىتى بۇيرۇققا بىنائەن تېكەس 12 ـ ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكىغا ئۆزگەرتىلدى (كېيىن تېكەس 1 ـ ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكىغا ئۆزگەرتىلدى). شۇنىڭ بىلەن جەنۇبىي يۆنىلىشتىكى ئۇرۇش ئاخىرلاشتى».

مەن ئەترەتتىكى بارلىق كوماندىرلارنى يىغىپ مەجلىس ئاچتىم. ئون كۈندىن بۇيان يۇقىرىدىن ھېچقانداق خەۋەرنىڭ يوقلۇقىنى، كۈچادىن 4 ـ ئاتلىق پولكىنىڭ ئوغرىلارنى قورغاندا يوقىتىمىز دەپ تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقىنى، گەرچە ئۇلار تېخى بايغا يېتىپ كەلمىگەن بولسىمۇ، بىزنىڭ قاتتىق تەييارلىق قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى ئېيتتىم.

— بىز بىتىمگە ئەمەل قىلىمىز دەپ نۇرغۇن زىيان تارتتۇق، — دېدىم ئۇلارغا، سۆزۈمنى داۋاملاشتۇرۇپ، — دۈشمەنلەر ئەمدى بىزنىڭ ئاجىز نۇقتىلىرىمىزنى كۆرۈپ غالجىرلاشتى. بۇرۇن ئۇۋۇسىغا كىرىۋېلىپ، دېمى قىسىلىپ قالغان دۈشمەن ئەمدى ئۇۋۇسىدىن چىقىپ بىزگە خىرىس قىلىۋاتىدۇ. بىزنىڭ ئۇرۇشماستىن قەدەممۇقەدەم چېكىنىدىغانلىقىمىزنى بارلىق جەڭچىلەر بىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كېسەلمەن، ئېتى ئاجىز جەڭچىلەرنى تېزدىن شتابقا قايتۇرۇڭلار. سۇلپى بۇ ئىشقا مەس-



ئۇل بولىدۇ. بىز قەدەممۇ قەدەم چېكىنىمىز.

شۇ ئارىدا قورغان سوقۇشىدا ئەسىرگە چۈشكەن ئابدۇكېرىم[1] (خەنزۇچە ئىسمى كا چىڭگۈڭ) بىزنىڭ چېكىنىشىمىزنى بىلىپ مىلتىق، ئات بىلەن قېچىپ كەتتى. ئۇنىڭ دۈشمەنگە ئاخبارات يەتكۈزۈشى ئېنىق ئىدى. تېزدىن تۇتۇش قىلمىساق بولمايتتى. شۇڭا، مەن قايتىشقا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن بۇيرۇق بەردىم. ئاڭغىچە قىزىلبۇلاقتىن «كۈچادىكى دۈشمەن كېلىۋاتىدۇ، ھازىر قارىباغ دەرياسىدىن ئۆتۈۋاتىدۇ» دېگەن خەۋەر كەلدى. قىزىلبۇلاق، بوزدۆڭ ۋە باشقا يەرلەردىكى پوستلارنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇپ كەلدۇق. ئارقا تەرەپنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن قورغاندا بىر قىسىم كۈچنى قالدۇردۇق. باشقا ئەترەتلەرنىڭ ھەممىسىنى چېكىندۈرۈپ قېيىنلىققا يېتىپ كەلسەك، دۈشمەن پىلىموتىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. قېيىنلىقتا بىر ئىزۋوتتەك ئادەمنى قالدۇرۇپ، بىز تۇغبەلچىگە چېكىندۇق. قېيىنلىق ئۇرۇشىدا ئەمىرىدىن (مايتاغدىن بىز بىلەن بىللە چىققان غۇلجىلىق ئىشچى) قۇربان بولۇپتۇ. مىلتىق ۋە ئېتىنى جەڭچىلەر ئەكەلدى. بىز تۇغبەلچىدە مۇداپىئەلەندۇق. كەلگەن دۈشمەنلەر بىلەن كەسكىن ئېتىشقاندىن كېيىن دۈشمەنلەر چىقىم تارتىپ توختاپ قالدى. بىز تۇغبەلچىدە ئاقسۇ يولىنى مۇداپىئە قىلدۇق. بۇ جاي ئىستراتېگىيە جەھەتتىن ناھايىتى قۇلايسىز ئىدى. شۇڭا، يولداشلارنى تۇغبەلچىدە قاتتىق مۇداپىئەدە قالدۇرۇپ، مەن بىر ئودېلېنىيە جەڭچىنى ئېلىپ تۇغبەلچىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى ئېگىز تاغ باغرىغا ئۆتۈپ، تاشلارنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇندۇم. دۈشمەنلەرمۇ ئاتتىن چۈشۈپ بىز تۇرغان تاغنى ئىگىلەشكە تۇتۇندى. ئەگەر دۈشمەنلەر بىز تۇرغان يەرنى ئىگى-

① ئابدۇكېرىم — ئاقسۇ قوماندانلىق شتابىغا بېرىپ، قېچىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتقاندا، ئۇلار قىزغىن قارشى ئېلىپتۇ. بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن پۈتۈن ئەسكەرلەرنى يىغىپ نەق مەيداندا قىلىچ بىلەن چاناپتۇ.

لىۋالسا، پۇتۇنلەي تۈگەشكىنىمىز شۇ ئىدى. شۇڭا دۇشمەن بۇ يەرگە يېقىنلىشىپ كەلگەن ۋاقىتتا بىز بىر ئودېلېنىيە ئادەم بىراقلا ئوت ئاچتۇق. دۇشمەننىڭ تۆت ـ بەش ئادەمى بىراقلا دومىلىدى. ئۇلار بىلەن بىزنىڭ ئارىلىقىمىز 250 مېتىردەك كېلەتتى. بىز ئېگىز تاغقا چىقىۋالغاچقا، دۇشمەنلەر ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. دەم ئالدۇرماي ئېتىپ 20دەك ئادەمنى دومىلاتقاندىن كېيىن ئۇلار ئارقىغا ياندى. تۇغبەلچىدىكى يولداشلارمۇ بوش كەلمىدى. بۇ يەردە قانچىلىك ئادەم ئۆلگەنلىكىنى بىلمەيمەن. شۇ ۋاقىتتا دۇشمەننىڭ بىر قاسقان شەپكىلىك كوماندىرى ناگاننى كۆتۈرۈپ يەنە ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇق بەردى. يولداشلار بىرلىكتە كوماندىرغا ئوق ئۈزگەندى، ئۇ بىر مېتىر ئېگىزلىككە كۆتۈرۈلۈپ يىقىلىپ چۈشتى. بۇنى كۆرۈپ دۇشمەنلەر ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە قارىماي ئارقىسىغا قاچتى. تۇغبەلچى دېگەن جاي ئىككى تەرەپتىن كەلگەن سۇ بەلدىن قىسىلىپ ئۆتىدىغان جاي ئىدى. تەڭرىتاغنىڭ مۇزداۋاندىن چۈشكەن ئېقىنى بىلەن تەڭرىتاغنىڭ غەربىي شىمالىدىن چۈشكەن بىر ئېقىن قوشۇلۇپ مۇزات دەرياسىنى ھاسىل قىلاتتى. مۇزات دەرياسى قورغاننىڭ ئىچىدىن ئۆتۈپ قارىباغنىڭ جەنۇبىنى بويلاپ باينىڭ يېڭىئېرىق، داۋانچى، ئونباش، قوشتام، سۇچىخ يېزىلىرىنى، باي ناھىيىسىنى بويلاپ توقسۇ، كۇچا، شايار ناھىيىلىرىنى سۇ بىلەن تەمىنلەيتتى. بىز دۇشمەننى چېكىندۇرگەندىن كېيىن، تۇغبەلچىدە ئاز قىسىم ئەسكەر قالدۇرۇپ قالغانلىرىمىز يولغا چىقتۇق. بىزنىڭ مۇزداۋانغا قاراپ يولغا چىققان ۋاقتىمىز 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرى ئىدى. مۇزداۋان دېڭىز يۈزىدىن 4000 — 5000 مېتىر ئېگىز بولۇپ، تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن 30℃ — 20℃ گرادۇسقا چۈشۈپ قالغانلىقتىن بەك سوغۇق ئىدى. قار ئارىلاش شىۋىرغاندا كۆزنى ئاچقىلى بولمايتتى. مۇزداۋان يولىدا ئاتلىق مېڭىش مۇمكىن ئەمەس. ھاۋا شالاڭ، كىسلورود يېتىش-



مەيدۇ. ئادەمنىڭ دېمى سىقىلىپ، بېشى قېيىپ يىقىلىپ چۈشىدۇ. ھەربىي قوشۇن ئالدىدا، بۇرۇن ئاتا ـ ئانىلىرى بىلەن مۇزداۋاندىن ئاشقان يولداشلار يول باشلاپ ماڭدى. ئۇلار: «دىققەت قىلىڭلار، يېقىن يېتىشىپ مېڭىڭلار، ئاتنىڭ قۇيرۇقىنى تۇتۇپ مېڭىڭلار» دەپ ۋارقىراپ تۇرىدۇ. ئالدىنقى ئاتنىڭ قۇيرۇقىنى كېيىنكى ئادەم تۇتۇپ ماڭىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا تۇماندا ئالدىمىزدا بىر مېتىر نېرىدا كېتىۋاتقان كىشىنى كۆرگىلى ۋە تونۇغىلى بولمايدۇ. بۇ ئۇلۇغ مۇزات يولى قەدىمكى زامانلاردا شىمال بىلەن جەنۇبنى بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرىدىغان ئەڭ يېقىن سودا يوللىرىنىڭ بىرى ئىكەن. لېكىن، بۇ يولدا قاتناش ئەڭ قىيىن، يالغۇز مېڭىش مۇمكىن ئەمەس. خەلق ئىچىدە، بۇ يولدا جىنىدىن تويغانلار ماڭىدۇ، دېگەن گەپ بار، ھەقىقەتەنمۇ مۇشۇ تارىخنىڭ گۇۋاھچىسى بولۇپ ئېشەك، ئات، ھايۋانلارنىڭ ئۆلۈكلىرى ماڭدامدا بىر ئۇچرايدۇ، ئادەملەرنىڭ قاغجىراپ كەتكەن سۆڭەكلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇلارغا قاراپ ئادەمنىڭ تېنى جۇغۇلدايدۇ. مەن تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىغا ئىككى قېتىم ئۆتكەنىدىم. بىرىنچى قېتىم 1937 ـ يىلى ما خۇسەن ئۇرۇشىنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئۇرۇمچى نەنسەن ئارقىلىق خوتۇنسۇمۇل (خېجىڭ) ناھىيىسىگە ئۆتتۇم. ئىككىنچى قېتىم 1945 ـ يىلى تېكەستىن باي ناھىيىسىگە ئۆتتۇم. مانا ئەمدى ئۈچىنچى قېتىم ئۆتۈۋاتىمەن.

مۇزداۋان ئارقىلىق موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىگە قاراشلىق شاتى رايونىغا بارغىلى بولىدۇ. قىزىلبۇلاقتىن شاتىنىڭ ئارىلىقى 150 كىلومېتىرچە كېلىدۇ. قىزىلبۇلاقتىن مۇزداۋان ئارىلىقى 70 كىلومېتىردەك كېلىدۇ.

مۇزداۋاننىڭ ھەر تۈرلۈك ئىسىملىرى بار. قەدىمدىن تارتىپ مۇزداۋان، مۇزتاغ، مۇزچوققا، مۇزاتغوجام، مۇسارتېغى، موسۇرچوققىسى دەپ ئاتىلىدىكەن. بىزنىڭ ئىچىمىزدە ھاۋاخان، پاتەمخان دېگەن ئىككى ئايال بار ئىدى. پاتەمخاننىڭ يولدىشى مۇ-

ھەممەتكە ئاقسۇ ئۇرۇشىدا ئوق تېگىپ بىر پۇتى كېسىۋېتىل-
گەچكە قولتۇق تاياق بىلەن ماڭاتتى. لېكىن، بۇ يولدا ھاسا بى-
لەن مېڭىش قىيىن ئىدى. بولمىغاندا ئايالى پاتەمخان ۋە جەڭ-
چىلەر يۇدۇپ ئېلىپ ماڭدى. دۇنياغا داڭقى كەتكەن مۇزات داۋ-
ىنىنىڭ شىمال تەرەپتىكى سۈيى توغرىسۇدىن باشلىنىپ خاڭ-
يايلاق بىلەن شاتى رايونىغا بېرىپ تېكەس دەرياسىغا قوشۇلىدۇ.
جەنۇب تەرەپتىكى سۇ تامغاتاشتىن ئېقىپ تۇغبەلچىگە بارغۇچە-
لىك ھەربىر سايدىن قوشۇلۇپ كۆپىيىپ باي ناھىيىسىگە بارد-
ىدۇ. بىزنىڭ ئاتلىق قوشۇن ئۇزۇن سوزۇلۇپ كېلىۋاتقانلىقى
ئۈچۈن ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ، ئاتلارنىڭ ئاياغ ئاۋازلىرى تاغقا تەسىر
قىلسا كېرەك، تۇيۇقسىز تاغلاردىن گۈلدۈرلىگەن ئاۋازلار چىد-
قىپ تاش، مۇز دومىلاپ چۈشىدۇ. بەزى جەڭچىلىرىمىز مۇز،
تاش پارچىلىرى تېگىپ يارىلاندى. تۇتەكنىڭ تەسىرىدىن ئۇلار-
نىڭ يۈزلىرى قارىداپ كەتتى. ئەڭ دەھشەتلىكى قار كۆچكۈنى
ئىكەن. كۆچكۈن بولغاندا ھاۋادا كۈچلۈك دولقۇن پەيدا بولۇپ
قاتتىق بوران چىقىدىكەن. ئاۋازى تاغنى زىلزىلىگە كەلتۈرىدد-
كەن. كۆچكۈندىن قېچىپ ئۈلگۈرگىلى بولمايدىكەن. قورغاندا
ئەسىرگە چۈشكەن ئەمەت ئىسىملىك جەڭچىمۇ كۆچكۈنگە
ئۇچراپ، ئات، قورالى بىلەن قارنىڭ ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالدى.
بەزى جەڭچىلىرىمىز چۆلۈۋرنى بېلىگە ئورىۋالغانلىقى ئۈچۈن
ئات تېيىلىپ ئات بىلەن بىللە چۈشۈپ كەتتى. يول باشلىغۇ-
چىلار يامان يەرلەرنى ياساپ ماڭدى. ئۇنداق بولمىغاندا نۇرغۇن
يولداشلاردىن ئايرىلىپ قالاتتۇق. قەدىمكىلەر ماڭغىلى بولمايدد-
غان جايلارنى پەلەمپەي قىلىپ ياساپ قويۇپتۇ. داۋان ئۈستىگە
چىقىپ بولغاندىن كېيىن ئايغىرئالدى دېگەن مۇزلۇقتىن، ئىد-
پارلىق دېگەن قېلىن قارلىقتىن ئۆتىدىكەنمىز، ئاندىن خادامۇز-
نى بېسىپ ئۆتۈپ پەسكە قاراپ مېڭىپ توغرىسىغا چۈشىدىكەن-
مىز. شۇنداق قىلىپ ئىككى كۈندىن كېيىن خانيايلاققا ئاران



يېتىپ كەلدۇق. يوقلىما قىلغاندا ئون نەچچە ئات، تۆت نەپەر
جەڭچىمىزدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىمىز مەلۇم بولدى. بارسا
كەلمەسكە كىرىپ، ئېزىپ قالغان جەڭچىلىرىمىزنى تۆت كۈندىن
كېيىن ئىزدەپ قايتۇرۇپ كەلدۇق. مۇزداۋاندىن ئۆتۈش ئاسانغا
چۈشمىدى. بىرقانچە يولداشلىرىمىزنىڭ جەسەتلىرى قار تېگىد-
ىدە، چوڭقۇر جىلغىلاردا قالدى. بۇ يولداشلىرىمىزنىڭ قانداق
ئارزۇ ـ ئارمانلىرى، قانچىلىك شېرىن خىياللىرى بولغىيدى!
بىز ھايات قالغانلار ئۇ مەرھۇملارنى ئەسلىمەي تۇرالمايمىز!

خانيايلاققا كېلىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن قۇربانجان ئاكا،
ئىبراھىموف دېگەن ھەربىي باشلىقلار كەلدى. پارتىزانلار ئەترد-
ىتىدىكىلەرنى سەپكە تىزىپ بىرقۇر تەكشۈرۈپ چىقتى. ئۇلار
يازلىق كىيىم بىلەن قېلىن قارنى دەسسەپ تۇراتتى. بەزىلىرد-
ىنىڭ بېشىدا شاپاق دوپپا، تۇماق بار ئىدى، بەزىلىرى باشلىرىغا
لۆڭگە تېڭىۋالغان، بەزىلىرىدە گومىنداڭ كىيىملىرى بار ئىدى،
ئىلىدىن ئاقسۇغا چۈشكەن پارتىزانلاردا مىللىي ئارمىيە كىيىم-
لىرى بولسىمۇ، يىرتىلىپ كەتكەنىدى. رەھبەرلەر پارتىزانلارنىڭ
كىيىملىرىنى كۆرۈپ «كىيىملىرى ناچار بولسىمۇ روھىي ھالد-
ىتى ياخشى ئىكەن، جەڭگىۋارلىقى ئۈستۈن ئىكەن» دېدى ـ دە،
سۆزنى ئاز قىلىپلا، بۇلارغا ھازىرلا كىيىم تارقىتىلىپ بېرىل-
سۇن، دەپ ئۇقتۇرۇش قىلدى. يېڭى كىيىملەرنى كىيىپ، يېڭى
قىياپەتكە كىرگەن جەڭچىلەرنىڭ خۇشاللىقى ئىچىگە پاتماي
كەتتى. بۇلارغا كىيىم تارقىتىلغاندىن كېيىن مۇنتىزىملاشقان
رەسمىي ھەربىي تۈسكە كىردى. قۇربانجان ئاكا ماڭا پودپولكوۋ-
نىك پاگونى بىلەن مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابىنىڭ
ماڭا ئۇنۋان بېرىلگەن بۇيرۇقىنى ئەكېلىپتۇ. مەن ھەربىيچە
سالام بېرىپ تاپشۇرۇۋالدىم.

1945 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى گېنېرال ئىسھاقبېك-
نىڭ بىۋاسىتە قوماندانلىقىدىكى 1 ـ ئاتلىق پولكنىڭ مەۋلانوف

رەھبەرلىكىدىكى 1 ـ ئىسكادرونى خانيايلاققا كېلىپ مۇزداۋاد-
ىدىكى بىزنىڭ قاراۋۇلنى تاپشۇرۇۋالدى. بىزنى ئاقسۇ بوي يېزد-
ىسىغا ئورۇنلاشتۇردى.

## پارتىزانلارنىڭ مۇنتىزىملىشىشى ۋە قىسىملارغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى

ئاقسۇبوي يېزىسىدىن چىققان پارتىزانلارغا كارىلوف رەھبەر-
لىك قىلغان ئىككى ئىسكادروننى قوشۇپ تېكەس 12 ـ ئاتلىق
پولكى قىلىپ تەشكىللەپ پودپولكوۋنىك بايچۇرىننى پولك كو-
ماندىرى، مېنى مۇئاۋىن پولك كوماندىرى قىلىپ بەلگىلىدى.
مەزكۇر قىسىمدىن قاسىم مەڭلىكوف ، ئۆمەرجان رەھبەرلىكى-
دىكى ئىسكادرونلار 1945 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئاق-
سۇبوي يېزىسىغا، پولك شتابى قازاق مەكتەپ ۋە كۇلۇبقا ئو-
رۇنلاشتى. پولك شتابى ئەتراپىغا ھوشۇرئاخۇن باشچىلىقىدىكى
دوختۇرخانا، ئالاقچى ئىزۋوت، مىناميوت ئىسكادرونى، پىلىموت
ئىسكادرونى، ئارقا سەپ بۆلۈملىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. كوماندىر
ئالىكسېي ماتۋېي، كوماندىر دورجى باشچىلىقىدىكى موڭغۇل
ئىسكادرونى تەڭرىتېغىنىڭ باياڭگۇ دېگەن ئاغزىغا، كوماندىر
قىدىرجان، مۇئاۋىن كوماندىرى ئاپباسوف (يەرلىك رۇس، تې-
كەسلىك) رەھبەرلىكىدىكى يەنە بىر موڭغۇل ئىسكادرونى ئاغياز
داۋىنىنىڭ ئاغزىغا ئ-ورۇنلاشتۇرۇلدى. ئاتلىق 12 ـ پولك تەش-
كىل قىلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەي، مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق
شتابىدىن 12 ـ ئاتلىق پولكنىڭ 5 ـ ئاتلىق پولكقا ئۆزگەرتىلد-
گەنلىكى، مېنى 5 ـ ئاتلىق پولكنىڭ كوماندىرى، سىدىق ھاجى-
نى مۇئاۋىن كوماندىر، ئابدۇرېشىت قارىي[1] نى سىياسىي كو-

① ئابدۇرېشىت قارىي ئاتۇشلۇق ئادەم بولۇپ، شۇ ۋاقىتتا موڭغۇلكۈرە ناھىيە-
سىنىڭ ئاخۇنى ئىدى.



مىسسار قىلىپ بەلگىلىگەنلىكى ھەققىدە بۇيرۇق كەلدى.
1945 ـ يىلى 12 ـ ئايلاردا، مەن مىللىي ئارمىيە باش قو-
ماندانلىق شتابىغا تېلېگراما بېرىپ، جەنۇبىي فرونتتىكى ئۇ-
رۇش ئەھۋالىدىن مىللىي ئارمىيە قوماندانلىقىغا ۋە خەلق ھۆ-
كۈمىتىگە دوكلات قىلىشنى سورىدىم. ئون كۈندىن كېيىن باي-
چۇرىن بىرنەچچە ئوفىتسېر بىلەن ئاتلىق 5 ـ پولكقا يېتىپ
كەلدى. ئۇ ماڭا غۇلجىغا كىرىپ دوكلات قىلىش ۋە دەم ئېلىش
ھەققىدىكى بۇيرۇقنى ئاچقىپتۇ. سىدىق ھاجى غۇلجا شەھىرى-
دىكى دوختۇرخانىغا كىرىپ كەتكەنىدى. مەن غۇلجىغا كىرىپ
12 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە سىدىق ھاجى بىلەن دوكلات تەييارلى-
دىم. دوكلاتتا گومىنداڭ قوشۇنلىرىدىن ئولجا ئالغان قورال ـ
ياراغلار؛ ئەسىر ئېلىنغان جەڭچى ـ كوماندىرلار؛ يوقالغان دۈش-
مەن سانى، 2000دەك ئۇلاغ ترانسپورتى بىلەن ئىلىغا ماڭدۇ-
رۇلغان ئاشلىق، رەختلەر ھەتتا دۈشمەن ئايروپىلانلىرىدىن شار
ئارقىلىق ئېلىنغان نەچچە مىليون خەلق پۇلى قاتارلىقلار سان ـ
سېپىرلىرى بىلەن كىرگۈزۈلگەنىدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئۇ-
رۇمچىگە كەتكەچكە، بىز بىلەن بىللە بارغان ھۆكۈمەت ۋەكىل-
لىرىدىن قاسىمجان قەمبىرىلا دوكلات قىلىشتا بىللە بولدى.
دوكلات يىغىنىغا گېنېرال مايور ماژاروف ۋە شتابنىڭ تېگىش-
لىك مەسئۇللىرى قاتناشتى. خەلق ھۆكۈمىتىدىن ئېلىخان تۆ-
رە، ھۆكۈمەت مەسلىھەتچىسى مۇھسىن ئەپەندىم، ھاكىمبەك
خوجا (ئىلى ۋالىيسى)، ئەخمەت ئەپەندىم، ھۆكۈمەت ئىشلىرى
مەسئۇلى ئوبۇلخەيرى تۆرە (قازاق)، مۇھەممەتجان مەخسۇم، سا-
لىجان باي ۋە باشقىلار بار ئىدى. مېنىڭ دوكلاتىم تۈگىگەندىن
كېيىن قاسىمجان قەمبىرى قوشۇمچە قىلىپ، بىزنىڭ يولسىز
تاغلاردىن ئېشىپ جەنۇبىي شىنجاڭغا ئۆتكەنلىكىمىز، تۇرمۇش-
تىكى جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ ئاز قىسىم بىلەن كۆپ دۈشمەن
قوشۇنلىرىغا قەھرىمانلىق بىلەن زەربە بەرگەنلىكىمىز ھەققىدە

سۆزلىدى. ھۆكۈمىتىمىزنىڭ ۋاقتى - قارارىدا ياردەم بېرەلمىگەنلىكى، خۇسۇسەن يېڭىشەھەر سېپىلىنى پارتلىتىشقا پارتلىتىش دورىسى يەتكۈزۈپ بەرمىگەنلىكى، ھەتتا قىشلىق كىيىملەرمۇ ۋاقتىدا يېتىپ بارالمىغانلىقى ھەققىدە توختالدى. رەھبەرلەر بىزنىڭ دوكلاتىمىزنى ئاڭلاپ خىزمىتىمىزگە يۇقىرى باھا بېرىپ رەھمەت ئېيتتى ۋە:

— سىلەر قورال - ياراغلاردىن زىيان تارتتىڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدى. مەن جاۋاب بەرگۈچىلىك قاسىمجان قەمبىرى خاتىرە دەپتىرىنى ئېچىپ:

— پارتىزان قىسىملىرىمىز گەرچە ئاز بولسىمۇ، قايتىشىمىزدا 300دىن ئارتۇق يېڭى پارتىزان پىدائىيلار قوشۇلدى. خۇسۇسەن قورغاندا 91 نەپەر جەڭچى - كوماندىر ئەسىر ئېلىندى. ئۇلارغا تەربىيە بېرىپ سېپىمىزگە قوشۇۋالدۇق، — دېدى.

— 300دىن ئارتۇق ھەر تۈرلۈك قورالنى غەنىيمەت ئالدۇق، — دېدىم مەن قوشۇمچە قىلىپ، — بۇ قوراللار بىلەن پىدائىيلارنى قوراللاندۇردۇق. پەقەت زىيان تارتمىدۇق.

— سىلەرنىڭ جەنۇبىي فرونتتىكى خىزمەتلىرىڭلاردىن ھۆكۈمەت رازى بولدى، — دېدى مۇھسىن ئەپەندىم، — سىلەر دۈشمەنلەرگە ئىلى رايونىغا قاراشقىمۇ ئىمكانىيەت بەرمىدىڭلار. بىزنى جەنۇبىي فرونتتىن خاتىرجەم قىلدىڭلار. ئۇنىڭ ئۈستىگە، دوكلاتقا قارىغاندا قورال ۋە ئادەم كۈچى جەھەتتە كۆچەيگەننىڭ سىرتىدا، جاپالىق بولسىمۇ ئىلىغا يەتكۈزگەن باشقا ماددىي نەرسىلەرنىڭ مىقدارى ناھايىتى كۆپ. شۇڭا، ھۆكۈمەت سىزنى ۋە سەپداشلىرىڭىزنى ئالىي خىزمەت كۆرسەتتى، دەپ باھالىدى. سىزنى بىرىنچى دەرىجىلىك ئىستىقلالىيەت ئوردېنى بىلەن تەقدىرلەشنى قارار قىلدى.

ئەخمەت ئەپەندىم شۇ يەردىلا ئوردېنىنى ئېلىپ مەيدەمگە تاقاپ قويدى. ئولتۇرغانلار چاۋاك چېلىپ مۇبارەكلەشتى. ئېلىخان تۆ-



رە قاسىمجان قەمبىرى، ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ مېداللىرىنىمۇ بەردى. ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئۆزى بولمىغاچقا باشقىلار ۋاكالىتەن تاپشۇرۇۋالدى. مۇھسىن ئەپەندىم سۆزىنىڭ ئاخىرىدا:

— سىلەرنىڭ پارتىزانلار مۇنتىزىملاشقان قوشۇن قىلىپ تەشكىللەندى. سىز جەنۇبىي ئاتلىق 1 - بىرىگادىنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرلىقىغا تەيىنلەندىڭىز، موڭغۇلكۈرەگە قايتسىڭىز بولىدۇ، — دېدى.

مەجلىستىن كېيىن ئەخمەت ئەپەندىم ئىشخانىسىغا مېنى باشلاپ كىردى. بۇ رەھبەرگە ھەربىي كىيىم شۇنداق چىرايلىق ياراشقانىدىكى، پولكوۋنىك ئۇنۋانى، مەيدىسىگە تاقىغان ئازادلىق ئوردېنى ئۆزىگە يارىشىملىق سۈر پەيدا قىلغانىدى. قويغان قارا بۇرۇتى شۇنداق چىرايلىق، خۇش پىچىملىق كۆرۈنۈشنى ھاسىل قىلغانىدى. ئەپەندىم خۇددى ئاتا - ئانامدەك مېنىڭ ئەھۋالىمنى ۋە كوماندىر - جەڭچىلەرنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. ئۇنىڭ سۆزى شۇنداق يېقىملىق ۋە تەسىرلىك ئىدىكى، ھەربىي بولمىغان بولسام يېشىمنى تۇتالمىغان بولاتتىم. ئەخمەت ئەپەندىم سۆزلەپ كېلىپ:

— سىلەر ئاز قوشۇن بىلەن گومىنداڭنىڭ كۆپ قوشۇنىغا زەربە بېرىپ، بىزنى جەنۇبىي فرونتتىن خاتىرجەم قىلدىڭلار، سىلەر كۆپ جاپا تارتتىڭلار، سىلەرگە رەھمەت. سىزگە يېڭى كىيىم تىكتۈرۈپ قويغانىدۇق. ۋاقتىدا ئەۋەتىپ بېرەلمىدۇق، — دېدى.

ئۇ ئىشخانىسىدىكى ياغاچ ساندۇقتىن ماش رەڭ سارجىدىن يېڭى تىكىلگەن بىر پار گىتىلنى ئېلىپ بەردى ۋە ئىشخانىسىدا كىيىپ بېقىشىمنى بۇيرۇدى. مەن چاپىنىمنى سېلىپلا گىتىلنى كىيىپ باقتىم، شىمىنى ئۆلچەپ كۆرسەم توغرا كەلدى. مەن ھەربىيچە سالام بېرىپ رەھمەت ئېيتتىم. يېڭى كىيىملەرنى قولتۇقلاپ مېڭىشىمغا، ئايالىمغا بىر پەلتونى ھۆكۈمەت ماگىزىنىدىن ئېلىشىمغا خەت قىلىپ بەردى ۋە:

— ئەتە كۆلۈبتا چوڭ يىغىن بولىدۇ، شۇ يىغىنغا قاتنىشىپ
ئاندىن قايتىسىڭىز بولىدۇ، — دەپ تەكلىپ قەغىزىنى بېرىپ
تالاغىچە ئۇزىتىپ چىقتى.
بىز چۈشكەن ھەربىي بازىغا بارسام، پودپولكوۋنىك زاكىر
تۆرە بىزنى كەلدى دەپ ئاڭلاپ بازىغا كېلىپ ساقلاپ تۇرغاند-
كەن. ئۇ كىشىنىڭ تەكلىپى بويىچە يۇقىرىدا بايان قىلغاندەك
يېڭى يىلنى بىللە ئۆتكۈزدۇق. ئەتىسى مەن يىغىنغا قاتناشتىم.
مەجلىستە ئالدى بىلەن ھۆكۈمەت خىزمىتى ۋە ئۇرۇش ئەھۋال-
لىرىدىن دوكلات بېرىلدى. دوكلاتتا دېھقانچىلىق ـ چارۋىچى-
لىق، سودا ـ سانائەت، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە كارخانىلارنى تە-
رەققىي قىلدۇرۇش، دېھقان ۋە چارۋىچىلارنىڭ بېجىنى كەچۈرۈم
قىلىش، مالىيە ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىش، دېھقانلارنىڭ ئې-
تىز ـ ئېرىق ئىشلىرىنى توغرا باشقۇرۇش، مائارىپ، سەھىيە
ئىشلىرى، خەلق تۇرمۇشىنى بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈش توغ-
رىسىدا توختالدى. ئەخمەت ئەپەندىم گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن
سۆھبەت ئۆتكۈزۈۋاتقان ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ۋەكىد-
لى سۈپىتى بىلەن يىغىنغا خىزمىتىدىن دوكلات بەردى. ئەخمەت
ئەپەندىم:
— گومىنداڭ ھۆكۈمەت ۋەكىلى جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى بىز
بىلەن دەسلەپتە كۆرۈشكەندە بىزگە «ئىتتىپاقلىق» دېدى، بىز
«باراۋەرلىك» دېدۇق. ئۇ «بىرلىك» دېدى، بىز «خەلقچىللىق»
دېدۇق. جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى مەغرۇر ھالدا مەركىزىي ھۆكۈمەت
نامىدا ئىلى قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ ۋەكىللىرىنى قوبۇل قىلغانلى-
قىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى بەختلىك ۋە خۇشال ھېس قىلماقتىمەن،
دېدى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئىلى ئىنقىلابچىلىرىنى «ئوغرىلار»
دەپ ئاتاشقانىدى. ھازىر ئۇرۇش توختىتىلىپ سۆھبەت ئارقىلىق
تىنچلىق كېلىشىمىنى تۈزۈشنى جاكارلىدى، ھازىر بولسا «ئوغ-
رىلار» بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ. گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ



سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە چاقىرىشى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ يەنە
بىر غەلىبىسى، — دېدى. مەجلىس زالىدا ئۇزۇن ـ ئۇزۇنغا
سوزۇلغان گۈلدۈراس ئالقىشلار ياڭرىدى. ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ
نۇتقىنى يىغىن ۋەكىللىرى قىزغىن چاۋاك بىلەن ئۇزۇپ تۇر-
دى. مۇشۇ شارائىتتا ئىككى تەرەپنىڭ تىنچلىق سۆھبىتى ئۆت-
كۈزگەنلىكىگە خۇرسەنلىك ھېس قىلماقتا ئىدى. ئەخمەت ئە-
پەندىم دوكلاتىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دېدى، — جاڭ جىجۇڭ
ئەپەندىنىڭ خالايدىغىنى تىنچلىق، بىزنىڭ خالايدىغىنىمىزمۇ
تىنچلىق، ئەمما تىنچلىقنىڭ شەرتى خەلقچىللىق. خەلقچىللىق-
نىڭ ئىزدەيدىغىنى تىنچلىق، بىرلىك، تىنچلىقنىڭ ئاساسى
خەلقچىللىق. سۆھبەتتە، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىزنى 60 سائەت
بومباردىمان قىلدى، بىزمۇ 60 سائەت بومباردىمان قىلدۇق، ...
بىزنىڭ ئىشلىرىمىز ھەققانىي بولغانلىقى ئۈچۈن گومىنداڭ
ھۆكۈمىتى باش كۆتۈرەلمەي قالدى.
بۇ گەپنى ئاڭلىغان يىغىن ئەھلى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ،
ئۇزاققىچە چاۋاك چالدى ۋە ئاپىرىن ئوقۇدى. مەرھۇم ئەخمەت
ئەپەندىمنىڭ يىغىندا قىلغان سۆزلىرى ۋە ھەرىكەتلىرىگە گەرچە
40 — 50 يىل بولغان بولسىمۇ، ئۇلار ھازىرغا قەدەر كۆز ئال-
دىمىزدىن كەتمەيدۇ.
يىغىندىن باش قوماندانلىق شتابىنىڭ بۇيرۇقىنى ئېلىپ،
قايتىش ئالدىدا جەنۇبىي فرونتتا يارىلىنىپ، غۇلجا ھەربىي
دوختۇرخانىسىدا داۋالىنىپ ساقايغانلارنى ھارۋىدا تېكەسكە يولغا
سالدۇق. مەن سىدىق ھاجى ۋە مۇھاپىزەتچىلىرىم بىلەن تېكەس-
كە ئاتلىق قايتىپ كەلسەك، موڭغۇلكۈرە، تېكەس ناھىيىلىرد-
دىكى چارۋىچى ـ دېھقانلار ئىچىدە ۋابا كېسىلى قىلىپ كېتىپ-
تۇ. پولك تۇرغان رايون تەۋەسىدىكى چېگىرتى، ئاقسۇبوي،
قاراسۇ يېزىلىرىدىكى خەلق ئارىسىدىمۇ كېسەل تارقىلىپ ئۆي ـ
ئۆيلەردە ئادەملەر يېتىپ كېتىپتۇ، ھەتتا بەزى ئۆيلەردە بىر ـ

بىرىگە قارىغۇدەك ئادەم قالماپتۇ. بىزنىڭ قىسىممۇ بۇ كېسەلـ
دىن قۇتۇلالماپتۇ. كېسەل ئەھۋالىنى تېزدىن خەلق ھۆكۈمىتىـ
گە، مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابىغا خەۋەر قىلدۇق.
ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت بىلەن باش قوماندانلىق شتاب ئادەم تەشـ
كىللەپ، نېغمەت ئىلھامجانوف باشچىلىقىدا ئىككى ماشىنىدا
ھەربىي دوختۇر، سېستىرالارنى ئەۋەتتى. يەرلىك ھۆكۈمەت، بىزـ
نىڭ ھەربىي قىسىممۇ بۇ خىزمەتكە جىددىي ئاتلاندى. بىزنىڭ
قىسىم دوختۇرخانىسىدىكى ھوشۇرئاخۇن باشلىق سەپداشلار
قۇتقۇزۇش خىزمىتىگە جىددىي كىرىشىپ كەتتى. بۇنىڭدىن
باشقا بىز يەنە ياتاق، تەمىنات، ئاشخانىلارنى ئورۇنلاشتۇردۇق.
جىددىي قۇتقۇزۇش ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ مەزكۇر ئىككى
ناھىيىدە 4000 دەك خەلق ۋە ئەسكەر چىقىم بولدى. 1945 ـ
يىلىنىڭ ئاخىرى ۋە 1946 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ۋابا كېسىلىدە
ئۆلگەنلەر ئىچىدە موڭغۇل قېرىنداشلار كۆپرەكنى تەشكىل
قىلىدۇ. مېنىڭ 1 ـ برىگادىغا بېرىشىمغا 1945 ـ يىلى 12 ـ
ئاي ئىچىدە بۇيرۇق چۈشكەن بولسىمۇ يۇقىرىقى سەۋەب بىلەن
ۋاقتىدا بارالماي، كېسەللىكنىڭ ئالدى ئېلىنغاندىن كېيىن 1 ـ
ئاتلىق برىگادىغا باردىم. برىگادا شتابى موڭغۇلكۈرەدە ئىدى. بۇ
برىگادا بۇرۇن مىللىي ئارمىيە قوماندانى گېنېرال لېيتېنانت
ئىسھاقبېك رەھبەرلىك قىلغان دىۋىزىيىنىڭ بىر تەركىبىي
قىسمى ئىدى. گومىنداڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ بىـ
تىم سۆھبىتى مۇناسىۋىتى بىلەن گېنېرال ئۇرۇمچىگە يۆتكىـ
لىش ئالدىدا تۇرغاچقا، مەزكۇر دىۋىزىيىنى ئىككى ئاتلىق برىدـ
گادا قىلىپ تەشكىللىدى. 1 ـ برىگادا باشلىقى ئىبراھىموف (تاـ
تار، سوۋېتتىن كەلگەن)، مۇئاۋىنى مەن، سىياسىي كومىسسارى
ھاجىئاخۇنوف (ئۇيغۇر، سوۋېتتىن كەلگەن)، شتاب باشلىقى يۇـ
نۇس خوجايوف (ئۆزبېك، سوۋېتتىن كەلگەن) ئىدى. دوختۇرخاـ
نا، مال دوختۇرخانا، كومېندانت، گارنىزون، ئالاقىچى بۆلۈملەر



شتاب ئەتراپلىرىغا جايلاشقان بولۇپ، باش قوماندانلىق شتابىغا
ئىككى ئاتلىق پولك قارايتتى. تېكەس ئاتلىق 1 ـ پولك كوماـ
ندىرى مەۋلانوف (قىرغىز، سوۋېتتىن كەلگەن، شېڭ شىسەي
ۋاقتىدا قەشقەردە ساقچى ئىدارىسى باشلىقى بولۇپ تۇرغان)،
مۇداپىئە رايونى موڭغۇلكۈرەنىڭ شاتىدىن مۇزداۋان ئارقىلىق
جەنۇبىي شىنجاڭغا بارىدىغان يول ئىدى. ئاتلىق 5 ـ پولك، كوـ
ماندىرى بايچۇرىن بولۇپ، ئاغىيازداۋان ۋە تاغ ئېغىزلىرىدا
تۇراتتى. يەنە بىر ئاتلىق مۇستەقىل دىۋىزىئون بار ئىدى. ئۇـ
نىڭ كوماندىرى مىرزا ناسىروف تېكەس ناھىيىسىنىڭ چوڭ
قۇشتاي، كىچىك قۇشتاي يايلاقلىرى، كۆچاغا بارىدىغان تاغ ئېـ
غىزلىرىنى قوغدايتتى. 1 ـ برىگادا چوڭراق، ئادەم، ماددىي كۈچى
كۈچلۈك، جەڭگىۋارلىقى ئۈستۈن قوشۇن ئىدى. مەن 1 ـ برىگاـ
دىدا ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدىم ھەم
تەكشۈرۈپ تۇراتتىم. 2 ـ برىگادا كۈنەس، يۇلتۇز ناھىيە[1]لىرىدا
تۇراتتى. برىگادا كوماندىرى نوغايبايوف (قىرغىز، سوۋېتتىن
كەلگەن)، سىياسىي كومىسسارى ئابدۇرېھىمجان ھەسەنوۋ
(ئازادلىقتىن كېيىنمۇ 5 ـ كورپۇس كومىسسارى بولغاندى)،
مۇئاۋىن كوماندىر، شتاب باشلىقلىرى سوۋېتتىن كەلگەن
رۇسلار ئىدى. 1946 ـ يىلى 11 ـ ئايلاردا 11 بىتىم مۇناسىۋىتى
بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن كوماندىر ۋە مەمۇرىي
مەسلىھەتچىلەر بىر كېچىدىلا مەملىكىتىگە قايتتى. ھەممە
خىزمەت يەرلىك ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئىدارىلەرنىڭ باشقۇرۇشىغا
قالدى. شۇنىڭ بىلەن برىگادا كوماندىرلىرى، قوماندانلىق شتاب
قىسقارتىلىپ 1 ـ برىگادا قوماندانلىق شتابىدا بىرلا كىشى —
مەۋلانوف قالدى. شۇ سەۋەب بىلەن مەن يەنە ئاتلىق 5 ـ پولكقا
مەسئۇل بولۇپ ۋەزىپەمنى ئۆتەپ تۇردۇم. بايچۇرىن غۇلجىغا
قايتىپ كەتتى. مەن قىسىمدىكى ۋاقتىدا 5 ـ ئايلاردا دېھقان ـ

① يۇلتۇز ناھىيىسى — ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقتىدا ناھىيە بولغان.

چارۋىچىلارنىڭ دەريادىن ئۆتۈش قىيىنچىلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ،
ئاقسۇ بويىدىكى دەرياغا ئىككى كۆۋرۈك سالدۇق. خەلق ياغاچ ـ
تاش ۋە ماددىي ياردەم بەردى. ياغاچچى، تۆمۈرچى ئۇستىلار بىز ـ
دە بار ئىدى. بۇ ئىشتىن خەلق كۆپ مىننەتدار بولدى. بۇنىڭدىن
باشقا دېھقانلارنىڭ ئېرىق ـ ئۆستەڭلىرىنى كېڭەيتىپ چېپىپ
بەردۇق. موڭغۇلكۈرە ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئالاھىدە رەھمەت
خېتى، مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابىنىڭ تەقدىرنامە ـ
سىنى تاپشۇرۇۋالدۇق. ئاندىن تېكەس 5 ـ ئاتلىق پولكىدىكى
قۇربانجان ئاكا بىلەن پولكنى ئىلى دەرياسىغا سېلىنغان كۆۋ ـ
رۈكنى رېمونت قىلىشقا يۆتكەپ كەلدۇق. بىز كەلگۈچە خەلق
چېدىرلارنى تىكىپ تەييارلىق كۆرۈپ قويۇپتۇ. كۆۋرۈك ئەتراپى
زەي بولغاچقا ئىككى مېتىر چوڭقۇرلۇقتا زەيلىك ئويدۇق. كۆۋ ـ
رۈكنىڭ ئىككى بېشىنى بىر كىلومېتىردەك يەرگىچە بىردىن
ئۈچ مېتىرغىچە كۆتۈردۇق. كۆۋرۈك 25 كۈندە پۈتتى. كۆۋرۈك
ياساۋاتقان ۋاقىتتا ناھىيە ئىچىدىكى خەلق ئات، كالا، قوي، قى ـ
مىز، قېتىق، نان، بوغۇرساق، سامسا، چاي، سېرىقماي قاتارلىق
نەرسىلەرنى ئەكېلىپ ھال سوراپ تۇردى. بۇ ئىشتا مايتاغدىن
ئۆتكەن يولداشلار ئالاھىدە كۈچ چىقاردى. چۈنكى ئۇلار 1942 —
1943 ـ يىللىرى كورلا ـ چاقىلىق تاشيولىنى ياساپ خېلى
تەجرىبىلىك بولۇپ قالغانىدى.

ئاشۇ كۈنلەردە بىتىمنىڭ روھى بويىچە مىللىي ئارمىيىدىكى
30 مىڭدىن ئارتۇق قوراللىق قوشۇننى قىسقارتىپ تەشكىللەش
باشلاندى. بۇ ئىشقا پولكوۋنىك مەتىمىن ئىمىنوف مەسئۇل
بولۇپ، بىر قىسىم كادىرلارنى باشلاپ موڭغۇلكۈرەگە يېتىپ
كەلدى. قىسقارتىشتا يالغۇز ئوغۇل، ئاتا ـ ئانىسى قېرى ياكى
كېسەل، ئائىلىسىدە ئەمگەك كۈچى يوق ياكى ئۆزىنىڭ تېنى
ئاجىزلار ئاساس قىلىندى. ھەربىي سەپتىن قىسقارتىلغانلارنىڭ
ئۈچ ئايلىق مائاشى بېرىلگەندىن باشقا، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ



كىيىم ـ كېچەك، ئېگەر ـ توقۇم، ئات تارقىتىپ بېرىلدى. قو ـ
لىغا ھەربىي سەپتە ئىشلىگەنلىك گۇۋاھنامىسى بېرىلدى. بۇ
گۇۋاھنامە ئازادلىقتىن كېيىن ئېتىراپ قىلىنىپ، يېڭى كە ـ
نىشكىگە ئالماشتۇرۇپ بېرىلدى. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن موڭ ـ
غۇلكۈرەدىكى ئىككى بىرىگادا ئىخچاملىنىپ، تېكەس ئاتلىق پولك
تەشكىل قىلىندى. پولك كوماندىرى مەن (سوپاخۇن)، سىياسىي
كومىسسار ھەمدۇللا قۇربانوف[1] ، مۇئاۋىن پولك كوماندىرى ما ـ
لىك (تېكەسلىك، قازاق)، شتاب باشلىقى ئامانتۇر بايزاكوف[2] ،
مۇئاۋىن شتاب باشلىقى ۋاھاپ بۆكەن (قازاق)، پولك سىياسىي
بۆلۈم باشلىقى روزى قۇربانوف، كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا قۇر ـ
بان مامۇتوف[3] بولدى. تېكەس ئاتلىق پولكتىن ئاشقانلاردىن پىـ
يادە پولك تەشكىللەپ ۋاقىتلىق پولك كوماندىرى سىدىق ھاجى
رەھبەرلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. بۇ پولك غۇلجا شەھىرى ھە ـ
رەمباغقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. كېيىن پولكقا چۆچەك قىسمىدىن
يۆتكىلىپ كەلگەن ئابلاخان پولكوۋنىك رەھبەرلىك قىلدى.

بىز تېكەس ئاتلىق پولكنى رەتلەشتە، 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ
ئىسكادرونلاردىن باشقا پىلىموت ۋە ترانسپورت ئىسكادرونلىرى ـ
نى قۇردۇق. مىنىدىغان ئاتلارنىمۇ قايتىدىن رەڭ بويىچە تۈر ـ
لەرگە ئايرىپ چىقتۇق. بۆلۈم ۋە قوراللارنى تەكشۈرۈپ رەتلە ـ
دۇق. بىر ھەپتىدىن كېيىن پولك بويىچە مانېۋىر ئۆتكۈزدۇق.

---

[1] ھەمدۇللا قۇربان — 1937 ـ يىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان، كەسىپ
ئالماشتۇرغاندىن كېيىن ئاقسۇ ۋىلايىتىگە مۇئاۋىن ۋالىي، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ
نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى بولغان.

[2] ئامانتۇربايزاكوف — قىرغىز، 1949 ـ يىلى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 5 ـ
كورپۇس 13 ـ دىۋىزىيىسى 37 ـ پولكىنىڭ كوماندىرى، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ
نازارىتىنىڭ نازىرى، سابىق شىنجاڭ تېببىي ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى بولغان.

[3] قۇربان مامۇتوف — 5 ـ كورپۇس سىياسىي باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، ئاپتو ـ
نوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، قەشقەرنىڭ ۋالىيسى،
مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان.

2 ـ ئىسكادرون كوماندىرى تۇرسۇن (قازاق)نى موڭغۇلكۈرە نا ـ
ھىيىسىنىڭ شاتى رايونىدىكى مۇزداۋان يولىنى مۇداپىئە قى ـ
لىشقا، 3 ـ ئىسكادرون كوماندىرى ئەختەموفنى كۈنەس، يۇلتۇز
ناھىيىسىنىڭ نارات، بايىنبۇلاق قاتارلىق جايلىرىنى مۇداپىئە
قىلىشقا ئورۇنلاشتۇردۇق. بۇنىڭدىكى مەقسەت قاراشەھەر، كۇچا
قاتارلىق جايلاردىكى گومىنداڭ قىسىملىرىنىڭ ھۇجۇمىدىن
ساقلىنىش ئىدى. قالغان قىسىمنى قوماندانلىق شتاب، ئارقا
سەپ تەمىنات، دوختۇرخانا، مال دوختۇرخانىلار بىلەن بىللە ئو ـ
رۇنلاشتۇردۇق.

ھەربىي سەپتىن بوشانغانلارنىڭ قورالىلىرىنى ساقلاش ئىس ـ
كىلاتى قورغاس ناھىيىسىنىڭ بۇرۇنقى جياڭجۈن ئولتۇرغان
بۇتخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. بۇ يەر كۆرە يامۇلى دەپ ئا ـ
تىلاتتى. ئىسكىلات، كەڭساي تەلكى داۋىنى، چۆچەك، ئالتاي،
شىخۇ يوللىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش ۋە گومىنداڭ ئىش ـ
پىيونلىرىنىڭ ئىلى رايونىغا كىرىۋېلىشىنى توسۇش 3 ـ ئىس ـ
كادرون كوماندىرى قاسىم مەڭلىكوف، مۇئاۋىن كوماندىرى تاش ـ
مەھەممەت (غۇلجىلىق)لەرگە تاپشۇرۇلدى.ئۇزاق ئۆتمەيلا شىخۇ ـ
دىن قايتۇرۇپ كېلىنگەن زەمبىرەكچىلەر دىۋىزئونى، تانكا،
برونېۋىك قىسىملىرىنى بىزگە قوشۇۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن بىز
چوڭ ھەم كۈچلۈك قوشۇن بولۇپ قالدۇق. كېڭەيگەندىن كېيىن
قوشۇنىمىزنى قايتا تەشكىللەشكە توغرا كەلدى. زۆرۈرىيەتكە
قاراپ بىرقانچە ئىسكادرونلارنى قۇردۇق. ئوقۇتۇش ئىسكادرونى ـ
نىڭ كوماندىرى تۇراق ئىسمائىل، مۇئاۋىن كوماندىرى ئالىمبېك
(قازاق)، سىياسىي كومىسسارى سېلىم ئىسكەندەر بولدى. ئوقۇ ـ
تۇش ئىسكادرونىنىڭ ۋەزىپىسى كەنجى كوماندىرلار ۋە ئوتتۇرا
دەرىجىلىك كوماندىرلارنى يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىدى.

پىلىموت ئىسكادرونىدا ئىككى ـ يېنىك پىلىموتلار بولۇپ،
كوماندىرى ئابدۇللا، مۇئاۋىنى ئابدۇل ياقۇپ (كېيىن ئاقسۇ ئاۋات



ناھىيىسىنىڭ ساقچى ئىدارىسى باشلىقى بولغان) ئىدى. مەزكۇر
ئىسكادرونلار بىۋاسىتە پولك شتابىغا قارايتتى.

ئالاقىچى ئىزۋوتنىڭ كوماندىرى ئابدۇرېھىم بولۇپ، 32 نە ـ
پەر جەڭچى، كومىبنداتۇرا ئىزۋوتنىڭ كوماندىرى تىلەۋقان
(قازاق) بولۇپ 33 جەڭچى، دوختۇرخانا باشلىقى ھوشۇرئاخۇن
بولۇپ، جەڭچى ۋە سېستىرالارنى قوشقاندا 40 نەپەر ئادەم بار
ئىدى. مال دوختۇرخانا باشلىقى ئوسمان ئەپەندى، مۇئاۋىنى با ـ
ست (كېيىن فۇكاڭ ناھىيىلىك دوختۇرخانىدا ئىشلىگەن) ئى ـ
دى. ھەربىر ئىسكادروندا بىردىن مال دوختۇرى، ئات تاقىلايدى ـ
غان تاقىچى بار ئىدى. تېكەس ئاتلىق 1 ـ پولك تەمىنات بۆلۈ ـ
مىنىڭ باشلىقى ماخمۇتجان سايىتوف[1] بولۇپ، بۇنىڭ قارىمى ـ
قىدا 15تەك خىزمەتچى بولۇپ، بوغالتىرى ئەخمەتجان (ئازادلىق ـ
تىن كېيىن سودا نازارىتىگە كەسىپ ئالمىشىپ چىققان) ئىدى.
مەزكۇر تېكەس 1 ـ ئاتلىق پولكىدا 3800 نەپەر ئادەم، 4200
تۇياق ئات بولۇپ، تەمىنات بۆلۈمى بۇلارنىڭ بارلىق تەمىنات
ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى. ئۇلاغ ترانسپورت كوماندىرى چەكەن ـ
باي (قىرغىز)، مۇئاۋىنى ئاۋۇت تاقىچى (ئازادلىقتىن كېيىن
ئاقسۇ قاتناش ساھەسىدە ئىشلىدى)، بۇنىڭ تەركىبىدە 100 نە ـ
پەر جەڭچى، 250 تۇياق ئۇلاغ بار ئىدى. قورال بۆلۈمىنىڭ باش ـ
لىقى ئەخمەت بوتايوف (ئازادلىقتىن كېيىن توققۇزتارا ناھىيە ـ
لىك قوراللىق بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان)، مۇئاۋىن بۆلۈم
باشلىقى يۈسۈپ ئايۇپ (كېيىن قۇرۇلۇش ئىدارىسىدە ئىشلى ـ
گەن). بولۇپ، ئۇلارنىڭ قول ئاستىدا 22 نەپەر جەڭچى بار ئىدى.

بىزگە قوشۇلغان زەمبىرەكچىلەر دىۋىزئونىنى قايتىدىن
تەشكىللەپ چىقتۇق. دىۋىزئون كوماندىرى ئەسئەت تېيىپوف
(ھازىر ئالمۇتادا)، مۇئاۋىن دىۋىزئون كوماندىرى رەئۇپ سەيپى ـ

[1] ماخمۇتجان سايىتوف ــ ئازادلىقتىن كېيىن يەكەنگە ۋالىي، ئاپتونوم رايون ـ
لۇق مالىيە نازارىتىگە نازىر بولغان.

دىنوف (تاتار) بولدى. بۇلارنىڭ قارىمىقىدا ئۈچ ئوتتۇرا ئەترەت بار بولۇپ، 1 ـ ئەترەت تانكا، برونېۋىك ئەترىتى، قالغان ئىككى ئەترەت زەمبىرەكچىلەر ئەترىتى ئىدى.

ئىككى ئاتلىق دىۋىزىئون (ئاتلىق چوڭ ئەترەت) قۇرۇلۇپ، 1 ـ ئاتلىق دىۋىزىئون كوماندىرى ھاشىمجان (قازاق)، 2 ـ دىۋىزىئون كوماندىرى شارشىبېك[1] ئىدى. بۇ دىۋىزىئونلارنىڭ ھەربىرىدە ئۈچتىن ئىسكادرون بار بولۇپ، قوراللىرى خىل ئىدى.

1947 ـ يىلى 7 ـ ئايلاردا بىز مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، تېكەس ئاتلىق پولكىدىن بىر قوماندانلىق ئىسكادرون (100 نەپەر) خىللانغان قوشۇن چىقىرىپ، ئۆمەرجان كېرىموف رەھبەرلىكىدە ئالتاي فرونتىغا ياردەمگە ئەۋەتتۇق. چۈنكى ئىلى رايونىدا تېكەس ئاتلىق 1 ـ پولكىدىن باشقا ئاتلىق قىسىم يوق ئىدى. ئاتلىق قىسىملارنىڭ كۆپرەكى شىمالىي ۋە ئوتتۇرا، جەنۇبىي فرونتتا پىيادە قىسىملار بىلەن بىرگە تۇراتتى. غۇلجا شەھىرىدە ئاتلىق قىسىملار بولسىمۇ، بۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ۋەزىپىسى بار ئىدى.

1 ـ تېكەس ئاتلىق قىسىم دائىم جەڭگىۋار ھالەتتە تۇراتتى. قىسىمنىڭ 30 — 40 پىرسەنتىنى قازاق ياشلىرى تەشكىل قىلاتتى. ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرى ۋە باشقا مېھمانلار كەلسە، 1 ـ ئاتلىق پولكىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ۋە ھەربىي، تەلىم ـ تەربىيە پائالىيەتلىرىنى كۆرەتتى. بەزى ۋاقىتلاردا ئەخمەت ئەپەندىم تۇيۇقسىز مېھمانلارنى باشلاپ چىقىپ ئۇلارغا بىزنىڭ ئاتلىق مەشىق، پىيادە پائالىيەتلىرىمىزنى كۆرسىتەتتى. ھەپتىدە ياكى ئىككى ھەپتىدە مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابىدىن گېنېرال لېيتېنانت ئىسھاقبېك ياكى شتاب باشلىقى، گېنېرال مايور مازاروف بىر قىسىم كومىسسارلار بىلەن كېلىپ

① شارشىبېك — قىرغىز، ئازادلىقتىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان.



ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە ھەتتا جەڭچىلەرنىڭ تازىلىقلىرىغىچە تەكشۈرۈپ تۇراتتى. پىيادە قىسىملارنىمۇ شۇنداق قىلاتتى. باھالاش نەتىجىسىنى بۇيرۇق ئارقىلىق باش قوماندانلىق شتاب مىللىي ئارمىيە بويىچە ئېلان قىلاتتى. بىز بىرىنچىلىكنى ياكى ئىككىنچىلىكنى قولدىن بەرمەيتتۇق.

تېكەس 1 ـ ئاتلىق پولكىنىڭ ئالدىنقى قاراۋۇل مۇداپىئەسىدە تۇرغان جەڭچى ـ كوماندىرلارنىڭ جەڭگىۋارلىقى ۋە سىياسىي ھوشيارلىقى ئۈستۈن ئىدى. ئۇلار ھەربىي ۋەزىپىنى ئۆتىگەندىن باشقا بىز تەرەپكە ئۆتكەن جاسۇسلارنىمۇ تۇتاتتى. بۇنداق جاسۇسلار 1946 — 1947 ـ يىللىرى 11 بىتىم مۇناسىۋىتى بىلەن كۆپرەك كەلدى. تۇتۇلغان بەزى جاسۇسلار يەرلىك ساقچى ئورۇنلارغا تاپشۇرۇپ بېرىلەتتى. بەزى مۇھىم جاسۇسلار مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابىنىڭ رازۋېدكا بۆلۈمىگە تاپشۇرۇلاتتى. بەزىدە بىزگە چېتىشلىق بەزى ئوغرىلىق، قاتىللىق دېلولىرىنىمۇ ئىشلەيتتۇق. 1947 ـ يىلى 10 ـ ئايلاردا 1 ـ ئاتلىق پولك كوماندىرلىرىغا ھەربىي دەرس ئۆتۈۋاتاتتىم، سۈيدۈڭكۈرە يەرلىك شۆبە ساقچى ئىدارىسى باشلىقى مۇھەممەت نەزەر كېلىپ، بۈگۈن كېچە ئوغرىلار بىر خەنزۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئۈچ كىشىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ ئۆيىنى بۇلاپ كېتىپتۇ، دېلو سادىر بولغان جايدا پىيادە قىسىمنىڭ پاگونى تۇرىدۇ، دەپ دوكلات قىلدى. سۈيدۈڭكۈرەدە خەنزۇلار ئولتۇراقلاشقانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تارىختىمۇ جىياڭجۈنلەر تۇرغان جاي بولغاچقا، چوڭراق رايون ئىدى. ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى سۈيدۈڭكۈرەدىكى خەنزۇلارغا ئاھالىلەر كومىتېتى قۇرۇپ بېرىپ، بۇلارنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا بىۋاستە رەھبەرلىك قىلاتتى. بىز بۇ دېلو مۇناسىۋىتى بىلەن سۈيدۈڭكۈرە رايونىنىڭ باشلىقى يۇسۇپجان ئەپەندى، ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى مۇھەممەت نەزەر، خەنزۇلار ئۇيۇشمىسى باشلىقى ۋاڭ خۇيجاڭ ۋە قەستكە ئۇچراپ

ئۆلگۆچىلەرنىڭ تۇغقىنى چىڭ شەنبىڭ بىلەن بىرلىكتە تەك-
شۈرۈش ئېلىپ باردۇق. ئوغرىلار چىڭ فامىلىلىك خەنزۇنىڭ
ئۆيىگە كىرىپ بوۋاي، موماي ۋە قىزىنى قوشۇپ ئۆلتۈرۈپ، ياش
كېلىننى چالا ئۆلۈك قىلىپ قويۇپ، ئۆيدىكى مۈلۈكلەرنى
بۇلاپ كېتىپتۇ. بىز ياش چوكاننى دەرھاللا بىزنىڭ قىسىمنىڭ
دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ بېرىپ جىددىي قۇتقۇزدۇق. ئۈچ كۈن
تەكشۈرۈش ئارقىلىق بىر ئايالنىڭ كېچىسى تالاغا تەرەتكە چىق-
قاندا ئۆستەڭنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىرىنىڭ باش ـ كۆزىنى يۇيۇۋات-
قانلىقىنى كۆرگەنلىكىدەك يىپ ئۇچىغا ئىگە بولدۇق. بىزنىڭ
دىققىتىمىز شۇ يىپ ئۇچىغا مەركەزلەشتى. ئۆلگۈچىلەرنىڭ
ھويلىسىنىڭ بۇلۇڭىدا ئېلېكتر سىمى تارتىلغان تۈۋرۈك بولۇپ
ئوغرىلار شۇ تۈۋرۈك بىلەن ھويلىغا چۈشۈپ قاتىللىق قىلىپ،
يەنە شۇ تۈۋرۈك بىلەن چىقىپ كەتكەن. ئوغرىلار ئىزىنى يوقى-
تىپ، جىنايەتنى ھەربىيلەرگە ئارتىش ئۈچۈن مىللىي ئارمىيە
پىيادىلەر قىسمىنىڭ قىزىل پاگوننى تۈۋرۈك يېنىغا تاشلاپ
قويغان، ئاتلىقلارنىڭ پاگونى يېشىل ئىدى. جىددىي تەكشۈرۈش-
تىن كېيىن جىنايەت گۇماندارى دەپ ھېسابلانغانلاردىن ئۈچ
كىشىنى قولغا ئېلىپ تۇتۇپ تۇردۇق. زەخىملەنگەن ئايال خېلى
ياخشى بولۇپ قالغاندىن كېيىن، ساقچى ئىدارىسىگە ئەكىرىپ
ئىشخانا دېرىزىسى ئالدىغا ئولتۇرغۇزۇپ، ھويلىدا نەزەربەندتە
ئىشلەۋاتقانلاردىن قايسىسى قاتىل ئىكەنلىكىنى تونۇپ بېرىشكە
سالدۇق. بۇ ئايال بىرىنى ئەمەس دېدى، قالغان ئىككى كىشىنىڭ
كىيىم ـ كېچەكلىرى، بوي ـ تۇرقى، رەڭگىرويىغا قاراپ، مۇ-
شۇلار دەپ جەزملەشتۈردى. قاتىللار سوراق قىلىنىپ، سۈيدۈڭ-
كۈرەدە ئولتۇرۇشلۇق ئېلى «كېپىنەك»، ئەيسا «كېپىنەك» دەپ
ئاتالغان ئاكا ـ ئۇكىلار ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. سوتنىڭ ھۆكۈ-
مى بويىچە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ شۇ ئانىلا ئىجرا قىلىندى.
دېلو يۈز بەرگەندە ئەخمەت ئەپەندىمگە تېلېفون ئارقىلىق دوكلات



قىلىنغانىدى. ئەخمەت ئەپەندىم دەرھال تەكشۈرۈپ نەتىجىسىنى
يوللاڭلار دەپ تاپشۇرۇق بەرگەچكە، دېلو ھەققىدىكى دوكلاتنى
ئەخمەت ئەپەندىمگە بىۋاستە تاپشۇردۇم. ئىشخانىدا ھاكىمبەگ
خوجا، ئابدۇكېرىم ئابباسوف، مىللىي ئارمىيە شتاب باشلىقى
مازاروف ھەم غېنى باتۇرلار بار ئىكەن. ئەخمەت ئەپەندىم دوكلا-
تىمنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كېتىپ «دېلونى تېزدىن بىر تەرەپ قىل-
غانلىقىڭلاردىن رازى بولدۇم» دېدى ۋە بىزنىڭ ئاتلىق پولك
توغرۇلۇق گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئىگىلىگەن ئەھۋالىنى
سۆزلەپ بەردى.
—— پولكوۋنىك سوپاخۇن، —— دېدى ئەخمەت ئەپەندىم، —— سى-
لەر شىخۇ، مايتاغدىن قوراللىق ئىسيان كۆتۈرۈپ گومىنداڭ
ھاكىمىيىتىگە قارشى چىققىنىڭلاردا، گومىنداڭچىلار سىلەرنى
ئالدىڭلاردىن توسۇپ ھەم ئارقاڭلاردىن قوغلاپ يوقىتالماي، گو-
مىنداڭچىلار، بۇلار بىزنىڭ يۇزىمىزنى تۆكتى، قوراللىق كۈچى-
مىزنى ئاجىزلاشتۇردى، ئوغرىلارنىڭ كۈچىنى كۈچەيتىپ، خو-
رىكىنى ئۆستۈرۈۋەتتى دەپ قاۋشىغانىدى. سىلەر مىللىي ئارمى-
يىنىڭ تېكەس 1 ـ ئاتلىق پولكى بولۇپ تەشكىل قىلىنىپ،
ئالدىنقى قاراۋۇلدا مۇداپىئەدە تۇرغاندىن كېيىن سىلەرنىڭ
ئەسكىرىي كۈچۈڭلار، قورالىڭىش ئەھۋالىڭلار ۋە جەڭگىۋارلىق
دەرىجەڭلەرنى ھەم كىمنىڭ رەھبەرلىكىدىكى قىسىم ئىكەنلىكى-
نى خېلى ئۇزاقچە بىلەلمەپتۇ. كېيىن جاسۇسلار ئارقىلىق
سىزنىڭ رەھبەرلىكىڭىزدىكى ئاتلىق قىسىم ئىكەنلىكىنى بى-
لىپ، بۇ سوپىنىڭ شۇنچىلىك ئەسكىرىي كۈچى بارمۇ، دەپ
چۆچۈپ كېتىپتۇ. 1 ـ ئاتلىق پولكىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا با-
رىدىغان ھەممە تاغ ئېغىزلىرىدا ھەم ئىلى رايونىنىڭ شىمالىي
تاغلىرىدا شۇنداق چوڭ فرونتنى بويلاپ مۇداپىئەدە تۇرغۇدەك
كۈچى بولسا، باشقا قىسىملار بۇنىڭدىنمۇ كۆپ بولۇشى مۇمكىن
دەپ ۋاتىلداپتۇ. بىز مىللىي ئارمىيىنى 11 بىتىمنىڭ ماددىلىرى

بويىچە قىسقارتىپ تەشكىللىگەنىدۇق، بۇ ھەممىگە ئايان. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئىشەنمەي، ئارقىمۇئارقىدىن ئىشپىيونلىرىنى ئىشقا سالدى. مەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە، سىلەر جاسۇسلارنى سىلىپ ئاۋارە بولغۇچە مەندىن سورىساڭلار، ئېيتىپ بەرمەسمىدىم، دېدىم، بىز بىتىم بويىچە مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنى فرونتتىن ئارقىغا چېكىندۈرۈپ، ئەسكەرلەرنى قىسقارتتۇق، بىزدە ھازىر ئۈچ ئاتلىق پولك، ئۈچ پىيادە پولكلا بار، دېدىم ۋە بۇ قىسىملاردىكى كوماندىرلارنىڭ ئىسىملىكى، قىسىملارنىڭ تۇرغان ئورۇنلىرىنى ئېيتىپ بېرىپ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە رەددىيە بەردىم، — دېدى. بىز ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ كۈلۈشۈپ كەتتۇق.

1947 ـ يىلى 10 ـ ئايلاردا تېكەس ئاتلىق 1 ـ پولك قارىمىقىدىكى زەمبىرەكچىلەر دۈشمەنگە ئوتتۇرا يۆنىلىش فرونتىغا يەنە ماڭدۇردۇق.1947 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى بۈيرۇق بويىچە تېكەس ئاتلىق 1 ـ پولك كۈنەس ناھىيىسىنىڭ ئارالتۆپە، نارات، يۇلتۇز رايونىغا كۆچتى. كۆچۈش ئەھۋالىنى رەھبىرىمىز ئەخمەت ئەپەندىمگە دوكلات قىلىش ھەم يوليورۇق سوراش ئۈچۈن غۇلجىغا باردىم. ئۇ ۋاقىتتا، قوماندان ئىسھاقبېك ئوتتۇرا يۆنىلىش رايونى بولغان شىخۇدا ئىدى. مەن ئىشخانىغا كىرگەندە مىللىي ئارمىيە شتاب باشلىقى مازاروف، ئەلى ۋالىيسى ھاكىمبەگ خوجا، بانكا، باجخانا باشلىقلىرى مەجلىس ئېچىۋاتقانىكەن. رۇخسەت قىلىنغاندىن كېيىن ئىشخانىغا كىرىپ ئەپەندىمگە ھەربىيچە سالام بەردىم ۋە:

— تېكەس 1 ـ ئاتلىق پولك بۇيرۇق بويىچە كۈنەسكە قاراپ يولغا چىقتى، — دەپ دوكلات قىلدىم.

— قىسىمنىڭ ھەممىسى مېڭىپ بولدىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئەخمەت ئەپەندىم.

— قونالغۇ، يېمەك ـ ئىچمەك، قاتارلىقلارنى كۆزدە تۇتۇپ



بىر كۈن ئارىلىق تاشلاپ بىر ئىسكادروندىن يولغا سالدۇق.

ئەخمەت ئەپەندىم ھەربىي ئەھۋاللار توغرۇلۇق بىرقانچە سوئاللارنى مەندىن سوراپ جاۋاب ئالغاندىن كېيىن، بىزنىڭ تېكەس 1 ـ ئاتلىق پولكنى يۇقىرىدىكى ئۇسۇللار بىلەن يولغا سالغانلىقىمىزدىن ناھايىتى مەمنۇن بولدى ۋە بىزگە رەھمەت ئېيتتى. ئاندىن شتاب باشلىقى مازاروف بىلەن رۇسچە سۆزلىشىپ ماڭا قاراپ:

— كۈنەسكە ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن تېلېگراممىا بېرىڭلار، جەڭگىۋار بۇيرۇق كۈتۈڭلار، — دېدى.

— باشقا يولیورۇق بولمىسا قايتسام بولامدۇ؟

— تۇرۇپ تۇرۇڭ، — دېدى ئەخمەت ئەپەندىم ۋە ئىچكىرىكى ئۆيدىن ئۆزىنىڭ 12 سۇڭلۇق سۈرىتىنى ئاچىقىپ ئۆز قەلىمى بىلەن «پولكوۋنىك سوپاخۇنغا يادىكار بولسۇن، ئەخمەتجان قاسىمى» دەپ يېزىپ ماڭا تەقدىم قىلدى. مېنى ھەربىي فورمام بىلەن سۈرەتكە تارتتى. ئۇنىڭدىن باشقا ماڭا بىر دانە قول سائەت، بىر دانە پاركىر قەلەم تەقدىم قىلدى. مەن بۇ تەۋەررۈك يادىكارلىقلارنى قولۇمغا ئالغاندا رەھمەت ئېيتىشتىن باشقا سۆز تاپالمىدىم. مەن ئىشىكتىن چىققاندا ئەخمەت ئەپەندىم شتاب باشلىقى مازاروف بىلەن ھويلىغىچە ئۇزىتىپ قويدى. بۇ ئىشلارغا 50 يىلچە بولۇپ قالغان بولسىمۇ ھازىرقىدەك ئېسىمدە ساقلانماقتا.

## مېنىڭ مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى ھەربىي تەييارلىق بۆلۈمىگە يۆتكىلىشىم ۋە كېيىنكى ئەھۋاللىرىم

1948 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، مېنىڭ مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتاب ھەربىي تەييارلىق بۆلۈمىگە يۆتكەلگەنلىكىم

ھەققىدە بۇيرۇق كەلدى. چاقىرىق بويىچە كۈنەستىن غۇلجا شەھىرىگە قايتىپ كېلىپ ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ ئىشخانىسىغا كىرسەم، ئەخمەت ئەپەندىم شىخۇ ئوتتۇرا يۆنىلىشتىن قايتىپ كەلگەن قوماندان، گېنېرال ئىسھاقبېك ۋە بىرقانچە رەھبەرلەر بىلەن سۆزلىشىپ ئولتۇرغانىكەن. مەن كىرىپلا:

— چاقىرىقىڭىز بويىچە قايتىپ كەلدىم، — دەپ دوكلات قىلدىم.

— سىز قاچان كەلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى گېنېرال ئىسھاقبېك.

— مەن ئاخشام كەلدىم.

ئەخمەت ئەپەندىم ئولتۇرغانلار بىلەن سۆزلىشىپ بولغاندىن كېيىن ماڭا قاراپ:

— سىزنى چاقىرتىشتىكى سەۋەب، سىز بۇرۇن ھەربىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنىكەنسىز ھەم سوۋېت ھەربىي كوماندىرلىرىنىڭ تەلىم - تەربىيىسىنى بىۋاستە ئالغانىكەنسىز. پولكوۋنىك ئابلاخان، پودپولكوۋنىك ئابدۇرېشىت تۇردىيوفلار سىزنىڭ ساۋاقداشلىرىڭىز ئىكەن، سىز ئوقۇغاچقا تېكەس 1 - ئاتلىق پولكىنى ھەربىي تەلىم - تەربىيىدە ئۈستۈن، جەڭگىۋارلىقى يۇقىرى، ئىنتىزامچانلىقى كۈچلۈك قىلىپ تەربىيىلەشتە ھەسسىڭىز چوڭ بولدى. ھازىر ئۇرۇش توختىدى. ئەمدى بارلىق ھەربىي قىسىمنى قاتتىق تەربىيىلەشتە سىزگە ئوخشاش كوماندىرلارغا موھتاج بولۇۋاتىمىز. شۇڭا سىزنى مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى ھەربىي تەييارلىق بۆلۈمىگە يۆتكىدۇق، — دېدى.

— مەن بۇيرۇقنى جان - دىلىم بىلەن ئورۇندايمەن، يولداشلارنىڭ ياردىمىدە كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ئىشلەپ كۆرەي، — دېدىم.

بۇيرۇق بويىچە ھەربىي تەييارلىق بۆلۈمىگە بارسام، پودپولكوۋنىك ئانانىن (رۇس) دېگەن كىشى بار ئىكەن، ئۇنىڭ بىلەن



بىللە ئىشلىدۇق.

ھەربىي تەييارلىق بۆلۈمى پۈتۈن مىللىي ئارمىيىدىكى ئاتلىق ۋە پىيادە قىسىملارغا ھەربىي تەلىم - تەربىيە بېرىشكە مەسئۇل ئىدى. دەرسلىكلەرنى، پەسىللىك، ئايلىق، ھەپتىلىك، سائەتلىك پروگراممىلارنى تۈزۈپ بارلىق قىسىملارنىڭ شتابلىرىغا يەتكۈزۈپ بېرەتتى. قىسىملار ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن ئىجرا قىلاتتى. قىسىملارنىڭ تەلىم - تەربىيە پروگراممىلىرىنى ئىجرا قىلىش، ئۆزلەشتۈرۈش ئەھۋالى ھەر ئايدا بىر قېتىم تەكشۈرۈلەتتى. 6 - ئايدا بولسا چوڭ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلاتتى.

1949 - يىلى 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 5 - كورپۇسى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. كورپۇس قارمىقىدا ئىككى دىۋىزىيە قۇرۇلدى. 13 - دىۋىزىيە قەشقەردە تۇردى، كوماندىرى مەمتىمىن ئىمىنوف؛ 14 - دىۋىزىيە شىخۇدا تۇردى، كوماندىرى ئىبراھىموف (قازاق) ئىدى.

بۇرۇن مەن تۇرغان تېكەس ئاتلىق پولكى كۈنەستىن 1949 - يىلى 11 - ئايدا ئاقسۇ ۋىلايىتىگە يۆتكەلدى. كېيىن 13 - دىۋىزىينىڭ 37 - پولكى بولۇپ قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن تېكەس ئاتلىق پولكى دېگەن نام ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 37 - پولكقا سابىق تېكەس 1 - ئاتلىق پولكىنىڭ شتاب باشلىقى ئامانتۇر بايزاكوف كوماندىر بولدى. 1950 - يىلى 1 - ئايدا شىخەنزىدە مۇداپىئەدە تۇرغان كەڭساي ئاتلىق پولكى قايتىدىن مۇستەقىل كەڭساي 2 - ئاتلىق پولكى قىلىپ قۇرۇلدى. مەن مۇشۇ پولكقا يۆتكىلىپ باردىم. بىز يەنسىخەينىڭ بۇرۇنقى پىيادىلەر پولكى تۇرغان ئورۇنغا ئورۇنلاشتۇق. بۇ يەردە ھەربىي مەشىقتىن باشقا قوشۇمچە دېھقانچىلىق قىلدۇق. 1951 - يىلى 12 - ئايدا مەزكۇر پولك كۈنەس ناھىيىسىنىڭ ئاتلىق 1 - پولكى تۇرغان ئورۇنغا يۆتكەلدى. كېيىن 13 - دىۋىزىيە قارمىقىغا ئۆتۈپ كەت-

تى. مەن كوماندىرلىقنى يۇنۇس قادىروفقا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، 5 ـ كورپۇس ھەربىي تەييارلىق بۆلۈمىگە كېلىپ بۆلۈم باشلىقى بولۇپ ئىشلىدىم. 1951 ـ يىلى 6 ـ ئايدا شىنجاڭ ھەربىي رايونى سىياسىي باشقارمىسى ئاچقان سىياسىي كۇرسقا كېلىپ تەربىيىلەندىم.

ئەينى يىللاردا ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىدە ھەربىي كۆزقاراش كۈچلۈك بولۇپ، ھەممە ئىش، ھەرقانداق ھەرىكەت ھەربىي بۇيرۇق بىلەن ئىجرا قىلىناتتى، سىياسىي خىزمەتلەرمۇ چىڭ تۇتۇلاتتى. شۇڭا مىللىي ئارمىيىنىڭ ھەرقانداق كوماندىر ـ جەڭچىسى قايسى مىللەتتىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىر دەرىجە يۇقىرىنىڭ ياكى ئۆز كوماندىرىنىڭ بۇيرۇقىنى سۆزسىز، جان ـ دىلى بىلەن ئىجرا قىلاتتى. قىسىملاردىكى بارلىق جەڭچى ـ كوماندىرلار بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ئىتتىپاق، ئىناق ياشايتتى، بىر ـ بىرىگە كۆيۈنەتتى، بىر ـ بىرىگە غەمخورلۇق قىلاتتى. قىسىم ئۆزى تۇرغان جايلاردىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن ناھايىتى ياخشى ئۆتەتتى، شۇڭا خەلق جەڭچىلەرنى ئۆز پەرزەنتلىرى دەپ قارايتتى.

تېكەس ئاتلىق 1 ـ پولكنىڭ ئوفىتسېر ـ جەڭچىلىرىنىڭ ھەربىي ماھارىتى يۇقىرى، ئىنتىزامچانلىقى كۈچلۈك، ئۇلار خىزمەتتە ئاكتىپ، تىرىشچان ھەم نۇرغۇن ئۇرۇشلارغا قاتنىشىپ، ھەربىي تاكتىكىدا خېلى يۇقىرى ماھارەتكە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇرۇش دەۋرىدە ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىپلا قالماستىن، ئازادلىقتىن كېيىنمۇ بۇ كادىرلار ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى سەپلىرىدە مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، ئۆز كۈچىنى خەلققە تەقدىم قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى شارشىبېك، مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى ھەمدۇللا قۇربانوف، مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى مەخمۇتجان سايىـ



توف، مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى، تېببىي ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى ئامانتۇر بايزاكوف، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قۇربان مامۇتوف، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى تۇراق ئىسمائىللار ئەنە شۇ تېكەس 1 ـ ئاتلىق پولكىدىن چىققان كوماندىرلار ئىدى. بۇلاردىن باشقا نۇرغۇن كادىرلار ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ھاكىم، بۆلۈم باشلىقى، رايون باشلىقى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلەپ دەم ئېلىشقا چىقتى.

## خاتىمە

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا 50 يىلدىن ئاشتى. بۇ ھەرىكەتكە قاتناشقانلىرىمىز قېرىپ قالدۇق، چاچ ـ ساقاللىرىمىزغا ئاق كىردى، قەددىمىز ئېگىلدى. لېكىن، بۇ كۈرەشچان يىللاردا بېشىمىزدىن ئۆتكەن ئىشلارنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇپ قالغىنىمىز يوق.

ئازادلىقتىن كېيىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھەققىدە نۇرغۇن ماقالىلەر يېزىلدى. كۆزقاراشلاردا ئاساسەن بىرلىك بولسىمۇ، بەزى نۇقتىلاردا قىسمەن ئوخشىماسلىقلار يوقمۇ ئەمەس. مەن ۋە مېنىڭ سەپداشلىرىم شۇ تارىخنىڭ گۇۋاھچىلىرى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ئاساستا ئاشۇ تارىخىي يىللار ھەققىدە بىرەر نەرسە دېيىشكە تامامەن ھەقلىقمىز دەپ ئويلىدىم. مەن قەلەمنى قولۇمغا ئالغىنىمدا ئۆز بېشىمدىن ئۆتكەن تارىخىي ۋەقەلەرنى ئەينەن بايان قىلىشنى ئاساس قىلدىم. بۇنىڭ ئەنە شۇ يىللارنى يورۇتۇپ بېرىشكە مەلۇم ياردىمى بولار.

1949 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى جۇڭگو خەلق ئىنقىلابىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملار جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ

22 ـ بىڭتۇەنى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. تاۋ سىيۇ قوماندان، ۋاڭ جېن سىياسىي كومىسسار، جاۋ شىگۇاڭ مۇئاۋىن قوماندان، راۋ جىڭشى مۇئاۋىن كومىسسار بولدى. 1949 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسى ماۋ زېدۇڭنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى رەسمىي جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 5 ـ جۈنى (كورپۇسى) قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. لېسكىن (رۇس) كورپۇس كوماندىرى (جۈنجاڭ)، مەرغۇپ (تاتار) مۇئاۋىن كورپۇس كوماندىرى (مۇئاۋىن جۈنجاڭ) بولدى، زاھىر ساۋدانوف مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى شەرەپ بىلەن جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ جەڭچى ـ كوماندىرلىرى بولۇپ قالدۇق.

مەن 1955 ـ يىلى ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرۇپ ئاپتونوم رايونلۇق تاشيول ئىدارىسىگە خىزمەتكە ئورۇنلاشتىم.



نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇلئەزىز ئىسمائىل قومۇلى
مەسئۇل مۇھەررىر: ئابلىز ئورخۇن
تەكلىپلىك تەھرىر: ئابلىز ياقۇپ
مەسئۇل كوررېكتور: ئابلىز ئابباس، ئابدۇۋەلى ئابدۇللا

# مەن كەچكەن كېچىكلەر

## سوپاخۇن سۇۋۇروف

| | | |
|---|---|---|
| نەشر قىلغۇچى | : | مىللەتلەر نەشرىياتى |
| ئادرېسى | : | بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ |
| پوچتا نومۇرى | : | 100013 |
| تېلېفون نومۇرى | : | 010 ـ 64290862 |
| ساتقۇچى | : | جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى |
| باسقۇچى | : | بېيجىڭ يىخۇي باسما چەكلىك شىركىتى |
| نەشرى | : | 2010 ـ يىل 8 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى |
| بېسىلىشى | : | 2011 ـ يىل 8 ـ ئايدا بېيجىڭدا 3 ـ قېتىم بېسىلدى |
| ئۆلچىمى | : | 850×1168 م م. 32 كەسلەم |
| باسما تاۋىقى | : | 16.125 |
| باھاسى | : | 38.00 يۈەن |

ISBN 978-7-105-11021-6/K. 1928 (维365)

图书在版编目(CIP)数据

想当年：维吾尔文/苏帕洪著.—北京：民族出版社，2010.7（2011.8重印）
ISBN 978-7-105-11021-6

Ⅰ.①想... Ⅱ.①苏…Ⅲ.①苏帕洪—回忆录—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.①K828.7

中国版本图书馆CIP数据核字(2010)第132988号

整　　理：阿布力孜·司马义·库木力
责任编辑：阿不力孜·鄂尔浑
特约编辑：阿布力孜·亚库甫
责任校对：阿布力孜·阿巴斯
阿不都外力·阿不都拉
出版发行：民族出版社　http://www.mzcbs.com.
社　　址：北京市和平里北街14号　邮编：100013
电　　话：010-64290862（维文室）
印　　刷：北京市艺辉印刷有限公司
版　　次：2010年8月第1版　2011年8月北京第3次印刷
开　　本：850×1168毫米 1/32
印　　张：16.125
定　　价：38.00元

ISBN 978-7-105-11021-6/K.1928（维365）